شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە- نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى

ئېمىل لۇدۋىگ (گېرمانىيە)

# ناپولېئون

1

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



## ئاپتور ھەققىدە

ئېمىل لۇدۋىگ، 20 ـ ئەسىردە ئۆتكەن گېرمانىيەلىك ئەڭ ئۇلۇغ يازغۇچى. 1881 ـ يىلى گېرمانىيەنىڭ برېسلاۋ شەھىرىدە (ھازىر پولشاغا تەۋە) تۇغۇلغان. خايدبورگ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن، قانۇنشۇناسلىق بويىچە باكلاۋۇر بولغان. ئوقۇغان كەسپى قانۇنشۇناسلىق بولسىمۇ، ئەمما يازغۇچىلىق ۋە مۇخبىرلىق كەسپىنى تاللىغان. 1906 ـ يىلى شۋېيتسارىيەگە كۆچمەن بولۇپ بارغان ھەمدە 1932 ـ يىلى شۋېيتسارىيەنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتكەن. دەسلەپكى چاغلاردا ئاساسەن شېئىر ۋە سېنارىيە ئىجادىيىتى بىلەن، كېيىن تەرجىمىھال يېزىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ، تەرجىمىھال يېزىقچىلىقىدا يېڭى ئېقىم ياراتقان. ئۈچ توملۇق «گيوتېنىڭ تەرجىمىھالى — بىر شەخس ھەققىدە ھېكايە»، «گيوتې» ۋە «ناپولېئون» نەشر قىلىنىپ دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان. رېئاللىق بىلەن پىسخىك تەسۋىر جانلىق بىرلەشتۈرۈلگەن كۈچلۈك بەدىئىيلىككە ئىگە «ناپولېئون» ناملىق بۇ ئەسىرى ھازىرغا قەدەر نەشر قىلىنغان تۈرلۈك نۇسخىدىكى ناپولېئون تەرجىمىھاللىرى ئىچىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق كلاسسىك ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

ئېمىل لۇدۋىگنىڭ ۋەكىللىك تەرجىمىھال ئەسەرلىرىدىن «ناپولېئون»، «بىسمارك»، «لىنكولىن»، «فرانكلىن»، «روزۋېلت»، «موزارت»، شۇنداقلا گېرمانىيەنىڭ مىلادىيە 800 ـ يىلىدىن 1941 ـ يىلى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تارىخى تەسۋىرلەنگەن «گېرمانلار» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرى بار.



## تەرجىمان ھەققىدە

ۇدۇن ھەسەن، 1959 ـ يىلى قاراشەھەر ناھىيەسىدە ى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1983 ـ يىلى شىنجاڭ رسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتى خەنزۇ تىلى ىمانلىق) كەسپىنى پۈتكۈزگەن. 1983 ـ يىلىدىن ىچە كورلا شەھەرلىك ھۆكۈمەت تەرجىمە بۆلۈمىدە ۋاتىدۇ. ئالىي تەرجىمان، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ى.

1985 ـ يىلىدىن بۇيان «تارىم»، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى»، «ۇنيا ئەدەبىياتى»، «ئەدەبىي تەرجىمىلەر»، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە نۇرغۇن ئىجادىي ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان. 3 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» قاتارلىق ئەدەبىيات مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشكەن. ئۇ تەرجىمە قىلغان «دۇنياغا تەسىر كۆرسەتكەن يۈز ئۇرۇش»، «مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج پائالىيىتى»، «سەندەل قوزۇق جازاسى»، «پامىردىكى قار»، «ئاشۇ كۈنلەر»، «ئايىم قىزلار»، «روزۋېلت»، «تىبەت دالاسىدىكى تاڭغۇت تايغىنى»، «يۈز يىل غېرىبلىق» قاتارلىق ئوتتۇز پارچىگە يېقىن كىتاب نەشر قىلىنغان.

ISBN 978-7-228-18229-9

定价：77.00元（上、下）

شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، 
خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە- نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى

ئېمىل لۇدۋىگ (گېرمانىيە)

# ناپولېئون

1

تەرجىمە قىلغۇچى: باۋۇدۇن ھەسەن

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇ كىتاب خۇاچېڭ نەشرىياتىنىڭ 1998 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1998 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据花城出版社1998年4月第1版，1998年4月第1次印刷本翻译出版。

# ناپولېئون

**ئاپتورى:** ئېمىل لۇدۋىگ (گېرمانىيە)
**تەرجىمە قىلغۇچى:** باۋۇدۇن ھەسەن
**مەسئۇل مۇھەررىرلىرى:** گۈلشەھەر نېغمەت، مېھرىگۈل ئوبۇلقاسىم
**مەسئۇل كوررېكتورلىرى:** ئايگۈل سابىت، ئايگۈل ھاشىم
**مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى:** ۋاڭ ياڭ
**مۇقاۋا خېتىنى يازغۇچى:** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلغۇچى:** شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى / شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991 − 2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** شىنجاڭ ئۈمىد باسما زاۋۇتى
**تارقاتقۇچى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 29.75
**خەت سانى:** 524 مىڭ
**نەشرى:** 2015 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2015 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 1 − 12200
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 − 7 − 228 − 18229 − 9
**باھاسى:** 77.00 يۈەن (ئىككى قىسىم)

# كىرىش سۆز

شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە گۈللەندۈرۈش، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ئاساس قىلىنغان ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەر ئىجادىيىتىگە مەدەت ۋە ئىلھام بېرىش، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تەرجىمە ۋە ئالاقىنى كۈچەيتىش، ئىدىيەۋىلىكى، ئىلمىيلىكى، بەدىئىيلىكى ۋە ھۆزۈرلۈقلۇقى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يورۇقلۇققا چىقىرىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش ۋە مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 2011 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا «شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇپ، ھەر يىلى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەدەبىي ئەسەرلىرى ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە توپلىدى ھەم «ياخشىسىنىڭ ياخشىسىنى تاللاش»تىن ئىبارەت باھالاش ئۆلچىمى بويىچە نۇقتىلىق يۆلىدى ۋە ئۇلارنى نەشر قىلىشقا ماددىي ياردەم بەردى.

يېڭى دەۋر، يېڭى باسقۇچتا، شىنجاڭدىكى ئومۇمييۈزلۈك قۇرۇش، كەڭ ئېچىۋېتىش، زور تەرەققىي قىلدۇرۇش قىزغىن ئەمەلىيىتى بەدىئىي ئىجادىيەت ئۈچۈن پۈتمەس ـ تۈگىمەس مەنبە بولدى. شىنجاڭدىكى كەڭ يازغۇچى، سەنئەتكارلار زامانىۋى

مەدەنىيەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دەۋر روھى ئەۋج ئالدۇرۇلغان، ئىدىيەۋى مەزمۇنى چوڭقۇر، بەدىئىي جەلپكارلىقى كۈچلۈك، مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە شىنجاڭچە ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۇرۇلگەن، ھەر مىللەت ئاممىسى ياقتۇرىدىغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تىرىشىپ ياراتتى. «شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى»نىڭ يولغا قويۇلۇشى «بىر گەۋدە كۆپ مەنبەلىك» زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتىلدۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، «نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىش، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، ئاساسىي قاتلامغا مۇلازىمەت قىلىش» خىزمەت نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇش، رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مەدەنىيەتنى تارقىتىش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ۋەتەنپەرۋەرلىك يادرو قىلىنغان مىللىي روھ ۋە ئىسلاھات ـ يېڭىلىق يارىتىش يادرو قىلىنغان دەۋر روھىنى جانلاندۇرۇش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجىل ـ ئىناق ئۆتۈپ، بىر نىيەتتە ئىناق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، گۈزەل يۇرت ـ ماكانىنى ئورتاق قۇرۇپ چىقىشتا مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

«شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى» مەجمۇئەسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ئىجاد قىلغان دەۋر ئۆزگىرىشى ئەكس ئەتكۈزۈلگەن، شىنجاڭچە روھ گەۋدىلەندۇرۇلگەن، مىللىي مەدەنىيەت ئەۋج ئالدۇرۇلغان، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قايىنام ـ تاشقىنلىق رېئال تۇرمۇشى نامايان قىلىنغان نادىر ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇلار ھېكايە، شېئىر، نەسر،

ئوبزور، ئەدەبىي ئاخبارات، بالىلار ئەدەبىياتى قاتارلىق تۈرلۈك ئەدەبىي ژانىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر يىلى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشىدىن ئۆتكەن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىجادىي ۋە تەرجىمە ئەسەرلەر ياردەم مەبلىغى بىلەن نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت خەلق تۈرمۇشى قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ۋە ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت ئورۇنلىرىغا تەقدىم قىلىندى ھەمدە شىنخۇا كىتابخانىسى ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىتىلىپ، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى، ئوقۇرمەنلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

«شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى»نىڭ يولغا قويۇلۇشى شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت باغچىسىنى تېخىمۇ كۆركەم تۈسكە كىرگۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئۇزاق ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كۈچلۈك مەنىۋى كۈچكە ئايلانغۇسى. بۇنىڭدىن كېيىنكى يۈلەش ۋە تۈزۈش ـ تاللاش خىزمىتىدە، بىز ئاشكارا، ئادىل، ئىللا بولۇش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك خىزمەت مېخانىزمى شەكىللەندۈرۈپ، سۈپەت ئۆتكىلىنى يەنىمۇ چىڭ تۇتۇپ، دۆلەت ئىچىدە مەشھۇر بولغان بىرىنچى قاتاردىكى داڭلىق ئەدەبىيات ماركىسىنى يارىتىش، ئىدىيەۋىلىكى، ئىلمىيلىكى، بەدىئىيلىكى، ھۇزۇرلۇقلۇقى يۇقىرى بولغان بىر تۈركۈم نادىر ئىجادىي ئەسەر ۋە تەرجىمە ئەسەرلەرنى يارىتىشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ كۆپ تەرەپلىك، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىل مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى ئۈزۈكسىز قاندۇرىمىز، دەۋرنى

كۆيلەپ، خەلقنى مەدھىيەلەپ، قەھرىمانلارغا ئابىدە تىكلەپ، ھەر مىللەت ئاممىسى جۇشقۇن يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان گۈزەل داستاننى بىرلىكتە يېزىپ چىقىپ، مەدەنىيەتنىڭ سىھرىي كۈچىنى ئاشۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئوبرازىنى تىكلەش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشىمىز.

«شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى

2014 ـ يىلى 12 ـ ئاي

# مۇندەرىجە

**بىرىنچى باب  ئارال** ............................................ 1
بىرىنچى، تىز پۈكمەس كورسىكا ........................... 1
ئىككىنچى، قىساسچى دۇنياغا كەلدى ........................ 4
ئۈچىنچى، خورازنىڭ تاجى بولۇشقا رازىمەنكى، كالىنىڭ
قۇيرۇقى بولمايمەن ! ............................................ 6
تۆتىنچى، غايە ....................................................... 8
بەشىنچى، بۈيۈك فىرانسىيە ئىنقىلابىدىن تۇتاشقان ئوت .... 14
ئالتىنچى، لېيتېنانت بوناپارت .............................. 18
يەتتىنچى، كۆچلۈكلەر ئەزىز ................................. 22
سەككىزىنچى، كورسىكادا سايلام ............................ 24
توققۇزىنچى، خەير ـ خوش، كورسىكا ! ........................ 29
ئونىنچى، تولون جېڭىدە كۆتۈرۈلگەن يېڭى يۇلتۇز ....... 34
ئون بىرىنچى، تۈھمەتنىڭ كاساپىتىدە ........................ 39
ئون ئىككىنچى، مۇرادىغا يېتەلمىگەن گېنېرال ............ 43
ئون ئۈچىنچى، تۇنجى نۇسرەت خەۋىرى ......................... 46
ئون تۆتىنچى، ئوتلۇق مۇھەببەت ............................. 54
**ئىككىنچى باب  ئېقىن** ............................................ 64
بىرىنچى، ئىتالىيەنى بويسۇندۇرۇش يولىدا .............. 64
ئىككىنچى، مۇۋەپپەقىيەت ئاملىلىرى ......................... 71
ئۈچىنچى، ئۇلۇغۋار ئىشلار مېنى چاقىرىۋاتىدۇ! ......... 80
تۆتىنچى، بىۋاپا جانان .......................................... 88
بەشىنچى، جەڭگاھتا يېزىلغان ئوتلۇق خەتلەر ............. 93
ئالتىنچى، قاتتىق قول باش قوماندان ....................... 102

يەتتىنچى، بۈيۈك ئىرادە ........................................ 111
سەككىزىنچى، تۆغما ھۆكۈمران ............................ 121
توققۇزىنچى، ياۋروپانىڭ تارازىسى بىزنىڭ قولىمىزدا ... 129
ئونىنچى، بۈيۈك پىلان ............................................ 134
ئون بىرىنچى، پارىژدا ................................................ 140
ئون ئىككىنچى، يەنە بىر ئىسكەندەر ............................ 146
ئون ئۈچىنچى، مىسىرغا سەپەر ................................ 153
ئون تۆتىنچى، شەرقنىڭ غوجايىنى .............................. 158
ئون بەشىنچى، مىسىردا ئۆتكەن غېرىبانە كۈنلەر ........ 165
ئون ئالتىنچى، قورغان جېڭى .................................. 172
ئون يەتتىنچى، پارىژغا قايتقان غالىب سەردار ............ 185
ئون سەككىزىنچى، سىياسىي ئۆزگىرىش تەييارلىقى ..... 193
ئون توققۇزىنچى، تۇمان ئېيىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىش ... 205
يىگىرمىنچى، پارلامېنتتىكى ماجىرا ........................ 212
**ئۈچىنچى باب دەريا** ........................................ 224
بىرىنچى، روھ ۋە شەمشەر ........................................ 224
ئىككىنچى، مارىنگو ئۇرۇشى ...................................... 241
ئۈچىنچى، ھاكىمىيەتنى يالغۇز ئىگىلىۋالغان ھۆكۈمران ... 254
تۆتىنچى، مىلاد كېچىسىدىكى پارتلاش ۋەقەسىدىن
كېيىن ........................................................ 266
بەشىنچى، جەمەت خاپىلىقى ...................................... 271
ئالتىنچى، ئۆلۈم جازاسىنى تاللىۋالغان كىنەز .......... 281
يەتتىنچى، فىرانسىيە ئىمپېراتورى ناپولېئون .......... 290
سەككىزىنچى، ناپولېئونچە يېڭى ئاقسۆڭەكلەر .......... 299
توققۇزىنچى، ئۆزىگە ئۆزى تاج كىيدۈرگەن ئىمپېراتور ... 312
ئونىنچى، بۈيۈك سىياسىي ئىدىيە ............................ 319
ئون بىرىنچى، تۈگمەندىكى رىۋايەتتەك ئۇچرىشىش ..... 333
ئون ئىككىنچى، تەرەپلەر ...................................... 344

ئون ئۈچىنچى، بېرلىنغا كىرگەن غالىب ........................ 353
ئون تۆتىنچى، ناپولېئوننىڭ پولەك مەشۇقى ................ 368
ئون بەشىنچى، تىلسىت تىنچلىق سۆھبىتى ............... 383
ئون ئالتىنچى، قانائەتسىز ئىمپېراتور .................... 389
ئون يەتتىنچى، ۋارىس ئىستىكىدە ........................ 402
ئون سەككىزىنچى، ئىنىسىنىڭ نەزىرىدىكى ناپولېئون ... 409
ئون توققۇزىنچى، ئېرفۇرتتا كاتتا مەرىكە ................. 430
يىگىرمىنچى، گيوتېنىڭ نەزىرىدىكى ناپولېئون .......... 446
يىگىرمە بىرىنچى، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمايدىغان قاتىل ... 455
يىگىرمە ئىككىنچى، ۋارىس ............................ 476
**تۆتىنچى باب  دېڭىز** .................................... 491
بىرىنچى، ساناقلىقلا كۈنى قالدى ........................ 491
ئىككىنچى، ياۋروپا قوشما ئىشتاتلىرى توغرىسىدىكى
بۈيۈك تەسەۋۋۇر ............................................ 510
ئۈچىنچى، رۇسىيەگە يۈرۈش قىلىش تەييارلىقى .......... 521
تۆتىنچى، قاقاس رۇسىيە دالاسىدا ........................ 530
بەشىنچى، يانغىن قاپلىغان ساراي ......................... 550
ئالتىنچى، تالانت ئىگىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ... 559
يەتتىنچى، ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقتىن كۈلكىلىك ھالەتكە
چۈشۈپ قالمىقى بىردەملىك ئىش ........................ 567
سەككىزىنچى، تىراگېدىيە خاتىمىسىنىڭ مۇقەددىمىسى ... 579
توققۇزىنچى، ئىلاھقا خىرىس ............................ 585
ئونىنچى، شاھمات ئۇرۇقلىرىم قالايمىقانلىشىپ كەتتى ... 593
ئون بىرىنچى، لېيپزىگ ئۇرۇشى ........................... 613
ئون ئىككىنچى، مەغلۇبىيەت كۈيىنىڭ مۇقەددىمىسى .... 621
ئون ئۈچىنچى، قورشاۋ ئىچىدە ............................ 630
ئون تۆتىنچى، بوناپارت مەجبۇرىي تەختتىن چۈشتى ..... 643
ئون بەشىنچى، ئېلبا ئارىلىغا سۈرگۈن ..................... 669

ئون ئالتىنچى، قايتا باش كۆتۈرۈپ چىققان قەھرىمان ... 693
ئون يەتتىنچى، يۈز كۈنلۈك سۇلالە ........................ 709
ئون سەككىزىنچى، ۋاتتېرلودا مەغلۇبىيەت ............... 726
ئون توققۇزىنچى، خاراكتېر پاجىئەسى ..................... 736
يىگىرمىنچى، ئۇلۇغ رىۋايەتنىڭ خاتىمىسى ............... 755
**بەشىنچى باب قىيا ......................................... 763**
بىرىنچى، سۇرگۈندى ئىمپېراتور ............................ 763
ئىككىنچى، ئىشەنچ، زېھنىي كۈچ ۋە تەسەۋۋۇر .......... 767
ئۈچىنچى، «قەيسەر»نىڭ پۇشتى .............................. 779
تۆتىنچى، چارچاشنى بىلمەسلىك، مەڭگۈ بوشاشماسلىق ... 792
بەشىنچى، قوماندانلىق سەنئىتى .............................. 803
ئالتىنچى، ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كۆرۈپ يېتىشكە
ماھىر پىسخولوگ ............................................ 812
يەتتىنچى، ياۋروپا قوشما ئىشتاتلىرى ........................ 826
سەككىزىنچى، مېھىر ـ شەپقەت ئىگىسى ...................... 829
توققۇزىنچى، تەڭرىدىن قورقماس ئادەم ...................... 834
ئونىنچى، ئائىلدىكى ھەمراھلىرى ............................. 842
ئون بىرىنچى، تاغدىن چۈشكەن يىرتقۇچ ....................... 852
ئون ئىككىنچى، سۇرگۈندە ئۆتكەن كۈنلەر ..................... 861
ئون ئۈچىنچى، ئانا مېھرى ....................................... 875
ئون تۆتىنچى، خاپىلىقتىن شادلىق ............................ 884
ئون بەشىنچى، ئەڭ چوڭ دۈشمىنىم ئۆزۈم ..................... 891
ئون ئالتىنچى، داستاندەك ھايات .............................. 898
ئون يەتتىنچى، جان ھەلقۇمىغا يەتكەندە ....................... 906
ئون سەككىزىنچى، ۋەسىيەتنامە ................................ 914
ئون توققۇزىنچى، گىگانت يۇلتۇز ئېقىپ چۈشتى ..... 925
يىگىرمىنچى، ئىمپېراتور پارىژغا قايتىپ كەلدى ........ 935

## بىرىنچى باب

# ئارال

ناپولېئون ھەققىدىكى ھېكايەتلەر مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىچىگە نېمىلەرنىڭدۇر يوشۇرۇنغانلىقىنى ھەركىم ھېس قىلىپ يېتىدىغان، ئەمما زادى نېمىلەر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان سايىنىت جون ۋەھىيلىرىگە ئوخشايدۇ.

— گيوتې

### بىرىنچى، تىز پۈكمەس كورسىكا

كەپە ئىچىدە يوتقانغا ئورىنىۋېلىپ ئولتۇرغان جۇۋان بالىسىنى ئېمىتكەچ، يىراقتىن كېلىۋاتقان گۈلدۈرلىگەن ئاۋازلارغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى. «كۈن ئولتۇرۇپ كەتكەندىمۇ بولدى قىلماي ھۇجۇم قىلىشىۋاتقانمىدۇ ياكى قاقاس تاغدىن كېلىۋاتقان گۈلدۈرمامىمىدۇ ۋە ياكى تۈلكە ـ قاۋانلار ماكان تۇتقان ئىپتىدائىي ئورمانلىقتىكى قارىغايلارنىڭ سۈرەنلىرىمىدۇ؟... » بىر قاراشتا سىگانلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان، ئاپپاق كۆكسى ئۈچىسىدىكى يوتقان بىلەن يېرىم

يېپىلىپ تۇرغان بۇ جۇۋان خىرە كەپىدە ئولتۇرۇپ، «بۇگۈن جەڭ قانداق بولۇۋاتقاندۇ» دېگەندەك ئويلارغا پاتقانىدى. شۇ ئەسنادا يىراقتىن ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى! «شۇمىدۇ؟ ئۆزىغۇ كېلىمەن دېگەنىدى، بىراق جەڭگاھ بۇ يەردىن يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىرتتا توختىماي يامغۇر يېغىۋاتىدۇ.»

ئىشىك ئېچىلىپ، سىرتنىڭ ساپ ھاۋاسى بىلەن تەڭ بىر ئەر كىرىپ كەلدى. پەر قادالغان ئالىچىپار ھەربىيچە كىيىم كىيگەن، ئۆزى جۇدەڭگۇ، ئىش ـ ھەرىكىتى چاقماقتەك چاققان بۇ ئوفىتسېر ئەللىك ئىككى ياش چامىسىدىكى ياش بىر ئاقسۆڭەك ئىدى. ئۇ ئەر كەپىدىكى جۇۋانغا قىسقىغىنە سالام ـ سەھەت قىلدى، جۇۋان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، بوۋىقىنى چۆرىسىگە تۇتقۇزۇپ، داستىخان تەييارلاپ شاراب كەلتۈردى. ياغلىقىنى يېشىۋېتىپ، ئەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ قوڭۇر رەڭ بۇدۇر چاچلىرى سۇزۇك پېشانىسىنى يېپىپ تۇراتتى، جەلپكار لەۋلىرى نىملەرنىدۇر سوراشقا تەييار ئىدى، ئۇزۇن بوينىدىن ياشلىق جىلۋىسى بالقىپ تۇراتتى، قاڭشارلىق بۇرنى مەغرۇرانە كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى، تاغدا تۇرغان چاغلىرىدا ھېچقاچان يېنىدىن ئايرىمايدىغان بىلىدىكى شەمشىرى چاقناپ تۇراتتى. جەڭچى سۈپەت بۇ ساھىب گويا كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ قەيسەر، كەسكىن قەدىمىي قەبىلىدىن ئىكەنلىكىنى نامايان قىلماقچى بولۇۋاتقاندەك بىر قىياپەتتە ئىدى. بۇ جۇۋاننىڭ ئاتا ـ بوۋىسى بىرقانچە ئەسىر مۇقەددەم ئىتالىيەدە ياشايتتى، كېيىن كورسىكا دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئارالغا كۆچۈپ كەلگەن ھەمدە بۇ ئارالنىڭ جەڭچىلىرى ۋە رەھبەرلىرىدىن بولۇپ قالغانىدى.

ھازىر بۇ ئارالدىكى ئاھالە زىچ ئىمتىتىپاقلىشىپ،

دۈشمەنلىرىنى — فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن جەڭگە ئاتلانغانىدى. ئەمدىلا ئون توققۇز ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ جۇۋانمۇ ئېرىگە ئەگىشىپ ئالدىنقى سەپكە — ئۇرۇش بولۇۋاتقان بۇ قاقاس جىلغىغا كەلگەنىدى. سۆلەتۋاز شەھەر ئاقسۆڭەكلىرى بۇ ئارالدا كىشىلەرنىڭ كۆزىگە سىغمايتتى. چۈنكى، بۇ يەردە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئاقسۆڭەكلەرگە خاس قىممىتى پەقەت شان - شۆھرىتى ۋە باتۇرلۇقى بىلەنلا ئۆز ئىپادىسىنى تاپاتتى. شۇڭا، ئارال ئەھلى بۇ جۇۋاننىڭ گۈزەللىكىگە ئانچە ئېتىبار بىلەن قاراپ كەتمەيتتى.

تېتىك، جۇشقۇن كۆرۈنىدىغان بۇ ئەر رەپىقىسىگە ئالدىنقى سەپ خەۋەرلىرىنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە ئېيتىپ بەردى: «دۈشمەن يېڭىلدى ھەمدە دېڭىز بويىغىچە چېكىندى، ئەمدى قېچىپ بارغۇدەك يېرىمۇ قالمىدى. ئۇلار بوگون پاۋلىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سۈلھى تەلەپ قىلدى، ئەتە ئۇرۇش توختايدىغان بولدى، لاتسىيە! بىز غەلىبە قىلدۇق! كورسىكا ھۆرلۈككە چىقتى!»

ھەرقانداق بىر كورسىكالىق كۆپ پەرزەنتلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. چۈنكى، بۇ يەردە كىمكى ھاقارەتكە ئۇچرىغۇدەك بولسا، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا شەمشىرىنى سۇغۇرۇپ ئۆچ ئالىدىغان ئادەت ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەنىدى. قەبىلىلەر ئارا ئۆچ - ئاداۋەت بەزى ھاللاردا نەچچە ئون يىل، ھەتتا نەچچە يۈز يىل داۋاملىشاتتى. شۇڭا، بۇ ئەرمۇ كۆپرەك پەرزەنتلىك بولۇپ، ئاتا - بوۋىسىنىڭ ئوتنى ئەۋلادمۇئەۋلاد ئۈچۈرمەسلىكىنىڭ كويىدا ئىدى. رەپىقىسىمۇ بۇرۇنلا ئاپىسى ھەم مومىسىدىن پەرزەنتنىڭ ئەجداد ئۈچۈن شان - شۆھرەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەنىدى. ئون بەش يېشىدا تۇنجى بالىسىنى تۇغقان، ئەمما ئۇ بالىسى تۇغۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا چاچراپ كەتكەچكە، ھازىر قۇچىقىدىكى مۇشۇ بىرلا بالىسى بار ئىدى.

جۇۋاننىڭ ۋۇجۇدىدا ھۆرلۈك تۇيغۇسى قايتا ئويغاندى. چۈنكى، ئىبرى ئوفىتسېر، پاۋلنىڭ كانۋىيى، يەنى داھىيىنىڭ ياردەمچىسى ئىدى.

— شۇنداق، — دېيىشتى ئۇلار، — بالىمىز ئەمدى فىرانسۇزلارنىڭ قۇلى بولمايدۇ!

## ئىككىنچى، قىساسچى دۇنياغا كەلدى

ئەتىياز يېتىپ كەلگەندە كىشىلەرنىڭ بېشىغا يەنە كۈن چۈشتى. دۈشمەن يېڭى ياردەمچى قوشۇنلىرىنى ئەۋەتكەچكە، ئارال ئوغلانلىرى يەنە بىر قېتىم قوللىرىغا قورال ئېلىپ جەڭگە ئاتلاندى. شۇلارنىڭ قاتارىدا بايىقى جۇۋانمۇ ئېرىنىڭ كەينىدىن جەڭگاھقا ئاتلانغانىدى.

جەڭدە يېڭىلىپ قالغان ئاراللىقلار بەشىنچى ئايلاردا قېلىن ئورمانلىقلارنى كېزىپ، تىك تاغ قىيالىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ چېكىنىپ ماڭدى. قورسىقى پومپىيىپ چىققاندىن باشقا قۇچىقىدا بىر ياشتىن ئاشقان بالىسىمۇ بار لاتىسىيەمۇ ئاشۇ بىھىساب كىشىلەر توپى ئىچىدە كېتىۋاتاتتى. ئاراللىقلار شۇ چېكىنگىنىچە دېڭىز بويىغا يېتىپ باردى. پاۋل ئالتىنچى ئايدا بىرقانچە ھەقەمسايىسى بىلەن ئىتالىيەگە قېچىپ باردى. يەتتىنچى ئايدا پاۋلنىڭ قول - قانىتى، لاتىسىيەنىڭ ئېرى بىر تۈركۈم ئەلچىنى باشلاپ تاجاۋۇزچىلارغا تەسلىم بولدى. بۇ ھال ئارال ئەھلىنىڭ قاتتىق نومۇسىغا ۋە غۇرۇرىغا تەگدى. بىراق، لاتىسىيە سەككىزىنچى ئايدا قىساسچى ئوغلىنى تۇغدى، ئانا بۇ ئوغلىغا قىساسچى دېگەن مەنىدە ئىتالىيانچە «ناپولېئون» دەپ ئات قويدى.

جەڭگاھلاردا ئەرەنلەردەك باتۇر ۋە قەيسەر لاتىسىيە

ئەمدىلىكتە دېڭىز بويىغا جايلاشقان بۇ كەڭتاشا ئۆيدە ئەقىللىك، تىرىشچان ۋە ئىقتىسادچان ئائىلە ئايالى بولۇپ قالدى. ئېرى بولسا مىراس كويىدا چۆچۈرىسىنى خام ساناپ، قۇرۇق خىياللارغا بېرىلىپ يۈرەتتى.

فىرانسىيەلىكلەر كورسىكا ئارىلىدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەپ، مەھكەم پۇت تىرەپ تۇرۇش غەرىزىدە ئۇ يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرنىمۇ ھەر خىل ئىمتىيازدىن بەھرىمەن قىلىغانىدى. شۇڭا، ئۇ ياق ئۇزاق ئۆتمەيلا يېڭى سوت مەھكىمىسىنىڭ زاسىداتېلى، بىر كۆچەتزارلىقنىڭ مۇپەتتىشىغى بولۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. فىرانسىيە پادىشاھى ئاشۇ كۆچەتزاردىن پايدىلىنىپ كورسىكا ئارىلىدا ئۈزۈم ئۆستۈرۈش كويىدا ئىدى. شۇڭا، يېڭى فىرانسۇز ۋالىي بۇ ئارالغا يېتىپ كەلگىنىدە، ئۇياق بەدەل تۆلەشتىن باش تارماي ھە دەپ ئۈزۈم ئۆستۈرۈشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ تاغدا قويى، دېڭىز بويىدا ئۈزۈمزارى بار ئىدى.

چىرايلىق، مەغرۇر رەپىقىسى ئوتتۇز ياشقا كىرگىنىدە بەش ئوغۇل، ئۈچ قىزنىڭ ئاپىسى بولۇپ قالغانىدى. بۇ ئەلەم كۆرىشىنى ئۆلۈغلايدىغان ئارال ئەھلىنىڭ ئەنئەنىسىگە تازا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئامەت ھېسابلانسىمۇ، سەككىز بالىنى ئاز خىراجەت بىلەن بېقىپ قاتارغا قوشقىلى بولمايتتى. بالىلىرى ھەمىشە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ پۇل غېمىدە قىلىشىۋاتقان گەپلىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتى. بالىلارنىڭ دادىسى ئەڭ ئاخىرىدا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى تېپىپ چىقتى ـ دە، ئون بىر ياشلىق ۋە ئون ياشلىق ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ فىرانسىيەگە قاراپ يولغا چىقىپ، دېڭىزدىن ئۆتۈپ، تولۇندا قۇرۇقلۇققا چىققاندىن كېيىن ۋېرسالغا يېتىپ باردى.

شۇ چاغدا فىرانسىيە كورسىكاغا ئەۋەتكەن ۋالىينىڭ

مەكتۇپنى ئېلىپ بارغانىدى، ئېتىراپ مەھكىمىسى ئۇياقىنىڭ ئىتالىيان ئاقسۆڭەكلىرىدىن ئىكەنلىكىنى تەھقىقلىگەندىن كېيىن، فىرانسىيە پادىشاھى لۇئىس ئىككى مىڭ فىرانك ئىنئام قىلدى ھەمدە ئىككى ئوغلى بىلەن بىر قىزىنىڭ ئاقسۆڭەكلەر مەكتىپىدە ھەقسىز ئوقۇشىغا ئىجازەت بەردى.

## ئۆچىنچى، خورازنىڭ تاجى بولۇشقا رازىمەنكى، كالىنىڭ قۇيرۇقى بولمايمەن !

كەم سۆز، ئۇياتچان ھەمدە ۋىجىككىنە جىمغۇر بىر بالا مەكتەپ قورۇسىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇراتتى، بۇرۇنقى مەكتىپى ئۆزگە بولۇپ بەرگەن ئاشۇ بىر پارچە زېمىننى قوغداش ئۇچۇن ئەتراپىنى قاشادىۋالغانىدى، يەنە كېلىپ باشقا ئىككى قوشنىسىنىڭ يېرىنىمۇ قوشىۋالغان تۇرۇقلۇق، باشقىلارنىڭ ئۆزگە دەخلى - تەرۇز قىلىشىغا ھەرگىز يول قويمايتتى، كىمكى دەخلى - تەرۇز قىلغۇدەك بولسا، شىددەتلىك قايتۇرما زەربە بېرەتتى. يېقىندا بىرقانچە ئوقۇغۇچى پوجاڭزىدىن قېچىپ ئۇ بالىنىڭ تەۋەلىكىگە كىرىۋېلىۋىدى، ئوتىغۇچ بىلەن قوغلاپ چىقىرىلدى.

— بۇ بالىغا جازا كار قىلمايدۇ، — دەيتتى ئوقۇتقۇچىلىرى باش چايقىشىپ، — بۇ شۇمتەك گىرانت تېشىدىن ئاپىرىدە بولغاندەك شۇنداقمۇ قاتتىق. ئەمما، ئىچىدە يانارتاغ يوشۇرۇنغان. «خورازنىڭ تاجى بولۇشقا رازىمەنكى، كالىنىڭ قۇيرۇقى بولمايمەن !» دەپ يازىدۇ بالا دادىسىغا ئەۋەتكەن بىر پارچە خېتىدە.

بالا ئۆز ساۋاقداشلىرىنىڭ نەزىرىدە چالا كۆنگەن يېرىم ياۋايى، غەلىتە بىر تائىپىدىن ئىدى. فىرانسۇزچىنى بىلمەيدۇ،

دېيەرلىك ئىدى، بۇنداق دۈشمەن تىلىنى ئۆگىنىشنىمۇ خالىمايتتى. ئۇ شۇنداق بىر بالا ئىدىكى، ئىسمىلا غەلىتە بولۇپ قالماي، ئۇچىسىدىكى چاپىنىمۇ شۇنداق غەلىتە ئىدى، يانچۇقىنىڭ قۇپقۇرۇق بولۇشىغا باقماي، تېخى ھەممىدىن ئېسىل ئاقسۆڭەككەن دەپ يۈرەتتى. ئاقسۆڭەكلەرنىڭ باللىرى:

— ھەي كورسىكالىق ئاقسۆڭەك، سىلەر راست شۇنداق باتۇر بولساڭلار، نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ يېڭىلمەس ئارمىيەمىزگە يېڭىلدىڭلار؟ — دەپ مازاق قىلىشاتتى.

— بىرىمىز ئۇنىڭلارغا توغرا كەلگەنمىز! قاراپ تۇرۇش، چوڭ بولسام سەنلەرنىڭ ئەدىپىنى قانداق بېرىمەنكى، قېنى! — دەپ جاۋاب بېرەتتى بالا غەزەپلىك ھۆركىرەپ.

— داداڭ ناھايىتى بىر كىچىككىنە ئوفىتسېر ئىكەندۇققۇ! — دېيىشەتتى كىچىك ئاقسۆڭەكلەر.

بۇ گەپتىن غەزەپكە كەلگەن ناپولېئون ئۆزىنى مەسخىرە قىلغۇچىلارغا تاشلانغان، نەتىجىدە جازاغا تارتىلىپ سىنىپقا قامالغانىدى. «مەن ئەمدى ھەرگىزمۇ نامراتلىقىمنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرىمەن دەپ چەت ئەللىك ھاراملىقلارنىڭ مەسخىرىسىگە قېلىپ ئولتۇرمايمەن — دېگەنىدى ئۇ دادىسىغا يازغان بىر پارچە خېتىدە، — ئۇلارنىڭ پۇلىدىن باشقا نېمىسى بولاتتى، مېنىڭ بولسا ئاقسۆڭەكلەرگە خاس ئالىيجاناب پەزىلىتىم بار، ئاشۇ بايۋەچچىلەرگە باش ئېگەتتىممۇ؟» دادىسى جاۋابەن ئەۋەتكەن خېتىدە: «بىزنىڭ پۇلىمىز يوق، شۇ مەكتەپتە تۇرىۋەرمىسەڭ بولمايدۇ» دەپ يازغانىدى. ناپولېئون ئۇ يەردە شۇ تەرزدە بەش يىل تۇردى، ھەر قېتىم كەمسىتىلگىنىدە ئىنقىلابىي ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچىيىپ باراتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھاقارەتكە قانچە ئۇچرىغانسېرى، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى شۇنچە ئاشاتتى. پوپ سۈپەت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ باھاسى ھەرھالدا يامان ئەمەس ئىدى.

باشقا دەرسلەردە نەتىجىسى ئادەتتىكىدەكىلا بولسىمۇ، ماتېماتىكا، تارىخ ۋە جۇغراپىيە دەرسلىرىدە ياخشى ئىدى. بۇ پەنلەر چوڭقۇر پىكىرلىك، كۆزى ئۆتكۈر ھەمدە قەلبى ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان ئىزدەنگۈچى ئۈچۈن تولىمۇ كېرەك ئىدى.

كورسىكا ئارىلى ناپولېئوننىڭ خىيالىدىن نېرى بولماي كەلدى، ئۆز كۆڭلىدە دادىسىنى شۇ چاغدا فىرانسۇزلارغا قوشۇلۇپ كەتمەسلىكى كېرەك ئىدى، دەپ ئەيىبلەيتتى. ئۆزىنى ئوقۇتۇۋاتقان فىرانسىيە پادىشاھىدىن ئۆزگە كېرەكلىك جىمى نەرسىنى ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە ئۆگىنىۋېلىپ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە فىرانسىيە پادىشاھىغا ياندۇرۇپ مۇشت ئېتىشقا بەل باغلىغانىدى. ئۆزىنىڭ ھامان بىر كۈنى كورسىكانى ئازاد قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. تارىخ يارىتىدىغان كىشى جەزمەن ئاۋۋال تارىخنى تەتقىق قىلىشى كېرەك. ھالبۇكى، ئون تۆت ياشلىق بىر بالىنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى ئەل ـ يۇرتى ھەققىدە يېزىلغان كىتاب، ماقالىلەرنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىشتىنلا ئىبارەت ئىدى.

غېرىب، ئىسيانكار، گۇمانخور، مەغرۇر بۇ يىگىتچاق قانداق ئادەم بولۇپ چىقار ـ ھە؟ بالدۇر يېتىلگەن، ئىنساننىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر تەھلىل يۈرگۈزۈپ كۆرۈپ يېتەلەيدىغان، ئادەتتىكى قۇرداشلىرى ئەقىل ـ ئىدراكتا قولىغا سۇمۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدىغان بۇ بالا — ناپولېئون ئاتىسىنىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىغا ۋە پەم ـ پاراسىتىگە، ئاپىسىنىڭ مەغرۇر، باتۇر ۋە زىل خاراكتېرىگە، شۇنداقلا ئاتا ـ ئانىسىغا ئورتاق كۈچلۈك نەسەب قارىشىغا ۋارىسلىق قىلغانىدى.

## تۆتىنچى، غايە

«شەمشەرنىڭ دەستىسى فىرانسىيەگە، بىسى ماڭا مەنسۇپ»

دەپ ئويلىغانىدى ناپولېئون تۇنجى رەت شەمسەر ئاسقىنىدا. ئون ئالتە ياشقا كىرگىنىدە پارىژ ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە بىر يىل ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن لېيتېنانت ئۇنۋانى ئېلىش نېسىپ بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆمرىدە ئۈچىسىدىن ھەربىي فورما چۈشمىدى. پارىژ ئوفىتسېرلار مەكتىپىدىمۇ بۇررىئاندىكى چاغلىرىدىكىدەكلا ۋاقتىنى پۈتۈنلەي كىتابقىلا سەرپ قىلدى. سىپارتالىقلارغا خاس خاراكتېرگە ئىگە بۇ يىگىت فىرانسىيەنىڭ قائىدىلىرىدىن، شۇنداقلا فىرانسىيە ئاقسۆڭەكلىرى پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ھەشەمەتخورلۇقىدىن بىزار ئىدى. ۋۇجۇدىدا تۇغۇلۇشىدىنلا ئۆزىنى دۇنيانىڭ مەركىزى دەپ قارايدىغان تەبىئىي تۇيغۇ بولغاچقا، باياشات تۇرمۇشتا كېلەچەكنىڭ جەڭچىسى مەيدانغا كەلمەيدۇ، دېگەن قاراش ئاساسىدا ئۆزى ئۈچۈن بىر پىرىنسىپ تۈزۈۋالغانىدى. ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشى غورىگىل ئۆتەتتى، يەنە كېلىپ دادىسىمۇ ۋاپات بولغانىدى، شۇ ۋەجىدىنمۇ ئىتالىيان بالىسىغا خاس ئائىلە قارىشى ئېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەنىدى.

نەتىجىسى تازا ياخشى بولۇپ كەتمىسىمۇ ھەرھالدا ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئوقۇشىنى تاماملىغان بۇ ياش لېيتېنانت يېڭى ھەربىي فورمىسىنى كىيىپ، ئارمىيەگە كىرىش ئۈچۈن ۋالېنسقا يول ئالدى. پۇلنى تېجەپ قېلىش ئۈچۈن يولنىڭ يېرىمىنى پىيادە باستى. ئۆزى يوقسۇز بولسىمۇ، كۆڭلىدە شۇنداق بىر ئوي ھۆكۈم سۈرەتتىكى، قورسىقىدا ئۈمچى يوق بولغىنىغا قارىماي ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغانلاردىن پايدىلانماقچى؛ نامراتلىقتا بوي بەرمەي، ئېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالماقچى، شۇ ئارقىلىق باشقىلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلماقچى. بۇ سەپىرىدە كۆزلىگەن نىشانىمۇ ئارالدىكى كۆرەش ئەھلىنىڭ داھىيسى بولۇش، ئاندىن پۈتكۈل ئارالنىڭ غوجايىنى

بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

قىسىم تۇرۇشلۇق جايىنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن زېرىكىشلىك ئىدى، ھەشەمەتلىك تۇرمۇشقا يۈزلىنىش ئۈچۈن تانسا ئۆگىنەمەي بولمايتتى. ناپولېئون تانسا ئۆگىنىشكە ئۇرۇنۇپ باقتى - يۇ، تېزلا يالتايدى. چۈنكى، نامراتلىقىنى چاندۇرۇپ قويۇشنى خالىمايتتى. ھالبۇكى، ئادۋوكات ۋە سودىگەرلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتكەندە ياش پارىژ ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ چۈشىدىمۇ يوق نۇرغۇن يېڭىلىقلاردىن خەۋەردار بولغىلى بولاتتى.

بۇ چاغدا تەرەپتە چىقىدىغان گېزىت - ژۇرناللار ئىنقىلاب شوئارىنى توۋلاپ چۇقان كۆتۈرۈۋاتاتتى. كۈتۈپخانىدىن ئارىيەت ئالغىلى بولىدىغانلىكى كىتابلارنى ئالا قويماي كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن بىر - ئىككى فىرانك خەجلەپ بىرەر يېڭى كىتابمۇ سېتىۋالاتتى. بۇ يىگىتنىڭ تۇرالغۇسى بىر قەھۋەخانىدا ئىدى، تۇرالغۇسىنىڭ يېنىدا بىلىيارتخانا بولۇپ، بىلىيارت ئويۇنىنىڭ تاراق - تۇرۇقلىرى كىشىنىڭ جېنىغا تېگەتتى. ئەمما، كۆچۈپ يۈرۈش تېخىمۇ جانغا تېگىدىغان ئىش بولغاچقا كۆچمەي ئولتۇرىۋەردى. يىگىت خۇسۇسىي تۇرمۇشتا ئەنە شۇنداق قانائەتچان ئىدى.

يىگىت زاماندىشلىرىغا ئوخشاشلا دۆلەت ۋە جەمئىيەتكە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلەتتى. ھەقەمسايىلىرى قىسقىغىنا ھەربىي مەشغۇلات ۋاقتىنى توشقۇزۇپلا ئويۇن - تاماشىغا كېتىشەتتى، بۇ نامرات لېيتېنانت بولسا بىلىيارتخانىنىڭ يېنىدىكى ئاشۇ دىمىق غېرىبانە ھۇجرىسىدا جىممىدە ئولتۇرۇپ، كەلگۈسىگە كېرەك بولغان — زەمبىرەكنىڭ پىرىنسىپى ۋە تارىخى، ھۇجۇم پىرىنسىپى، ئەپلاتونىنىڭ «غايىۋى دۆلەت» ناملىق ئەسىرى، پېرسىيە، ئافىنا ۋە سىپارتالارنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرى، ئەنگلىيە تارىخى، بۈيۈك ئىمپېراتور فىرىدىرىخنىڭ ئەھلىسەلىپ تارىخى،

فىرانسىيەنىڭ مالىيەسى، تاتارلار ۋە تۈركلەرنىڭ دۆلىتى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى، مىسىر ۋە كارفاگىن تارىخى، ھىندىستان تەسۋىرلەنگەن كىتابلار، ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ھازىرقى زامانىدىكى فىرانسىيە توغرىسىدا يازغان كىتابلىرى، مىرابو، بۇففون ۋە ماكىياۋېللىلارنىڭ ئەسەرلىرى، شىۋېتسىيە، جۇڭگو، ھىندىستان، ئىنكا پادىشاھلىقى قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تارىخى ۋە قانۇنلىرى؛ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تارىخى ۋە جىنايەتلىرى؛ ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە ۋە مېتېئورولوگىيە؛ ئىنسانلارنىڭ ئاينىش، ھالاك بولۇش قانۇنىيىتى ۋە ئىستاتىستىكىسى قاتارلىق تۈرلۈك ساھەدىكى كىتابلارنى تەشنالىق ئىلكىدە پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ ئوقۇپ، كىتابنىڭ ئىچىگە كىرىپلا كېتەتتى.

بۇ ئوقۇرمەن ئۇ كىتابلارنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ ۋاراقلاپلا ئۆتۈپ كەتمەستىن، ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن ئىنچىكىلەپ ئوقۇيتتى ھەمدە كۆپلەپ تەپسىلىي خاتىرە يازاتتى. يازغان خاتىرىسىنىڭ ھازىرقى فوتو كۆچۈرۈلمىسى تۆت يۈز بەتچە كېلىدۇ، بىز بۇ قول يازمىلاردىن ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى يەتتە ساكسىن پادىشاھلىقىنىڭ خەرىتىسى، خەرىتىگە قوشۇمچە قىلىنغان بۇ يەتتە پادىشاھلىقنىڭ يىلنامىسى؛ قەدىمكى كىرىت ئارىلىدىكى بەيگە تۈرلىرى؛ گىرېتسىيەنىڭ كىچىك ئاسىيادىكى قورغانلىرىنىڭ يەشمە خەرىتىسى؛ يىگىرمە يەتتە خەلىپىنىڭ تۇغۇلغان ۋە ئالەمدىن ئۆتكەن ۋاقتى، سەرۋازلىرىنىڭ سانى، خانىش - توقاللىرىنىڭ ۋاپاسىزلىقلىرىغا دائىر مەلۇماتلارنى ئۇچرىتىمىز.

ئەڭ تەپسىلىي بولغىنى مىسىر ۋە ھىندىستان توغرىسىدىكى خاتىرىلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەتتا ئەلئېھرامنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ۋە بىراخمان دىنىنىڭ مەزھەپلىرىمۇ ئالا قالماي خاتىرىلەنگەن. ناپولېئون يەنە رېينالنىڭ: «مىسىر ئىككى

دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا، شەرق بىلەن غەربنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. پادىشاھ ئالېكساندىر ئۆز ئىلكىدىكى دۇنياۋى ئىمپېرىيەنىڭ پايتەختىنى مىسىرغا قۇرماقچى ۋە شۇ ئارقىلىق مىسىرنى دۇنيانىڭ سودا مەركىزىگە ئايلاندۇرماقچى بولغان. بۇ بۈيۈك ئىستېلاچى جىسمى ئىشغالىيىتىمىنى بىر دۆلەت قىلىپ بىرلەشتۈرمەكچى بولىدىكەنمەن، ئافرىقا، ئاسىيا، ياۋروپالارنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان مىسىرنى ئەڭ ياخشىسى سۈپىتىدە تاللىشىمغا توغرا كېلىدۇ دېگەن» دەپ يازغان ئابزاسلىرىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇغان بولۇپ، ئوتتۇز يىلدىن كېيىنمۇ سۆدەك يادقا ئېيتىپ بېرەلەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىمۇ زەمبىرەكنىڭ جايلىشىدىغان ئورنى توغرىسىدا، ئۆلۈۋېلىش توغرىسىدا، پانىيدىكى تەڭسىزلىك توغرىسىدا، ئەڭ مۇھىم قىلىپ كورسىكا توغرىسىدا ئونلاپ ماقالە يازدى ۋە پىلانلىرىنى تۈزدى.

ناپولېئوننىڭ نەزىرى ئانا يۇرتى كورسىكاغا ئاغدۇرۇلدى. بۇ چاغدا كاللىسىدا يېڭىچە بىر دۆلەت قارىشى شەكىللەنگەن بوناپارت ناپولېئون مۇنداق يازىدۇ:

زوراۋانلارنىڭ ئۆز قىلمىشىنى تەڭرىنىڭ ئىرادىسى دەپ كىشىلەرنىڭ زۇلۇمغا قارشىلىق كۆرسىتىشىنى مەنئى قىلىشتىنمۇ ئارتۇق بىمەنىلىك بولماس! ئەگەر راستلا شۇنداق بولىدىغان ئىش بولسا، خانلىق تەختىگە چىققان ھەربىر ھۆكۈمران شۇ زامان تەڭرىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن، مەغلۇپ بولغۇچىلارنىڭ كاللىسى ئېلىنغان بولار ئىدى. تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغان مىللەتنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن بەگلەرنى قوغلاپ چىقىرىشى ئۈچۈن نەقەدەر كۆپ بەدەل تۆلىشىگە توغرا كېلىدۇ ـ ھە! بۇ سۆزلەرنى كورسىكالىقلار ئۈچۈن ئېيتىۋاتىمەن... شۇڭا، بىز خۇددى ژېنوۋالىقلارنىڭ قول

قىلىپ سالغان كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىغىنىمىزدەك، فىرانسۇزلارنىڭ بىزگە سالغان كىشەندىنمۇ قۇتۇلۇپ چىققايمىز. ئامىن!

ناپولېئون زەمبىرەك ۋە ئوق - دورا ھەققىدىكى بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، كۆنلىرىنى سان - سىپىرلار بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتكۈزەتتى، كىشىلەرمۇ ناپولېئوننى تۇغما تالانتلىق ماتېماتىك ئىكەن، دەپ تەرىپلىشەتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن مۇكەممەل پىلان تۈزسە، بىر تەرەپتىن كورسىكا خەرىتىسىگە نۇرغۇن چېكىتلەرنى سىزىپ، قانداق يەرگە زەمبىرەك سۇپىسى ياسىلىدىغانلىقى، خەندەك كولىنىدىغانلىقى، قوشۇن تۇرغۇزۇلىدىغانلىقىنى بەلگىلەپ چىقاتتى. ئەگەر قولىدا شۇنىڭغا مۇناسىپ ھوقۇقلا بولغىنىدا، بۇ پىلانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا ئاشۇرغان بولاتتى.

كورسىكا مەسىلىسى ئۈستىدە ئەتراپلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا نەزىرىنى تېخىمۇ يىراق - يىراقلارغا ئاغدۇرۇشقا باشلىغان ناپولېئون دۇنيا خەرىتىسىگە زەمبىرەكنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە كىرېستلارنى سىزىپ قوياتتى. خەرىتىلەر بارغانسېرى كۆپەيدى، ئۇ قەھۋەخانىنىڭ يېنىدىكى ھۇجرىسىدا خىيالىغا كەلگەنلىكى نەرسىلەرنى يېڭىباشتىن تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى، ئەنگلىيە پارلامېنتىنىڭ نەشرئەپكارىغا بېسىلغان نۇتۇقلارنى تولۇق تېكىستى بىلەن ئابزاسمۇئابزاس كۆچۈرۈپ چىقتى ھەمدە يەر شارىدىكى ئەڭ يىراق خىلۋەت جايلارنىمۇ ئۆزىنىڭ خەرىتىسىگە چۈشۈرۈۋالدى. خاتىرە دەپتىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېتىگە: «سايىنت خېلېنا، ئاتلانتىك ئوكياندىكى كىچىك ئارال. ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسى» دەپ يازدى.

ئاپىسىدىن تاپشۇرۇۋالغان بىر پارچە خەتتە: «ھۆرمەتكە

سازاۋەر جانابىي گېنېرال ۋالىي ئالەمدىن ئۆتتى، بىز ئەمدى يۆلەكسىز قالدۇق، مەن ئۇزۇمزاردىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم، يوسېفىمۇ مەرتىۋىسىدىن قالدۇرۇلدى» دەپ يېزىلغانىدى. دېمەك، ئاپىسى بۇ كىچىك ئوغلىنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىدى، شۇنىڭ بىلەن دەرھال رۇخسەت سوراپ يۇرتىغا قايتتى.

## بەشىنچى، بۈيۈك فىرانسىيە ئىنقىلابىدىن تۇتاشقان ئوت

ناپولېئون كورسىكادا تۇرغان بىر يىل داۋامىدا كۆڭلىرى پۇل ۋە ئائىلىسىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە تولىمۇ كۆڭۈلسىز ئۆتتى. رۇخسەت ۋاقتى توشۇپ قالغاچقا قىسىمغا قايتمىسا بولمايتتى. بۇ قېتىم ۋالېنسقا ئەمەس، ئوكسائېغا باردى. بۇنداق ئۆزگىرىشنىڭ نېمە پايدىسى تېگەر؟

تەڭرىگە شۈكۈر! ئاخىرقى ھېساباتا ئۇنىڭ بىلىمى ۋە تالانتىغا نەزىرى چۈشىدىغان ئادەم چىقتى. يېڭىلا مەرتىۋىگە ئولتۇرغان گېنېرال ئەمدىلا ئون توققۇز ياشقا كىرگەن بۇ لېيتېنانتنى مەشىق مەيدانىدىكى بىرقانچە ھەربىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىدى. «مۇرەككەپ ۋە قىيىن ھېسابلارنى ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى، ئون نەچچە كۈندىن بېرى ئەتىدىن كەچكىچە يۈزلەپ كىشىگە باش بولۇپ ئىشلىدىم. بۇ پەۋقۇلئاددە ۋەزىپىنىڭ ماڭا تاپشۇرۇلغانلىقى تۈپەيلىدىن ھەقەمسايىلىرىم بىلەن، بولۇپمۇ باشلىقلىرىم بىلەن دۈشمەنلىك بولۇپ قالدىم، ئۇلار ئۆزلىرى قىلىشقا تېگىشلىك بۇ مۇھىم ئىشنىڭ ئۆزلىرىگە ئەمەس، مېنىڭدەك بىر لېيتېنانتقا تاپشۇرۇلغانلىقىدىن نارازى بولۇپ تىل ياغدۇرۇشتى» دەپ يازغانىدى ئۇ.

ناپولېئون يەنە چەتكە قېقىلدى. قارىغاندا ئاستا ـ ئاستا

ئۆسۈپ، ئاران كاپىتانلىق بىلەنلا ھەربىيلىكتىن بوشىنىدىغان ئوخشايدۇ. فىرانسۇزلار بەرگەن پېنسىيە مائاشىنى ئېلىپ جاھاندارچىلىق قىلىدىغان بولسا، كورسىكالىقلارنىڭ مەسخىرىسىگە قالىدىغان گەپ. ھالبۇكى، ئۆلگىنىدىن كېيىن ھەرھالدا ئەل - يۇرتىنىڭ تۇپرىقىدا ياتىدۇ، بۇ كورسىكالىقلارنىڭ ھەرقانداق كىشى، ھەتتا فىرانسۇزلارمۇ مەھرۇم قىلالمايدىغان بىردىنبىر ھوقۇقى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئارزۇ - ئارمانلىرى قاراپ تۇرۇپ يوققا چىقارمۇ؟ ئەگەر قۇدرەتلىك فىرانسىيە زالىم، خىيانەتچى، پارىخور ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىسكەنجىدىن قۇتۇلۇپ چىقالمايدىغان بولسا، كىچىككىنە كورسىكا قانداقمۇ فىرانسىيەنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ ھۆرلۈككە چىقار؟

بۇ قارام يىگىت خاتىرە دەپتىرىنى يېڭى - يېڭى پىلانلىرى بىلەن تولدۇرۇۋەتتى. ناۋادا بۇ خاتىرە دەپتەر باشلىقنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، بالانىڭ چوڭى تېرىلاتتى. «پادىشاھلىق ھوقۇقى توغرىسىدا يازماقچى بولۇۋاتقان بىر ئەسىرىم ئۇستىدە ئويلىنىۋاتىمەن، بۇ ئەسەردە ياۋروپادىكى ئون ئىككى دۆلەت ھۆكۈمرانلىرىنىڭ پادىشاھلىق ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ تەختكە چىققانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. بۇلاردىن تەختكە لايىقلىرى كەمدىن - كەمدۇر» دەپ يازغانىدى ئۇ خاتىرىسىگە. گەرچە خاتىرىسىگە شۇنداق ئىنقىلابىي سۆز - جۈملىلەرنى يازسىمۇ، ئەمما ھەر قېتىم پادىشاھنىڭ مەۋلۇتىنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىدە ھەشەمەتلىك مۇراسىم كىيىملىرىنى كىيىپ، توپقا قوشۇلۇپ ئۈنلۈك شوئار توۋلايتتى: «ياشىسۇن پادىشاھىمىز!»

ناپولېئوننىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى يەنە بىر يىلىمۇ زېرىكىشلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ئاساسىي

زېھنىنى يېزىقچىلىق ۋە ماتېماتىكىغا سەرپ قىلىپ، جىممىدە پۈرسەت كۈتتى.

ناپولېئوننىڭ تەقدىرىدە بۇرۇلۇش ھاسىل بولىدىغان چاغ ئاخىر يېتىپ كەلدى. جەڭ دۈمبىقى پۈتكۈل دۆلەتتىكى غەپلەتتە ياتقان ئۆلكىلەرنىڭ خەلقىنى ئويغىتىۋەتتى. 1789 ـ يىلى 6 ـ ئاي غەمكىن لىيتېنانتنىڭ ئەل قىساسىنى ئالىدىغان پەيتى يېتىپ كەلگەن چاغ ئىدى. ئۇزاقتىن بۇيان ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتۇپ، ناپولېئوننى خورلاپ كەلگەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى ئەمدى ئۆز بېشىغا چىقىدۇ. مىليونلاپ كىشىنىڭ چۇقانلىرى دەل كورسىكانىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن جەڭگە چاقىرغان نەرە ئەمەسمۇ؟ ناپولېئون ئۆزىنىڭ كورسىكا ھەققىدىكى يازمىلىرىنى سۈرگۈندە تۇرۇۋاتقان قەھرىمانى پاۋلىغا ئەۋەتىپ بەردى، يازمىلىرى بىلەن قوشۇپ ئەۋەتكەن مەكتۇپىدا مۇنداق دەپ يازغانىدى:

سالام، گېنېرال! مېنىڭ بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان ۋاقتىم دەل ۋەتىنىمنىڭ مۇنقەرز بولغان ۋاقتىغا توغرا كەلگەنىكەن، بۆشۈكۈمنىڭ ئەتراپىنى ۋەتەنداشلارنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ئىڭىراشلىرى ۋە ھەسرەتلىك، ئۈمىدسىز كۆزلىرى بىر ئالغان... قۇل بولۇش بەدىلىگە ئەل بولدۇق. خائىنلار ئۆزلىرىنى ئاقلاش كويىدا سىزگە بولۇشىچە تۆھمەت ياغدۇرۇشۇپتۇ... بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقىنىمدا قانلىرىم قايناپ تاشتى ھەمدە شۇ قاغا ـ قۇزغۇنلارنى تازىلاشقا بەل باغلىدىم. ھازىر ئاشۇ خائىنلارغا ئىككى سېلىۋاتىمەن... ھوقۇقدارلارنى ئاشكارا سۆكۈپ، چاۋىسىنى چىتقا يېيىۋاتىمەن... ئەگەر مەن پايتەختتە تۇرمىغان بولسام، باشقا چارىسىنىمۇ تاپقان بولار ئىدىم... بەلكىم گۆدەك بولغىنىم ئۈچۈن تەنتەكلىك قىلىۋاتقاندىمەن. بىراق، ھەقىقەتكە بولغان ئىشتىياقىم،

ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىمنىڭ ياردىمىگە نائىل بولماي قالمايمەن. گېنېرال، ئەگەر كۆز ئالدىڭىزدا تۇغۇلغان مەندەك بىر ياشنى رىغبەتلەندۈرۈپ قويغان بولسىڭىز، ئىشەنچىم كامىل بولار ئىدى... ئاپام لاتىسىيە ماڭا سىزنىڭ ئۇكورتتا ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىڭلارنى ئەسكە ئېلىپ قويۇشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىشىمنى جېكىلىگەنىدى.

ناپولېئوننىڭ بۇ مەكتۇپىدا شۇنداق بىر ئۆزگىچە يېڭىلىق بار ئىدىكى، مەكتۇپنىڭ مۇقەددىمىسى كەسكىنلىك بىلەن «مەن»دىن باشلانغان. ھالبۇكى، بۇ «مەن» دۇنياغا توغرىدىن - توغرا يۈزلەنگەن چوڭ تېما ئىدى. ناپولېئون ئۆزىگە بولغان چەكسىز ئىشەنچى بىلەن تۇنجى رەت ئۆزىگە ئۆزى يول ئاچقانىدى. يېڭى دەۋرنىڭ چۇقانى سېلىندى. غالىبىيەت ئېسىلزادىلەرگىلا ئەمەس، ئۇتۇق قازانغان جىمى كىشىگە مەنسۇپ ئىدى، شۇندىلا باتۇرلارنىڭ يولىدىكى جىمى توسۇق ئېلىپ تاشلىناتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ باقمىغان بىر سوئال ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ سوئال بۈگۈندىن باشلاپ ئۈزۈكسىز تەكرارلىنىپ بارغۇسى. ناپولېئون مەكتۇپىنىڭ خاتىمىسىدە تەلەپپۇزىنى بىردىنلا ئۆزگەرتىپ، ئۆتكەن كۈنلەردىكى دوستلۇقنى تۆۋەنچىلىك بىلەن تىلغا ئېلىپ، پاۋلنىڭ ھىمايىسىدە بولۇش ئارزۇسىنى پۈرىتىپ ئۆتكەنىدى.

باشقا بىر دەۋرگە مەنسۇپ پاۋل بولسا ناپولېئوننىڭ يۈكسەك غايىسىنى، جەسۇرانە ئىرادىسىنى ياقتۇرماي، ئەدەپ بىلەن رەددىيە بېرىپ: «ياشلار تارىخ يارىتىشقا ئۇرۇنماسلىقى كېرەك» دەپ جاۋاب خەت يازدى.

ئەمما، ياشلار تۆت ھەپتىدىن كېيىن راستلا تارىخ يارىتىشقا باشلىدى. بۇ ئېھتىمال ئەسىرلەردىن بېرى تۇنجى قېتىملىقى بولسا كېرەك: ئۇلار ئىسيان كۆتۈرۈپ پارىژدىكى باستىللې

تۇرمىسىگە بېسىپ كىردى، بۇنىڭ بىلەن ئىنقىلاب سىگنالى چېلىنىپ، فىرانسىيە يېغىلىق ئىچىدە قالدى. ياش لېيتېنانت مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان شەھەردىمۇ توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى ۋە بۇ توپىلاڭ تاكى مۇلۇكدارلار بىلەن ھەربىي قوشۇن بىرلىشىپ باستۇرغانغا قەدەر داۋاملاشتى. كوچىدىكى زەمبىرەكلەرنىڭ يېنىدا تۇرغانلار سېپىدە لېيتېنانتمۇ بار ئىدى، ئۇ كىشىلەر توپىغا شىددەتلىك ئوق ئۈزەتتى. بۇ بوناپارتنىڭ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئادەمگە قارىتىپ ئوق ئۈزۈشى، شۇنداقلا ھەم كوماندىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، ھەم ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئوق ئۈزۈشى ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ پۇقراغا بولغان ئۆچمەنلىكى ئاقسۆڭەكلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكىدىن قېلىشمايتتى.

كۆڭلىدە بۇ ۋەقەنى پەقەت چەت ئەللىكلەر ئارىسىكى تالاش - تارتىشتىنلا ئىبارەت دەپ بىلەتتى. فىرانسۇزلار ئۆزئارا ئۇرۇشسا، ئەلۋەتتە ئۇ خۇش بولاتتى ! كاللىسىدا شۇنداق بىر ئوي ھۆكۈم سۈرەتتىكى، كورسىكانى ئازاد قىلىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى ! بۇ بىر ئەسەبىيلىكمىدۇ ياكى شۇنچىكى بىر قىزغىنلىقمىدۇ، بىر خىل ئىدىيەمىدۇ، ياكى شۇنداقلا بىر شوئارمىدۇ؟ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىنقىلابنىڭ ئوتىنى كورسىكاغا تۇتاشتۇرۇش كېرەك ! دەرھال رۇخسەت سوراپ يۇرتىغا بېرىشى ھەمدە بۇ ھەرىكەتتە باش بولۇشى كېرەك !

## ئالتىنچى، لېيتېنانت بوناپارت

لېيتېنانت بوناپارت خۇددى يېڭى دىنىي ئەقىدىلەرنى ئېلىپ كەلگەن پەيغەمبەرنىڭ چەت ئەل دېڭىز قىرغىقى ئارقىلىق قۇرۇقلۇققا چىققىنىدەك كورسىكا ئارىلىغا يېتىپ كېلىپ قۇرۇقلۇققا چىقتى - دە، ھۆرلۈك، باراۋەرلىك ۋە مۇھەببەتنىڭ

نمشانى سۆپىتىدىكى قىزىل كاكار (ئىنقىلابنىڭ بەلگىسى)نى بىرىنچى بولۇپ كورسىكا ئارىلىغا ئېلىپ چىققان كىشى بولۇپ قالدى. ئارىلىقلار ئىلگىرى ھۆر تاغلىق خەلق بولۇپ، ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇپ كەلگەنىدى. بىراق، يىگىرمە يىلدىن بۇيان تاجاۋۇزچىلارنىڭ زۇلمىغا دۇچار بولۇپ كەلدى، تاجاۋۇزچىلار خەلقنى قىلچە چۈشەنمەي تۇرۇپمۇ مىسسىيونېرلار ۋە ئاقسۆڭەكلەر ئارقىلىق ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كېلىۋاتاتتى.

ناپولېئون تۇنۇگۈنگە قەدەر ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ ئاقسۆڭەكلىك سالاھىيىتىنىڭ ھىماتى بىلەن ياشاپ كەلگەن ھەمدە شۇنىڭ خاسىيىتىدە فىرانسىيە پادىشاھىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن فىرانسىيەگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان. شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ فىرانسىيە پادىشاھى ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمىدى؟ ھەرقانداق مىللەت ھامان ئۆزىگە ئۆزى غوجا بولىدۇ، ھامان ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشقا ئۆتىدۇ. يېڭىلا ئويغانغان فىرانسىيە خەلقى ھۆرلۈك ھوقۇقىغا ئېرىشىشى كېرەك دەپ جاكارلىيالىغانىكەن، كورسىكا خەلقىمۇ ئاسارەت كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ھۆرلۈكنى جاكارلىشى كېرەكقۇ؟ ۋەتەنداشلار! ئىنقىلاب قىلىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى ! قولىغا قورال ئالايلى ! پارىژلىقلاردەك مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى بولۇپ تەشكىللىنەيلى ! فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋالايلى ! مەن زەمبىرەكنىڭ تىلىنى بىلىمەن، سىلەرگە باش بولۇپ ئاتلىنىمەن !

چىرايى تاتىراڭغۇ، كۆزلىرى كۆكۈچ ۋە تىنىق كەلگەن يىگىرمە ياشلار چامىسىدىكى ئاغزى تاتلىق بىر يىگىت تىنىم تاپماستىن كوچا ـ كويلارنى ئارىلاپ ئالدىراش چېپىپ يۈرەتتى، ئۇ بولسىمۇ ياش ناپولېئون بوناپارت ئىدى، ئارالدا ئۇ يىگىتنى

تونۇمايدىغىنى يوق ئىدى، ھەتتا چەت قىرلاردىكى ئاۋشىئولارمۇ تونۇپ كەتكەنىدى. بۇ يىگىت مەيداندا ئامىمىغا يۈزلىنىپ مەردانىلىكى بىلەن نۇتۇق سۆزلەيتتى ھەمدە ئەنە شۇنداق ھەققانىي سۆزلىرى، مەردانە ئىش ـ ھەرىكەتلىرى بىلەن خەلقنىڭ داھىيسى بولۇپمۇ قالغانىدى.

بىراق، ياش بوناپارت بۇ قېتىم يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ قوزغىغان ھەرىكىتىدە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى، تاغدىكىلەر ياردەمگە قوشۇن ئەۋەتمىگەچكە، ناپولېئوننىڭ ئىنقىلابچىلار قوشۇنى مۇنتىزىم ئارمىيە پەيدا بولۇشى بىلەنلا توزۇپ كەتتى ۋە بىرنەچچە سائەت ئىچىدىلا پۈتۈنلەي قورالسىزلاندۇرۇلدى. بىراق، مۇنتىزىم ئارمىيە ئېھتىيات يۈزىسىدىن ھېچكىمنى قولغا ئالمىدى، ناپولېئون يەنە بىر قېتىم ئۈمىدسىزلەندى. چۈنكى، ھەتتا ھەققانىيەت يولىدىكى كۈرەشنىڭ قۇربانىمۇ بولالماستىن، خەلقنىڭ مەغلۇبىيەتچى داھىيسى بولۇپ قالغانىدى، خالاس. ناپولېئوننىڭ تومۇرىدا ھېلىھەم قانلىرى ئۇرغۇپ تۇراتتى. ھەرقانداق بەدەل تۆلىشىدىن قەتئىينەزەر، بىرەر ئىش قىلمىسا كۆڭلى ئارام تاپمايتتى. شۇنىڭ بىلەن پارىژ مىللىي مەجلىسىگە پاسىق پادىشاھنىڭ گۇماشتىلىرىنى دارغا ئېسىشنى، كورسىكا پۇقرالىرىنى قورالاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ تازا قاملاشتۇرۇپ شىكايەتنامە يازدى.

پارىژ تەرەپ قانداق جاۋاب بېرەر؟ بىرقانچە ھەپتە زارىقىپ كۈتكەندىن كېيىن ئاخىر جاۋاب كەلدى. جاۋابنامىدە: «كورسىكا باشقا ئۆلكىلەرگە ئوخشاشلا باراۋەر ھوقۇققا ئىگە بولىدۇ. مىرابونىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، پاۋل ۋە باشقا بارلىق ھۆرلۈك جەڭچىلىرى يۇرتىغا قايتۇرۇلىدۇ» دېيىلگەنىدى.

لېيتېنانت بوناپارت ھاڭ ـ تاڭ قالدى. ئۆلكە؟... شورى قۇرۇسۇن شۇنداق يېڭى ئىدىيەلەرنىڭ، كورسىكالىقلار شۇنداق

ئىدىيەنى دەپ داۋاملىق فىرانسىيەلىك بولۇپ ئۆتۈۋەرسۇنمۇ؟ ھۆرلۈكنىڭ شۇنداق يېڭى شەكلىدىن ئۆرگۈلەي! ئەمما، يەرلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىكىدىكى نامايىشچىلار قوشۇنى پارىژنىڭ ئاشۇ بۇيرۇقىغا دۇئا قىلىش ئۈچۈن چېركاۋغا قاراپ سىلجىماقتا ئىدى، بوناپارت ناپولېئون بولسا توپتوغرا ھۇجۇم نىشانىنى تېزلا تېپىپ چىقتى ـ دە، ۋەتەنداشلىرىغا ئۆتكۈر تىل بىلەن مۇراجىئەتنامە چىقىرىپ، سىياسىيونلار ئىچىدىن مەدەتكار ئىزدىدى ھەمدە ئاكىسىنى شەھەر پارلامېنتىغا ئەزا قىلىپ كىرگۈزدى.

تەسەۋۋۇرىدىكى قەھرىمانى پاۋل يىگىرمە يىللىق سۈرگۈنلۈك ھاياتىغا خاتىمە بېرىپ كورسىكاغا قايتىپ كەلگىنىدە كىشىلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئەمما، بوناپارت «بىز تەشنا بولغان ئۇلۇغ پاۋل شۇمىدۇ؟ نۇتقى شۇقەدەر ئىلمان، كۆزلىرى بەئەينى سىياسىيونلارنىڭكىدەك، ھېچنېمىسى ھۆرلۈك جەڭچىسىگە ئوخشىمايدۇ» دېگەندەك ئويلاردا بولدى. بىراق، پاۋل بىلەن بىر سەپتە تۇرماي بولمايتتى. چۈنكى، مىللىي قوغدىنىش قوشۇنىغا قوماندان بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. بوناپارت تاغدا بىرمەھەل بۇ مىللىي قەھرىمان بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولۇپ ئۆتتى، نېملا دېگەنبىلەن ئۇ ئۆزى تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىلا دادىسىنىڭ باشلىقى ئىدى.

ھەر ئىشقا جۇرئەتلىك كورسىكا بالىسى بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەن ئاشۇ بوۋاي بىلەن بىللە ئولتۇرغان ياكى ئات مىنىپ بىللە يۈرگەن چاغلىرىدا ھەمىشە ئۆزىنىڭ قوراللىق ھەرىكەت پىلانىنى، قوراللىق كۈرەش ئارقىلىق كورسىكانى يېڭى فىرانسىيەنىڭ قولىدىن ئازاد قىلىش ئارزۇسىنى ھېس ـ ھاياجان بىلەن بايان قىلاتتى. شۇنداق چاغلاردا پاۋل ياش بوناپارتقا ھەيرانلىق ھەم ئىپتىخار تۇسىنى

ئالغان ئاجايىپ بىر خىل نەزەردە مېھرى بىلەن قاراپ كېتەتتى. ئۇ ھېلىقى «كورسىكا مەكتۇپلىرى»نىڭ ئاپتورىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ قەلبى كۆچلۈك ئارزۇ ـ ئارمان بىلەن تولغان غايىلىك يىگىت ئىكەنلىكىنى ئاخىر ھېس قىلىپ يەتكەندى.

— ناپولېئون، سەن ھازىرقى زاماننىڭ ئادىمى ئەمەس، پلۇتارخنىڭ زامانىدىن كەلگەن ئادەم ئىكەنسەن، — دېدى پاۋل قايىللىق بىلەن.

ئاخىر غۇرۇرى قانائەت تاپقۇدەك سۆزنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولغان ناپولېئون پاۋلىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن بىر پارچە خىتابنامە يېزىپ چىقتى، ئىمزاسىغا قىلچە ئەيمەنمەستىن «جۇمھۇرىيەت كالېندارى بويىچە 2 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى مىددىلىدىكى كابىنېتىمدىن» دەپ يازدى.

ئەمدى قىسمەتتىمۇ ئالدىرىماقتا قايتماسا بولمايتتى، ھېلىمۇ دەم ئېلىش ۋاقتىنى تەكرار ـ تەكرار ئارقىغا سۈرۈۋەردى. قىسىمدىكى پۇت تىرەپ تۇرىدىغان ئورنىدىن قۇرۇق قالسا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

## يەتتىنچى، كۆچلۈكلەر ئەزىز

ناپولېئون ئەمدىلا ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن كەنجى ئىنىسى لۇئىسنى ئېلىپ فىرانسىيەگە كەلدى، ئۇلار ۋالېنسقا قايتىشىدا يېنىدا ئاران سەكسەن فىرانكلا قالغانىدى. يەيدىغىنى، كىيىدىغىنى ۋە ئىنىسىنىڭ ئوقۇش خىراجىتى ئاشۇ پۇلغىلا قاراشلىق ئىدى. شۇڭا، كىر ـ قاتلىرىنىمۇ ئۆزلىرى يۇياتتى.

ھەي پۇل ! ناپولېئون ھەرگىزمۇ راھەت ـ پاراغەت ئۈچۈن پۇلغا بېرىلمەيدۇ، ئەيش ـ ئىشرەتكە كۆز قىرىنىمۇ سالمايدۇ، كىشىلىك تۇرمۇش يولىنى ئېچىش ئۈچۈنلا پۇل كېرەك. لېئون ئىنستىتوتىدا مۇكاپاتلىق ماقالە مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇلغان

بولۇپ، بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكات سومىسى بىر مىڭ ئىككى يۈز فىرانك ئىدى! بۇنچە كۆپ پۇل بىلەن كورسىكانىڭ يېرىمىنى قوراللاندۇرغىلى بولاتتى. «قانداق ھەقىقەت ۋە تۇيغۇ بىلەن بەختلىك بولغىلى بولىدۇ؟» لېيتېنانتنىڭ چىرايىدا كۈلكە جىلۋە قىلدى. چۈنكى، بۇ تازا كۆڭلىدىكىدەك تېما ئىدى ھەم ئۇبدان جاۋاب بېرەلەيتتى. بۇ تېمىنى چىقارغان لىئون ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى مەشھۇر مۇتەپەككۇر روسسونىڭ مۇرىتلىرى بولغاچقا، لېيتېنانت ناپولېئون ماقالىسىنى شۇلارنىڭ قاياشىغا بېقىپ، ئىنسان شادلىقىنىڭ ئانا تەبىئەت، دوستلۇق ۋە بىكارچىلىقتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك مەنبەسىگە مەدھىيە ئوقۇش بىلەن باشلىدى. ھالبۇكى، بۇ ئۈچ نۇقتىنى چۈشىنىپمۇ كەتمەيتتى ھەم قىزىقىپمۇ كەتمەيتتى. شۇڭا، بىردىنلا سىياسىيغا بۇرىلىپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي نۇقتىئىنەزەرلىرىنى بايان قىلدى: پادىشاھلىق ھوقۇقىغا قارشى تۇردى، خۇسۇسىي مۈلكنى قوغداشنى، ھەركىمنى تۈرلۈك ھوقۇقتىن بەھرىمەن قىلىشنى ياقلىدى. ماقالىسىنى بارغانسېرى ئۆتكۈر ۋە ئاچچىق تىل بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ: «سىپارتالارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى يىگىتلەرچە كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ نامايەندىسىدۇر. ئۇلار ئۆز تەبىئىتىگە لايىق ياشايدىغانلىقى ئۈچۈن شادىمان. كۈچلۈكلەر ئەزىز، ئاجىزلار رەزگى كېلىدۇ» دەپ يازدى.

لىئون ئىلمىي جەمئىيىتى بۇ ماقالىنى «يارىمايدۇ» دەپ قاراپ قوبۇل كۆرمىدى. ماقالىسىنىڭ تاللانماي قېلىشى بوناپارتقا يېڭى بىر زەربە بولدى. چۈنكى، پۇلدىنمۇ، شۆھرەتتىنمۇ قۇرۇق قالغانىدى. بىراق، ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن بەل قويۇۋەتمەستىن، كورسىكا ھەققىدە يېزىۋاتقان ھېكايىلىرىنى داۋاملاشتۇردى، مۇھەببەت ھەققىدىمۇ بىر پارچە ھېكايە يازدى تېخى.

پارىژدىن كەلگەن نەرە سادىسى بۇ سىياسىيون ھەم

يازغۇچىنىڭ مۇلاھىزىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. پادىشاھ قاماققا ئېلىنغان بولۇپ، خەلق ئۆز غەلىبىسىنى تەبرىكلىمەكتە، كۈرەش كۈنسايىن ئۆتكۈرلەشمەكتە ئىدى. پارىژدىكى باستىللى تۈرمىسى ئېلىنغانلىقىنىڭ ئىككى يىللىقى تەبرىكلىنىۋاتقان خاتىرە كۈنى بۇ قىزىل لېيتېنانت ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ ھۆرمىتىگە قەدەھ كۆتۈردى. كورسىكا ئاربلىدىنمۇ ھۆكۈمەتسىزلىكنى تەلەپ قىلىپ غەلىيان كۆتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. ئەنسىز داۋالغۇپ كۆتۈرۈلگەن دولقۇن پارىژدىن يىراق - يىراقلارغىچە، تاكى يىراق دېڭىز قىرغاقلىرىغىچە كېڭەيگەنىدى. كورسىكادىمۇ ئىچكى يېغىلىق پارتلاش ئالدىدا تۇراتتى. كورسىكاغا قايتىپ بېرىپ يېڭىباشتىن ئىنقىلاب قىلىپ، يەنە بىر قېتىم كارامىتىنى كۆرسىتىشى كېرەك!

## سەككىزىنچى، كورسىكادا سايلام

ناپولېئون ئەمدى قەدىمكى رىمدا ئۆتكەن قەھرىمان كورىئولانۇسنىڭ رولىنى ئالماقچىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن سايلام ئەھلىنىڭ ئاۋازىنى، ئەلنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. نىھايەت، ناپولېئون بىرمۇنچە ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە ئىدى: ئۈرۈنباسار ئېپىسكوپ بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئانا جەمەت تاغىسىنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى ياخشىلىنىپ قالغانىدى؛ خىرىستىيانلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە يەنە بىر ئانا جەمەت تاغىسى فىرشىل، شەھەرلىك كېڭەشنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئاكىسى يوسىپ تەق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كورسىكادا زەمبىرەكچىلەر قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىش ناپولېئوندىن باشقا كىمنىڭمۇ قولىدىن كېلەتتى؟ قوغدىنىش قوشۇنىغا باش

بولۇشتىنمۇ ئارتۇق كاتتا ئىش بولماس. بىراق، مەسىلە شۇ يەردىكى، سايلامدا يېڭىلىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟

ناپولېئوننىڭ بۇ قېتىمقى ئارام ۋاقتى يىل ئاخىرىغىچىلا ئىدى. شۇڭا، ئېھتىيات يۈزىسىدىن رۇخسەت سوراپ كوماندىرىغا خەت يازدى، چۈنكى ئىسمىنىڭ ئوفىتسېرلار رويخېتىدىن ئۆچۈرۈۋېتىلىشىنى خالىمايدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق، فىرانسىيەدىن ھېچقانداق ئۇچۇر كەلمىدى، ئەمدى تەۋەككۇل قىلماقتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

قوغدىنىش قوشۇنىنىڭ قوماندانى سايلىنىدىغان كۈن يېتىپ كەلدى. ناپولېئوننىڭ ئۇرۇق ــ تۇغقانلىرى تۇشمۇتۇشتا تەق ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئاپىسى كۈنبويى ناپولېئوننىڭ مەسلەكداشلىرىغا زىياپەت بېرىش، مېھمان قىلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى، شۇنداقلا تاغدىن كەلگەنلەرنىمۇ تۇتۇپ قېلىپ قوندۇراتتى. خۇددى بىر ئىنقىلابىي مەسلەكدىشىنىڭ يازغىنىدەك ئىدى: «بىر مەھەل ئادەتتىكىدەكلا كەم سۆز، خىيالچان يۈرگەن بولسا، كېيىن ئۆزىنى زىيارەت قىلىپ كەلگەن دوستلىرىغا دوستانە، كەمتەرانە مۇئامىلىدە بولۇپ، ھەربىر كىشى بىلەن سەممىي پاراڭلىشىدىغان بولدى، ئۆزىگە ئەسقېتىپ قېلىش ئېھتىمالى بار كىشىلەرنى زىيارەت قىلىپ باراتتى ھەمدە ھەربىر كىشىدىن مەدەت ئىزدەيتتى». سايلام كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن بىرى ئۆيىگە يوقلاپ كەلگەنىدى، زورمۇزور ئۆيىدە تۇتۇپ قالدى، سايلام رىقابەتچىسىنىڭ گۇماشتىلىرىنى ئادەم ئەۋەتىپ دۇمبالاتقۇزدى. ناپولېئون كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان سايلام كۈنى ئاخشىمى پودپولكوۋنىك ئونۋانى بىلەن قوغدىنىش قوشۇنىنىڭ ئورۇنباسار قوماندانى بولۇپ سايلىنىپ، ئاخىرى مۇراد ــ مەقسىتىگە يەتتى.

بۇ كورسىكالىق ئەمدى فىرانسىيەدىن ئادا ــ جۇدا بولارمۇ؟

ئەلۋەتتە، ئېھتىياتچان بولغىنى ئەۋزەل ـ دە! ئۆزى ئوقۇغان قەھرىمانلار ھەققىدىكى تەرجىمىھاللار ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ ئۆزۈڭنىڭ يولىنى ئۆزۈڭ ئەتكۈچى بولما، دەپ ئۆگەتكەن. ۋالېنستىكى كوماندىرىغا: «ۋىجدانلىق بىر كورسىكالىقنىڭ بۈگۈنكى كۈندە مۈشكۈلات ئىچىدە قالغان ۋەتىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلمىقى ھەقتۇر. ۋەتەنداشلىرىمنىڭ مېنى تۇتۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ. بىراق، ئۆز خىزمىتىمگە بوشاڭلىق قىلسام بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىمەن. شۇڭا، ئىستىپا بەرمەكچى بولۇۋاتىمەن» دەپ خەت يازدى. ئەمەلىيەتتە، ئىستىپا سورىماقتا يوق، مائاش تەلەپ قىلدى ھەمدە خېتىدە فىرانسىيەنى «ۋەتىنىڭلار» دەپ ئاتىدى. فىرانسىيە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بوناپارتنىڭ ئىسمىنى ئوفىتسىرلار رويخېتىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلىدى.

ناپولېئون شۇنداق قىلىپ ئۆزىنىڭ كۈتكىنىدىنمۇ تېزرەك زامان قەھرىمانى بولۇپ قالدى. ناپولېئوننىڭ پۈت دەسسەپ تۇرغۇدەك مۇستەھكەم بازىسى يوق، قولىدا بارىمۇ پەقەت ئىنقىلابىي ھوقۇققا ئىگە، ئەمما تېگىپلا قويسا توزۇپ كېتىدىغان قاغا ـ قۇزغۇنلار توپىدەك بوش بىر قوغدىنىش قوشۇنىدىنلا ئىبارەت ئىدى. دېمەك، ئىش ناپولېئوننىڭ كارامىتىگە باغلىق بولۇپ قالغانىدى. شەھەر ئاھالىسى بىلەن قوغدىنىش قوشۇنى ئوتتۇرىسىدا يوشۇرۇن خەۋپلىك بىر زىددىيەت بولۇپ، پارتلاشقا ئاران ـ ئارانلا تۇراتتى، ناپولېئون بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئوتقۇيرۇقلۇق قىلىش، ئاندىن شۇ قالايمىقانچىلىق ئىچىدە توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ، قوتقۇزغۇچى خۇدا بولۇۋېلىش قارارىغا كەلدى. فىرانسىيە پادىشاھىنىڭ زاپاس ئارمىيەسى قوغداپ تۇرغان قەلئە ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تەھدىتقۇ؟ زاپاس ئارمىيە قوماندانىنىڭ ئورنىنى تارتىۋېلىپ، بۇ

كالۋا ئاقسۆڭەكنى قوغلىۋەتسىلا، كورسىكا ئارىلىنى فىرانسىيەنىڭ قولىدىن ئازاد قىلالايتتى. ھازىر فىرانسىيە ئىچكى يېغىلىق بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، كورسىكانى يەنە بىر قېتىم بېسىۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولغاندا، كورسىكا ناپولېئوننىڭ قولىدا بولاتتى، قېرى پاۋل رىۋايەتتىكى پېرسوناژ بولۇپ قالاتتى.

پاسخا بايرىمى كۈنى ئۇرۇش پارتلىدى. بۇ ئۇرۇشنى زادى كىمنىڭ قوزغىغانلىقى مەڭگۈ يەشكىلى بولماس كۆلكىلىك بىر سىر بولۇپ قالدى. بىراق، بوناپارتنىڭ قوغدىنىش قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ قەلئەنى زورمۇزور ئېلىشقا ئۇرۇنغانلىقى شۈبھىسىز. بىراق، رەقىبىمۇ قىلچە قورقماي، ناپولېئوننىڭ قوشۇننى توپقا تۇتۇپ چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى ھەمدە ناپولېئوننى ئاسىيلىق قىلدى، دېگەن جىنايەت بىلەن ئەيىبلەپ پارىژغا ئەرز قىلدى. ئۇنىڭ ئاسىيلىق جىنايىتى ئۈستىدە سوت ئېچىلىش ئالدىدا تۇراتتى، ئۆزىنى ئاقلاشلىرىغا ھېچكىممۇ ئىنكاس قايتۇرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. پاۋل قاپ يۈرەك بۇ تەلۋە يۇرتدىشىغا باشتىلا ئىشەنمەي كەلگەنىدى، ئەمدى ھاپىلا - شاپىلا ئۆزىنىڭ فىرانسىيەگە بولغان ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، قەدىناس دوستىنىڭ ئوغلىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى.

«خەپ، پاۋل! — دەپ ئويلىدى بوناپارت، — مەن بىلەن قارشىلاشماقچى بولغانىكەنسەن، ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قويىمەن ساڭا، قاراپ تۇر! پارىژغا بېرىپ، ئۆز ئىشىمنى ئۇلغايتىمەن، ئۇ يەر ئىنقىلابقا تازا باب ماكان!»

ئىسسىق ياز، ھېچبىر ئىشى ۋۇجۇدقا چىقمىغان، پۇلىمۇ، ئورنىمۇ يوق بۇ تەۋەككۇلچىمىز دۇنياۋى مەركىزى شەھەر پارىژنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدا نىشانسىزلا كېتىۋاتاتتى. فىرانسىيەدە مەرتىۋىسى لېيتېنانت بولغىنى بىلەن بەرىبىر

قاچاق لىيتىنانت سانىلاتتى. كورسىكادا بولسا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىلگەندى، ۋەتەن ئاسىيسى دېگەن ئەڭ سەت نام بىلەن سوتقا تارتىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى. شۇ تاپتا ئەتە بىرنەرسە ئېلىپ يېگۈدەكمۇ پۇلى يوق ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن جىمى ئۈمىدىنى ياكوبىنچىلارغا باغلاپ، روبىسپېر تەرەپدارلىرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. چۈنكى، كونا سۇلالە گۇمران بولۇپ، دۆلەتتە ئاسمان ـ زېمىن ئۆزگىرىش بولمىغۇچە مۇشكۇلاتتىن قۇتۇلالمايتتى.

يوقالسۇن تەسەۋۋۇرسىز گالۋاڭلار! ھازىر فىرانسىيە ئەنسىزچىلىك ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ، كونىلارنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئەنسىز زاماندا باتۇرلار يېتىلىپ چىقىدۇ. ناپولېئون يات بىر تائىپە ــ ئىتالىيەلىك تەۋەككۇلچى بولۇش سۈپىتى بىلەن فىرانسىيەلىكلەرنىڭ تەقدىرىنى سوغۇق نەزەردە پەرۋاسىز كۆزىتىپ تۇرماقچى ھەمدە فىرانسىيەلىكلەرنىڭ تەقدىرىنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرماقچى. ئەنە، ياكوبىنچىلار تارىخ سەھنىسىگە كىرىپ كەلدى!

ئىنقىلابىي ئامما ئوردا كوچىسىغا بۆسۈپ كىرگەندە ناپولېئونمۇ شۇ كىشىلەر توپى ئىچىگە قىسىلىپ كىرىۋالغانىدى. ئۇ موھتاجلىق ۋە مۇشكۇلاتنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان كىشى سۈپىتىدە كۆڭلىدە: «خۇداغا شۈكۈر، يەنە بىر قېتىم ھۆرلۈككە چىققۇدەكمىز» دېدى. بىراق، ئوفىتسېر سۈپىتىدە: «ئەسكەرلەرنىڭ پۇقرالار تەرىپىدىن قامىۋېلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ھالدىن قاتتىق ھەيران قالدىم... ئەگەر پادىشاھ ئۆزى بىۋاسىتە ئات سېلىپ، توپىلاڭچىلارنى باستۇرغان بولسا، غەلىبە ئۆزىنىڭ بولغان بولاتتى» دەپ ئويلىدى. ناپولېئون شۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى پادىشاھنىڭ بېشىغا قىزىل بۆكنى كىيگىنىچە ئاۋامنىڭ ئالدىدا

پەيدا بولۇپ، ئۇلارغا خۇشامەت قىلغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق يازىدۇ:

ۋاي ئەخمەق، شۇنداق گەدەنكەش ھارامزادىلەردىن بىرقانچە يۈزىنى پاراسلىتىپ ئوق ئۈزۈپ يەر چىشلەتكەندە، قالغانلىرىمۇ جەزمەن بەدەر تىكىۋەتكەن بولار ئىدى.

ناپولېئون ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنىڭ ئازاد بولغانلىقىنى، دۈشمىنىنىڭ غۇلاپ چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەندى. ئۇ ئوردا كوچىسىدا مالىمانچىلىق يۈز بەرگەن كۈننىڭ ئەتىسى تاغىسىغا ئەۋەتكەن خېتىدە مۇنداق يازىدۇ:

جىيەنلىرىڭدىن ئەندىشە قىلما، بىز ئەنسىز زاماندا قانداق جان ساقلاش كېرەكلىكىنى بىلىۋالغانمىز.

يېڭى ھۆكۈمەت ھەقىقەتەنمۇ ئوڭلۇق چىقتى ! بۇ قاچقۇن دەرھاللا ھەربىي خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولۇپلا قالماي، ئىستارشىي لېيتېنانتلىققىمۇ ئۆستۈرۈلدى تېخى. بىراق، بۇيرۇققا بىنائەن تېزدىن فىرانسىيەنىڭ شەرقىدىكى قىسىم ئىشتابىغا بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىشقا ئالدىراپمۇ كەتمىدى. پىرۇسسىيە پادىشاھى لەشكەر تارتىپ موسېل دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلگەن بولسا، بۇنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى بولسۇن !؟ فىرانسىيە ئۇرۇشى بىلەنمۇ كارىم نېمە؟

## توققۇزىنچى، خەير ـ خوش، كورسكا !

سۈزۈك دېڭىز شامىلى، شۇنداقلا ساپ تاغ ھاۋاسىنىڭمۇ جىمى

يېڭى ئىدىيەلەرنى ئۈپرىتىپ بەربات قىلغۇچى تەرەپبازلىق ئىللەتلىرىنى ئەسىرلەر بويى تازىلىۋېتەلمەي كەلگىنى نېمىسى ـ ھە؟ تۆھمەتخورلۇق كورسىكا ئارىلىنىڭ كونكرېت تۇرمۇش ئۇسۇلى بولۇپ كەلدى. پارىژ مىللىي پارلامېنتىنىڭ كورسىكادا تۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن ۋەكىلى سالىلىساتس بولسا پاۋلىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغاچقا، بوناپارتقا دوستانە مۇئامىلىدە بولدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسى بىرلىشىپ پاۋلىنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتتى. ئارالدىكى ياكوبىنچىلار كۇلۇبىمۇ ئىناق ئەمەس ئىدى. بىراق، كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى قارىماققا ناھايىتى ئىلغار، ئىنقىلابچىل كۆرۈنەتتى. ئارالدىكى بىردىنبىر ساداقەتمەن كىشى پاۋل مۇرەسسە يولىنى تۇتۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ۋەتەن ساتقۇچ دەپ قارىلاندى. كورسىكادا ھوقۇق ھەر كىمنىڭ قولىدا دېيىشكىمۇ، ھېچكىمنىڭ قولىدا ئەمەس دېيىشكىمۇ بولىدۇ. كىشىلەر پارىژدا غۇلغۇلا قىلىشتى، پادىشاھنىڭ كاللىسىنى ئېلىشتى، ئەتە كىمنىڭ كاللىسى ئېلىنىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. شۇڭا، ھەركىمنىڭ ئىچىگە قورقۇنچ كىرىپ، بىر ـ بىرىدىن گۇمانلىنىپ يۈرىدىغان بولۇپ قېلىشتى. كورسىكادا تاغلىقلارلا ئەمەس، جىمى كىشى قوراللاندى ھەمدە تاغلىقلار دېڭىز ساھىلىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ پەرمانىغا بويسۇنماس بولۇۋېلىشتى. دېمەك، بۇ يەردە ھەر كىم ئۆزى خان، ئۆزى بەگ ھەم بىر ـ بىرىگە دۈشمەن ئىدى. شۇڭا، بۇ تەۋەككۈلچىمىزنىڭ بىرەر ئىش تەۋرىتىشى ئۈچۈن كورسىكادىنمۇ ئارتۇق نە بولسۇن؟ ناپولېئون كورسىكانى ئۈچىنچى قېتىم قولىغا ئېلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرمەكچى بولدى.

ئاكىسى يوسىپنىڭ، ئىنىسى لۇسىئاننىڭ، شۇنداقلا تەقۋادار خىرىستىيان تاغىسى فېىرشىللارنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا گۇماشتىلىرى بار ئىدى. ۋاھالەنكى، ناپولېئونلا بۇ يەردىكى تارقاق كۈچلەرگە

قوماندانلىق قىلالايدىغان ئەڭ ياخشى نامزات ئىدى. پارلامېنت ئەزاسى ساللىيساتسىنىڭ قابىل بىر زەمبىرەك مۇتەخەسسىسىگە موھتاج ئىكەنلىكىدىن ۋاقىپلانغان ناپولېئون كېلەر قېتىملىق سۈيىقەستلىك ئاغدۇرمىچىلىقىدا بىراقلا غەلىبە قازىنىش مەقسىتىدە بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋالدى. ياكوبىنچىلارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشلا سەۋەب بىلەن ناپولېئونغا خەيرخاھلىق كۆرسەتتى. پاۋل ئەنگلىيەدە يىگىرمە يىل يۈرۈپ، ئەزىز مېھمان قاتارىدا كۈتۈنگەنىدى، ئەگەر ھازىر ئۇستىدىن ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلدى، دەپ ئەرز قىلىدىغان بولسا تازا ئوبدان يانپاشقا چىققان بولمامدۇ؟ ئەگەر ئىنىسى لۇسىئان مارسېلغا بېرىپ، گۇمانىي نۇقتىنى پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزىدىغان بولسا، ساللىيساتس جەزمەن ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۈشىدۇ. دەرۋەقە كورسىكا ئارىلى گەرچە كىچىك بولسىمۇ، سۈيىقەستچىلەرنىڭ بۆشۈكى ئىدى.

ئۇزاق ئۆتمەيلا خەلق كېڭىشى تەيىنلەپ ئەۋەتكەن ۋەكىل كورسىكاغا يېتىپ كەلدى ــ دە، پاۋلدىن پىكىر ئېلىپ ئولتۇرمايلا بىر تۈركۈم ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇردى. ناپولېئون زېرەك ۋە قابىل، شۇنداقلا لەشكەرلەرنىڭ ھىمايىسىگە سازاۋەر بولغاچقا، ئەمەلىيەتتە رەھبەرلىك ھوقۇقىنى يەنە بىر قېتىم قولغا ئېلىپ بولغانىدى. شۇنداقلا فىرانسىيەدە يېڭىباشتىن كاپىتان بولۇپ مۇھىم ئىشقا قويۇلغان بوناپارت فىرانسىيەدە تېزلا ئارالدا تۈرۈشلۇق قىسىملارنىڭ قوماندانى بولدى، بارغانسېرى ئامەتى ئوڭغا تارتىۋاتاتتى.

پارىژدىن پاۋلنى قولغا ئېلىش توغرىسىدا قورقۇنچلۇق پەرمان كەلدى. بىراق، پاۋلنىڭ ناپولېئون قاتارلىق رەقىبلىرى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەچكە ئىش تەتۈرىگە يېنىپ، ئارال ئەھلىنىڭ رايى

يېڭىباشتىن ئاشۇ كونا قەھرىمانغا مايىللاشتى، ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئەتراپىغا يېپىشتى، پاۋل ئۆزىمۇ پەرمانغا قارشىلىق قىلدى.

ياش بوناپارت دەماللىقا نىمە قىلارىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدى. ئىلگىرى ئاممىنىڭ ساداسىغا ئاشىق ـ مەشۇقلاردەك ئەمەس، دوختۇرنىڭ كېسەل كۆرگىنىدەك بىر تەرزدە قولاق سىلىۋىدى، ئەمدى مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، ياراشتۇرۇش چارىسىنى قوللىنىپ، تۆھمەتكە قالغان پاۋل تەرەپتە تۇرىمەن، دەپ جاكارلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە دانا پارلامېنتنى ھىمايە قىلىمەن، دەپمۇ جاكارلىدى. گەرچە ناپولېئون پارلامېنتنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قالغان ھەمدە پارلامېنت قولغا ئالماقچى بولۇۋاتقان بولسىمۇ، كونا قەھرىمان پاۋلنى قىلچە ئىشەندۇرەلمىدى. ناپولېئوننىڭ ئىككى كېمىگە تەڭ دەسسەپ تۇرماقچى بولغانلىقىدەك ئويۇنىدىن قاتتىق نەپرەتلەنگەن پاۋل ۋە مەسلەكداشلىرى: «ئاكا ـ ئۇكا بوناپارتلار پاۋلغا تۆھمەت قىلىشقا قاتناشتى ھەمدە خەلق كېڭىشى بىلەن تىل بىرىكتۈردى، ئەمدى ئۇلار بىلەن يەنە بېرىش ـ كېلىش قىلىش كورسىكا خەلقى ئۈچۈن ھاقارەت. ئۇلار قاتتىق تۇۋا قىلسۇن، جامائەتنىڭ ئاھانىتىگە قالسۇن!» دەپ خىتاب قىلىشتى.

ناپولېئوننىڭ رەقىبلىرى تۇرالغۇسىغا بېسىپ كىرىپ بولۇشچە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. ئەگەر ئائىلىسىدىكىلەر كومىتېتقا يوشۇرۇنۇۋېلىپ ئامان قالمىغان بولسا، ئۆزلىرىنى جەھەننەمدە كۆرەتتى.

ئېھتىمال، بۇ ئىشلار ناپولېئوننىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولۇپ چىققاندۇ. چۈنكى، مانا ئەمدى پارىژدىكى ھوقۇقدارلارغا ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئېگىلمەس ـ پۈكۈلمەس ئىنقىلابچى ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ ـ دە. مۇقەررەركى، ناپولېئون

فىرانسىيەنىڭ ئىشەنچىسىگە يەنە بىر قېتىم نائىل بولدۇ. بوناپارت بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى ھۆكۈمەتنىڭ زەمبىرەكچىلەر قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلغان كورسىكا توپىلاڭچىلىرىنىڭ ئاتامانى ئىدى، ئەمدى بولسا كورسىكا توپىلاڭچىلىرىنى باستۇرغۇچى ھۆكۈمەت زەمبىرەكچىلەر قوشۇنىنىڭ قوماندانى بولدى. گەرچە ھازىر رەقىبلىرى جۇغراپىيەلىك شارائىتى ئەڭ ياخشى جاينى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ناپولېئون ئاخىرقى ھېسابتا ھوقۇققا ئىگە بولدى، ھۆكۈمەت بەرگەن خىزمەت ھوقۇقىغا ئېرىشتى، ھەتتا دېڭىز قىرغىقىنى قوغداش توغرىسىدا «يارلىق»مۇ ئالدى.

بىراق، پاۋل بوۋاي ئەل - جامائەتنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە جەڭگە ماھىر سەردار بولۇپلا قالماي، يەنە تېخى مۇستەھكەم قورغانغىمۇ ئىگە ئىدى. ياش بوناپارت بۇ مەرتەم فىرانسىيەلىك بولۇش سالاھىيىتى بىلەن قەلئەنى ئىككىنچى قېتىم تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغانىدى، يەنە مەغلۇپ بولدى. قەلئەنى دېڭىز تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ ئېلىش مەقسىتىدە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى !

كورسىكا ئارىلىدا ئەمدى ناپولېئون ۋە ئائىلىسىدىكىلەر سىغقۇدەك جاي قالمىغانىدى، ئارال خەلقى ئۇلارنى چېگرادىن قوغلاپ چىقاردى. ئۆز قوۋمىدىن تولىمۇ پەخىرلىنىدىغان لاتسىيە ۋە ئىككى ئوغلى، ئىككى قىزى، شۇنداقلا ئاكىسى مانا ئەمدى ناپولېئوننىڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان سۇيىقەستلىك ھەرىكىتىنىڭ كاساپىتىدىن ئۆي - ماكانسىز قالدى. ئۇلار بىرقانچە سائەت ئىچىدە كورسىكا ئارىلىدىن چىقىپ كېتىشكە شەرت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ناپولېئوننىڭ ئاپىسى فىرانسىيەلىكلەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە تىمتاس ئورماننى كېزىپ ئۆتۈپ دېڭىز تەرەپكە قاراپ قاچتى. بۇنىڭدىن يىگىرمە ئىككى

يىل مۇقەددەم دەل ئاشۇ ئورمان ئۇنى قوغلاپ كەلگەن فىرانسىيەلىكلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاپ قالغانىدى.

ئەيۇن كۇنلىرىدىكى قاش قارايغان چاغ ئىدى، يىگىرمە ئىككى ياشلىق زەمبىرەكچىلەر ئوفىتسېرى پاراخوت ئۈستىدە ئۆزىدىن بار - بارا يىراقلاپ كېتىۋاتقان ھەربىر تۇمشۇقتا، ھەربىر تاغ تىزمىسىغا، شۇ قەدەر تونۇش كورسىكا ئارىلىغا كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. ئازادلىق ئاتا قىلغۇچى سۈپىتىدە بۇ ئارالغا ئۈچ قېتىم ھۆكۈمرانلىق قىلماقچى بولۇۋىدى، ئۈچىلا قېتىم مەغلۇپ بولدى. ئەمدى بولسا فىرانسىيەلىك بولۇش سۈپىتىدە ۋەتەنداشلىرى تەرىپىدىن قوغلاندى. شۇ تاپتا يۈرىكى ئۆچمەنلىك ۋە قىساس ئىستىكى بىلەن ئوت بولۇپ يانماقتا ئىدى. فىرانسىيەنىڭ غەلىبىسى كۈچ - قۇدرىتىنى ئۇلغايتقۇسى، ئاخىرقى ھېساباتا كورسىكانىڭ غوجايىنى بولۇپ قالغۇسى.

## ئۇنىنچى، تولون جېڭىدە كۆتۈرۈلگەن يېڭى يۇلتۇز

ناپولېئوننىڭ ئاپىسى مارسېلدىكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن بىر ئاقسۆڭەكتىن مۇسادىرە قىلىنىپ ھۆكۈمەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈلگەن بىر بىنانىڭ بەشىنچى قەۋىتىدە بالىلىرى بىلەن بىللە تۇراتتى. قىرىق ياشلاردىن ئاشقان بۇ ئايالنىڭ ئۈچ بالىسى قاتارغا قوشۇلدى، ئەڭ كىچىك ئىككى بالىسى كورسىكادىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتاتتى. ناپولېئوننىڭ ئائىلىسى «زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئائىلە» سۈپىتىدە مارسېلدىكى قوماندانىدىن بىر ئۆلۈش ئاشلىق تەمىناتىغا ئېرىشتى. بىراق، بۇ جەسۇر ئايال ھېچقاچان ھېچكىمدىن قاقشىماي بۇرۇنقىدەكلا مەغرۇر ياشايتتى.

ناپولېئون ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاكىسىنىڭ ئارىغا چۈشۈشى ۋە ياردىمى بىلەن ھەربىي ئەشيالار سودىسىغا كىرىشتى. خىرىستىيان تاغىسىمۇ دىنىي ئىشلارنى قويۇپ، يىپەك سودىسىغا چۈشتى. ئۆزى شۇنداقمۇ كېلىشكەن، دادىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان ئاكىسى يوسىپ بالىلارنىڭ چوڭى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنى «كىنەزى بوناپارت» دەپ ئاتاپ، مارسېلدىكى ئالەمدىن ئۆتكەن بىر ئاقسۆڭەك سودىگەرنىڭ قىزىغا ئۆيلەندى ــ دە، پۇللۇق بولۇپ قالدى. ناپولېئون بولسا ئاكىسىنىڭ قېيىنسىڭلىسىغا ئۆيلىنىۋېلىش كويىغا چۈشتى.

ناپولېئون يازدىن بېرى چېپىپلا يۈردى، ھېلى نايستىكى قوشۇندا بولسا، ھېلى رونىېدا بولاتتى، ئاندىن يەنە تولونغا چاپاتتى. بارغانلا يېرىدە ئۆزى ئىشتا بولسىمۇ، ھەربىيگە خاس كۆزى ئىستراتېگىيەلىك جۇغراپىيەۋى يەر شەكلىدە ئىدى، زەمبىرەكچىلەرگە خاس كاللىسى بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈپ، سوزۇنچاق دېڭىز قىرغىقىدىكى زەمبىرەك قويغىلى بولغۇدەك تەبىئىي نۇقتىلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ماڭاتتى. فىرانسىيە شۇ تاپتا دۈشمەننىڭ قورشاۋىدا قالغاندى. بېلگىيە قولدىن كەتتى، ئىسپانلار تاغلاردىن ھالقىپ، فىرانسىيە زېمىنىغا ئۇسۇپ كىرىۋاتىدۇ، قالدۇق خانپەرەسلەرمۇ ئۇستۇنلۇكنى ئېلىشقا باشلىدى. تولونلۇقلار ئۆز فىلوتىنى قۇربان قىلىشتىن ئايانماي كونا دۈشمىنى بولمىش ئەنگلىيەدىن ياردەم سورىدى! شۇ ۋەجىدىن جۇمھۇرىيەتچىلەر بارلىق ئەر زاتىنى ھەربىيلىككە چاقىردى ھەمدە ئاياللارمۇ سىرتتا قالمىدى، تەجرىبىلىك ھەربىيلەر ھەسسىلەپ قارشى ئېلىناتتى، ئەلۋەتتە. بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل فىرانسىيە چوڭ بىر ھەربىي گازارمىغا ئايلاندى.

خەلق ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنى تولون قەلئەسىدىن قوغلاپ چىقىرىش تەييارلىقىغا ئۆتتى. كونكرېت ئىجراسىنى خەلق

پارلامېنتى شۇ جايدا تۇرۇشلۇق گېنېرالغا تاپشۇردى. بۇ قوماندان ئەسلىدە رەسسام بولۇپ، تولۇپ تاشقان ئىنقىلابىي قىزغىنلىقنى ھېسابقا ئالمىغاندا قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيتتى.

بۇ چاغدا ئاۋسىنوندىن ئوق ـ دورا ئېلىپ يېڭىلا قايتىپ كەلگەن ياش بوناپارت يۈرتىدىشى ساللىسېتىسنى يوقلاپ بارغانىدى. ساللىسېتىس بۇ ياش زەمبىرەكچىلەر ئوفىتسېرىنى رەسسام گېنېرالغا تونۇشتۇردى. تاماقتىن كېيىن سەيلىگە چىققان كەسىپ ئەھلى بولمىغان بۇ كىشىلەر دېڭىز قىرغىقىدىن بىرقانچە مىل يىراقتىكى جايغا قويۇلغان يىگىرمە تۆت كالىبىرلىق كالتە ئىستوۋۇللۇق ئېغىر زەمبىرەكنى كۆرۈپ، بۇ زەمبىرەكنىڭ قودرىتىنى ماختاپ كۆز ـ كۆز قىلىشتى. ئەمما، ناپولېئون بۇ زەمبىرەك بۇ يەرگە قويۇلسا قىلچە كارغا كەلمەيدۇ، دەپ رەددىيە بەردى. ئۆز پىكرىنى ئىسپاتلاپ بېرىش ئۈچۈن تۆت پاي ئېتىۋىدى، دېگىنىدەكلا ئوق دېڭىزغا يېتىپ بارالمىدى. ئۇلار بۇ ھالدىن قاتتىق چۆچۈپ ناپولېئوننى تولىمۇ ئېلىپ قالدى.

«ئاخىرى ئارقاننىڭ ئۇچىنى تۇتتۇم، قولۇمدىن چىقىپ كەتمىسۇن، چىڭ تۇتاي!» دەپ ئويلىدى ناپولېئون. بۇ ئىستارشىي لېيتېنانتىمىز كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق ئىقتىدارى بىلەن يىراق جايدىكى ئېغىر زەمبىرەكلەرنى دېڭىز ياقىسىغا يۆتكەپ كەلدى. ئالتە ھەپتە ئۆتكەندە بۇ يەرگە يۈزدىن ئارتۇق ئېغىر زەمبىرەك تەق بولدى.

بۇ يىگىت ئەمدى دېڭىز قولتۇقىنى ئىككى پورتقا بۆلۈپ، ئوتتۇرىسىغا زەمبىرەكچىلەر ئەترىتىنى مۇداپىئەگە قويماقچى بولدى. شۇنداق قىلغاندا دۈشمەن فىلوتىنىڭ يولىنى ئۈزۈپ تاشلىغىلى بولاتتى ھەم ئەنگلىيە قوشۇنلىرى چېكىنىش يولى بولمىغان تولۇن قەلئەسىدە پاسسىپ ھالەتتە دۇمبا يەپ،

پۈكلىنىپ يېتىشنى خالىماي، ھەربىي قورال ـ ياراق زاۋۇتلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىپ چېكىنىپ چىقىپ كېتەتتى. «خىيالىغا كەلگەننى جۆيلۈگەنلىكقۇ بۇ !» دەپ مازاق قىلىشتى كەسىپ ئەھلى بولمىغان بۇ ئەمەلدارلار. بىراق، ناپولېئوننىڭمۇ خەلق پارلامېنتىدا دوستلىرى بار ئىدى، ئۇلارغا ھېلىقى گېنېرالنى ئەرز قىلدى ھەمدە پارىژغا تولون قەلئەسىنى بومباردىمان قىلىش توغرىسىدىكى ئۈچ پارچە پىلاننى يوللىدى. پىلانىدا يەنە: «بىز باشتىن ـ ئاخىر مەركەزلىك توپقا تۇتىشىمىز كېرەك. ئەگەر ئېغىر زەمبىرەكلىرىمىز بىلەن قاتتىق توپقا تۇتىدىغان بولساق، دۈشمەن ھولۇقۇش ئىچىدە قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ، قارشىلىق كۆرسەتكىنى بىلەنمۇ بىكار، تولوننى ئاز كۈندىلا قايتۇرۇۋالىمىز. تۇرمۇشقا ئايرىملىق كېرەك بولسىمۇ، ئۇرۇشقا بىرلىك كېرەك! كوماندا بىرلىكى بولمىسا، ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىمۇ بولمايدۇ. ئارمىيەگە چاپسانلىق ئەلا !» دەپ تەكلىپمۇ بەردى. بۇ يىگىرمە تۆت ياشلىق بىر ئىستارشىي لېيتېنانتنىڭ ئەيمىنىپ ئولتۇرماستىن مەركىزىي ھۆكۈمەتكە سۇنغان دوكلاتى ئىدى.

ناپولېئون پارىژدا تونۇشۇپ قالغان روبېسپېر ئىنتايىن ئىستېداتلىق بولۇپ، ناپولېئوننى بەك قەدىرلەيتتى، ئىلگىرى تېخى تېررورچىلارغا ھەربىي مۇھاپىزەتچى بولۇشقا تەكلىپمۇ قىلغان، ئەمما ناپولېئون ئېھتىيات يۈزىسىدىن رەت قىلغان. مانا ئەمدى پىلانى تەستىقلىنىپ، رەسسام گېنېرال ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. ئورنىغا كىم ئولتۇراركىن؟

يېڭى كەلگەن گېنېرال دوختۇر ئىدى، ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن باشلاپلا ۋاقتىنى ئاقسۆڭەكلەر توپىلىڭىنى پايلاش بىلەن زايە قىلىۋەتتى. ھالبۇكى، بۇ مەزگىلدە دۈشمەن ئىنتايىن مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك قىممەتكە ئىگە يېرىم ئارالنى ئىشغال قىلدى.

دېمەك، بۇ ئادەمنىڭمۇ ھەربىي ئىشلاردىن خەۋىرى يوق ئىكەن ـ دە! ناپولېئوننىڭ خاپىلىقتىن چىشلىرى كىرىشىپ كەتتى. بۇ چاغدا پارىژدىن بىر تۇركۇم روھلۇق، جۇشقۇن سەرخىل سەركەردە ـ لەشكەر كەلدى، ئۇلار تولۇنىنى كەسكىن ۋە شىددەتلىك جەڭ بىلەن قايتۇرۇۋېلىش قارارىغا كەلگەنىدى. ناپولېئون ئۇلارنى ھېچقانداق مۇداپىئە ئەسلىھەسى يوق زەمبىرەك سۇپىسىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى. دۈشمەن ئۇلارغا قارىتىپ ئوت ئاچقاندا، ئۇلار ئۆزىنى دالدىغا ئالغۇدەك جاي تاپالماي قالدى. ناپولېئوننىڭ ئەرز بېرىشى بىلەن يەنە بىر قېتىم گېنېرال ئالماشتۇرۇلدى. بۇ قېتىمقى يېڭى گېنېرال تەجرىبىلىك گېنېرال ئىدى، ئۇ دەرھاللا ناپولېئوننى باتالىيون كوماندىرى قىلىپ تەيىنلىدى ھەمدە تولوندىكى دۈشمەننى قەتئىي تۈردە ناپولېئوننىڭ پىلانى بويىچە ئىش تۇتۇپ قوغلاپ چىقىرىشقا ھازىرلاندى.

ناپولېئوننىڭ پىلانى بويىچە ئاخىر قەلئەگە ھۇجۇم باشلاندى. بۇ شىددەتلىك جەڭدە ناپولېئوننىڭ ئېتى ئوق تېگىپ ئۆلدى، ئۆزىنىڭ پاچىقىغىمۇ ئوق تەگدى. بۇ تۇنجى قېتىم ھەم ئاخىرقى قېتىم يارىلىنىشى ئىدى (شۇنىڭدىن كېيىن زادىلا يارىلىنىپ باقمىدى). ناپولېئون بۇ قېتىم گەرچە بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلمىغان بولسىمۇ، بۇ تۇنجى قېتىملىق غەلىبىسى ئىدى. ئىشلار ناپولېئوننىڭ پەرەز قىلغىنىدەكلا بولۇپ، دۈشمەنلەر ئۆز كېمىلىرىگە قېچىپ چىقىۋېلىپ، قورال ـ ياراق زاۋۇتىغا ئوت قويۇپ بەدەر قاچتى. ئۇرۇش ئوتى ۋە ئەجەل قاپلىغان، قىرغىنچىلىق ۋە ۋەھىمە بىلەن تولغان بۇ ئەنسىز پورتتا مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان خەلق ئۇرۇش ئارقىلىق ئۆتمۈشىدىن قۇتۇلۇپ، تۇرمۇشنى يېڭىدىن باشلاش ئۈچۈن ئۇرۇش سېپىگە ئاتلانغانىدى. زەمبىرەكلەرنىڭ گۈمبۈرلەشلىرى جاھاننى بىر

ئالغان ئاشۇ دىكابىر كېچىسى جەسەتلەر دۆۋىلىنىپ كەتكەن جەڭگاھتىكى قويۇق ئىس ـ تۈتەكلەرنى، جېنى ھەلقۇمىغا يەتكەن خەلقنىڭ قارغىش سادالىرىنى، توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ بۇلاڭ ـ تالاڭغا چۈشكەن لەشكەرلەرنىڭ سەت كۈلكە شاۋقۇنلىرىنى يېرىپ ئۆتۈپ كۆتۈرۈلگەن يېڭى بىر يۇلتۇز كۆكتە پارلىدى، ئۇ بولسىمۇ ناپولېئون ئىدى.

## ئون بىرىنچى، تۆھمەتنىڭ كاساپىتىدە

تولوننىڭ ئازاد قىلىنغانلىقىنى، شۇنداقلا شىمالىي ۋە شەرقىي سەپلەردە قولغا كەلتۈرۈلگەن يېڭى غەلىبىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن پارىژدا داغدۇغىلىق بايرام ئۆتكۈزۈلدى، ئاممىسا ئارىسىدا ناپولېئوننىڭ شۆھرەتلىك نامى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارالدى. ئۇ بىرىگادا گېنېراللىقىغا كۆتۈرۈلدى. تولون جېڭىنىڭ گېنېرالى ناپولېئوننى بۇ جەڭنىڭ پىلانلىغۇچىسى دەپ ئاتىدى ھەمدە يوللىغان دوكلاتىدا قايىللىق ۋە ئەندىشە ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل ھېسسىياتتا: «خەلق پارلامېنتى توسقان تەقدىردىمۇ، ئۇ بەربىر باش كۆتۈرۈپ چىقىۋەرگەن بولاتتى» دېگەن كىشىنى چۆچۈتەرلىك جۈملىنىمۇ قوشۇپ قويدى. دوكلاتتا يوللانغان تارتۇقلىنىدىغانلار ئىسىملىكىدە ناپولېئون بىلەن بىر قاتاردا نام چىقارغان يەنە بەش نەپەر ياش ئوفىتسېرمۇ بار ئىدى ئەلۋەتتە. ناپولېئون ھۆكۈمەتنىڭ ئاخباراتىدا ئۆز ئىسمىنىڭ تۇنجى قېتىم بېسىلغانلىقىدىن خۇشال بولۇش تۇگۇل، ئالتەيلەننىڭ بىرى بولۇپ قالغانلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولدى. يۇقىرىغا ياماشماق نەقەدەر قىيىن ـ ھە!

بىراق، شۇ ئاخشىمى بەزى ياشلار يېڭى كۆتۈرۈلۈپ چىققان بۇ يارقىن يۇلتۇزغا مەپتۇن بولدى. نامى چىقمىغان ياش

ئوفىتسېرلاردىن مارمېنت بىلەن جونېۋ ناپولېئوننىڭ پېشىنى تۇتۇپ، ئۆلۈم ـ كۆرۈمدە بىللە بولمىسىز، دەپ قەسەم ئىچىشتى. ناپولېئون ئۇلارنى ئۆزىگە كاتىۋاي قىلىپ ئېلىپ قالدى، ئۇن ئالتە ياشلىق ئىنىسى لۇئىسمۇ كاتىپىي بولدى. شۇنداق قىلىپ ئەتراپىغا بىر بۆلەك ئادەم توپلىنىۋالدى.

خەلق پارلامېنتى ناپولېئوننى تولوندىن نايسقىچە بولغان پۇتكۈل دېڭىز قىرغىقى فرونتىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا تەيىنلىدى. كورسىكادىكى دۈشمەنلىرى بېكىنىۋالغان ژېنوۋا ئاشۇ دېڭىز قىرغىقىدىكى فرونتتا ئەمەسمۇ؟ ژېنوۋانى ئالسىلا كورسىكانىمۇ ئىگىلەيدۇ، دېگەن سۆز. ژېنوۋا دىپلوماتلار ۋە جاسۇسلار بىلەن تولۇپ كەتكەن بىر يۇرت ئىدى. بىراق، ئۇ يەردە بىتەرەپ كەيپىياتمۇ قويۇق بولۇپ، قۇلىقى ئۇزۇن، كۆزى ئۆتكۈر بولغانلىكى كىشى نۇرغۇن ئۆچىنى ئالالايتتى. ناپولېئون چېگرانى قوغداشقا ياردىمى تەگسۇن، دېگەن باھانىدە خەلق كومىتېتىنىڭ ۋەكىلى بولۇۋالدى، ئاشۇ ۋەزىپىسى بىلەن ژېنوۋانىڭ يەرلىك رەھبىرىدىنمۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىك سانىلاتتى.

نىھايەت، بۇ ناپولېئوننىڭ تۇنجى دىپلوماتىك قەدىمى ئىدى. ئۇ خىلمۇخىل جاسۇسلار بىلەن ئالاقە باغلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇ يەردىكى فرانسىيە ۋەكىللىرىنىڭ ھەقىقىي ياكى ساختا ئىنقىلابچىلاردىن ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلدى، شۇنداقلا يەر شەكلىنى كۆڭۈل قويۇپ كۆزىتىپ، نەگە زەمبىرەك قويۇش كېرەكلىكىنى بەلگىلىۋالدى. بىراق، دوكلات يېزىش ئۈچۈن نايسقا قايتىپ بارغىنىدا ئۇشتۇمتۇت قولغا ئېلىندى.

چۈنكى، شۇ ئارىدا روبېسپېر تەختتىن غۇلاپ چۈشكەن ھەمدە كالللىسى ئېلىنغانىدى، شۇنىڭ بىلەن ھەممە كىشى روبېسپېردىن چەك ـ چېگرا ئايرىشنىڭ كويىغا چۈشۈپ، ھەركىم ئۆزىنىڭ بۇ

«زالىم» بىلەن ئارىلىششقا مەجبۇر بولغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇپ، ئۆزلىرىنى ئاقلاش ئۈچۈن ئالدىراپ ـ تېنەپ قۇربانلىق ئىزدەشكە تۇتۇش قىلغانىدى. ئۆزى پارىژدا بولمىغان، باشقىلارنى تۇتۇپ بېرىپ ئۆزىگە قۇربانلىق قىلىشنىڭ ئامالىنى قىلالمىغانلار بولسا، خەقنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك قۇربانلىقىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ھالبۇكى، دۈشمەنلىك نىيىتىدە يۇرگەن ژېنوۋاغا مەخپىي تاپشۇرۇق بىلەن ئەمدىلا بارغان گېنېرال بوناپارتمۇ شۇ قاتاردا باشقىلارنىڭ قۇربانى بولۇپ قالغانىدى.

— بۇ ۋەتەن ساتقۇچنى تۇتۇپ قامىۋېتىڭلار! — سۇرەن سېلىشتى ئۇلار، — ئىلگىرى روبېسپېر بىلەن بىرلىشىپ جەنۇبىي يول قوشۇنىمىزنى يوقىتىش سۇيىقەستىدە بولغان، پارىژغا ئاپىرىپ سوتقا تارتايلى!

شۇنداق قىلىپ ناپولېئون نايس ئەتراپىدىكى كاررې قەلئەسىگە نەزەربەند قىلىندى، جىمى ھۆججەت ـ ئالاقە ئارگىناللىرى، كىنىشكىلىرى مۇسادىرە قىلىندى. «بۈگۈن ساق يىگىرمە بەش ياشقا كىرىپتىمەن!» دەپ ئويلىدى ئۇ بۈگۈن ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ. ناپولېئون تۆمۈر دېرىزىدىن دېڭىزغا نەزەر تاشلىدى، ئەگەر گەۋدىسىنى دېرىزىدىن چىقىرىپ قاراشقا مۆۋەپپەق بولالىغىنىدا كورسىكا ئارىلىنىڭ قىرغاقلىرى كۆرۈنگەن بولار ئىدى، ئاشۇ ئارالدا كۆپ قېتىم كۈرەش قىلىپ ھەممىسىدە مەغلۇپ بولغانىدى. ئەجەبا، ھەربىر ئالغا ئىنتىلگۈچىنىڭ ياشلىقى ئەنە شۇنداق مەغلۇبىيەتلەر بىلەن ئۆتەمدىغاندۇ؟ ئىلگىرى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان، سۇرگۈن قىلىنغان، ئۆز يۇرتىدا قانۇنسىز مۇساپىر بولغانىدى، ئەمدى بولسا نۇرغۇن ئۇلۇغۋار پىلانلىرىنى، دانا تەدبىرلىرىنى كۆڭلىگە پۈككىنىچە فىرانسۇزلارغا مەھبۇس بولدى، بىر ھەپتىدىن كېيىن گازارما مەيدانىدا ئېتىپ

تاشلىنىشى مۇمكىن. قانداق قىلغۇلۇق؟
قول ئاستىدىكى ساداقەتمەنلىرى قېچىپ كېتىشكە دەۋەت قىلدى، ناپولېئون بولسا قاتتىق تەسىرلىنىپ مۇنداق جاۋاب خەت يازدى:

چوڭقۇر دوستلۇقۇڭلارغا رەھمەت. كىشىلەر ماڭا ئادالەتسىزلىك قىلسا قىلىۋەرسۇن، بەربىر گۇناھسىزمەن، شۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. ۋەتەن ئۈچۈن ۋىجدانىمنىڭ ئۆزى سوت، قىلغان ـ ئەتكەنلىرىمنىڭ ھەممىسى شۇ سوتنىڭ ئالدىدىن ئۆتىدۇ، كۆڭلۈم توق تۇرۇۋېتىۇ. مېنى دەپ بىرەر ئىش قىلىپ سالماڭلار، بولمىسا ئوبرازىمغا نۇقسان يېتىدۇ.

بۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىمىزنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسى كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ ئەگەشكۈچىسى جۇنېۋغا يازغان بۇ جاۋابنامىسىنىڭ ئاخىرقى بىر جۈملىسىدىلا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. چۈنكى، ناپولېئون ئۆزىنىڭ روبېسپېر بىلەن ئالاقىسى يوقلۇقىنى ئىسپاتلاپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلاتتى. ۋاھالەنكى، ئەگەر قاچىدىغان بولسا، ئۆزىنىڭ روبېسپېر بىلەن ئالاقىسى بارلىقىنى ئىسپاتلاپ قوياتتى.
ناپولېئون قاماقتا مەرتىۋىلىك بىر دىپلوماتقا مۇنداق خەت يازدى:

روبېسپېرنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىدىن قاتتىق چۆچۈدۈم. ئۇ زاتنى سۆيەتتىم، ئىنقىلابىي قىزغىنلىقىغىمۇ بەك ئىشىنەتتىم. بىراق، خەلقنىڭ شىللىسىگە مىنىپ تۇرۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان زوراۋان بولماقچى بولغان بولسا، دادام بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۆز قولۇم بىلەن شەمشىرىمنى تىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولار ئىدىم.

خەلق مەجلىسىگە يازغان بىر پارچە خېتىدە تېخىمۇ ئاقىلانىلىك بىلەن مۇنداق يازدى:

تۆھمەتكە قالغان بولسامۇ، خەلق مەجلىسىنىڭ ھەرقانداق قارارىدىن قىلچە ئاغرىنمايمەن. مېنى كىشەندىن خالاس قىلىپ، يۈزۈمنى يورۇق قىلغايسىلەر! ئەگەر جازاغا لايىق گۇناھكار سانالغان بولسام، ئۆلۈمگە ھەر ۋاقىت تەييارمەن، ھايات مەن ئۈچۈن ئۇنچە مۇھىم ئەمەس. چۈنكى، جەڭلەردە نەچچە ئۆلۈپ تىرىلگەنمەن. ھەرقانداق ئازابقا بەرداشلىق بېرەلەيمەن. چۈنكى، مەندە ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان بېرىشتىن باشقا مۇددىئا يوق.

ناپولېئون بىر ھەپتىدىن كېيىن ھۆرلۈككە چىقتى. سالىلىساتىس ـــ ناپولېئونغا باش بولۇپ تۆھمەت بىلەن ھۇجۇم قىلغان خەلق مەجلىسىدىكى رەزىل كورسىكالىق ۋەھىمىلىك كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىپ، ئۆز بېشىنىڭ ئامان قالىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىنلا، ناپولېئوننىڭ گۇناھسىزلىقىغا كېپىل بولدى ۋە كېپىلنامىسىنىڭ ئاخىرىغا: «بۇنىڭدىن باشقا، ئارمىيەمىز مۇشۇنداق كىشىگە موھتاج» دەپ قوشۇپ قويدى.

## ئون ئىككىنچى، مۇرادىغا يېتەلمىگەن گېنېرال

كورسىكادىن پاۋل بوۋاينىڭ ئىنگلىزلارنى ياردەمگە چاقىرغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. پۇرسەت غەنىيمەت، فىرانسىيە كورسىكا ئارىلىنى قۇتقۇزۇۋېلىشى كېرەك! تېزدىن پارىژغا بېرىپ ئوت تۇتاشتۇرماي بولمايدۇ.

بىراق، بوناپارت كاساپەت گېنېراللىنىڭ دىتسىزلىقىدىن ئاچچىقىدا غالىلداپ تىترەپ كەتتى. دەرۋەقە، فىرانسىيە فىلوتى ئىككى ھەپتىدىن كېيىن قاتتىق مات بولۇپ، تولۇنغا قېچىپ

بىرسۇالدى. «نېمە ئۈچۈن جەڭگە قوماندانلىق قىلىشقا مېنى قويۇشمايدۇ دەيمەن؟ — دەپ ئويلايتتى بەكمۇ نائۈمىدتە قالغان ناپولېئون، — تولۇنى قايتۇرۇۋالغان، دېڭىز مۇداپىئەسىنى كۈچەيتكەن، كورسىكاغا جازا ئۇرۇشى قىلىشنى پىلانلىغان ئادەم مەن ئەمەسمۇ؟»

بىراق، ئەكسىيەتچىل كۈچلەر دەۋر سۈرۈۋاتقان هازىرقى ۋەزىيەتتە هۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلالماي، گۇللىنىش دەۋرىدە بىرنگادا گېنېرالى بولغان بۇ گوماندارنى قول ئاستىدىكى ھەقەمسايىلىرىدىن ئايرىۋېتىشكە ئۇرۇناتتى. شۇڭا، زەمبىرەكچىلەر ئىچىدىكى ئارتۇقچە خادىم سانىلىپ، پىيادىلەر قوشۇنىغا يۆتكىۋېتىلدى. بۇنداق قىلىش پىشقان بىر زەمبىرەكچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، دەرىجىسىنى چۈشۈرگەنلىك بىلەن باراۋەر ئىدى.

بۇ تاتىراڭغۇ يىگىتنىڭ چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ كەتتى. بۇنى رەت قىلماقچى بولۇپ، دەرھال ھەربىي كومىتېتقا ئۆز ئاساسىنى بايان قىلماقچى بولۇۋىدى، غەرەز ئۇقمايدىغان بالا دەپ ئاھانەت ئىشىتتى. ناپولېئون جەڭگاھ كۆرمىگەن دېيەرلىك بۇ ھەربىي كومىتېت مۇدىرىنىڭ كۆزىگە قادىلىپ تۇرۇپ: «ئادەم جەڭگاھتا تېزلا پىشىپ يېتىلىدۇ! مەن دەل جەڭگاھتىن كەلگەنمەن!» دېدى.

ناپولېئون ئارتۇقچە ئاغزىنى ئۇپرىتىپمۇ ئولتۇرمىدى، ئەمما بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىپمۇ كەتمىدى، ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىكىدەكلا ھۆكۈمەتنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى.

«ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئاغرىقمەن دېسۇنمۇ؟ ئىشىم بار دەپ رۇخسەت سورىسۇنمۇ؟» ئىشسىز قالغان بۇ گېنېرال ئويلانماقتا ئىدى. جايىدا قالغىنى تۈزۈك. چۈنكى، پارىژ جىمى ئىنقىلابىنىڭ بۆشۈكى. گەرچە گېنېرال مارمېنت بىلەن جۇنېۋلار بىر تىيىنگە ئەرزىمەس بولغىنى بىلەن ناپولېئوننى چۆرگۈلەپ، ھەر ۋاقىت خىزمىتىگە تەييار.

ئۆز ۋاقتىدا ناپولېئوننى تۆھمەت بىلەن قامىتىۋەتكەن يۇرتدىشى ساللىيساتىسمۇ ئەمدىلىكتە ئېغىر جىنايەت بىلەن ئەيىبلەنگەنلىكتىن كورسىكالىق بىر ئاشنىسىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنۇۋالغانىدى. «قارىغىنا، سەندىن ئەنتىمىنى ئالسام ئېلىۋېرەتتىم، ئۇنداق قىلمىدىم، — دېدى ناپولېئون يازغان خېتىدە، — خاتىرجەم كېتىۋەر، ئۆزۈڭگە ئوبدانراق پاناھگاھ تاپ، ۋەتىنىڭگە قانداق قىلىپ تېخىمۇ ئوبدان مەنپەئەت يەتكۈزۈشۈڭ كېرەكلىكىنى شۇ يەردە ئوبدانراق ئۆگىنىۋالارسەن. سېنى پاش قىلىپ قويمايمەن، قىلغانلىرىڭ ئۈستىدە ئوبدانىرق ئويلىنىپ كۆر. ئالىيجانابلىقىمنى، مەردانە، كەڭ قورساق ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىپ يېتىسەن.»

ناپولېئون قەلبىنى غېرىبلىك تۇمانلىرى قاپلىغان ئاشۇ كۈنلەردە ئىنىلىرىغا خەت يېزىش ئارقىلىقلا ئىچىنى بوشىتىۋالاتتى. ئىزچىل تۇردە ئىنىسى لۇئىسنى تەربىيەلەشكە مەسئۇل بولۇپ كەلگەنىدى، ھازىر تۆتىنچى ئىنىسى ژېرومېنىمۇ پارىژغا ئەكېلىۋېلىش توغرىسىدا ئويلىنىۋاتاتتى. يەنە بىر ئىنىسى لۇسىئان بىلەن بولسا يىرىكلىشىپ قالدى. بۇ تالانتلىق ئىنىسى ناپولېئونغا ھەۋەس قىلاتتى ھەمدە ئاكىسىدىن ئېشىپ كېتىش كويىدا ئىدى. شۇڭا، چوڭ ئاكىسى يوسېفقا يازغان خېتىدە: «مەن ناپولېئوننىڭ ۋۇجۇدىدىن شۇنداق بىر خىل نەپسانىيەتنى بايقىدىمكى، بۇ نەپسانىيەت تامامەن خۇسۇسىي غەرەزلىك بولمىسىمۇ، ئىجتىمائىي پاراۋانلىققا بولغان ئىشتىياقىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ناپولېئون ئەركىن بىر مەملىكەتتە خەتەرلىك شەخس ھېسابلىنىشى مۇمكىن، ماڭا زوراۋانغا مايىلدەك تۇيۇلىدۇ. ئەگەر پادىشاھ بولغىنىدا، جەزمەن زوراۋان پادىشاھ بولغان، ھېچبولمىسا كېيىنكى ئەۋلادلار ۋەتەنپەرۋەرلەرنى ناپولېئون دېگەن ئىسىمدىن ۋەھىمىگە

سالغۇدەك بىر زوراۋان بولغان بولار ئىدى» دېگەنىدى.
هازىر ناپولېئوننىڭ كوڭلى پەرىشان ئىدى. شۇ كەملەردە پۇلدار، خۇشخۇي، غەمدىن خالىي ياشاۋاتقان ئاكىسى يوسېفقا هەۋىسى كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ ئاكىسى يوسېفتەك ئىسسىق بىر ئۆيلۈك بولۇپ قېلىشنى ئىستەيدىغان بولۇپ قالدى. يوسېفقا يازغان هەربىر پارچە خېتىدە گۈزەل هەم باي قېيىنسىڭلىسىنى ئۇندەككە كەلتۈرۈشۈپ بېرىش ئۈچۈن هەرىكەت قىلىشقا ئالدىرىتاتتى. ئىلگىرى ناپولېئون ئۇ قىزدىنمۇ نۇرغۇن مۇهەببەت خېتى تاپشۇرۇۋالغان، تەنتەك ناپولېئون قىز ئۇبدانىراق ئويلىنىپ ئاخىرقى قاراغا كەلگۈچە تاقەت قىلالماي، ئېنىق جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. تەبىئىيكى، ناپولېئون چۆچۈرىسىنى خام سانىغانىدى. مانا ئەمدى، ئۇ ئۆي - ئوچاقلىق بولغان ئاكىسى ۋە بەزى دوستلىرىنىڭ هەممىسىنىڭ خوتۇندىن بەختى چىقتى. بۇلاردىن باشقا، قۇرداش دوست - يارانلىرىمۇ ئىلگىرىكىدەكلا يۇقىرى مەرتىۋىدە ئولتۇرىۋەردى، پەقەت ناپولېئونلا شۇنچە ئوي - پىكىرلىك، چارە - تەدبىرلىك تۇرۇقلۇقمۇ، هېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي تەنها قالدى.

## ئون ئۈچىنچى، تۇنجى نۇسرەت خەۋىرى

ناپولېئوننىڭ ئۇشتۇمتۇتلا ئامىتى كېلىپ ئىشى ئوڭغا تارتتى. قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىشتابىنىڭ يېڭى مىنىستىرى پەرمان بويىچە ئىشقا كىرىشتى، ئۇ ئىتالىيە ئالدىنقى سېپىنىڭ ئەهۋالىنى ياخشىلاشقا ئالدىرايتتى. بىراق، ئۇ يەردە كىممۇ ئارمىيەگە قوماندانلىق قىلالىغۇدەك بىرەر كىشىنى كۆرسىتەلەر؟ بۇ خەۋەر قۇلاقتىن - قۇلاققا يېتىپ، ئاخىر

بىرەيلەن ناپولېئوننى كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن ناپولېئون قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىشتابىغا چاقىرتىلدى. ئۇ شۇنچە يىلدىن بۇيان مۇشۇ سەپنىڭلا كويىدا بولۇپ، نەزىرىنى مۇشۇ سەپكىلا تىكىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن بۇ رايوننىڭ جۇغراپىيەسى بىلەن پىششىق تونۇش بولۇپ كەتكەنىدى. ئىتالىيەدە ساردىنىيە پادىشاھلىقى ۋە ئاۋستىرىيە بىلەن جەڭ قىلىش توغرىسىدا دەرھاللا تەپسىلىي بىر پىلان تۈزۈپ چىقتى. بۇ پىلان ناپولېئوننىڭ ئالىي تاغ تىزمىسى بىلەن بەش قولدەك پىششىق ئىكەنلىكى — ئۇ يەرلەرنىڭ كىلىماتى، قار - يامغۇرى، تېرىم - يىغىم ۋاقتى، مەمۇرىيىتى، ئىچكى ئىجتىمائىي شارائىتى، شۇنداقلا مەملىكەت ۋە مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن بىلمەيدىغىنى يوق ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ بېرەتتى.

— لومباردىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن بىرىنچى ئاي بىلەن يەتتىنچى ئاي ئارىلىقىدا ئاۋستىرىيەلىكلەرنىڭ قولىدىن مۇھىم ئۆتكەل مانتۇئانى ئالىمىز، — دېدى ناپولېئون پىلانىنى بايان قىلىپ، — ئاندىن شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، تىرولدا رېيىن تەرەپ قوشۇنلىرىمىز بىلەن ئۇچرىشىمىز. ئەڭ ئاخىرىدا بىرلەشمە ئارمىيەمىز ئۇدۇللا ۋېيىنناغا قىستاپ بارىدۇ - دە، ئاۋستىرىيە پادىشاھىنى سۈلھى تەلەپ قىلىپ، فىرانسىيەنىڭ شۇنچە يىلدىن بېرى ئويلاشقىنى جۇرئەت قىلالمىغان تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشقا مەجبۇر قىلىمىز.

— كارامەت كاتتا پىلان بوپتۇ، گېنېرال! — دېدى ناپولېئوننىڭ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قالغان قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىشتابىنىڭ مىنىستىرى، — بىز چوقۇم ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىمىز، كومىتېتقا دوكلات يېزىڭ، ئالدىرىماي يېزىڭ.

— كۆڭلۈمگە پۈكۈكلۈك، يېرىم سائەتنىڭ ئىچىدىلا

پۈتكۈزىمەن.

— كارامەت پىلان بوپتۇ، — دېيىشتى جامائەت خەپسىزلىكى كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى بۇ پىلان كومىتېتتا ئوقۇپ ئۆتۈلگەندە، — ئىجرا قىلغىلى بولمايدۇ، دېگەن تەقدىردىمۇ قالتىس پىلان بوپتۇ. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇنداق پاراسەتلىك كىشىنى ئۇرۇش قوماندانلىق ئىشتابىغا يۆتكەپ كېلىشىمىز كېرەك.

ناپولېئون بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئۇرۇش قوماندانلىق ئىشتابىدا خىزمەتكە چۈشتى.

ياش ناپولېئون ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ھەل قىلغۇچ بىر كۈن، شۇنداقلا ئۆمۈرلۈك بۇرىلىش نۇقتىسى ئىدى. مانا، ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت بوسۇغىسىغا قەدەم قويدى. يىگىرمە ئالتە ياشقا كىرىش ئالدىدا تۇرغان ناپولېئون بوگۈندىن ئېتىبارەن ئۆزۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، كۆزلىگەن نىشانىغا قاراپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدۇ، ئۇ شۇ ھالەتتە توپتوغرا يىگىرمە يىل كۈرەش قىلدى.

ناپولېئوننىڭ ئەڭ ئاۋۋال ئېرىشمەكچى بولغىنى نېمە؟ قولىنى سوزسىلا ئالالايدىغان گۈللىنىش دەۋرىگە خاس باش گېنېراللىق ھوقۇقى ئەمەس، شۇنداقلا رېيىن ئارمىيەسىنىڭ باش گېنېراللىقىمۇ ئەمەس ئىدى. بۇ يەردە — ئالدىنقى سەپ مەركىزىدە ئەڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى ھېچقانداق پۈتلىكاشاڭغا ئۇچرىماي، تامامەن ئۆزىنىڭ تالانت ئىگىسىگە خاس تەسەۋۋۇرى بويىچە قوشۇن باشلاپ كۆڭلىدىكىدەك بىر جەڭگاھتا ئۇرۇش قىلىشتىن ئىبارەت. گەرچە ھازىر ئۇنداق جەڭگاھ مەۋجۇت بولمىسىمۇ، شۇنداق بىر جەڭگاھنى ئاچماقچى. بۇ جەڭگاھ ئاسىيادا ئىدى. ناپولېئون ئۇرۇش قوماندانلىق ئىشتابىغا كېلىپلا تۈركىيەنى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى

قەتئىي تەكىتلەپ، زەمبىرەكچىلەر قوشۇنى ۋە زامانىۋى ئۇرۇش تاكتىكىسىنى بوسفور بوغۇزىغىچە يەتكۈزۈش، كېيىنكى كۈنلەردە شۇ يەرنى بازا قىلىپ، رۇسىيە ۋە ئاۋستىرىيەلەرگە ھۇجۇم قىلىش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. تۈركىيە ھېلىمۇ قاراڭغۇ، قالاق، ھېچقانداق ئەركىنلىك ئىدىيەسىدىن مۇستەسنا ھالەتتە تۇرۇۋاتقان بىر دۆلەت بولۇپ، ئۇ يەردە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ، خالىغىنىنى قىلالايتتى. ناپولېئون ئۆز تەسەۋۋۇرىدا ئۆزىنىڭ سۇلتان بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى، بۇ ئىدىيەسى قاتماللىشىپ كەتكەن جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىگەن دادىل بىر تەسەۋۋۇر ئىدى. ناپولېئون قۇرۇقلۇق ئارمىيە قوماندانلىق ئىشتابىغا كىرىپ ئون ئۇچىنچى كۈنىلا تۈركىيەگە يۆتكىلىشىنى ئىلتىماس قىلدى. بىراق، ئىلتىماسى رەت قىلىندى. شۇنداق، كۈچى بار رەقىبلىرى ئۇنىڭدىن قورققانىدى، شۇڭا قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىشتابىدىن قىستاپ چىقىرىۋېتىلمەكچى ھەمدە ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىۋەتمەكچى بولدى. ناپولېئون بۇ چاغدا باشقىچە بىر خىل تەلەپپۇزدا نارازىلىق بىلدۈردى:

گېنېرال بوناپارت ئەڭ خەۋپلىك ئەھۋالدا زەمبىرەكچىلەرگە قوماندانلىق قىلىپمۇ ئەڭ زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. كومىتېت ئەزالىرى ئادالەتنى ياقلاپ، مەرتىۋىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسا ئىكەن. بولمىسا، ئۇنىڭ ئورنىنى پەردە ئارقىسىغا ئۆتۈۋالغان كىشىلەر ئىگىلەپ كېتىدۇ. ھالقىلىق پەيتتە ئۇرۇشنىڭ ئۆزلىرىگە كەلتۈرىدىغان خېيىم ـ خەتىرىدىن ئۆزلىرىنى قاچۇرغان بۇ كىشىلەر بۈگۈنكى كۈندە بىردىنلا ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى جىنسىنىڭ بارچە تارتىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر بوناپارت ئاشۇنداق ئاقىۋەتنى كۆرىدىغان بولسا، قاتتىق ئازابتا قالىدۇ.

بوناپارتنىڭ رىم تارىخنامىلىرىگە خاس قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن رىم ئۇسلۇبىدا يېزىلغان بۇ ئەرزنامىسىنىڭمۇ قىلچە پايدىسى بولمىدى، ئۇلار ناپولېئوننىڭ ئىسمىنى گېنېرال ـ ئوفىتسېرلار رويخېتىدىن يەنە بىر قېتىم ئۆچۈرۈۋەتتى، شۇنداق قىلىپ يەنە بىر قېتىم بويسۇنماي بولمىدى. بىراق، ناپولېئون ئۆزىگە مەنسۇپ دەۋرنىڭ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەندى، ئەمدى ھېچقانداق نەرسە جەڭگىۋار ئىرادىسىنى تەۋرىتىپ چۈشكۈنلەشتۈرۈۋېتەلمەيتتى. ھۆكۈمەت يەنە يەڭگۈشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى، ناپولېئون ئاكىسىغا خەت يېزىپ بۇ خەۋەردىن ۋاقىپلاندۇردى ھەمدە ئۆزىنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە ھەربىي ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىنى قولىغا ئالىدىغان كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. دېمەك، كېلەچىكى پارلاق ئىدى.

ناپولېئون كەلگۈسىنى مەنسىتمىگەنلىكى ئۈچۈن كەلگۈسىدىن پايدىلاندى. شۇنداقلا دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، ئەل ـ جامائەت ئۇنىڭ كەتمىنىنى چاپتى.

ئىشلار ناپولېئوننىڭ ئويلىغىنىدەك بولۇپ چىقىپ، خانىپەرەسلەرنىڭ ھامىيلىقىدىكى مۆتىدىللەر بىلەن ھۆكۈمەت تەرەپ ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىپ، ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىكى توقۇنۇش يەنە تەكرارلاندى. قوغدىنىش قوشۇنى ھۆكۈمەت ئارمىيەسىدىن تۆت ھەسسە كۆپلۈك ئىدى. ئېھتىيات يۈزىسىدىن ياكى قورقۇنچاقلىقى تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك، خەلق پارلامېنتىنىڭ گېنېرالى قوغدىنىش قوشۇنىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان سۆھبەتكە كەلگەنىدى، ۋەتەن ساتقۇچ دەپ قارىلىنىپ قولغا ئېلىنىدى. ھىمايىسىز قالغان خەلق پارلامېنتى

راسا قالايمىقانلاشتى، سولچىللار بىلەن ئوڭچىل ئىنقىلابچىلار بولسا تۆرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قول تۇتۇشتى، جامائەتچىلىك بۇ ھالدىن قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى.

بوناپارت شۇ ئاخشىمى دەرھال خەلق پارلامېنتىغا باردى، قولغا ئېلىنغان گېنېرالنىڭ ئورنىغا بىرەرسى چىقمىسا بولمايدۇ ـ دە. كىمنىڭ كۆرسىتىلىدىغانلىقىغا قۇلاق سېلىپ تۇردى، كىملەردۇر ئۇنىڭ رەقىبىنى كۆرسەتكەنىدى، رەت قىلىندى. ناپولېئون سۈكۈت قىلىپ جىممىدە ئولتۇرغىنى بىلەن يۈرىكى قاتتىق سېلىپ كېتىۋاتاتتى. بىرەرسى ئۆزىنى كۆرسىتىپ قالارمۇ ـ ھە؟ ئەگەر كۆرسەتسە روبېسپېرنىڭ دەۋرىدە رەت قىلغان بۇ ئورۇننى قوبۇل قىلارمۇ ـ قىلماسمۇ؟ رەھبەرلەرنىڭ ھەرقاندىقى ئۆز غەلبىسى ئۈچۈن ئەل ـ جامائەتنىڭ نەپرىتىگە قالارمۇ؟

ـــ بوناپارت تەيىنلەنسۇن ! ـــ دەپ كۆرسەتتى بىرەيلەن ئاخىر. ناپولېئون بىر قارارغا كېلەلمەي يېرىم سائەتچە ئارىسال بولۇپ تۇرۇپ قالدى. چۈنكى، بۇ ۋەزىپە ئۆزىنى ئاھانەتلىك نامغا قالدۇراتتى. بىراق، ئاخىرقى ھېسابتا بۇ خىزمەتنى قوبۇل قىلدى. چۈنكى، بۇ ۋەزىپە ئۆز نۆۋىتىدە ھوقۇققىمۇ ئىگە قىلاتتى. تۈن نىسپىدىن ئاشقانىدى. مۆلچەرلىنىشىچە، سەھەردە خەلق قوزغىلىڭى بولماقچى. شۇڭا، بىرنەچچە سائەت ئىچىدە جىمى تەييارلىقنى پۈتكۈزۈپ تەق بولۇپ تۇرماي بولمايتتى.

بوناپارت بۇنداق ئەھۋالدا ھەرقانداق مۇلكىي ئەمەلدارنىڭ نازارىتىدىن خالىي ئەركىنلىكنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپ ئىنقىلاب ئىدىيەسىگە زىت ئىدى. چۈنكى، يېڭى ئىنقىلابىي ئىدىيەدە مۇلكىي ئەمەلدارلارنىڭ خەتەرلىك ھەربىي ئەمەلدارلار ئۈستىدىن قاتتىق نازارەت قىلىشى تەلەپ قىلىناتتى. «مېنى تەيىنلىگەنىكەنسىلەر، مەسئۇل بولۇشۇم ھەمدە ئۆز ھوقۇقۇمنى

ئەركىن يۈرگۈزۈشۈم كېرەك. ئارمىيەمىز گېنېرالىنىڭ خەتەرلىك ئەھۋالدا قېلىشىغا پۈتۈنلەي خەلق پارلامېنتى ئەزالىرى سەۋەبكار، سىلەر خەلقتىن ئۆزلىرىنى ئېتىشىمىزغا رۇخسەت قىلىشنى تەمە قىلامتىڭلار؟» ناپولېئون قوماندانلىق ھوقۇقىدىن بارراس بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى ئويلايتتى. چۈنكى، بارراس داھىيلارنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىكى بولسىمۇ، ھازىر ناپولېئوننىڭ قولىدا ئىدى.

ۋەزىيەت قىستاپ، ۋاقىت مىنۇت ـ سېكۇنتلاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ھۆكۈمەتنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ناپولېئونغا تاپشۇرماقتىن باشقا يول يوق ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ناپولېئون ئوفىتسېرلار تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈلۈپ ئىككى ھەپتە ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا بۇ مۇھىم ۋەزىپىگە قويۇلدى.

پارىژ خەلقى يەتتە يىلدىن بۇيان ھەر قېتىم ئىنقىلابىي ھەرىكەت قوللانغاندا ھەمىشە قىلچە تەييارلىقسىز تۇرغان رەقىبلىرىگە دۇچ كېلەتتى، شۇ سەۋەبتىنمۇ ئىنقىلابىي قوشۇن ئۆزۈكسىز زورايغانىدى. تۇنجى قېتىم ئوبدان تەييارلىق بىلەن تۇتۇشماقچى بولغان ناپولېئون پارلامېنتنى بىر كېچىدىلا قورغانغا ئايلاندۇرۇۋەتتى، ھەتتا ئالاقىزەدە بولۇپ كەتكەن پارلامېنت ئەزالىرىنىمۇ قوراللاندۇردى. ئۇرۇشنىڭ كېيى چىقىسىلا، چىرايىدىن قېنى قاچىدىغان بۇ پارلامېنت ئەزالىرى زەمبىرەك يۆتكەپ كېلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، قورققىنىدىن چىرايى ساماندەك تاتىرىپ كەتتى.

بوناپارتقا ئوخشاشلا شۇ ئاخشامدىن ئېتىبارەن ئۇلۇغۋار ئىشقا ئاتلىنىپ پارلاق ئىستىقبال تاپقان مۇرات ئىسىملىك ياش بىر ئاتلىق قوشۇن ئوفىتسېرىغا شەھەر ئەتراپى رايونىدىن قىرىق زەمبىرەك يۆتكەپ كېلىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغانىدى، مۇرات ئارا يولدا ئۆزلىرىگە ئوخشاشلا زەمبىرەك ئىزدەپ كەلگەن خەلق

بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

پارلامېنتنى زەمبىرەكسىز قوغداپ قالغىلى بولمايتتى. ناپولېئون تەقەززالىق بىلەن ئۆتكەن بىرقانچە سائەت ئىچىدە ئاشۇ ئازغىنا ئادىمىنى تەمكىنلىك بىلەن رەتكە سېلىۋالدى. سائەت بەش بولغاندا قەدىناس دوستى ئاخىر زەمبىرەكلەرنى تاراقلىتىپ سۆرەپ كەلدى. مۇرات ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئاتلىق بولغاچقا، ئادەمدىن چاققان چىقىپ زەمبىرەكلەرنى ئېلىۋالغانىدى. ۋاقىت غەنىيمەت، ئىككى سائەت ئىچىدە جىمى تەييارلىقلارنى پۈتكۈزۈپ بولۇش شەرت.

سەرخىل قوراللانغان خەلق قوشۇنى سۈر - ھەيۋە بىلەن قىستاپ كەلمەكتە، پارلامېنت ئىچىدىكى ئادۋوكاتلار، پارلامېنت ئەزالىرى غال - غال تىترەشمەكتە ئىدى. ئۇلار: «سۆھبەتكە ئادەم ئەۋەتىپ باقايلى، قوشۇنلىرىمىزنى چېكىندۇرەيلى» دەپ بەس - بەستە تەلەپ قويۇشاتتى. بۇ مۇلكىي ئەمەلدارلار تاڭ سۈزۈلگەندە ئىشەنچىنى تامامەن يوقىتىپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. ئەھۋال ئىنتايىن خەۋپلىك ئىدى. چۈش قايرىلغاندا بىر بۆلەك قوشۇن تەسلىم بولدى ۋە قالغان قىسىملارنىمۇ خەلق بىلەن يارىشىپ قېلىشقا دەۋەت قىلدى. كېچە كىردى، ئۇرۇش قىلىش پەيتىمۇ يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا تېگىش قىلماي قاچان تېگىش قىلغۇلۇق! بۇلاڭچىلارنىڭ غەلىبە قازىنىشىغا يول قويغۇلۇقمىدى؟ ناپولېئون كۆپ يىل ئىلگىرى خۇددى مۇشۇنداق ئەھۋالدا پادىشاھ لۇئىسنى قابىلىيەتسىزلىكى ئۈچۈن مەسخىرە قىلغانىدى. ھازىر بولسا زەمبىرەكچىلەرگە ئۆزى قوماندانلىق قىلىۋاتىدۇ، پادىشاھ لۇئىستەك كۆلكىگە قالسۇنمۇ؟

جەڭ باشلىنىپ كەتتى. گەرچە ناپولېئون بۇ جەڭ توغرىسىدىكى دوكلاتىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى قەسىمىدە بۇ قېتىم فىرانسىيە خەلقى ئالدىدا ئۆتكۈزگەن جىنايىتىگە

دۈشمەنلىرىنى سەۋەبكار بولدى، دەپ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىرىنچى پاي ئوقنى ئۆزى بۇيرۇق بېرىپ ئاتقۇزغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. ئېھتىمال، بارراسىنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن بۇيرۇق چۈشۈرگەندۇ. بىراق، قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىككى تەرەپ تۇتۇشقاندىن كېيىن ناپولېئون زەمبىرەكلەرنىڭ ياردىمىدە غەلىبە قازاندى. كوچا قان بىلەن بويالدى، خەلق قاچتى، ئىككى سائەتتىن كېيىن پارىژ كوچىلىرىدا ئادەم قالمىدى. ناپولېئون شۇ كۈنى ئاخشىمى ئاكىسىغا يازغان خېتىدە: «قوشۇنلىرىمىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپ كۈتۈپ تۇردۇق، دۈشمەن ئوردا كوچىسىدىن بىزگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندى، نۇرغۇن ئادىمىنى يوقاتتۇق، بىزدىنمۇ ئوتتۇز نەچچە ئادەم قازا قىلدى، ئاتمىش نەچچە ئادەم يارىدار بولدى. قوغدىنىش قوشۇنىنى قورالسىزلاندۇردۇق، شۇنىڭ بىلەن تىنچ تەرتىپ ئەسلىگە كەلدى» دەپ يازدى.

بۇ ناپولېئوننىڭ تۇنجى غەلىبىسى ئىدى. دۈشمەن فىرانسۇزلار، جەڭگاھ پارىژ، ئۇرۇش جىنايەتچىسى ئىنقىلابچىلار، قۇربان بولغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى دۈشمەن تەرەپتىكىلەر ئىدى.

## ئون تۆتىنچى، ئوتلۇق مۇھەببەت

بوناپارت ۋە قول ئاستىدىكى ئوفىتسېرلىرى پارلامېنت مۇنبىرىدىن ئورۇن ئالغانىدى، پارلامېنت ئەزالىرى بۇ ياش نىجاتكارىغا تەنتەنە قىلىشماقتا ئىدى، ئەمما ناپولېئون بۇ چاۋاكلار ۋە تەنتەنە سادالىرىغا ئانچە پەرۋا قىلماي كەتمەيدى. چۈنكى، بۇنداق ۋاقىتلىق غەلىبە شادلىقىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى. زالغا سوغۇق نەزەر تاشلىغىنىچە: «مۇشۇلارنىڭمۇ دۆلەت رەھبىرى بولۇپ قالغىنىدىن ئۆرگۈلەي!

بولار زەمبىرەك چاقىنىڭ گۈلدۈر - قاراسلىرىنى ئاڭلىغىنىدا ئۆزىنى يوقىتىپ تىترىشىپ كەتكەنىدى. سىلەرگە ئېيتىپ قوياي، تىترەپ كەتكەن چېغىڭلاردىكى ئېچىنىشلىق ھالىتىڭلارنى ئۇنتۇپ قالماڭلار ! مەن ھازىر قوغدىغۇچىڭلار بولدۇم، سىلەرنى تاكى جىمى كىشى باش ئېگىپ پەرمانبەردار بولغانغا قەدەر داۋاملىق قوغدايمەن» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

ناپالېئون ھەقلىق يوسۇندا ئىچكى مۇداپىئە ئارمىيەسىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى، ئەگەشكۈچىلىرى تۈركۈملەپ كۆپەيدى، ئىلگىرى ئېتىبارسىز قالغان ئوفىتسېرلار يېقىندىلا ئىسمى ئۆچۈرۈۋېتىلگەن بۇ گېنېرالنىڭ پېشىنى تۇتۇپ ئۆرلەشنى، ئەكسىيەتچىلەردىن قورقۇپ يۈرگەن ئەمەلدارلارمۇ ھىمايىسىدە بولۇشنى ئىستەيتتى. دېمەك، ئۆزلىرىنىڭ قۇتقۇزۇپ قېلىنغانلىقىنى ھېس قىلغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ناپولېئوننىڭ ئەگەشكۈچىسى بولغانىدى. بىراق، خەلقنىڭ ئۆزىدىن نەپرەتلىنىدىغانلىقى چوقۇم. چۈنكى، شۇ ئاخشىمى قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق يۈزلەپ شەھەر پۇقرالىرى، بىر چەتتە قىزىقىپ قاراپ تۇرغانلار ۋە ئاياللارمۇ ئاشۇ بىرقانچە سائەت ئىچىدە بىئەجەل ئۆلتۈرۈلگەنىدى. ئۇنىڭ نېمە كارى، ئۇنىڭ مەقسىتى خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇشمىدى.

بوناپارت بىردىنلا پۇللۇق، مۇلازىملىق، پەيتونلۇق بولۇپ قالدى. بىراق، ئۆزىگە ھېچ نەرسە ئېلىپ قالغۇسى كەلمەي، جىمى نەرسىنى قوۋم - قېرىنداشلىرىغا بېرىۋەتتى. ئىنىلىرى بىردىنلا مۇھىم ئەمەللەرگە ئولتۇردى، ئاپىسى يەنە راھەت تۇرمۇشقا ئېرىشتى، بانكىغا پۇل ئامانەت قويۇش خۇمارىدىنمۇ چىقتى. ئاكىسى يوسېف بىر جېنىغا بىرقانچە ۋەزىپىنى تەڭ ئۆتىدى، ھەتتا تېرىقتەك تۇغقاندارچىلىقى بار كىشىلەرمۇ

يېرىم ـ يارتا ئەمەل تۇتتى. بىراق، لۇسئان كەمدىن ـ كەم سالام خەت يازىدىغان بولۇۋالدى، ئاكىسى يوسىپنىڭ پوزىتسىيەسىدە بىردىنلا بىر يۈز سەكسەن گىرادۇس بۇرۇلۇش ھاسىل بولدى. ئۇ ناپولېئونغا ئەۋەتكەن بىر پارچە خېتىدە: «ساڭا ياردىمى تېگىدىغان، بەختىڭ ئۈچۈن تۆھپە قوشقىلى بولىدىغانلىكى ئىش بولسا، ياردىمىمنى ئايىمايمەن» دەپ يازغانىدى. دېمەك، ناپولېئون ئۆيىنىڭ بېشى بولۇپ قالغانىدى. ئاز ـ تولا نەتىجە قازانغان ناپولېئوننىڭ قەلبى ئۆز بەختىدىن تىترەيتتى. مۇشۇ بىرقانچە ھەپتە ئىچىدە ئۆمرىدە بىردىنبىر ئۆتنەك قىزغىن مۇھەببەت قاينىمىغا چۆكتى.

دېسرې خانقىز بولسا پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغانىدى. بىرنەچچە ھەپتە ئىلگىرى ناپولېئون قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىشتابى ئىشخانىسىدا يوسىپتىن ئارىغا چۈشۈپ، دېسرېدىن دەرھال ئېنىق جاۋاب ئېلىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلغان ھەمدە «ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇشقا تەشنامەن» دېگەنىدى. ئەمدى بولسا يۇقىرى قاتلام تەبىقىدىكىلەر ئارىسىدىكى تەسىرىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ئايالل‌ارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىپ قېلىش ئۈمىدىمۇ كۈچەيدى. شۇ كۈنلەردە ھېلىغىچە ئىشقىي ھەۋەستىن قالمىغان يېشى چوڭ جۇۋانلار بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى. ئاشۇ خانىملاردىن ئىككىسىگە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ چاقماق تېزلىكىدە تەلەپ قويىدى، ئۇلارنىڭ بىرى كورسىكالىق ئاقسۆڭەك ئايال بولۇپ، ئاپىسىنىڭ دوستى؛ يەنە بىرى داڭدار جەزبىدار پاھىشە بولۇپ، چېنىېرنىڭ ئاشنىسى ئىدى. يېشى ناپولېئوندىن ئوبدانلا چوڭ ھەر ئىككىلا ئايال ناپولېئوننىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى.

يېڭىلا تەيىنلەنگەن ئىچكى مۇداپىئە ئارمىيەسىنىڭ بۇ يېڭى قوماندانى ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئامىمىنىڭ قورال

ساقلىشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى، ئۆزۈل - كېسىل تىنتىپ، تېپىلغان قورال لارنىڭ ھەممىسىنى مۇسادىرە قىلدى. شۇ چاغدا ئون ئىككى ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا ئىشخانىسىدا پەيدا بولدى ھەمدە ئاپىسىدىن مۇسادىرە قىلىپ ئېلىپ كېتىلگەن مەرھۇم دادىسىنىڭ شەمشىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، بۇ بالا تولىمۇ بىچارە كۆرۈنەتتى. ناپولېئون ئۇنىڭ ئىلتىماسىغا ماقۇل بولدى ھەمدە شۇنىڭدىن كېيىنلا بۇ بالىنىڭ رەھمەت ئېيتقىلى كەلگەن ئاپىسىنى قوبۇل قىلدى. ياھ، نەقەدەر كېلىشكەن، نەقەدەر جەلپكار ئايال بۇ! ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى بۇ ئايال ئۇچىسىغا ھىم كېيىلىدىغان كىيىم كىيمىگەن بولسىمۇ، زىلۋا بويى، نازاكىتى بەرىبىر نامايان بولۇپ تۇراتتى، بېغىر رەڭ ئۆڭىدىن چەت ئەللىك ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. دەرۋەقە، پارىژدا چوڭ بولغان بۇ كىرېئون جۇۋان مۇشۇ ئەنسىز زاماندا ئەر زاتىنى ئۆز گۈزەللىكى بىلەن قانداق بويسۇندۇرۇشنى ئۆگىنىۋالغانىدى.

گېنېرال بوناپارت بۇ ئايالنىڭ پارىژنىڭ خىلۋەت شەھەر ئەتراپى رايونىغا جايلاشقان ئۆيىگە يوقلاپ بارغىنىدا، ئۆتمۈشتىكى نامراتچىلىقىدا ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەن كۆزلىرى بۇ ئايالنىڭ ئۆي بېزەشلىرىدىن يوقسۇللۇقىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى. بىراق، بۇنىڭدىن ناپولېئوننىڭ پەرۋايى پەلەك ئىدى. بۇ قوماندان تاكى يىگىرمە يەتتە ياشقىچە باياشات، ئەركىن ياشاپ باقمىغان بولغاچقا، پۇلنىڭ قەدرىگە يېتەتتى، ئەمما پۇلدارلارنى چوڭ بىلىپمۇ كەتمەيتتى. خۇددى خىزمەتتە ئەرلەرنى ئىستىداتىغا، نەتىجىسىگە قاراپ ياقتۇرغىنىدەك، تۇرمۇشتا ئايال زاتىغىمۇ ئوخشاشلا ئارتۇقچىلىقىغا ـــ چىرايىغا، نازاكىتىگە، شۇنداقلا ۋۇجۇدىدا ئاشۇنداق روھنى يېتىلدۈرگەن قابىلىيىتىگە قاراپ كۆڭۈل

بېرەتتى.

بۇ يوقسۇل ئايال ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشقا خۇشتار ئىدى، شۇڭا ئەرلەرنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنمىسە بولمايتتى. ۋاھالەنكى، تۇغۇلۇشىدىن جەزبدار بولغاچقا، ئەرلەرنى ئۆزىگە ئىنتايىن مەھلىيا قىلاتتى، شۇنداقلا ئەرلەرنىڭ خۇشامەتلىرىنىمۇ قوبۇل قىلاتتى ۋە ئاشۇ ئەۋزەللىكى بىلەن ھەرقانداق پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆزىنى شاللاق سورۇنلارنىڭ گۈلىگە ئايلاندۇرالايتتى. بۇ ئايالنىڭ —— يوسىفىننىڭ ساھىبجامال دوستى تالىئېن خانىم ئۆزىنىڭ ئاشنىسى بارراسنى يوسىفىنغا تونۇشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى باي بىر بانكىر بىلەن تېپىشقۇالغانىدى. ھازىر بارراس يوسىفىننىڭ ئاشىقى بولسىمۇ، ھەر ئىككى ئايالنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى. شۇڭا، جامائەت خەۋپسىزلىكى كومىتېتى بۇ ئىككى ساھىبجامالنىڭ ھەربىرىگە بىردىن ئات ۋە پەيتون سەپلەپ بەرگەنىدى.

ناپولېئون ئەزەلدىن ئىجتىمائىي ئالاقە بىلەن خۇشى يوق بىر بەندە ئىدى، ئايال زاتىنى بولسا تېخىمۇ چۈشەنمەيتتى. بىراق، خۇددى بۇررىئاندىكى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئىمتاس قەلبىدە يانارتاغ يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى. جاھاندا مۇشۇنداق بىر ئەرنى ئايال زاتىغا ئاشىق - بىقارار قىلىۋېتىشتىنمۇ ئاسان ئىش بارمىدۇ؟ يوسىفىن ناپولېئون ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ھەقىقىي ئېرىشكەن ئايال زاتى، سېپى ئۆزىدىن مۇھەببەت سەنئەتكارى ئىدى. ناپولېئوننىڭ قەلبى بۇ كىرىئون ئايالنىڭ ئوتىدا خۇددى پارتلىغان يانارتاغدەك كۆيمەكتە ئىدى. يوسىفىن ئۇچۇن بولسا، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئېيتقۇسىز خۇشاللىق ئىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئايال ناپولېئوننىڭ ئۆزى بىلەن توي قىلىش مۇددىئاسىنى قوبۇل قىلدى، ئەمما قەلبىدە مۇھەببەت دېگەندىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

يوسىفنىڭ دوستى تالىئىننىڭ خانىمغا يازغان خېتىدە: «بۇ قوماندانىنىڭ باتۇرلۇقىغا ۋە بىلىمىگە قايىلمەن... بىراق، شۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمەنكى، ھەممىنى بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتەك قۇدرىتىدىن ۋايىم يەيمەن. كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان، گەپ توغرا كەلمەيدىغان سىرلىق ۋە ئۆتكۈر كۆزلىرى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىمۇ ئەيمەندۇرۇۋېتىدۇ. مېنى ئەڭ تەسىرلەندۇرگىنى، ماڭا بولغان ئوتتەك قىزغىن مۇھەببىتى بولدى. بىراق، دەل يەنە شۇ سەۋەب بىلەن توي قىلىشقا ئىككىلىنىپ تۇرىمەن. ياشلىقىم ئۆتۈپ كەتتى، ئەسەبىيلەرچە قىزغىن مۇھەببىتىنىڭ ئۇزاق داۋاملىشىشىدىن ئۈمىد كۈتەلەيتتىممۇ؟» دېدى.

قانداقتۇر بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيۇپ تۇرغان زېرەك، چېچەن بۇ ئايالنىڭ ۋۇجۇدىنى نامەلۇم بىر ۋەھىمە چىرمىۋالغان بولۇپ، بۇ ۋەھىمە كۆڭلىنى ساراسىمىگە سالاتتى، ئىككىلەندۈرەتتى. چۈنكى، ناپولېئون بىر بولسا ھېچنېمىگە كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سالمايدىغان، بىر بولسا ھېچنېمىگە كۆزى تويمايدىغان، يەنە كېلىپ مەقسىتىگە يەتمىگۈچە بولدى قىلمايدىغان ئادەم ئىدى. ھېچقاچان ھېچقانداق ئادەمگە، ھېچقانداق شەيئىگە ئۆزىنى بېغىشلىغان ئەمەس، بەلكى جىمى ئادەمنى، جىمى شەيئىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇشقا ئىنتىلەتتى. ئەمدى ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم، شۇنداقلا پەقەت ئاشۇ بىرلا قېتىم ئۆزىنى مۇھەببەتكە بېغىشلىدى، بېغىشلىغاندىمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى كۆيگەن كىشىسىگە دو تىكتى.

ناپولېئون ئۆز پىلانىنى يوسىفىنغا ئېيتىپ بەرمىدى، ئەمما كۆپ ئىشلارنى ئاشكارىلىدى: «بۇ ئەمەلدارلار مېنى ئۆزلىرىنىڭ ياردىمىسىز غەلىبە قازىنالمايدۇ، دەپ ئويلىشىدۇ. بىراق، كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئىشىنىمەنكى، ئۇلار مېنىڭ ھىممىتىمگە

ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى بەختلىك ھېس قىلىشىدىغان بولىدۇ. مەن شەمشىرىم ئارقىلىق ئۆزۈمگە يول ئاچىمەن !»
يوسىفىن بۇھەقتە مۇنداق يازىدۇ:

ئۆز مۇۋەپپەقىيىتىگە بولغان مۇنداق ئىشەنچكە قانداق قارايسىز؟ ئۆزىگە بۇنچە ئىشىنىشنىڭ ئاساسى پەرەز قىلىپ يەتكۈسىز غايىدىن باشقا نېمە بولسۇن؟ ھەيرانمەن، بىر بىرىگادا گېنېرالى مۇھىم ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى قوغدىماقچىمىش ! بىراق، ۋۇجۇدىدىكى ئەنە شۇنداق بىمەنە ئىشەنچى مېنى ھەمىشە بۇ غەلىتە ئادەمنىڭ پۈتكۈزمەكچى بولغان ھەرقانداق ئىشنى پۈتكۈزۈپ قېلىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈپ قويىدۇ.

بىز ناپولېئونغا قارىساق، ئۆزىمىزنى خۇددى قىزىق نۇر چېچىپ تۇرغان قەلب ئىشىكىدە تۇرغاندەك، ئاشۇ ئىشىكتىكى قۇلۇپنىڭ تۆشۈكىدىن شۇ يۈرەكتە كۆيۈۋاتقان ئوتنى كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىمىز.
ناپولېئون ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ بولغان بۇ خانىمنى نېمە ۋەجىدىن يەنە ئەمرىگە ئالماقچى بولىدۇ؟ ناپولېئون دەل يوسىفىنىنىڭ تېگى ئاقسۆڭەك ئىكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇرماقچى. شۇنى ئويلىماي قالمىغانكى، كونا سۇلالە بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشىپ ئۆتكەن بۇ خانىمنى ئەمرىگە ئېلىپ خوتۇن قىلسا، ئۆز ۋۇجۇدىدىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە «تايىنىلىقلا بىر كورسىكالىق» ئىكەنلىكىدەك ئەڭ ئاخىرقى بىر ئەيىبىدىن جەزمەن خالاس بولاتتى. بىراق، ناپولېئون دەل كورسىكالىق ـــ نەسەب ـ ئەۋلادقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئىتالىيانلارغا خاس ئائىلە قارىشىغا ئىگە كورسىكالىق ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تومۇرىدا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قېنى بار تويلاشقۇدەك بىرەر ئايالنى ئىزدەپ يۈرەتتى.

ئەۋلاد قالدۇرۇش ناپولېئون باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز ئۆزى يالغۇز پۈتكۈزەلمەيدىغان بىردىنبىر ئىش ئىدى، يەنە كېلىپ ئەۋلادىنىڭ تومۇرىدا ئاقىدىغىنى جەزمەن ئېسىلزادىلەر قېنى بولۇشى كېرەك ئىدى. ناپولېئوننىڭ ئۆزىمۇ ئاۋام پۇشتىدىن ئەمەس، بەلكى قوش يۇلتۇزلۇق مېدالغا ئىگە ئائىلىدە، قەدىمىي قوۋملار يېغىلىقى ئىچىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانىدى. ناپولېئون ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئاۋامغا بولغان يۇزەكى قارىشىنى تۈگىتىش يولىدا زور تۆھپە قوشتى. بىراق، ھەرگىزمۇ ئىنسانپەرۋەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇرۇشخۇمار بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلدى. ئېھتىيات بىلەن تويلاشقىنىنىڭ نېمە پايدىسى؟ ئاللىقاچان ئۆزىگە مەنسۇپ بولۇپ بولغان، سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدىغان بۇ ئايالنى ئەمرىگە ئالماقچى بولۇشىدىكى سەۋەب ئايالنىڭ ئاتا جەمەتىمۇ، ئانا جەمەتىمۇ ئەجدادىدىن ئەۋلادىغىچە ئاقسۆڭەك بولغانلىقى ئىدى. يوسېفىن ئاتىقى چىقىپ كەتكەن، يەنە كېلىپ گادايلىشىپ كەتكەن تۇرۇقلۇق، يەنە نېمە ئۈچۈن سورۇنلاردا شۇنچە قارشى ئېلىنىدۇ؟ بۇنىڭدىكى سەۋەب ئايال زاتىغا خاس جەزبدارلىققا ئىگە بولغانلىقىدىن باشقا، ئاقسۆڭەك پۇشتىدىن بولغانلىقى ئىدى. ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئىچىدە ھوقۇقى ئەڭ چوڭ بارراس ئۆتكەن قېتىمقى كوچا ئۇرۇشىدىن بۇيان دەسمايىسىنى ناپولېئونغا دو تىكىپ، ناپولېئوننى بۇ شاللاق ئايال بىلەن تېپىشتۇرۇپ قويۇش، شۇ باھانىدە ياخشىلىقى ئۆتكەن كىشى بولۇۋېلىپ، ئىچكى كابىنېتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىشى ئۈچۈن كۈچلۈك يانتاياققا ئىگە بولۇش مەقسىتىدە ناپولېئون بىلەن ئەتەي تونۇشقانىدى. ناپولېئوننىڭ كىشىلەر جىنسىي مۇھەببەت ئەركىنلىكىگە ئىگە بۇ دۆلەتتە بىردىنلا نام ـ نەسەبكە ئېسىلىۋېلىشى كۈلكىگە قالارلىق ئىش ئىدى. چۈنكى، ھازىر پادىشاھ ـ بەگ، سەركەردە ـ سەردار دېگەنلەر

مەۋجۇت ئەمەس، پەقەت ئەر پۇقرا ۋە ئايال پۇقرالا بولۇپ، ھەممىسى ئەركىن بىرىكەتتى، ئەركىن خوشلىشاتتى.

بارراس ناپولېئوننى ئىتالىيەدە تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنىڭ قوماندانلىقىغا قويۇشنى ئاللىبۇرۇن قارار قىلغان ھەمدە بۇنىڭغا بىر ئىشنى، بىر ئىشەنمەي تۇرغان يوسېفىنغا ئۆچۈق لەۋزە بەرگەنىدى. بارراس پۈتۈنلەي ناپولېئونغا خۇشامەت قىلىش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلغانمۇ؟ ياق، ئۇنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا سوققان چوتى بار ئىدى، يەنى ئەڭ خەتەرلىك بۇ شەخسنى ئەڭ خەۋپلىك ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىش ئىدى.

ناپولېئوننىڭ ئۆزىنى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىشتابىدىكى خىزمىتىگە ئېرىشتۇرگەن بۇيۇك پىلانى نايىسقا يوللانغان بولۇپ، نايىستىكى قوشۇنلارنىڭ قوماندانى تەرىپىدىن تەستىق سىلىنىپ قايتۇرۇۋېتىلدى. بۇ تەستىقتا: «بۇنى يازغان ئادەم چوقۇم بىر ساراڭ، ئۆزى كېلىپ يولغا قويسۇن» دېيىلگەن، ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئىچكى كابىنېتنىڭ كۈتكىنىمۇ دەل شۇ ئىدى. نەتىجىدە تەستىق سالغان قوماندان چېكىندۈرۈلۈپ، ئورنىغا «ساراڭ» باردى.

ناپولېئوننىڭ مەرتىۋىسى ئۆسكەنسېرى، ئېھتىياتچان يوسېفىننىڭ ئىككىلىنىپ ئولتۇرۇشىنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى. ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر دوستى يوسېفىننى تۇغۇلغان جايى يىراق غەربىي ھىندىستان تاقىم ئاراللىرىدا بولغاچقا، چوقۇندۇرۇلغان (تۇغۇلغان) كۈنى توغرىسىدىكى ئىسپاتنامىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ، دەپ گۇۋاھلىق بەرگەنلىكتىن، كىشىلەر يوسېفىننىڭ ئاغزىغا كەلگىنىچە بىلجىرلاشلىرىغا ئىشىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ئۆزىنى يىگىرمە سەككىز ياش دېدى، ئەمەلىيەتتە ئوتتۇز ئىككى ياش ئىدى. ناپولېئونمۇ كەڭ قورساقلىق قىلىپ، ئۆزىنى بىر ياش چوڭايتىپ مەلۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ نىكاھ خاتا ئۇستىگە

خاتا پېتى پۈتتى. يوسېفىنىنىڭ زىممىسىدىكى بىر تالاي قەرزىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىدى، ناپولېئون بولسا: «ئادەتتىكى كىيىم - كېچەكلىرىم ۋە ھەربىي فورمام بىلەنلا قالدىم» دېدى. ئۇلار شۇنداقتىمۇ ھەركىم ئۆز مۈلكىگە ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالاشتى. ئەھۋال شۇنداق بولغانىكەن، توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشنىڭمۇ ھاجىتى بولمايتتى. بىراق، ناپولېئون يوسېفىنىنىڭ ئۈزۈكىگە «تەقدىرىڭ تەگرىدىن» دېگەن خەتنى ئويدۇردى.

ناپولېئون ئىككى كۈندىن كېيىن پارىژ بىلەن خوشلىشىپ يېڭى سەپەرگە ئاتلاندى، يوسېفىن ناپولېئوننىڭ سەپەر ئۈستىدىكى ئون بىر چۈشكۈندىن ئەۋەتكەن ئون بىر پارچە ئوتلۇق مۇھەببەت خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. ناپولېئون نايىتتا ئۆزىنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ ۋە بۇ زەربىدار قوشۇننى ئۆتكۈزۈۋېلىپ قوماندانلىق مەرتىۋىسىگە رەسمىي ئولتۇردى.

بۇ دەل كۆز پەسلى بولۇپ، دېڭىزدا دەھشەتلىك دولقۇنلار كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ناپولېئون راۋاقتا تىككىدە تۇرۇپ، دۈشمەن جايلاشقان قىرغاققا كۆز ئۈزمەي تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. «ئۇياقتا ھۇجۇم قىلىشنى چۈشۈمدىمۇ ئارزۇلاپ كەلگەن زېمىن تۇرۇپتۇ، — دەپ ئويلايتتى ناپولېئون، — ئارقامدا پارىژ، ئۇ يەردە تامالىرى سىنئەينەك بىلەن تولغان يوسېفىنىنىڭ ھۇجرىسى — ئىلكىمگە ئۆتكەن بەختگاھىم، ئالدىمدا تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى دۈشمەن ئىلىدە مەن تەشنا بولۇپ كەلگەن شان - شۆھرەت ۋە سەلتەنەت كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.»

ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، چوققىلىرى كۆپكۆك ئاسمانغا تاقاشقان تونۇش تاغ تىزمىسى كۆزىگە تاشلاندى. بىراق، بۇ تاغ ئەمدى ناپولېئوننى ئۈنچىلىك مەھلىيا قىلالمايتتى. ئۇ تەرەپ ناپولېئوننىڭ قولىدىن كەتكەن يۇرتى كورسىكا ئارىلى ئىدى.

# ئىككىنچى باب

# ئېقىن

بۇنچە مۇقەددەس ئەقىل ـ ئىدراك جۇشقۇن ياشلىق ۋە ئىجادچان روھ بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ. ناپولېئون تارىختا ئۆتكەن ئەنە شۇنداق ئىجادچان روھقا باي گىگانت ئادەملەرنىڭ بىرى ئىدى.

—— گيوتې

## بىرىنچى، ئىتالىيەنى بويسۇندۇرۇش يولىدا

ھەيۋەتلىك ئالىپ تاغلىرىنىڭ ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغان چوققىلىرى كۆپكۆك ئاسمان قەرىگە ئۇسۇپ كىرگەنىدى، پارقىراپ تۇرغان بۇ مۇزلۇق چوققىلار بەئەينى جەسۇر تەۋەككۇلچى ناپولېئون كەبى ئېتەكلىرىگە مەغرۇر بېقىپ، جىمى جانلىق ئۇستىدىن كۈلەتتى. پەرۋەردىگار بۇ يەردە ئۆزىنىڭ يېڭىلمەس غالىب ئىكەنلىكىنى ئوبرازلىق يوسۇندا نامايان قىلماقچى بولغاندەك، ئالىپ تاغلىرى ئارقىلىق قوماندان ناپولېئوننىڭ فىرانسىيەدىن ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ۋەتىنىگە يۈرۈش قىلىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىغانىدى.

بىراق، ناپولېئون ئەزەلدىن توسقۇلارنى قارا كۈچ بىلەن

بويسۇندۇرۇشقا بىرلىگەن بولماستىن، يەم ـ پاراسەت ئارقىلىق يېڭىشقا ماھىر بولغاچقا، بۇ قەدىمىي مەسىلە ئۈستىدە يىللاپ ـ ئايلاپ ئويلىنىپ كېلىۋاتاتتى. قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن مەشھۇر سەركەردە خاننىبال ئالىپ تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتكەنىكەن، ناپولېئون بولسا تاغدىن ئايلىنىپ ئۆتۈش خىيالىدا ئىدى. ئەگەر دۈشمەن قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا ئەڭ ئاجىز نۇقتىسىنى تېپىپ تېگىش قىلسا، يەنى ئاپېنىننېس يېرىم ئارىلىنىڭ ئالىپ تېغىغا يېقىن بۆلىكىدىن ھۇجۇم قىلسا، تەبىئىيكى، ئەڭ ئاقىلانىلىك بولاتتى. بۇ يەر پەس، ھۇجۇم قىلماق ئاسان، ساقلىماق قىيىن بىر جاي ئىدى. شۇنداق ئىكەن، يازنى ساقلاپ ئولتۇرۇش نەھاجەت؟ قانچىكى بالدۇر تۇتۇش قىلسا، قار شۇنچە قاتىدۇ، قار كۆچۈشىنىڭ خەۋپىمۇ شۇنچە كىچىك بولىدۇ. ئالغا، ئاتا ـ بوۋامنىڭ ۋەتىنىگە قاراپ ئالغا!

ئىلگىرىلىمەي تۇرۇۋېرىش مەغلۇبىيەتتىن دېرەك بېرىدۇ. بىلىش كېرەككى، شۇ تاپتا گازارمىدا ئۈزۈنى ئوڭشىۋېلىش ئۈچۈن ئۇخلاپ ياتقان دۈشمەن ناپولېئونغا ھېچقانداق تەھدىت بولالمايتتى. لومباردىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە تۇرۇشلۇق ئاۋستىرىيە قوشۇنى، غەربىي تەرىپىدە تۇرۇشلۇق ساردىنىيە قوشۇنى، شۇنداقلا ئىتالىيەدىن پارچىلىنىپ كەتكەن ئۇلۇغ ـ ئۇششاق جۇمھۇرىيەتلەر ۋە بەگلىكلەر قار ئېرىشتىن بۇرۇن فىرانسىيە قوشۇنلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىنى كۈتمىگەنىدى. پۇل پاخاللىقى تۈپەيلىدىن ئىقتىسادى يىمىرىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان پارىژ ھەربىي ـ مەمۇرىي ھۆكۈمىتى فىرانسىيە قوشۇنلىرىغا قىلچە قىممىتى يوق قەغەز پۇلدىن باشقا ھېچنېمە بېرەلمەيتتى، يەنە كېلىپ شۇ نەرسىلەرمۇ ھەربىي قورال ـ ياراغ سودىگەرلىرىنىڭ چۆنتىكىگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى. ئەگەر ھەربىي تەمىنات مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى

بولمىسا، بۇ يېڭى قوماندان قانداق قىلاركىن؟

ـــ يىگىتلەر! ئاچ ھەم يالاڭ قېلىۋاتىسىلەر، ھۆكۈمەتكە مۇراجىئەت قىلغان بولسامۇ جاۋاب بولمايۋاتىدۇ. بۇ قاقاس تاغدا نامايان قىلغان باتۇرلۇقۇڭلار ۋە چىدام ـ غەيرىتىڭلار بىلەن ھۆرمەتكە لايىقتۇرسىلەر. بىراق، بۇنىڭلىق بىلەن شان ـ شەۋكەت ۋە پايدا ـ مەنپەئەتكە ئېرىشىشىڭلاردىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. مەن سىلەرنى باشلاپ دۇنيا بويىچە ئەڭ باياشات تۈزلەڭلىككە ئاتلىنىمەن، ئۇ يەردە گۈللەنگەن شەھەرلەر، بايلىقى مول يېزا ـ قىشلاقلار سىلەرنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، سىلەر شۇ يەردە ئوردىنغا، راھەت ـ پاراغەتكە ئېرىشىسىلەر. ئىتالىيە سېپىدىكى يىگىتلەر! سىلەردە شۇنىڭغا لايىق جاسارەت يوقمىدۇ؟

ناپولېئوننىڭ تۇنجى قېتىم قوشۇننى كۆرەكتىن ئۆتكۈزگەندە ھاياجان ۋە مەردانىلىك بىلەن سۆزلىگەن بۇ نۇتقىغا قايتۇرۇلغان ئىنكاس ساناقلىقلا ئاجىز ئاۋازدىن ئىبارەت بولدى. لەشكەرلەر گازارمىغا قايتىپ باشقىدىن ئۆزىنى تاشلاپ يېتىشتى.

ـــ يېڭى كاتتىبېشىمىزنىڭ تاتىراڭغۇ چىرايىدىن، جۇدەڭگۈ ئېتىدىن، سىپايە ئەپتىدىن قارىغاندا، ئاغزىدا شەھەر ئېلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان يېڭىياچىدەك قىلىدۇ، ـــ دېدى لەشكەرلەردىن بىرى يەنە بىرىگە، ـــ بىزنى باياشات ئۆلكە كۈتۈپ تۇرۇپتىمىش. بولدىلا، ئەڭ ياخشىسى بىزگە ئۆتۈك بەرسۇن، بولمىسا ئۇ يەرگە قانداق باراتتۇق؟!

ئەينى زاماندا مۇسا ئەلەيھىسسالام جەننەتتىن ئورۇن ئېلىپ بېرىمەن دەپ ۋەدە قىلغىنىدىمۇ ئىسرائىللار (يەھۇدىيلار) شۇنداق تۇيغۇدا بولمىغانمىدى؟ قوماندانىنىڭ بۇ يەردە دۇچ كېلىدىغىنى قارشىلىقىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى، خالاس.

بۇ چوققىنى ئۈچ يىل ماكان تۇتۇپ ياتقان بۇ قوشۇندا ناپولېئوننى چۈشىنىدىغان كىم بولسۇن؟ بۇ قوشۇندىكىلەرنىڭ

تۆتتىن بىرى دوختۇرخانىدا يېتىۋالغان، يەنە شۇنچىلىك لەشكەر قازا قىلغان، ئەسىرگە چۈشكەن ياكى قېچىپ كەتكەن. ئوفىتسېرلارچۇ؟ ئۇلار بۇ غەلىتە ياش باشلىقىغا جان - دىلى بىلەن بويسۇنماستىن، بۇنىڭدىن يەتتە يىل بۇرۇن ئوكسىنادىكى ئوفىتسېرلارنىڭ قىلغىنىدەك پاسسىپلىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتامدۇ نېمە؟ ئالتۇن رەڭ ماڭلاي چېچى كۆزلىرىگىچە، ئارقا چېچى مۇرىسىگىچە ساڭگىلاپ چۈشكەن، ئۇستىبېشىمۇ رەتسىز بۇ ئەجنەبىي ئىشخانىسىدا بىر نېمىلەرنى يازاتتى، ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى، تۇرلۇك بۇيرۇقلارنى بېرەتتى، فىرانسۇزچىغا چولتىلىقىنى ھە دېگەندە چاندۇرۇپ ئولتۇراتتى. شۇ تاپتا ئۆزى بىللە ئېلىپ كەلگەن ئۈچ - تۆت ئادىمىدىن باشقا ھېچكىمنىڭمۇ كۆزىگە سىغمايتتى.

ناپولېئون دەرھال پارىژ ھەربىي - مەمۇرىي ھۆكۈمىتىدىكى ھۆكۈمدارلارغا خەت ئەۋەتىپ، خەت - ئالاقە جېڭى قوزغىدى، بۇ جەڭدىمۇ خۇددى زەمبىرەكلىرى ۋە ئاتلىق قوشۇنى ئارقىلىق جەڭگە كىرىشكىنىدەك قىزغىن كىرىشىپ، ئوخشاشلا غەلىبە قىلدى. «مەندىن مۆجىزە يارىتىشىمنى تەلەپ قىلىساڭلار، كەچۈرگەيسىلەر، قولۇمدىن كەلمەيدۇ، — دەپ يازغانىدى بىر پارچە خېتىدە، — بىلىشىڭلار كېرەككى، ئۇلۇغۋار ئىشلار پەم - پاراسەتسىز ۋە يىراقنى كۆرەرلىكسىز ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. غالىبىيەت بىلەن مەغلۇبىيەتنىڭ ئارىلىقى بىر ماڭدامىلا كېلىدۇ. مەن چوڭ - چوڭ ۋەقەلەردىن شۇنى بىلىپ يەتتىمكى، مىڭ يول مۇساپە چامدامسىز بېسىلمايدۇ؛ پۈتىنىڭ كىچىككىنە بىر بارمىقىدىكى كېسەلمۇ پۈتۈن بەدەننى ھالاك قىلالايدۇ — كۆزگە ئىلمىغان پۈتقا چوماق بولىدۇ.»

بىراق، بۇ مەشھۇر تەشكىلاتچى كارنوتقا يازغان خۇسۇسىي خېتىدە بولسا ھۆكۈمەت ئالاقىلىرىدە يازغىلى بولمايدىغان

نۇرغۇن گەپلەرنى قىلغۇالدى:

ئىشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن، مەندە نە بىرەر قورۇلۇش كوماندىرى، نە ئۆتكەل ھۇجۇمىغا قاتنىشىپ باققان بىرەر كوماندىر بولسۇن ! ... توپچىلىرىم ئەسلا يوق، نەقەدەر غەزەپتە ئىكەنلىكىمنى ھەرگىزمۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ يېتەلمەيسىز.

ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنىڭ يىگىرمە تۆت زەمبىرىكى، تۆت مىڭ تۇياق ئورۇق ئىتى، ئۈچ يۈز مىڭ كۇمۇش فىرانك ۋە ئوتتۇز مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا يېرىم نورما تۇزۇمى بويىچە راسلاپ بېرىلگەن بىر يىللىق ئوزۇق - تۈلۈكى بار ئىدى، پەقەت ئاشۇ قالدى - قاتتىلار بىلەنلا ئىتالىيەنى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلىنىش ئالدىدا تۇراتتى !

بىراق، بەل باغلاپ مەيدانغا چۈشكەنكەن، شۇ ئاساستا ھەرىكەتنى باشلىمىسا بولمايتتى. كۆڭلى بۆلۇنۇپ كەتكەن، شۇنداقلا مۇستەبىت كونا خانىدانلىقتا ساداقەتمەنلىك بىلدۈرۈپ يېڭىباشتىن مەدھىيە ئوقۇشقا باشلىغان بۇ روھسىز قوشۇننى تېز سۈرئەتتە جۇمھۇرىيەتكە سادىق ئارمىيە قىلىپ ئۆزگەرتىپ چىقىش ئۈچۈن گويا قارا بوراندەك شىددەت بىلەن تۇتۇش قىلدى.

ۋەزىيەتكە ئولتۇرۇپ ئۈچىنچى كۈنى قىلغان ئىشلىرىغا قاراپ باقايلى: بىر يۈز ئون لەشكەرنى يول ياساشقا ئەۋەتتى؛ بىر بىرىگادا لەشكەرنىڭ توپلىغىنى بىسىقتۇردى؛ ئىككى شۆبە زەمبىرەكچىلەر ئەترىتى تەشكىللىدى؛ ئىككى ئوفىتسېرنى ئات ئوغرىلاش دېلوسىنى تەكشۈرۈشكە بۇيرۇدى؛ يەنە ئىككى ئوفىتسېرنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىش تەلىپىگە جاۋاب بەردى؛ تولوندىكى بىر گېنېرالنى قوشۇننى

باشلاپ نايسقا كېلىشكە بۇيرۇدى؛ يەنە بىر گېنېرالنى ئانتىپاترىسقا خەلق قوغدىنىش قوشۇنىنى توپلاشقا بۇيرۇدى؛ يەنە بىر ئوفىتسېرنى توپىلاڭ كۆتۈرگەن بىرنگادىنىڭ توپلاڭنى پىلانلىغۇچى كوماندىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىشقا بۇيرۇدى؛ باش ئىشتابقا دوكلات يوللىدى؛ قوشۇنلارنىڭ كۆرەكتىن ئۆتۈشى توغرىسىدا بۇيرۇق چىقاردى. دەسلەپكى قىسقىغىنا يىگىرمە كۈن ئىچىدە پەقەت قوشۇنلارنىڭ تەمىناتى مەسىلىسى توغرىسىدىلا بىر يۈز يىگىرمە ئۈچ تۈرلۈك يازما بۇيرۇق ئېلان قىلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن بۇيرۇقتا خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق، قاقتى - سوقتىلىق، ناچارلىرىنى ياخشىسىنىڭ ئورنىغا قويۇش قاتارلىق قىلمىشلاردا بولغۇچىلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەنىدى. مانا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھەربىي يۈرۈش سەپىرىدە، ئون ئىككى قېتىم ئىشتابنى كۆچۈرۈش ئارىلىقىدا، ئالتە قېتىملىق ئۇششاق ئۇرۇش داۋامىدا ئورۇندالغانىدى.

ناپولېئون تار جىلغا ئاغزىدىن ئۆتۈپلا ئۆزىنىڭ يېڭى ئۇرۇش پىلانى بويىچە دەرھال ھەرىكەت قىلىپ، لەشكىرىي كۈچىنى توپلاپ، بىردىن - بىردىن يېڭىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىككى قېتىملىق كىچىك ئۇرۇشتىن كېيىن دۈشمەننىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئاۋانگارت قوشۇنلارنىڭ كىچىك دائىرىدىكى تۇتىشىشىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، فىرانسۇزلارنىڭ مىجەز - خاراكتېرىگە ۋە فىرانسىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئادەتتىكى چاغلاردا قىلغان مەشىقلىرىگە تازا ماس كېلەتتى.

گۈمبۈرلەپ ئېتىلغۋاتقان زەمبىرەك سادالىرى ئىچىدە ئات چاپتۇرۇپ تاغ - داۋانلار ئېشىپ، جىلغا - جىرالارنى كېزىپ كېتىۋاتقىنىدا يوسېفىنىنىڭ رەسمىي سىيلىنغان سىپتا ئەينەك رامكا قاتتىق سىلكىنىپ چېقىلىپ كەتتى. ناپولېئون بۇ

رەسىمنى يانچۇقىغا سېلىپ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرگەن، مىڭلاپ قېتىم سۆيگەننىدى. بۇ ھالدىن ئۆكسىملى ئۆچكەن ناپولېئون ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، بۆررىئېنغا قاراپ:

— ئەينەك سۇنۇپتۇ، رەپىقەم ئاغرىپ قالدى ياكى ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلىپ تالاغا قارىدى، — دېدى.

جىمى ئىش ناپولېئوننىڭ ۋەدىسىنى نەقلەشتۇرۇشىگە باغلىق ئىدى. ئۆزىگە ئايانكى، بۇ قېتىم لەۋزىدە تۇرىدىغانلا بولسا، قوشۇنىدىكىلەرنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشەتتى؛ ئىشەنچىگە ئېرىشسىلا، قايىللىقىغا، ھىمايىسىگە ئېرىشەتتى. راستلا شۇنداق بولدى. لەۋزە قىلىپ ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە قوشۇن غەلىبىلىك ئۆرۈش قىلىپ، تاغ قاپتىلىنى بېغىرلاپ جەنۇبقا ئىلگىرىلەپ، ئەڭ ئاخىرقى بىر چوققىدىن ئۆتكىنىدە، لەشكەرلەر ئىچىدە بىردىنلا تەنتەنىلىك قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلدى ! بۇ چاغدا گۈل ـ گىياھلاردىن كىمخاب كىيگەندەك ياسانغان بىپايان پىدمونت تۈزلەڭلىكى خىلۋەت تاغ ئىچىدە شۇنچە يىل تۇرۇپ ھالىدىن كەتكەن بۇ قوشۇننىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولغانىدى. پو دەرياسى ۋە باشقا دەريالار يىراق ـ يىراقلارغا قاراپ شىلدىرلاپ ئاقماقتا ئىدى، بۇ قوشۇن قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان دۇنيانى ئاخىرقى ھېسابتا كەينىدە قالدۇرغانىدى.

— ھەممىسى سىلەرنىڭ !

ناپولېئون ئىككى رەقىبىنىڭ بىرى بولمىش ساردىنىيە پادىشاھىنى سۇلھى تەلەپ قىلىپ، زېمىن تەۋەلىكىدىكى جىمى بايلىقنى تۇتۇشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ ناپولېئوننىڭ تۇنجى قېتىم ھىيلە ئىشلىتىپ تېرە تاراقشىتىش ۋاستىسى بىلەن قولغا كەلتۈرگەن ئەمىنلىك ئىدى. ئەمەلىيەتتە، قۇدرەتلىك قوشۇنغا تېرە تاراقشىتىپ رەقىبىنى قورقۇتۇپ يۈرگەن چېغىدا، ئىككى تەرىپىدىن قىستاپ كېلىۋاتقان دۈشمەننىڭ قورشاۋىدا قالغان

بولۇپ، ساردىنىيە پادىشاھىنى قورقۇتقىنىدەك جەڭ قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لەشكەرلەر بۇ قوماندانىنىڭ مۇنچە لەۋزىدە تۇرىدىغانلىقىدىن قاتتىق ھەيران قالدى. چۈنكى، ۋەدە بېرىپ ئىككى ھەپتە ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا ۋەدىسىنى راستلا ئەمەلدە كۆرسەتكەنىدى!

لەشكەرلەر شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ناپولېئوننى ھىمايە قىلىشىدىغان بولدى. ناپولېئون ئۆزىنىڭ دەسلەپتە ئىتالىيە فىرانسىيەگە دۈشمەن دۆلەت بولۇپ قالغاچقا، ھۆججەت ـ ئالاقىلەرگە «بۇئوناپارتې» دېگەن ئىتالىيانچە ئىسمى بىلەن ئىمزا قويماي، «ئو» ۋە «ئي» ھەرپىنى تاشلىۋېتىپ «بوناپارت» دەپ ئۆزگەرتىپ ئىمزا قويىدىغان بولغانىدى. ئۇزاق ئۆتمەي يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتىپ ئەسلىگە كەلتۈردى.

## ئىككىنچى، مۇۋەپپەقىيەت ئامىللىرى

ناپولېئون قانداق يول بىلەن غەلىبە قازاندى؟ قانداق قىلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبە قازاندى؟ بۇنىڭ سىرى نەدە؟ ياش، زېھنى ئۆتكۈر بولغانلىقى بىرىنچى ئامىلدۇر. ئاشۇ ئۇزۇن سەپەرلەر ئۇنىڭغا قىلچە ھاردۇق يەتكۈزەلمىدى. ئۇيقۇسىنىمۇ بىمالال كونترول قىلالايتتى. ئاشقازىنى ساغلام ئىدى، شۇنداقلا ئاچلىققىمۇ بەرداشلىق بېرەتتى، ئىشلارنى جايى ـ جايىدا، بىمالال ئەپلەشتۈرۈپ كېتەلەيتتى.

ناپولېئون ئۆزىدەك ئىستېداتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بىر ياشنى شۇنچە چوڭ ئارمىيە ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ، مۇستەقىل دەۋران سۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىغا تەشەككۈر ئېيتسا بولىدۇ. چۈنكى، فىرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ باراۋەرلىك روھى كىشىلەرنىڭ رەھبەرنى نەسەبىگە

قاراپ ئەمەس، ئاغزىدىن تېخى ئوغۇز سۈتى كەتمىگەن ئۆسمۈرلەرنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماي ئىقتىدارىغا قاراپ تاللىشىنى تەلەپ قىلاتتى.

ناپولېئوننىڭ رەقىبلىرى قانداق كىشىلەر ئىدى؟ ئاۋستىرىيە ۋەلىئەھدى چارلىز كېلىشكەن، ئالىي تەربىيە ئالغان مەشھۇر زات بولغىنى بىلەن ئادەملىرىنى چۈشىنىش، ئىشقا قويۇشقا ماھىر بولۇش، جاپا ـ مۇشەققەتكە بەرداشلىق بېرىش جەھەتلەردە قانداقمۇ ناپولېئونغا تەڭ كېلەلىسۇن؟ ئاۋستىرىيە ئارمىيەسىنىڭ يەتمىش ئىككى ياشلىق قوماندانى بولمىش فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ يىگىرمە يەتتە ياشلىق قوماندانىغا تەڭ تۇرالىسۇنمۇ؟ گېنېرال كورلېنىڭ پۈتى رېماتىزىم ئاغرىقى بىلەن دەسسىيەلمەس بولۇپ قالغاچقا، ئۇرۇش مەزگىلىدە كۆنبويى جىرغىدىن چۈشمەي ياتتى، كىنەز ئارۋېنچې بەگ يېشى ئاتمىشتىن ئېشىپ كەتكەن بوۋاي ئىدى، ساردىنىيە پادىشاھى تېخىمۇ قېرى ئىدى. گېنېرال ۋۇرمسېر قۇلىقى ئېغىر ھەمدە گالۋاڭلىشىپ قالغان مۇتىۋەر بوۋاي بولۇپ، قوشۇنلىرىنى يۆتكەشتە ئارتۇقچە ئەندىشىدىن خالىي بولالمايتتى، شۇ ھالى بىلەن ھەر كۈنى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ئورنىنى يۆتكەپ تۇرىدىغان ناپولېئونغا قانداقمۇ تەڭ كېلەلىسۇن؟ يەنە كېلىپ ناپولېئوننىڭ ھەقەمسايىلىرىنىڭ ھەممىسى ياشلاردىن بولۇپ، ئۇلار «ۋاقىت ھەممىنى بەلگىلەيدۇ» دېگەن سۆزنى ئۆزلىرىگە دەستۇر قىلغانىدى.

ناپولېئوننىڭ يېڭىدىكىلەر ئىچىدە يېشى ئەڭ چوڭى قىرىق ئىككى ياشلىق بىرتېير ئىدى، ناپولېئون قوشۇنىنى ئۆتكۈزۈۋالغاندا ئىتالىيەنىڭ ئەھۋالىنى بەش قولىدەك پىششىق بىلىدىغان بۇ ئادەمنى ۋەزىپىگە تەيىنلەپ يېنىدا ئېلىپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇرۇش بىلەن ئۆتكەن يىگىرمە

ئىككى يىللىق ھەربىي ھاياتىدا ئىزچىل تۇردە ئىشتاب كوماندىرى بولۇپ ناپولېئونغا قۇللارچە خىزمەت قىلدى. ئۇنىڭدىن قالسا ئوت يۈرەك مارسېنا ئىدى، ئىلگىرى ئوكيان پاراخوتىدا پىراكتىكانت ماتروس بولغان، بىرمەھەل يۇرت ـ يۇرتلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەنىدى. بوربون سۇلالىسى دەۋرىدە ھەربىي قىسىمدا ئون تۆت يىل جاھانسازلىق قىلغان بولسىمۇ، باش سېرژانتمۇ بولالمىغان، ئەمدى بولسا بىرنەچچە ھەپتە ئىچىدە بىراقلا گېنېراللىققا ئۆستۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن قالسا ئاۋگېرو ئىدى. ئۇ ئۈچ قېتىم قاچقۇن بولغان، قاراملىق قىلىپ باققان، جاھانكەزدى ئوغرىمۇ بولغانىدى. ئادەتتە جەمئىيەت داشقاللىرى ھېسابلىنىدىغان بۇ كىشىلەرنى ياش قوماندانى ناپولېئون تېزلا قەھرىمان مارشاللارغا ۋە ئاقسۆڭەكلەرگە ئايلاندۇرغانىدى.

ناپولېئون ھەر قېتىمقى جەڭدىن كېيىنكى باھالاشتا جەڭدە باتۇرلۇق كۆرسەتكەن ئەزىمەتلەرنى تەقدىرلەپ، ئۆستۈرۈشكە نامزات قىلىپ كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن نامسىز بىر ئاددىي لەشكەرنىڭ ئۈچ قېتىملىق ئۇرۇشتىن كېيىن تېزلا ئۆستۈرۈلۈپ پولكوۋنىك بولۇپ قېلىشى، شۇنداقلا پارلاق ئىستىقبال تېپىشى مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ناپولېئون بۇرۇنقى قوماندانىنىڭ قولىدىن ئۆتكۈزۈۋالغان ئوفىتسېرلارغا بولسا «ئىشخانىغا باب، جەڭدە ناباب» دەپ سوغۇقلا باھا يازاتتى. ئەمما، تاسادىپىي جەڭدە مەغلۇپ بولغان ئوفىتسېرلارنى بىرلا تېپىلەك بىلەن سۈندۈرۈۋەتمەستىن، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ:

ـــ جەڭ دېگەننىڭ تەقدىرى كۈندە بىر ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، قەدىرلىكىم مارسېنا، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلىپ كەتمەڭ. بۈگۈن قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانلىرىڭىزنى ئەتە ـ ئۆگۈنگىچە قايتۇرۇۋالارمىز، ـــ دەيتتى.

ئەمما، جەڭدە نەتىجىسى ئىنتايىن ناچار بولغان قوشۇنلارنى بىر يەرگە يىغىپ، سىپىق تىللار بىلەن تىللايتتى ھەمدە ھەربىي تەزكىرىگە ئۇلارغا ئاتاپ مەسخىرىلىك سۆزلەرنى يازماقچى بولاتتى. رەتتە تۇرغان جەڭچىلەر شۇنىڭ بىلەن:

— بىز ئەتە سەپنىڭ ئالدىدا ماڭىمىز! — دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇشاتتى.

شۇنداق قىلىپ، قوشۇندا مىڭلارچە ئوت يۈرەك باتۇر جەڭچى كۆپىيەتتى. ئۇلار نۇسرەت قۇچۇپ قايتىپ كەلگىنىدە، شۇ كۈنكى ھەربىي تەزكىرىسىدە ئۇلارنى «يولداشلار»، «دوستلار» دەپ ئاتايتتى.

ناپولېئون قوماندانلىق قىلغان قوشۇن خەلقنىڭ پەرزەنت قوشۇنى بولۇپ، بۇ غەلىبە قازىنىشىغا سەۋەب بولغان ئىككىنچى ئامىل ئىدى. بۇنى فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىنىڭ ئۆچمەس تۆھپىسىدىنمۇ ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى، فىرانسىيە خەلق قوغدىنىش قوشۇنىمۇ دەل شۇ بۈيۈك ئىنقىلابنىڭ نامايەندىسى بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئاۋستىرىيە قوشۇنى يۇقىرى ھەق بىلەن ياللانغان ياللانما ئەسكەرلەردىن تەشكىل تاپقان قوشۇن بولۇپ، كىيىنى تولۇقلىمىقى ئاسان ئەمەس ئىدى. باشقا ـ باشقا مىللەتلەردىن بولغان ھەربىيلەر سانى ئاۋستىرىيە پادىشاھلىقىنىڭ لەشكەرلىرى ساندىنمۇ كۆپ ئىدى. شۇڭا، ئاۋستىرىيە قوشۇنىدا خىلمۇخىل تىللار ئارىلاش قوللىنىلغاچقا، تىل ئۇقۇشماسلىق، ئىناقسىزلىق ۋە قالايمىقانچىلىق بولۇپ تۇراتتى، ئۇيۇشقاقلىقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. فىرانسۇزلار قوشۇنى بولسا پۈتۈن مىللەت ئۇرۇشقا تەڭ ئاتلانغان قوشۇن بولۇپ، جەڭگىۋار، چەبدەس، كەسكىن ھەرىكەت قىلاتتى، يەنە كېلىپ كەلگۈسى يىگىرمە يىلدا ئۈزۈكسىز تولۇقلىنىپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىدى.

فرانسىيە ئارمىيەسى نېمە ۋەجىدىن ئۇرۇشىدۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەركىنلىك ئىدىيەسىنى پۈتۈن دۇنياغا تارقاتماقچى، بۇنىڭ ئۈچۈن دۇنياۋى ئىنقىلابقا تەشنا، بۇنىڭدىن باشقا يولمۇ يوق ئىدى. بىراق، ھەربىي ھەرىكەت ھەرگىزمۇ پەقەت نوقۇل غايىۋى نىشان ئەمەس. شۇڭا، ئۇلار ئەركىنلىكنى قوغداپ، ئەنئەنىۋى مۇستەبىت ئىمپېرىيەنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرمىسە بولمايتتى. فرانسىيەنىڭ چۆرىسىدىكى فېئودال ئىمپېرىيەلەرنىڭ پادىشاھلىرى ئىنقىلابچىلار ئاغدۇرۇۋەتكەن بوربون سۇلالىسىنى قوغدايمەن دەپ ئولتۇرغاندىن كۆرە ئۆزلىرىنىڭ ئامانلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ئەۋزەل كۆرەتتى. ئۇلار ئۆز خەلقىنىڭ فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىنى دوراپ سېلىشتەك ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ يېڭى ئىدىيەنىڭ بۆشۈكىنى قىيما - چىيما قىلىپ، يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋەتكۈسى كېلىپ كېتەتتى. شۇڭا، فرانسىيەلىكلەر ھەققانىيەتنى ياقلاش ۋە ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ھۇجۇم ئارقىلىق مۇداپىئە كۆرۈپ باشقىلارنى بويسۇندۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى ھەم ئەركىنلىكنى قوغداش ئۈچۈنلا ئىشغالىيەتچى بولغانىمىز، دەيتتى.

ئۈچىنچى ئامىلغا كەلسەك، ناپولېئون فرانسىيە جۇمھۇرىيىتى ئۈچۈن ئاۋۋال لومبارديىغا جازا يۈرۈشى قىلىش، ئاندىن پۈتكۈل ئىتالىيەنى ئېلىش غەرىزىدە تۈنجى كۈنىدىن باشلاپلا شۇ جايلاردىكى خەلققە سىلەرنى خابىسبۇرگ، ساردىگنا سۇلالىلىرىنىڭ، بەگلەرنىڭ ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ زۇلمىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن كەلدىم، دەپ توختىماي تەشۋىقات - تەرغىبات ئېلىپ باردى. ھازىرقى ھالەتتىن نارازى بولۇپ ئاران تۇرغان كىشىلەر بۇنداق چاقىرىقنى ئاڭلىسا، ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ شىددەتلىك ئېقىمىغا قوشۇلماي تۇرالايتتىمۇ؟ ئىتالىيەنىڭ قايسىبىر يېرى بەگلەرنىڭ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋە ۋالىيلارنىڭ

ئىزىشىدە بولۇپ كەلمىگەن؟ ! ئىنقىلاب ئۆرۈۋقى بىرقانچە يىل ئىلگىرىلا فىرانسىيە چېگراسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئوقۇغۇچىلار ۋە شەھەر ئاھالىسى ئىچىدە قاتمۇقات داۋالغۇشلارنى پەيدا قىلمىغانمىدى؟ گەرچە پۇتكۇل ئىتالىيە ھېلىمۇ ئەنئەنىۋى فېئودال تەرتىپ ـ تۈزۈملەرنىڭ ئاخىرقى ئاسارىتىدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، بۇ ئاسارەتلەرنى پاچاقلاپ تاشلاش يولىدا ئېيتىلىۋاتقان مەردانە ناخشا سادالىرى بەگ ـ غوجاملارنىڭ بوسۇغىسىدا بارغانسېرى ھەيۋەتلىك جاراڭلاپ تۇرۇۋاتامدۇ؟ ناھەقچىلىككە چىدىماي تۇرۇۋاتقان بارلىق كىشىلەر بۇ ھەيۋەتلىك قوشۇننى كۈتۈۋېلىش تەييارلىقىدا ئىدى ھەمدە بۇ قوشۇننىڭ يۈكسەك ئالىيجاناب بۇرچ بىلەن كەلگەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنەتتى.

تومۇرىدا ئىتالىيان قېنى بار بۇ قوماندانىنىڭ ئىسمى ئىتالىيانچە، ئانا تىلىمۇ ئىتالىيانچە ئىدى. شۇڭا، يەرلىك ئاھالىنىڭ نەزىرىدە ناپولېئون فىرانسىيە قەھرىمانى ئەمەس، بەلكى ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك ئەلچىسى ئىدى. بىراق، كىشىلەر ئەقلىنى تېپىپ، ئۇنىڭ پەقەت بىر تاجاۋۇزچى، ئەزگۈچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكىنىدە قاتتىق نائۈمىد قالغان بولار ئىدى. ئۇ قوشۇنلىرىنى قاتتىق تىزگىنلەپ، خۇددى باياشات ماكاندىن كەلگەن قارنى توق قوشۇندەك ئەلنىڭ قىلىغىمۇ تەگمەيدىغان ئىنتىزامچان قوشۇن قىلىپ چىقالارمۇ؟ بۇ ئالدىغا قويۇلغان ئېغىر بىر مەسىلە ئىدى.

«بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋەقەلىرى كۆنسايىن ئەۋج ئالماقتا، ــ دەپ يازىدۇ ئۇ خەتلىرىدە، ــ بۇ يوقسۇل قوشۇننىڭ قارنى ئاخىرقى ھېسابتا تويۇپمۇ قالدى. ئالپ تاغلىرىدا ئۈچ يىل ئاچ ـ زېرىن تۇرۇپ ئەمدىگىنە «جەننەت»كە ئۇلاشقان قارنى ئاچ بۇ گادايلارنى ئەپۇ قىلىشقا بولىدۇ... قارنى ئاچ لەشكەرنىڭ ھاياسىزلىقلىرىنى ئېيتىشقىمۇ تىلى كۆيىدۇ كىشىنىڭ... تەدبىر قوللىنىپ

ئىنتىزام ۋە تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشۈم كېرەك، قاراقچىلار ئاتامانى بولۇپ قالسام بولمايدۇ ـ دە. مەن بىر قانچە لەشكەرگە ۋە بىر ئىستارشىي سېرژانتقا ئۆلۈم جازاسى بېرىمەن، بۇ بىر قانچە ئەبلەخ تەپ تارتماستىن چېركاۋنىڭ ئىئانە غەللىسىدىكى پۇللارنى بۇلاشقا پېتىنىپتۇ. ئارمىيە ئىنتىزامىنى مۇشۇ بىر قانچە كۈن ئىچىدە تەرتىپكە سېلىشىم شەرت، ئىتالىيەلىكلەر ئارمىيەمىزنىڭ ئىنتىزامچانلىقىدىن، باتۇرلۇقىدىن سۆيۈنسۇن.»

ناپولېئون لەشكەرلىرىنىڭ ئۆز نامىنى قەدىرلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. «ئالدىمدا قەسەم بېرىڭلار، — دەپ يازغانىدى دەسلەپ چىقارغان ‹قارارنامە›سىدە، — ئۆزۈڭلار ئازاد قىلغان ئاۋامنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇڭلار. ئۇنداق قىلمىساڭلار، داشقال بولغىنىڭلار بولغان ! غەلىبەڭلەرمۇ، باتۇرلۇقۇڭلارمۇ، قۇربان بولغان قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئاققان ئىسسىق قېنىمۇ بىكار بولىدۇ، نام ـ شۆھرىتىڭلارمۇ تامام سۇنىدۇ ! مەنمۇ، سەركەردىلەرمۇ ھەربىي ئىنتىزامدىن ئەسەر يوق قوشۇنغا قوماندانلىق قىلغىنىمىز ئۈچۈن نومۇستىن ئۆزىمىزنى قويىدىغان جاي تاپالماي كېتىمىز !» گەرچە ئىنتىزامنى تەكىتلەپ قايتا ـ قايتا پەرمان چىقارغان بولسىمۇ، ئۇرۇش مەزگىلىدە بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋەقەلىرى ئىزچىل تۇردە بېشىنى قاتۇرىدىغان مەسىلە بولۇپ كېتىۋەردى. سەردار ـ سەركەردىلىرىگە: «يىگىرمە تۆت سائەت ئىچىدە ئولجا ـ غەنىيمەتلەرنى (جۈملىدىن ئات ـ قېچىرلارنىمۇ) تاپشۇرمىغۇچىلار شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا ئېتىپ تاشلانسۇن، دەپ قايتا ـ قايتا پەرمان چۈشۈرۈپ تۇردى.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە تەتۈر ھېساب ۋەقەلىرىمۇ يۈز بېرىپ تۇراتتى. پوپلار، ئاقسۆڭەكلەر ۋە بەگ ـ غوجىلار قالدۇرۇپ كەتكەن پايلاقچىلار شەھەر ئاھالىسىنى قوزغىلىپ قارشىلىق

كۆرسىتىشكە قۇترىتاتتى. بىراق، ئىشغالىيەت رايونىدا بۇ يېڭى غوجايىنغا قارشىلىق كۆرسىتىدىغان ھەرقانداق ھەرىكەت شەپقەتسىز باستۇرۇلاتتى. ۋاھالەنكى، بۇنداق قارشىلىق كۇنسايىن ئازىيىپ باردى. بۇ باش قوماندان شەھەر ئاھالىسىنىڭ ۋۇجۇدىدا ماھىرلىق بىلەن يېڭى تەرتىپ ئېڭىنى ئويغاتتى ھەمدە بۇ خىل ئاڭنى بارغانسېرى كۈچەيتىشكە مۇۋەپپەق بولدى. ناپولېئون ئىتالىيانلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى، تىلى، ماقال ـ تەمسىللىرى ۋە ئۇزاق تارىخىنى مۇپەسسەل بىلەتتى، بۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئامىلى ئىدى. ناپولېئون يەنە ئۇلارغا قانداق ھۆرمەت كۆرسىتىشى كېرەكلىكىنىمۇ بىلەتتى: «ئەي ئىتالىيە خەلقى! فىرانسىيە قوشۇنى سىلەرنى ئازادلىققا چىقىرىش ئۈچۈن كەلدى! بۇ قوشۇن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياخشى دوستىدۇر. ماڭا ئىشىنىڭلار! مۈلكۈڭلار، ئۆرپ ـ ئادىتىڭلار ۋە دىنىي ئېتىقادىڭلار ھۆرمەتسىزلىككە ۋە دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىماي قوغدىلىدۇ!» دەپ خىتاب قىلاتتى جامائەتكە. ئاندىن ئۇلارغا يېقىنلىشىپ، ئافىنا، ئىسپارتا ۋە قەدىمكى رىم توغرىسىدا ئاغىزى ـ ئاغزىغا تەگمەي گەپ ساتاتتى.

تارىخ ناپولېئوننى ياراتتى، ناپولېئونغا روھ ۋە قانات بەردى؛ ۋاھالەنكى، ناپولېئون تارىخنىڭ شىددەتلىك ئېقىمىغا قوشۇلۇپ تارىخىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈردى، جىددىي سوقۇۋاتقان يۈرىكىمۇ تارىخقا قانات بەردى. بالىلىق چاغلىرىدا، شۇنداقلا كېيىنكى چاغلاردا ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ئەسەرلىرىنى، ھەرقايسى زامانغا ئائىت تارىخنامىلەرنى قېتىرقىنىپ ئوقۇپ ئالغان بىلىمى مانا ئەمدى تازا ئەسقاتماقتا ئىدى. ئىلگىرى بۇ دۆلەتنىڭ قايسى رايونلىرىغا كىملەرنىڭ قانداق ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، ئۆزى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان

هاكىمىيەتلەرنىڭ تەشكىلىي ئالاھىدىلىكى كۆڭلىگە بەش قولدەك ئايان ئىدى. شۇڭا، ھەر جايىنىڭ شارائىتىغا يارىشا ئىش تۇتۇپ، پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشنى بىلەتتى. تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغلارنىڭ ئوبرازى خىيالىدىن نېرى بولمايتتى، شۇلاردەك يۈكسەكلىككە يېتىشكە ھەمدە ئۇلاردىن ئېشىپ كېتىشكە ئىنتىلەتتى. ئۆز ھەرىكىتىنىڭ پاتلا تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۆز قوشۇنىنى، ئۆزى بويسۇندۇرغان دۆلەتلەرنى (ئۇزاق ئۆتمەي پۈتكۈل ياۋروپانى) ئۆزى بىلەن قەلبداش، ھەمنەپەس بولۇشقا قىستىدى. ھالبۇكى، بۇ دەسلەپكى غەلىبىلەر پەقەت ئۆزى بەلگىلىگەن كۆلىمى چوڭراق كىچىك غەلىبىلەردىنلا ئىبارەت ئىدى، خالاس. بىراق، يازغان ماقالىلىرىدە بۇ كىچىك ئۇرۇشلارنى چوڭ ئۇرۇش قىلىپ سۈپەتلەپ تارىخ بەتلىرىگە پۈتكۈزدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇنىڭ تارىخنامىلەردە خاتىرىلەنگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ يېرىمى يازغان ماقالىلىرىنىڭ كارامىتى بىلەن پۈتكەن. ھەممىشە لەشكەرلىرىگە ۋە ئۆزى ئازاد قىلغان رايونلارغا بۇ نەتىجىلەرنى پۈتۈنلەي ئۆزۈڭلار، شۇنداقلا ئۆز مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن قولغا كەلتۈردۇڭلار، دېگەن مەنىدە نۇتۇق سۆزلەپ رىغبەتلەندۈرۈپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ مىلاندا سۆزلىگەن بىر قېتىملىق نۇتقى مۇنداق ئىدى:

— يىگىتلەر! سىلەر ئالپ تاغلىرىدىن گويا ئۇلۇغ ئېقىندەك گۈلدۈرلەپ ئېقىپ كەلدىڭلار... مىلان قولۇڭلارغا ئۆتتى... بىز ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ بىرۇتۇس، ئىسكىپىيو ۋە باشقا ئۇلۇغلار مۇرىتلىرىنىڭ دوستىدۇرمىز، ئۇ زاتلار شانلىق ئۆلگىمىزدۇر. رىم ئىمپېرىيەسىنى يېڭىباشتىن قۇرۇپ چىقىپ، قەھرىمانلار ئۈچۈن ھەيكەل قوپۇرۇپ، ئەسىرلەر بويى قۇللۇقتا ياتقان رىملىقلارنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىش

سىلەرنىڭ شانلىق نەتىجەڭلەر بولۇپ قالغۇسى، كېيىنكى ئەۋلادلار بۇ نەتىجەڭلەر ئۈچۈن سىلەردىن مەڭگۈ سۆيۈنگۈسى ! ياۋروپا بويىچە ئەڭ گۈزەل بۇ دۆلەتنىڭ ھۆسنىنى يېڭىلاش سىلەرنىڭ ئۆچمەس تۆھپەڭلەردۇر...

ئىلگىرى قايسىبىر قوماندان سەركەردە ـ لەشكەرلىرىگە، ئەل ـ جامائەتكە ۋە دۈشمەنلىرىگە مۇنچە تەسىرلىك نۇتۇق سۆزلەپ باققان؟ كىممۇ ناپولېئوندەك مەجبۇرلاش ۋاسىتىسى بىلەن ئەمەس، تەسىرلەندۈرۈش ۋاسىتىسى بىلەن كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا تەسىر كۆرسىتەلىگەن؟

«پو دەرياسىدىن ئۆتۈپ، يەنە بىر فىرونتنى باشلىۋەتتۇق» دەپ يازدى ئۇ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئەمەلدارلارغا دوكلات قىلىپ. ئۇنىڭ پارىژغا يوللىغان ھەربىر پارچە دوكلاتىدا يازغانلىرىنىڭ پاكىتقا ئۇيغۇن ئىشلار ئىكەنلىكىدە شەك يوق، ئەمما قەلىمىدە نەقىشلەپ جان كىرگۈزۈۋېتەتتى، پارىژ ھۆكۈمىتى ناۋادا جانلىق، تەسىرلىك بۇ ماقالىلەرنى گېزىتلەرگە بەرگۈدەك بولسا، نامى جاھانغا تارقىلاتتى.

دېمەككى، ناپولېئوننىڭ قەلىمى شەمشىرىنىڭ غەلىبىسىگە ئالتۇن ھەل بەرگەندى.

## ئۈچىنچى، ئۇلۇغۋار ئىشلار مېنى چاقىرىۋاتىدۇ!

ساردىنىيە بىلەن تۈزۈشكەن تىنچلىق ئەھدىنامەڭلەردىن ۋاقىپلاندىم، ھەربىي تەرەپ بۇ ئەھدىنامىنى تەستىقلايدۇ.

ناپولېئون يوللىغان ئالاقىدىكى بۇ جۈملىلەرنى ئوقۇغان ھەربىي ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئەمەلدارلىرى

ساراسىمىگە چۈشۈپ، غەلىبە بايراقلىرىنى كۆرگەن ۋاقىتىدىكى شادلىقى ئالىلىقاياقلارغا تاراپ كەتتى. قايسىبىر گېنېرال ناپولېئونغا ئوخشاش يورىكىنى قاپتەك قىلىپ ھۆكۈمەتكە مۇشۇنداق ئالاقە يېزىپ ئەۋەتىشكە پېتىنغان؟ «بۇ كاساپەت مۇشۇ خېتى ئۈچۈنلا ئۆلۈمگە لايىق!» دەپ چۇرقىرىشىپ كەتتى سىياسىي رەقىبلىرى. بىراق، ھەممە يەردە زەپەر مارشى ياڭراپ، شۆھرەتلىك نامى تىللاردا داستان بولۇپ كەتكەن، بولۇپمۇ لومباردىنى بويسۇندۇرغانلىقىدەك غەلىبىسى بىلەن خەلقنىڭ قەلبىدىن مۇستەھكەم ئورۇن ئالغان بۇ شۆھرەت ئىگىسىگە ئاشكارا چېقىلىشقا كىممۇ پېتىنالايتتى؟ ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ھۆكۈمەتنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى، ناپولېئوننىڭ كورسىكالىق يۇرتدىشى سالىلىيساتىس گازارمىغا يېتىپ بارغاندى، باش قوماندان ھۆكۈمەت ئەلچىسىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ساردىنىيەلىكلەر بىلەن ئۆزى تىنچلىق توختامى تۈزۈشۈۋەردى. بۇ قېتىمقى سۆھبەت داۋامىدا دىپلومات بولۇش سۈپىتىدە تىغىنى سىناپ باقتى. ساردىنىيە ۋەكىلى يەنە سولھى ـ سالا قىلماقچى بولۇۋىدى، ناپولېئون قوينىدىن سائىتىنى چىقىرىپ، قارشى تەرەپكە ئۆزىنىڭ بۇ قېتىم ھۇجۇم قىلمىدىغان ۋاقتىنى جاكارلىدى ۋە ئۇلارنى ياخشىلىقچە ئىمزا قويۇشقا دەۋەت قىلدى.

— مەغلۇپ بولۇشۇممۇ مۇمكىن، — دېدى ناپولېئون، — بىراق، ئۆزۈمگە زىيادە ئىشىنىپ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىپ باققان ئەمەسمەن.

شۇنداق قىلىپ بۇ قېتىمقى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئارقىلىق تۇنجى قېتىم بىر پادىشاھنى تەختتىن چۈشۈردى. ئاندىن ئىتالىيەدە بەگلەر ۋە توسكانا ھۆكۈمىتى بىلەن

سۆھبەتلەشتى، كىيلەر قىيتىم ئۆزى يالغۇزلا رىم پاپاسى بىلەن كېڭەشەرمۇ؟ قاتتىق تەھدىت بولۇۋاتقان بۇ غالىبقا قانداق تاقابىل تۇرۇش كېرەك؟

— بىزگە ھەمكارلاشقۇدەك ئادەمدىن بىرەرنى ئەۋەتسەكلا كۇپايە، — دېيىشتى چۆچۈرسىنى خام ساناشقان مۇپەتتىشلەر كۈلۈشۈپ، — كىيلېرماننى ئەۋەتەيلى، ئالىي قوماندانلىق ھوقۇقىنى تەڭ يۈرگۈزسۇن، ساللىيساتىس ھەربىي - مەمۇرىي ئىشلارنى ئۆتكۈزۈۋالسۇن.

بۇ بۇيرۇق يەتكۈزۈلگەندە ناپولېئون لوردىدا شۇ كۈنى باشلانغان لوردى ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلىش بىلەن قاتتىق ئىدى. ناپولېئون بۇ ئۇرۇشتا دادىللىق بىلەن تېرە تاراقشىتىپ يۈرۈپ ئاددا كۆۋرۈكىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، تەمتىرەپ قالغان ئاۋستىرىيە قوشۇنىدىكى لەشكەرلەر بەس - بەستە پېتىراپ قاچتى. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى غەلىبىسى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن جەڭدە ئارقا - ئارقىدىن تېخىمۇ شانلىق غەلىبە قازىنىشى مۇمكىن ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ پىسخىك تەرەققىيات مۇساپىسىدە بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم راق جەڭ بولمىسا كېرەك.

ناپولېئون بىرىنچى باسقۇچلۇق بۇ ھەل قىلغۇچ جەڭدە ئازغىنا چىقىم بىلەن مول نەتىجە قازاندى، كۆۋرۈكتىكى بىر سائەتچە داۋاملاشقان شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن بۇ زېمىننىڭ خوجايىنى بولۇپ قالدى. ناپولېئون شۇ كۈنى ئاخشىمى ئارزۇ - ئىستەك بىلەن رىئاللىقنىڭ، پىشقان پىلان بىلەن شانلىق جەڭ غەلىبىسىنىڭ بىر - بىرىگە زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلىپ يەتتى. روشەن ھوقۇق ئېڭى تۇغۇلدى، چەكسىز پارلاق ئىستىقبالى كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. قول ئاستىدىكى سەركەردىسى مارمېنتقا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار غايىسىنى تۇنجى قېتىم ئاشكارىلاپ: «ئۇلۇغۋار ئىشلار

مېنى چاقىرىۋاتىدۇ» دېدى. كېيىنكى چاغلاردا ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسكە ئالغىنىدا: «لوردىدا بولغان جەڭدىن كېيىنكى شۇ ئاخشىمى ئۆزۈمنىڭ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسلىكىمنى ھېس قىلىپ يەتتىم. شۇ چاغدىن باشلاپ ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتەك جەسۇرانە ئىرادىگە كەلدىم...» دەيدۇ.

ناپولېئون پارىژدىن كەلگەن پەرماننى ئەنە شۇنداق كەيپىيات ئىچىدە تاپشۇرۇۋالدى. «نېمە؟ كېللېرمان بىلەن تەڭ شەمشەر ئوينىتىپ، غەلىبە مېۋىسىدىن تەڭ بەھرىمەن بولىدىغان گەپمۇ؟» ئۆز كۆڭلىدىكى ئىچكى قورۇقلۇقنى ئېلىش پىلانى بەخش ئەتكەن شادلىقنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقان ناپولېئوننىڭ بىردىنلا كەيپى ئۇچتى ـ دە، قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە ئۆي ئىچىدە بىرپەس ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭدى، ئاندىن كانۋېيغا ئۆزىنىڭ پارىژ ھۆكۈمىتىگە بېرىدىغان جاۋابىنى ئاغزاكى بايان قىلدى:

يولۇمنى توسماقچى، ئۇرۇش پىلانىمنى ئەلچىڭلارنىڭ باھالىشىغا قويغۇزماقچى بولىدىكەنسىلەر، ئۇرۇشتا يەنە غەلىبە قىلىشىمدىن ئۈمىد كۈتمەڭلار... باش قوماندانغا تامامەن ئىشىنىشىڭلار كېرەك. بۇنداق ئىشەنچىڭلارغا ئېرىشەلمىسەم، قىلچە ئاغرىنماي ئۆزۈمنى چەتكە ئالىمەن، باشقا بىر دانا قوماندانني تەكلىپ قىلارسىلەر. ھەركىمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق قوماندانلىق ئۇسلۇبى بولىدۇ، گېنېرال كېللېرمان كۆپنى كۆرگەن، تەجرىبىلىك، قوماندانلىقنى تېخىمۇ قاملاشتۇرىدۇ. بىراق، بىرگە قوماندانلىق قىلىدىغان بولساق، زىيىنى كۆپ بولىدۇكى، قىلچە پايدىسى بولمايدۇ. مەن تولۇق ئىشەنچىڭلارسىز ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلالمايمەن. سىلەرگە مۇشۇنداق دەپ خەت يېزىشىم ئۈچۈنمۇ، شۇبھىسىزكى، زور غەيرەت كېرەك. بەزىلەر مېنى مەنمەنچى، نەپسانىيەتچى دەپ قارىلاۋاتقاندۇ ! بىراق، ئوچۇقىنى ئېيتسام، كەچۈرىسىلەر... مەن ئۆزىنى ياۋروپادا

بىر دەپ سانايدىغان گېنېرال بىلەن بىللە قوماندانلىق قىلالمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر دۆلەتتە ئىككى پادىشاھ بولمايدۇ، بىر قوشۇندا ئىككى سەردار بولمايدۇ، قوشۇننى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ئىشلارنى ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغانىغا ئوخشاشلا پاراسەت بىلەن يۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

بۇ باش قوماندان جانابلىرىنىڭ قىلچە ھوقۇقنىمۇ ئۆتۈنۈپ بېرىشكە زادىلا رايى يوقتەك ئىدى، ئەگەر پارىژ ھۆكۈمىتى ھەربىي ھوقۇقىنى بۆلۈپ بەرمىسەك بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالغۇدەك بولسا، ئۇ قوشۇننى باشلاپ خالىغىنىچە ئىلگىرىلەپ، ئۆز تالانتىغا تايىنىپ داۋاملىق تۇردە ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبە قازىنىپ كېتىۋېرىشى، ئاندىن بىردىنلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ فىرانسىيەگە مۇشت ئېتىپ، ئىلگىرىكى زاماندىكى ياللانما قوشۇنلارنىڭ قىلغىنىدەك ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇۋېتىشتىن يانماسلىقى مۇمكىن. دېگىنىمىزنى قىلدۇرماي قويىمىز دەپ نىمە جاپا؟ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئەمەلدارلار ئاچچىقلانغىنىچە يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ ھۆكۈمەت بىلەن بولغان تۇنجى مەرتەم ئېلىشىش ناپولېئوننىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى ھەقىقىي ھۆكۈمراندەك ھېس قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەرقانداق ئىش ـ ھەرىكەتتە پادىشاھتىن قېلىشقۇسىز ھوقۇق يۈرگۈزدى. ھۆكۈمەتكە خىزمىتىدىن دوكلات بېرىپ يازغان مەلۇماتنامىلىرىدىمۇ ھۆكۈمەتنىڭ قولىدىكى ئەمەلدار بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ھۆكۈمەتتىن تەمىنات ۋە ياردەمچى قوشۇن تەلەپ قىلاتتى، تەلەپپۇزىمۇ تەھدىت تۈسىنى ئالغان بولماستىن، سىلىق تەۋسىيە تۈسىدە بولاتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا قىلغان ـ ئەتكەنلىرى شەرق سۇلتانلىرىنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى،

تەكەببۇرانە خاراكتېرى بىلەنمۇ سۇلتانغا ئوخشاپ قالغانىدى.

ئەلچى ناپولېئوننىڭ ھۆكۈمەتكە بىرىنچى قېتىم «ياق» دەپ يازغان جاۋابنامىسىنى ئېلىپ پارىژغا يول ئالدى. قوشۇن ئەتە مىلان شەھىرىگە ھۇجۇم قىلماقچى، شۇڭا گازارمىدا يەنە بىر ئۇيقۇسىز كېچە باشلاندى.

ناپولېئون قەدىمكى رىمنىڭ غالىب باش قوماندانىغا تەقلىد قىلىپ، ئەسىرلەرنى ئالدىغا سېلىپ ماڭدى. ئەسىرلەر بۇرۇنقى زاماندىكىدەك كىشەنلەنگەن ئەمەس ئىدى. ئارقىسىدىن داڭلىق بەش يۈز چەۋەنداز ماڭدى. يۈزلىگەن كىيىنگەن قوشۇنلارنى تولا كۆرۈپ ئادەتلىنىپ كەتكەن مىلان ئاھالىسى ماغدۇرىدىن كەتكەن ئاتلارغا مىنىشىۋالغان، چارچاپ ھالىدىن كەتكەن، كىيىملىرى كىرلىشىپ، ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن فىرانسىيە قوشۇنلىرىنى كۆرۈپ تاڭ قالدى؛ كىچىككىنە بىر ئورۇق ئاق ئاتقا مىنىۋالغان، ھارغىنلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرغان قوماندانىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران بولۇپ ئاغزىنى ئېچىشقىنىچە تۇرۇپ قېلىشتى. قۇياش ئىللىق نۇرىنى سېپىپ تۇرغان، مەيىن شامال يۈزلەرنى سىيپاپ جانغا راھەت بەخش ئېتىپ تۇرغان باھار كۈنلىرىدە بۇ قوشۇن نەقەدەر خۇنۇك كۆرۈنىدۇ - ھە ! ياشانغان ئارخېئېپىسكوپ گىراف، كىنەزلەرنى باشلاپ شەھەر دەرۋازىسىغىچە بېرىپ كۈتۈۋالغىنىدا، ناپولېئون ئېتىدىن سەكرەپ چۈشتى ھەمدە كۈتۈۋېلىش ئۆمىكىنىڭ ئالدىغىراق بېرىپ، ئۆزىنى زومۇزور ئەدەپلىك تۇتۇپ، كىشىلەرنىڭ قارشى ئېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن قىلغان سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ تۇردى. ئاندىن ئۆزىنىڭ جاۋابەن سۆز قىلىشىغا تەلمۈرۈپ تۇرۇشقان كىشىلەرگە قاراپ بىرقانچە سېكۇنت سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن پەقەت بىر ئېغىز سۆز قىلىپ:

— فىرانسىيە لومباردىلىقلارنى ئۆزىگە دوست تۇتىدۇ، —

دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئېتىغا مىنىپ، كىشىلەرگە سالام بەرگەچ يولىنى داۋام قىلدى.

ئەربابلارمۇ، ئاۋام خەلقمۇ ئىنتايىن تەسىرلەندى، ئەمما قانلىرى قىزىپ كەتمىدى، بەلكى ھەيرانلىقتىن تاڭلىيىنى چېكىپ قېلىشتى. بۇ ھۆكۈمران ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ تەكەببۇرلۇق قىلمايتتى، ئەمما كەسكىن بولۇپ، باشقىلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋالىدىغان كۆرۈنمەس بىر خىسلەتكە ئىگە ئىدى. بېشىدىن بۇنداق ئىش ئۆتۈپ باقمىغان ناپولېئون مۇشۇنداق ئۇنۇمگە ئېرىششنى ئالدىنئالا كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان بولغىيمىدى؟ ئويۇن ئويناۋاتقاندىمۇ يا؟ ئەگەر راستلا شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، بۇنىڭدىن ناپولېئوننىڭ خەلقنىڭ روھىي ھالىتىنى نەقەدەر چۇشىنىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكىلى بولىدۇ. دېمەك، خەلقنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئېپىنى ئوبدان بىلەتتى.

بىراق، ئۇ كۆڭلى پەرىشاندەك، ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى.

بۇ باش قوماندان ئارخىئېپىسكوپىنىڭ ئوردىسىدا بىرپەس دەم ئالدى ۋە يۇيۇنۇۋالدى. ئىسسىق سۇدا يۇيۇنۇش جىددىيلىشىپ كەتكەن نېرۋىلىرىنى بوشىتىدىغان ئەڭ ئۇنۇملۈك دەم ئېلىش ئۇسۇلى ئىدى. ئۇ ئۆزى ئۇچۇن ئۆتكۈزۈلگەن كەچكى زىياپەتتە مەردانە نۇتۇق سۆزلىدى:

ــــ سىلەر ھۆر بولىسىلەر، شۇنداق، فىرانسۇزلاردىنمۇ بەختەر ياشايسىلەر. مىلان بەش مىليون نوپۇسقا ئىگە يېڭى جۇمھۇرىيەتنىڭ پايتەختى بولۇپ قالىدۇ، سىلەر بەش يۈز زەمبىرەككە ۋە فىرانسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشىسىلەر، مەن ئىچىڭلاردىن ئەللىك ئادەم تاللاپ ھۆكۈمەت تەشكىللەيمەن، بۇ ھۆكۈمەت فىرانسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ نامىدا بۇ دۆلەتنى ئىدارە قىلىدۇ، فىرانسىيەنىڭ قانۇننى ئۆرپ ـ

ئادىتىڭلارغا بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىدۇ، ئۆز ھوقۇقۇڭلارنى يۈرگۈزىدۇ. ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىپ ئىتتىپاق ئۆتۈڭلار، ھەممە ئىشىڭلار ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، مېنىڭ ئارزۇيۇم شۇ. ئالدىڭلاردا داغدۇغىلىق قەسەم بېرىمەنكى، ئەگەر ئاۋستىرىيەلىكلەر لومباردىغا يەنە بېسىپ كىرىشكە پېتىنىدىغان بولسا، مەن سىلەرنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيمەن، ئېغىر كۈنلەردىمۇ سىلەر بىلەن بىللە بولۇپ، بۇ دىيارنى جان تىكىپ قوغدايمەن! ئەگەر بۇ دىيار مۇنقەرز بولسا، مەنمۇ بۇ ئالەمدە ياشىمايمەن. جاھاندا تارقىمايدىغان زىياپەت بولمايدۇ، سىپارتا بىلەن ئافىناغىمۇ زامان ئاخىر بولغانغۇ؟

بىز بۇ ھۆكۈمرانىنىڭ نۇتقىدىن شۇنىڭدىن كېيىنكى يىگىرمە يىلدا نۇتۇق سۆزلەش ۋە ئالاقە ئەۋەتىش ۋاسىتىسى ئارقىلىق ياۋروپا روھىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ بارلىق ئامىلىنى بىلىپ يېتەلەيمىز.

ماي ئېيىنىڭ بىر كېچىسى گۈزەل شەھەر مىلاندا تۇنبويى ساليۇت ئېتىلىپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن نەغمە ـ ناۋا ياڭراپ تۇراتتى. فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ ياشقىنا باش قوماندانى سېربېللون قەسرىگە كىرىپ جايلاشتى. شۇ تاپتا دېرىزە ئالدىدا قانداقتۇر ئويلارغا پاتقىنىچە يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ سۈكۈتتە تۇراتتى. زىياپەت تارقىغان، باللىق چاغلىرىدىكى تەختكە ئولتۇرۇشتىن ئىبارەت ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بۈگۈنكى كۈندە ئەمەلگە ئاشقان، تەختكە يېڭى ئولتۇرغان چاغدىكى يېڭىلىق تۇيغۇسى ئەمدىلىكتە غايىب بولغانىدى. ئەمدى نېمىلەرنى ئويلاۋاتقاندۇ؟ مۇراد ـ مەقسىتى ھاسىل بولغاندىن كېيىن ئەمدى ياقىغا چىقماقچى بولۇۋاتامدىغاندۇ ياكى باتۇرلۇق بىلەن غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلىمەكچى بولۇۋاتامدىغاندۇ؟

— سېنىڭچە، پارىژ بىزگە قانداق قارايدىغاندۇ ـ ھە؟ —

سورىدى ئۇ كانۋىيىدىن، — ئۇلارنىڭ كۆڭلى قانائەت تاپقان بولسا، باشقا تەلىپى قالمىغاندىمۇ؟

مارمىنت ئادەتتىكى تەپەككۇر ئۇسۇلى بويىچە جاۋاب بەرگىنىدە، باش قوماندان لەپپىدە بىر قاراپ قويدى. ئېنىقكى، بۇ جاۋابتىن رازى بولمىغانىدى.

— ھازىرغىچە پارىژ تېخى ھېچنېمىنى كۆرمىدى ! — دېدى باش قوماندان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — كەلگۈسىدە غەلىبىمىز كۆپ بولىدۇ، تېخى. ئامەت ئىلاھى مېنى تويماس، نەپسانىيەتچى ئىكەن دەپ زاڭلىق قىلىپمۇ كەتمەيدۇ، مېنىڭمۇ ئۇنىڭدىن پەرۋايىم پەلەك. ئۇنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن ئىلتىپاتى قانچىكى كۆپەيسە، مېنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنىممۇ شۇنچە كۆپىيىۋېرىدۇ. بىز بىرقانچە كۈن ئىچىدە ئادىگې دەرياسىغا يېتىپ بارىمىز. شۇنداق بولغاندا پۈتۈن ئىتالىيە ئايىغىمىز ئاستىدا بولىدۇ. ئېھتىمال، ئۇ يەرنىمۇ تاشلاپ ئىلگىرىلەۋېرەرمىز. زامانىمىزدا تېخى ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇدەك ئادەم چىقمىدى، ئۆزۈم ۋۇجۇدقا چىقارمىسام ھېساب ئەمەس.

## تۆتىنچى، بىۋاپا جانان

ناپولېئون سىربىللون قەسىرىدىكى ئېگىز تۆشەكتە ھۇزۇرلىنىپ ياتماقتا ئىدى، ئۇ ئۆمرىدە مۇنچە راھەت ئورۇندا يېتىپ باقمىغانىدى. روشەنكى، بۇ تۆشەك يالغۇز ياتسا بەك كەڭرىلىك قىلاتتى ! يوسېفىن شۇ تاپتا نەدىدۇ؟

يوسېفىنىسىز تاجۇ تەخت ۋە زەپەرنىڭ، ساليۇت ۋە تۇغ ـ ئەلەمنىڭ نە كېرىكى؟ كۆڭلى بۆلۈنۈپ، ياتقا كۆڭۈل بېرىپ يۈرگەنمىدۇ؟ ناپولېئون تەنھالىقتا ئۇ ياققا ئۆرۈلۈپ، بۇ ياققا

ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمايتتى.

دەسلەپتە ھەتتا نۇرغۇن جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، نۇرغۇن قېتىم ئوق يامغۇرى ئىچىدىن تىرىك چىققان پىشقەدەم سەردارلارمۇ ناپولېئونغا ھۆرمەت كۆرسىتەتتى. بىراق، ناپولېئون ھۆكۈمەت ئىشى ئۈستىدىكى مۇزاكىرىلەردىمۇ دائىم رەپىقىسىنىڭ سۈرىتىنى كۆتۈرۈۋېلىپ خەققە دالاپ بېرەتتى، بۇ ھال سەردار ـ سەركەردىلەرنىڭ كۆزىگە پەقەتلا سىغمىدى. «تېزرەك كېلىڭ، بولامدۇ؟ ـــ دەيتتى ئۇ يوسېفىنىغا كۈندە بىر پارچە دېگۈدەك يازىدىغان خەتلىرىدە، ـــ كۆكرىكىمگە باش قويۇپ، باغرىمغا چۆكۈپ، مېنى مەھكەم قۇچاقلىشىڭىزغا ئىنتىزارمەن. بولۇڭ، قېشىمغا ئۇچۇپلا كېلىڭ!» ناپولېئون ئۇنىڭ شاختىن ـ شاخقا قونۇپ يۈرىدىغان ئۇجمە كۆڭۈللۈكىنى بىلەتتى. بىراق، ئۇنىڭ كېلىشىگە توسالغۇ بولۇۋاتقان زادى نېمىدۇ؟ شۇ تاپتا ناپولېئوننىڭ ئۇلۇغۋار ئىرادىسى بوشاپ، كۆڭلى ئىس ـ تۈتەك قاپلىغان جەڭگاھلاردىن يوسېفىنىنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ باردى. بۇ ھەشەمەتلىك كۆركەم قەسىر ساھىبجامال يوسېفىنىنىڭ تەۋرىنىپ تۇرغان كۆڭلىنى تۇتۇپ قالالايدۇ، بۇ يەر ئۇلارنىڭ بىر ياستۇقتا باش قويۇپ مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن ئۆتىدىغان ماكانى بولۇشقا يارايدۇ.

بىراق، بۇ ئۇلۇغ قوماندان بارلىق ھىيلە ـ مىكرىنى ئىشقا سالغان بولسىمۇ، يوسېفىنىنىڭ ئۆزىدىن شۇنچە يىراقلىشىپ كېتەرىنى كۈتمىگەنىدى. يوسېفىن كۆپ يىلدىن بۇيان خۇپىيانە سالاھىيىتى بىلەن پارىژنىڭ يۇقىرى قاتلام جامائىتىگە قوشۇلۇۋېلىپ ئۆتكەن، ئەمدىلىكتە بولسا قانۇنىي يوسۇندا نامى تىللاردا داستان باش قوماندانىنىڭ رەپىقىسى بولۇپ قالغانىدى. بۇ پەتەك گېنېرال راستىلا چىن مۇھەببىتى بىلەن ماڭا تەگدى دەپ قالغانمىدۇ؟ ئۆزى قولىغا چۈشۈرگەن تۇنجى بايراق پارىژغا

يەتكۈزۈلگەندە، يوسىفنىڭ پەيتوندا ئۇلتۇرغىنىچە ئادەم قاينىمى ئىچىدە ئۈزۈپ، كىشىلەرنىڭ تەنتەنە سادالىرىنىڭ پەيزىنى سۈردى. شۇڭا، ئۇ پارىژدا تۇرغىنىم يات ئەلدىكى خەقنىڭ شەھرىدە يۈرگىنىمدىن، ھەر كۈنى ئاشۇ پاسكىنا، تومپاي لەشكەرلەر بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگىنىمدىن مىڭ ياخشى، دەپ ئويلايتتى. يوسىفنىڭ ناپولېئونغا پەقەتلا خەت يېزىپ باقمىدى، ناپولېئون بولسا بارغانسېرى كۆچلۈك تەقەززالىق ۋە ئىنتىزارلىق بىلەن يازاتتى. بىر پارچە خېتىدە: «يەنە يېڭى يار تۇتۇۋالغانسىزمۇ؟ ئۇن توققۇز ياشلىق ئاقپىشمادۇ؟ ئەگەر راستىلا شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئاتىللانىڭ تۆمۈر مۇشتىدىن ئاگاھ بولۇڭ !» دېگەنىدى تېخى.

يوسىفنىڭ بۇ گەپكە مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، دوستى تالىئېنغا: «بوناپارت تازىمۇ قىزىق ئىكەن» دېدى.

بىراق، يوسىفنىڭ ھەربىي گازارمىنىڭ خەتەرلىك ۋە ئىپلاس ئىكەنلىكىنى باھانە قىلىپ مۇشۇنداق كېتىۋەرسە بولمايتتى. شۇڭا ئاخىر ناپولېئونغا بىر پارچە خەت يازدى. خېتىدە ئاز - تولا ھۈنەر ئىشلىتىپ، بۇيۇمدا قالغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ يالغان ئېيتتى.

ئاغزىڭىزغا ناۋات ! ئەجەبا بۇ ئىلاھلارنىڭ ناپولېئونغا مەدەتكار بولۇپ خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق بەخش ئەتكىنىمىدۇ؟ ئەۋلادىنىڭ يوقلۇقى ناپولېئوننىڭ كەينى - كەينىدىن نۇسرەت قازىنىپ، زەپەر مارشىنى ياڭراتقىنىدىن كېيىنكى بىردىنبىر يېتەلمىگەن ئارمىنى ئىدى. چۈنكى، تەقدىر يۇقىرى پەللىگە ئىنتىلگەنسېرى، يوسىفىندىن پەرزەنتلىك بولۇشقا شۇنچە تەشنا بولۇپ كەلگەنىدى. بىراق، بۈيۈك ئىستراتېگىيەسى تۈزۈلۈپ بولغىنى بىلەن تامام غەلىبىگە ئېرىشكىنى يوق، يېڭى بىر خەۋپ يوشۇرۇنۇپ ياتماقتا.

ناپولېئوننىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى، راستىمىدۇ؟ راستلا مېنىڭ ئۆز بالامىدۇ؟

باش قوماندان مەخسۇس قەغىزىگە تونۇغۇسىز قاغا پۇتى خەتلىرى بىلەن مۇنداق يازدى:

ئەيىبلىكمەن ! سىزدىن بىكارلا ئاغرىنىپتىمەن. تاۋىڭىز يوق ئىكەن ئەمەسمۇ، مۇھەببەت ئەقلىمدىن ئاداشتۇرۇپتۇ. ئەپۇ قىلىڭ، بېشىم ئايلىنىپ ئاق ـ قارىنى ئايرىيالماس بولۇپ قالدىم... ھاياتىم يېشىمى يوق بىر قاباھەتلىك چۈشكە ئوخشايدۇ، ئەنسىز تۈيغۇلار نەپسىمنى سىقىپ، جېنىمنى ھەلقۇمىغا يەتكۈزدى. ماڭا ئون ۋاراق توشقۇدەك خەت يېزىڭ، خەستە كۆڭلۈمگە تەسەللى بولغۇدەك بىردىنبىر نەرسە شۇ. مېنى شۇ قەدەر سۆيىدىكەنسىز، تاۋىڭىز يوق، مەن بولسام يېنىڭىزدا ئەمەس... ئۆزىڭىزدەكلا ئوماققىنا بىر بوۋاق ۋۇجۇدىڭىزدا ياتىدۇ ! ئاھ، ئەگەر بىر كۈن بولسىمۇ يېنىڭىزدا تۇرۇشۇم مۇمكىن بولغان بولسا، نەقەدەر بەختلىك بولغان بولاتتىم ـ ھە... ئۆزىڭىزگە مەلۇم، ئىچىمگە ھېچنېمە سىغمايدۇ، باشقا ئەر بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇشۇپ يۈرگىنىڭىزنى كۆرۈپلا قالىدىغان بولسام، ئاشۇ ئەرنى شۇ ئان قىيما ـ چىيما قىلىپ كۆلىنى كۆككە سورۇيمەن !

مۇشكۈلاتتا قالغان يوسېفىنىغا كىممۇ ياردەم بېرەلەر؟ قان ھامان سۇدىن قويۇق بولىدۇ، مۇشۇنداق چاغلاردا دوستلۇق ئەمەس، قان ـ قېرىنداشلىق ئەسقاتىدۇ. «ھازىر مەن قاتتىق ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالدىم، — دەپ يازدى ناپولېئون يەنە شۇ كۈنى ئاكىسى يوسېفقا ئەۋەتمەكچى بولغان خېتىدە، — يوسېفىن ئاغرىپ قاپتۇ، قويغان ـ تۇتقىنىمنى بىلمەس بولۇپ قالدىم، چۇشۇم بۇزۇلۇپ كۆڭلۈمنىڭ ئارامى بولمايۋاتىدۇ... يوسېفىنغا ياردەمدە بولغىن، خۇددى مەن ياردەمدە بولغاندەكلا... يوسېفىنغا

نەقەدەر كۆڭلۈم بارلىقىنى ئوبدان بىلسەن، ئۇنىڭسىز ياشىيالمايمەن... ئۇنى بۇ يەرگە كېلىشكە دەۋەت قىلغىن...»

ناپولېئون يەنە شۇ كۈنى قوشۇنغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، بىرتخېرنى ئالېكساندرىيە ئۆلكىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇدى؛ هۆكۈمەتنىڭ كاتىباشلىرىغا جىددىي ياردەم سوراپ خەت يازدى؛ فىرانسىيە لەشكەرلىرىنىڭ قىرغىن قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژېنوۋا سېناتىغا مۇراتنى ئەۋەتىپ ئولتىماتوم تاپشۇردى؛ هېلىمۇ ژېنوۋادا تۇرۇۋاتقان بىرقانچە زەمبىرەكنى سېتىش لايىھەسىنىڭ كوپىيەسىنى يازدى؛ مارسېنانى ۋېنتسىيەنىڭ قورال - ياراغ ئىسكىلاتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا بۇيرۇدى؛ لاننېسنى ئەمدى ئالغا ئىلگىرىلىمەي توختاشقا بۇيرۇدى؛ بارلىق گۇماندارلارنى توسكاناغا ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى؛ بىر دىۋىزىيەنى تولونغا ياردەمگە ئاتلىنىشقا بۇيرۇدى؛ گېنېرال كېللېرمانغا پۇل ۋە قوشۇنلارنىڭ يولغا چىققانلىقى توغرۇلۇق ئالاقە ئەۋەتتى.

ناپولېئون ئاكىسىغا يازغان خېتىنىڭ ئۇنۇمىنى كۆردى، يوسېف يوسېفىننى ئۆزى بىلەن بىللە مىلانغا بېرىشقا دەۋەت قىلدى. يوسېفىن ئەمدى يەنە بارماسلىققا باهانە تاپالايتتىمۇ ! ئۇ پەقەت ئۇلۇغ - كىچىك تىنىغىنىچە تەييارلىق قىلدى. لىيۇكسېمبۇرگ قەسرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئۇزىتىش زىياپىتىدە يامغۇردەك ياش تۆكتى، ئاندىن پەيتونغا چۈشۈپ پارىژدىن كۆزى قىيمىغان هالدا ئايرىلدى. يوسېفىنغا مۇنچە قىلىپ كېتىشنىڭمۇ هاجىتى يوق ئىدى. چەبدەس جونېۋ، شۇنداقلا «تەقدىر» ئاتلىق پىستە كۈچۈكىمۇ بىللە ئىدى، بۇلاردىن باشقا يېڭىلا تونۇشقان چارلىز ئىپبولتمۇ بار ئىدى. يېرىم - يارتا بولسىمۇ ئەمەللىك بولۇپ قېلىشنىڭ كويىدىمۇ ياكى مۇھەببەت پىراقىدىمۇ، ئىشقىلىپ يوسېفىننىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە ئىدى.

ئۇلار مىلانغا يېتىپ كەلگەندە ناپولېئون يوق ئىدى، ۋېرونادا يەنە ئۇرۇش بولۇۋاتامدىغاندۇ؟ كېرەك يوق، بۇ ھەشەمەتلىك ئوردىدا يوسېفىنغا ھەركىم تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ ھال - ئەھۋال سوراپ تۇراتتى، ئىپپولىت بۇ ئوردىدا بىمالال، بەھۇزۇر، بەخىرامان بىر ھالدا ئۇياق - بۇياق مېڭىپ يۈرۈۋېرەتتى، مەزمۇت قەدەملىرى بىلەن ماڭغىنىدا يېنىدىكى شەمشىرى شاراقشىپ تۇراتتى. شۇغىنىسى بۇ يەردە پايلاقچى بولۇشى مۇمكىن ئىدى، يەنىلا ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرمىسە بولمايتتى. بىراق، ئىپپولت ھېچكىم بىلمەيدىغان خۇپىيانە بىر كىچىك يولنى بىلىۋالغانىدى...

باش قوماندانىنى ۋېرونادىن قايتىپ كەپتۇ دەپ خەۋەر كەلدى. ئۇلار كۆرۈشتى، يوسېفىن توپتوغرا ئىككى كېچە - كۈندۈز يانار تاغدىن پارتلاپ چىققان ماگما ئىچىگە غەرق بولدى...

## بەشىنچى، جەڭگاھتا يېزىلغان ئوتلۇق خەتلەر

ئاۋستىرىيە پادىشاھى فىرانسىس ئۆز ئارمىيەسىنىڭ قوماندانىغا ناپولېئون قورشاۋغا ئالغان مۇھىم قەلئە مانتۇئادىن قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىش توغرىسىدا ئۈچ قېتىم پەرمان چۈشۈردى. قېرى قوماندان ۋۇرمسېر باشچىلىقىدىكى يەنە بىر بۆلەك قوشۇن گاردا كۆلىنى بويلاپ كېلىپ فىرانسىيە قوشۇنىنى چېكىندۈردى. بوناپارت ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇپ ۋاقىتىنچە مانتۇئاغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىدىن ۋاز كەچمىسە بولمايتتى. بىراق، بۇ چاغدا دۈشمەن مىلانغا چېكىنىش يولىنى قامال قىلىۋالغانىدى. بۇ بىر قېتىملىق خەۋپلىك قايتۇرما ھۇجۇم بولۇپ، فىرانسىيە قوشۇنى خەتەرلىك ئەھۋالدا ئىدى. مىلاندىن چاقماق تېزلىكىدە قايتىپ كەلگەن ناپولېئون يەتتىنچى ئاينىڭ

تومۇز ئىسسىقىغا پەرۋا قىلماي تۇزلەڭلىكتىن ئاتلىق ئۆتۈپ، ئۆز قوشۇنلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە بارلىق ئەسكىرىي كۈچىنى يىغدى. بۇ ئىنتايىن خەۋپلىك، شۇنداقلا ئىنتايىن قاتىلاك بىر مەزگىل ئىدى.

ناپولېئون شۇنداق كۆڭلەرنىڭ بىرىدە يوسېفىنغا خەت يازدى. «سىزدىن ئايرىلغاندىن بۇيان كۆڭلىرىم ھەسرەت ئىچىدە ئۆتتى، — دېدى ناپولېئون خېتىدە، — يېنىمدا بولمىسىڭىز بەخت ماڭا يار بولمايدىكەن. ئىسسىق لەۋلىرىڭىزنى، تۆككەن ياشلىرىڭىزنى، تاتلىقىنا كۆڭلەشلىرىڭىزنى كۆنبويى ئويلاپ چىقىمەن. تەڭداشسىز گۈزەللىكىڭىز بىلەن يۈرىكىمگە ئۆچمەس ئوت سالغانسىز. مەسئۇلىيەت ۋە خىزمەتنىڭ ئىسكەنجىسىدىن بوشىنىپ، كۆڭلىرىمنى يېنىڭىزدا سىزنى سۆيۈشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلماي ئەركىن ئۆتكۈزگۈدەك چاغلىرىممۇ بولار ـ ھە؟... سىز بىلەن تونۇشقىنىمدىن بۇيان سىزگە بولغان ھۆرمىتىم، مەھلىيالىقىم كۈنسايىن ئېشىپ باردى... تۆكۈلگەن ياشلىرىڭىزنى ئويلىسام قانلىرىم قايناپ تاشىدۇ. پاتراق يېنىمغا كېلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، بىز بۇ دۇنيادىن كېتىش ئالدىدا نۇرغۇن دەملىرىمىز شادلىق ئىچىدە ئۆتكەن، دېيەلەيمىز! سىزنى ۋە ھېلىقى كەپسىز «تەقدىر»ىڭىزنى مىڭلارچە سۆيۈپ!»

باش قوماندانىنىڭ خانىمى يوسېفىن جەڭگاھنى ئىس ـ تۈتەك قاپلىغان مەزگىلدە بىرېشىيەگە ۋاقتىنچە يولغا سېلىپ قويۇلغانىدى. بىراق، بۇ يەرگە كېلىپلا مىلانغا ئايرىپ قويۇلدى. چۈنكى، ئۇ يەردە يېڭى لەشكەرلەر بىلەن ئەسىرگە چۈشۈپ قالغىلى تاس قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ناپولېئوننىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشقا ئەمدى ئوبدان باھانە چىققانىدى.

ناپولېئون مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە جاسارىتى ۋە ئىشەنچىنى بىر نەچچە سائەت بولسىمۇ تۇنجى قېتىم يوقىتىپ قويدى. ئۇ

بىرقارارغا كېلەلمەي، سەركەردىلىرىنى تالڭ قالدۇرۇپ يىغىن ئاچتى. ئۇ بۇنداق خەۋپلىك ئەھۋالدا پو دەرياسىنىڭ قېشىغا چېكىنىپ مۇداپىئەگە ئۆتكەن تۈزۈك دەپ قارايتتى. بىراق، تەنتەك ئاۋگېرو مەيدىسىگە ئۇرۇپ: «شۆھرىتىمىز ئۈچۈن بولسىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتىمىز» دەپ تۇۋلىغان پېتى ئۇقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى. باشقىلارنىڭ پىكرىمۇ بىردەك ئەمەس ئىدى. ناپولېئون بۇ قارارىنى مۇزاكىرىگە قويۇشتىن ۋاقتىنچە يالتايدى.

ناپولېئون ئاخىرقى قارارىنى چىقىرىش ئالدىدا كىچىككىنە ھۇجرىسىدا خەرىتىگە قادىلىپ ئولتۇرۇپ ئويلانماقتا ئىدى. شامنى ئايلىنىپ پىلدىرلاپ ئۇچۇپ يۈرگەن بىر پەرۋانە ئاخىر ئۆزىنى ئوتقا تاشلىدى. تومۇز ئايلىرىنىڭ بۇ كېچىسى ھاۋا ناھايىتى دىمىق ئىدى، سىرتتىن نەرە سادالىرى ۋە ھۇجۇم چۇقانلىرى كېلىپ تۇراتتى. «ئەتە لومباردىنى ساقلاپ قېلىش - قالالماسلىقىمىز بەلگىلىنىدۇ، — دەپ ئويلىدى ناپولېئون، — ئېھتىمال، شۆھرىتىم ۋە تەقدىرىم بەلگىلىنىدىغان پەيت يېتىپ كەلگەندۇ، بارىمنى دوغا تىكسەم بولارمۇ - بولماسمۇ؟ يوسېفىن شۇ تاپتا ھېلىقى يوغان كارىۋاتتا يېتىپ ئۇخلاۋاتقاندۇ، بەلكىم كۆڭلىنى مەھلىيا قىلىۋالغان بىرەر سۆلەتۋاز بايۋەچچىنىڭ قوينىدا تاتلىق كۈلۈپ ياتقاندۇ.»

ناپولېئون ئاخىر ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇرۇش قارارىغا كەلدى. ئەتىسى سىدۋېي قورغىنى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى.

«ئۈچ كۈن بولدى، سىزدىن ھېچ ئۇچۇر يوق، مەن بولسام سىزگە ھەر كۈنى خەت يېزىۋاتىمەن. ئاھ، ھىجران دەردى، ئۇزاق كېچىلەرنى، مەنسىز كۈنلەرنى بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزمەكتىمەن» دېدى ئۇ يوسېفىنغا يازغان خېتىدە. بۇ چاغدا

يوسىفىن پارىژدىكى دوستى تالسىيېن خانىمغا خەت يېزىپ: «ئىچىم پۇشۇپ ئۆلەي دېدىم» دەپ زارلاندى. ناپولېئون جەڭ قىلىش ۋە غەلىبە قازىنىش ھەلەكچىلىكىدە چېپىپ يۈرەتتى، يوسىفىن بولسا زىياپەتلەرگە بېرىش، كىشىلەرنىڭ ھۆرمەت ـ ئېھتىراملىرىنى قوبۇل قىلىش ھەلەكچىلىكىدە قاتىلاڭ ئىدى. ھەر ئىككىسى ھاياتتىن ـــ ناپولېئون يوسىفىندىن بەك يىراق جايدا بولغانلىقى، يوسىفىن بولسا ناپولېئونغا بەك يېقىن جايدا بولغانلىقى ئۈچۈن بىزار ئىدى. ناپولېئون ئۈچ كۈندىن كېيىن يوسىفىنغا يەنە خەت يېزىپ: «سۆيۈملۈكۈم، دۈشمەن مەغلۇپ بولدى، ئون سەككىز مىڭ كىشى ئەسىرگە چۈشتى، باشقىلىرىنىڭ ئۆلگىنى ئۆلدى، قالغىنى يارىدار بولدى، ۋۇرمسېردا بىز ئالمىغان مانتۇئالا قالدى. ھىچقاچان مۇنچە شانلىق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ باقمىغاندۇق: فىرانسىيە ئىتالىيەنى، فىرولېنى، تىرولېنى قوغداپ قالدى. پات ئارىدا ۋىسالىڭىزغا يەتكەيمەن، بۇ مېنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىقىم ۋە كۆرسەتكەن خىزمىتىمگە بېرىلگەن ئىنئامدۇر. سىزنى مىڭنى سۆيۈپ !» دېدى.

بۇ باش قوماندان ھەربىر مىنۇت بوش ۋاقتىنىمۇ بىكار ئۆتكۈزۈۋەتمەستىن سىياسىي پائالىيەت بىلەن مەشغۇل بولاتتى. مودېناغا جىمى ئىتتىپاقداش ئەللەرنىڭ ۋەكىللىرىنى، جۈملىدىن، بولۇننا پالاتاسىنىڭ ئەزالىرىنىمۇ چاقىرىپ يىغىن ئاچتى ھەمدە تەبرىكلەش خاراكتېرىدىكى بۇ يىغىندا ئۇلارغا بىر ئاساسىي قانۇن بەلگىلەپ بەردى، ئۇلار بۇ ئاساسىي قانۇنغا ئاساسلىنىپ ئۆز ئالدىغا جۇمھۇرىيەت قۇرسا بولاتتى.

«خېتىڭىز مۇزدەك سوغۇق، ـــ دېدى ناپولېئون شۇ كۈنى ئەتىگىنى يوسىفىنغا يازغان خېتىدە، ـــ خېتىڭىزنى خۇددى ئۆي تۇتقىنىمىزغا يېرىم ئەسىر بولغاندەك بىر ۋەزىنىدە دوستلۇق،

قىش كۈنلىرى دېگەندەك گەپلەر بىلەن تولدۇرۇۋېتىپسىز، بەكمۇ رەھىمسىز ئىكەنسىز! خوش، شۇنداق بولۇشىنى تىلەيمەن، قەلبىمدە ئاغرىنىشتىن باشقا ھېسسىيات دېگەندىن ئەسەرمۇ قالمىدى. غەمكىن كۆزلىرىمگە، مۇزلىغان يۈرىكىمگە، روھسىز سىياقىمغا بىر قارىۋېتىڭا... بۇرۇنقىدەكلا مۇلايىم قەلبىمدە مىڭنى سۆيۈپ!»

يېڭى بۆھران ناپولېئوننى شىمالغا چاقىرىپ ئېلىپ كەتتى. ناپولېئون شۇ يەردە جەڭگە ئاتلاندى، ئەمما مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. نويابىرنىڭ مۇشەققەتلىك ئاشۇ بىرقانچە ھەپتىسىدە ناپولېئوننىڭ تەقدىرى تېخى بەلگىلەنمىگەنىدى، ئەمما يوسېفىنىدىن كۆڭلىگە ئارام بەرگۈدەك بىرەر ئېغىز تاتلىق سۆزگىمۇ ئېرىشەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سادىق دوستلىرىدىن بىرى ناپولېئونغا خانىمىنىڭ مىلاندا ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئويناۋاتقانلىقىنى ئېھتىيات بىلەن يۇرستىپ قويدى. ناپولېئون كارتىزلو جېڭىدە مەغلۇپ بولغان كۈنىنىڭ ئەتىسى پارىژغا ئەمەلگە ئېشىشىدىن ئۈمىد كۈتەلمىسىمۇ ياردەم سوراپ مەكتۇپ ئەۋەتتى.

كىشىلەر داۋالغۇش ئىچىدە جەسۇرلۇقىنى يوقىتىپ، بۇ باش قوماندانىنىڭ بىقىنىغا كىرىۋالغانىدى. ناپولېئون ئاركولا جېڭى باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان شۇ كۈنلەردە ئويلىنىدىغان ئىشلارنىڭ تولىلىقىدىن بىر كاللىسىنى ئون قىلالماي قالدى. بىر كۈنى ئاخشىمى يوسېفىنىغا ئىنتايىن ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ھەسرەت بىلەن: «سىزدىن كۆڭلۈم قالدى، لەنەت سىزگە! نەقەدەر سەت، دۆت ۋە قەبىھسىز. ماڭا — سۆيۈملۈك ئېرىڭىزگە خەت يازمىدىڭىز، كۆڭۈلمۇ بەرمىدىڭىز. ئەزىزىم، كۈنبويى نېمە ئىشلار بىلەن بولۇۋاتىسىز؟ قانداق مۇھىم ئىش ۋاقتىڭىزنى — ئېرىڭىزگە خەت يازىدىغان ۋاقتىڭىزنى ئىگىلىۋالدى؟...

ئېرىڭىزگە خەت يازدۇرمايۋاتقان ئاشىقىڭىز كىمدۇ؟ يوسېفىن، پەخەس بولۇڭ، شېرىن كېچىلەرنىڭ بىرىدە ئىشىكىڭىز تاراقىدە ئېچىلىپ، ئالدىڭىزدا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قالماي يەنە. چاقچاقىم ئەمەس بۇ، سۆيۈملۈكۈم، سۆيگۈ بىلەن سۇغىرىلغان ساق تۆت ۋاراق خەت يېزىڭ، خەستە كۆڭلۈم شادلىق ۋە بەختكە تولسۇن. ئاز كۈندە سىزنى باغرىمغا باسىمەن ھەمدە سىزنى ئېكۋاتور قۇياشىدەك قىزىق لەۋلىرىم بىلەن مىليونلاپ سۆيۈشلەرگە كۆمۈۋېتىمەن!»

ناپولېئوننىڭ كۆڭلى بەك پەرىشان ئىدى، يوسېفىنىنىڭ ھېلىمۇ ئۆزىگە سادىق ياكى ئەمەسلىكى نامەلۇم. ناۋادا ۋاپاسىزلىق قىلغان بولسا، بۇ ئىش ناپولېئون ئۈچۈن شۇ قەدەر بەختسىزلىك ئىدى. ناپولېئون ئىچ ـ ئىچىدىن شۇنداق بىر ئېغىر خەۋپنى تۇيۇپ تۇراتتىكى، خۇددى جەڭگاھتا تۇرۇۋاتقاندەك مەسئۇلىيەت، ئەندىشە ۋە داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقان تۇيغۇلىرى گىرەلىشىپ قەلبىنى چىرماپ ئارامىنى بۇزاتتى. ئېھتىمال، بۈگۈن خۇسۇسىي تۇرمۇشىدا ھاقارەتكە قالغاندۇ، ئەتە ـ ئۆگۈن جەڭگاھتىمۇ ھاقارەتكە ئۇچرىشى مۇمكىن. بىراق، بۇنىڭلىق بىلەن دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئارزۇسىدىن يالتايغىنى يوق. شۇ كۈنلەردە لەشكەرلەر ئىچىدە ئۆلۈۋېلىش ۋەقەلىرى يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتاتتى، ناپولېئون شۇ مۇناسىۋەت بىلەن «ھەربىيلەر روھىي ئازاب ۋە ھەسرەت ئۈستىدىن غالىب كېلىشى شەرت» دەپ پەرمان چۈشۈردى.

ناپولېئون ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە خېتىنى يېزىپ ئىككى كۈندىن كېيىن ئاركولا ئەتراپىدىكى ئادىگې دەرياسى كۆۋرۈكىدە تۇرۇپ جەڭگە قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. دۈشمەن قوشۇنى بۇ چاغدا كۆۋرۈكنى توپقا تۇتۇشقا باشلىدى، فىرانسىيە قوشۇنى چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. دەريادىن زورمۇزور ئۆتكىلى

بولمايدىغاندەك ئىدى. ناپولېئون ئاخىر لەشكەرلىرىنى يېڭىباشتىن يىغىلىپ هۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇدى.

— گېنېرال، ئالدىغا ماڭماڭ! پارتلاپ كېتىسىز، بىزمۇ تۈگىشىمىز! — توۋلاشتى قوشۇندىكىلەر.

ناپولېئوننىڭ يان تەرىپىدە تۇرغان مارمېنت «قوشۇنلىرىم ئەگىشىپ كېلىۋاتامدۇ - يوق» دېگەن خىيال بىلەن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، باش قوماندان يارىلانغان بولسا كېرەك، كانۋېيى مېيېرلاننىڭ قۇچىقىغا يىقىلدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن قوشۇن ئىلگىرىلەشتىن توختىدى. هۇجۇمچى قىسىم توختىغاچقا، باشقىلارمۇ ئارقىغا چېكىنىپ، دەريا قېشىنى توسۇق قىلىپ مۇداپىئەدە تۇردى. بوناپارت هوشىغا كەلگەندىن كېيىن، ئېھتىياتسىزلىقتىن قاش تۈۋىدىكى ئويمانغا چۈشۈپ كەتتى، ئىنىسى لۇئىس بىلەن مارمېنت ئۇنى دەرهال تارتىپ چىقىرىۋالدى. شۇ ئەسنادا ئوق يامغۇردەك يېغىشقا باشلىدى، ئەتراپ پاتىپاراق بولۇپ كەتتى، مېيېرلان باش قوماندانغا تاشلىنىپ ئوقنى بەدىنى بىلەن توسۇۋالدى. ناپولېئون ئاتتىن بىرنى تۇتۇپلا مىنگىنىچە ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ بەدەر قاچتى.

ناپولېئون شۇ ئاخشىمى گازارمىدا بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئەتىسى بولغان جەڭدىمۇ غەلىبە قازىنالمىدى. بۇ كاسايەت دەريادىن ئۆتكىلى بولمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۈچىنچى كۈنىدىكى هۇجۇمنىڭ نەتىجىسىمۇ تايىنلىقلا بولدى. ناپولېئون ئاخىر بىر هىيلە ئىشلىتىش قارارىغا كەلدى. ئىككى قوشۇن دەريادا قاتتىق تىركىشىۋاتقان پەيتتە بىر قىسىم دۇمباقچىلار بىلەن مۇھاپىزەتچىلەرنى يىغىپ دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىگە ئايلىنىپ ئۆتۈپ قىسماققا ئالدى. چارچاپ ماجالى قالمىغان بىر پەيتتە ئارقا تەرىپىدىن فىرانسىيە قوشۇنلىرىنىڭ نەرە - دۇمباق ئاۋازىنى ۋە هۇجۇم چۇقانلىرىنى ئاڭلىغان ئاۋستىرىيە

لەشكەرلىرى قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى، بىر دۈشمەنلىرىسى قارشىلىق كۆرسەتمەيلا چېكىندى. پۈتكۈل ئاۋستىرىيە قوشۇنىنى پېتىراپ قاچتى دەپ ئويلاپ روھلىنىپ كەتكەن فىرانسىيە قوشۇنلىرى بارغانسېرى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدى. فىرانسىيە قوشۇنى شۇنداق قىلىپ ئۇمىدسىزلىك پاتقىقى ئىچىدە باتۇرلۇقنى ۋە ھىيلىگە تايىنىپ تولۇق غەلىبىگە ئېرىشتى. فىرانسىيەنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەن يەنە بىر يۇرتنىڭ ئىسمى ھەممە يەرگە تارالدى. پارىژ ھۆكۈمىتى ئاركولا جېڭىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن ئىزنالىك قۇيدۇردى. بىر رەسسام زاماندىشلىرىنىڭ ۋە كېيىنكى زاماندىكىلەرنىڭ بۇ دانا قوماندانىنى مەڭگۈ ياد ئېتىپ تۇرۇشى ئۈچۈن چوڭ بىر پارچە رەسىم سىزدى، رەسىمدە ناپولېئون كۆۋرۈك ئۈستىدە تۇرۇپ، ھىچقاچان كۆتۈرۈپ باقمىغان ئارمىيە تۇغىنى پۇلاڭلىتىپ تۇراتتى.

خەۋپ ۋاقتىنچە ئۆتۈپ كەتتى، ئاۋستىرىيە قوشۇنى مانتۇئا شەھىرىدىن چېكىندى. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەي يەنە فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ قولىغا چۈشۈشى مۇمكىن ئىدى. ناپولېئون قوشۇنلىرىنى يىغىپ بىرقانچىگە بۆلۈپ جايلارنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن مىلانغا كەلدى، مانا ئەمدى ئاخىرقى ھېسابتا مىلان ئارقىلىق بۇ كىچىك جۇمھۇرىيەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان، يوسېفىننى تامامەن ئۆز ئىلكىگە ئالىدىغان، قولىدا مەھكەم تۇتىدىغان بولدى.

بىراق، يوسېفىن قېرى ۋورمسېردىنمۇ قۇۋ ئىدى. «سىزنى باغرىمغا باسارمەن دەپ ھېچنېمىگە قارىماي كەلگەنىدىم. ھۇجرىڭىزغا يۈگۈرۈپ كىرسەم سىز يوق! شەھەرنىڭ بىرەر يېرىگە زىياپەتكە كەتكەنسىزمۇ!؟ مىجەزىڭىز سىزنى ئۇچمە كۆڭۈل قىلىۋېتىپتۇ. مەن خېيىم - خەتەرگە كۆنۈكمەن، ئاچچىق تەقدىرىم ئالدىدا قانداق قىلىشىمنى ئوبدان بىلىمەن. پەيزىڭىزنى

سۆرىۋېرىلى. سىزگە كاشىلا قىلمىغان بولسام دەيمەن. بەخت دېگەن سىز ئۈچۈنلا يارالغان، ھەممە كىشى كۆڭلىڭىزنى ئاللىغىنىدىن خۇش. پەقەت ئېرىڭىزلا ئاچچىق يۈتۈپ يۈرىدۇ» دەپ يازدى ئۇ.

ئەتىسى ئەتىگىنى يەنە «سىزنى سۆيىدىغان بىر ئەرنىڭ بەختى ياكى ھەسرىتى بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، سىزگە كۆيۈشۈم پېشانەمگە پۈتۈلگەنىكەن... سىز ئۈچۈنلا تۇغۇلغان ئېرىڭىزنىڭ غېمىنى يېيىشنى، سىزگە كۆيگىنىمدەك كۆيۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلسام ئادىللىق بولمايدۇ، جىيەك يېپىنىڭ ئالتۇن يىپتەك بولۇشىنى تەلەپ قىلغۇلۇقمۇ؟... مېنىڭ يېتەرسىزلىكىم شۇكى، پەرۋەردىگار ماڭا كۆڭلىڭىزنى رام قىلغۇدەك جەلپكارلىق ئاتا قىلمىغانىكەن. مەن پەقەت سىزنى ماڭا شۇنچىكى بولسىمۇ نەزەر سېلىپ قويارمىكىن دەپلا جىمى جەبىر ــ جاپاغا چىدىدىم، شۇنچە شانلىق غەلىبىنى قولغا كەلتۈردۈم. چۈنكى، ئىشقىڭىزدا سەۋدايىمەن. خەير، سالامەت بولۇڭ، دىلبىرىم... ئەگەر مەندىن راستىلا كۆڭلىڭىز قالغان بولسا، كۆڭلىڭىزنىڭ ئارامى ئۈچۈنلا ھەسرىتىمنى ئىچىمگە يۈتۈپ يۈرىۋېرىمەن... سىزنى سۆيۈپ. ئاھ يوسېفىن، يوسېفىن!» دەپ خەت يازدى ئۇ.

نەقەدەر سەمىمىي ئىقرارنامە بۇ! ئىشق ئوتى ۋە نام ــ شۆھرەت ئىستىكى ناپولېئوننى نىشانغا ئاتلاندۇردى، دۈشمىنى بولسا غېپىدە تىكمۇۋېتىشنى ئەۋزەل كۆردى. قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغاندا ھەممىدىن مۇھىمى غەزەپكە كېلىش ۋە تىل سېلىپ ئاھانەت قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئىززىتىنى ساقلاش، سەۋەبىنى ئۆزىدىن سوراشتۇر. خۇشامەتگۇيلۇقنى يوشۇرۇش ئويىدا كىچىككىنە چاقچاق قىلىپ قويۇشمۇ ئۇنۇم بېرىشى مۇمكىن. ناپولېئون ئەتىسى يەنە: «يوسېفىننى ئىگىلىمەي قويمايمەن!» دەپ ئويلىدى. بىراق،

كۆڭلىنى ئۆزىگە قانداق قاراتقىلى بولار؟ خۇشامەت ۋە ھۆرمەت كۆرسىتىپمۇ؟ غەرىزى شۇ ئىدى. بىراق، چۆچۈرىنى خام سانىغانىدى! چۈنكى، چەكسىز جەلپكار يوسىفىن پادىشاھ ـ كىنەزلەرنى سۆر ـ توقاي قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەن ناپولېئونغا چوقۇنمىغان تەقدىردىمۇ، قاتتىق ئەيمەنسە بولاتتى. لېكىن، ناپولېئوننىڭ شۇقەدەر ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا قىزغىن مۇھەببەت ئىزھار قىلىشلىرى يوسىپىننى ئەنە شۇنداق تىزگىنسىز ئايالغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.

ناپولېئوننىڭ خاتالىقى شۇكى، ئۆزىگە بەك تەمەننا قوياتتى. ئەنە شۇنداق مەنمەنلىكى تۈپەيلىدىن ئىشق ئوتىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمايتتى. بىر تاغار تەسىرلىك سۆزلەرنى يازغاندىن كېيىن، خىزمەتتىكىزدە بولاي، دېگەندەك سۆزلەرنى قوشۇپ قوياتتى. بۇ قېتىممۇ سۆيگۈ دەردىنى تارتىۋاتقان ھاماقەت يىگىتكە خاس روھىي ھالىتى بىلەن كونۋېرتنى يەنە بىر قېتىم يىرتىپ ئېچىپ، يېزىپ بولغان خېتىگە: «سىزنى يەنە بىر قېتىم سۆيۈپ» دېگەن گەپنى يېزىپ قويدى.

## ئالتىنچى، قاتتىق قول باش قوماندان

ناپولېئون ئالدىنقى سەپتە ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبە قازاندى، پارىژ تەرەپ نېمە دەۋاتقاندۇ؟

پۇتكۇل پارىژ شادلىققا چۆمۈلگەنىدى. ئۇزاق زامانلار ئۆتۈپ ئاران مەيدانغا كەلگەن بۇ قەھرىمان شەخسنىڭ رەسىملىرى قەدىمكى رىم قەھرىمانلىرىنىڭ رەسىمى بىلەن بىر قاتاردا ماگىزىنلارغا ئېسىلغان، مۇبارەك نامى تىللاردا داستان بولغانىدى. ھەر قېتىم يېڭى ـ يېڭى نۇسرەت خەۋەرلىرى يېتىپ كەلگەندە ناپولېئوننىڭ نامى كىشىلەرنىڭ پارىژغا تېما بولاتتى.

ناپولېئوننىڭ تۇغى لىيۇكسېمبۇرگ ئوردىسىغا ئېسىلدى؛ دوكلاتى ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئاز - تولا قەلەم تەگكۈزۈشى بىلەن ئوردىدا تارقىتىلىدىغان «ھۆكۈمەت ئاخباراتى»دىن ئورۇن ئالدى؛ ئوبرازى شېئىر، ئوردىن ۋە ئەنگلىيەدىن كىرگەن يېڭى ئۇسلۇبتىكى ھەجۋىي رەسىملەرگە دېتال بولدى؛ ناپولېئون ھەققىدىكى جىمى خەۋەر پارىژنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇردى.

ناپولېئون بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەردار ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز شۆھرىتىنىڭ ئېشىپ بېرىشى ھاكىمىيەت بېشىدىكى مەمۇرلارنى قاتتىق چۆچۈتۈۋېتىدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. چۈنكى، ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان ئۇلارنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماس بولۇۋالغانىدى. «بۇ كاساپەت يەنە غەلىبە قازىنىدىغان بولسا، بىز ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىمىز» دەپ ئويلاشقان ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئەمەلدارلار ناپولېئوننى قانداق يوقىتىش ئۈستىدە خۇپىيانە باش قوشۇشاتتى. ۋاھالەنكى، باتۇر خەلق قوغدىنىش ئارمىيەسى يېڭىلمەس قوشۇن ئىدى. نىھايەت، ناپولېئوننىڭ باتۇر سەركەردىلىرىنى تىزگىنلىمەسلىكمۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئەمەلدارلار باشقۇرۇشقا بويسۇنمىغان سەركەردىلەرنى يەتتە يىلدىن بۇيان مويتۇڭزا ئارقىلىق قورقۇتۇپ كەلگەن ئەمەسمىدى؟ «كىمكى بىزنىڭ بۇيرۇقىمىزغا قۇلاق سالمىسا، كىمكى بىز ئەۋەتكەن پەۋقۇلئاددە ۋەكىلنى كۆزگە ئىلمىسا ئەمىلىنى ئېلىپ تاشلاپ، جىنايى جاۋابكارلىقىغا تارتىمىز، ناپولېئونمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس!» ساللىيساتىس بەك ئاجىز كەلدى، يەنە كېلىپ ناپولېئون بىلەن بىر كورسىكالىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلگىرى ناپولېئونغا ساتقۇنلۇق قىلغان. شۇنداق ئىكەن، ساللىيساتىسنىڭ ئورنىغا قاتتىق قولراق بىرەرسىنى ئەۋەتكەن تۈزۈك. كىلارك بارسۇن، ئۇ

دېگەن ئۆتۈپ كەتكەن قۇۋ، نەپسانىيەتچى نەرسە.

كىلارك سالاپەتلىك، تەكەببۇر گېنېرال ئىدى. مىلانغا قاراپ كېتىۋاتقىنىدىمۇ «ناپولېئونغا تېتىيمەن، ناپولېئون دېگەن ئەينى چاغلاردا ئەسكى ھەربىي فورما كىيىپ يۈرىدىغان پالاكەت بىر پەتەك ئىدى» دەپ ئويلىدى. بىراق، سىربىلىلون قەسرىگە كىرگەندىن كېيىن ناپولېئوننىڭ ئالدىدا ساراسىمىگە چۈشتى. ناپولېئوننىڭ تۇرقى بۈرۈنقىدەكلا ئىدى، ئەمما ھەممە كىشى تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ قول باغلاپ تۇراتتى. ئۇنى قانداقمۇ بىر قوماندان دېگىلى بولسۇن؟ پادىشاھنىڭ ئۆزىلىغۇ! دەرۋەقە، پارىژنىڭ بۇ ئالاھىدە ۋەكىلى بۇ يەردە ھەرھالدا خېلى يۇقىرى ھۆرمەت ـ ئېھتىرامغا نائىل بولدى، ئەمما ناپولېئوننىڭ مەخپىي پىلانىدىن ۋە بۇ پىلانى توغرىسىدا ھاكىمىيەت بېشىدىكى ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئەمەلدارلارغا يازغان دوكلاتىدىن بىخەۋەر قالدى. ناپولېئون ئىككى كۈندىن كېيىن ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ جىمى ھىيلە ـ مىكىرلىرىدىن ۋاقىپ بولدى. چۈنكى، ھىيلىگەر كىلارك شامالغا قاراپ ئىش تۇتۇپ، پارىژدىكىلەردىنمۇ يۇقىرى نوپۇزلۇق ناپولېئوننىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقانىدى. «كېلەچەكنىڭ غوجايىنى مۇشۇ» دەپ ئويلىغان كىلارك دەرھال ناپولېئون تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ناپولېئوننىڭ ئىلگىرىكى پەرىزىمۇ ئىسپاتلاندى: ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئەمەلدارلار ناپولېئوندىن پەقەت ئىتالىيەنى بويسۇندۇرۇپ، ئاۋستىرىيە بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنىڭ پېشكىسى سۈپىتىدە پايدىلانماقچىدى، ئىتالىيەنى ئىشغال قىلىپ تۇرۇۋېرىشكە ئەسلا قىزىقمايتتى، شۇنداقلا بۇ ئىشنى ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش ئويىمۇ يوق ئىدى. مانا ئەمدى بۇ ماتېرىياللارغا ئېرىشكەن ناپولېئون بارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ پىلانىنى مەغلۇپ قىلىش تەييارلىقىغا

كىرىشتى.

شۇغىنىسى، ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىدى.

ياردەم كېرەك، ياردەم! قۇرۇق گەپ ئەمەس، ئىسسىق جېنى بار لەشكەر كېرەك... ئەڭ مۇنەۋۋەر لەشكەرلىرىم ئېغىر يارىلاندى، كوماندىرلىرىمنىڭ جەڭگىۋارلىقى سۇندى. يېڭى كەلگەن لەشكەرلەردە جەڭگىۋارلىقمۇ، ئىشەنچمۇ يوق، قوشۇنلىرىم ئازىيىپ، ساناقلىقلا ھارغىن لەشكەر ۋە ئوفىتسېرلىرىم بىلەنلا قالدىم. ئىتالىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا تاشلىنىپ قالدۇق، ھايات قالغان ئاشۇ باتۇرلىرىممۇ ھالاكەتكە يۈز تۇتتى. ئېھتىمال، ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلۈم قوڭغۇرىقى باتۇرلۇق بىلەن ئۇدا ئۈچ قوشۇننى يەڭگەن ئاۋگېرو، قورقماس باتۇر مارسېنا، بىرتىخېر ۋە مېنى چاقىرىپ چېلىنىشى مۇمكىن. باتۇرلىرىمىز قانداق قىلار؟ بۇ ھال مېنى قاتتىق غەمدە قالدۇردى، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرمىسەم بولمايدۇ، جەبرائىلنى كۆزگە ئىلماي ھەددىم ئەمەس. ناۋادا مەن ئالەمدىن ئۆتسەم، يىگىتلىرىم شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قەددىنى رۇسلىيالمايدۇ.

بۇنىڭدىنمۇ ئۆتە قۇۋلۇق بارمۇ؟

بار، ناپولېئوننىڭ ئۇنىڭدىن ئۆتە كارامەتلىرى بار. ھۆكۈمەتنى قورقۇتۇش ۋاستىسى بىلەن ئالدىيالمىغان ناپولېئون ئەمدى پۇل ـ مال بىلەن قىزىقتۇرۇشقا، بىخۇدلاشتۇرۇشقا كىرىشتى. فىرانسىيە ھۆكۈمىتى بۇ چاغدا پۇل پاخاللىقى، مالىيە چىقىمىنىڭ كۆپلۈكى تۈپەيلىدىن تولىمۇ تەس كۈنگە قالغانىدى. ناپولېئون ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئارقىلىق ئىتالىيەدىكى پادىشاھ ـ كىنەزلەردىن ۋە نۇرغۇن ئۇششاق جۇمھۇرىيەتلەردىن يىغقان ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە تەڭگە پۇللىرى بىلەن ھۆكۈمەتكە ياردەم بەردى. ناپولېئون ھۆكۈمەتكە قول سۇنماستىن، بەلكى

پات ـ پات ئولـپان ئەۋەتــپ تۇرغان تـۇنجى سەردار بـولـۇپ قالدى. بـۇنىڭدىـن باشقا يـەنە ھاكــمـيـەت بىــشـىـدىــكـى ئەمەلدارلارغىمۇ: «لايىقىڭىزدا بولمىسىمۇ ئىبىسل ئاتتىن يۈزنى تاللاپ ھەدىيە قىلدىم، ئاز بولسىمۇ كۆڭلۈم» دەپ سوۋغا ـ سالام ئەۋەتىپ تۇردى.

ناپولېئون فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى ئۆلكىلەرنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان قوشۇنلارنى ياردەمگە ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى، ھۆكۈمەت ئىچكى مۇداپىئە ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ رەت قىلغاندا: «ئىچكى مالىمانچىلىق كۆرۈلمىسۇن دەيدىكەنسىلەر ـ يۇ، فىرانسىيە ئۈچۈن ئىتالىيەنى ساقلاپ قېلىشنى خالىمايدىكەنسىلەر» دەپ رەددىيە قايتۇردى. ھۆكۈمەت دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن ئالاھىدە ۋەكىلگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋىدى، مۇنداق جاۋاب قايتۇردى:

سىلەر بۇنداق ئىشلار ئۈچۈن بىر گېنېرالنى قويۇشقا موھتاج بولۇپلا قالماستىن، بەلكى گېنېرالنىڭ ھېچقانداق كاشىلىغا ئۇچرىماي ئىشلارنى مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلىشىغا موھتاجسىلەر... مېنىڭ ھەربىي ھەرىكىتىم پىلانىمغا ئوخشاشلا تويپتوغرا... زەئىپ قوشۇنغا باش بولۇپ شۇنداق بىر ئىستراتېگىيەلىك نىشانغا يەتمەكچىمەنكى، ئاۋستىرىيە قوشۇنىنى تارمار قىلىپ مۇھىم قورۇقلارنى ئالىمەن، ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەپ ژېنوۋا، ۋېنېتسىيە، توسكانا، رىم ۋە ناپېلىسلارغا خىرىس قىلىمەن، شۇ يول بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلماقچىمەن. بۇلارنى كۆزدە تۇتقاندا ھەربىي، مەمۇرىي، مالىيە ھوقۇقلىرىنى يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈپ بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلمىسام بولمايدۇ. ئەگەر گېنېرالنى بۇنداق ھوقۇققا ئىگە قىلمىساڭلار، قاتمۇقات خەۋپكە دۇچ كېلىسىلەر، مېنى نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ پو ئېتىۋاتىدۇ دەپ قالماڭلار. ماڭا

ئوقۇلۇۋاتقان مەدھىيەلەرنى كۆتۈرەلمەي قېلىۋاتىمەن، جىسمىمغىمۇ، دىلىمغىمۇ ھاردۇق يەتتى، مېنى ئاغرىق ھېسابىدا قايتۇرۇپ ئەكېتىشىڭلار زۆرۈر، ئورنۇمغا باشقا بىر گېنېرالنى تەكلىپ قىلغايسىلەر. ئات مىنەلمەس بولۇپ قالدىم، غەيرىتىمگە تۇشلۇق دەرمانىم يوق... ئىتالىيەنى ساقلاپ قالايلى دېسەڭلار، تېزدىن ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىڭلار، ياردەمچى قوشۇن كېرەك!

بوناپارت

ئەمەلىيەتتە، ناپولېئون روھلۇق، قاۋۇل بولۇپ، ئات چاپتۇرمايدىغان كۈنى يوق ئىدى، چارچاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئېتىنى چارچىتىپ ھالىنى قويمايتتى. كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ئۆزىگە مايىل بولغانسېرى، شۇنچە كاجلىق قىلىپ چېكىنىشنى تەلەپ قىلاتتى. پارىژدىكى قۇرۇق گەپتىن باشقا ئىش قولىدىغان كەلمەيدىغان پارلامېنت ئەزالىرى تەلىپىگە ئىجازەت بېرىدىغان بولسا، بېشىغا بالا ياغىدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ناپولېئون شۇنداق بىر يېڭى تونۇشقا كەلدىكى، فىرانسىيەنىڭ ئىتالىيەدىكى كۈچى ئۇلغىيىدىغانلا بولسا، ئۆزىنىڭ پارىژدىكى سىياسىي كۈچىمۇ زورىياتتى. شۇڭا، ئۆزى گەرچە ئاۋامغا ھۆرلۈك بېرىشنى خالىمىسىمۇ، شۇنداقلا ئىتالىيەدە شەرت ـ شارائىتلار پىشىپ يېتىلدى دەپ قارىمىسىمۇ، يەنىلا پارىژ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىرادىسىگە مۇخالىپ ئىش تۇتۇپ، «سالپىن جۇمھۇرىيىتى»نى قۇراشتۇرۇپ چىقتى.

بۇ ناپولېئوننىڭ پارچىلىنىپ كەتكەن خىلمۇخىل كۈچلەرنى بىرلەشتۈرۈپ قۇرغان تۇنجى سىياسىي ئاپپاراتى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ بۇنداق ئىجادىي ھەرىكىتىنى قايتا ـ قايتا تەكرارلاپ، دائىرىسىنى بارغانسېرى كېڭەيتتى. ناپولېئوننىڭ نىشانى بىرلىككە كەلگەن ياۋروپا ئىتتىپاقى

قوروش ئىدى. ھازىر شىمالىي ئىتالىيەدىكى ئۇششاق ئالتە مەملىكەتنى قوراشتۇرۇپ بىر دۆلەت قۇرۇپ ئاساسىي قانۇن تۈزدى، ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە قويدى ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇردى. ناپولېئون ئاشۇ ئىشلىرى بىلەن بىر مۇستەبىت پادىشاھقا ئوخشاپ قالغانىدى. بىراق، پەقەت ھەر خىل پىرىنسىپلارنىلا بەلگىلەپ بېرەتتى، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى بولسا باشقىلارغا قالدۇراتتى. ناپولېئون ئاجايىپ تەسىرلىك بايانات ئېلان قىلىپ، بۇ مەملىكەتنىڭ خالاش ـ خالىماسلىقىدىن قەتئىينەزەر قايتا ھۆرلۈككە ئېرىشىدىغانلىقىنى، ئەمما ھۆرلۈكنى ئۆچۈن بەدەل ھېسابىدا نەق پۇل تۆلىشى كېرەكلىكىنى جاكارلىدى:

فىرانسىيە جۇمھۇرىيىتى زالىم پادىشاھلارنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ، مىللەتلەر ئارا قېرىنداشلارچە دوستلۇقنى مەدھىيىلەيدۇ. فىرانسىيە ئاساسىي قانۇنىنىڭ پىرىنسىپى ئارمىيەمىزنىڭمۇ پىرىنسىپىدۇر. لومباردى رايونىنى قول قىلىۋالغان زالىم ئاۋستىرىيە پادىشاھى ئۆزاقتىن بۇيان فىرانسىيەنىڭ مەنپەئىتىگە زور زىيان يەتكۈزدى... پادىشاھلىق دۆلەتلەرنىڭ زوراۋانلىقى جەزمەن ئىشغالىيەت رايونلىرىدا ئاق تېررورلۇق پەيدا قىلماي قالمايدۇ. شۇڭا، فىرانسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئارمىيەسى فېئودال بەگلىكلەرنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ھايات ـ ماماتلىق كۈرىشى قىلىشقا مەجبۇر. ئازاد رايونلاردىكى خەلقنىڭ بىزگە كۆرسەتكەن چوڭقۇر دوستانىلىكىگە چىن دىلىمىزدىن ئاپىرىن ئوقۇيمىز. خەلقنىڭ مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىغا، ئىنسانىي ھوقۇقىغا ۋە دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىش ھەمدە بۇ ھوقۇقلىرىنى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچراتماسلىق ئارمىيەمىزنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا ئىلھام بېرىدىغان شوئار. بىراق، لومباردى خەلقى، سىلەرمۇ قېرىندىشىڭلار، يەنى فىرانسىيە قوشۇنى ئالدىدا قەرزدارسىلەر... تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ بىزگە ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك. قوشۇنىمىز يىراقتىن

كەلدى، ئۇزۇق - تۈلۈك بىلەن ۋاقتىدا، تولۇق تەمىنلىگىلى بولمايۋاتىدۇ، ياردىمىڭلارغا موھتاجمىز. ئۇرۇش مىزانلىرىنى دىمەي قويايلى، دوستلۇق ۋە مەجبۇرىيەت ئۈچۈن بولسىمۇ، بىزنى خىراجەت بىلەن تەمىنلىشىڭلار كېرەك. بىز بۇ يەردە يىغماقچى بولغان يىگىرمە مىليون فىرانك بۇ باياشات ئۆلكىلەر ئۈچۈن ھېچقانچە سىلىقمۇ بولۇپ كەتمەس.

ناپولېئون شۇنىڭدىن كېيىن باج، غەللە - پاراق، قەرز پۇل، قورال - ياراغ ئىسكىلاتى، خان جەمەتىنىڭ سۈيۈرغاللىق يېرى قاتارلىقلاردىن ئۆزىگە ئېھتىياجلىق جىمى نەرسىنى ھەقلىق يوسۇندا ئېلىشقا كىرىشتى. ھەر قېتىم ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى تۈزۈشكەندە قارشى تەرەپتىن تۆلەم سۈپىتىدە پۇل، چارۋا ۋە مەشھۇر رەسىملەرنى تەلەپ قىلاتتى. چۈنكى، ئۆزىنىڭ قارىشىچە، مەشھۇر رەسىم ۋە ھەيكەللەر ئارقىلىق پۇلنىڭ قىممىتىنى مۇقىملاشتۇرغىلى بولمىسىمۇ، شۆھرەتپەرەس پارىژ ھۆكۈمىتىنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرغىلى بولاتتى ھەمدە ئۆزىمۇ جامائەتنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشەلەيتتى. پارىژ ھۆكۈمىتى مالىيەسى مۈشكۈل ئەھۋالدا قالغان مەزگىلدە ناپولېئون ئىتالىيەدىن لوۋىر ئوردىسىغا كۆپلەپ بىباھا سەنئەت بۇيۇملىرىنى ھەدىيە قىلىپ ماڭغۇزدى، بۇ تۆھپىسى ئىلگىرى ئۆتكەن ھەرقانداق سەلتەنەتلىك پادىشاھلارنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ چۈشتى.

ناپولېئون فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ ھېيلىگەر ئارقا سەپ تەمىنات خادىملىرىغا ئىتالىيەدە قارشى تەرەپتىن پۇل - مال ئالغان چېغىدىكىگە ئوخشاشلا زادىلا يۈز - خاتىرە قىلمىدى. «ھەربىي چىقىم نورمال ئېھتىياجنىڭ ئالتە ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىۋاتىدۇ، — دەپ يازدى ئۇ مىلانغا كىرگەن دەسلەپكى

چىغىدا، — چۈنكى، ھەربىي تەمىناتچىلار ھېساباتتا ساختىلىق ئىشلىتىپ، ئومۇمنىڭ پۇلىنى ئوغرىلىغان... ئىسراپچىلىق، ھەشەمەتخورلۇق، چىرىكلىك، خىيانەتچىلىك، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش ۋەقەلىرىنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى چۆچۈتىدۇ. بۇنىڭغا مۇنداق بىرلا ئامالنى قوللانغاندا ئۈنۈم بېرىشى مۇمكىن: ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر كومىسسىيە قۇرۇپ، بۇ كومىسسىيەگە تولۇق ھوقۇق بېرىپ، چىرىكلەشكەن بارلىق ئارقا سەپ خادىملىرىنى ئۈچ كۈندىن بەش كۈنگىچە ۋاقىت ئىچىدە ئېتىپ تاشلاش كېرەك. ئوت ـ سامانىنى كەم ئۆلچەم بېرىش قىلمىشى تەكشۈرۈلۈپ ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، بۇ خۇنپەرلەرنىڭ بىرىنىمۇ توردىن چۈشۈرۈپ قويماسلىق كېرەك. ئارمىيەمىز ۋە دۆلىتىمىز ئۇزاقتىن بۇيان ئۇلارنىڭ زىيىنىغا ئاز ئۇچرىمىدى.» ناپولېئوننىڭ بۇلاڭچىلىق ۋەقەلىرىدە بولغانلارغا زەربە بېرىش توغرىسىدىكى پەرمانلىرىمۇ خېلى كۆپ ئىدى.

ھەربىيلەر بىلەن بىللە يۈرگۈچى ئاياللار كۈنسايىن كۆپىيىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ناپولېئون: «بۇ ئېلان جاكارلىنىپ يىگىرمە تۆت سائەتتىن كېيىنمۇ گازارمىدا ئىجازەتسىز تۇرۇپ قالغان ئاياللارنى يۈزىگە قارا سۈرتۈپ، ئىككى سائەت سازايى قىلدۇرۇش كېرەك» دەپ پەرمان چۈشۈردى.

بىراق، بۇ قاتتىق قول باش قوماندان ئادىمىلىكنىمۇ قولدىن بەرمەيتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇرۇش داۋامىدا يۈز بەرگەن ۋەھشىيانە ياۋايىلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈنمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى: «قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپ ئىقرار قىلدۇرۇشتەك يامان ئادەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش شەرت. بولمىسا ئاشۇ بىچارىلەرنىڭ ئاغزىدىن كۆڭلىمىزگە ياقىدىغان گەپلەردىن

باشقىسى چىقماس بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ۋاسىتىلەرنى مەنئى قىلىمەن. چۈنكى، بۇنداق قىلمىش ئىنسانىيلىققىمۇ، ئەقىلگىمۇ يات.»

## يەتتىنچى، بۈيۈك ئىرادە

ناپولېئون دىپلومات بولۇش سۈپىتىدە تۈرلۈك دىپلوماتىيە ۋاسىتىلىرىنى كۆچەيتتى. ئالايلى، خۇشامەت قىلىش، قورقۇتۇش، يالغان ئېيتىش ۋە ئوچۇق ـ يورۇق بولۇش قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ئۇتۇق قازاندى؛ بەزى ھاللاردا قارام ھەربىيلەرنىڭمۇ رولىنى ئالدى. ۋاتىكاندىكى دىپلوماتىيە سۆھبىتىدە قۇۋلۇقنى تازا قاملاشتۇرۇپ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

پارىژ ھەربىي ـ مەمۇرىي ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئەمەلدارلىرى سىپىي ئۆزىدىن ئىنقىلابچى بولۇش سۈپىتى بىلەن پاپا دۆلىتىنى يوقىتىۋەتكۈسى، بۇ دىن مەركىزىنى ئەمەلدىن قالدۇرغۇسى كېلەتتى. چۈنكى، روھىيەت ئۈستىدىكى بۇ غەلىبە، شۈبھىسىزكى، ۋاتىكاندىن ئېرىشكەن ماددىي بايلىق بىلەن قوشۇلۇپ ئۆزلىرىگە تېخىمۇ كۆپ شان ـ شۆھرەت بەخش ئېتەتتى. بۇ ناپولېئوننىڭ فىرانسىيە چېگراسىنىڭ ئەتراپىدا قانداقتۇر جۇمھۇرىيەتلەرنى تەشكىللىگىنىگە قارىغاندا كىشىنى تېخىمۇ روھلاندۇرىدىغان ئىش ئىدى. ئۇلار شۇڭا ناپولېئوننىڭ رىمغا ھۇجۇم قىلىشىنى قاتتىق تەلەپ قىلدى. ئەنە، رىم كۆرۈنۈپلا تۇرۇپتۇ، ناپولېئون مانا ئەمدى قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن قەيسەرگە ئوخشاش رىم غەلىبىسىنىڭ تاجىنى كىيىدۇ، پاپا قوشۇنلىرى بولسا بىر پەشۋاغىمۇ يارىمايدۇ.

ۋاھالەنكى، ناپولېئون بۇنچە تەنتەكلىك بىلەن ئىش كۆرمىدى. چۈنكى، پاپا زەمبىرەك بىلەن قوغلىنۋەتكىلى بولمايدىغان بىردىنبىر پادىشاھ، ناپولېئون بۇ نۇقتىنى ئېنىق ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. يەنە شۇنىمۇ ھېس قىلىپ يەتكەنكى، خىرىستىيان دىنىنىڭ فىرانسىيەگە ۋە ياۋروپاغا مىڭ يىلدىن بۇيان كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر، شېھىستلەرنىڭ روھىمۇ مەدەتكار ئىدى. شۇڭا، پاپاغا قارشى جەڭ قىلىشنى قەتئىي رەت قىلدى، يامىنى كەلگەندە تېرە تاراقشىتىپ قويۇشقىلا ماقۇل بولدى.

— رىمنىڭ تەسىرىنى مۆلچەرلەش مۇمكىن ئەمەس، پاپانىڭ ھوقۇقىنى بىكار قىلساق، ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولىمىز، رىم شۇ باھانىدە ئۆزىنى ئوڭشىۋالىدۇ.

ناپولېئون جەنۇبقا قوشۇن تارتىپ، لوبىكون دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن بارگاھ قۇرۇپ جىم يېتىۋالدى. روشەن ھەربىي ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغاچقا، ئۇرۇش توختىتىش توغرىسىدا كېڭىشىش مەسلىھەتىنى بەردى. بۇ ئۇسۇل شۇنىڭدىن كېيىنكى ھەربىي ھاياتىدا دائىم قوللىنىدىغان تەدبىرى بولۇپ قالدى. ناپولېئون ئاقىلانىلىك بىلەن ئىش كۆرۈپ، تۇرلۇك دىنىي ئىختىلاپىقا سۇكۇت قىلدى، قېرى پاپا شۇنىڭ بىلەن ناپولېئوننىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى ھەمدە بۇ فىرانسىيە ۋەكىلىنىڭ رىمغا بېرىپ داڭلىق رەسىملەر، قەدىمىي ساپال بۇيۇملار ۋە ھەيكەللەردىن يۈزنى تاللاپ ئېلىۋېلىشىغا ماقۇل بولدى. بىراق، ناپولېئون قەدىمىي جۇبېرت قەسىرىدىكى جۇئاننىس بىرۇتوس بىلەن ماركاس بىرۇتوسنىڭ ھەيكىلىنى ئالمىسام بولمايدۇ دەپ تۇرۇۋالدى. ناپولېئون لەشكەر تارتىپ لوبىكون دەرياسىدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، كورسىكادا تۇغۇلغان رىملىق بولغاچقا رىمغا ھۇجۇم قىلمىدى، پەقەت ئەتەي

ئاشۇ ئىككى بىرۇتۇسنىڭ ھەيكىلىنىلا تەلەپ قىلدى.

رىم پاپاسى پۇل تۆلىمەستىن ئەتەي ئىختىلاپ تۇغدۇرغانىدى، ناپولېئون تىغ ئۇچىنى يەنە بىر قېتىم رىمغا توغرىلىدى، لېكىن رىمنى چوڭ قىر - چاپقا تۇتۇشى بىھاجەت ئىدى، پەقەت شۇنچىكى تېگىش قىلىپ قويسىلا، پاپانى سۈلھى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر قىلالايتتى. بىراق، بەرىبىر رىمغا تېگىش قىلمىدى. ئۇنداق قىلسا، بىرىنچىدىن، دەرھال شىمالغا لەشكەر تارتىشقا توغرا كېلەتتى. ئىككىنچىدىن، ئەگەر پاپا مال - دۇنياسىنى ئېلىپ رىمنى تاشلاپ قېچىپ كەتسە، گاداي پارىژ ھۆكۈمرانلىرىغا نېمە پايدا؟ ناپولېئون بۇ چاغدا ھەتتا ئىنقىلابقا دۈشمەنلىك بىلەن قاراپ رىمغا قېچىپ بېرىۋالغان فىرانسىيەلىك پوپىنىڭ جىنايىتىنىمۇ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن كەچۈرۈم قىلىۋەتتى. ھەممە جايدا دىنىي زاتلارنى دوست تۇتتى، «پۇقرا باش روھانىي»نى ئەۋلىياغا ئوخشىتىپ مەدھىيەلىدى. پۇقرى دەرىجىلىك روھانىيلارغا يازغان خېتىدە: «‹ئىنجىل›، ‹تەۋرات›تىكى ئەقىدىلەرنىڭ ئاساسى باراۋەرلىكتۇر. شۇڭا ھەرقانداق جۇمھۇرىيەت ئۇچۇنمۇ مەنپەئەتلىكتۇر» دېدى. كاتولىك دىنىنىڭ كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى بىكار قىلغان پارىژ مەمۇرلىرى بۇنىڭغا نېمە دەر؟

ئاخىردا ناپولېئون قېچىپ كېتىش خىيالىدا تۇرۇۋاتقان پاپاغا خەت ئەۋەتىپ: «ھودۇقماڭلار، پوپ ئاتىغا يەتكۈزۈپ قويۇڭكى، مەن ئاتىللا ئەمەسمەن، ئاتىللا بولغان تەقدىردىمۇ پوپ ئاتا ئۆزىنىڭ لېئونىڭ ۋارىسى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يېتىشى كېرەك» دېدى. شۇنداق قىلىپ، ياۋروپادىكى بۇ ئەڭ قەدىمىي سۇلالىگە — ۋاتىكانغا تارىخىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلدى. بىراق، پاپانىڭ ئەلچىسى كېلىشىمگە گۇمانىي تۈيغۇدا ئىمزا قويغاندىن كېيىن، ناپولېئون ئۆزىنىڭ جامائەت ئىچىدىكى

مەشهۇر مۇتەپەككۇرلەرنىڭ سالاپىتىنى بىر چەتكە قايرىپ كېلىشىمنى يىرتىپ ئوتقا تاشلىدى. «بۇنىڭ تىنچلىق بىلەن ئالاقىسى يوق، جانابلىرى، بۇ پەقەت ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىدىنلا ئىبارەت، خالاس». قارشى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدى، ناپولېئون بولسا شۇ پۇرسەتتە تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ تۆلەم سوممىسىنى بىر قاتلىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ قېتىم مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكەنىدى. پاپا تېخى ئۆز قەلىمى بىلەن «سۆيۈملۈك ئوغلۇم» دەپ ئاتاپ تۇرۇپ خەت يېزىپ، بۇ ئىنقىلاب ئوغلانىغا بەخت تىلىدى.

ناپولېئون ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئۆزىگە ئىشىنىپ ۋە ئۆزىنى سالماق تۇتۇپ راسا كارامىتىنى كۆرسەتتى. ئۇچىنچى ئايدا لەشكەر تارتىپ لومباردىدىن ئاۋستىرىيە قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قوزغىدى، ئاي ئاخىرىدا ستىرىلگا شەھىرىنى ئالدى؛ يەنە بىرقانچە كۈن ئىلگىرىلىسىلا ۋېيىنناغا يېتىپ باراتتى. ئەگەر رېيىن يۆنىلىش ئارمىيەسى شۇنىڭغا ئوخشاشلا شانلىق غەلىبىگە ئېرىشەلىگىنىدە، ئۇلار ئاۋستىرىيە پادىشاھىنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلالايتتى. بىراق، ناپولېئون لەشكەر تارتماستىن، ھىيلىسىنى يەنە بىر قېتىم ئىشقا سېلىپ مەغلۇپلارنى ئۇرۇش توختىتىشقا دالالەت قىلدى. ھالبۇكى، رېيىن يۆنىلىش ئارمىيەسى تېخى يېتىپ كەلمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاۋستىرىيە ۋە ۋېنگىرىيەلەرمۇ ھەربىي تەييارلىقلىرىنى ئەسەبىيلەرچە كېڭەيتمەكتە ئىدى. ناپولېئون مۇشۇنداق ئەھۋالدا ھۇجۇم قىلماي تېرە تاراقشىتىپ قويۇپ، ئۆز كۈچىنى ساقلاپ تۇرۇشنى لايىق تاپتى، بۇ ئىستېلاچى ناپولېئوننىڭ مەنتىقىسى ئىدى.

ئەمدى ناپولېئوننىڭ ھەربىيشۇناس بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى سىياسىيون سۈپىتىدە ھاكىمىيەت بېشىدىكى

ئەمەلدارلاردىن پايدىلىنىشقا توغرا كەلدى. ئومۇمىي سايلام ئالدىدا تۇرغان ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئەمەلدارلار بولسا، تىنچ ئىچكى - تاشقى مۇھىتقا موھتاج ئىدى. بىر يىلدىن بۇيان پۈتكۈل ياۋروپانى ساراسىمىگە سالغان بۇ باش قوماندان ئەمدىلىكتە تىنچلىقپەرۋەر قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. چۈنكى، ھازىر ئۇلارنى بۇ يېڭى سىياسىي يولغا ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگىتىپ قويىدىغان ياخشى پەيت ئىدى. غالىب ناپولېئون بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئاۋستىرىيە ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانىغا، ئاۋستىرىيە پادىشاھىنىڭ ئىنىسى چارلىزغا ئۆزىنى ئۇلار بىلەن باراۋەر تۇتۇپ ئوچۇق - يۇرۇق ۋە سەممىيلىك بىلەن مەكتۇپ يازدى.

باش قوماندان جانابلىرى! ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرىمىز قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلدى. بىراق، لەشكەرلىرىمىز تىنچلىققا تەشنا. بۇ ئۇرۇشنىڭ داۋاملاشقىنىغا ئالتە يىل بولدى، بىز ئۆلتۈرگەن ئادەم، بىز زامىن بولغان جان ئازلىق قىلامدۇ؟ ھازىر فىرانسىيە بىلەن ئۇرۇش قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇرۇشتىن يالتىيىپ سۈلھى قىلدى، پەقەت ئەزىز دۆلىتىڭىزلارلا ھېلىمۇ تىغ ئوينىتىپ تۇرۇپتۇ. يات ئارىدا باشلىنىدىغان يېڭى ئۇرۇش، شۈبھىسىزكى، ئېغىر تالاپەت پەيدا قىلىغۇسى. ئۆزئارا قىرغىن قىلىپ، نەچچە مىڭ قاۋۇل سەركەردە - لەشكەرلىرىمىزنىڭ جېنىغا زامىن بولغىنىمىز بىلەن ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاشتىن باشقىچە بولمايدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق ئىشنىڭ ئاخىرلىشىدىغان ۋاقتى بولىدۇ، جاھاندا مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان ئىش يوق، چوڭقۇر ئۆچ - ئاداۋەتمۇ شۇنداق... جانابلىرى ئالەمشۇمۇل قابىللاردىندۇرسىز، ئوي - پىكىرلىك، پەم - پاراسەتلىك ئەزىزانىلەردىندۇرسىز، دۆلىتىڭىزدىكى ھە دېسىلا ھېسسىياتقا بېرىلىپ ئىش تۇتىدىغان سىياسىيونلاردىن كۆپ ئۈستۈن

تۇرىسىز. ئىنسانىيەتنىڭ بەختكارى، گېرمانلارنىڭ ئىجادكارى دېگەن نامغا نائىل بولۇشنى خالىماسسىزمۇ؟ مەن جانابلىرىنىڭ ئەلەم ئارقىلىق ئەلنى قۇتقۇزۇشتەك ئۇلۇغۋار جاسارىتىنى ۋە ئىستىداتىنى ئىنكار قىلماقچى ئەمەسمەن، ئەلۋەتتە. ئەپسۇسكى، مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسىنى ئاھۇ زار قاپلاپ، ئەل - يۇرتنىڭ ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە قالدۇرغانلىقىغا ئېچىنىمەن. ئەگەر مېنىڭ بۇ چولتا سۆزلىرىم بىلەن بىرەر جان ئىگىسىنى بالايىئاپەتتىن قۇتقۇزۇپ قېلىشقا قادىر بولالىغان بولسام، دۆۋە - دۆۋە جەسەتلەر بەدىلىگە چەكسىز نۇسرەتكە ئېرىشكىنىمدىن كۆپ خۇرسەن بولار ئىدىم.

بۇ مەكتۇپ كىنەز-چارلىزنى قاتتىق تەسىرلەندۈرۈۋەتتى. ياخشى تەربىيە كۆرگەن چارلىز ئەسلىدە ھەرقانداق ئۇرۇشنى يامان كۆرەتتى، پەقەت ۋەتەن ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى تۈپەيلىدىنلا ھازىرقى ھەربىي ۋەزىپىسىگە ئولتۇرغانىدى. ئەمدى قولىدىكى ناپولېئوننىڭ مەكتۇپى ئارقىلىق ۋىيېننادىكى ئۇرۇش تەرەپدارلىرى ۋە ئاۋسترىيە پادىشاھىنى قايىل قىلالايتتى. ئەگەر ئۇلار تىنچلىقنى رەت قىلسا قانداق ئىش يۈز بېرەر؟ شۇنداق بولغىنىدا، ناپولېئون بۇ ئىككى پارچە خەتنى جاھان ئەھلىگە ئاشكارا ئېلان قىلىپ، ھەممە يەردە ئۆزىنىڭ يېڭى جۇمھۇرىيەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى كۆز - كۆز قىلىپ، مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ جاھىلانە مىلىتارىستىك ئىدىيەسىنى سۆكەتتى - دە، ھەققانىيەت جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى، شۇنداق بولغاندا ئۇلارنى جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى دېگەن باھانە لەشكەرلىرىنى ھېچنېمىدىن تەپ تارتماستىن ئوت قويۇش، قىرغىن قىلىش، باسقۇنچىلىق قىلىش، تالان - تاراج قىلىشقا قويۇپ بېرەتتى. بۇ مەكتۇپنى ماڭغۇزغىنىدىن كېيىن لەشكەر ئەۋەتىپ ۋىيېننىنى ئىشغال قىلغانلىقى شۇنىڭ بېشارىتى ئەمەسمۇ؟

شۇنىڭ بىلەن ئاۋسترىيە پادىشاھىنىڭ ئەلچىلىرى ناپولېئون بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئالدىغا باردى. ناپولېئون ئوردا راۋىقىدىن چۈشۈپ ئالدىغا چىقتى ھەمدە ئەلچىلەردىن ئاۋسترىيە پادىشاھىغا ۋە چارلىزغا سالام ئېيتتى. ئەلچىلەر ئون كۈن ئۇرۇش توختىتىش تەكلىپىنى بەردى، بۇ ئارقىلىق ۋېيېننانىڭ شۇ ئارىدا ھەربىي تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈۋېلىشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەرمەكچىدى. ناپولېئون بۇ مەسىلىدىن چەتنەپ ئۆتۈپ ئۇلارنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلىپ تۇتۇپ قالدى، زىياپەتتىن كېيىن بەش كۈن ئۇرۇش توختىتىشقا ماقۇل بولدى.

ۋېيېننا بۇ چاغدا كۆل سۈيىدەك تىنچىپ قالدى، ئەمما پارىژ ھۆكۈمىتىدىكى مەمۇرلار بولسا ھەرىدەك غىژىلدىشىپ كەتتى. «نېمە؟ بۇ گېنېرال ھۆكۈمەتنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ باشباشتاقلىق قىلىپ ۋېيېننا بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپتىمۇ؟ مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا ئاز كۈندە پارىژغا قايتىپ كەلگىنىدە بىزنى ئاسانلا تەختتىن چۈشۈرۈۋەتمەمدۇ؟» شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ناپولېئونغا «تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرغان ھۆكۈمەتنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلىنى كۈتۈپ تۇرۇڭ» دېگەن مەزمۇندا سىلىق - سىپايە سۆزلەر بىلەن پەرمان ئەۋەتتى. ناپولېئون بولسا ۋېيېننانى تېزدىن بىر قارارغا كېلىشكە ئالدىراتتى. ناپولېئون پارىژدىكىلەرنىڭ ھازىر ئۆزى توغرىسىدا قانداق خەۋەرلەرنى بېرىپ تەشۋىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا ھاكىمىيەت بېشىدىكى مەمۇرلارنى قاتتىق قامچىلاپ جاۋاب خەت ئەۋەتتى:

مەن مۇشۇ خېتىم ئارقىلىق ھەربىيلىكتىن چېكىنىشنى ئىلتىماس قىلىمەن، قانچە قېتىملاپ ھەربىي ھەرىكەتلەر داۋامىدا

ھايات ـ ماماتىم بىلەن قىلچە ھېسابلاشمىغاندىمەن، ئىشەنچىڭلارغا ئېرىشىشكە تامامەن ھەقلىق ئىدىم. قولغا كەلتۈرگەن غەلىبەم ئۈچۈن ئېرىشكەن شان ـ شۆھرىتىم مەندەك بىر تەلەيي ئىگىسىنىڭ كۆتكىنىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. ھازىر ۋېيىننا كۆز ئالدىمدىلا تۇرۇپتۇ، ئىتالىيە بولسا ئارقامدا قالدى. ئىلگىرى خۇددى ھازىرقىدەكلا سىلەر ئۆلگۈرتۈپ يەتكۈزۈپ بېرەلمىگەن ئوزۇق ـ تۈلۈككە ئېرىشىش ئۈچۈن قانچە قېتىملاپ ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن ھەرىكەت قىلدىم. شۇڭا شەرمەندىلەرچە قارا چاپلاپ، يامان نىيەتتە كۆڭلۈمگە ئازار بېرىمەن دىگۈچىلەر بىكار ئاۋارە بولىدۇ، مېنىڭ يازمىلىرىم خۇددى ھەربىي ئۇتۇقلىرىمغا ئوخشاشلا ئۆزگىچە، مېغىزلىق ۋە روشەندۇر.

ناپولېئوننىڭ ۋېيېننا بىلەن بولغان سۆھبىتىنىڭ ئاينغى چىقماي كەتتى. «سىلەر رىم ئىمپېرىيەسى تەۋەسىدە قوغلىۋېتىلگەن پادىشاھ ـ بەگلەرگە سالغان زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن بېلگىيە بىلەن لومباردىنى تۆلەم ھېسابىدا بىزگە بېرىڭلار!» بۇ سۆھبەتنىڭ شەرتى ئىدى، خابىسبورگ سۇلالىسى بۇ پرىنسىپنى ئېتىراپ قىلدى. چۈنكى، ئاۋىستىرىيە پادىشاھى بىلەن گېرمانىيە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسىدىن تەمەسى يوق، رىم ئىمپېرىيەسى قېرىپ، ئەجىلى توشۇپ پۈتى گۆرگە ساڭگىلىدى. بۇ ھال فىرانسىيەگە تولىمۇ پايدىلىق ئىدى. چۈنكى، فىرانسىيە بۇنىڭ بىلەن رېين دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى رايونلارغا ھەمتاۋاق بولالايتتى. بىراق، خابىسبورگ مەھرۇم قالغان لومباردىنىڭ ئورنىنى قانداق تولدۇرۇۋالار، بۇنىسى نامەلۇم ئىدى. تىنچلىق سۆھبىتىدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت بولدى.

دەل شۇ چاغدا ۋېنتسىيەدە توپىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، فىرانسۇزلارنىڭ قىرغىن قىلىنغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر يېتىپ

كەلدى. مانا ئەمدى مەسىلە ھەل بولىدىغان بولدى، ئۆچ ئالىدىغان پۇرسەت ئاخىر يېتىپ كەلدى! ۋېنتسىيەمۇ زاۋاللىقتا يۈز تۇتقانىدىغۇ؟ «ئۇمىد تۇمشۇقىدىن ھىندىستانغا بارىدىغان دېڭىز يولى ئېچىلغاندىن بۇيان، دىپرىياست بىلەن ئانكونانىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ ۋېنتسىيە كونىسىن خارابلاشتى — ناپولېئون ھاكىمىيەت بېشىدىكى مەمۇرلارغا يازغان خېتىدە ئەنە شۇنداق دەپ تەسەللىي ئېيتاتتى. يەنى يات ئارىدا قوزغايدىغان ھۇجۇمغا چۇشەنچە بېرەتتى، — ۋېنتسىيە بىر پەشۋاغىمۇ يارىمايدۇ. يەنە كېلىپ بۇ كالۋاارنىڭ زېمىنىمۇ، دېڭىز تەۋەلىكىمۇ يوق، ئۇلار ھۆرلۈك ھوقۇقى ئېلىشقا زادى مۇناسىپ ئەمەس، ۋېنتسىيەنى خابىسبۇرگ سۇلالىسىگە بېرىۋەتكىنىمىز تۇزۇك. بىز ۋېنتسىيەنىڭ كېمىلىرىنى ھەيدەپ كېتىمىز، قورال - ياراغ ئىسكىلاتىنى قۇرۇقداپ قويىمىز، زەمبىرەكلىرىنى سۆرەپ ئېلىپ كېتىمىز، بانكىلىرىنى تاقىۋېتىمىز. بىز پەقەت كورف ۋە ئانكونانى ساقلاپ قالساقلا بولدى.» ۋېنتسىيە ئەنە شۇنداق قۇرۇقداپ قويۇلغاندىن كېيىن خابىسبۇرگ سۇلالىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

ناپولېئون ئىتالىيەنى ئالغاندىن كېيىنكى شۇ ئۇتۇقلىرى بىلەن ئەمدىغۇ كۆڭلىمۇ قانائەت تاپقاندۇ؟ جىمى نىشانغا يەتتىغۇ؟

نەپسانىيەتچىنىڭ قارنى تويماس كېلىدۇ، ناپولېئون ھەربىر قەدەم ئىلگىرىلىگىنىدە يېڭى - يېڭى، چەكسىز گۈزەل مەنزىرىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ۋېنتسىيە ناپولېئون ئۈچۈن پەقەت بىر سەكرەتمىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، بۇ سەكرەتمىدىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ كەڭ دېڭىز - ئوكيانلارغا شۇڭغۇيالايتتى. بۇ ئارالنى ئىشغال قىلغان بوگۇنكى كۈندە بەھەيۋەت ئادرىياتىك دېڭىزىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، چەكسىز

تەسەۋۋۇرلارغا غەرق بولاتتى. ناپولېئون ئونكوناداا رىمنى تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە قىستاۋاتقان مەزگىلدە دېڭىز ساھىلىغا كېلىپ، يىراق - يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ تۇرۇپ كېتەتتى، يىراقتا ئىئونىيە تاقىم ئارالىرى، ئۇنىڭمۇ نېرىسىدا تۈركىيە بار ئىدى. «ماكېدونىيە بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقى يىگىرمە تۆت سائەتلىكلا يول، — دەپ يازدى ناپولېئون، — تۈركىيەنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىشىمىز ئۈچۈن مۆلچەرلىگۈسىز مۇھىم جاي.»
ناپولېئون ئەينى ۋاقىتتا باش ئىشتابتا خىزمەت قىلىپ تۇرغان چاغلىرىدا بۇ جايغا ھەمتاۋاق بولۇشنى كۆڭلىگە پۈكمىگەنمىدى؟ ئونكوناغا لەشكەر تارتىپ بارغىنىدا ۋەكىللىرىنى ئەۋەتىپ، جاننا، سېكوتارى، بوسنىيەلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ پاشالىرى بىلەن دوستلاشقانىدى. بۇگۇنكى كۈندە ژېنېۋىنىدا ۋېنېتسىيەگە قاراشلىق ئارالاردىكى مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەپ، كورفۇ ۋە زانتلارنى ئالدى. «شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئادرىياتىك دېڭىزى ۋە يىراق شەرقنى كونترول قىلدۇق، ئەمدى تۈركىيەنى پارچىلىنىشتىن ھىچكىممۇ قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ، ئىئونىيە تاقىم ئاراللىرىنى ئىشغال قىلساق تۈركىيەگىمۇ ياردەم بېرەلەيمىز، ئىشغالىيىتىمىزنىمۇ مۇستەھكەملىيەلەيمىز.»
فىرانسىيەنىڭ ئاساسىي دۆلەت سىياسىتى ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىزدىكى بازىلىرى ئارقىلىق بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسى بىلەن ھىندىستاننىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئىدى. ناپولېئون ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ سىياسەت ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئارزۇسىغا يېتىشى ئۈچۈن تۆرتكە ئىدى. ئەنگلىيە بىلەن دۈشمەنلىشىپ قېلىشنى خالىمايتتى، پەقەت شەرقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈنلا ئەنگلىيە بىلەن تۇتۇشماقچىدى. چۈنكى، تەسەۋۋۇرى ئەمەلىي ھەربىي ھەرىكەتتىن كۆپ ئىلگىرى كەتكەنىدى، ئەمدىلا بىر بۇرجەكنى ئىگىلىگەن ياۋروپا ھازىر

ناپولېئون ئۇچۇن ئېيتقاندا تولىمۇ كىچىك بولۇپ، ئارزۇسىنى قاندۇرالمايتتى.

ــ پەقەت شەرقتىلا بۈيۈك ئىمپېرىيەلەر ۋە دەۋر بۆلگۈچ ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇ يەردە ئالتە يۈز مىليون ئاھالە بار. ئۇ يەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ياۋروپا پەقەت سۇغۇر ئۇۋىسىچىلىكلا كېلىدۇ، ــ دېگەنىدى ئۇ بۇررىئېنغا.

## سەككىزىنچى، تۇغما ھۆكۈمران

ئېگىز گۈمبەزلىك، باروك ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ھەشەمەتلىك قەسىرنىڭ ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن تورۇسىغا ئاق رەڭلىك ئاسما چىراغ ئېسىلغان بولۇپ، قەسىرگە زىننەت قوشۇپ تۇراتتى. ئەركە ھەرەم غىلمانلىرىدەك ئون ئالتە ياشلىق چرايلىققىنا بىر ئىستارشىي لېيتېنانت يېشىل دۇخاۋا يېپىلغان ئۇزۇن سافادا ساھىبجامال ئىككى ئايالنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇراتتى. ئىككى يېنىدىكى ئايالنىڭ بىرى ئىستارشىي لېيتېنانتنىڭ ئاپىسى بولۇپ، شۇ تاپتا ئەتراپىدىكى سالاپەتلىك، كېلىشكەن ئوفىتسېرلارغا تىنىماي كۆز تاشلاپ تۇراتتى. شۇ دەقىقىلەردە كۆڭلى بالىسىدىن كۆرە ئەركەكلەردە ئىدى. ئايال شۇ تۇرقىدا: «بىز كىرېئون ئاياللىرى ئەرلەرنىڭ يۈرىكىگە ئوت يېقىۋېتىشكە ھەممىدىن ئۇستا كېلىمىز !» دەپ ئويلاۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئارقىسىدا تۇرغان سۇرلۇك گېنېرالمۇ ئىشق ـ مۇھەببەت ماھىرلىرىدىن ئىدى، بۇ گېنېرال ئالدىدىكى ئايالنىڭ تولغان كۆكسىگە پات ـ پات ئېگىلىپىرەك تۇرۇپ كۆز تاشلاپ قوياتتى، شۇنداق قىلىش ھەم مودا ئىدى، ھەم شۆھرەتپەرەس ئاياللارنىڭ كۆڭلىگە ياقاتتى. بۇ گېنېرال قىلچە تەربىيە كۆرمىگەن، ئالدىراڭغۇ ۋە قارام مارسېنا بولۇپ،

ئاياللارنى كۆرسە خۇددى مال ـ دۇنيانى كۆرگەندەك ئاچ كۆزلۈك قىلىپ كېتەتتى، نەدىلا بولسا يېنىدىن ئىككى ئايالنى ئايرىمايتتى.

بويى پاكار، بېشى يوغان، ئۆزى سەت، قىلىقى چاكىنا بىرتخېر شۇ تاپتا بىر توپ ئايالنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ ھە دەپ گەپ ساتماقتا ئىدى. ۋۇجۇدىدا مارسېنادا يوق تۇرلۇك پەزىلەتلەر ھازىرلانغانىدى. شۇ كەملەردە ۋىسكونتى جەمەتىدىكى ساھىبجامال ئاقسۆڭەك بىر ئايالنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغانلىقىدىن مەستخۇش ئىدى، ئۇ ئايالنى ئۆزىگە قانداق قىلىپ قارىتىۋالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. چارچاشنى بىلمەيدىغان، ھەمىشە روھلۇق يۈرىدىغان بۇ باش ئىشتاب باشلىقى بەزىدە پىلان تۈزۈش بىلەن مەشغۇل بولسا، بەزىدە سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ ھۇجۇمغا ئاتلىناتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر خەرىتە مۇتەخەسسىسى بولۇپ، ناپولېئوننىڭ ھەربىي نەزەرىيەنى پىششىق بىلىدىغان ساناقلىقلا ئوفىتسېرلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

شۇ ئەسنادا قورۇدىن پاۋلىنانىڭ بۇلبۇلدەك زىل ۋە ياڭراق ئاۋازى ئاڭلاندى، پاۋلىنا شۇ تاپتا ئاكىسى ناپولېئون تاللاپ چېتىپ قويغان لايىقى بىلەن توي قىلىش ئالدىدىكى ئەركىن دەملىرىنىڭ پەيزىنى سۈرمەكتە ئىدى، يوسېفىنىنىڭ تازا ئوغىسى قايناپدىغانلىقىنى بىلگەچكە، كۆڭلى تېخىمۇ يايراپ كەتكەنىدى.

ناپولېئون پارىژدىن كەلگەن يازغۇچى ئارنوغا ھەمراھ بولۇپ ئىككى سائەت ئۇياق ـ بۇياقنى ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇزۇن كارىدوردا سالماق قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ يازغۇچىنى تاللىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى: ناپولېئون ئارنونىڭ قوشۇن ۋە ئۇرۇش توغرىسىدا سورىغان سوئاللىرىغا ئۆزىنىڭ ھەربىي يۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتىغا ئاساسلىنىپ

تەپسىلىي جاۋاب بېرەتتى. چۈنكى، ئارنونىڭ كەڭ دائىرىلىك تەشۋىق قىلىدىغانلىقى چوقۇم ئىدى.

ناپولېئون قەسىرنىڭ ئايۋىنىغا كىرگىنىدە ئوفىتسېرلار پاراڭلىرىنى چىپپىدە توختىتىپ، يىگىرمە يەتتە ياشلىق بۇ قوماندانىنىڭ تاپشۇرۇقىنى كۈتۈپ سۈكۈتتە تۇردى، پەقەت ھېلىقى ئەركە ئىستارشىي لېيتېنانتلا سافادىن قوپماي ئولتۇرىۋەردى.

بۇ مىلانىنىڭ ئەتراپىدىكى ۋاقىتلىق ئوردا مونتېبېللودا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار ئىدى. ناپولېئون بۇ يەردە بىر كۈز ئۆتكۈچە دېگۈدەك تۇرغانىدى. بۇ چاغدا ئاۋستىرىيە بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنى ئىمزالىشىپ بولغان بولۇپ، پەقەت ھەقىقىي تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشلا قالغانىدى. ئەمدى پارىژغا بېرىپ باشقىلارنىڭ كۆككە كۆتۈرۈشلىرىدىن بەھرىمەن بولسا بولاتتى، بۇ ناپولېئوننىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى ئارزۇسى ئىدى. بىراق، ئىتالىيەدە تۇرىۋېرىشنى بەكرەك خالاپ قالدى. غالىبىيىتىنى، شۇنداقلا ئۆزى قۇرغان دۆلەتنى مۇستەھكەملەپ، ئىتالىيەنى ئىتائەتمەن ھالەتكە كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن پارىژغا قايتىشنى نىيەت قىلدى. مونتېبېللودا تۇرغان يىگىرمە يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە بۇ يەرنى قوماندانلىق ئىشتابى دېگەندىن كۆرە، كىچىك ئوردا دەپ ئاتىغان تۈزۈك ئىدى.

ناپولېئون ھېچقانداق جەھەتتە بىردىنلا بېيىپ كەتكەن بايۋەچچىگە ئوخشىمايتتى، ياسالمىلىقنى بىلمەيتتى، بەلكى ئۆز سۆزلۈك بولۇپ، ھەر ئىشتا ئىنقىلاب ئوغلىغا، باراۋەرلىك روھىنىڭ تەرغىباتچىسىغا خاس خىسلەتنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئاۋامنىڭ پەرزەنتلىرىنى قوشۇن ئىچىدە مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويدى، شىرمەت قولداشلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇنلىرىدا ئەدەپسىزلىك قىلىپ سېلىپ ئىتالىيە

ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مەسخىرىلىك نەزىرىگە قېلىشىدىنمۇ قورقمايتتى. بۇ چاغدا فىرانسىيەنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىگە قايتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ تېگى - تەكتىنى يوشۇرۇپمۇ ئولتۇرمىدى، ئەكسىچە جاھان ئەھلىگە ئاشكارا جاكارلىدى.

ناپولېئون ئاپىسىنى يوسېفىن بىلەن ئەپ ئۆتكۈزۈشنىڭ ئامالىنى قىلالمىدى. ئاپىسى لاتسىيە مەغرۇر، قائىدە - يوسۇنلۇق خانىم بولۇپ، يوسېفىننى جەمەتىمىزنىڭ ئابرۇيىغا نۇقسان يەتكۈزدى، دەپ قارايتتى. گەرچە ناپولېئون يوسېفىننىڭ ھەرقانداق تەلىپىنى ئورۇنلاپ توققۇزىنى تەل قىلىپ بەرسىمۇ، يوسېفىندىن ئاپىسىنىڭ ئالدىدا ئەقەللىي ھۆرمەت كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلاتتى. بىراق، شۇ تاپتا لاتسىيە خانىمنىڭ يوسېفىنغا بولغان ئاچچىقى پەسىيىش تۇگۇل، ئۇلغىيىپ بارماقتا ئىدى: بۇ شاللاق كىرېئون خوتۇن ئەرلەرنىڭ ماختاشلىرىنى، ئاياللارنىڭ خۇشامىتىنى قوبۇل قىلىشنىلا بىلىدۇ، بالا تۇغۇشنى بىلمەيدۇ، دەپ ئاغرىناتتى. ئۇن ئۇچ پەرزەنت يۈزى كۆرگەن بۇ ئانا بۇنى ئوغلى ۋە جەمەتى ئۇچۇن قاتتىق ھاقارەت دەپ بىلەتتى.

ناپولېئوننىڭ ئۇچ ئىنىسى، ئۇچ سىڭلىسى ۋە تاغىسى فېرشىل مونتېبېللو قەسرىدە ۋاقىتنى چاغ ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. يىگىرمە سەككىز ياشلار چامىسىدىكى جەلپكار سىڭلىسى پاۋلىنا ئاكىسىنىڭ ئاشنىسى يوسېفىننى ئويلىسا قاتتىق ئوغىسى قايناتتى. چۈنكى، يوسېفىن ناپولېئوننىڭ ئارزۇسىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ توي قىلىش پىلانىنى بەربات قىلدى، مانا ئەمدى گېنېرال كېللېرمان بىلەن بىلەن ۋاقىتلىق ئوردىنىڭ چېركاۋىدا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېلىزا بىلەن ئېرى باخكىنىڭمۇ بۇ رەسمىيەتنى تولۇقلىشىغا توغرا كەلدى. چۈنكى، شۇنداق قىلغاندىلا ۋاتىكانلىقلاردا ياخشى تەسىر قالدۇرغىلى بولاتتى.

ناپولېئوننىڭ بۇ مۇددىئاسىدىن خەۋىرىمۇ يوق ھەم قىزىقىپمۇ كەتمەيدىغان لاتسىيە خانىم قىزىنىڭ تويىدىن كېيىن كورسىكاغا كەتتى.

«بۇ ئارال، بىر ئۆلكە.» ناپولېئون ئەنگلىيەنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋالغان كورسىكانى ھەر قېتىم تىلغا ئالغىنىدا خۇددى باشقا رايونلارغا ئوخشاش ئادەتتىكى ئارالدەك ياكى ئادەتتىكى بىر ئۆلكىدەك ھەمىشە ئاشۇنداق ئاتايدىغان بولۇپ كەتتى. ئەنگلىيەلىكلەر ئۇرۇش مەزگىلىدە پاۋلىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئارىنى يىراق كۆرمەي ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ كېلىپ كورسىكانى ئىشغال قىلىۋالغانىدى. ناپولېئون ئەۋەتكەن نەچچە ئون كىشى نورغۇن پۇل ۋە قورال - ياراقلارنى ئېلىپ، تۇمانلىق بىر كېچىسى بۇ ئارالدا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، تەرەپ - تەرەپكە تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى تارقىتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلەرنى قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە رىغبەتلەندۈرگەن. ناپولېئون يەنە ئۆتمۈشتىكى رەقىبى، ھازىرقى دوستى ساللىيساتىسنىمۇ كورسىكاغا ئەۋەتكەن. شۇنداق قىلىپ، ئۆزى نەچچە يۈز چاقىرىم يىراقلىقتا تۇرۇپمۇ ئىلگىرى ئۈچ قېتىم ئالالمىغان كورسىكا ئارىلىنى ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى.

«ئوغۇممۇ - چۈشۈممۇ بۇ، ئارىدىن پەقەت تۆت يىللا ئۆتكەنىدىغۇ؟» دەپ ئويلىدى كورسىكاغا قايتا قەدەم باسقان لاتسىيە ئىلگىرى ئۆزىنى پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن قوشۇپ چېگرادىن قوغلاپ چىقارغان كىشىلەرنىڭ ئەمدى ئالدىغا چىقىپ تەنتەنە قىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە. ناپولېئوننىڭ چۈشىدىنمۇ چىقمايدىغان، ھەمىشە ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بىخەتەر ماكان شۇغۇ! ھازىر ناپولېئوننىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى بۇ جاينىڭ باش قوماندانلىقىغا ئولتۇردى، ئىنىسى لۇسىئان ھەربىي تەمىناتقا مەسئۇل باش زاپخوز بولدى. يىراق ئىتالىيەدە

تۆرۈۋاتقان ناپولېئون ئۆچۆن ئېيتقاندا، كورسىكا ئارىلى ئۆز جەمەتىنىڭ مۇقەددەس زېمىنىدەك ئىدى. رومانتىك، گۈزەل، قەدىمىي بۇ ماكاندا ئۆرۈق - تۇغقانلىرى خالىغىنىچە تۇرۇپ قالسا بولىۋېرەتتى. ناپولېئون يېقىندا شاھزادە لۇئىسنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان مەكتۇپىنى مەسخىرىلىك كۈلكە ئىچىدە ئوقۇغانىدى. بۇ مەكتۇپتا: «ئەگەر خانپەرەسلەر پارتىيەسىگە كىرىپ بوربون سۇلالىسىنى تىرىلدۈرۈشىمىزگە مەدەتكار بولسىڭىز، سىزگە ‹كورسىكا كىنەزى› ئۇنۋانىنى بېرىمىز، ھەتتا كىنەزلىك ئۇنۋانىڭىزنى ئەۋلادمۇئەۋلاد مىراس قالدۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ» دېيىلگەنىدى.

ناپولېئون مونتېۋېردا تۇرغان چاغلىرىدا ئومۇمنىڭ ئىشى بىلەن خۇسۇسىي ئىشنى ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگىنىشكە باشلىغانىدى، بۇ ئاقسۆڭەكلەر پەرزەنتلىرى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئۆگىنىدىغان ساۋاق ئىدى.

كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ناپولېئون بۇ ۋاقىتلىق ئوردىنىڭ قاراۋۇللۇقىغا فىرانسۇز لەشكەرلىرىنى ئەمەس، بەلكى پولەك لەشكەرلىرىنى قويغانىدى. ئۇرۇش داۋامىدا كۆپ قېتىم خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىدىن ئىبرەت ئېلىپ، قىسىمدىن ئوتتۇرا قولدەك قاۋۇل قىرىق لەشكەرنى تاللاپ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى تەشكىللىگەنىدى.

بۇ ۋاقىتلىق ئوردىدا نۇرغۇن خەۋەرچىلەر ۋە لاۋازىمەتچىلەر بار ئىدى، جاي - جايلاردىن كەلگەن ئەلچىلەرمۇ كۆپ ئىدى — ۋېيىننا، لىۋورنا ۋە ژېنوۋالار مونتېۋېرغا بەس - بەستە ئەلچىلىرىنى ئەۋەتكەنىدى. بۇ يەردە پاگونلىرىغا چۈشۈرۈلگەن سايىنىت مارك شىرى ۋە سايىنىت پېتىر ئاچقۇچى پارقىراپ تۇرىدىغان چەت ئەل ئەلچىلىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ناپولېئون يەنە ھەمىشە شۇ يەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە كاتتا

زىياپەتلەرنى بېرىپ تۇراتتى، قىزىقچىلارنى ئوردا مېھمانخانىسىغا كىرىپ بەھۇزۇر ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلاتتى، شۇنداقلا يەرلىك كىشىلەرگە ئوخشاشلا يەرلىك هاراقلارنى ئىچەتتى، بۇنىڭدىن مەقسىتى ئۇلارنىڭ قايتىپ بارغىنىدا ئۆزىنى راسا بېزەكلەپ تەشۋىق قىلىشى ئۈچۈن چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇش ئىدى.

ناپولېئون دەۋرىنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن قانداق قىلىپ شۆھرەت قازىنىش كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا تەجرىبىلىك، زېرەك بىر مۇخبىرنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلدى. بۇ مۇخبىر كېيىنچە تەشۋىقات ساھەسىنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ قالدى. ناپولېئونىنىڭ تىلى بولۇپ، هاكىمىيەت بېشىدىكى مەمۇرلارنى قاتتىق سۆكتى. ناپولېئون قەدىمدە ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر پلۇتارخنىڭ سادىق مۇرىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ نامىنى قانداق قىلىپ زاماندىن زامانلارغىچە قالدۇرۇشنى ئوبدان بىلەتتى. كۆپ قېتىم ئىتالىيەدىكى دىراماتورگلار، تارىخشۇناسلار، ئالىملار ۋە سەنئەتكارلارنى فىرانسىيەگە تەكلىپ قىلدى. ئۇ بىر يىلنىڭ ئالدىدا مىلانغا يېڭىلا كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئىتالىيەدىكى بىر ئاسترونومغا يازغان خېتىدە كىشىنى زىلزىلىگە سالىدىغان مۇنداق سۆزلەرنى قىلغانىدى:

ئىلىم ئىنسانىيەتنىڭ ئىجادىي روھىيىتىنى قايتا نامايان قىلىپ بېرىدۇ، سەنئەت ئەتراپىمىزدىكى دۇنيانى گۈزەللەشتۈرىدۇ ھەمدە ئىنسانىيەتنىڭ شانلىق نەتىجىلىرىنى زاماندىن زامانغا يەتكۈزىدۇ. ئەركىن دۆلەت پەن ۋە سەنئەتنى قوغدىشى ۋە ئۇلارغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بارلىق تالانتلىق شەخسلەر، ئىلىم ساھەسىدىكى سەرخىل زاتلار قايسى دۆلەتتە تۇرۇۋاتقان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،

ھەممىسى فىرانسىيە دۆلەت تەۋەلىكىگە كىرسە بولىدۇ.

ئىلىم ساھەسىدىكى سەرخىل زاتلار شۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىزچىل تۇردە تاغ ۋە ئورمانلارغا بىرىۋېلىپ، جاھاندىن مۇستەسنا پىنھان ياشاپ كەلگەنىدى. ئەركىنلىك ئىدىيەسى ئاخىرقى ھېسابتا پۇتكۇل يەر ـ زېمىندا ئەۋج ئالغان بۇگۈنكى كۈندە ھېچقانداق مەنىۋى چۇشەك قالمىدى، مۇستەبىتلىك، زوراۋانلىق پاچاقلاپ تاشلاندى، جاھاندىكى ئەزىمەتلەر ناپولېئوننىڭ مۇبارەك نامىنى ئاڭلاپ بىمالال ئالدىغا كېلىپ ئۆز قاراشلىرىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېيتىدىغان بولدى، فىرانسىيەگە بارماقچى بولغان بارلىق زاتلار بۇ يەردە قىزغىن قارشى ئېلىنىدى ھەمدە شەرەپكە مۇشەررەپ بولدى.

ناپولېئون ئارقىدىنلا تۆۋەن دەرىجىلىك بىر خادىمنى ئىتالىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان ئېسىل سەنئەت بۇيۇملىرىنى بىرمۇبىر تىزىملاپ رويخەتكە ئېلىشقا بۇيرۇدى. ناپولېئون كېيىنكى كۈنلەردە تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالاشقاندا ئاشۇ ئېسىل سەنئەت بۇيۇملىرىنى پارىژغا ئەۋەتىپ بەردى.

دەسلەپتە ئادەم ئەۋەتىپ پارىژ مۇزىكا ئاكادېمىيەسى ئۈچۈن مەشھۇر ئىتالىيە مۇزىكىلىرىنىڭ نوتىسىنى كۆچۈرگۈزۈۋالدى. كېيىن شۇ ئاكادېمىيەنىڭ ئاكادېمىكى بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئىش قەغىزىنىڭ بېشىغا ئاشۇ «ئاكادېمىك» دېگەن ئۇنۋانىنىمۇ باستۇردى.

— بۇنىڭدىن كېيىن فىرانسىيەنىڭ ھەقىقىي كۈچى ئاشۇ زاتلاردىن تەشكىل تېپىشى، ھەرقانداق جايدا ئەۋج ئالغان يېڭى ئىدىيەلەر فىرانسىيەنىڭ مەنىۋى بايلىقى بولۇپ قېلىشى كېرەك.

بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ناپولېئون بىر سىياسىيون بولۇپلا قالماستىن، يەنە تۇغما ھۆكۈمران بولۇشقىمۇ مۇناسىپ

ئىدى. ھەربىر قول ئىشارىسى، ھەربىر ئىغىز سۆزى ياكى ھەر بىر ئىلىك خېتىدە ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرۇشقا تىرىشاتتى.

ئەينى ۋاقىتتا ئۆتكۈر بىر كۆزەتكۈچى ناپولېئوننى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازغانىدى:

خاراكتېرىدە ھەرقانداق كىشىنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىدىغان بىر خىل سېھرىي كۈچ بار... گەرچە ھەرىكىتى بەزىدە كالانپايراق كۆرۈنسىمۇ، ۋۇجۇدىدا، كۆزلىرىدە ۋە سۆزلىرىدە تاقابىل تۇرۇپ بولمايدىغان بىر خىل سېھرىي كۈچ بولۇپ، ھەرقانداق كىشىنى ئۆز پەرمانىغا ئىتائەت قىلدۇراتتى. جامائەت سورۇنلىرىدا ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق تەسىرىنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇنسىمۇ، دوست - يارەنلىرى بىلەن بىللە بولغان چاغلىرىدا مۇلايىم، يېقىملىق بولۇپ كېتەتتى، ھەتتا سەمىمىيلىك بىلەن ئۇلارغا ئىچ سىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى. چاقچاق قىلىشقا ئامراق بولسىمۇ، ھەرگىز كىشىلەرنى ھاقارەتلەيدىغان گەپلەرنى قىلمايتتى، ھەمىشە لايىقىدا قىزىقچىلىق قىلىپ تۇراتتى. دائىم بىز بىلەن بىللە كۆڭۈل ئاچاتتى، خىزمەتكە كۆچەپمۇ كەتمەيتتى. ئۇ چاغلاردا خىزمەت ۋاقتىنى ئىنچىكە پىلانلاپ زىچ ئورۇنلاشتۇرۇپمۇ كەتمىگەنىدى. بىكار بولۇپ قالغان چاغلىرىدا ناھايىتى چىقىشقاق بولۇپ كېتەتتى. ئەمما، ئىشخانىسىغا كىردىمۇ، ھەرقانداق كىشىنىڭ، دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىجازەتسىز ئۇسۇپ كىرىشىنى چەكلەيتتى...

## توققۇزىنچى، ياۋروپانىڭ تارازىسى بىزنىڭ قولىمىزدا

پارىژنىڭ ۋەزىيىتى زادى قانداق؟

باش كۆتۈرۈشكە يۈزلىنىۋاتقان خانپەرەسلەر بىلەن مىسسىيونېرلارنىڭ كۈچى كۈنسايىن زورىيىپ، جۇمھۇرىيەتنىڭ يېڭى ئاساسىي قانۇنىغا بىۋاسىتە تەھدىت سالماقتا ئىدى.

ناپولېئون هاكىمىيەت بېشىدىكى مەمۇرلارنى قوغداشقا ئاۋگېرونى ئەۋەتتى. بۇ چاغدا بوربون ئەۋلادلىرىنىڭ ئىچىدىن بىرەرسى فىرانسىيە تۇپرىقىغا قەدەم بېسىشقا پېتىنىدىغانلا بولسا، بارلىق ئۆكتىچىلەر ناپولېئوننىڭ تۇغى ئاستىغا يىغىلاتتى ـ دە، ناپولېئوننىڭ ئىمپېراتورلۇق تاجىنى كىيىمكى ئۈچۈن ھېچقانچە كۈچ كەتمەيتتى. بىراق، ھازىر بوربون جەمەتى بىخەتەر پاناھگاھتىن چىقماي يېتىۋالغاچقا، ئۇنداق قىلالمايتتى. ھاكىمىيەت بېشىدىكى مەمۇرلار بولسا شۇ پۇرسەتتە كىچىككىنە سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. ھۆكۈمەت ئاپپاراتىنىڭ ئىشتاتى ئۈچ كىشىدىن بەش كىشىگە كۆپەيتىلدى، ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي مۇستەقىللىقى زور دەرىجىدە ئاشتى.

سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن تۇنجى قېتىم تاشقى سىياسەتكە مەسئۇل مۇتەخەسسىس تاللېيران مۇناسىپ ۋەزىپىگە ئولتۇردى. تاللېيران پارىژدا ئۆزىنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى بىردىنبىر رىقابەتچىسىنىڭ كۈچىنى دەڭسەپ كۆردى. گەرچە رىقابەتچىسىنى ھېچقاچان ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ، بۇ رىقابەتچىسىنىڭ كەلگۈسىدە جەزمەن ئۇزۇپ چىقىدىغانلىقىغا كۆزىلىدە ھۆكۈم چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قول بولۇشنى ئىختىيار قىلدى ھەمدە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۆزىدىن ئۇلۇغراق بۇ رىقابەتچىسىنىڭ ـــ ناپولېئوننىڭ ئىشەنچىسىگە نائىل بولدى.

بىراق، تاللېيران ھەر جەھەتتە ناپولېئوننىڭ ئەكسىچە ئىش تۇتاتتى. ھۆكۈمران بولۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايتتى، دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا ئەسلا قىزىقمايتتى. ئاچ كۆز، شەپقەتسىز، قۇۋ، ساختىپەز، شامالنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ ئىش تۇتىدىغان بۇ پۇرسەتپەرەس ئۆتكۈر بۇرنى بىلەن پۇراپ يۈرۈپ ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆزىتەتتى، ئىشنىڭ چاتاقراق

ئىكەنلىكىنى بىلگەن ھامان يۈنىلىشىنى ئۆزگەرتەتتى. ھازىر جۇمھۇرىيەتنىڭ زەر ياقىلىق كىيىمىنى كىيىپ يۈرگىنى بىلەن كەلگۈسىدە مۇستەبىت پادىشاھ تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشى ياكى پادىشاھنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشى ۋەياكى دەھرىي پادىشاھنى ئۆزىگە يۆلەنچۈك قىلىشى مۇمكىن ئىدى. قىرىق نەچچە يىلدىن بۇيان ھاكىمىيەت كىمنىڭ قولىدا بولسا، قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ شۇنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ كەلگەنىدى. ئەمما، ئۆزىگە ئىمكانىيەت قالدۇرماي قويغانمۇ ئەمەس، شۇڭا ئاشۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلىنىپ قالمىغانىدى. تاللېيران ئاقساق بولغاچقا ھەربىيلىككە قاتنىشالمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن مىسسىيونېر بولۇشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئۇ دەل ئاشۇ تونىنىڭ شاراپىتىدە ئۇتۇق قازىنىپ، فىرانسىيەنىڭ غوجايىنى بولۇپ قالدى. تاللېيران فىرانسىيەدە بوناپارت بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرالايدىغان بىردىنبىر ئادەم ئىدى. ناپولېئون شۇنىڭدىن ئېتىبارەن گەرچە تاللېيرانغا ئۆچ بولسىمۇ، بۇ ھىيلىگەردىن زادىلا قۇتۇلالمىدى. ناپولېئون ئاخىرقى كۈنلەردە يىقىلغان چاغدا تاللېيران تەختتىن غۇلاپ چۈشكەن غوجايىنىدىن چىرايىغا تەبەسسۇم يۈگۈرتۈپ دىگگۇسلىغىنىچە يانداپ ئۆتۈپ، ئەسلىدىكى ئۆزىگە دۈشمەن ئىچكى كابىنېتنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. شۈبھىسىزكى، تاللېيران ناپولېئوننى ئاغدۇرۇۋەتكەن ئادەم ئىدى. بىراق، تۈپ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلسەك، شۇنى بايقايمىزكى، ناپولېئوننى ئاغدۇرغان ئادەم تاللېيران ئەمەس، دەل ناپولېئوننىڭ ئۆزى.

ۋاھالەنكى، تاللېيران نەزەر دائىرىسى كەڭ، ھېچنېمىدىن تەپ تارتمايدىغان خاراكتېرى بىلەن يىراقتىكى ناپولېئوندا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. ناپولېئون ئەتىيازدا باشلانغان تىنچلىق سۆھبىتى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان تىنچلىق شەرتنامىسىگە

ئىمزا قويۇش ئۇچۇن توققۇزىنچى ئايدا لومباردىغا بارغانىدى، شۇ چاغدا بۇ كونا ئاقسۆڭەك ئەۋلادىنىڭ غوجايىنى تونۇۋېلىشقا ماھىر بۇ روكوكوچە ئارختېكتورنىڭ — بۇ شەپقەتسىز ئىسكارچىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىنى كۆرگەنىدى. ناپولېئون شۇ كەمگە قەدەر ھەربىيلەردىن باشقىسىغا ھاجەتمەن ئەمەس ئىدى، مانا ئەمدى سىياسىيون بولۇپ قالغىنىدا ئۆزى ئېھتىياجلىق بىر سىياسىيوننى تاپتى. شۇنىڭ بىلەن ئاۋسترىيەلىكلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقان مەزگىلدە بۇ دىپلوماتىيە مىنىستىرىغا ئۇزۇن بىر پارچە خەت ياكى دوستلۇق مەكتۇپى ئەۋەتتى. مەكتۇپتا ئۆزىنىڭ پۈتكۈل سىياسىي پىلانىنى ئاشكارىلاپ مۇنداق دېدى:

بىز فرانسۇزلارنىڭ سىياسىي ھاياتى ئەمدىلا باشلاندى، ئۆزىمىزنى ھەرقانچە ماختىغىنىمىز بىلەن سىياسىي جەھەتتە بەربىر يېڭىياچىمىز. چۈنكى، بىز ھەتتا مەمۇرىيەت، قانۇن چىقىرىش، ئەدلىيە دېگەنلەرنىڭ نېمىلىكىنى تېخى بىلمەيمىز. دۆلىتىمىزدەك بارلىق ھوقۇق خەلقتىن كەلگەن، خەلق ھەممىدىن ئۇلۇغ غوجايىن بولغان بىر دۆلەتتە ھۆكۈمەت جەزمەن خەلق رايىنىڭ ھەقىقىي ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاساسىي قانۇنغا بىنائەن مەن بەلگىلىگەن ھوقۇق دائىرىسىدە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى كېرەك.

«ھەي بوناپارت، سەن راستلا مۇشۇنداق ئوچۇق - يورۇقمۇ؟» دەپ ئويلىدى بىر ھەپتىدىن كېيىن بۇ مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالغان سىرلىق تاللېيران چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

18 - ئەسىردىمۇ دۆلىتىنى قۇتقۇزۇش يولىدا قولىغا قورال ئېلىپ كۈرەش قىلىشقا مەجبۇر بولۇش ئوتتۇز مىليون ئاھالىگە

ئىگە بىر دۆلەت ئۈچۈن شۇ قەدەر ئېغىر بەختسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانىيەت ئۈچۈن تۈرغۈزۈلغان ئاساسىي قانۇندا ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى نەزەردە تۇتۇشى شەرت ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىمدا، بۇ زوراۋانلىق قورالىنىڭ قانۇن تۈرغۈزغۇچىلار ئۈچۈن ھەقىقەتەن بىر سېلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم.

«سەن راستىلا شۇنچىلىك ئالىيجانابمۇ؟ — دەپ ئويلىدى تاللېيران ئاشۇ جۈملىلەرنى ئوقۇۋېتىپ، — ئۇرۇش ئارقىلىق ئېرىشكەن شان - شۆھرەتلىرىدىن زېرىكىپتۇ، ئەمدى يېڭى ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچى مۇستەبىت بولماقچىكەن - دە.»

تاللېيران مەكتۇپنىڭ داۋامىنى ئوقۇدى:

بىز نېمە ئۈچۈن مالتانى ئىشغال قىلمايمىز؟ مالتا رېتسارلىرىنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشىم ئۈچۈن ئوبدان ئاساسقا ئىگە ئىدىم... مالتا ۋە كورف ئارىلى قولىمىزدا بولسىلا، ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ غوجايىنى بولۇپ قالاتتۇق. ئىنگلىزلارنى ئۈمىد تۇمشۇقىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتەلمىسەك، مىسىرنى ئېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر بىزدە يىگىرمە بەش مىڭ كىشىلىك قوشۇن ۋە سەككىز - ئونغىچە كېمە بولغىنىدا بۇ مەقسەت ئۈچۈن يىراققا يۈرۈش قىلىپ باقساق بولاتتى، مىسىر سۇلتانىغا تەۋە ئەمەس. ئويلاپ باقسىڭىز، ئەگەر مىسىرغا يۈرۈش قىلساق، تۈركىيە ھۆكۈمىتى قانداق ئىنكاس قايتۇرار... ئۆزىمىزنىڭ شەرقتىكى سودىمىزنى ئويلىشىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىدا بۇ خەتنى ئوقۇپ ئولتۇرغان بۇ دىپلوماتنىڭ قوشۇمىسى بارغانسېرى چىڭ تۈرۈلدى. بۇ خەتنى يازغۇچىنىڭ مۇتلەق بىر تالانت ئىگىسى، ھەتتا شەيتان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى. بىرقانچە ھەپتىدىن كېيىن مۇنداق مەزمۇندا يېزىلغان بىر پارچە مەكتۇپ تاپشۇرۇۋالدى.

ئەگەر قىلىدىغان ئىشلىرىمىز توغرا سىياسىي نەزەرىيە (پۈرسەت ۋە شارائىتلار بىرتۈتاش نەزەرگە ئېلىنغان نەزەرىيە) ئاساسىدىكى ئىش ـ ھەرىكەت بولغىنىدا ئۈزاققىچە ياۋروپادىكى قۇدرەتلىك دۆلەت ۋە ياۋروپانىڭ غوجايىنى بولۇپ قالىمىز. ياۋروپانىڭ تارازىسى بىزنىڭ قولىمىزدا، يەنە كېلىپ تەقدىرىمىز كاج كەلمەي قالسىلا، بىرنەچچە يىل ئىچىدە زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىمىز. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر بۈگۈنكى كۈندە قارىماققا تەسەۋۋۇرغا باي غايىپەرەسلەرنىڭ مۇجمەل پەرىزىدەك بىلىنىدۇ. بىراق، ئېغىر ـ بېسىق، قەتئىي، يىراقنى كۆرەر دانا بىر كىشى بۇ تەسەۋۋۇرنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغۇسى.

## ئۈنىنچى، بۈيۈك پىلان

بۇ گېرمان دىپلوماتلار شۇ قەدەر ئېزىلەڭگۈ ئىكەنكى، بۇ يەردە ھەپتە ـ ھەپتىلەپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، مۇزاكىرىسىنى ھەمىشە تۈن تەڭگىچە داۋاملاشتۇراتتى. بىراق، سۆھبەتلىشىۋاتقان ئاۋستىرىيە ۋەكىللىرى تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالاش ئىشىدا تېخىچە بىر قارارغا كېلەلمەي ئىككىلىنىپ ئولتۇرىۋەردى، ھەرقانداق بىر ئەقلى جايىدا كىشى ئۈچۈن بۇ پەقەت ئىككى سائەتتىلا قارار قىلغىلى بولىدىغان ئىش ئىدى. ئاۋستىرىيە ۋەكىللىرى باشتىن ـ ئاياغ ئۆزلىرىنىڭ ۋىيېننادىكى ئىمپېراتورىنىڭ كۆزىگە قاراپ ئىش تۇتۇپ كەلدى، ھەتتا سۆھبەت ۋاقتىدىمۇ يېنىغا ئىمپېراتورى ئۈچۈن سىمۋول خاراكتېرىدە قۇرۇق شاھانە ئورۇندۇقتىن بىرنى قويۇپ قويدى.

— سۆھبىتىمىزنى باشلاشتىن ئاۋۋال بۇ ئورۇندۇقنى يۆتكىۋەتكىنىڭلار تۈزۈك، — دېدى باش قوماندان ناپولېئون، — بۇ مۇقەددەس ئالىي ئورۇندۇقۇڭلاردا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئولتۇرۇپ سالماي يەنە.

بىرقانچە ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى، سۆھبەتتىن ھېچبىر نەتىجە چىقمىدى. گەرچە تىنچلىق ياۋروپالىقلارنىڭ كۆپ يىلدىن بۇيانقى ئارزۇسى بولسىمۇ، ناپولېئون شۇنچە كۆپ ۋاقىتنىڭ قۇرۇقتىن - قۇرۇق تىنچلىق سۆھبىتى بىلەن زايە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئويلىسىلا، ئاۋستىرىيەنىڭ ئاشۇ قارىمۇتۇق يېڭى دىپلوماتىيە مىنىستىرى بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ قىزغىن مۇقەددىمىسىدىن شۇنچىلىك بىزار بولاتتى.

— سىلەرگە بەك كەڭچىلىك قىلىپ كەتتىم، — ھۆركىرىدى سەۋر - تاقىتى توشۇپ كەتكەن بوناپارت ئاۋستىرىيەلىكلەرگە، — ئەسلىدە شەرتنى تېخىمۇ قاتتىق قويسام بولاتتى! ۋاقتىمنى زايە قىلىۋاتىسىلەر. سىلەرگە ئېيتىپ قوياي، پادىشاھىڭلار بىلەن ھەرقانداق ئورۇندا باراۋەر تۇرىمەن. ھەم، ئالدىمدا پارلامېنتىنىڭ گېپىنى قىلىپ كەتكىنىنى بۇ خەقنىڭ... بىز فىرانسۇزلار شۇنچە زور كۈچىمىز بىلەن ئىككى يىلغا قالمايلا پۈتكۈل ياۋروپانى بويسۇندۇرالايمىز. ئەمما، ئۇنداق قىلغۇمىز يوق. پۇقرالارغا تىنچلىق بەرمەكچىمىز، بەرگەندىمۇ ئىمكانىقەدەر تېزرەك بەرمەكچىمىز... بىراق، جانابلار، سىلەر مېنىڭ ئالدىمدا ئۇنداق كۆرسەتمە ئىدى، بۇنداق بۇيرۇق ئىدى، دەپ تىلىڭلارنى چايناۋاتىسىلەر. ئەگەر كۆرسەتمىدە ھازىر قاراڭغۇ كېچە دېيىلگەن بولسا، سىلەرمۇ ھازىرنى قاراڭغۇ كېچە دەپ تۇرۇۋېلىشىڭلار كېرەكمۇ؟

ناپولېئون ئاخىردا ئۇلارنى قورقۇتۇپ قويۇش ئۈچۈن بىر فار فور لوڭقىنى دەرغەزەپ بىلەن يەرگە ئۇرۇپ چۇل - چۇل قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن تىنچلىق شەرتنامىسى ئاخىرقى ھېساباتتا ئىمزالاندى. ھەربىر تەرەپ بۇ تىنچلىق شەرتنامىسىدە ناپولېئون بۇنىڭدىن يېرىم يىل ئىلگىرى رېئوبىندا لەۋزە قىلغان

نەرسىگە ئېرىشتى.

بۇ خەۋەردىن ۋاقىپلانغان ياۋروپالىقلار «ئۇھ» دېيىشتى. بىراق، ناپولېئون كۆڭلىدە يەنە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقاندۇ؟ ئاۋستىرىيە بىلەن فىرانسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئالتە يىللىق ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىش توغرىسىدىكى «كامپ - فورمىئو شەرتنامىسى»نى يېڭىلا ئىمزالىشىپ بولغان ناپولېئون ئەڭ ئەمەلىي گەپ - سۆزلەر بىلەن ھاكىمىيەت بېشىدىكى مەمۇرلارغا: «ھۆكۈمىتىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھازىر قىلىمىساق بولمايدىغان يەنە بىرلا ئىش قالدى، ئۇ بولسىمۇ ھېلىمۇ پادىشاھلىق ھاكىمىيىتى يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئەنگلىيەنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش. ئۇنداق قىلمايدىكەنمىز، جانلىنىۋاتقان بۇ بۈيۈك بىرىتانىيەلىكلەر تەرىپىدىن بەربات بولىمىز. ھازىر پۇرسەت بىزگە پايدىلىق، پەقەت بارلىق ھەربىي كۈچىمىزنى يىغىپ ئەنگلىيەنى جايلىۋېتىدىغانلا بولساق، ياۋروپا بىزنىڭ ئىلكىمىزگە ئۆتىدۇ» دەپ مەكتۇپ ئەۋەتتى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن دېڭىز ئارمىيەسىگە شۇنداق بىر خىتابنامىنى جاكارلىدى:

— يىگىتلەر، بىز قۇرۇقلۇقتا تىنچلىق ئورنىتىپ بولدۇق، ئەمدى دېڭىزلارنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن يۈرۈش قىلايلى. شانلىق فىرانسىيە سىلەرنىڭ ياردىمىڭلار بولمىغىنىدا پەقەت ياۋروپانىڭ بىر بۇرجىكىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ، سىلەرنىڭ ياردىمىڭلارغا ئېرىشكەندە فىرانسىيەنىڭ شۆھرىتى دېڭىز - ئوكيانلاردىن ھالقىپ، دۇنيانىڭ ئەڭ يىراق جايلىرىغىچە تارقىتىشقا مۇۋەپپەق بولىمىز!

ناپولېئوننىڭ كاللىسى ئۇلۇغۋار پىلانلارغا تولۇپ كەتكەنىدى. ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرى يولىدا ئات سېلىپ يۈرگىنىدە شان - شۆھرىتى ئېتىنىڭ تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان ئىچىدە غايىب بولاتتى. بىراق، يەنە ئۇزۇكسىز

پەيدا بولۇپ تۇراتتى، ناپولېئون يېڭى پىلانلىرى ئالدىدا كونا پىلانلىرىغا قولىنى پۇلاڭلىتىپمۇ قوياتتى. ناپولېئون مىلاندىكى ئوردىسىغا چاقماق تېزلىكىدە يېتىپ بېرىپ ئىتالىيەگە ئەڭ ئاخىرقى پەرمانىنى چۈشۈردى. چۈنكى، شۇ تاپتا شەرتنامىنى ئېلىپ پارىژغا بارماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. يېڭى قۇرۇلغان سالپىن جۇمھۇرىيىتى توغرىسىدا خۇددى پادىشاھنىڭ ئۆز پۇقرالىرىغا سۆز قىلغىنىدەك تەلەپپۇزدا نۇتۇق سۆزلىدى:

— سىلەر تارىختا پارتىيە - گورۇھلار توقۇنۇشىنى، قانلىق ئۇرۇشنى، كەسكىن سۆھبەتنى باشتىن كەچۈرمەيلا ھۆرلۈككە ئېرىشكەن تۇنجى ئەل بولۇپ ھېسابلىنىسىلەر. سىلەرگە ھۆرلۈك بەردۇق، بۇ ھۆرلۈكنى قانداق قوغدىشىڭلارنى بىلىشىڭلار كېرەك !... ئۆز كۈچۈڭلارنى ۋە ھۆر ئادەملەرگە خاس ئىززەت - ھۆرمىتىڭلارنى چىن قەلبىڭلاردىن تولۇق بىلىپ يېتىشىڭلار كېرەك... رىملىقلار ئۆز ۋاقتىدا بۈگۈنكى فرانسۇزلارغا ئوخشاش ئۆز ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن بولسا، رىم تۇغى چوقۇم ھازىرمۇ جەۋلان قىلىپ تۇرغان، ئىنسانلارمۇ بىر مىڭ سەككىز يۈز يىل داۋاملاشقان شەرمەندە مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ ئاسارىتىدىن مۇقەررەر قۇتۇلغان بولاتتى. مەن ئىزچىل تۈردە ھۆرلۈكۈڭلارنى مۇستەھكەملەپ كەلدىم ھەمدە سىلەرگە بەخت - سائادەت ئاتا قىلىشنى بىردىنبىر مەقسىتىم ۋە بۇرچۇم بىلگەندىم، ئەمدى بۇ ۋەزىپەمنى ئادا قىلىپ بولدۇم... بىرقانچە كۈندىن كېيىن سىلەر بىلەن خوشلىشىمەن، بەختىڭلارغا ۋە جۇمھۇرىيىتىڭلارنىڭ شۆھرىتىگە مەڭگۈ كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىمەن.

ناپولېئون شۇ كۈنى بۇ دۆلەتتىكى بىر دىپلوماتنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆزىنىڭ مونتېبېللودىكى چاھار بېغىدا ئايلىنىپ يۈرگىنىدە ئەس - يادى پۈتۈنلەي پارىژدا ئىدى. ھەمراھ بولۇۋاتقان بۇ دىپلومات ئەقىللىق، چېچەن ھەمدە

مەخپىيەتلىكنى قاتتىق ساقلايدىغان كىشى ئىدى. بۇنداق كىشىنىڭ ئالدىدا ھەرقانچە تالانت ئىگىسىمۇ بەزىدە ئىچ - سىرىنى يوشۇرالماي قالىدۇ. ناپولېئون ھەمراھىغا سىرىنى ئاشكارىلىدى:

— سىزنىڭچە، مەن ئادۋوكات نەسەبىدىن بولغان ھاكىمىيەت بېشىدىكى مەمۇرلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىتالىيەدە غەلىبىگە ئېرىشىپ، شۇنچە ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغاندىمەنمۇ؟ ياكى مېنى جۇمھۇرىيەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان دەپ ئويلامسىز؟ ئوتتۇز مىليون ئاھالىگە ئىگە جۇمھۇرىيەت قۇرۇش، شۇنداقلا كونا ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى، ئىللەتلىرىمىزنى ساقلاپ قېلىش نەقەدەر كۈلكىلىك خىيال! فىرانسىيە ئۇزاققا قالمايلا بۇ ئويلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. فىرانسۇزلار شان - شۆھرەت ۋە ھەشەمەتكە موھتاج. بىراق، ئۇلار ئەركىنلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەتتىمۇ؟ قوشۇنلىرىمىزغا قاراپ باقايلى، فىرانسىيە لەشكەرلىرى ئۆزۈكسىز قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىمىز نەتىجىسىدە ئۆز تەبىئىتىگە قايتتى، مەن ئۇلارنىڭ مەبۇدىسى بولۇپ قالدىم. ئەگەر ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئەربابلار مېنى ۋەزىپەمدىن ئېلىپ تاشلىماقچى بولىدىكەن، ھەربىي غوجىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى شۇ ئان بىلىپ قالىدۇ. خەلق ھېچقانداق نەزەرىيە ۋە ھۆكۈمەتكە، شۇنداقلا ھېچقانداق ئىدېئولوگىيەلىك قاتمال ئىبارىلەرگە ۋە نۇتۇققا ئەمەس، بەلكى بىر داھىيغا، ئۆزلىرىنى شان - شۆھرىتى ۋە غەلىبىسى بىلەن يېتەكلەيدىغان داھىيغا موھتاج. ئۇلارغا بىرەر ئويۇنچۇقنى بەرسىڭىز، ئۇلار ۋاقتىنى ئاشۇ ئويۇنچۇقنى ئويناش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ ھەمدە ھۆكۈمرانلىقىڭىزنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. دەرۋەقە، داھىي بولغان ئادەم ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنى ئەپچىللىك بىلەن يوشۇرۇپ قېلىشنى

بىلىشى كېرەك. ئىتالىيەدە ھەرھالدا زىيادە ئېھتىياتچان بولۇپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق... لېكىن، پۇرسەت تېخى پىشىپ يېتىلمىدى، ھازىرچە بىردەملىك قىزغىنلىقتىن ۋاز كېچىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، بىز بۇ يەردە ئىككىدىن ئۈچكىچە جۇمھۇرىيەتكە ئىگە بولساقلا كۇپايە... تىنچلىق مېنىڭ مەنپەئىتىمگە زىت... ئەگەر بۇ يەردە تىنچلىق بولىدىغان بولسا، ھازىرغىچە ئېرىشكەن ھوقۇقۇم ۋە ئورنۇمدىن ۋاز كېچىشىمگە توغرا كېلىدۇ، شۇنداقلا پارىژ مەھكىمىسىدە ئاشۇ ئادۋوكاتلارغا باش ئېگىپ، قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشۇمغا توغرا كېلىدۇ. مەن پەقەت فىرانسىيەدە ئاشۇلارغا ئوخشاش رول ئېلىش ئۈچۈنلا ئىتالىيەدىن ئايرىلماقچى بولۇۋاتىمەن. بىراق، كۆزلىگەن مېۋەم تېخى پىشمىدى. پارىژدىكىلەرنىڭ پىكرى بىردەك ئەمەس، يەنە كېلىپ مېنىڭ كەتمىنىمنى چېپىپ جەڭ قىلىشنى خالىمايدىغان خانىۋەسلەرمۇ بار. ھامان بىر كۈنى جۇمھۇرىيەتچىلەرنى ئاجىزلاشتۇرماي قويمايمەن. بىراق، ھەرگىزمۇ كونا سۇلالىگە پايدىلىق بولسۇن دەپ شۇنداق قىلماقچى ئەمەسمەن.

ناپولېئوننىڭ ھەقىقىي پىلانى ئەنە شۇ ئىدى. شۇنداق، خۇددى ئۆزىنىڭ ئېيتقىنىدەك ئىدى: «ھەممە ئىش مېنىڭ پەرىزىمدەك بولۇۋاتىدۇ. دۇنيادا ھېچنېمىدىن ھەيران قالمايدىغان بىردىنبىر كىشى ئىكەنلىكىمگە ئىشەنچىم كامىل. كەلگۈسىدىمۇ مۇقەررەر شۇنداق بولسۇنكى، مەن بارماقچى بولغان يېرىمگە خالىغىنىمچە بىمالال يېتىپ بارالايمەن.»

ئىچىنى ئاشكارىلاپ تۇرغان بۇ دەريا ھەيۋەتلىك گۈلدۈرلەپ ئاقماقتا ئىدى. ئەگەر بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان كىشى ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئۆزگە ئېيتىپ بېرىدىغان بولسا، مۇقەررەركى، ئىنكار قىلغان بولاتتى. بىراق، ناپولېئون ئۆز مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن قىلچە رازى ئەمەس ئىدى. ئىتالىيەدە ئىككى يىلغا يېقىن تۇرغان ناپولېئون شۇ تاپتا بۇررېئىن بىلەن

بىر پەيتوندا ئولتۇرۇپ ئىتالىيەدىن پارىژغا قاراپ كېتىۋاتاتتى.

— ئەگەر مۇشۇنداق جەڭدىن يەنە بىرقانچىسى بولىدىغان بولسا، مەڭگۇ ئۈچمەس نام قالدۇرغان بولاتتۇق، — دېدى بوناپارت.

— بۇنىڭغا نائىل بولدىڭىز، — دېدى بۇ دوستى.

— گېپىڭىزدىن ئۆرگۈلەي، بۇررېئىن ! — دېدى بوناپارت، — ئەگەر بۈگۈن شۇ ھالىمچە ئۆلۈپ كېتىدىغان بولسام، نامىم ئون ئەسىردىن كېيىن دۇنيا تارىخنامىسىنىڭ يېرىم بېتىنىمۇ توشقۇزالمايدۇ !

## ئون بىرىنچى، پارىژدا

لىيۇكسېمبۇرگ ئوردىسى بۈگۈنكى كۈندە ئوچۇق تىياتىرخانا بولۇپ قالغانىدى. قورال ـ ياراغ، بايراق دېگەندەك يېڭى ئولجىلار ۋە سېرىق يوللۇق ئىنقىلابىي شوئارلار كونا ئوردىنىڭ تېمى تۈۋىگە رەت ـ رېتى بىلەن قاتار تىزىۋېتىلگەنىدى. فىرانسىيە ئاقسۆڭەكلىرى مانا مۇشۇ يەردە خۇددى ئۆز قۇياشىنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىۋاتقان تۇرغۇن يۇلتۇزلارغا ئوخشاش فىرانسىيە پادىشاھى ئەتراپىدا پەرۋانە ئىدى. بۈگۈن بايراملىق تون كىيىشىپ بۇ يەرگە يىغىلغان ئاقسۆڭەكلەر گويا ماي بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتكە قاتناشماقچى بولغاندەك قىزىپ كېتىشكەنىدى. بۇ زىمىستان دېكابىر كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. چىرايلىق خانىملار — ھوقۇقدارلارنىڭ ئاشنىلىرى ئۈچىسىغا سېرىق خۇرۇم چاپان كىيگەن بۇ پاكىنەك ئەربابنى — زامانىنىڭ قەھرىمانىنى يېقىن يەردىن كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ئەڭ ئالدىدا ئولتۇرۇۋالغانىدى.

— نېمە، پارىژغا كەلگىنىگە بىر ھەپتە بوپتۇمۇ؟ ئەجەب ھېچكىم كۆرمەپتۇغۇ؟ نېمىشقا كەمتەرلىك قىلىپ ئۆز خەلقىنىڭ

قارشى ئېلىشىدىن ئۈزىنى قاچۇرغاندۇ؟

— قارشى ئېلىش مۇراسىمى باشلاندى ! قارا، بەش مەمۇر سەھنىگە چىقتى.

ئوركېستىر «مارسېل مارشى» نى ئورۇندىدى، ياۋۇز قىسمىنى سورۇندىكى جامائەت بىرلىكتە خور قىلىپ ئېيتتى. مۇزىكا بىردىنلا چىپپىدە توختاپ، ئىشىك سىرتىدىكى پەلەمپەيدىن ھەربىي قىلىچىنىڭ جاراڭلىغان ۋە ئۆتۈك ناھالىنىڭ تاراقشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. كىشىلەر بەس — بەستە دېرىزىدىن باشلىرىنى چىقىرىپ قاراشتى، ئۆگزىدىكى كىشىلەر بولسا پەسكە ئېڭىشىپ ئۇياق — بۇياققا بويۇنداپ قاراشتى. مۇزىكىنىڭ ۋاقىتىنچە توختىغانلىقى ناپولېئوننىڭ كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئۇچىسىغا جەڭگاھ فورمىسى كىيگەن ناپولېئون جامائەتنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. قارىماققا ئانچە سۆلەتلىك كۆرۈنمەيتتى. قولىدا بىر تۇرۇم قەغەزنى تۇتقىنىچە مەزمۇت قەدەملەر بىلەن سالماق ھەم بىمالال ھالدا مۇنبەرگە چىقتى، ئارقىسىدا ئۈچ كانۋىيى بىللە ئىدى. كىشىلەر شۇنىڭغا دىققەت قىلدىكى، ئاددىي كىيىنگەن، ھەربىيگە خاس قەدەم تاشلاپ سەھنىگە چىققان بۇ پاكىنەك ھەربىينىڭ ئارقىسىدىن كىيىملىرى ۋالىلداپ تۇرغان، يىپەك پايپاق كىيگەن بىر كىشىمۇ ئاقسىغىنىچە مۇنبەرگە چىقتى. بۇ چاغدا سىرتتا گۈمبۈرلەپ توپ ئېتىلدى، بۇ توپ كىشىلەرنىڭ ئىلگىرىكى كۆنلەردىكى زەمبىرەكچى سېرژانتنى مۇناسىپ قورال ئارقىلىق قارشى ئالغىنى ئىدى. گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى بىرپەس داۋاملاشتى. سەھنە ئەھلى ئارقا — ئارقىدىن ئورۇن ئېلىشتى، سەھنە ئاستىدا شۇ ئان تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈردى، نەچچە مىڭ كىشى نەزىرىنى تەشنالىق بىلەن مۇنبەرگە ئاغدۇردى. تاللېيران ئالدى بىلەن سۆز ئېلىپ، كىشى — كەمدىن چۈشىنىدىغان مۇجمەل سۆز — ئىبارىلەرنى قوللىنىپ، دۆلەتنىڭ بۇ ئۇلۇغ نىجادكارىنى ئەپچىللىك ۋە

خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن ئاددىي ئۇسلۇبتا مەدھىيەلەپ، ھەشەمەتچىلىكنى ياقتۇرمايدۇ، ئەركىنلىك مەنۋىيىتىگە تەلپۈنىدۇ، دەپ تەرىپلەپ ئۆتتى.

— پۇتكۇل فىرانسىيە ھۆرلۈككە ئېرىشكۈسى، — دېدى بۇ مىنىستىر نۇتقىنى ئاياغلاشتۇرۇش ئالدىدا، — پەقەت ناپولېئونلا بۇنىڭ سىرتىدا، پېشانىسىگە پۇتۇلگىنى شۇ بولسا كېرەك.

ئەتراپنى گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى قاپلىدى. ھالبۇكى، ئاشۇ نەچچە ئون مىڭ كىشى ئىچىدە، شۇنداقلا ئىچكى كابىنېت ئەزالىرى ئىچىدە بۇ مىنىستىرنىڭ ئاخىرقى سۆزىنىڭ تەكتىگە يەتكەنلەر بارمىدۇ؟ بۇ سۆزدىكى ئاچچىق كىنايىنى بايقىغانلار بارمىدۇ؟

ناپولېئون بىمالال بىر تەرزدە مۇنبەرنىڭ ئالدىغا كەلدى. نېمە دېمەكچىدۇ؟

— فىرانسىيە خەلقى ھۆرلۈكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇقەررەر يوسۇندا فىرانسىيە پادىشاھ ـ كىنەزلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىدۇ... دىن، فېئودالىلىق تۈزۈم، مۇستەبىت پادىشاھلىق تۈزۈمى ياۋروپاغا ئىككى مىڭ يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەنىدى، ئەمدى دېموكراتىك قانۇن دەۋرى باشلاندى. سىلەر قۇدرەتلىك فىرانسىيەنىڭ زېمىنىنى ئۆزىگە تەۋە تەبىئىي چېگراسىغىچە كېڭەيتتىڭلار، بۇ سىلەرنىڭ غايەت زور غەلىبەڭلاردۇر. غەلىبەڭلار بۇلا ئەمەس، ئەلۋەتتە. ياۋروپادىكى ئەزەلدىن پەن ـ مەدەنىيىتى، سەنئىتى ۋە تالانت ئىگىلىرى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان ئەڭ سۆيۈملۈك دۆلەتنىڭ ئىگىسى بولۇش سۈپىتىڭلار بىلەن ئەركىنلىك مەنىۋىيىتىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ يەتتىڭلار، قەلبىڭلار ئەركىنلىككە بولغان ئۈمىد بىلەن تولۇپ تاشتى ھەمدە ئاتا ـ بوۋاڭلارنىڭ خارابە قەبرىسىدىن ئويغىنىپ دەس تۇردۇڭلار. ئەركىنلىك ۋە ئۈمىد فىرانسىيە بىلەن ئاۋسترىيەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قۇدرەتلىك دۆلەتنى بەرپا

قىلىشىنىڭ ئۆلىدۇر. بۈگۈن مەن ئاۋستىرىيە پادىشاھىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن «كامب ـ فورمىئو شەرتنامىسى»نى سىلەرگە سۇنالىغىنىمدىن تولىمۇ ئىپتىخارلانماقتىمەن... فىرانسۇز مىللىتىنىڭ ئامەتلىك تەقدىرى ئەڭ ياخشى، ئەڭ مۇكەممەل ئاساسىي قانۇندا ئېتىراپ قىلىنغاندا، پۈتكۈل ياۋروپا ھۆرلۈككە ئېرىشكۈسى.

بۇ ھەربىينىڭ سۆزى تۈگىگەندە ئەتراپ بىرپەس تىمتاس بولۇپ كەتتى، بىرئازدىن كېيىن پەلەككە يەتكۈدەك گۈلدۈراس چاۋاك ساداسى كۆتۈرۈلدى. كىشىلەر بۇ نۇتۇقنىڭ مەزمۇنىغا ئاتاپ چاۋاك چالغانمىدۇ؟ بىراق، بۇ نۇتۇقنىڭ كۈچى پارىژ كوچىلىرىنىڭ تاملىرىغا چاپلىنىپ تۇرىدىغان ئاشكارا نۇتۇقلارنىڭكىگىمۇ يەتمەيتتىغۇ؟ بەزىلەر ھەيران قېلىشتى، تېخىمۇ كۆپ كىشى ساراسىمىگە چۈشتى ۋە قورقتى. چاۋاكلار تەبىئىيكى نۇتۇققا ئەمەس، بەلكى ناتىققا ئاتالغاندى. بۇ ناتىق نۇرغۇن جەڭگاھتا نۇرغۇن نۇتۇق سۆزلىگەن، كورسىكادىمۇ ئاممىنىڭ ئالدىدا نۇتۇق سۆزلەپ باققان، ئەمما ھېچقاچان ئاممىنىڭ ياكى سىياسىيونلارنىڭ ئالدىدا بۇنداق ئاشكارا نۇتۇق سۆزلەپ باقمىغانىدى.

ناپولېئوننىڭ نۇتقى سىياسىيونلارغا خاس نۇتۇق بولدى. دەسلەپتە بۇ نۇتۇقنىڭ مەنىسىنى تاللېيراندىن باشقا كىشى چۈشەنمىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ناپولېئوننىڭ دېموكراتىك ئاساسىي قانۇن دەۋرى توغرىسىدىكى بارلىق نۇتۇقلىرى كىشىلەرگە ساختىدەك بىلىنەتتى. ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا بۇرۇنلا دېموكراتىك دۆلەت سانالغان، فىرانسىيەمۇ ئون يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان دېموكراتىك دۆلەت دەپ ئېتىراپ قىلىنىشنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا كۈرەش قىلىپ كەلگەنىدى، ئەمدى ئاخىرقى ھېسابتا گېرمان ئىمپېرىيەسىنىڭ تىنچلىق شەرتنامىسىدە ئېتىراپ قىلىندى. قوي تېرىسى بىلەن تاشلانغان

بۇ ھۆججەت ياۋروپا قۇرۇقلۇقى تىنچلىق شەرتنامىسىنىڭ بۇ قوشۇننىڭ باش قوماندانىنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ھېكايىمىز بۇنىڭ بىلەنلا ئاخىرلاشقىنى يوق، نۇتۇقنىڭ ئىچكى قۇدرىتى، شۇنداقلا ئارمىيەدىن كەلگەن بۇ سىياسىيونىنىڭ نۇتقىدىكى ئاخىرقى سۆزىنىڭ ئىچكى قۇدرىتى ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت ئىدى. ھاكىمىيەت بېشىدىكى مەمۇرلار ئەمدى چۈشەندىكى، بۇ ناپولېئوننىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان پوپوزىسى ئىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن بارراس سۆز ئالدى. بىراق، بارراس سۆزىنى مەدھىيە ئىبارىلىرى بىلەن تېزلا تۈگەتتى. ئارقىدىن تۇنجى قېتىم، شۇنداقلا ئاخىرقى قېتىم بۇ پاكىنەك گېنېرالنى قۇچاقلىدى ۋە سۆيدى، ئەمما ھەرگىزمۇ گېنېرال خانىمنى قۇچاقلىغاندەك قىزغىن ئەمەس ئىدى.

بۇ چاغدا يوسېفىن بۇ يەردە ئەمەس، ئىتالىيەدە ئىدى. ناپولېئون كەتكەندىن كېيىن يوسېفىن ئىتالىيەدە يەنە بىر ئاي تۇردى، يوسېفىننىڭ بۇ يەردە مۇنچە ئۇزاق ۋاقىتنى زادى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. يوسېفىن بىر ئايدىن كېيىن پارىژغا قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ناھايىتى شادىمان، مۇلايىم، شۇنداقلا سەل ھارغىن كۆرۈنەتتى. پارىژغا كېلىپلا كونا ئاشنىلىرى بىلەن تېپىشىپ، بۇرۇنقىدەك تۇرمۇشنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بىر ئايال ناپولېئونغا يېقىنلىشىشقا باشلىدى. ئۇ ئىنتايىن چىرايلىق، شۇنداقلا ئەس ـ ھوشى جايىدا، ناھايىتى زېرەك ئايال ئىدى. ناپولېئون شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ ئايالنى ياقتۇرمايتتى. بۇ ئايال ئىستائېل خانىم بىلەن نېكىرنىڭ قىزى بولۇپ، ناھايىتى نوپۇزلۇق ئايال ئىدى. تاللېيران دەل ئاشۇ ئايالنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن دېپلوماتىيە مىنىستىرى بولۇشقا مۇۋەپپەق بولغانىدى. ئايال

ئىلگىرى ناپولېئوننى ئۆز ئايىغىغا باش قويدۇرۇش ئۈمىدىدە ناپولېئونغا خەت يازغان، ئەمما ناپولېئون تىرەجەپ تۇرۇۋالغانىدى. ھازىر ناپولېئون بىلەن كۆرۈشتى، ناپولېئون خۇشامەت ۋاستىسىنى قوللىنىپ ئايالنىڭ ھۇجۇمىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ھالبۇكى، بەربىر بۇ ئەقىللىك ئايالنى ئۆزىنىڭ كۆپىنچە ئەرلەر كۆرۈپ يېتەلمەيدىغان يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىنى كۆرۈپ يېتىشىدىن توسۇپ قالالمايتتى.

ئايال ئابستراكت ئەخلاق ۋە ساختا ئىنكارچىلىق بىلەن تولغان دۇنيادا ياشايتتى، بۇنداق دۇنيا بولسا بىر مۇستەبىت بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ناپولېئوننىڭ نەپسانىي نىشانىنى پەرەز قىلىپ يېتەلمەيتتى، بۇ نىشان پەقەت ئىشلىرى ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىپ بېرىش ئالدىدىلا جامائەتچىلىككە ئاشكارا بولاتتى. شۇڭا، ئۇ ئايال بۇ تالانت ئىگىسىنى تونۇيدىغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىپ كەلگەنىدى.

«بۇ پاكار ئەربابنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرۈڭ، — دېگەنىدى ئەينى ۋاقىتتا بىر گېرمانىيەلىك كىشى خۇسۇسىي خېتىدە، — بويى فىرىدېرىخقا ئوخشاش پاكار، ئىنچىكە، جۇدەڭگۇ، ئەمما ناھايىتى بېجىرىم، يوغان باش، دوقا ماڭلاي، كۆزلىرى قوڭۇر، چېچى قويۇق، گىرىكلارنىڭكىدەك قارچىغا بۇرنىنىڭ ئۇچى لېۋىگە تېگەي دەپ تۇرىدۇ، لەۋلىرىدىن شوخلۇقى تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ، قەتئىيلىكى چىقىپ تۇرغان ئېڭىكى چوقچىيىپ تۇرىدۇ. ئىش ـ ھەرىكەتلىرى چاققان، سىلىق ـ سىپايە، شۇنداقلا ناھايىتى سۈرلۈك، ئېگىز پەلەمپەيدىن بەش ـ ئالتە قەدەم تاشلاپلا چۈشىدۇ، ئەمما چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئالدىڭىزدا ئادەتتىكى چاغلاردىكىدەك ئۆز سالاپىتى بىلەن تۇرىدۇ. مەلۇم ئالاھىدە شەخس ياكى نەرسىگە تىكىلىپ قارىغاندىن باشقا چاغلىرىدا كۆزلىرى ھەمىشە دېگۈدەك ئۈستىگە بېقىپ تۇرىدۇ. چىرايلىق، ئويچان، ھېسسىياتقا تولغان، كەسكىن، ئەمما مۇلايىم

ۋە بۈيۈك ئىمپېراتور پىرىدىرىخنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇش مەن ئۈچۈن ھوزۇرلۇق ۋە زور خۇشاللىق.»

## ئون ئىككىنچى، يەنە بىر ئىسكەندەر

ناپولېئون ئۆزىنىڭ بۇ قېتىم ئوتتۇرىغا چىقىشىنى مەقسەتلىك ھالدا شۇ قەدەر ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرغانىدىكى، پۇتكۈل پارىژلىقلارنى، جۈملىدىن رەقىبلىرىنى ۋە بارلىق گېزىتلەرنى بىردەك ھەيران قالدۇرۇپ: «نەقەدەر كەمتەر ئۇلۇغ كىشى بۇ!» دېگۈزمەكچىدى. شۇ ئارىدا ئىككى سورۇندا كۆرۈنۈشكە مەجبۇر بولدى. بىر قېتىم تاللېيران ئۆزى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈپ بەرگەن زىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقتى. ناپولېئون سىرلىق سەپىرىنى ئاياغلاشتۇرۇپ پارىژغا قايتىپ كەلگىنىدىن كېيىن، تاللېيران بىرىنچى بولۇپ ھاردۇق سوراپ بارغانىدى. بۇ ئىككىيلەن زىياپەت جەريانىدا بىر ـ بىرىگە سىر بېرىشمىدى. بىراق، بوناپارت بۇ ئاقسۆڭەك ئەۋلادى بىلەن ھەمسۆھبەت بولغىنىدا ئۆز ئەجدادىنىڭ ئېسىلزادىلەر ئىكەنلىكىنى زاھىر قىلىپ ئۆتۈشنى ئۇنتۇمىدى:

— تاغىڭىز بوربون سۇلالىسى مەزگىلىدە لېيمسنىڭ ئېپىسكوپى ئىكەن، — دېدى بوناپارت زىياپەت باشلىنىپ يېرىم سائەتچە ئۆتكەندە، — مېنىڭمۇ بىر تاغام بولىدىغان، ئۇ زات مېنى ئوقۇتقان، ئورۇنباسار ئېپىسكوپ ئىدى.

بوناپارت شۇ ئۇسۇلدا ئۆزىنىڭ بىردىنلا روناق تاپقان تېگى نامرات ئاۋام ئەمەسلىكىدىن بىشارەت بېرىپ، شۇ ئارقىلىق ئاۋۋال قول سېلىپ تىزگىنلەش مەقسىتىگە يەتكەنىدى. بوناپارت ئەمەلىيەتتە تاللېيراننىڭ ئۆزىگە رەقىب ئىكەنلىكىنى بىر كۆرۈپلا بىلگەنىدى.

بوناپارت يوسېفىن ئىلگىرى ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرغان كىچىك بىر ئۆينى سېتىۋېلىپ، پارىژغا كەلگەن خانىمى بىلەن بەخىرامان تۇرمۇش كەچۈردى. بۇ يەرگە پەقەت ئاكىسى ۋە بىرقانچە قەدىناس دوستلىرىلا كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى. بوناپارت ھەمىشە پۇقراچە كىيىنىپ، ئۆزى يالغۇز پەيتونغا ئولتۇرۇپ سىرتلارغا چىقىپ تۇراتتى، بارلىق سىياسىي پارتىيەلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ ۋەزىيەتنى سوغۇققانلىق بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتى. تىياتىرخانىلاردا كىشىلەر ئۆزىگە قاراپ تەنتەنە قىلىشىپ ھۆرمەت بىلدۈرگەنلىرىدە دەرھال ئارقىغا يېنىپ ئۆزىنىڭ لوژىسىغا كىرىۋالاتتى. ھالبۇكى، دەل بۇ جاناب تېخى يېقىندىلا مىلاننىڭ شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى بىر ماركىزنىڭ قەلئەسىدە پادىشاھلاردەك راھەت - پاراغەت سۈرگەنىدى.

— كىشىلەر مېنى تىياتىرخانىدا ئۈچ قېتىملا كۆرىدىغان بولسا، ماڭا دىققەت قىلماس بولۇپ قالىدۇ، — دېگەنىدى بىر سىردىشىغا، — سىزنىڭچە، مەن بۇ قېتىمقى تەنتەنىدىن شۇنچە خۇشالدۇرمەنمۇ؟ ناۋادا مۇيتۇڭزىغا چىقىپ قالسام، كىشىلەر ئوخشاشلا تەنتەنە قىلىشىدۇ.

بوناپارت ئالىملارنى قىزغىن مېھمان قىلىپ تۇراتتى، بەزى ئىنستىتۇتلارنىڭ كۆپىنچە يىغىنلىرىغا قاتنىشىپمۇ تۇراتتى ھەمدە ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇپ بېرەتتى، كىشىلەر چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ناپولېئوننىڭ لاپلاس بىلەن ماتېماتىكا مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتى. ناپولېئون بۇ ئاسترونومغا ئىتالىيانلارنىڭ يۇلتۇزلار ئورنىنى ئېنىقچە ھېسابلاش ئۇسۇلىنى ئۆلگە قىلىپ كۆرسىتىپ بېرەتتى. بەزىدە چېنىيېر بىلەنمۇ شېئىرىيەت سەنئىتى ئۈستىدە پاراڭلىشاتتى، ھەتتا مېتافىزىكا ئۈستىدىمۇ توختىلاتتى.

يۈزەكى قارىغاندا، بوناپارت ئىلمىي تەتقىقاتقا مەستانە بولۇپ

يۈرگەندەك كۆرۈنەتتى، ئەمەلىيەتتە بولسا كۈنسايىن زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى ئاستىرتىن كۆزىتىپ باراتتى. بىر تەرەپتىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، رەقىبلىرى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىشتىن ساقلىنىشقا تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاكا ـ ئىنىلىرىنى رەقىبلىرىگە كۆز ـ قۇلاق بولۇپ تۇرۇشقا قويغانىدى. شۇنىڭ بىلەن پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ كۈچىنى بەش قولدەك بىلىۋېلىپ، تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئويلىنىشقا ئىمكانىيەت ياراتقانىدى. «پارىژ ئۇنتۇغاق شەھەر، بۇ يەردە نام ـ ئابروي ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ. بۇ يەردە تۇرىۋېرىدىغان بولسام ھېچ ئىش قىلالمايمەن. كىشىلەرمۇ مېنى پاتلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردە تۇرىۋەرسەم بولمايدۇ، — ناپولېئون دائىم قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ، قورۇدا ئۆزى يالغۇز ئايلانغاچ ئويلىناتتى، — تېخى بالدۇر. بۇ كىشىلەر تەختتىن غۇلاپ چۈشۈش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئىمارەت قىيسىيىپ ئۆرۈلۈپ چۈشۈش ئالدىدا تۇرغان پەيتتە ئۇلار بىلەن بىر قاتاردا ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى بولۇۋالسام زادىلا قاملاشمايدۇ. ھېلىمۇ ياخشى قانۇندا بەلگىلەنگىنىدەك قىرىق ياشلىق ئادەم بولۇپ قالماپتىمەن... تېخى بالدۇر، پارىژدىن يەنە بىر قېتىم ئايرىلمىسام بولمايدۇ... ئەنگلىيەگە ھۇجۇم قىلغۇلۇقمۇ؟ بۇ كالۋالار دېڭىز ئارمىيەسىنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويمىغان بولسىچۇ كاشكى. ئەنگلىيەگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىم ئوبدان پىلان ئىدى. تولۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن يەنە قانداق تۆھپە ياراتتۇق؟ يېقىنقى بەش يىللىق دېڭىز ئۇرۇشى داۋامىدا ئالتە قېتىم مەغلۇپ بولدۇق. ئەنگلىيەگە ھۇجۇم قىلامدۇق؟ غەلىبە قازىنىشىمىز مۇمكىنمۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئەنگلىيەنى كىم يەڭسە دۇنيانىڭ غوجىسى شۇ بولىدۇ! بىز قىرغاقنى ياقىلاپ دېڭىزدا

سەپەر قىلىپ جىمى ئەھۋالنى ئويلاپ مېڭىشىمىز كېرەك. ئىش ئەپلەشمىگۈدەك بولسا ئوتتۇرا دېڭىزغا قايتىپ كېلىمىز. بۇ يەردە، يەنى شەرقتە بىزگە ھېچقانداق ئاسارەت يوق. پۈتۈن دۇنيا فىرانسىيەنىڭ شۇنداق بىر زېمىنغا ئېرىشكەنلىكىدىن قاتتىق چۆچۈيدۇ، بۇ زېمىن دەل مىسىردۇر. بىز ئىسكەندەرىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ئۇ يەرگە بارىدىغان بولساق، ئەنگلىيەگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرەلەيمىز.»

بۇ گېنېرال ئۇزاق تەييارلىق كۆرگەندىن كېيىن شىمالدىكى دېڭىز قىرغاقلىرىنى كۆزەتكەچ سەپەر قىلدى. يول بويى توختىماي نېمىلەرنىدۇر ھېسابلايتتى، تەكشۈرەتتى، ھەتتا بېلىقچىلار ۋە قاراڭغۇ بازارچىلاردىنمۇ سۈرۈشتۈرەتتى. تەكشۈرۈشنى ئاياغلاشتۇرۇپ، تۇساتتىنلا ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىدە ئالاقزەدە بولۇپ كەتكەن يوسىفىن ناپولېئونغا تۈيدۈرماستىن بىر كونا ئاشنىسىنىڭ كاتىپىغا ئىككىلىك خەت ئەۋەتتى، ناپولېئون بۇ ئىشلاردىن بىخەۋەر ئىدى. ئەگەر جەڭگاھتا ئۆزى ئۈچۈن مەخپىي خەت ـ خەۋەر توپلايدىغان نەچچە يۈز پايلاقچىسى بار بۇ گېنېرال ئاشۇ خەتنى كۆرۈپ قالغان بولسا قانداق ئويلاردا بولاتتىكىن؟ بۇ خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

بوناپارت بۈگۈن ئاخشام قايتىپ كەلدى، بارراسقا يەتكۈزۈپ قويۇڭ، ناماقۇلمەن، كەچلىك غىزادا بىللە بولالمايدىغان بولدۇم. ئېيتىپ قويۇڭ، مېنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن. ئەھۋالىمنى سىز ھەممىدىن بەك ئېنىق بىلىسىز.

لا . پاجېئىن . بوناپارت

ئەمدى ئۇلارنىڭ نىكاھلىق تۇرمۇشىدا نۇقسان پەيدا بولغانىدى، ئەمما بوناپارت بۇنىڭدىن بىخەۋەر بولغاچقا، قىلچە

شۇبھىلەنمەيتتى. ھالبۇكى، كۈندىشى ــــ ھاكىمىيەت بېشىدىكى مەمۇرى ئەمەلدار بارراس قۇدرىتى زور بۇ قوماندانغا قاتتىق ھەسەت قىلاتتى. ناپولېئوننىڭ خانىمى يوسېفىن ئۆتۈپ كەتكەن شاللاق بىر ئايال بولۇپ، كۆڭلىرىنى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا ئەرلەرنى ئەكىرىۋېلىپ كۆڭۈل خۇشى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. گەرچە بەزىدە ئائىلىنىڭ يوقىدىن بوناپارتىنىڭ فامىلىسىنى ئاندا ـ ساندا قوللىنىپ قويۇشقا مەجبۇر بولسىمۇ، ئەرلەرگە ئىسمىنى يېزىپ بەرگەندە خۇددى ئىپپىتى ئېچىلمىغان قىزدەك ئۆزىنىڭ خانقىز ۋاقتىدىكى ئىسمىنى ھازىرقى ئىسمىنىڭ ئالدىغا قويۇۋالاتتى.

بارراس شۇ كۈنى ئاخشىمى ناپولېئوننى قارغىغان بولسىمۇ، ئەتىسى باشقا ھۆكۈمدارلارغا ئوخشاشلا ناپولېئون سۇنغان دوكلاتقا كۆز يۈگۈرتتى. دوكلات مۇنداق باشلانغانىدى:

بىز بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ، بىرقانچە يىلدىن كېيىنلا دېڭىز ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغاندەكمىز. ئەنگلىيەدە قۇرۇقلۇققا چىقىش ئەڭ دادىل، شۇنداقلا ئەڭ مۇشكۈل تەۋەككۈلچىلىكتۇر، پەقەت تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغىنىمىزدىلا غەلىبە قازىنالايمىز... شۇنىڭ ئۈچۈن تۈن ئۇزاق، كۈن قىسقا قىش پەسلىنى كۈتۈپ تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، بۇ يىراق سەپەرگە كېلەر يىلى ئاتلىنىشىمىز مۇمكىن، شۇ ئارىدا ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا توسالغۇغا ئۇچرىشىمىز ئېھتىمالغا يېقىن. شۇنداق بولغاندا، بۇ تېپىلغۇسىز پۇرسەت مەڭگۈ قولدىن كېتىپ قېلىشى مۇمكىن.

ناپولېئوننىڭ بۇ قېتىم ئەنگلىيەگە ھۇجۇم قىلىش پۇرسىتىدىن ۋاز كەچكەنلىكىگە قاراپ قايمۇقۇپ قالماڭ، ئۇنىڭ ئەقلىگە يەتمەيدىغان باشقا بىر پىلانى ــــ ئوخشىمايدىغان ئۇسۇلدا ئوخشاش بىر مەقسەتكە يەتكۈزىدىغان كارامەت بىر

پىلانى بار ئىدى. نىھايەت، سەككىز قېتىم تۈزۈپ ۋۇجۇدقا چىقارغان بۇ ئۇرۇش پىلانىدا فىرونت ئىسپانىيەدىن گوللاندىيەگىچە سوزۇلغانىدى. بۇ دېڭىز ئۇرۇشى ئۇچۇن زۆرۈر سىياسىي شەرت ـ شارائىت ۋە ئاخىرقى نەتىجىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىنمىغانىدى. ھازىر فىرانسىيەدە كېمە ۋە پۇل كەم، ئەڭ ياخشىسى ئەنگلىيەنىڭ دېڭىزدىكى سودا كېمىلىرىنى نىشانلاپ ئۇرۇش قىلغان تۈزۈك. جەڭگاھ ئۇچۇن مىسىر تاللانغانىدى، شۇنداق بولغاندا، سەككىزىنچى ئايدا فىرانسىيە قوشۇنلىرى ئىنگلىزلارغا تېتىشقا مىسىرلىقلارنى قالدۇرۇپ، ئۆزلىرى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىۋالالايتتى.

ھاكىمىيەت بېشىدىكى مەمۇرلارنىڭ «مىسىر» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپلا بېشى ئاغرىغىلى تۇردى. ئەمما، ئۇلار ناپولېئونغا قوماندانلىق ھوقۇقىنى بېرىمىز دەپ دەرھال ۋەدە بېرىپ، مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتتىن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ناپولېئوندەك بىر خەتەرلىك تەلۋە ئۆزلىرىدىن قانچە يىراق تۇرسا شۇنچە ياخشى، جەڭگاھتا ئۆلسە تېخىمۇ ياخشى ئىدى.

مىسىرغا يۈرۈش قىلىش پىلانى ناپولېئوننىڭ كاللىسىغا ئاددىيلا كېلىپ قالغان خىيال بولماستىن، ئۇ يىل ئىلگىرىلا ئوتتۇرىغا قويغان تەسەۋۋۇرى ئىدى. تاللېيرانمۇ بۇ پىلاننى ناپولېئوننىڭ خېتى بىلەن بىللە ئوتتۇرىغا قويغانىدى، گەرچە «بۇ ئۇرۇشنىڭ قوماندانلىقىغا ئالاھىدە ھەربىي ئىقتىدارمۇ كەتمەيدۇ» دەپ تەستىق سالغان بولسىمۇ، بۇ تەستىقنىڭ ناپولېئوننىڭ فىرانسىيەدە تۇرۇپ قېلىش ئارزۇسىغا قارىتىلغانلىقى ياكى نوقۇل مەسخىرە ئىكەنلىكى نامەلۇم. بىزنىڭ بىردىنبىر بىلىدىغىنىمىز شۇكى، تالانتلىق قوماندان ناپولېئون بىرقانچە يىلدىن كېيىن تەستىقنىڭ بۇ بۆلىكىنى ئوقۇپ بولۇپ،

يان تەرىپىگە «تۇتۇرۇقسىز گەپ» دەپ يېزىپ قويدى. مىسىرغا يۇرۇش قىلىش پىلانىغا كەلسەك، بوناپارت بۇ چاغدا پىلانىنى يېزىپ چىقتى ھەمدە ئۆزىنى شەرق ئەھلىسەلىپ قوشۇنىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەپ، پۇتۇن ھوقۇقنى ئۆز قولىغا ئالدى. مالتا ۋە مىسىرلارنى ئېلىپ، ئىنگلىزلارنى قىزىل دېڭىزدىن قوغلاپ چىقىرىپ، سۇۋەيش قانىلىنى ئېچىپ، فىرانسىيەنىڭ بۇ دېڭىز تەۋەسىدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشقا قولايلىق يارىتىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى.

بوناپارت بۇ مەسىلە بىلەن بۇرۇنلا پىششىق تونۇش بولغاچقا، يېڭى ۋەزىپىگە ئۈتتەك قىزغىنلىق بىلەن كىرىشىپ كەتتى. ئوتتۇرا دېڭىز بوناپارتنىڭ ئانا يۇرتى بولۇپ، بالىلىق دەۋرىدىلا كورسىكالىقلارنىڭ ئىزنىكىگە پېچىنىدەك كىچىككىنە قارا چېكىت قىلىپ چۈشۈرۈلگەن بۇ كىچىك ئەلنى كۆزەتكەنىدى، ئۇ چاغلاردا ئافرىقىنىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىدىن كېمىلەر كېلىپ تۇراتتى. ناپولېئون يەنە ژېنوۋالىقلار ۋە ۋېنتسىيەلىكلەرنىڭ كېمىلىرىنى تارتىۋالغان ھەمدە تۇنىسلىقلار، گىرېتسىيەلىكلەر، ئالبانىيەلىكلەر، بوسنىيەلىكلەر بىلەن ئالاقە باغلىغانىدى. مانا بۇ ھەرىكەتلىرى قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان مىسىرنى مەركەز قىلىپ دۇنيا ئىمپېرىيەسى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئالېكساندىر روھى بىلەن سۇغىرىلغانىدى.

بوناپارتنىڭ تەقەززا كۆڭلى شۇ كۈنلەردە تۇنجى قېتىم ئەمىن تاپتى. تىنىم تاپماي داۋالغۇپ تۇرىدىغان مېڭىسىدە پەيدا بولغان تەسەۋۋۇرى، كۈچىنىڭ بارىچە قەدىمكى رىم قەھرىمانىغا تەقلىد قىلىش ئاساسىدا پەيدا بولغان تولىمۇ يىراق گۈڭگا ئوي - خىياللىرى مانا ئەمدى ئەقلىي تەھلىل يۇرگۈزۈش، ئىنكار قىلىش، ئويلىنىش، دەڭسەپ كۆرۈش نەتىجىسىدە رېئال پىلانغا ئايلاندى. شۇ تاپتا مىسىرغا ئۇچقاندەك تېز يۇرۇش قىلىپ

كېتىۋاتقىنىدا رېئاللىزمچىلارغا ۋە غايىپەرەسلەرگە خاس خۇسۇسىيەتنى ئۆز ۋۇجۇدىدا تەڭلا مۇجەسسەملەشتۇرۇشكە تىرىشماقتا ئىدى. بىراق، شۇنداق بىر نۇقتىغا سەل قارىغانكى، قەدىمكى قەھرىمانلار دەۋرىگە تەلپۈنۈشى تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىنىڭ ھازىر قەدىمكى رىم دەۋرىدە ياشىماي، ۋاتقانلىقىنى، خەلىپىلەر ۋە ئىستىبلاچىلاردەك ئات ـ ئۇلاغ ئورنىدا مىلىيونلاپ قۇلغا ئىگە ئەمەسلىكىنى، ھەتتا تېخىچە جاھالەت دەۋرىدە ياشاۋاتقان ئافرىقىلىقلارنىڭمۇ ئويغانغانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانىدى. بوناپارت خالتا كوچىغا كىرىپ قالغانىدى، ئەمما كاجلىق بىلەن چىقىش يولى ئىزدەپ ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىۋەردى.

قەدىمكى قەھرىمانلاردىن ئىككى مىڭ يىل كېيىن دۇنياغا كەلگەن بۇ تالانت ئىگىسىنىڭ تىراگېدىيەسى باشلاندى، ئۆزىنىڭ يېرىم ئەۋلىياغا خاس قوللىرى بىلەن ئۆزىگە ئۆزى ئورا كولىماقتا ئىدى.

## ئون ئۈچىنچى، مىسىرغا سەپەر

«شەرققە قاراپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى بوناپارت ئاكىسىغا يازغان خېتىدە، — ھەر ئامال قىلىپ غەلىبە قازىنىشقا كاپالەتلىك قىلىمەن. فىرانسىيە ماڭا موھتاج... ئۇرۇش پارتلاپ قالسا ھەمدە پايدىسىز تەرەپكە يۈزلەنسە، تېز سۈرئەتتە ۋەتەنگە قايتىپ بارىمەن، خەلق شۇ چاغدا مېنى ھازىرقىدىنمۇ بەكرەك قوللايدۇ. ئەگەر ئۇرۇشنىڭ تەرەققىياتى جۇمھۇرىيەتكە پايدىلىق بولسا، يەنە كېلىپ ماڭا ئوخشاش يەنە بىر گېنېرال چىقسا، شەرقتە قېلىپ ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق تۆھپە يارىتىمەن.»

بۇررىيېننىڭ ئۇلاردىن قاچان قايتىپ كېلىسىلەر دەپ

سورىغاندا، بوناپارت: «ئالتە ئايدا ياكى ئالتە يىلدا» دەپ جاۋاب بەردى.

تەقدىر ئاخىرقى مىنۇتلاردا ناپولېئونغا يەنە بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرۇشمۇ بەردى. ئاۋستىرىيەلىكلەر راستادىتا رېيىن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىنى بۆلۈپ بېرىشنى رەت قىلدى؛ ۋېيىننادا فىرانسىيە ئەلچىسى بېرنادوتنىڭ تەتۈرلۈكى تۈپەيلىدىن يېڭى بىر مەيدان ئۇرۇشنىڭ پارتلىشى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا قالغانىدى. ناپولېئون فىرانسىيەدە قالسا تېخىمۇ ياخشى بولماسمىدى؟ بىراق، ھاكىمىيەت بېشىدىكى مەمۇرلار: «مىسىرغا ھۇجۇم قىلىش ئىشىدىن ئەمدىلىكتە يېنىۋالغىلى بولمايدۇ» دەپ، ئاتلىنىشقا قايتا ـ قايتا دەۋەت قىلىپ تۇرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن مارت ئېينىڭ بىر كۈنى، يەنى دەل ناپولېئوننىڭ مىلانغا كىرگەنلىكىنىڭ ئىككى يىللىقى كۈنى تۆت يۈز ئۇرۇش كېمىسى تولوندىن قوزغالدى، يوسېفىن قىرغاقتا تۇرۇپ ئېرى ۋە ئېرىنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملىرى بىلەن قولىنى پۇلاڭشىتىپ خوشلاشتى. كۆپچىلىك بۇ قېتىملىق سەپەرنىڭ مەقسىتىنى بارلىق كېمىلەر بۇيرۇقتا بىنائەن يولغا چىققاندىلا بىلدى. ھەممە كىشى كېمە ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، ئاستا ـ ئاستا خىرەلىشىپ غايىب بولۇۋاتقان ياۋروپا قىرغىقىغا كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرۇشاتتى، پەقەت ناپولېئونلا «شەرق» ناملىق كېمىدىكى سەككىز قاداق كېلىدىغان زەمبىرەك ئوقلىرى ئارىسىدىكى غول ماچتىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئارقىغىمۇ قارىماستىن شەرقىي جەنۇب تەرەپكە تىكىلگىنىچە تۇراتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نېلسون ۋە باشقا ئەنگلىيەلىك ئۈچ نەپەر دېڭىز ئارمىيە گېنېرالىمۇ ئۆز ھەربىي كېمىسىدە تۇرۇپ، دۈشمەننىڭ ئىزىنى بايقاش ئۈمىدىدە دۇربۇن ئارقىلىق دېڭىز يۈزىنى ئاختۇرماقتا ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمچە،

فىرانسىيه ئارمىيەسى سىتسىلىيەگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. فىرانسىيه ئارمىيەسىنى قەيەردىن تاپقىلى بولار؟ تۇنۇگۇن كۆتۈرۈلگەن يامغۇرلۇق بوران - چاپقۇن نېلسوننىڭ فىلوتىنى چېچىۋەتكەن بولۇپ، كېمىلەرنىڭ يېڭىباشتىن توپلىنىشى ئۈچۈن ۋاقىت كېرەك ئىدى. شۇ بوران - چاپقۇن ناپولېئوننىمۇ تولۇندا بىر كۈن تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر قىلغان، فىرانسىيه فىلوتىمۇ شۇ باھانىدە قۇتۇلۇپ قالغانىدى. ئۇلار مالتاغا ئەنگلىيە قوشۇنىدىن بىر كۈن بۇرۇن يېتىپ بېرىپ، بۇ مۇھىم ئارالنى ئالدى. ئەنگلىيە پاراخوتلىرى يېتىپ كەلگەندە فىرانسىيه پاراخوتلىرى ئىز - دېرەكسىز غايىب بولغانىدى. نېلسون پاراخوتلىرىنى بولۇشىچە تېز ھەيدەپ مىسىرغا كەلگەن بولسىمۇ، ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى. چۈنكى، فىرانسىيه پاراخوتلىرى بۇ يەرگە تېخى يېتىپ كەلمىگەنىدى. قاتتىق تېرىككەن نېلسون شۇ ئاچچىقىدا سۇرىيەگە كېلىۋىدى، بۇ يەردىمۇ ھېچنېمە يوق بولۇپ چىقتى. يەنە سىتسىلىيەگە قايتىپ بارغىنىدا، فىرانسىيەلىكلەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى.

— شەيتاننىڭ شەيتانچە تەلىيى بولىدىكەن دېسە! — نېلسون دۈشمىنىنى ئەنە شۇنداق دەپ تىللاشتىن باشقا ئامال قىلالمىدى.

بوناپارت تۆتىنچى ئايدىكى دېڭىز سەپىرىدە بېشى قېيىپ كۆڭلى ئاينىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۆپىنچە ۋاقتىنى كارىۋاتتا يېتىپ ئۆتكۈزدى، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن بۇررىئېنغا كىتاب ئوقۇتۇپ ئاڭلىدى.

شەرققە قاراپ ماڭغان بۇ فىلوتتا ئىككى يۈز زەمبىرەك ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپلا قالماستىن، راۋرۇس بىر ئۇنىۋېرسىتېتمۇ بار ئىدى، بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئاسترونوملار، مىنېرالوگلار، خىمىكلار، كۆۋرۈك مۇتەخەسسىسلىرى، يول ئىنژېنېرلىرى، شەرق تىللىرى بويىچە تىلشۇناسلار، سىياسىي -

ئىقتىسادشۇناسلار، رەسساملار، شائىرلار بولۇپ بىر يۈز يەتمىش بەش ئالىم، لىق قاچىلانغان نەچچە يۈز يەشىك ئەسۋاب ـ ئاپپاراتلار ۋە كىتابلار تەق ئىدى. بوناپارت بۇ سىرلىق ئەللەرنىڭ جىمى نەرسىسىنى تەپسىلىي تەتقىق قىلىپ، دۆلەتنىمۇ، ئۆزىنىمۇ مەنپەئەتدار قىلىش ئارزۇسىدا ئىدى. دۆلەتكە مەنپەئەت يەتكۈزۈش دېگىنىمىز، فىرانسىيە ئۈچۈن بىر پارچە مۇستەملىكە زېمىنىنى قولغا كەلتۈرۈش؛ ئۆزىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش دېگىنىمىز، ئافرىقىدا ئۆزى ئۈچۈن تۆھپە يارىتىش ئىدى. پاراخوتتىكى نادان لەشكەرلەر ئالىملارنى «ئېشەك» دەپ مەسخىرە قىلىشاتتى، بوناپارت بولسا ئالىملارنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتى. ناۋادا بىرەر ئوفىتسېر بۇ «بىكار تەلەپ»لەردىن بىزار بولۇپ ئاغرىنغۇدەك بولسا، بوناپارت شۇ ئوفىتسېرغا قاتتىق ئاچچىقلىناتتى. بۇ ئالىملارنى ناپولېئون ئۆزى تاللىغان بولۇپ، ھەربىرىنىڭ بىلىمى ۋاقتى كەلگەندە تازا ئەسقاتاتتى. ناپولېئون دۆلەت قارمىقىدىكى بىر باسما زاۋۇتىدىن ئاران تەستە بىر ئەرەبچە قويما بەت قېلىپىنى ئېلىپ ماڭغانىدى. توغچىمۇ پاراخوتتا بىر كۇتۇپخانا تەسىس قىلغانىدى، يەنە كېلىپ بۇ كۇتۇپخانىنىڭ ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ئىشلىرىنىڭ ھەرقانداقىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى. چۈنكى، نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ ئوفىتسېرلار ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۆزى بولسا «ئۆسمۈر ۋېرتېرنىڭ پەرىشانلىقى» دېگەن كىتابنى ۋە سىئانىڭ ئەسەرلىرىنى يېنىدىن ئايرىمايتتى. بىراق، بۇ قېتىمقى سەپەردە بۇ ئەسەرلەرنى كەمدىن ـ كەم ئوقۇدى.

بۇرۇنقىنىڭ ئوقۇپ بەرگەنلىرى قانداق كىتابلار؟ رىم ۋە باشقا جايلاردىن توپلانغان مىسىر ھەققىدىكى تۈرلۈك ساياھەت خاتىرىلىرى، پلۇتارخنىڭ ئەسەرلىرى، ھومېر داستانلىرى، ئارىئاننىڭ «ئىسكەندەرنىڭ ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشلىرى» ئىدى.

بۇنىڭدىن باشقا ئۆزىنىڭ نەزىرىدە «ئىنجىل» ۋە مۇنتىسكيونىڭ ئەسەرلىرىگە ئوخشاشلا سىياسىي ئەسەر ھېسابلىنىدىغان «قۇرئان كەرىم»مۇ بار ئىدى.

بوناپارت چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن «ئىنستىتۇت» يىغىنى چاقىرىشقا خۇشتار ئىدى. گەرچە بۇ ئاتاقنى چاقچاق مەنىسىدە قوللانسىمۇ، مۇزاكىرىگە ئەستايىدىل كىرىشىپ كېتەتتى. ھەمىشە بىرەر مۇھاكىمە تېمىسىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى ھەمدە مۇنازىرىلەشكۈچى تەرەپلەرنى بەلگىلەپ بېرەتتى. ماتېماتىكا بىلەن دىن مەسىلىلىرى ھەمىشە مۇزاكىرە تېمىسى بولاتتى. چۈنكى، ناپولېئون دائىم ئۆز ۋۇجۇدىغا ماتېماتىك ۋە غايىپپەرەسكە خاس پەزىلەتنى مۇجەسسەملەشتۈرگەنىدى.

ھاۋا بارغانسېرى ئىسسىشقا باشلىدى، ناپولېئون مەيىن شامالنىڭ پەيزىنى سۈرۈش ئۈچۈن تۈن نىسپىيگىچە پاراخوت ئۈستىدە ياتاتتى. دوستلىرى چۆرىدەپ يانپاشلىناتتى ھەمدە پاراڭلىرىنىڭ تېمىسىنى سەييارىلەرگە يۆتكەپ، سەييارىلەردە ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى ياكى مەۋجۇت ئەمەسلىكى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشەتتى. ھەمراھلىرىدىن ھەركىم ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ بىر - بىرىنى قايىل قىلالمايتتى، بۇ تېما ئاخىر بېرىپ دۇنيانىڭ مەنبەسى مەسىلىسىگە تاقىلاتتى. بۇ ئىنقىلابچىلار ۋە ۋولتېرنىڭ مۇرىتلىرى گېنېرال بولۇشتىن ياكى پىروفېسسور بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى «ئالەم ۋە ئالەمنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىنى پەن ئارقىلىق ئەقىلگە مۇۋاپىق شەرھلەشكە بولىدۇ، تەڭرى پەقەت قۇرۇق قۇم، خالاس» دېگەن پىكىرگە بىردەك قوشۇلاتتى. بوناپارت زۇۋان سۈرمەي تىڭشاپ ياتاتتى. پەقەت بىر قېتىم:

— خالىغىنىڭلارچە بەھۇزۇر پىكىر بايان قىلىڭلار. بىراق، بۇلارنى كىم ياراتقاندۇ؟ — دەپ يۇلتۇزنى كۆرسىتىپ قويىدى.

## ئون تۆتنچى، شەرقنىڭ غوجايىنى

بوناپارت قوملۇقنى ناھايىتى ئاستا كېزىپ شىر تەنلىك ئادەم ھەيكىلى ئالدىغا كەلدى. ھاۋا قېتىپ قالغاندەك ئىدى، بوناپارتنىڭ كۆزلىرى تاش ھەيكەلنىڭ شەپقەتسىز كۆزلىرىگە مىختەك قادالغانىدى. بوناپارتمۇ، تاش ھەيكەلمۇ زۇۋان سۈرمەيتتى، ئەمما بىز بوناپارتنىڭ خىيالىنى بىلىپ يېتەلەيمىز:

«ئىسكەندە بۇ يەرگە كەلگەن، قەيسەرمۇ بۇ يەردە تۇرغان، تاش ھەيكەل ئۇلارنى ئىككى مىڭ يىل كۈتكەن. ئالېكساندىر بىلەن قەيسەرمۇ مېنى ئىككى مىڭ يىل كۈتتى. نىل دەرياسىنىڭ بۇ ۋادىسىدا ئىلگىرى قۇياشقا چوقۇنىدىغان نۇرغۇن ئىمپېرىيەلەر بولغان، مىليونلاپ پۇقرا بىرلا كىشىگە ئىتائەت قىلغان، ئۇ نېمىگە ئېھتىياجلىق بولسا قۇللار شۇنى بەرپا قىلىپ بەرگەنىدى. پادىشاھ تەڭرىنىڭ ئوغلى، تۇنجى ئىستېلاچىنىڭ پۇشتى بولغاچقا، بارلىق كىشى پادىشاھقا ئىتائەت قىلغان، ئۆزىنى تەڭرىنىڭ ئوغلى دەپ ئاتىغاچقا، جىمى كىشى ئىشەنگەن. بۇ يەرگە سىلىشتۇرغاندا، ياۋروپا چاشقان تۆشۈكچىلىكلا ماكان.»

ناپولېئون شىر تەنلىك ئادەم ھەيكىلى بىلەن خېيىرلىشىپ ئۇزاق ئۆتمەي بىر قېتىملىق ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلدى. سەككىز مىڭدىن ئارتۇق مامېلۇك ـــ دۇنيا بويىچە ئەڭ ياخشى چەۋەندازلار ـــ ئالدىنى توستى. مامېلۇكلار ئەزەلدىن يېڭىلگەن ئەمەس، ئەمما بۈگۈن دۇچ كەلگىنى ناپولېئون ئىدى. ناپولېئون ئالدىنقى سەپكە ئات سىلىپ ئۇچقاندەك يېتىپ كېلىپ، يىراقتىكى ئەلئېھرامنى كۆرسىتىپ:

— يىگىتلەر، تۆت مىڭ يىللىق تارىخنىڭ كۆزى بىزدە! — دەپ توۋلىدى.

فىرانسىيە قوشۇنى بۇ قوماندانىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن مامېلۇكلارنىڭ ھۇجۇملىرىنى توپ ئوقلىرى بىلەن بىرمۇبىر بەربات قىلىپ، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ گازارمىسىنى تېزلا ئالدى. مەغلۇپ قوشۇن نىل دەرياسى تەرەپكە قاراپ قاچتى. ئۇلار ھەمىشە يېنىدا ئالتۇن ئېلىپ يۈرەتتى، شۇڭا قىرغاقتا ۋە سۇدا يەنە بىر قېتىم ئالتۇن ئۇرۇشى باشلىنىپ، تاكى ناپولېئون بىر قىسىم ئالتۇننى غەنىيمەت ئالغانغا قەدەر بىرقانچە سائەت داۋاملاشتى.

ناپولېئون قاھىرەدە «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە» دېگەندەك ئىش تۇتقاچقا ئەرەب ئاقساقاللىرىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. مۇسۇلمانلارغا ۋە سۇلتانغا ھۆرمەت كۆرسەتتى ھەمدە بىر ئامال قىلىپ ئۇلارنى فىرانسىيە قوشۇنى پەقەت مامېلۇكلارغىلا قوغلاپ زەربە بەرمەكچى، مامېلۇكلار ھەممەيلەننىڭ ئورتاق دۈشمىنى دېگەن سۆزگە ئىشەندۈرۈشكە تىرىشتى ھەمدە يېرىم شەرقلەشكەن بۇ ئوتتۇرا دېڭىزدىكىلەر ئارىسىدا كۆچمەيلا بۇ مەقسىتىگە يەتتى. ناپولېئون ئەرەبلەر بىلەن قاندىداق مۇناسىۋەت قىلىش كېرەكلىكىنى ياۋروپادىكى دىپلوماتلارغا قارىغاندا ئوبدانراق بىلەتتى، شۇڭا مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللاندى. «شەرق» ناملىق كېمىسىگە چۈشۈپ قاھىرەگە يېتىپ كەلمەستىلا، مىسىر مۇسۇلمانلىرىنىڭ خەلىپىسىگە تەرجىمان ئارقىلىق بىر پارچە خەت يازدۇرۇپ ئەۋەتكەن بولۇپ، خەت مۇنداق باشلانغانىدى:

ئەزىز خەلىپە، سىزنىڭ مەرتىۋىڭىز تۈرك بەگلىرىنىڭكىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ. بىراق، بىلىشىمچە، قاھىرەدە سىزنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىڭىزمۇ، ئىناۋىتىڭىزمۇ يوق ئىكەن، نېمىدېگەن ئادالەتسىزلىك بۇ! بىز مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا قاھىرەگە كەلدۇق، بىزگە ئامەت تىلىگەيسىز. سىزگە مەلۇم، مېنىڭ ھەرگىزمۇ «قۇرئان كەرىم» گە مۇخالىپ ئىش قىلىش ياكى سۇلتانغا قارشى ئىش تۇتۇش نىيىتىم يوق. بىزگە ياردەم قوللىسىڭىز، بىز ئاشۇ ئىمانسىز تۈرك بەگلىرىنىڭ رەسۋاسىنى چىقىرىۋېتىمىز!

ناپولېئون ئۆز ئېتىقادىنى ئاللا ئەقىدىسىگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن خۇددى سېھىرگەردەك ئۈچ كۈچنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش ئويۇنىنى ئويناشقا باشلىدى. ئالدى بىلەن ھەممەيلەننى ئۆزىنىڭ پاپانى ۋە مالتالىقلارنى مەغلۇپ قىلغانلىقىغا، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللادىن نازىل بولغان ۋەھيى ئىكەنلىكىنى ئۆزىنىڭمۇ ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىغا ئىشەندۈردى. ئاندىن كېيىن ئۆزىنى قوغلاپ كەلگەن دۈشمەن قۇرۇقلۇقتا چىقاندا: «ئەڭ ئەقىللىك، ئەڭ ئوقۇمۇشلۇق، ئەڭ تەربىيە كۆرگەن كىشىنى تاللاپ قاھىرەدىكى دۆلەت مەجلىسىگە ئەۋەتمەك كېرەك!» دەپ ۋەز ئېيىتتى. ناپولېئوننىڭ بۇ كىشىلەرنى قۇرۇقلۇقتا چىقارغۇزۇشىدىن مەقسىتى، دۈشمەن قوشۇنىنى بىراقلا قىرىپ تاشلاش ئىدى. قاھىرەدە داغدۇغىلىق بىر كومېدىيە قويۇلىدىغان بولدى! قۇرۇقلۇقتا چىققان تاجاۋۇزچىلار ئىچىدە رۇسىيەلىكلەرمۇ بار ئىدى. شۇڭا، بوناپارت يەنە: «سىلەرمۇ، بىزمۇ بىرلا خۇداغا ئىشىنىمىز، رۇسلار بولسا ئۈچ تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىدۇ، ئۇلار بىزنى قىرىپ تۈگىتىۋېتىشكە شۇنچىلىك تەقەززا» دەپ تەشۋىق قىلدى.

بۇ دىنىي ئۆلىما ئۆز سۆزىدە يات دىنغا خاس تەلەپپۇزىنى

ئاشكارىلاپ سالغانىدى. بۇ ئۆلىمانىڭ نەزىرىدە خىرىستىيان دىنىغا يات فىرانسىيە پەقەت بىر سىياسىي قورالدىنىلا ئىبارەت ئىدى. ھەتتا فىرانسىيەنىڭ دىنى ئىسلام دىنىغا ئۆخشىشىپ كېتىدۇ، «قۇرئان كەرىم» بولسا مېنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسىم، دەيتتى. بۇ كىتابخانىلىقى ئۆزى ئۈچۈن تولىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزەتتى.

ئەگەر ناپولېئون تۆت مىڭ يىل بۇرۇن تۇغۇلغان بولسا، پەقەت ئىما - ئىشارىلىرى ئارقىلىقلا نۇسرەت قازانغان بولار ئىدى. بىراق، دەۋر ئۆزگەردى، ھازىر بۇ يەردىكى قوڭۇر تەنلىك يەرلىك ئاھالە گۇمانىزىمچىلاردىن بولۇپ قالغانىدى. راستىنى ئېيتقاندا، بوناپارت گەرچە يەرلىك ئاھالىگە خۇشامەت قىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى ياراتمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا لەشكەرلىرىنى «ئەگەر يەرلىك ئاھالىگە چېقىلساڭلار، ئەڭ قاتتىق جازاغا تارتىلىسىلەر» دەپ قورقۇتۇپمۇ تۇراتتى. بوناپارت ئېلان قىلغان دائىملىق ئىنتىزامنامىسىدە: «بىز مۇئامىلە قىلىشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئاياللارغا تۇتقان پوزىتسىيەسى بىزنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاياللارغا چېقىلىپلا قويسا قەبىھ جىنايەتچى سانىلىدۇ. بۇلاڭچىلىق ئاز ساندىكى كىشىنىلا بايلىققا ئېرىشتۈرىدۇ، ئەمما ھەممىمىزنى يات قالدۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىز ياردەمسىز قالىمىز، مەنپەئەت ۋەسىۋەسىدە بىز بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلارمۇ بىزدىن يۈز ئۆرۈپ رەقىبكە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ھەرقانداق كىشىنىڭ مەسچىتكە ئۇسۇپ كىرىشى، ھەرقانداق قوشۇننىڭ مەسچىت ئالدىدا توپلىنىشىۋېلىشى مەنئى قىلىنىدۇ» دەپ يېزىلغانىدى. بوناپارت ئەنە شۇنداق تەرزدە شاپائەت بىلەن ھەيۋىنى، دەۋەت بىلەن پوپوزىنى، كەڭ قورساقلىق بىلەن

ھىيلە ـ مىكرىنى، شۇنداقلا شەمشىرىنى تەڭ قوللىنىپ، ئاخىر بىرقانچە ھەپتە ئىچىدىلا مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى يۇرگۈزۈش مەقسىتىگە يەتتى.

ناپولېئون ئاخىرقى ھېسابتا شەرقنىڭ غوجايىنى بولۇپمۇ قالدى، شۇ تاپتا ئۆزىنى ئىلگىرىكىدىن بەختلىكرەك ھېس قىلامدىغاندۇ؟ جوزېفىن يوسېفىن ھەققىدە يېزىلغان بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋالغانىدى. ئەگەر بۇ خەت باشقا بىرقانچە يۈز پارچە خەتكە ئوخشاش ئىنگلىزلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان بولسا ناپولېئونىنىڭ ئىشى چاتاق بولاتتى. بىراق، بۇ خەت جوزېفىنىڭ قولىغا يەتكۈزۈلگەنىدى. جوزېفىن بۇ خەتتە ئېيتىلغان ئىشنى ئۆزىنىڭ باشلىقى، شۇنداقلا دوستىغا ئەينەن يەتكۈزۈشنى ئۆز مەجبۇرىيىتىم دەپ قارىدى. ناپولېئون ئېپبولت بىلەن يوسېفىنىنىڭ ئىشىدىن خەۋەردار بولغاچقا، ئېپبولتنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغانىدى. يوسېفىن بولسا خىزمەت تېپىپ بېرىپ قوشۇن تەمىناتچىسى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلگەنىدى. لېكىن، ئۇلار بىر قېتىملىق تانسىدا يەنە تېپىشىۋاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن يۇرەكلىرىگە باشقىدىن ئوت تۇتۇشۇپ، بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك لاۋۇلداپ يېنىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يوسېفىن پارىژنىڭ شەھەر ئەتراپى رايونىدىن بىر ئۆي سېتىۋاپتۇ (گەرچە پۇلىنى نەق بەرمىگەن بولسىمۇ)، ئۇ سۆلەتۋاز يىگىت بۇ ئۆينىڭ غوجايىنى بولۇۋاپتۇ.

بۇ ئىشتىن ۋاقىپلانغان بەختسىز ناپولېئونىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. جوزېفىن بىلەن بىللە ئۆياقتىن ـ بۇياققا ماڭاتتى، نەپسى بارغانسېرى جىددىيلەشكەنىدى، ھەتتا ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بىرقانچە قېتىم پېشانىسىنى مۇشتلاپمۇ قويدى.

ناپولېئون چېدىرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان بۇررىيېئىنغا قاراپ ۋارقىراپ كەتتى:

— ۋاي بىۋاپا! ھەي يوسېفىن! ماڭا بۇرۇنلا ئېيتىسىڭىز بولماسمىدى! جۇنېۋلا مېنىڭ ھەقىقىي دوستۇم! يوسېفىن، مەن سىزدىن ئىككى مىڭ مىل يىراق جايدا تۇرغىنىمدا ئۇچۇن ماڭا مۇشۇنداق خىيانەت قىلدىڭىزمۇ!؟ ھەي ئۆلۈمتۈك ئاقپىشمالار، ھەرقايسىڭغا كىملىكىمنى تونۇتۇپ قويماي قالمايمەن. يوسېفىندىن چوقۇم ئاجرىشىمەن. شۇنداق، بۇ پۈتۈن پارىژنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ئىش بولىدۇ! دەرھال خەت يازاي، ماڭا ھەممە ئىش ئايان، ئەگەر بۇ ئىشلار راست بولۇپ چىقسا، كەشىنى توغرىلاي! ھەرگىز پارىژ كوچىلىرىدىكى بىكارتەلەپلەرنىڭ كۈلكىسىگە دەستەك بولۇپ بەرمەيمەن.

بۇررىيېن ناپولېئونغا تەسەللى بېرىشكە ئۇرۇنۇپ:

— نام ـ شۆھرىتىڭىز ئائىلىۋى بەخت ـ سائادەتتىن مۇھىمراق، — دېدى.

— ئوھۇي! نام ـ شۆھرەت دېدىڭىزمۇ؟ نام ـ شۆھرەتنىڭ نەرقى قانچىلىك بولماقچىدى! — دەپ توۋلاپ كەتتى ناپولېئون، — بۇ خەۋەر توغرىلا بولىدىكەن، ھەرقانداق بەدەل تۆلىسەممۇ مەيلى!

ناپولېئون ئاكىسى يوسېفقا بۇ ھەقتە خەت ئەۋەتتى، ئەمما ئىنگلىزلارنىڭ بۇ خەتنى قولغا چۈشۈرۈۋېلىپ جاھانغا ئاشكارىلىۋېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۆز بەختسىزلىكىنى ئىنتايىن يېپىق سۆز ـ ئىبارىلەر بايان قىلدى. بۇ خەت شۇنداق ئۇسۇلدا يېزىلغاچقا، تېخىمۇ ئالاھىدە سېھرىي كۈچكە ئىگە بولغانىدى. ناپولېئون بۇ خېتىنى ئۆز غەلىبىسىنى جۇشقۇن كەيپىياتتا خەۋەر قىلىپ يازغان بىر دوكلاتىنىڭ ئارقىسىغا

قىستۇرۇپ قويغانىدى:

دۇنيادا مىسىردەك قوناق، شال، كۆكتات ۋە گۆش كۆپ چىقىدىغان دۆلەت يوق. بىراق، بۇ يەردە ياۋايىلىق چېكىگە يەتكەن. بۇ ئەلدە پۇل يوق ئىكەن، ھەربىيلەرگە بېرىلىدىغان مائاشىمۇ پۇل ئىشلىتىلمەيدىكەن. ئىككى ئاي ئىچىدە فىرانسىيەگە قايتىپ بارىمەن، شۇ چاغقىچە ئائىلەمدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرارسەن، ئۆيۈمدە بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىك بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئىش ئايدىڭلاشتى. بۇ ئالەمدە سەندىن باشقا غەمگۇزارىم يوق، مېھرىبانلىقىڭ مەن ئۈچۈن بىردىنبىر تەسەللى. بەك چارچىدىم، بىرسىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سۆيۈش كىشىنى شۇ قەدەر چارچىتىدىغان ئىش ئىكەن! گېپىمنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىڭمۇ؟ ھە راست، پارىژ ئەتراپىدىن ياكى پولاندىن ماڭا بىر زېمىن ئېلىپ قويساڭ، ئۇ يەر تىنىچ، مەن پارىژغا قايتىپ بارغاندا شۇ يەردە قىشلايمەن. ئۆزۈم يالغۇز تىنچقىنا تۇرغۇم بار، ھەممىدىن كۆڭلۈم سوۋۇپ كەتتى، كاتتا ئەربابلار مېنى بەكلا زېرىكتۈرۈۋەتتى. ئەمدىلا يىگىرمە توققۇزغا كىرگەن بولسامۇ، شان - شۆھرەت دېگەنلەرنى پۇچەك نەرسە ئىكەن دەپ قارايدىغان بولۇپ قالدىم. ھازىر مۇتلەق شەخسىيەتچى بولۇشتىن باشقىسىغا رايىم يوق. پارىژدىكى ئۆي - جايىمنى ساقلاپ قالىمەن، ھەرقانداق كىشىگە ئۆتنۈپ بەرمەيمەن. تۇرمۇشتىن ئارتۇقچە تەمەيىم يوق. ساڭا ئايان، ھەرقانچە ئالدىغىم بولسىمۇ، ھېچقاچان سېنى ئالداپ باقمىدىم. يەڭگەمنى ۋە ژېلومىنى مېنىڭ ئورنۇمدا سۆيۈپ قويارسەن.

بۇ يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەدەپسىزلىك ۋە يامان ئىجتىمائىي ئادەتلەردىن نەپرەتلىنىش تۇيغۇسى تۇنجى قېتىم بىر - بىرىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۆچ ئېلىش ئارزۇسىدا بولاتتى، ئەمما يەنە غەمكىنلىك مېلودىيەسى ئىچىدە ئادىشىپ قالاتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ مېلودىيە بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل ئىلگىرى يازغان

كۆندىلىك خاتىرىسىدە ياڭرىغان، كېيىن جىمىپ قالغاندى. ھازىر بولسا شەرەپ، غەلىبە، يەنە بىر ئىسكەندەر بولۇش ئىستىكى ۋە باشقا ھەممە نەرسە كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپلا تاراپ كېتىدىغان تۇماندەك غايىب بولدى. ئەگەر بىر كىشى زادىلا ئالدىنىشقا تېگىشلىك بولمىغان بىر پەيتتە باشقىلار تەرىپىدىن ئالدانسا، يەنە كېلىپ ئۆزى شۇ قەدەر سۆيىدىغان بىرسى تەرىپىدىن ئالدانسا، ئۇلۇغلۇق نېمىگە ئەرزىيدۇ؟ بوناپارت خېتىنى گۇرۇچ ۋە كۆكتاتلاردىن باشلىغان بولسا، غېرىبلىق ۋە مەيۇسلۇك كەيپىياتى بىلەن ئاخىرلاشتۇردى. ھازىر دۇنيادا ئاكىسىدىن باشقا قەدىرلىگۇدەك يەنە كىمى بولسۇن؟ «ھەممىدىن زېرىكتىم.»

## ئون بەشىنچى، مىسىردا ئۆتكەن غېرىبانە كۈنلەر

ھالسىزلىق، ناپولېئون كۈتۈلمىگەن بىر زەربىدىن تېزلا ئېسىنى تاپتى.

قۇملۇقتىن ئاتلىق قايتىپ كېلىپ مارمىنتنىڭ چېدىرىغا كىرىپ قارىنۇىدى، ھەممە كىشىنىڭ چىرايى تامدەك سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. نېمە بولغاندۇ؟ فىرانسىيە فىلوتى پۈتۈنلەي ھالاك بولغانىكەن. تۇنۇگۈن ئەبۇغەر قولتۇقىدا نېلسون ئۇلارغا تويۇقسىز ھۇجۇم قىلغانىكەن، ئامان قالغان تۆت پاراخوتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا پاراخوتلارنىڭ چۆكتۈرۈۋېتىلگىنى چۆكتۈرۈۋېتىلىپتۇ، ئولجا بولغىنى ئولجا بولۇپ كېتىپتۇ.

ئوفىتسېرلار زۇۋان سۈرمەي جىممىدە ئۆرە تۇرۇشاتتى، ھەتتا چېدىر سىرتىدىكى قاراۋۇللارمۇ بۇ قېتىمقى

مەغلۇبىيەتنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بوناپارت يەنە دەرھال شۇنى ھېس قىلىپ يەتتىكى، قوشۇنىنىڭ جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇش ئۆزىدىن باشقا كىشىنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى.

— مىسىردا توسۇلۇپ قالدۇق! — دېدى بوناپارت بىرپەس دېلىغۇل بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن، — بىراق، كۆۋەجەپ تۇرغان دېڭىز دولقۇنلىرى ئېچىدە قەددىمىزنى تىك تۇتمىساق بولمايدۇ. چۈنكى، بوران - چاپقۇن تېزلا ئۆتۈپ كېتىپ، دېڭىز يېڭىباشتىن تىنچىيدۇ. ئېھتىمال، شەرقنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشىمىز پېشانىمىزگە پۈتۈلگەندۇ، شۇڭا بۇ يەردە قالمىساق بولمايدۇ، بۇ زېمىندىن ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىزدەك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ ئاندىن كېتىمىز.

نەقەدەر ئېچىنىشلىق ئوڭۇشسىزلىق بۇ! پارىژدىكىلەر نېمە دەر؟ ناپولېئون گەرچە دېڭىز ئارمىيە قوماندانى ئەمەس، يەنە كېلىپ نىل دەرياسىدىكى ئەبۇغەر جېڭىدە يوق بولسىمۇ، بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەت مۇقەررەر يوسۇندا ئىناۋىتىگە نۇقسان يەتكۈزەتتى. كىمنىڭ ھىمايىسىدە يۇرتىمىزغا قايتىپ بېرىۋالارمىز؟ تۈركىيە كېمىلىرىگە چۈشۈپمۇ؟ تۈركىيە سۇلتانى ھازىرمۇ بىتەرەپ تۇرارمۇ؟ ئەزەلدىن رۇسىيە بىلەن فىرانسىيە ئوتتۇرىسىدا دېلىغۇل بولۇپ كەلگەن سۇلتان جەزمەن مۇشۇ پۇرسەتتە فىرانسۇزلاردىن ئىبارەت بۇ مەغلۇپلاردىن ئايرىلىپ غالىبلارنى ئۆزىگە يېقىن تۇتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئەنگلىيەمۇ تەق تۇرۇپتۇ. فىلوتىمىز مەغلۇپ بولدى، ئۇن ئۈچ كېمىمىز ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى، دېڭىزدا ئەنگلىيە بىلەن يېڭىباشتىن تىركەشكۈدەك بولغۇچە، يەنە قانچە يىللار ئۆتەر، ئۇن يىلمۇ؟ تېخىمۇ ئۇزاق ۋاقىت كېتەر! ئېھ يولباشچىم، نەدىدۇرسەن؟

ناپولېئون پارىژغا يوللىغان دوكلاتىدا بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتنى قىلچە يوشۇرماي تەپسىلاتلىرىغىچە يازدى. بىراق، ئامەت ئىلاھى ناپولېئونغا تولىمۇ يېقىن ئىدى، نېلسون بوناپارت مىسىردا ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن قوشۇن تارتىپ كەلدى.

بىرقانچە ھەپتە بىكار ئۆتۈپ كەتتى. بوناپارتنىڭ تۇرمۇشىدا ھېچقانداق ھەرىكەت قوللانماي كۈتۈپ تۇرۇشتەك يېڭى ھالەت كۆرۈلدى. ئۇلار ياۋروپا ۋەزىيىتىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەردىن تېلېگرامما، ھېچبولمىغاندا سالام خەت ياكى گېزىتلەر ئارقىلىق خەۋەر تېپىپ تۇردى. ئەگەر ئىنگلىزلار دېڭىزدا رازۋېدكا ئېلىپ بارغىنىدا، خەت ـ خەۋەرلەرنىڭ دېڭىزدىن ئۆتۈپ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشى مۇمكىن بولمىغان بولار ئىدى. «ۋاقىتنى قانداق ئۆتكۈزەرمەن؟» تۇنجى قېتىم ئۆز ـ ئۆزىدىن سورىدى ناپولېئون ئەر ئۆمرىدە. چۈنكى، بۇ چاغدا قوشۇننىڭ سىياسىي خىزمىتى، توپىلاڭنى تىنچىتىش، شۇنداقلا بۇزۇلغان قورۇللارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە كېڭەيتىش دېگەندەك ئىشلار ئەمدى ئەھمىيىتىنى يوقاتقانىدى. بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى قانداق بولار؟ ناپولېئون بارغانسىرى جىددىيلىشىپ خىيالپەرەس بولۇپ كەتتى.

— ۋاقىتنىچە كۈتۈپ تۇرايلى، ئىچكى كابىنېت قانداق مەسلىھەت بېرەركىن، — دېدى بۇررىيېن ناپولېئوننىڭ كۆڭلىنى تىنچىتىش ئۈچۈن.

بۇ يەردە ئات مىنگىلى بولغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە! بوناپارت ئەرەبچە كىيىنىپ ئات چاپتۇرۇش ئويى بەربات بولغاندىن كېيىن شۇنىمۇ بايقىدىكى، ئادەتتىكىدەك ھەربىي فورما كىيىپ ئاتلىق جەڭگە كىرمەكچى بولغان تەقدىردىمۇ، ھاۋا رايى يار بەرمەيتتى. چۈنكى، ھاۋا بەك ئىسسىق ئىدى. بەزىدە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ھاۋانىڭ تىنچلىقىغا قارىماي ئات

چاپتۇرۇپ چىقىپ كېتەتتى، قايتىپ كەلگىنىدە يەنىلا ھېچقانداق خەۋەر يوقلۇقىنى بىلەتتى ـ دە، يەنە قانداقتۇر ئويلارغا غەرق بولاتتى.

— قېنى، بۇررېئىن، نېمە ئويلاۋاتىمەنكىن، تېپىپ بېقىڭ... فىرانسىيەگە قايتىپ بارالىغۇدەك بولسام، باۋارىيە تۈزلەڭلىكىدە تازا قاملاشتۇرۇپ بىر ئۇرۇش قىلاتتىم، جەزمەن يېڭىپ چىقىپ فىرانسىيە ئۈچۈن ئۆچ ئالاتتىم، ئاندىن سەھرادا ئۆزۈمنى پىنھان تۇتۇپ تىنچقىنا ياشايتتىم، ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم شۇ.

ناپولېئوننىڭ يۈرىكى شۇ ئىستەكتە ئوت بولۇپ ياناتتى، تومۇرىدا قانلىرى ئۇرغۇپ تاشاتتى. مەڭگۈ تىنىم تاپماس بۇ يۈرەك پو دەرياسى ۋادىسىدىكى تۈزلەڭلىكتە تۇرغان چاغلىرىدا شەرقتە شۇ قەدەر كۈچلۈك تەقەززالىق بىلەن تەلپۈنگەنىدى، ئەمدى بولسا مىسىردا باۋارىيەگە تەلپۈنمەكتە. ئۇرۇش ! ھاياتتا ئۇرۇش ئەڭ مۇھىم.

ھازىر ئىستىقبالى قاراڭغۇ، ھەتتا يۈرتىغا قايتىش يولىمۇ ئۈزۈپ تاشلانغان، يىراق ياۋروپادا كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرغۇدەك ھېچكىمى يوق. شۇڭا، ئەنگلىيەنىڭ دۈشمەنلىرى بولمىش ئىران پادىشاھى ۋە ھىندىستان سۇلتانى بىلەن مەسلىھەتلىشىشكە مەجبۇر ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىران پادىشاھىدىن ھىندىستانغا بېرىش ئۈچۈن يول سورىدى ھەمدە ھىندىستان بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ھىندىستاننىڭ «ئەنگلىيەنىڭ تۆمۈر كىشىنى»دىن ئازاد بولۇشىغا ياردەم بېرىمەن دەپ لەۋزە قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ ئىزى ۋە ئوبرازى كۆز ئالدىدا نامايان بولۇپ قايتا روھلىنىپ كەتتى. بىراق، بۇ تەسەۋۋۇرنى رېئاللىق نۇقتىسىدىن ئويلانغىنىدا كۆڭلىدە شۈبھە پەيدا بولدى: «بۇ يەرنى ساقلاشقا ئون بەش مىڭ كىشى قالسا، بۇنىڭدىن باشقا قولۇمدا يەنە ئوتتۇز مىڭ كىشى

بولسا، ئاندىن تەۋەككۇل قىلىپ ھىندىستانغا يۈرۈش قىلسام بولىدۇ» دەپ ئويلىدى ناپولېئون.

بۇلار پەقەت تەسەۋۋۇرىدىلا مەۋجۇت نەرسىلەر ئىدى، بوناپارت ئاشۇ بىھېساب خىيالەن ئۆرۈش پىلانلىرىنى قايتا ـ قايتا تەتقىق قىلىش بىلەن ۋاقتىنى چاغ ئۆتكۈزەتتى. تۆت يىلدىن كېيىن ئاشۇ چاغلىرىنى ئەسلەپ:

— مىسىردا ئۆتكەن كۈنلەردە ئۆزۈمنى مەدەنىيەت چۈشكىمدىن بوشىنىۋالغاندەك ھېس قىلاتتىم. ئۆز دىنىمي ئېتىقادىمنى بەرپا قىلغىنىمدىن كېيىن بارلىق ئارزۇلىرىمنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدىغان بىر خىل ئۇسۇلنى تاپقاندەك بولدۇم. ئۆزۈمنىڭ ئاسىياغا بارىدىغان يولدا بېشىمغا سەللە ئوراپ، قولۇمدا ئارزۇ قىلغىنىمدەك يۇتۇلگەن «قۇرئان كەرىم»نى تۇتقىنىمچە پىلغا مىنىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى كۆردۈم. ئىككى دۇنيالىق تەجرىبەمنى بىرلەشتۈرمەكچى، تارىخنى ئۆزۈم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرماقچى، ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ھىندىستاندىكى ھوقۇقىنى تارتىۋالماقچى ھەمدە بۇنداق ئىشغالىيەت ئارقىلىق ياۋروپا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتىنى يېڭىباشتىن ئورناتماقچىدىم، — دېدى.

بۇ بىر شائىرنىڭ سۆزىمىدۇ ياكى ئىستىلاچى بىلەن شائىر ئەسلىدىنلا بىر تۇغقانمىدۇ؟ بوناپارت گويا بىر رومانتىكقا ئوخشاش ئۆزىگە «سۇلتان ئەلكەبىر» دەپ ئىسىم قويۇۋالدى. ئېھتىمال، ھەقىقەتەن سۇلتانلارغا خاس خىسلەتكە ئىگە ئادەمدۇ. بۇ ناپولېئوننىڭ ئۈچىنچى ئىسمى ئىدى. ئەمما، بۇ قۇرۇق تەسەۋۋۇرىدىنلا ئىبارەت ئىدى، خالاس.

ناپولېئون بۇ يەردە ۋاپاسىز ئايالىغا بولغان نەپرەت، قىزىق ھاۋانىڭ تەسىرى ۋە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق كۈتۈپ تۇرىۋېرىش نەتىجىسىدە باشقا بىر ئايالنىڭ ئىشقىدا مۇھەببەت قايىنىمىغا

كىرىپ قالدى. بۇ يەردە چىرايلىق بىر ئايال بولۇپ، ئىبرى ناپولېئوننىڭ قوشۇنىدا لېيتېنانت ئىدى. ئايال تولۇندا ئەرەنچە كىيىنىپ كېمىگە خۇپىيانە چىقىۋېلىپ بۇ يەرگە كەلگەنىدى. ئۇ چوكان بىر ئاشپەز ئايالنىڭ نىكاھسىز تۇغۇلغان قىزى بولۇپ، تىكىمچى ئىدى، نىكاھسىز تۇغۇلغان نۇرغۇن خوتۇن ـ قىزلارغا ئوخشاش قاش ـ كۆزى جايىدا، ئالتۇن چاچلىق بۇ چوكان ئوبدانلا جەزبدار ئىدى. ناپولېئون بۇ ئايالنىڭ ئېرىنى خىزمەت بىلەن فىرانسىيەگە ماڭغۇزۇۋېتىپ ئۆزىنى يېنىغا ئورۇنلاشتۇردى. ناز ـ كەرەشمىلىرى بىلەن ناپولېئوننىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى تېزلا ئۆگىنىۋالغان بۇ چوكان قەدىمكى مىسىر پادىشاھىنىڭ خانىشى كلېئوپاترانىڭ رولىنى ئېلىشقا باشلىدى ھەمدە قىلچە تەپ تارتماستىن يۈزىنى داپتەك قىلىپ ناپولېئوننىڭ ئائىلە ئىشلىرىنى باشقۇرغىلى تۇردى. ناپولېئون بىلەن بىر پەيتوندا ئولتۇرۇپ سەيلىگە چىققانلىرىدا كۈندىشىنىڭ — يوسېفىنىنىڭ ئوغلى سىرزانت ئېۋگېن ناپولېئوننىڭ كانۋىيى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ناپولېئوننى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن بىللە بارماي بولمايتتى. بۇ بىر سەت ئىش بولغاچقا، ناپولېئون ئېۋگېننى دەم ئېلىشقا قويۇۋەتتى.

ئېۋگېننىڭ ئاپىسىنىڭ سەتچىلىكى ھەققىدە بىلىدىغانلىرى كۆپ ئىدى. يەنە كېلىپ، ئاپىسىنىڭ سەتچىلىكلىرىنى دەل ناپولېئون ئېيتىپ بەرگەنىدى. نېمىدېگەن ئۇياتلىق ئىشلار بۇ. ئوتتۇز نەچچە ياشقا كىرىپ قالغان بىر ئايالنىڭ ناينىقىشىپ يۈرۈپ، ئاشكارا سورۇنلاردا تۇتۇرۇقسىز ۋە چاكىنا خۇشامەتلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئوغلىدىن ھېچقانچە چوڭ ئەمەس بىر يىگىتنى ئۆزىگە قارىتىۋالغىنىنى ھەمدە ئېرىنى — مىللىي قەھرىمان ئاتالغان بىر كىشىنى خەقنىڭ كۈلكىسىگە قالدۇرغانلىقىنى قارىمامدىغان.

ئېۋگېن بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ پەيتونى بىلەن بىللە يۈرۈشكە ھەمدە ناپولېئوننىڭ ــ فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ قوماندانى ۋە فىرانسىيە يېڭى مۇستەملىكىسى ئەمەلدارىنىڭ ئۆز ئاشنىسىنى كۆپنىڭ ئالدىدا كۆز ـ كۆز قىلىپ يۈرۈشلىرىگە قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. بۇ تىكمىچى چوكان ناپولېئوننىڭ بۇ كېلىشكەن كانۋىيىنى ئۆگەي ئاتىسىدىنمۇ بەكرەك ياقتۇرۇپ، ئاپپاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ جىلمىيىپ قوياتتى. ناپولېئوننىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالغانلىقىغا ھەمدە كىرېئون كىنەز خانىمنىڭ ــ يوسېفىنىنىڭ ئورنىنى ئالغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى. ئۆزىنىڭ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاش كويىدا ھەممە يەردە باراۋەرلىك روھىنى تەرغىب قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە، ناپولېئون ئىشىنىڭ تەرەققىياتىنى باشتىن ـ ئاياغ تىزگىنلەپ كەلمەكتە ئىدى. ئۆزىگە تۇشلۇق پىلانىمۇ بار ئىدى، يەنى بۇ ئايالدىن باشقا تەمەسى يوق، پەقەت بىر بالىلىق بولۇشنىلا ئىستەيتتى.

شۇنداق، ئەگەر ئۇ چوكان ناپولېئونغا ئۇزاقتىن بۇيان تەشنا بولۇپ كەلگەن بىر ۋارىس تۇغۇپ بەرسە، ناپولېئون گەپ يوق ئەمرىگە ئالاتتى. چۈنكى، ناپولېئون ئۆز نەسەبىنىڭ داۋاملىشىشى ئۈچۈن ئەۋلاد قالدۇرۇشقا ئىچ ـ ئىچىدىن تەشنا ئىدى. تومۇرىدا بوناپارت جەمەتىنىڭ قېنى ئېقىپ تۇرىدىغان پەرزەنتى بولغىنىدا، شۇ بالىنىڭ ئاپىسى ئاۋام قاتلىمىدىن بولغان تەقدىردىمۇ كارايىتى چاغلىق ئىدى. ئەتراپىدىكى گېنېراللىرىدىن نۇرغۇنلىرىنىڭ تومۇرىدا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قېنى يوققۇ؟ دۇنيادا ياشاۋاتقان كىشلەرنىڭ بىردەك باراۋەر ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. بىراق، قانۇنىي ئورنىنىڭ مۇھىملىقىغىمۇ ئوخشاشلا ئەھمىيەت بېرەتتى. پادىشاھلىق تەختىنى مىراس قالدۇرۇش تۈزۈمى تارىخ بولۇپ قالدى، بۇ دۇنيا

قابىللارنىڭ قولىدا بولۇشى كېرەك. بۇ پىكىر مەپكۇرىسىنى تارقالماس بۇلۇتتەك ئورىۋالغان ئويى ئىدى.

بوناپارت بىر مەزگىلدىن كېيىن بىر سىردىشىغا:

ــ بۇ هاماقەت خوتۇن بالا تۇغۇشىنىمۇ بىلمەيدىكەن! ــ دېدى.

ناپولېئوننىڭ بۇ سۆزى قۇلىقىغا يەتكەن چوكان ئىنتايىن خاپا بولۇپ:

ــ بالا تۇغالمامدىكەنمەن؟ ئەيىب مەندە ئەمەسقۇ دەيمەن! ــ دەپ تەنە قىلدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ناپولېئوننىڭ تەرى ئىنتايىن سەت تۇرۇلۇپ كەتتى. بىراق، ئۆزىنىڭ بالا تاپالايدىغانلىقىنى دەلىللەپ بېرەلەيدىغان ئىسپات تاپالمىدى. بۇ خۇددى كۆز ئالدىدا ئۆلگەن ئۆلۈكنى تىرىلدۇرۇشكە مەڭگۇ چارە تاپقىلى بولمايدىغاندەك بىر ئىش ئىدى.

بوناپارت ئىلگىرى روھىم بۇ دۇنيانىڭ غوجايىنى دەپ قارايتتى. بىراق، تەبىئەت ئۆزىگە پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارى ئاتا قىلىشنى رەت قىلغانىكەن، جەڭگىۋار روھتىن مۇقەررەر مەھرۇم قالىدۇ، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىمۇ بەربات بولىدۇ.

## ئون ئالتىنچى، قورغان جېڭى

باش قوماندان ئىنستىتۇتتا باشقىلاغا ئوخشاشلا ھېچقانداق ئىمتىيازغا ئىگە ئەمەس ئىدى، مۇنازىرە داۋامىدا ھەربىي ئۇنۋانىنى پەش قىلىپ باشقىلارنى باسماستىن، ھەق سۆزلەش ئارقىلىق قايىل قىلاتتى، يەنە كېلىپ بۇنداق مۇھاكىمىلەر ھەمىشە قوشۇننىڭ تۇرمۇشىغا دائىر ئەمەلىي مەسىلىلەر، ئالايلى، نىل دەرياسىنىڭ سۈيىنى جەزمەن سۈزۈلدۈرۈش، دەرھال

شامال تۈگمىنى قۇرۇش، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوق - دورا ياسايدىغان خام ئەشيا مەسىلىسىنى جەزمەن ھەل قىلىش دېگەندەك مەسىلىلەر ئۈستىدە بولاتتى. بىر قېتىم مەلۇم ئىش توغرىسىدا ئاچچىقلانغاندا، بىرتخېر ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن:

— خاتالاشتىڭىز دوستۇم، ئاچچىقتىن ئەقلىڭىزنى يوقاتتىڭىز، — دېدى.

بۇ يەردە ناپولېئوننىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىدىغان بىر دېڭىز ئارمىيە ھەربىي دوختۇرى بار ئىدى.

— كۆردۈم ! — ۋارقىرىدى ناپولېئون، — كۆردۈم، سىلەر ھەممە نەرسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپسىلەر. خىمىيە خۇددى مېدىتسىنا ئاشپىزىگە ئوخشايدۇ، ئەمما ئېلىمېنتنىڭ قاتىلى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ !

— ئۇنداق بولسا، گېنېرالىم، سىز ئىستېلا سەنئىتىگە قانداق تەبىر بېرىسىزكىن؟ — دېدى دوختۇر ناپولېئونغا.

بۇ سوئال باش قوماندانىنى ئىچ - ئىچىدىن خۇش قىلىۋەتتى. چۈنكى، شۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچقاچان، ھېچقانداق يەردە ئۆزىگە يۈزتۈرا رەددىيە بېرىدىغان ئادەمنى ئۇچرىتىپ باقمىغانىدى.

ناپولېئوننىڭ ھەر كۈنى يېزىپ تۇرۇۋاتقان كۈندىلىك خاتىرىسىدە بىرقانچە ھەپتىگىچە ھېچبىر يېڭىلىق بولمىدى، كۈندىلىك خاتىرىسى دائىم: «فىرانسىيەدىن خەۋەر كەلمىدى» دەپ باشلىناتتى ھەم تاماملىناتتى. ھەممە ئىش شۇ يېتى توختاپ قالغانىدى، ھەممە يەردە ساراسىمە ھۆكۈم سۈرەتتى. بىراق، كۆچمە ئۇنىۋېرسىتېت ئىشتىن توختىمىغان، ئۇلار بۇ يەردە زور كۆلەملىك تەتقىقات خىزمىتىنى باشلىۋەتكەنىدى. ناپولېئون بولسا بۇ تەتقىقاتلارنىڭ ھەممىسىگە قاتناشتى. ئىشنى ئالدى بىلەن ئۆگىنىشتىن باشلىدى، ئەلۋەتتە. ئاندىن تەكلىپ بېرىشكە كىرىشتى ۋە ئىزچىل تۇردە ئىككىنچى سەپتە تىنىم تاپماي

مېھمەت سىڭدۈردى. خەۋەر كۈتۈپ تۇرغان بۇ مەزگىل ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوبدان بىر ئۆگىنىش پۇرسىتى بولدى. ئالىملار بۇ زېمىننى ھەرقايسى نۇقتىدىن ئەتراپلىق تەتقىق قىلدى. ئۇلار نىل دەرياسىدىكى بېلىقلانى، قىزىل دېڭىزدىكى مىنېراللارنى، دېڭىز دېلتىسىدىكى تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەر ۋە قاقاس چۆللەرنىڭ تەركىبىنى تەتقىق قىلاتتى... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ مەزگىلدە تۇنجى قېتىم تەتقىق قىلىنىشقا باشلىغان تۈرلەر ئىدى. تەبىئىي تۇز كۆلى ۋە نىل دەرياسىنىڭ پايدىلىنىش قىممىتىمۇ شۇ تەتقىقات دائىرىسىدە ئىدى. ئەھلىسەلىپ قوشۇنىدىكى دوختۇرلار شەرقتىكى قارا كېزىكنىڭ مەنبەسىنى، شۇنداقلا تىراخوما، يەنى ئەينى ۋاقىتتىكى مىسىرلىقلارنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك كۆرمەس قىلىپ قويغان قورقۇنچلۇق كۆز كېسەللىكىنى تەتقىق قىلدى؛ تىلشۇناسلار بىر لۇغەت ۋە بىر گىراماتىكا كىتابىنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى؛ قەدىمكى مىسىردا يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان بەزى ئىبادەتخانىلار قېزىلدى؛ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇدۇقىمۇ بايقالدى. بىر قۇرۇلۇش ئەسكىرى بىر كۈنى روستادىن قايتىشىدا گىرانىت تاشقا ئوخشاپ كېتىدىغان، ئىمول سىر سۇۋالغان بىر پارچە ساپال پارچىسىنى ناپولېئونغا ئالغاچ كەلگەنىدى. بۇ قەدىمكى مىسىرنىڭ قەبرە پۈتۈكى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوبرازلىق يېزىقمۇ، گىرېتسىيە ئويمىسىمۇ بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئوبرازلىق يېزىقنى يېشىشنىڭ ئاچقۇچىمۇ تېپىلغان بولدى.

گەرچە كۈنلەپ ـ ئايلاپ داۋاملىشىدىغان قۇملۇق سەپىرىدە ھەر ۋاقىت بەدىيانلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرۇش ئېھتىمالى بولسىمۇ، ناپولېئوننى سۇۋەيش قانىلىنى قېزىشتىنمۇ بەكرەك مەھلىيا قىلىدىغان ئىش يوق ئىدى. ئەنە شۇنداق تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچراپ تۇرغان شارائىتتىمۇ

قەدىمكى يۇنان دەۋرىدىكى قانالنى ئىزدەپ، يېڭى قىن لىنىيەسىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلاتتى، چىقارغان ھۆكۈم ۋە تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ توغرىلىقىنى يېرىم ئەسىردىن كېيىن ياشىغان مەشھۇر ئىنژېنېر لېسېپس ئىسپاتلاپ بەردى. ناپولېئون مەغلۇپ تەۋەككۇلچىدەك ئەمەس، بەلكى غالىب ئىستېلاچىدەك قۇرۇقلۇقنى قانداق ئايرىپ دېڭىزغا تۇتاشتۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە ھەردەم چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزەتتى.

پارىژدىن ئاخىر خەۋەر كەلدى. سودىگەرلەر كىچىك كېمىلەرگە چۈشۈپ ئىنگلىزلارنىڭ مۇداپىئە لىنىيەسىدىن ئۆتكەنىدى، ناپولېئون ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئالدىغا چاقىرتىپ سىرتنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈردى. دەرۋەقە، دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ھالاك بولۇشى نەتىجىسىدە ئەھۋالدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولغان، تۈركىيە سۇلتانى رۇسىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، فىرانسىيەگە بىرلىكتە جەڭ ئېلان قىلغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پايلاقچىلاردىن تۈركىيە قوماندانى ئەھمەدنىڭ سۈرىيەدىن مىسىرغا يۈرۈش قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىمۇ خەۋەر كەلدى. قاھىرەدىكى فىرانسىيەدىن نارازى كىشىلەر بۇ خەۋەرلەرنىڭ تۈرتكىسىدە توپىلاڭ پەيدا قىلدى، ئەمما بۇ توپىلاڭ پاتلا توپ ئوقلىرى بىلەن باستۇرۇلدى، توپىلاڭچىلارنىڭ كاللىسىمۇ باشقىلارغا ئىبرەت قىلىنىش ئۈچۈن بايراق خادىلىرىغا ئېگىز ئېسىپ قويۇلدى. «بۇنداق قىلغانىنىڭ پايدىسى بار، مەن بۇ يەرگە كەڭ قورساقلىقىم ۋە مېھرىبانلىقىمنى كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئەمەس.»

بىراق، ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، ۋەزىيەت ناپولېئوننى چۆچۈتمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزغانىدى. ئەگەر تۈركلەر جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ كېلىۋاتقان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولغىنى. شۇنداق بولغاندا، ناپولېئون رەقىبىگە قاتتىق

زەربە بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ.

بىراق، ناپولېئون كۆڭلىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرۇنغان ئەندىشىسىنى ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمىگىمۇ تىنمىغانىدى. ھىندىستاننى قولغا كەلتۈرۈشكە ياردىمى تېگىدىغان بازا بەرپا قىلىشنى كۆزلەپ فىرانسىيەدىن مىسىرغا ئاتلانغانىدى. «كىمە بولسا دېڭىزدىن ئۆتىمەن، تۆگە بولسا قۇملۇقتىن ئۆتىمەن.» ناپولېئون ئون بەش ئايدىن بۇيان مىسىرنى قانداق بويسۇندۇرۇش ھەمدە ئۆزىنىڭ ئۇ يەردىكى كۈچىنى مۇستەھكەملەشنىڭ كويىدا بولۇپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھىندىستانغا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن تەييارلىدى ۋە قوشۇنلارنى قوراللاندۇردى. ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىشى ئۈچۈن تۆت تۈمەن لەشكەرگە، شۇنىڭغا باراۋەر تۆگىگە ۋە بىر يۈز يىگىرمە دالا زەمبىرىكىگە موھتاج ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پارىژدىن دېڭىز يولى ئارقىلىق كېلىپ ئۆزىنىڭ قۇرۇقلۇق قىسىملىرىغا ياردەم بېرىدىغان زور كۆلەملىك پاراخوت، زەمبىرەك ۋە لەشكەر تەلەپ قىلدى.

ئەپسۇسكى، نىل ئۇرۇشى تۇپەيلىدىن بۇ پىلانى بەربات بولۇپ، ئىنگلىزلار دېڭىز قىرغىقىنى قامال قىلىۋالدى، سۇلتان رەقىبىگە ئايلاندى، مىسىرلىقلارمۇ دۈشمەنلىك كەيپىياتىدا بولۇۋاتاتتى. بىراق، ناپولېئون ھېچقاچان قىيىنچىلىق ئالدىدا باش ئەگمەيتتى. يەنە كېلىپ پۇرسەتتىن پايدىلىنىشقا شۇنچىلىك ماھىر ئىدى. قۇرۇقلۇققا چىقىشقا بىرلىكتە تەييارلىق كۆرۈۋاتقان تۈركلەر ۋە ئىنگلىزلار ناپولېئون قوشۇنىنىڭ بۇ يەردىكى مەۋجۇتلۇقىغا ۋە روناق تېپىشىغا تەھدىت سېلىۋاتاتتى. ئۇنداق بولسا، يەنە ھالاك بولۇشتىن خالىي بولۇش ئۈچۈن ھۇجۇمغا ئۆتىمىزمۇ؟ بارلىق قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا ئىسكىلاتىنى ۋە تۈركلەر قۇرۇقلۇققا چىقىدىغان پورتلارنى

ئىشغال قىلىپ، سۈرىيەدىكى خىرىستىيان مۇرىتلىرىنى قوراللاندۇرۇش، دىرۋىشلارنى كۆشكۈرتۈش كېرەك ! ئەگەر ئاق قورغاننى ئالىدىغان بولساق، قاھىرە جامائىتى بىز تەرەپكە يۈزلىنىدۇ. بىز ئالتىنچى ئايدا دەمەشىققە كىرىمىز، ئالدىنقى قاراۋۇلخاننى تاۋرۇسقا سۈرىمىز، ئاندىن يەنە يىگىرمە ئالتە مىڭ فىرانسۇز، ئالتە مىڭ مامىلۇك ۋە ئون سەككىز مىڭ دىرۋىشنى شەرققە ماڭدۇرىمىز. دېسىبىر مىسىردىن ئۆدۈللا كېلىدۇ، بۇ چاغدا سۇلتان قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرىدۇ. ئىران پادىشاھى بىزنىڭ بەسىرە بىلەن ھىراتتىن ئۆتۈشىمىزگە قوشۇلدى. خۇدا بىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسا، ئۈچىنچى ئايدا ھىندى دەرياسىدا ئېتىمىزنى سۇغىرىمىز.

بوناپارت ئىنتايىن پەرىشانلىق ئىچىدە يەنە بىر گۈزەل تەسەۋۋۇرنى توقۇپ چىقىپ سۈرىيەگە يۈرۈش قىلدى.

ۋاھالەنكى، يول يوق ئىدى. ناپولېئون بەزىدە ئون بەش سائەت يول يۈرۈپ ئاران قىرىق بەش مىڭ مۇساپىنى باساتتى. ھەممىشە كېچىلەپ يول يۈرەتتى، ئىچىدىغان سۇمۇ يوق ئىدى. ئاشۇنداق ئەھۋالدىمۇ ئاۋانگارت قىسىم بىلەن بىللە سەپىرىنى داۋاملاشتۇراتتى. يافا قولدىن كەتكەندە ئۈچ مىڭ تۈرك لەشكەر فىرانسىيە قوشۇنىغا ئەل بولدى، ئۇلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلسا بولار؟ ئەسىر ئالسىچۇ؟ ئۆزىگىمۇ ئوزۇق - تۈلۈك يېتىشمەيۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا ئۇلارغا قاراش ئۈچۈن نەچچە مىڭ كىشىلىك فىرانسىيە قوشۇنىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. تۈركىيەگە ماڭغۇزۇۋەتسىچۇ؟ كېمە يوق، ئالماشتۇرسىچۇ؟ تۈركلەردە فىرانسىيە قوشۇنىدىن ئەسىرگە چۈشكەنلەر يوق. ھۆرلۈك بەرسىچۇ؟ ئۇلار ئاق قورغانغا، يەنى ھۇجۇم قىلىش ئالدىدا تۇرغان قورغانغا ھەمدەم بولۇشى مۇمكىن. قانداق قىلغۇلۇق، ھەربىي ئىشلا يىغىنى ئېچىش كېرەك !

ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىش قارارى تولۇق ئاۋاز بىلەن ماقۇللاندى. «تۈركلەر تېخى بىرقانچە كۈننىڭ ئالدىدا بىر ئەلچىمىزنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئەگەر بۇ ئەسىرلەرنى دەپ ئۆزىمىزنى ئاچ قويىدىغان بولساق، لەشكەرلىرىمىزنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويىمىز.» ناپولېئون ئىككىلىنىپ قالدى، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئەسىرلەرنى دېڭىزغا ھەيدىۋېتىش ياكى قىرىپ تاشلاشقا قوشۇلدى. كېيىنكى كۈنلەردە ھەربىي ئوبزورچىلار، بولۇپمۇ گېرمانلار بۇنىڭدىن باشقا ياخشىراق چارە يوق ئىدى دەپ قاراپ، شۇنداق قىلغىنىنى توغرا تاپتى.

ئاق قورغان كۆز ئالدىمىزدىلا تۇرۇپتۇ، بىز ئۇ يەردە يېڭى قورال-لارغا ئېرىشىمىز، شىمالغا قاراپ ئالغا! ناپولېئوننىڭ كاللىسىدا مۇشۇ بىرقانچە ھەپتە ئىچىدە يەنە بىر ئۇلۇغ تەسەۋۋۇر تۇغۇلدى. تۈركلەرنىڭ ئۇرۇش ئېلان قىلىشى بىلەن ناپولېئون تامامەن يېتىم قالغانىدى. ھايات ـ ماماتلىق جەڭ قىلماي بولمايتتى. ھەرقانداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس، ئالۋاستى قوغلاپ كەلگەن چاغدا شۇنداق قىلماي بولمايدۇ ـ دە. بىراق، ناپولېئون ھىندىستاننى ئىشغال قىلىش پىلانىنى ئېسىگە ئېلىشى بىلەنلا كۆڭلى ئۆرتۈپ بولۇپ كەتتى. ئىلگىرى بىر ئوفىتسېرغا باشقا بىر پىلانىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى: «ئاق قورغاننى ئالغاندىن كېيىن دەمەشىق ۋە ھەلەبكە يۈرۈش قىلىمەن، يول بويى قوشۇنۇمنى تولۇقلاپ ماڭىمەن، خەلققە مۇستەبىت مۇسۇلمان خەلىپە تەختتىن چۈشتى، دەپ جاكارلايمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ھەربىي كۈچۈم بىلەن كونستانتىنوپولنى ئېلىپ تۈركىيەنى جايلىۋېتىمەن ھەمدە يېڭى ۋە ئۇلۇغ بىر ئىمپېرىيە قۇرىمەن. نۇسرەت قازانسام ئەسىرلەر بويى نامىم ئۆچمەيدۇ. ئېھتىمال، خابسبۇرگ خان جەمەتى ھالاك بولغاندىن كېيىن ئادرىياتىك

دېڭىزى ياكى ۋېيىنناۋىن ئۆتۈپ ۋەتەنگە قايتارمەن.»
ناپولېئوننىڭ تەسەۋۋۇرى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ئىدى، ئەمما هازىر تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. چۈنكى، بۇ چاغدا ۋەزىيەت قىستاپ قالغانىدى.

ناپولېئون ئاق قورغانغا كەلدى. بۇ چوڭ قورغان بولمىسىمۇ، بۇ يەردىكىلەر نۇرغۇن يېڭى قورال بىلەن قوراللانغانىدى ھەمدە ئەنگلىيە ئوفىتسېرلىرى ۋە توپىلاڭچىلارنىڭ مۇھاپىزىتىدە ئىدى. ناپولېئون ئۈچ قېتىم ھۇجۇم قىلىپمۇ قورغاننى ئالالمىدى. يەنە كېلىپ ئەنگلىيە ئۇرۇش پاراخوتلىرى ياردەمچى قوشۇنلارنى ئېلىپ كېلىپ تەھدىت سالغانىدى.

سەككىز ئايدىن كېيىن پارىژدىن ئاخىر خەۋەر كەلدى، ئەمما بۇ خەۋەر ناپولېئونغا ياقمىدى، تاللېيران كونستانتىنوپولغا تۈركىيە سۇلتانى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بارمىغانىكەن. بۇ ھىيلىگەر تىكىمۇەتكەندىمۇ؟ شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇرۇش مۇقەررەر پارتلايدۇ. ناپولېئون جەنۇبتا يەنە بىر قېتىم يېڭىلدى. فىرانسىيە جۇمھۇرىيىتى شۇ تاپتا ناپلېس ۋە ساردېگان بىلەن ئۇرۇش قىلماقتا ئىدى. نورۇ بىلەن ئاۋگېرو، يەنى ناپولېئوننىڭ ئىككى چوڭ رەقىبى چوڭ ھوقۇقدارلاردىن ئىدى، ناپولېئونلار بولسا شۇ تاپتا قىزىق قۇملۇقتا بورانغا دۇچ كېلىۋاتاتتى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ ۋاي كاساپەت! مۇستەھكەم قورغىنىم بولمىغىنى ئۈچۈن مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىشىم كېرەكمىدى؟

قورغاننى قۇرۇلۇش ئوفىتسېرى فىلىپ مۇھاپىزەت قىلىۋاتاتتى. فىلىپ ناپولېئوننىڭ پارىژ ھەربىي مەكتىپىدىكى ساۋاقدىشى بولۇپ، خانپەرەسلەردىن ئىدى، ئىنقىلاب پارتلىغاندا ئەنگلىيەگە قېچىپ كەتكەن ھەمدە ئىنگلىزلارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ ئەنگلىيە قوشۇنىدا ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەنىدى.

ناپولېئون ئاق قورغاننى شىددەتلىك ھۇجۇم بىلەن ئالسا نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ ! ئاستا ـ ئاستا قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، دۇشمەننى تەسلىم تەلەپ قىلىشقا مەجبۇرلاش ئىستراتېگىيەسىنى قوللىنىۋېرىشكە سەۋر ـ تاقىتى يوق ئىدى، بۇنداق قىلىش كەسكىن مىجەزى بىلەن سىغىشالمايتتى. ناپولېئون بىر قورغان خۇددى بىر ئايالغا ئوخشايدۇ، تېز ھۇجۇم بىلەن ئالمىغاندىن كۆرە ۋاز كەچكەن تۈزۈك، دەپ ئويلاتتى. ھازىر ۋەزىيەت قىستاپ قالدى، مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇرىدىغان ئىش ئەمەس بۇ، ئالغا !

لەشكەرلەر ئۈز ئىچىدە ئاستىرتىن ئاغرىنىشقا باشلىدى، ئوفىتسېرلار ئىچىدىمۇ ئاسىيلىق كەيپىياتى باش كۆتۈرۈپ قالدى:

— كىلېبېرنى ئۆزىمىزگە داھىي قىلىۋالايلى، شەپقەتلىك ھەم سىلىق ـ سىپايە ئادەم، — دېيىشەتتى ئۇلار.

ناپولېئون چېدىر ئىچىدە ئولتۇرۇپ ۋەزىيەت ئۈستىدە ئىنچىكە پىكىر يۈرگۈزمەكتە ئىدى. نەقەدەر دەھشەتلىك پەيتكە دۇچ كەلگەن ـ ھە ! قۇرۇقلۇقتا بولسۇن ياكى شەرقتە بولسۇن، ئىنگلىزلارنى يەڭگىلى بولماسمۇ زادى؟ ھازىرقى قورشاۋىمىز يەنە قانچە ئاي داۋاملىشار؟ مۇمكىن ئەمەس، ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدا تۇشمۇتۇشتىن ئۇرۇش ئوتى كۆتۈرۈلدى. ئۇرۇش ياۋروپانى پارچىلىۋەتتى. گەرچە ناپولېئون قۇرۇق قول قايتىشنى خالىمىسىمۇ، بۇ قېتىمقى تەۋەككۇلچىلىكىدىن ۋاز كېچىشى شەرت ئىدى. دەرھال مىسىرغا قايتىشى كېرەك. گەرچە ھىندىستانغا شۆلگىيىنى ئېقىتىپ تۇرۇۋاتقان، ئاق قورغان تەسەۋۋۇرىمۇ بەربات بولمىغان بولسىمۇ، شەرقنى ئېلىش تەسەۋۋۇرىنى دەپ فىرانسىيە ۋە ئىتالىيەدىن ۋاز كېچەلمەيتتى. ناپولېئون قوشۇن چېكىندۈرگەندە ئادىتى بويىچە ئاتقا مىنىپ،

باشلامچى قوشۇن بىلەن ئالدىدا ماڭمىدى. بىر تۆپىلىكتە كۆز ئالدىدىكى ئالغىلى بولماس بۇ قورغانغا ھەسرەتلىك نەزەر تاشلاپ، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكىنىگە باقماي ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى.

بۇ بىر قورقۇنچلۇق چېكىنىش بولدى. يول يوق، سۇمۇ يوق، قارا كېزىك سەركەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سېلىپ تۇرماقتا. بۇ جەزىرە ۋە قارا كېزىك بوناپارتنىڭ ئىشلىرىنى بەربات قىلىپ تاشلارمۇ ـ ھە؟ ناپولېئون بىمارلار گازارمىسىغا جىمغىنا كىرىپ، بىمارلاردىن بەزىسىنى ئويغىتىپ ئەستايىدىل پاراڭلاشتى. شۇنى كۆرۈپ يەتتىكى، بىمارلار گازارمىسىدىكى ئۆلۈم گىردابىدا جان تالىشىپ ياتقان ھەربىر بىمار ئۆزىنىڭ تىنچىقىنا ئۆلۈشكە ياردەم بېرىدىغان ئادەمگە موھتاج ئىدى. دوختۇر ئەللىك نەچچە بىمارغا ساقىيىپ كېتىدۇ دەپ دىياگنوز قويدى، ناپولېئون بولسا بىر خىل مۇقەددەس بۇرچ تۇيغۇسىدا ئۆتكۈر زەھەرلىك ئەپيۇن ئارقىلىق بىمارلارنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. بىراق، دوختۇرلار بۇ پەرمانىنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلدى.

— ئەگەر مېنىڭ ئوغلۇم ئاشۇنداق ئازابتا قالغىنىدا، ئوغلۇمنىمۇ زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈشكە رازى بولغان بولاتتىم، — دېگەنىدى ناپولېئون كېيىن.

ئىككى مىڭ بىمار ۋە ھەرھالدا ساغلام ئالتە مىڭ لەشكەر جەزىرىدە ھارغىن قەدەم تاشلاپ ئاستا ماڭماقتا ئىدى، ھەر تۆت كىشىنىڭ يول ماڭالمايدىغان بىر بىمارنى كۆتۈرۈپ مېڭىشىغا توغرا كەلگەنىدى. چۈنكى، بىمارلانى ۋە ياردارلارنى ئارتىپ ماڭىدىغان يېتەرلىك ئات ـ ئۇلاغ يوق ئىدى. باش ئىشتاب كوماندىرلىرى ۋە قالغان كىشىلەرمۇ ناپولېئوننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن پىيادە ماڭماقتا ئىدى. مىراخور بىر كۈنى ناپولېئوننىڭ

ئالدىغا كېلىپ، قايسى ئاتنى مىنىسىز، دەپ سورىۋىدى، غەزەپلەنگەن بۇ قوماندان:

— بۇيرۇقۇمنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ھەممىمىز پىيادە ماڭىمىز! — دېگىنىچە مىراخورنى قامچىسى بىلەن تازا ساۋىدى.

چېكىنىپ ماڭغان بۇ قوشۇن ئاخىر قاھىرەگە يېتىپ بېرىپ، جەڭلەردە تارتىۋالغان دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ تۇغلىرىنى غالىبلارچە قاتار تىزىۋەتتى ھەمدە ئېلان چىقىرىش ۋە نامايىش قىلىش ئارقىلىق مىسىرلىقلارنى ئالدىماقچى بولدى، لېكىن قۇرۇق ئاۋارە بولدى.

پارىژدىكىلەر نېمە دېيىشىۋاتقاندۇ؟ پارىژدىكىلەرگە نېمە دېسە بولار؟ ئاق قورغاننى ئالالمىدۇق. چۈنكى، ئۇ يەردە قارا كېزىك يامراپ كەتتى، چېكىنىشىمىزنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى شۇ، دېسەك بولارمۇ؟ ناپولېئون شۇ ئارقىلىق پاكىتنى يوشۇرۇش غەرىزىدە بولدى. بۇنى دەلىللەش ئۈچۈن ئىنستىتۇتتا بىر كومېسسىيە تەسىس قىلىندى، بىر دوختۇر ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، نەچچە يۈز مەشھۇر ئالىمنىڭ ئالدىدا ئۆز ئىسمىنىڭ بۇ توقۇلما ۋەقە بىلەن باغلىنىپ قېلىشىنى رەت قىلدى. باش قوماندان بېشىنى لىڭشىتىپ ئىجازەت بەردى. ناپولېئون بۇ باتۇر كىشىگە ئاداۋەت ساقلىماستىن، ئەكسىچە شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە يىل داۋامىدا مەرتىۋىسىنى بىرقانچە قېتىم ئۆستۈردى.

ھازىر تۈركلەر فرانسىيە قوشۇنىنى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىش ئۈچۈن دېڭىز يولى ئارقىلىق مىسىرغا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. ناپولېئون ئۆز قوشۇنىنىڭ ھاياتلىقى ئۈچۈن يېگانە ئاتلىنىشقا مەجبۇر بولدى. نىل ئۇرۇشى بولۇپ بىر يىلدىن كېيىن دۈشمەن يەنە بىر قېتىم ئەبۇغەر قولتۇقىدا قۇرۇقلۇققا چىقتى، ناپولېئون بولسا دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ يېرىمچە كېلىدىغان ئەسكىرىي كۈچى بىلەن قاتتىق زەربە بەردى. مۇرات

ئۇرۇش ئاياغلىشىش ئالدىدا تۇرغان پەيتتە ناپولېئوننىڭ ئالدىغا كېلىپ قىزغىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— گېنېرال، سىز گويا دۇنيادەك ئۇلۇغ، دۇنيا بولسا ئالدىڭىزدا بەكمۇ كىچىك، — دېدى.

ناپولېئون قاھىرەگە ئەۋەتكەن خېتىدە: «سىلەر چوقۇم بۇ قېتىمقى جەڭدىن ۋاقىپ بولغانسىلەر، بۇ جەڭ ئۆمرۈمدە كۆرگەن ئەڭ چىرايلىق جەڭ بولدى، قورۇقلۇقتا چىققان تۈركلەردىن بىرىمۇ قېچىپ قۇتۇلالمىدى» دەپ يازدى.

ناپولېئون شۇ چاغدا ئەسىرگە چۈشكەن تۈركلەر ئىچىدە كېلىشكەن، بەستلىك بىر يىگىتنى بايقىدى. تاشقى كاۋكاز تاغلىرىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ كۆك كۆز يىگىتنىڭ ئىسمى رۇستەم بولۇپ، ئىلگىرى قۇل بولۇپ بەش قېتىم قولدىن - قولغا سېتىلغانىدى. ناپولېئون رۇستەمنىڭ كۆزلىرى ۋە نەپەسلىرىدىن ساداقەتمەن مۇھاپىزەتچى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن يىگىتكە غىلاپلىق شەمشەردىن بىرنى بېرىپ ئۆزىگە نۆكەر قىلىۋالدى. رۇستەم شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون بەش يىل داۋامىدا ئىزچىل تۇردە ناپولېئوننى بىر قەدەممۇ يېنىدىن ئايرىلماي مۇھاپىزەت قىلدى، ھەتتا ناپولېئون بىلەن بىر چېدىردا يېتىپ قوپتى.

ناپولېئون ئەبۇغەر قولتۇقى ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن، دېڭىز قىرغىقىنى قامال قىلىۋالغان ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسى فلوتىنىڭ قوماندانى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئىنگلىزلار بىلەن ئەسىر ئالماشتۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇزاكىرىلىشىۋاتقاندەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تاشقى خەۋەرلەرگە تەشنا ئىدى، بۇ چاغدا گېزىت پادىشاھلىق تاجىدىنمۇ ئەتىۋار ئىدى. بەزى كىشىلەر ناپولېئون ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىلەرنى ماھىرلىق بىلەن بىر ئامالىلار بىلەن تەل قىلىپ

بېرەتتى. ناپولېئوننىڭ كانۋىيى بىر كۈنى ناپولېئوننىڭ چېدىرىغا ئۇشتۇمتۇت كىرىپ كەلدى، ناپولېئون بۇ چاغدا چېدىردا ئارام ئېلىپ ياتاتتى.

— گېزىت! گېنېرال، بىراق، ساپلا يامان خەۋەر.

ناپولېئون دەرھال ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى.

— نېمە ئىش بوپتۇ؟

— شىللېر مەغلۇپ بوپتۇ، پوتكۇل ئىتالىيەدىن دېڭىزدەك مەھرۇم قاپتۇق.

ناپولېئون كارىۋىتىدىن دەس تۇرۇپ، گېزىتنى تەقەززالىق بىلەن ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ كۆرۈشكە باشلىدى ھەمدە بۇ خەۋەرلەرنى تونۇبىي تەتقىق قىلىپ چىقتى. بىرقانچە قېتىم غەزىپىگە پايلىماي ۋارقىراپ كەتتى. شەرق ئۇيۇقى ئاقىرىشقا باشلىغاندا دېڭىز ئارمىيە قوماندانىنى چاقىرتىپ، ئىككى سائەت مەخپىي سۆزلەشكەندىن كېيىن قاھىرەگە باردى.

— دەرھال فىرانسىيەگە قايتىش قارارىغا كەلدىم، — دېدى ناپولېئون ئىشىكنى يېپىۋەتكەندىن كېيىن سادىق سىردىشى مارمېنتقا، — سىزنى بىللە ئېلىپ باراي دەيمەن، ياۋروپادىكى قوشۇنىمىز مەغلۇپ بولدى. دۈشمەننىڭ ھازىر قەيەردىلىكىنى تەگرىدىن باشقا ھېچ ئىنسان بىلمەيدۇ. ئىتالىيە قولىمىزدىن كەتتى، كالۋا ھوقۇقدارلار ئېشەك باققاندىمۇ؟ ئۆتۈپ كەتكەن دۆت، چىرىك نەرسىلەر ـ دە. مەن جىمى ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۆزۈم يالغۇز ئۈستۈمگە ئالمىسام بولمىدى، ئۇزۇكسىز نۇسرەت قازىنىش ئارقىلىق ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىمىسەم ئەسلا بولمايدۇ. ئۇلار مەنسىز نېمە ئىشمۇ قىلالار؟ كېتىشىم بىلەنلا جىمى غەلىبىمىز يوققا چىقىپتۇ. دەرھال يولغا چىقىپ ئەڭ يېڭى غەلىبە خەۋەرلىرىمنى ئۆزۈم بىللە پارىژغا يەتكۈزسەم، ئارمىيەمىزنىڭ ئىشەنچىسى

ئەسلىگە كېلىدۇ، شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىمۇ ئۇرغۇيدۇ.

«كەلگۈسۈم قانداق بولار؟ — دەپ ئويلىدى ناپولېئون مارمېنت كەتكەندىن كېيىن، — كىشىلەر جەزمەن مېنى مىسىردىكى فرانسىيە قوشۇنلىرىنى تاشلاپ كەپتۇ، دېيىشىدۇ. بىراق، قوشۇنلىرىم كېلېبىرنىڭ قوماندانلىقىدا غەلىبە قازىناي دەپ قالدى. فىرانسىيە هۆكۈمرانلىرى ئىچىدە مەندىن باشقا هېچكىممۇ مىسىردا شۇنچە تېز سۈرئەتتە مۇستەملىكە بەرپا قىلالمايدۇ. هازىر مەقسىتىمىزگە يەتتۇق، تۈركىيە قوشۇنى قولىمىزدا مەغلۇپ بولدى، ئەمدى بۇ يەردە مېنى جەلپ قىلغۇدەك هېچ نەرسە قالمىدى. بىراق، ياۋروپا فىرونتىدا بولسا هەممە ئىش مېنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئوتتۇز ياشقا كىرىپتىمەن، ياش ئەمەسمەن، بارلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتمىسام بولمايدۇ. بۇ يەردىن يەنە قانچە ئۇزاقتا ئايرىلارمەن؟ دېڭىز ئارمىيە قوماندانى تولوننىڭ ۋەزىيىتىنى ياخشى ئەمەس دەيدۇ، ئەنگلىيە پاراخوتلىرى ئوتتۇرا دېڭىزنى قاپلاپ كېتىپتىمىش، پارىژغا شار بىلەن ئۇچۇپ بارغىلى بولمايدۇ — دە! تەۋەككۇل قىلىپ دېڭىز يولى بىلەن بېرىشىمغا توغرا كېلىدۇ. پارىژغا قايتاي، ئۇ يەر دېگەن دۇنيانىڭ يۈرىكى.»

## ئون يەتتىنچى، پارىژغا قايتقان غالىب سەردار

ئۇلار كېچىدە ئىلگىرى ۋاتىكاندىن ئېلىپ كەلگەن ئىككى كېمىگە چۈشۈپ يولغا چىقتى. ناپولېئون ئاق قورغاندا ئۆزىنى قۇتقۇزۇش يولىدا قۇربان بولغان هېلىقى لېيتېناتنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۆزى چۈشكەن كېمىنىڭ ئىسمىنى «مېرلون» دەپ ئۆزگەرتتى، ئون بەش يىلدىن كېيىن بۇ ئىسمنى تېخىمۇ

ئۆلۈغلىدى. ئۇلار شۇ تاپتا بون تۇمشۇقىغا يېتىپ كەلدى، بۇ يەر ئەڭ خەتەرلىك رايون ئىدى. ئۇلار چىراغ نۇرىدا ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتەن ئىنگلىزلارنىڭ فىلوتى ئارىسىدىن توغرا كېسىپ ئۆتكەنلىكىنى بايقاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىزچىل تۇردە غەربىي شىمال تەرەپكە قاراپ كەلگەن ئوتتۇرا دېڭىزغا خاس پەسىل شامىلىنىڭ ئاجىزلاپ قالغانلىقىنىمۇ بايقاشتى. ھەممەيلەن كېمە ئۈستىدە پەرىشانلىق بىلەن ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇراتتى، ئاۋغۇست ئېيىنىڭ بۇ يۇلتۇزلۇق كېچىسىدە نېمە ئىش قىلىشى كېرەكلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. «قارتا بىلەن قىمار ئوينايلى ! » ناپولېئون كىچىككىنە قۇۋۇلۇق ئىشلەتتى، تەلىيىگە بۇ قۇۋۇلۇقىنى ھېچكىم سەزمىدى. ئەتىسى ئەتىگىنى كۆپچىلىككە ئۆزىنىڭ ئاخشامقى قۇۋۇلۇقىنى خۇشاللىق بىلەن ئېيتىپ بەردى ھەمدە ئۇتتۇۋالغان پۇللىرىنى ئۇتتۇرغۇچىلارغا قايتۇرۇپ بەردى.

بۇ قېتىمقى سەپەر ئون بەش ئاي ئىلگىرىكى دېڭىز سەپىرىگە زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇ چاغدا تۆت يۈز قوغدىغۇچى كېمە ھەيۋەت بىلەن يۈرۈش قىلغان، ھازىر بولسا پەقەت ئىككىلا كېمىسى بار، قوشۇنلارنىڭ يېرىمى جەڭگاھتا قىرىلىپ تۆگىگەنىدى.

بۇ ئىككى كېمە ئىككى ھەپتىدىن بۇيان ھەر كۈنى خەۋپ ئىچىدە يۈرمەكتە ئىدى.

— ناۋادا ئىنگلىزلار بىزنى تۇتۇۋالسا، قانداق قىلىسىلەر؟ ئۇرۇشىمىزمۇ؟ — دېدى ناپولېئون بىر قېتىم، — مۇمكىن ئەمەس، تەسلىم بولىمىز ! مېنىڭچە، ھەرقايسىڭلارمۇ ماڭا ئوخشاشلا بۇنى خالىمايسىلەر، بىردىنبىر چارە شۇكى، ئەگەر راستىلا بايقىلىپ قالساق، بۇ كېمىنى پارتلىتىۋېتىپ تەڭ تۆگىشىمىز.

ھەممەيلەن جىمىپ كەتتى، قوماندانىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان

مونژىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى.

— بۇ مۇقەددەس ۋە شەرەپلىك كىيمە پارتلىتىش ۋەزىپىسىنى ساڭا تاپشۇردۇم، — قوشۇپ قويدى ناپولېئون ۋە مونژىغا قاراپ ھەيبەتلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى. ئۇلار بىرقانچە كۈندىن كېيىن توساتتىن بىر كېمىنى كۆردى ھەمدە ئەنگلىيە ئۇرۇش كېمىسى دەپ قالدى، مونژى شۇ ئان غايىب بولدى، ئۇلار كېيىن بۇ ماتېماتىكىنى ئوق - دورا ئىسكىلاتىنىڭ ئىشىكى تۈۋىدىن تاپتى.

بۇ قېتىمقى كۈتۈلمىگەن ھادىسە ناپولېئوننىڭ سۈرلۈك نوپۇزىنى تېخىمۇ ئېنىق زاھىر قىلىپ بەرگەنىدى.

ئۇلار ئوتتۇرا دېڭىزدا ئالتە ھەپتە لەيلەپ يۈرگەندىن كېيىن، دېكابىرنىڭ سۈزۈك بىر ئەتىگىنى دېڭىزدىكى بىر ئارال ناپولېئوننىڭ كۆزىگە چېلىقتى، ئۇپۇق سىزىقىدا تونۇش تاغ تىزمىسى زاھىر بولدى. كاپىتان بۇ چاغدا ئۆزلىرىنىڭ ھازىر تۇرۇۋاتقان ئورنىنى تېپىش ئۈچۈن دېڭىز خەرىتىسىنى ئاختۇرۇۋاتاتتى.

— بۇ كورسىكا ئارىلى، — دېدى ناپولېئون.

بىراق، بۇ چاغدا يەلكەن چىقىرىپ تېز ئىلگىرىلەش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرمەستىن، ئەكسىچە ئالدى بىلەن رازۋېدكىچىلارنى ماڭغۇزدى. چۈنكى، بۇ ئارالنىڭ ھازىرمۇ فرانسىيە زېمىنى ئىكەنلىكىنى ياكى ئەمەسلىكىنى بىلىپ باقماقچىدى. بىراق، شامال بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، كېمىلەرنى دېڭىز قىرغىقىغا سىلجىتاتتى، شۇڭا ئۇلار كېمىلىرىنى نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىپ ئاران - ئاران توختىتىپ تۇرۇۋاتاتتى.

«بۇ يەر يەنىلا فرانسىيەنىڭ زېمىنىمىدۇ؟» دەپ ئويلاپ قالدى ناپولېئون توساتتىنلا. ھالبۇكى، ئىلگىرى ھەر قېتىم بۇ جايغا كەلگەندە: «بۇ يەر فرانسىيەنىڭ زېمىنى بولۇپ كەتتىمۇ؟» دەپ ئۆز - ئۆزىدىن سورايتتى.

بۇ ئارىدا زادى نېمە ئىشلار بولۇپ كەتكەندۇ؟ ئارىدىن ئالتە يىل ئۆتۈپتۇ، ئۇ چاغدا يىگىرمە تۆت ياش ئىدى، بۇ ئارالنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇش ناپولېئوننىڭ ئەڭ بۈيۈك غايىسى ئىدى، ھازىر بولسا ئىتالىيە ئايىغىغا باش قويىدى، مىسىرمۇ كونتروللۇقىغا ئۆتتى، پارىژ تەبەسسۇم قىلىۋاتىدۇ، جىمى ئىشلار ئىنتايىن تەبىئىي يوسۇندا يۈرۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ ۋە راۋاجلىنىۋاتىدۇ.

شامال بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى، رازۋېدكا نەتىجىسى قانداق بولار؟ شۇ ئەسنادا پورتتىن فىرانسىيە كېمىلىرىنىڭ كېلىشىگە ئىجازەت، دەپ بەلگە بېرىلدى، بۇ ۋەتەنسىز زات ئانا يۇرتىغا، كورسىكا ئارىلىغا يەنە بىر قېتىم قايتىپ كەلدى.

ناپولېئون قىرغاققا چىققاندىن كېيىن ئارالدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ناپولېئوننىڭ دىدارىنى كۆرۈش ئۈچۈن پورتقا قاراپ سەلدەك ئېقىپ كەلدى، ئىلگىرى ناپولېئوننى قارغاپ تىل تەگكۈزگەن بۇ كىشىلەر مانا ئەمدى قىزغىن قارشى ئېلىپ ئالدىغا چىقتى. ناپولېئون بۇ ئەسەبىي كىشىلەرگە مەسخىرە ۋە شۈبھە بىلەن نەزەر تاشلايتتى. ھەربىر كىشى ناپولېئوننى يېقىنچىلىق بىلەن «سەن»لەيتتى، نۇرغۇنلىرى ياخشىچاقلىق قىلىپ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈشكە ئۇرۇناتتى. ناپولېئون باشتىن ـ ئاخىر قائىدە ـ يوسۇن يۈزىسىدىنلا ئۇلار بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ قويىدى. شۇ ئەسنادا توساتتىن بىر مەزلۇمنىڭ: «ئوغلۇم، جېنىم ئوغلۇم!» دەپ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ كامىللا ـــ ناپولېئوننىڭ ئېمىكئانىسى ئىدى. ئەللىك ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ بىچارە دېھقان ئايالنىڭ پەيدا بولغانلىقى ناپولېئوننىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان بىردىنبىر ئىش بولدى.

ناپولېئون ئاتا ـ بوۋىسىدىن تەۋەررۈك قالغان ئۆيىگە قايتىپ

كەلدى، ئاپىسى بۇ يەردىن ئايرىلىش ئالدىدا بۇ ئۆينى چىرايلىق ئاقارتقۇزۇپ قويغانىدى. ناپولېئون يېقىندىن بۇيانقى ئەھۋاللارنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ بۇ يەردىكى ھەممىدىن خەۋەردار ئۇزۇن قۇلاق زاتلارنى يىغدى. ناپولېئون ئىلگىرى دادىسى ئولتۇرىدىغان تام مەشىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، مۇشۇ ئۈچ ئاي مابەينىدە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىدىن ئاخىر خەۋەردار بولدى.

ناپولېئوننىڭ جەڭ نەتىجىلىرى دۈشمەننىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن، ئۈچ يىل ئىلگىرى بويسۇندۇرغان جايلادىن مانتۇئا بىلەن مىلان، شۇنداقلا پۈتۈن ئىتالىيەنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قولدىن كەتكەنىدى. ژېنوۋا گەرچە ھېلىمۇ فىرانسىيەنىڭ ئىلكىدە بولغىنى بىلەن ئىنتايىن خەۋپ ئىچىدە تۇرۇپتۇ. مارسېنا قوشۇننى شىۋېتسىيەدىن چېكىندۇرۇشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئىنگلىزلار گوللاندىيەدە قۇرۇقلۇققا چىقىپتۇ. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ دەرھال بىر قارارغا كەلمەي بولمايدۇ! نايىسقا يۈرۈش قىلىش كېرەك! توغرا، تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، قولدىن كەتكەن زېمىنلارنى ئۇرۇش غەلىبىسى ئارقىلىق يەنە بىر قېتىم قايتۇرۇۋېلىش كېرەك! ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئىككى مەمۇر ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپتۇ. ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلى تەۋرەپ قاپتۇ. ئېھتىمال، ئۇلى تەۋرەپ قالغان ھۆكۈمەتنى پەقەت مۇشۇنداق ھەرىكەت ئارقىلىقلا ساقلاپ قالغىلى بولار. ئىيتىنشلارغا قارىغاندا، گېنېرال مولىنس باش مەمۇر بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. مولىنس زادى قانداق ئادەم؟ يېڭى سايلىنىدىغان يەنە بىرەيلەن كىم؟ سىيېسمۇ؟ بىر قېتىم سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىشى مۇقەررەر، سىيېس ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىشكە مەجبۇر قىلىشى مۇمكىن. مۇشۇنداق چاغدا پارىژغا تېز بارماي بولمايدۇ، كېيىنگە چىقايلى.

ئۇلار تولون تەرەپكە قاراپ ئىككى كۈن يۈرگەندىن كېيىن تاڭ

سۇزۇلۇش ئالدىدا قىرغاق كۆزگە چېلىقتى. كۆزىتىش پەشتىقىدىكى كۆزەتكۈچىلەر قىرغاقتا ئەنگلىيە پاراخوتلىرى بارلىقىنى دوكلات قىلدى.

— چېكىنەيلى، — دەپ پەرمان چۈشۈردى كاپىتان.

— ئالغا! — دەپ ھۆركىرىدى ناپولېئون.

ناپولېئون زۆرۈر تېپىلغاندا قولۋاقلارغا چۈشۈپ قىرغاققا چىقىشنى نىيەت قىلغانىدى. كۈتكىنىدەكلا ئامەت ئىلاھى ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ، ئىنگلىزلارنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەردى. قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، ئۇلار ئەمدى تولۇنغا بارالمايتتى، فىجېرىگاسقا قاراپ يول ئالغىنى تۈزۈك. بۇ يولدا يوشۇرۇن خادا تاش كۆپ، دېڭىز خەرىتىسىگە بولسا ئاز بىرقىسمىلا چۈشۈرۈلگەن، شۇڭا بۇ يەردە قۇرۇقلۇققا چىقىشمۇ خەتەرلىك. يەتتە ھەپتە سەپەر قىلىپ فىرانسىيەنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغانىكەن، ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ، خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ ئاتلانغۇلۇق.

ناپولېئوننىڭ ئىسمى تاڭ سەھەردە بۇ كىچىك شەھەر فىجېرىگاسىنى بىر ئالغانىدى. نېمە ئۈچۈن نەچچە يۈز كىمە پورتقا يىغىلىپ قالغاندۇ؟ نېمە ئۈچۈن كىشىلەر شۇنچە تەنتەنە قىلىشىدۇ؟ بۇ كىچىك شەھەردىكى كىشىلەر خۇددى نۇسرەت قازىنىپ كەلگەن رىم سەردارىنى تەبرىكلىگەندەك ناپولېئونغا شۇنچە تەنتەنە قىلماقتا ئىدى، ناپولېئون ئۇلارغا زادى نېمە قىلىپ بەرگەندۇ؟ بىخەتەرلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل بىر ئەمەلدار ناپولېئونغا بىخەتەرلىك يۈزىسىدىن كارانتىن قىلىپ تەكشۈرۈدىغانلىقىنى ئېيتتى. «بىز قارا كېزىكنى تاللاشقا رازى ئىدۇقكى، ئاۋستىرىيەلىكلەرنى تاللىماسلىققا رازى ئەمەس ئىدۇق، ھازىر ئاۋستىرىيەلىكلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىشىك ئالدىمىزغا كەپتۇ.» كىشىلەر ناپولېئوننىڭ پەيتونىنى

چۆرىدىشىپ تەنتەنە قىلىشقىنىچە شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپ ماڭماقتا ئىدى.

«قارىغاندا، فىرانسىيەنىڭ ھالى خارابتەك قىلىدۇ! — ئويلىدى ناپولېئون كىشىلەر پەيتون سىرتىدا ئۆزىگە قاراپ تەنتەنە قىلىشىۋاتقاندا، — ھەممە كىشى يولۇمغا قاراپ تۇرغانىكەن. بالدۇرمۇ ئەمەس، كېيىنمۇ ئەمەس، دەل ۋاقتىدا كەپتىمەن.»

ناپولېئون فىجرېگاستىن غەربكە قاراپ پەيتونلۇق سەپەرگە ئاتلاندى. سەككىز كۈندىن بۇيان يول بويى ئۇچرىغانلىكى كىشىلەردىن شۇ جاينىڭ ئەھۋالىنى سوراشتۇرۇپ ماڭدى. ئاياكىستا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىلمىگەن بىر پارچە كونا خەتنىڭ قول يازمىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. ھۆكۈمرانلار ئالاقزەدىلىك ئىچىدە يازغان بۇ خەتتە: «ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئىچكى كابىنېت سىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. گېنېرال، سىزنى ۋە باتۇر ھەمراھلىرىڭىزنى كۈتمەكتىمىز!» دېيىلگەنىدى. دېمەك، چارىسىز قالغان بۇ ئەقىلسىزلەرگە قۇتقۇزغۇچىسىنى كۈتۈپ تۇرماقتىن باشقا يول قالمىغانىدى. ھازىر ئەڭ ئاقىلانە تەدبىر نېمە؟ داۋاملىق كۈتۈپ تۇرۇۋېرىش كېرەكمۇ؟ ناپولېئون پارىژغا قاراپ يولغا چىقىش ئالدىدا يازغان خېتىدە: «پۈتۈن مىسىر بىزنىڭ ئىلكىمىزگە ئۆتتى، يەنە كېلىپ دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن قورقمايمىز. دوكلاتىڭلارنى يەتتىنچى ئاينىڭ ئاخىرىدىلا تاپشۇرۇۋېلىپ، ئىچكى ۋەزىيەتتىن ۋاقىپلانغاندىم، شۇنىڭدىن كېيىن دەرھال ۋەتەنگە قايتىش سەپىرىگە ئاتلاندىم. ۋەزىيەت ئۆزۈمگە كېلىدىغان خەۋپ – خەتەرنى ئويلىشىپ ئولتۇرۇشۇمغا ئىمكان بەرمەيدۇ. مېنىڭ ئورنۇم مەڭگۈ ماڭا موھتاج جايدا. ئەگەر تېز يۈرگۈچى ئۇرۇش كېمىسى تاپالمىسام، قولۋاقتا ئولتۇرۇپ بولسىمۇ قايتىپ بارىمەن. كېلىپبېرىنىڭ مىسىردا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىمىزغا

قوماندانلىق قىلالىشىغا ئىشەنچىم كامىل. مىسىر ھازىر ئەڭ ياخشى ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ، نىل دەرياسىنىڭ سۈيى ھېچقاچان مۇنچە تىنچ بولۇپ باققان ئەمەس» دېدى.

قاتتىق تەلەپپۇزدا پۇختا يېزىلغان بۇ خەت خۇددى ئاۋانگارتلاردەك پارىژغا تېز يېتىپ باردى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردىكى كىشىلەر يولدا كېلىۋاتقان كىشىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدى، شىمالغا ئاتلانغان بۇ غالىب قەدىمىي يەتكەنلىكى جايدا خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولدى، ۋېزانسىتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا كىشىلەر توپى ئىچىدىن ئۆزى ئىلگىرى يېتىپ قويۇقان ھېلىقى قەھۋەخانىنىڭ ئايال غوجايىنىنى تونۇۋالدى ـ دە، بۇ ساخاۋەتلىك ئايالغا ئۆزى شەرقتىن ئالغاچ كەلگەن خاتىرە بۇيۇمىنى ھەدىيە قىلدى. لېئوندا پەقەت كىشىلەر ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆزى ئۈچۈن ئىجاد قىلغان «زەپەردار قەھرىمان» ناملىق بىر پەردىلىك دىرامىنى كۆرۈش ئۈچۈنلا ئىككى سائەت تۇرۇشقا توغرا كەلدى. ئىسمىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا شۇ قەدەر تەڭداشسىز قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېنىق روشەن نامايان قىلىپ بېرىدىغان بۇنىڭدىن ئۆتە شۆھرەت بولمىسا كېرەك. بودانىنىڭ ئۆلۈمى بۇنىڭغا ئەڭ ياخشى مىسال بولالايدۇ. بودان ئەڭ ياخشى پالاتا ئەزالىرىنىڭ بىرى ئىدى، ناپولېئوننىڭ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغان بودان خۇشاللىقىدىن ۋاقىرىۋەتكەن ۋە بۇ زىيادە خۇشاللىقتىن يۈرىكى يېرىلىپ تۇيۇقسىز جان ئۈزگەنىكەن.

پارىژ كۆز ئالدىدىلا تۇراتتى، ناپولېئون ئىلگىرى ھېچقاچان خەۋەر تىڭتىڭلاشنى توختىتىپ باققان ئەمەس ئىدى. بىراق، ئىش ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشىغا بېرىپ تاقالغىنىدا تىڭتىڭلاشتىن توختاپ قالاتتى. ھېچقانداق كىشىدىن يوسېفىن توغرىسىدا خەۋەر ئۇقۇشمايتتى. ئىنىلىرى نەدىدۇ؟ تونۇگۇن پارىژغا يېتىپ

كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر پۈتۈن شەھەرگە تارقالدى. نېمە ئۈچۈن بىرەرسى ئالدىغا چىقمايدىغاندۇ؟ يوسىيفىن نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟ شۇ تاپتا پەرداز ئەينىكى ئالدىدا ئۆزىنى خۇش تەبەسسۇمى بىلەن كۈتۈۋېلىشقا تەرەددۇت قىلىپ ئولتۇرۇۋاتقاندىمۇ؟ ناپولېئون شەرق تەرەپ ئاقىرىشقا باشلىغاندا تاموژنىدىن ئۆتۈپ، شەھەر ئەتراپىدىكى يولنى بويلاپ ئىلگىرىلەپ، ئۆيى جايلاشقان كوچىغا بۇرالدى. ناپولېئوننىڭ ئۆيى ھېلىمۇ شۇ يەردە ئىدى. ئىشىك ئالدىدا ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان كىشى كىمدۇ؟ ئاپىسى لاتسىيە ئىدى.

## ئون سەككىزىنچى، سىياسىي ئۆزگىرىش تەييارلىقى

«ناپولېئوننىڭ قۇرۇقلۇقتا چىقىشىغا دەسلەپتە ھېچقايسىمىز ئىشەنمىگەنىدۇق. بۇ خەۋەر تېزلا تىياتىرخانىلاردا ۋە باشقا ئاممىۋى سورۇنلاردا كەڭ تارقالدى. ئەڭ كىچىك قاۋاقخانىلاردىمۇ كىشىلەر ناپولېئوننىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەپ قەدەھ كۆتۈرۈشتى. كىشىلەر ناپولېئونغا تەبەسسۇم بىلەن بېقىپ تەنتەنە قىلىشاتتى. چۈنكى، ناپولېئون خەلققە يېڭى ئۈمىد بەخش ئېتەتتى.» شۆھرەت، تىنچلىق ۋە بەخت بۇ تەلەي ئىگىسىنى ئىزدەپ كېلىۋەردى.

ناپولېئون ھەر كۈنى گېزىتلەردىن راست ـ يالغىنى ئارىلىشىپ كەتكەن ئۆزىنىڭ يېقىنقى ئەھۋالى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى، كىيىنىشلىرى ھەققىدە يېزىلغان خەۋەرلەرنى ئوقۇيتتى، ھەتتا ئۆكتىچىلەرنىڭ گېزىتلىرىمۇ ئۈمىدىنى ناپولېئونغا باغلىغانىدى: « ناپولېئوننىڭ مىسىردىكى ئۇرۇشى مەغلۇپ بولدى، ئەمما بۇنىڭ نېمە كارايىتى؟ ئۆزى بۇ ئىشتىن ئىنتايىن رازى، بىز ناپولېئوننىڭ قارامىلىق بىلەن بىزنى قاياققا

باشلايدىغانلىقىنى بىلمىسەكمۇ، ئاشۇ باتۇرانە قارامىلىقى بەرىبىر جاسارىتىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. ناپولېئون قىزغىن قارشى ئېلىنىماقتا، پىلانلىرىمۇ مىسلىسىز دەرىجىدە كىشىلەرنىڭ ھىمايە قىلىشىغا مۇيەسسەردۇر.»

ناپولېئوننىڭ خانىمى ئۆيدە يوق ئىدى. ھاكىمىيەت بېشىدىكى باش مەمۇر گوئېلىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلگەن كەچلىك زىياپەتتە ناپولېئوننىڭ پارىژغا يېتىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغان يوسېفىن، شۇنداقلا ساھىبخانا خۇددى ئايىغى ئاستىدا يانارتاغ پارتلىغاندەك قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. گەرچە يوسېفىن سەدىقە ھېسابىدا ئاندا ـ ساندا بارراسقا كۆڭۈل بېرىپ قويسىمۇ، يوقاپلا كەتكەن تەۋەككۈلچى ئېرى ناپولېئوندىن ئاجرىشىپ، كېلىشكەن ئاقنانچى يىگىت ئىپبولىتقا تېگىشنىڭ تەييارلىقىدا ئىدى. دەرۋەقە، يوسېفىن زادىلا ناپولېئوندىن خەت تاپشۇرۇۋالمىغانىدى. بىرەرىنىڭ بېسىپ قويغانلىقى ياكى ناپولېئوننىڭ زادىلا خەت ئەۋەتمىگەنلىكى نامەلۇم. يوسېفىن پەقەت قېيىنئانىسى يوسېفىننىڭ رەقىبانە پوزىتسىيەسىدىن نېمىلەرنىدۇر سەزگەندەك بولۇپ كەلگەنىدى. بارراس بالدۇرراق ھەرىكەت قىلىشقا دەۋەت قىلغانىدى، ئەمما شۇ چاغدا ناپولېئوننىڭ تۇركلەرنى قاتتىق تالاپەتكە ئۇچراتقانلىقى توغرىسىدىكى نۇسرەت خەۋىرى پارىژغا يېڭىلا يېتىپ كەلگەن بولۇپ، يوسېفىن ھازىرچە پاناھىدا تۇرىۋەرگىنىم ياخشى ئوخشايدۇ دەپمۇ ئويلاپ قالغان، شۇنچىكى بولسىمۇ يارىشىپ قېلىش خىيالىغا كەلگەنىدى.

يوسېفىن شۇ تاپتا گوئېلىنىڭ زىياپەت سورۇنىدا ئۆزىنى زورۇقۇپ روھلۇق تۇتۇپ ئولتۇراتتى. زىياپەتنىڭ ساھىبخانىسى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش جەھەتتە يوسېفىندىن ئۇستۇن تۇرۇشقا ئۇرۇناتتى. كىشىلەر گېنېراللىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى

تەبرىكلەپ تەبەسسۇم بىلەن قەدەھ سوقۇشتۇرماقتا ئىدى.

يوسىفىن ھاپىلا - شاپىلا ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ، بارلىق چىرايلىق پەرداز - بېزەكلىرىنى ئېلىپ، پەيتونىغا ئولتۇرۇپ جەنۇبقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. يوسىفىن شەھەر قوۋۇقىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا جىددىي ئويلاندى: «كۆتۈلمىگەن يەردىن چىقىپ ئۈشتۈمتۇت تۇتۇش قىلغاندىلا، دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كەلگىلى بولىدۇ.» بۇ دەل ناپولېئوننىڭ غەلىبە قازىنىشىدىكى سىرىغۇ؟ يول بويى ھەر دەقىقە بىللە بولاي، شۇنداق قىلغاندىلا ھېلىقىدەك كاساپەت خەۋەرلەر قۇلىقىغا يەتكۈچە ئۇندەككە كەلتۈرۈپ بولىمەن.»

بىراق، يوسىفىن ناپولېئوننىڭ ئالدىغا چىقىشقا كېچىككەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن دەرھال پارىژغا قايتتى، شۇنداق قىلىپ قىممەتلىك ئۈچ كۈن ۋاقتىنى قولدىن بېرىپ قويدى. بىراق، ناپولېئوننىڭ تۇغقانلىرى شۇ ئارىدا جىمى سەتچىلىكىنى ناپولېئونغا ئېيتىپ بولغانىدى. بىرقانچە سىرداش دوستلىرى ناپولېئونغا «ئۆسەك سۆزلەرگە ئىشىنىپ پارىژدا كۈلكىگە قالماڭ» دەپ نەسىھەتمۇ قىلدى. بىراق، ناپولېئون قەتئىي نىيەتكە كەلگەنىدى.

— ئۇنىڭدىن ئادا - جۇدا بولدۇم، باشقىلارنىڭ زۇۋانلىرىدىن قورقاتتىممۇ؟ يەنە نەچچە كۈندىن كېيىن بۇ خەقنىڭ ئاغزى بېسىقىدۇ.

ناپولېئون يوسىفىننى ئۆيگە كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن نەرسە - كېرەكلىرىنى مۇلازىملىرىغا يىغىشتۇرغۇزۇپ ئىشىك باقارنىڭ ئۆيىگە تاشلاپ قويدى.

يوسىفىن باش تۇسۇقتىن ئۆتۈپ قورغانغا كىردى. ناپولېئون بولسا ئۆي ئىچىگە بېكىنىۋالغانىدى. يوسىفىن ئىشىك ئالدىدا ھۆڭ - ھۆڭ يىغلاپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. ناپولېئوننىڭ داڭقىنى

ئاڭلىغانسېرى يۈرىكىگە يېڭىباشتىن ئوت تۇتىشىپ كەتكەن يوسىپىنىنىڭ يارىشىۋېلىش ئارزۇيى شۇنچە كۈچەيگەن، ئىلگىرىكى تەكەببۇرلۇقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ھالبۇكى، ناپولېئون بۇنىڭدىن قىلچە تەسىرلەنمىدى. يوسىپىن بارلىق زاپاس كۈچىنى توپلاپ ئاخىرقى ھۇجۇمغا ئۆتتى. يوسىپىنىنىڭ زاپاس كۈچى ئورنىدا ئوتانىس بىلەن ئېۋگېن ياردەمگە كېلىپ، ئىشىك تۈۋىدە ئالىتاغىل تۇۋلاپ، ھۆكىرەپ يىغلاپ تۈنبويى غەلۋە قىلىپ چىقتى.

ئادەملەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلىشكە ماھىر بۇ ئەرباب يوسىپىندەك بىر پەس ئايالنىڭ ئاشۇ كۆلكىلىك ئويۇنىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي دامىغا چۈشۈپ كېتەرمۇ؟

كارىۋىتىغا تاشلىنىپ ياتقان ناپولېئوننىڭ مېڭىسى باشقا ئەلنى بويسۇندۇرۇش پىلانى بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا يەنە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىپ يېتىشمۇ تەس ئەمەس: «جىمى كىشى مېنى ئالداپتۇ. ھۆكۈمەت، پارتىيە ـ گۇرۇھلار ۋە سەپداشلىرىم ئۆزلىرىنىڭ مەرتىۋىلىك ئورنىغا تەھدىت يەتكۈزۈۋاتقان كىشىنى ھاكىمىيەت دائىرىسىدىن يوقىتىش كويىدا بولۇۋاتىدۇ. مەن يوق چاغلاردا مېنى سېغىنىدىغان ھېچكىم يوق، قېرىنداشلىرىممۇ شۇ قاتاردا، ئەلۋەتتە. بۇ تۇراقسىز ئايالنىڭ مودا قوغلىشىدىغان ھەۋەسلىرىگە ھېچقاچان باشقىچە پىكىردە بولۇپ باقمىغانىدىم، شۇنداقلا مېنىڭدەك ئۆيگە قاچان قايتىپ كېلىشى نامەلۇم ئېرىنى رايىشلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشىنىمۇ تەلەپ قىلىپ باقمىغانمەن. مەن بار چاغلاردا شۇنداق گۈزەل، نازاكەتلىك بولۇپ كېتىدۇ، شۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە ئىدى. ئەگەر مۇشۇنداق پايدىلىق ۋەزىيەتتە ئۇرۇش توختىتىپ پەيلىمدىن يېنىۋالار بولسام، جىمى شەرتلىرىمنى جان دەپ قوبۇل قىلىشى مۇمكىن. ئاۋازى نەقەدەر

يېقىملىق ـ هە ! ھېلىمۇ شۇنداق گۈزەل تۇرۇپتۇ، ئۇنداق بولمىغىنىدا شۇنچە كۆپ كىشى ئايىغىغا باش قويمىغان بولاتتى. مىسىردىكى ھېلىقى چوكانچاق بۇ ئايالنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپمۇ بېرەلمەيدۇ ! ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ چوكان ماڭا بالا تۇغۇپ بېرەلمىدى، يوسېفىنىدىن ئۆتە ساھىبجامال ئايالنى نەدىن تاپقۇلۇق؟ ئىككى بالا تۇغقانىكەن ! يەنە بىرنى تۇغۇشىمۇ مۇمكىن.»

ناپولېئون ئىشىكنى ئاچتى، تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان ئاچچىق گەپلەرنى ۋاقىتىنچە، شۇنداقلا مەڭگۈلۈك ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. كېيىن يوسېفىن ئۆزىنىڭ ئىككى مىليون فىرانك قەرز بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتقاندىمۇ، ناپولېئون غىڭ قىلماي تۆلىۋەتتى.

ناپولېئوننىڭ قېرىنداشلىرى ناپولېئوننىڭ بۇ ئىشىنى قوبۇل كۆرمىسىمۇ، ئىلاجسىز تىنچىپ قالدى.

يوسېف پارىژدا ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى يېقىندىن كۆزىتىپ تۇراتتى، ئۇ ئىلگىرى فىرانسىيەنىڭ رىمدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى ئىدى، ھازىر پارلامېنت ئەزاسى بولدى. ئەمدىلا يىگىرمە تۆت ياشقا كىرگەن لۇسىئان قانۇندا بەلگىلەنگەن ياشقا توشمىغان بولسىمۇ، ئۆكتىچىلەرنىڭ داھىيسى بولۇپ قالغانىدى. گەرچە مۇنازىرە تالانتى بىلەن كىشىنى ھودۇقتۇرۇپ قويىدىغان كاتتا ناتىق بولسىمۇ، ئۆز نۆۋىتىدە تەنتەك رادىكال، شۇنداقلا نەپسانىيەتچى ئىدى. تەنتەكلىكى تۈپەيلىدىن بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايتتى. لۇسىئان تېخى بايىلا سىيېس بىلەن ئۆزىنىڭ سىياسىي ئۆزگىرىش پىلانى ئۈستىدە مۇزاكىرىلەشتى. ئىلگىرى قولىدا يارامىلىق قوماندان يوق ئىدى، ھازىر ئۆزىگە كېرەكلىك قوماندان ـــ ئاكىسى ناپولېئون تەق تۇرۇپتۇ. ئەمما، كۆڭلىگە پۈككەن خۇپىيانە ئارزۇ ـ ئارمىنىنى ھەرگىزمۇ

ئاكىسىغا تىنمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى ناپولېئوندىنمۇ مۇھىم ئەرباب سانايتتى.

ناپولېئوننىڭ ئاكىسى يوسېفنىڭ خەتەرلىك، مەككار، كىشىگە سىر بەرمەيدىغان باجىسى بېرنادوتمۇ بۇ يەردە ئىدى. تەلەتى تۈركلەردەك ۋەھشىي كۆرۈنىدىغان بۇ تەكەببۇر بەندە ناپولېئوننىڭ ئالدىغا بىرىپ هاردۇق سوراپمۇ قويمىغانىدى. شۇ تاپتا بوناپارت جۇمھۇرىيەتنىڭ كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان هالى ئۈستىدە توختىلىۋىدى، بېرنادوت ناپولېئوننىڭ بۇ قارىشىغا رەددىيە بىرىپ:

— فىرانسىيەنىڭ كۈچى ئەل بۇزۇقلىرىنى تىنچىتىشقا، تاشقى دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشقا يېتىپ ئاشىدۇ! — دېدى ئۆزىنى ناپولېئوندىنمۇ ئۈستۈن قويۇپ ۋە ناپولېئوننىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ. ئىككىيلەننىڭ تەكەببۇرانە كۆزلىرى بىر - بىرى بىلەن ئۈچراشتى. بىراق، ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا ئادەتلەنگەن بوناپارت سىياسىي مۇددىئا تۈپەيلىدىن بولسىمۇ ئۇياققا يول بەردى. بېرنادوت دەسلەپتە جۇمھۇرىيەت دۈچ كەلگەن خەۋپ ئۈستىدە توختالغان بولسا، سۆھبەت ياكوبىنچىلارغا توختالغاندا، دەرھال ياكوبىنچىلارنى قاتتىق سۆكتى.

— ياكوبىنچىلارنى دەل ئاكا - ئىنىلىرىڭىز تەشكىللىگەنىدۇغۇ! — دېدى بېرنادوت هۆركىرەپ.

بوناپارت ئۆزىنى يەنە بىر قېتىم تۇتۇۋالدى.

— شۇنداق، گېنېرال! مەن ئورماندا ياشاشقا رازىمەنكى، بۇنداق كاپالەتسىز دۆلەتتە ياشاشنى خالىمايمەن! — دېدى بوناپارت.

— ۋاي تەڭرىم، يەنە قانداق بىخەتەرلىك كېرەك ئىدى! — دېدى بېرنادوت كىنايە ئاهاڭدا.

ئەمدى كىنايە نۆۋىتى بوناپارتقا كەلگەنىدى، يوسېفنى ئارىغا

چۈشۈپ جىدەلنى تىنچىتتى. ناپولېئون بېرنادوت دىسىرېنى — ناپولېئون ئىلگىرى تەلەپ قويغان، كېيىن تاشلىۋەتكەن، ئەمما ھازىرغىچە كۆڭلىنى ئالالمىغان مەشۇقىنى ئەمرىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن ھەسەت قىلاتتى. بوناپارت ئۆمۈر بويى دىسىرېغا ئىلتىپات كۆرسىتىش يولى بىلەن ئۆزىنىڭ خەستە كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ ئۆتتى. نىھايەت، دىسىرېدىن ھېچقانداق سەۋەنلىك ئۆتمىگەنىدى. بوناپارت دەل شۇ ۋەجىدىن بېرنادوتنىڭ مەرتىۋىسىنى كەينى ـ كەينىدىن ئۆستۈردى، بېرنادوت بولسا ناپولېئونغا يۈزسىزلىك قىلىۋەردى.

قېرىنداشلىرىنىڭ قىلغان ئىشىنى دېمەمدىغان! ھۆكۈمەتسىزلىك تۈپەيلىدىن ئەل قالايمىقانلىشىپ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان زوراۋانلارنىڭ زالىملىقى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى، بۇ ھال ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆڭلى تۈيغان بوناپارتنىڭ كەسكىن ھەرىكەت قوللىنىشىغا تۈرتكە بولدى. جەزمەن ھاكىمىيەت بېشىدىكى نوپۇزلۇق ئەربابلارنىڭ سانىنى ئازايتىش، ۋەزىپە مۇددىتىنى ئۇزارتىش، ھاكىمىيەت بېشىغا سەرخىللارنىڭ سەرخىلىنى چىقىرىش كېرەك ئىدى. كېيىنكى قەدەمدىكى ئىش ھاكىمىيەت بېشىدىكى كىشىنىڭ ۋەزىپە مۇددىتىنى ئون يىل قىلىپ بەلگىلەشتىن ئىبارەت ئىدى.

ناپولېئون پارىژغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، لىيۇكسىمبۇرگ قەسىرىدىكىلەردىن ساراسىمىگە چۈشمىگەن ھېچكىم يوق ئىدى، بەش نەپەر باش مەمۇر بىر ـ بىرىدىن گۇمانلىناتتى. كىم باش قوماندان تەرەپتە تۇرار؟ سىيېس بىلەن لۇسىئاننىڭ مۇناسىۋىتى قويۇق، بارراس بىلەن يوسېفنىنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ ئوبدان، گوئېل بولسا ھەر ئىككى تەرەپ بىلەن دوستانە ئۆتەتتى.

ناپولېئوننىڭ دۈشمەنلىرى ھاكىمىيەت بېشىدىكى مەمۇرلارغا

«ناپولېئون مىسىرنىڭ ئىشىنى ئاقساتتى، مىسىردىكى قوشۇنلارنى تاشلاپ بۇ يەرگە كېلىپ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ يېتىۋالدى، قولغا ئېلىش كېرەك» دەپ ئەرز بەردى.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بوناپارت ياكوبىنچىلارنىڭ داھىيسى ۋە بوربون جەمەتىنىڭ ۋەكىلىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇش ۋە خىلمۇخىل تەكلىپلەرنى بەردى، ئەمما كۆڭلىدىكىنى تىنمىدى. ھازىرغا قەدەر پارىژدا ئىككى ھەپتە تۇردى، بېسىم بارغانسېرى كۈچىيىپ، دۆلەت ئىشلىرى توختاپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. ھاكىمىيەت بېشىدىكى بەش مەمۇر بۇ مەزگىلدە ھىيلە ـ مىكىر بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكى، ئىككى مەھكىمە قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئابرۇي ـ ئىناۋىتىدىن مەھرۇم قالغان، يېڭى ئاساسىي قانۇننىڭ ئۇلى تەۋرەپ قالغانىدى. ھالبۇكى، بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ھاكىمىيەتنى كىم قولىغا ئالار ياكى ئارمىيەگە كىم قوماندانلىق قىلار؟ گېنېرال مولىنسمۇ ياكى گېنېرال بوناپارتمۇ؟
بوناپارت ئۆزى بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ يەتكىلى بولمايدىغان بىر پەيتتە تەتقىقات ئاكادېمىيەسىگە سۆۋەيش قانىلى توغرىسىدا بىر دوكلات سۇندى. 1 ـ ئۆكتەبىر كۈنى مارسېلغا ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن تەنتەنىلىك دۆلەت زىياپىتى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ زىياپەتتە بوناپارت يوق، نەگە كەتكەنلىكى نامەلۇم، ئەمما سەپدىشىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەشنى خالىمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى!
بوناپارت بۇ ئاخشىمى ئىنىسى لۇسىئان ۋە موناستىرنىڭ باش باستېرى سىيېس بىلەن بىللە ئىدى. تاللېيران ھەرھالدا ئۇنى ھاكىمىيەت بېشىدىكى بەش مەمۇردىن ئەڭ قابىل بىرى بىلەن

تونۇشتۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئوخشاشلا ئۇلۇغۋار ئىرادىگە ۋە ئادەتتىن تاشقىرى چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بۇ ئىككى كىشى — ئاساسىي قانۇننى قايتا زاھىر قىلغۇچى بىلەن ھاكىمىيەتنى قايتا بىنا قىلغۇچى بىر يەرگە كەلدى.

— بۇ ئۇلۇغ دۆلەتنى مانا مەن بىنا قىلدىم ! — دېدى بوناپارت.

— بىز سەندىن ئىلگىرى بىنا قىلغانىدۇق، — رەددىيە بەردى سىيېس.

ئۇلار ئەمدى سىياسىي ئۆزگىرىش پىلانىنىڭ تەپسىلاتىغا ئۆتتى. بەلگىلەنگەن كۈن يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ئىككى پالاتانى يىغىن مەيدانىنى ساينىت كلوۋدقا يۆتكەشكە مەجبۇرلاش ئۈچۈن «ياكوبىنچىلار ئىسيان كۆتۈرمەكچى» دەپ ئۆسەك سۆز تارقىتىشقا ئادەم قويماقچى بولدى. ناپولېئون ئېھتىيات يۈزىسىدىن پارىژ مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئالىي قوماندانى بولماقچى بولدى. سىيېس بىلەن دوككىبرمۇ بۇ پىلانغا قوشۇلدى. ئۇلار قالغان ئۈچ باش مەمۇرنى قايىل قىلىش، تەھدىت سېلىش ياكى سېتىۋېلىش يولى بىلەن ئىستېپا بېرىشكە قىستىماقچى بولدى. بارراس پۇلنى تاللايدۇ، گوئېلچۇ؟ لۇسئان دەرھال كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، ھەربىي كۈچ ئارقىلىق پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىش تەكلىپىنى بەردى. بوناپارت شۇ ئاخشىمى ئۆزى يالغۇز قالغاندا جىددىي ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

«ھاكىمىيەت ! كىشىلەر تۆت يىل ئىلگىرى شۇقەدەر ھاماقەت ئىدى، ھاكىمىيەتنىڭ زادى كىمنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكىنى ئەمدىغۇ كۆرۈشكەندۇ؟ قانۇن تونىغا ئورنىۋالسا ئەڭ ئاقىلسىزلىق بولىدۇ. زەمبىرەك ئىشلەتمەسلىك، قان تۆكمەسلىك، نەزەربەند قىلماسلىق، شۇنداقلا پارتىيە - گۇرۇھ نامىدىمۇ ئوتتۇرىغا چىقماسلىق كېرەك. كۆڭۈلدىكىدەك

سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىشنىڭ ئېپى شۇ. ئۇنداق قىلمىغاندا بىر يىل ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇ چاغقىچە قول تۇتىدىغان باشقا ئاۋارىچىلىكلەر چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇن يىللىق ئىنقىلابنى باشتىن كەچۈرگەن بۇ جۇمھۇرىيەت چارچاپ ھالىدىن كەتتى، فىرانسىيەدىن ئىبارەت بۇ قوراللىق جەڭچى قىزنىڭ مۇداپىئەدە تۇرغان ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ كەتتى، شۇ تاپتا بىر قۇدرەت ئىگىسىنىڭ ئۆزىگە رەھبەرلىك قىلىشىغا تولىمۇ موھتاج.»

«بىراق، سىيېس دېگەن بۇ ئادەم ئىشەنچلىكمىدۇ؟ تۇرۇلگەن قوشۇمىسىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، نۇرغۇن جەھەتتە مەندىن ئېھتىيات قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئادەم ئون يىلدىن بۇيان ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئاساسىي قانۇننى بەرپا قىلدى. ئەمما، بەربىر مەندەك قۇدرەتلىك گېنېرال تالانتىدىن پايدىلىنىپ بولغاندىن كېيىن كۆتىگە تېپىدىغان قۇرۇق نەزەرىيەچىدىنلا ئىبارەت، خالاس. مەن كەلمىگەن بولسام، چوقۇم مورروۋنى تاپاتتى، بۇ ئىككىسىدىن پايدىلىنىشىم، پايدىلانغاندىمۇ شەرتسىز پايدىلىنىشىم كېرەك، ئەلۋەتتە! بىرتىخىر، بۇررىئېن، مۇرات، مارمېنت، لېكلېرىكلەرگە ئىشەنسەم بولىدۇ. لۇسىئان ئاينىپ كېتەرمۇ؟ ۋاقتىنچە ئىشىنىپ تۇرسام بولىدۇ. بېرنادوتچۇ؟ شۇملۇق يېغىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن كۆڭلىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ ئۇنىڭ. ئەمما، تەۋرەنمەيدۇ. ئۇنداقتا، تاللېيرانچۇ؟ خەتەرلىك بىر شەخس، شۇڭا بېسىپ تۇرماي بولمايدۇ. مولىنسچۇ؟ دەرھال ھەرىكەت قوللىنىش كېرەك، پارىژدا گېنېراللار بەك كۆپ، ئېھتىيات قىلماي بولمايدۇ!»

بوناپارت ئەتىسى ئاخشىمى ئۆز تۇرالغۇسىدا تاللېيران بىلەن ئايرىم مەسلىھەتلىشىپ، يېڭى ھەرىكەت پىلانىنى تۈزدى. تۈن

نىسپىي بولۇپ قالغانىدى، دەرۋازا ئالدى بىردىنلا پاتىپاراق بولۇپ كەتتى، ئاتلىق لەشكەرلەر، چارلىغۇچىلار ئايىغى ئۈزۈلمەي ئۆتۈپ تۇردى. «بوناپارتنىڭ چىرايى قورقىنىدىن تاتىرىپ كەتتى، مەنمۇ شۇنداق ئىدىم» دەپ بايان قىلىدۇ تالليىران كېيىن يازغان ئەسلىمىسىدە. دەرۋەقە، ھەر ئىككىيلەن «قولغا ئېلىنىدىغان بولدۇق» دەپ ئويلاپ، پانارنى ئۆچۈرۈپ، ئىنىقراق كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن پۈتىنىڭ ئۈچىدا دەسسەپ كارىدوردىن ئۆتۈپ يوچۇقتىن قاراپ بېقىشۇىدى، ھېچ ئىش يوق ئىكەن، پەقەت ساقچىلار جىبدەل چىقىرىۋاتقان بىرقانچە مەستنى جىمىقتۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنىكەن. ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى. بىراق، ناپولېئونلار شۇنچە گۇمانلىق بولسىمۇ، ھاكىمىيەت بېشىدىكى بەش مەمۇر نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى قولغا ئالمايدۇ؟ بوناپارتنىڭ نامى بەك ئۇلۇغ ئىدى، بۇ چاغدا بىر تال مويىغىمۇ تەگكىلى بولمايدىغان شەخسكە ئايلانغانىدى.

ئالتىنچى كۈنى لۇۋېر قەسرىدە بوناپارت بىلەن موررۇۋ ئۈچۈن تەنتەنىلىك زىياپەت ئۆتكۈزۈلدى، موررۇۋ تۆردىن ئورۇن ئالغانىدى. زىياپەت بەرگۈچىنىڭ ئىچىدە جىن بار دەپ گۇمان قىلغان بوناپارت بىللە ئېلىپ كەلگەن سادىق بىر چاكىرىغا ئازراق بولكا ۋە تۇخۇم ئەكەلدۈرۈپ يېدى. بوناپارت زىياپەت بەرگۈچىلەرگە زادىلا ئىشەنمەيتتى، ئۆزى بىلەن ھەمداستىخان بولۇۋاتقان كاتتا ئەربابلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش پىلانى ئۈستىدە شېرىكلىرى بىلەن مۇزاكىرىلىشىۋېلىش ئۈچۈن يېرىم سائەتتىن كېيىن زىياپەتتىن قايتتى. تالليىران، رودېرېر، سىيېسلەر ئەتىسى كەچقۇرۇن بوناپارتنىڭ ئۆيىدە باش قوشۇشتى، بوناپارت ئېخى يېقىندىلا قولغا كەلتۈرگەن رودان بىلەن بېرنادوتنىمۇ مۇزاكىرىگە تەكلىپ قىلغانىدى. بوناپارت تاماقتىن كېيىن روداندىن قانداق ئىش كۆرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى سورىدى.

دەرۋەقە، بۇ ئاددىي مەسىلىدە ھەممەيلەنگە ئورتاق خەۋپ يوشۇرۇنغانىدى. ئەزەلدىن سىردىشىپ باقمىغان بۇ ئىككى گېنېرال يۈزتۇرا ئولتۇراتتى.

— قانداق قىلغۇلۇق؟ — سورىدى ئۇلاردىن بىرى. يەنە بىرى مەنىلىك قىلىپ شەمشىرىنىڭ دەستىسىنى سىقىمداپ قويدى.

ئۇلار ئەمدى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يولىنى تاپقانىدى: ھەممەيلەن بىرلىشىپ، قىرىق سەككىز سائەت ئىچىدە ھەرىكەت قىلىش توغرىسىدا بىر پىكىرگە كەلدى، يادرولۇق شەخسلەرنىڭ ۋەزىپىسىمۇ ئېنىق بەلگىلەندى — مۇرات، لاننېس، مارمېنتلار ئۈچ خىل قوشۇننىڭ كوماندىرلىرىغا ئۆقتۇرۇش قىلىدىغان، بىرتخېر باش ئىشتاب بىلەن ئالاقىلىشىدىغان بولدى.

لۇسىئان بەش يۈز كىشىلىك پالاتانى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرۇشقا ماقۇل بولدى. شۈبھىسىزكى، ئۇ ئاكىسىنىڭ شۆھرىتىگە تايىنىپ مۇشۇ ئايلىق پالاتا باشلىقى بولغانىدى. ھەتتا يۇقىرى پالاتا ئۆلىمالار كومىتېتىنىڭ رەئىسىمۇ ئۇلارغا تۈنجى قېتىم شېرىك بولۇپ، زىيابەت مەسئۇلىغا كىم - كىملەرنى يىغىنغا تەكلىپ قىلماسلىق كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرىدىغان بولدى. بوناپارت قوماندانلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن ئوردىنىڭ ئىشىنى لاننېسقا، بوربون سۇلالىسىنىڭ قەسرىنى مۇراتقا تاپشۇردى. گوئېلىنى ئەتىسى ئەتىگەن سائەت سەككىزدە كېلىشكە تەكلىپ قىلىدىغان، خانىمىنىمۇ يوسېفىننىڭ تەكلىپى بىلەن ناشتىغا بىللە كەلگۈزىدىغان بولۇپ پۈتۈشتى. بوناپارت بارراسنى بىخۇدلاشتۇرۇش ئۈچۈن چۈشتە ئۆيىگە تاماققا تەكلىپ قىلىدىغان، بېرنادوتنى باجىسى يوسېف قايىل قىلىپ، ھېچبولمىغاندا جىم تۇرۇشقا كۆندۈرىدىغان، رودېرېر جاكارنامە يازىدىغان، رودېرېرنىڭ ئوغلى باسمىخانىدىكى ئۆزى بىلەن

مۇناسىۋىتى يېقىن دوستلىرىغا جاكارنامىسىنى باستۇرغۇزىدىغان بولدى.

«ئۆز زامانىدا ئۆتكەن بىرىتۇسمۇ شۇنداق رەزىل نىيەتتە بولغان بولغىيمىدى؟ — ئويلىدى بوناپارت، — قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىش ئۈچۈن بىرىمۇ ئاز - تولا ئادەم قەتل قىلمىساق بولمايدىغان بولدى - دە. يېڭى بىر دەۋر، يېڭى بىر ئەسىر ئەنە شۇنداق ۋاقتى ئۆتكەن ۋاسىتە ئارقىلىق باشلىنارمۇ؟ يەنىلا ھەربىي گازارما تۇرمۇشى پاكىزىراق ئىكەن!»

## ئون توققۇزىنچى، تۇمان ئېيىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىش

9 - سېنتەبىر، يەنى تۇمان ئېيىنىڭ ئون سەككىزىنچى كۈنى سەھەردە پارىژنىڭ تار كوچىلىرىنى قويۇق تۇمان قاپلاپ تۇراتتى، ناپولېئوننىڭ قورۇسى تەرەپكە ئېقىپ كېلىۋاتقان پىيادىلەرنىڭ، ئات مىنگەن ياكى پەيتونىدا ئولتۇرۇشقان ئوفىتسېرلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. راستىلا يىغىلىق بولارمۇ؟ ناپولېئوننىڭ ئىسمىنى نۇرغۇن كىشى تېخى ئىتالىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدىلا بىلگەنىدى. كىشىلەر ئۆي كىچىك كېلىپ قالغاچقا، قورۇدا دۈگدىيىشكىنىچە پۈتلىرىنى توكۇلدىتىپ يەرگە ئۇرۇپ ئىسسىتقاچ بۆيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. شۇ تەرزدە غەلىبە مۇكىنچىلىكى توغرىسىدا قىزىق پاراڭلىشىپ تۇرۇۋاتقان كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق بۇ كىشىلەر سەھەر ۋاقتى سائەت ئالتىدىلا ھەربىي فورمىلىرىنى كىيىشىپ تەق بولۇشقانىدى. ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولۇپ، خەۋەرچىلەرمۇ ئىشلارنىڭ پىلان بويىچە كېتىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى: ئەتىگەن سائەت سەككىزدىلا ئىككى پالاتادىكى كىشىلەر يىغىلىپ بولغان، ئەمما ئاۋارىچىلىك تاپىدىغان ناتىقلارغا ئۇقتۇرۇش بارمىغانىدى. تۈنجى قېتىم

ئەسقاتىدىغان بىرىنچى تۆركۆمدىكى پەرمەنبەردار دوستلارنى لۇسىئان بەش يۈز كىشىلىك پالاتادا، لۇسىئاننىڭ دوستلىرى يۇقىرى پالاتادا ھەرىكەت قىلىپ، بوناپارتنى پارىژنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەش قارالمىسىنى ئون مىنۇت ئىچىدىلا ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللىغۇزماقچى بولغانىدى.

خەۋەرچىلەر تېزلا غەلىبە خەۋىرىنى يەتكۈزدى، ھەممە ئىش قانۇن بويىچە پۈتكەنىدى. گېنېرال ئۆز يېقىنلىرىنى تېزلا يىغدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئېتىغا مىنىپ، ھەمراھلىرىنى ئېلىپ شەھەر ئىچىدە نامايىش قىلدى. سىياسىيغا قىلچە قىزىقمايدىغان نورغۇن كىشى بۇ ھالدىن ھەيران قالدى. ئىتالىيە ئۇرۇشىغا قاتناشقان بىر چەۋەندازلار قوشۇنى كوماندىردىن بۇيرۇق ئالماي تۇرۇپلا بادرىپنا كوچىسىدا نامايىشچىلار سېپىگە قوشۇلدى، باشقا كوماندىرلار دىكاۋ بىلەن مارمېنتنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئۇلار ئات بولمىغاچقا نەق مەيدانغا يېتىپ بارالمايمىز دەپ قوشقۇنغا ئولتۇرۇۋالماقچى بولۇۋىدى، مارمېنت ئاتخانىدىن ئارىيەت ئېلىپ كەلگەن ئاتلارنى قولىغا تۇتقۇزدى.

تۇئىلېرس ئوردىسىنىڭ ئالدى قورۇسىدا ئادەم مىغىلداپ تۇراتتى، نورغۇن كىشى ئاتلىق پېتى تۇرىۋەردى، بوناپارت ئاتتىن چۈشۈپ يۇقىرى پالاتا زالىغا كىردى، شۇ تاپتا غۇۋا يورۇق چۈشۈپ تۇرغان بۇ ناتونۇش زالدا ئۆزى كۆزگە ئىلمايدىغان كىشىلەرگە نۇتۇق سۆزلىمەكچىمىدۇ؟ نېمىشقا ئۆزى يىمىرىپ تاشلاش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئاساسىي قانۇن ئالدىدا قەسەم بەرمەكچى بولۇپ قالدى؟

— جۇمھۇرىيەت كىرىزىسكە دۇچ كەلدى... — دېدى ناپولېئون يىغىن ئەھلىگە يۈزلىنىپ، — سىلەرمۇ بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتتىڭلار، سىلەر جۇمھۇرىيەتنى قۇتقۇزىدىغان بىر قانۇننى ماقۇللىۋىدىڭلار. ئۆتكەن كۈنلەرگە نەزەر سالغۇدەك بولساڭلار،

تارىختا مېنى يولۇمدىن توسۇپ قېلىشقا ئاساس بولغۇدەك ھېچنېمە تېپىلمايدۇ. تارىختا ھېچقانداق دەۋر 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكىدەك قايىنام ـ تاشقىنلىقتا چۆمگەن ئەمەس، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ھازىرقىدەك داغدۇغىلىق بولغان ئەمەس... بىز ھۆرلۈك، باراۋەرلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەتكە موھتاجمىز ھەم شۇنداق جۇمھۇرىيەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇرۇپ چىقىشقا قادىرمىز. مەن ھۆرلۈككە ئەقىدە باغلىغان بارلىق دوستلارنىڭ ياردىمىدە بۇ جۇمھۇرىيەتنى قۇتقۇزۇپ قالىمەن. ئۆزۈمنىڭ ۋە سەپداشلىرىمنىڭ نامىدىن قەسەم!

— قەسەم! — سىرتتىكىلەرنىڭ ناپولېئونغا ئاۋاز قوشۇپ توۋلىغان قەسەم ساداسى ئوچۇق تۇرغان زال ئىشىكىدىن گۈلدۈرلەپ كىرىپ، پۈتۈن زالنى لەرزىگە سالدى، بۇ ھالدىن پالاتا ئەزالىرى ئولتۇرالماي قالدى. ناپولېئون چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ زالدىن چىقىپ كەتتى. ئادۋوكات ئەپەندىلەر كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ناپولېئوننىڭ ئارقىسىدىن قاراپلا قېلىشتى! ناپولېئون ئۆزىنىڭ قوشۇنىنى كۆزدىن كەچۈرگەن چاغلىرىدىكىدەك تەلەپپۇزدا سۆزلىگەنلىكى، بۇ خىل تەلەپپۇزنى بۇ ئەپەندىلەرنىڭ ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتمىگەنىدى. سىرتتا بولسا ئۆز قوشۇنىغا باشقىچە بىر خىل تەلەپپۇز ۋە باشقىچە سۆز ـ جۈملىلەردە نۇتۇق سۆزلەپ جۇمھۇرىيەتنى قۇتقۇزۇشقا چاقىردى. شۇ ئەسنادا لۇسىئان پەيدا بولۇپ، ئۆزىنىڭ بەش يۈز كىشىلىك پالاتا يىغىنىنى ئەتىگە كېچىكتۈرگەنلىكىنى دوكلات قىلدى. بۇ نېمە گەپ؟ ھاكىمىيەت بېشىدىكى بەش مەمۇرنىڭ ماھايىزەتچىلەر قوشۇنى كېلىپ قالغانمۇ؟ ئۇلار دوستمۇ ياكى دۈشمەنمۇ؟

— سېنى سىيېس ئەۋەتتىمۇ؟

— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى كوماندىر. بۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىيلەن تەڭلا كۈلۈۋەتتى.

ئۆگى ئۆچكەن سىيىس بۇ چاغدا لوۋىر قەسرىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. بۇ ئەقىللىك سابىق باش باستىر ئىككى ھەپتىدىن بىرى ئات مىنىشنى مەشىق قىلىپ كەلگەنىدى. چۈنكى، ئات مىنىپ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنى باشلاپ، يېڭى سەپدىشىنىڭ بىرلەشمە ئارمىيەسىگە قوشۇلۇش خىيالىدا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ھەممە كىشىنىڭ باراۋەر ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن جىمى كىشىنىڭ ئالدىدا ھەربىر چەۋەندازنى قۇچاقلىماقچىدى. ھالبۇكى، مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى كېتىپ قالغان، بۇ قوشۇننى قوشۇن كوماندىرى سىيىسنىڭ بۇيرۇقىنى ئالماي تۇرۇپلا، تۇئىلېرىس قەسرىگە ئېلىپ كەتكەنىدى. سىيىس ئات مىنىش ماھارىتى ئەڭ ئۇستۇن چەۋەندازدىن ياردەم سوراشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن دىكاۋدەك ئىتائەتچان مەمۇرنى ئارقىسىغا سېلىپ، تۇيدۇرماستىن غەزەپ بىلەن ئەگىشىپ ماڭدى. ئەھۋالدىن خەۋەردار بىر كىشى ئالدانغان يەردە باشقا ئۈچەيلەن قانداق بولغاندۇ؟

مولىنس ھەربىيگە خاس تۇيغۇسىغا تايىنىپ تۇئىلېرىس قەسرىدە تەخمىنەن سەككىز مىڭ رەقىبىنىڭ بارلىقىنى مۆلچەرلىدى. كانۋىيى قەلئەدىكى بارلىق بازىلارنىڭ شۇ تاپتا ناپولېئوننىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقاندا، سىيىس قەلەمنى قولىغا ئېلىپ: «جانابىلىرىنىڭ ئالدىدا پەرمەنبەردارمەن» دەپ يازدى.

بۇنىڭدىن باشقا گوئېلمۇ ئۆيىدە بولۇشچە ھۆركىرەپ قارغىش ياغدۇرماقتا ئىدى. گوئېل بۇ غەلىتە ناشتىلىق تەكلىپىنى قوبۇل قىلماي خانىمنى ئەۋەتكەنىدى. خانىمى گۆرۈ ئورنىدا تۇتۇپ قېلىندى. يوسېفىن بۇ خانىم بىلەن چاي

ئىچىشنىۋاتقاندا بوناپارت خانىمنىڭ ئىرىنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سىلىۋاتاتتى ـــ خانىمنى ئەمەس، فىرانسىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئوغرىلىماقتا ئىدى.

گوئىبل تۇنجى خەۋەردىن ۋاقىپلانغاندا شىرىكلىرىگە ئۇچۇر ئەۋەتىپ، ئىچكى كابىنىت يىغىنى ئېچىشقا چاقىرىۋىدى، بىرمۇ ئادەم كەلمىدى. ئۇلارنىڭ ئۇچى رەقىب تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن، بارراس بولسا يۇيۇنۇۋاتىمەن، دەپ گەپ ئەۋەتكەنىدى.

تاللېيراندىن ئىبارەت تەقدىر ئىلاھىنىڭ ئەلچىسى بارراس بىلەن كۆرۈشكىلى بارغاندا، بۇ باش مەمۇر ساقىلىنى ئېلىۋاتاتتى. بارراس خۇددى پۈتۈن بىر كۈن ۋاقتىنى ئۆزىنى پەردازلاشقا سەرپ قىلىماقچى بولغاندەك بىر ئەلپازدا ئىدى. بارراس تاللېيراننىڭ كۆزىگە قاراپلا پۈتۈنلەي تىز پۈكتى، ئاخىرىدا بىر پارچە يول خېتى ئېلىشنىلا تەلەپ قىلدى. بىراق، كاتىپى بۇ تەلىپىنى بوناپارتقا يەتكۈزگەندە، بۇ گېنېرال ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ئەيىبلەپ كەتتى:

ـــ مەن تاپشۇرۇپ كەتكەن شانلىق فىرانسىيەنى قانداق ھالغا چۈشۈرۈپ قويغىنىڭلارنى كۆرمەمدىغان ! سىلەرگە فىرانسىيەنى تىنچ پېتى بېرىپ كەتكەنىدىم، قايتىپ كەلگىنىمدە فىرانسىيە يىغلىق ئىچىدە قاپتۇ... مەن شۇنچە پەخىرلىنىدىغان يۈز مىڭ فىرانسىيە جەڭچىسىگە نېمە قىلغىنىڭلارنى بىلەمسىلەر؟ ھەممىسى قۇربانىلار بولۇپ كەتتى ! ئىشلارنىڭ بۇنداق كېتىۋېرىشىگە تاقەت قىلىپ تۇرالمايمەن، شۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولساق، ئۇچ يىل ئىچىدە مۇستەبىتلىك ھۆكۈم سۈرىدۇ ! بىزگە كېرىكى باراۋەرلىك ۋە ئەركىنلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان جازاسى مۇۋاپىق ھەمدە تەرتىپلىك جۇمھۇرىيەت !

پاكىنەك كاتىپ بۇنداق قاتتىق ئەيىبلەشتىن قورقۇپ غال ـ غال تىترەپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە بوناپارتنىڭ ئاچچىقى

كەلمىگەنىدى، بۇ پەقەت شۇ يەرگە توپلاشقان نەچچە يۈز كىشىنىڭ ئالدىدا تېرە تاراقشىتىپ قويغىنى ئىدى. چۈنكى، ئۇلار بۇ سۆزلەرنى سىرتقا يەتكۈزگىلى تۇرسا، ئىككى سائەت ئىچىدىلا پۈتۈن پارىژ خەۋەردار بولاتتى.

گوئېل كەلدى، ھەرھالدا بۇ زوراۋاننىڭ قوشۇنىنىڭ قورشاۋىدا تۇرۇپمۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى كابىنېت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى سەمىگە سېلىشقا جۈرئەت قىلدى.

— ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئىچكى كابىنېت ئەمدى مەۋجۇت ئەمەس! — دېدى بوناپارت ۋارقىراپ، — جۇمھۇرىيەت خەۋپ ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ، مەن بولسام جۇمھۇرىيەتنى قۇتقۇزماقچى، سىيېس، دىكاۋ، بارراسلار ئىستېپا بەردى.

بىرەيلەن شۇ ئەسنادا مولىنىسنىڭ بىر پارچە خېتىنى ئەكەلدى.

— مولىنىس بىلەن تۇغقاندارچىلىقىڭىز بار ئەمەسمىدى؟ ئىستېپا بېرىپ بولدى. سىز ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ قالدىڭىز، دەرھال ئىستېپا سوراڭ، ئارقىغا سوزۇۋەرمەڭ.

بۇ پېشۋا قولىدىكى ھوقۇقنىڭ سۇنۇقىدىنمۇ كېچەلمەيتتى. لوۋېر قەسىرىگە قايتىپ بارغىنىدا ئۆزىنىڭ بەش يۈز پالاتا ئەزاسى ئىچىدىكى بەزى دوستلىرىغا ئوخشاشلا نەزەربەند قىلىنغانلىقىنى، بۇ ھالغا ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن خاتىمە بېرىلىدىغانلىقىنى بايقىدى. بارراس ئۆيىدە غەمكىن بىر ھالدا خەۋەر كۈتۈپ ئولتۇراتتى. «بوناپارت مەندىن ئۆچ ئالارمۇ؟»

شۇنداق قىلىپ، بوناپارت جۇمھۇرىيەتنىڭ بۇ بەش ماگناتىدىن دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالدى. بىراق، بۇ پەقەت بىرىنچى كۈندىكى ئىش ئىدى. ئەتە ساينىت كىلوۋدتا تېخىمۇ يامان ئىشلارغا دۇچار بولۇشى مۇمكىن. شۇ كېچە بوناپارت ئائىلىسىدە

كەيپىيات ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتتى. ئىشلارنىڭ ماھىيىتىدىن خەۋەردار لوسىئان بۇ ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىنچىكە سۈرۈشتۈرۈپ كەلدى، ئەسەبىيلىك بىلەن چوقان سالغۇدەك ئاساسىمۇ بار ئىدى، ئەلۋەتتە.

— ھەممە ئىشنى بىر كۈن ئىچىدىلا ھەل قىلىۋېتىش كېرەك ئىدى، ئۇلارغا بېرىلگەن ۋاقىت كۆپ بولۇپ كەتتى! بەش يۈز كىشىلىك پالاتادا بىزلەر ئالدىنىپتۇق، دەپ غوۋغا كۆتۈرۈشتى. ئەتە يەنە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ! ئەمدى قىلىدىغان ئىشىمىز شۇكى، قوشۇن ئەۋەتىپ ئىككى مەھكىمىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى تازىلاش ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى خەتەرلىك ئۇنسۇرلارنى قولغا ئېلىش!

شۇنداق، ئەتە يەنە يېڭى ماجىرا پەيدا بولۇشى مۇمكىن، بېرنادوت ياكوبىنچىلارنىڭ ئۆزىنى ئۆكتىچىلەر گېنېراللىقىغا تەيىنلىشىنى تەلەپ قىلماقچى بولغانىدى. «بۇ خۇنپەرلەر بەك توخۇ يۈرەك ئىكەن! سىياسىي ئۆزگىرىشكە قارشى بارلىق گېنېراللارنى نەزەربەند قىلىش كېرەك ئىدى!» ھالبۇكى، بوناپارتنىڭ مەسلەكداشلىرى ۋە قول ئاستىدىكىلىرى بوناپارتنى شۇنداق قىلىشقا قايتا ـ قايتا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، پايدىسى بولمىدى، بوناپارت بەرىبىر قانۇنىي يول تۇتۇشتا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇردى.

— بىزلەر مېنى گېنېراللاردىن قورقىدۇ دېيىشى مۇمكىن. ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۈستۈمدىن قانۇنسىزلىق قىلدى دېيىشكە ھەققى يوق، مەن ھېچقانداق پارتىيە ـ گۇرۇھقا مەنسۇپ ئەمەس ھەم ھېچقانداق زوراۋانلىقمۇ يۈرگۈزمىدىم! خالايىق ئۆز ۋەكىللىرى ئارقىلىق ئاۋاز بېرىشى كېرەك! ئىچكى ئۇرۇش بولمىسۇن! پۇقرالارنىڭ قېنىنى تۆكۈش بىلەن باشلانغان ئىش مۇقەررەر شەرمەندىلىك بىلەن ئاخىرلىشىدۇ!

بوناپارت يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق ئىشقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئاخشىمى ئۆخلاش ئالدىدا تەپكىسى تارتىلىپ تەقلەنگەن تاپانچىسىنى كارىۋىتىنىڭ بېشىغا قويۇپ ياتاتتى.

## يىگىرمىنچى، پارلامېنتتىكى ماجىرا

كىشىلەر ئەتىسى ئەتىگىنى گويا پاراتتىن ئۆتۈشكە ماڭغاندەك پەيتونلۇق، ئاتلىق ياكى پىيادە مېڭىپ، ساينىت كلوۋد قەسرىگە سەلدەك ئاقماقتا ئىدى. بوناپارتمۇ خەقنىڭ قۇسۇر تېپىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن پىيادىمۇ ئەمەس، ئاتلىقمۇ ئەمەس، پەيتونلۇق باردى. بوناپارت ئاخىرقى دەقىقىلەرگىچە قانۇندا چىڭ تۇرۇش قارارىغا كەلگەنىدى. تۇنۇگۇن يۈز بەرگەن ئىشلار قانۇنغا خىلاپمىدۇ؟ ئىككى پالاتانىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ بولسىمۇ يىغىن مەيدانىنى شەھەر ئەتراپى رايونىغا يۆتكەشكە ھەمدە بىرەيلەننى يېڭىدىن پارىژ مۇھاپىزەتچىلەر قوماندانلىقىغا تەيىنلەشكە ھوقۇقى يەتمەسمىدى؟ بەش باش مەمۇرنىڭ ئىستېپا ھوقۇقى يوقمۇ؟ ياكوبىنچىلاردىن خەۋپ بار دېگەن ئىقرار ئويدۇرمىدىن باشقا نەرسە ئەمەسمىدۇ؟ بۈگۈن ئىككى پالاتا ئاشكارا ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلىدا ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزمەكچى ھەمدە ئۈچ كىشىنى ۋاقىتىنچە مەنسەپكە تەيىنلىمەكچى، بۇ ئۈچ ھوقۇقدارنىڭ مەنسەپ نامىنى رىمچە ئۈچ مەسئۇل دەپ ئاتاشقىمۇ ياكى باش مەمۇر دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى پالاتا يىغىنى يىپىلىدۇ. ھەممە ئىش قانۇن ئىزىغا سېلىنىدۇ.

بىراق، پالاتا ئەزالىرى ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇردى. ئۇلار ئادەتتە بىكار تۇرىدىغان قەسىر زالىدا خۇددى تۆۋەن ھاۋا

بوشلۇقىدا لەيلەپ تۇرغان بۇلۇتلاردەك ئەگىپ يۇرمەكتە ئىدى. ئۇلار ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۇستىدىن مۇھاكىمە يۇرگۇزۇشەتتى ۋە قارشى پىكىرلىرىنى بىرىشەتتى. ئەگەر بىر سائەتتىن كېيىن نۇتۇق سۆزلەپ پىكىر بايان قىلىشقا ئىشلىتىدىغان زالنى سەرەمجانلاشتۇرۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ كەتمىگەن بولسا، ئۇلارنىڭ قورسىقىنى بوشىتىۋېلىشىغا يېتەرلىك ۋاقتى چىققان بولار ئىدى.

ئەتە باش مەمۇر بولىدىغان ئۇچ نامزات قورۇنىڭ ئارقىسىدىكى كىچىك بىر ھويلىدا ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ تىنچقىنا كۇتۇپ تۇراتتى. سىيىس بىلەن دىكاۋ ئورنىدىن قوپماي دېگۇدەك ئولتۇراتتى، يەنە بىرەيلەن بولسا قول ئاستىدىكى خادىمى دوكلات قىلىپ كەلگەندىلا، ۋارقىراپ ـ جارقىراشتىن توختىدى. «تازىمۇ مىس ـ مىس نېمىلەر ئىكەن بۇلار! — دەپ ئويلايتتى دىكاۋ، — بىرقانچە ئورۇندۇقنى قويۇش ئۇچۇنمۇ شۇنچە ۋاقىت كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىردىن ـ بىردىن قەسەم بەرگىلى تۇرىدۇ، يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ بۇنداق ئىشنى پۇتكۇزۇشى ئۇچۇن ئىككى مىنۇت ۋاقىتلا كۇپايە ئىدى! بۇ ئادۋوكاتلار پارلامېنتتا قارار ماقۇللاۋاتقاندا بىز نېمە ئۇچۇن بۇ ئارقا ھويلىدا كۇتۇپ ئولتۇرىدىغاندىمىز؟»

بۇ چاغدا پالاتا ئەزالىرى بىنانىڭ ئوچۇق زالىدا يىغىن ئېچىۋاتاتتى. بەش يۇز ئاقساقال بىنا ئاستىدىكى زالدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ يەردە يەنە سىرتتىن قاتناشقۇچى ئاۋام ۋەكىللىرىمۇ قىستىلىشىپ تۇراتتى. قەسەمىيادتىن كېيىن لۇسىئاننىڭ رىياسەتچىلىكىدە مۇھاكىمە يۇرگۇزۇلدى. ئۆكتىچىلەر بۇ مۇھاكىمىدە ئۆزلىرىنىڭ يىمىرىلمەس دەلىللىرى ئارقىلىق پەيدىنپەي ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىدى، بەزىلەر تالادا تەھدىت سېلىپ تۇرغان ئارمىيەنى تىلغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن

بەزىلەر: «بىزگە مۇستەبىتلىك كېرەك ئەمەس ! بۇ كىرووۋىلچە مۇستەبىت بىزنى كىشەنلىمەكچى !» دەپ شوئار توۋلاشقىنىدا زالدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك ئاۋاز قوشتى. بارغانسېرى چاتاق خەۋەرلەر يېتىپ كەلگىلى تۇردى. بەزى ئوفىتسېرلار تاقەت قىلىپ تۇرالماي: «تارقىتىۋېتەيلى، سىرتتا قوشۇنىمىز سەپراس تۇرۇپتۇغۇ !» دەپ سۇرەن سالدى.

بوناپارت جاۋاب ئورنىدا سوغۇققىنا بىر قاراپ قويدى ـ دە، شەمشىرىنىڭ دەستىسىنى تۇتقىنىچە زوۋان سۇرمەستىن ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى يۇقىرى پالاتانىڭ يىغىن مەيدانىغا قاراپ ماڭدى. بىرقانچە يېقىنى باشلىرىنى چايقىغىنىچە كەينىدىن ماڭدى. بوناپارت ئوق چىققىرىشقا بۇيرۇق چۈشۈرمەي، تۇنۇگۈنكىگە ئوخشاشلا نۇتۇق سۆزلەرمۇ؟ پالاتا رەئىسى ھەيرانلىق ھەم قىزىقسىنىش ئىچىدە مۇنبەرنى بەردى. بۈگۈن سۆزلىرىنىڭ ۋەزنى تۇنۇگۈنكىدىن قاتتىقراق بولارمۇ؟ قورۇق گەپ ساتماي ئەمەلىيرەك سۆزلەرمۇ ـ قانداق؟

— تۇنۇگۈن مېنى چاقىرتقان ۋاقىتىڭلاردا ئۆيدە تىنچ ئولتۇراتتىم... بۈگۈن بەزىلەر تەپ تارتماي دىلىمنى ئاغرىتتى... ۋەتەنگە قايتىپ كەلگىنىمدىن بۇيان پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ ھەممىسى مېنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ... يۇقىرى پالاتا دەرھال ئاۋازغا قويۇشى شەرت. مېنى ھەممەيلەن چۈشىنىدۇ، مەن ھەرگىزمۇ سۇيىقەستچى ئەمەس. ۋەتەن ئالدىدا كۆرسەتكەن ساداقىتىم يېتەرلىك بولمىدىمۇ؟... شۇنچە چوڭ سىياسىي پارتىيەلەر ئىتتىپاقىمۇ ئۇستۇمدىن غەلىبە قىلالمىغان ئۇ يەردە توپلاڭچىلار ئالدىدا تىترەپ تۇراتتىممۇ؟ ئەگەر مېنى ھىيلىگەر، رەزگى ئادەم سانىغىنىڭلاردا، ئۆزۈڭلار قەدىمدە ئۆتكەن بۈيۈك باتۇر بىرۇتوسلاردىن سانىلىسىلەر !

بوناپارتنىڭ كۆڭلى دەككە ـ دۈككىدە بولسىمۇ، چىرايىدىن

كۆلكە يېغىپ تۇراتتى. بوناپارت نېمە ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلماي قۇرۇق گەپ ساتىدۇ؟

— ھەربىر فىرانسۇز بىزنىڭ كەچۈرمىشلىرىمىزنى ئويلىشى كېرەك... جەمىي پارتىيە ـ گۇرۇھ بۇ كىرىزىس داۋامىدا توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلىماقچى، ھەممىسى مېنى ئۆزىگە تارتماقچى، مەن بولسام ئىككى پالاتاغا كەلدىم. ئەگەر بىر قارارغا كېلەلمىگەنلىكىڭلار ئۈچۈن ھۆرلۈك بەربات بولسا، بۈگۈنكىلەرنىڭمۇ، كېيىنكىلەرنىڭمۇ ئالدىدا جاۋابكار بولۇپ قالىسىلەر !

بوناپارت بارغانسېرى تاققا ـ تۇققا سۆزلىگىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن پالاتا ئەزالىرى مۇنبەرنى ئورىۋېلىپ، سۆزىنى بۆلۈپ سوئالغا كۆمۈۋەتتى. بوناپارت بىردىنلا ئىشىك تەرەپكە بۇرۇلۇپ، خۇددى سىرتتىكى لەشكەرلەرنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك شۇ تەرەپكە قولىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ خىتاب قىلدى:

— يىگىتلىرىم، ماڭا ئايان، سىلەر ئۇيۇل تاشتەك زىچ ئىتتىپاقلاشتىڭلار. ئۇرۇشلاردا غەلىبىمىز ئۈچۈن ئىشلەتكەن شەمشىرىڭلارنى قولۇڭلارغا ئېلىپ كۆكرىكىمگە تەڭلەڭلار ! ئەمما، چەت ئەللىكلەرگە سېتىلغان قايسىبىر پىتنە ـ پاساتچى گېنېراللار مېنى قانۇنسىز دېيىشكە پېتىنسا، شۇ ئىپلاسنىڭ كۆكرىكىگە شەمشەر ئۇرۇڭلار ! ئۇرۇش ئىلاھى بىلەن ئامەت ئىلاھى مەن تەرەپتە !

بىردىنلا قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى، بۇ كۈلكە بوناپارتنى ۋە پۈتكۈل سىياسىي ئۆزگىرىش پىلانىنى بۆشۈكىدىلا كۆمۈۋەتمەسمۇ؟ بۇررىيېن ئارقا تەرەپتىن قىستىلىپ يۈرۈپ بوناپارتنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە، قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ئەمدى سۆزدىن توختاڭ، گېنېرال، نېمە دەۋاتقىنىڭىزنى بىلمەيۋاتىسىز.

بوناپارت شۇنىڭ بىلەن بۇررىيېننىغا ئەگىشىپ يىغىن مەيدانىدىن چىقىپ كەتتى. بىر پالاتا ئەزاسى بوناپارتنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن دەرھال سۆز ئېلىپ، بايىقى مەنزىرىنىڭ تەسىرىنى كۈچىنىڭ بارىچە تۈگىتىشكە تىرىشتى.

بوناپارت يىغىن مەيدانىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن چوڭقۇر بىر تىنىۋالدى. بايا نېمىشقا ئۇنداق قىلغاندۇ ـ ھە؟ بېشى ئايلىنىپ قالغانمىدۇ؟ جىمى جەھەتتە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، خۇددى پارقىراق ساقىنى ئېتىپ نىشانغا دەل تەگكۈزگەندەك توغرا قارار چىقىرىشقا قادىر ئىدىغۇ؟ بۈگۈنكىدەك ھايات ـ مامات پەيتىدە نېمانچە كەم ئەقىللىك قىلدى؟!

سەۋەب شۇكى، بوناپارت ئەزەلدىن بۇيرۇق بېرىشتىن باشقىنى بىلمەيتتى. خۇشامەت قىلىش، تەھدىت سېلىش، ئىككىلىنىپ قالغان قىياپەتكە كىرىۋېلىش ۋە يالغان ئېيتىش ھۈنىرى ئۆزى بىلەن شەرتنامە تۈزۈشمەكچى بولغان ھەرقانداق بىر قۇۋ دىپلوماتنىڭكىدىنمۇ ئۈستۈن ئىدى. ئەمما يېلىنىشنى بىلمەيتتى. شۇڭا، سۆھبەت ئارقىلىق مەقسىتىگە يېتەلمىسە، ھەربىي كۈچ ئىشلىتىش كېرەك دەيدىغان تەپەككۇر ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈۋالغانىدى. ھەممىگە تاقەت قىلىپ تۇرالايتتى، ئۆزى بىۋاسىتە قاتناشماي تۈزۈلگەن ھەرقانداق قانۇننى ئېتىراپ قىلمايتتى، ھەرقانداق ئىشنىڭ قانۇنىي ئاساستا بولۇشىنى ئىستەيتتى. ئەمما، دۆچ كېلىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى قانۇنىي ئاساستا بولمايۋاتاتتى.

ئادەتتىن تاشقىرى تىرىشچانلىقىغا مۇراجىئەت قىلماي بولمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقا يول يوق، ناپولېئون بۇنى بۇرۇنلا ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. ناپولېئون بۇ دۆلەتنى ئون يىل داۋام قىلغان قالايمىقانچىلىق ئىچىدىن قانۇنچىلىق يولىغا باشلاپ تەرتىپكە كىرگۈزمەكچى، ھەرقانداق كىشى تۆۋەن تەبىقىدىن بولغانلىقى

ياكى نامرات بولغانلىقى ئۈچۈنلا دەردتە قالمايدىغان، ھەر كىم تۆھپە يارىتىپ، ئىگىلىك تىكلەش پۇرسىتىدىن باراۋەر بەھرىمەن بولىدىغان ھالغا كەلتۈرمەكچى. بۈگۈن بۇ يىغىنغا كەلگەن ئادۋوكاتلار سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ سىياسىي ئىس - تۈتەكلىرى بىلەن بۇلغىنىپ چىرىكلەشكەن، چۈشكۈنلەشكەن بولۇپ، قانۇننى كۆزگە ئىلماي كەلمەكتە، ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرمەكتە. شۇڭا، بوناپارت پالاتادىن ئۆزىگە پالاتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۇچرىمايدىغان ھوقۇق بېرىشىنى، بەرگەندىمۇ دەرھال بېرىشىنى تەلەپ قىلدى!

ناپولېئون تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا كۆڭلىنى ئازادە تۇتۇپ ئالىملار بىلەن بىللە كېڭەشەتتى، ئۆگىنەتتى ۋە ئۇلاردىن سوئال سورايتتى. بىراق، پالاتانىڭ ئاۋازىغا قويۇش ئۇسۇلىدىن بىلىدىغىنى ناھايىتى ئاز ئىدى. شۇڭا، «غەلىبە قازىنىشىم چوقۇم» دەپ ئويلىغان ناپولېئون يوسېفىنىغا «ھەممە ئىشىم ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتىدۇ» دەپ خەت يازدى ھەمدە شېرىكلىرىنى رىغبەتلەندۈرگەندىن كېيىن، بەش يۈز كىشىلىك پالاتا يىغىنىدا ئويۇن ئويناش ئۈچۈن ھاپىلا - شاپىلا يۈرۈپ كەتتى. تەلىيىگە دوستلىرى ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، قابىل ۋە سادىق تۆت ئەسكەرنى قوشۇپ قويغانىدى.

ناپولېئوننىڭ ھەممە ئىشى پالاتا يىغىنىنىڭ قائىدىسىگە تامامەن خىلاپ ئىدى: تۆت ئەسكەرنى كەينىگە سېلىپ، شلەپىسىنى ۋە قامچىسىنى كۆتۈرۈپ بەش يۈز كىشىلىك پالاتا يىغىنى زالىغا كىرىپ كەلگەندە، بىرەيلەن «بوناپارت!» دەپ توۋلىۋەتتى. شۇ ئان جىمى كىشى نەزىرىنى ئىشىككە ئاغدۇردى.

— بۇ قوراللىق زوراۋاننى كۆزىمىزدىن يوقىتايلى! — توۋلىدى ياكوبىنچىلار.

بىرقانچە بەستلىك گەۋدە ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇلارنى مۇشت -

پەشۋالىرى بىلەن تىنچىتتى. ناپولېئوننىڭ بىللە كىرگەن مۇھاپىزەتچىلىرى دەرھال ئالدىغا ئۆتۈپ، ياكوبىنچىلارنى قولىدىكى تاپانچىلىرى بىلەن توستى، شۇنىڭ بىلەن يىغىن مەيدانى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. ئەسەبىيلەشكەن كىشىلەر توپى بارغانسېرى ئەزۋەيلەپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ ناپولېئون مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن قەدەممۇقەدەم چېكىنىپ ئىشىكنىڭ تۈۋىگە كەلدى. ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان ناپولېئون دەماللىققا گېپىنى تاپالماي قالدى. ئەمما، تېزلا ئۆزىگە كېلىپ، ئارقا ھويلىغا قاراپ ماڭدى.

بوناپارت ئىتالىيە جەڭلىرىدە ھەر قېتىم بىرىنچى سەپتە تۇرۇپ قوماندانلىق قىلاتتى، كىشىلەرنى ھۇجۇمغا ئۆتكەن توپ ئىچىدىن قايتۇرۇپ كېلەتتى. بۈگۈن بولسا بۇ قاملاشمىغان ئۇرۇنۇشقا دۈچ كېلىپ تەمتىرەپ قالدى. بۇ ئۇرۇنۇشتا يا ئوق چىقارغىلى، يا قىلىچىنى ئىشقا سالغىلى بولمايتتى. قارىغاندا، بۇنداق ھالەت كېيىنكى ئىشلىرى داۋامىدىمۇ تەكرارلىنىشى مۇمكىن. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە داۋامىدا رەقىبلىرىنى قۇرۇق قول دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان بوناپارتنىڭ قىلىچىنى قېنىدىن سۇغۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. گەرچە رەقىبلىرى ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك تامامەن قورالسىز بولغان تەقدىردىمۇ شۇنداق قىلغان بولسا، سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپىغا خىلاپ كەلمەيتتى.

بوناپارت ئاخىر بۇ ئويىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى. چۈنكى، ئەبلەخلەرنىڭ مۇشتلىرى پىرىنسىپ ۋە تەشەببۇسلىرىنى بەربات قىلىۋەتكەنىدى. بۇ ئىش غۇرۇرىغا تەگكەن بوناپارت غەزەپ بىلەن چوڭ ـ چوڭ قەدەم ئېلىپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭاتتى، ئاچچىقىدا يۈزىنى تاتىلاپ

قانىتىۋەتتى. قان! ناپولېئون شۇ ئان ئۆزىگە كەلدى، قان ئاققۇزۇشتىن ئۆتە ياخشى چارە يوق، بۇ خەقنىڭ قاراپ تۇرۇپ پالاتادا جېنىمغا قەست قىلماقچى بولغىنىنى كۆرمەمدىغان! بۇ ئەبلەخلەرنىڭ پارىژ مۇھاپىزەتچىلەر قوماندانىنى يارىلاندۇرۇشقا پېتىنىدىغانلىقىنى پۈتۈن ئارمىيە بىلىپ قالسۇن! «قارشى تەرەپ ئاۋۋال قانۇنغا خىلاپلىق قىلدى» دېگەن باھانە ـ سەۋەب بوناپارتنى پىرىنسىپنىڭ چۈشكىدىن ئازاد قىلغانىدى.

لۇسىئان شۇ تاپتا بەش يۈز كىشىلىك پالاتادا بوناپارتنى ئاقلاۋاتاتتى. ھالبۇكى، تەرەپ ـ تەرەپتىن:

— دىققەت! بۇنداق قىلىشى قانۇنسىزلىق! — دېگەن سادالار كۆتۈرۈلدى. مۇنبەردە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان لۇسىئان قوڭغۇرىقىنى چېلىپ زالدىكى قالايمىقانچىلىقنى تىنچىتىشقا ئۇرۇناتتى. ئەمما، بۇ ئۇرۇنۇشلىرى بىكارغا كەتتى. ھەممەيلەن «بوناپارت قانۇنغا خىلاپلىق قىلدى» دېگەن مەسىلىنى ئاۋازغا قويۇشنى بىردەك تەلەپ قىلدى، يەنە كېلىپ بۇنىڭ پارىژ ئىنقىلابى ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ھەربىر كىشىگە ئايان ئىدى. ئامالى قالمىغان لۇسىئان — ھەقىقەت ۋە قانۇننىڭ ۋاكالەتچىسى «ۋاقىت قىستاپ قالدى!» دەپ ئويلىغىنىچە كۆپنىڭ ئالدىدا تونىنى سېلىپ تاشلاپ رەئىسلىكتىن ئىستېپا بەردى ـ دە، ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى.

سىرتتىكى لەشكەرلەر بىلەن بىللە خەۋەر كۈتۈپ تۇرغان ناپولېئون ئىنىسىدىن ئاۋاز بېرىش نەتىجىسىدە ئۆزىنىڭ قانۇنسىز دەپ جاكارلانغانلىقىنى ئۇقۇپ غەزەپتىن تاتىرىپ كەتتى ۋە شۇ ئان دېرىزە ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ھويلىغا قاراپ «سەپراس!» دەپ توۋلىدى ـ دە، ھويلىدىن چىقىپ ئېتىغا مىندى. بىراق، لەشكەرلىرىنىڭ روھسىز ھالىتىنى كۆرۈپ،

پۇرسەتنىڭ تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى. بۇ چاغدا تۈن پەردىسى تارتىلغانىدى، ھەممە كىشى قورۇدا ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى تىنچىقىنا كۆزىتىپ تۇرۇشاتتى. شۇ ئەسنادا لۇسىئانمۇ ئاتقا مىندى. ئاكا ـ ئىنى ئىككىسى قوشۇننى بىرقانچە ئايلىنىپ چىقتى. پەيتوندا ئولتۇرغان سىيىس بىلەن دىكاۋ قاشا سىرتىدا تۇرۇپ قورۇ ئىچىنى كۆزەتمەكتە ئىدى، ھەر ئىككىلىسى ئەگەر بۇگۈن ئىش ئەپلەشمىگۈدەك بولسا، دەرھال تىكىۋېتىشكىمۇ، ئىش ئەپلىشىپ قالغۇدەك بولسا، ئەتە ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىش ئۈچۈن ھەمدەم بولۇشقىمۇ تەييار ئىدى. قارىغاندا، بۇ ھەرىكەت باشسىز قالغاندەك ئىدى.

پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن لۇسىئان يېڭىياچە بولغىنىغا قارىماي لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا نۇتۇق سۆزلىدى، نۇتۇق سەۋىيەسى ئاكىسىنىڭ پالاتا ئەزالىرىنىڭ ئالدىدا سۆزلىگىنىدىن كۆپ ئۈستۈن ئىدى.

ــ يىگىتلەر! مەن ھازىر بەش يۈز كىشىلىك ئاۋام پالاتاسىنىڭ رەئىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن سىلەرگە شۇنى جاكارلايمەنكى، زالدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى تىغ كۆتۈرۈۋالغان بىر ئوچۇم ياكوبىنچىلارنىڭ تەھدىتى ئاستىدا قالدى! ئەنگلىيەلىكلەرگە سېتىلغان مۇتتەھەملەر پارلامېنت تەيىنلىگەن گېنېراللارنى تەپ تارتماستىن قانۇنسىز دەپ جاكارلىدى! ئۇلار گېنېراللارنىڭ جېنىغا قەست قىلماقچى! مانا بۇ جاراھەتكە قاراپ بېقىڭلار! ئەلنىڭ بەختى ئۈستىدىكى مۇھاكىمىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن بىزنى قولۇڭلاردىكى قوراللىرىڭلار ئارقىلىق خەقنىڭ قولىدىكى قاتىللىق قوراللىرىدىن ساقلاڭلار! سېپىڭلاردا تۇرغان ماڭا ئوخشاش پالاتا ئەزالىرىنى ھىمايە قىلىڭلار، زالدىن چىقماي

تۇرۇۋالغان خەقنى قوغلاپ چىقىرىڭلار !

ناپولېئون ئىنىسىنىڭ نۇتقىغا لېۋىنى چىشلىگىنىچە قۇلاق سېلىپ تۇردى، نۆۋەت ئۆزىگە كەلگەندە: «جاھىللارنى ئۆلتۈرەيلى ! ئۇرۇش ئىلاھىمەن، كەينىمدىن ئالغا !» دەپ قۇرۇقتىن - قۇرۇق شوئار توۋلاشتىن باشقا گەپ ئاغزىغا كەلمىدى. لۇسيئان ئاكىسىنىڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىشىدىن ئەندىشە قىلىپ دەرھال توستى:

— پەرۋەردىگارىمنىڭ ھەققىدە بولسىمۇ، ئەمدى بولدى قىلغىن !

— ياشىسۇن بوناپارت ! — دەپ توۋلىدى لەشكەرلەردىن بىرى. بىراق، ھېچكىم مىدىرلىمىدى، ھازىرلا ھۇجۇمغا ئۆتمەيدىغان بولسا ھەممە ئىش كېچىكەتتى ! لۇسيئان بۇ چاغدا خۇددى ئويۇن قويۇۋاتقاندەك قىلىپ، بىر ئوفىتسېرنىڭ قولىدىن شەمشەرنى ئالدى ـ دە، ئاكىسىنىڭ كۆكرىكىگە تەڭلەپ تۇرۇپ توۋلىدى:

— قەسەم، ئەگەر ئاكام فىرانسىيەنىڭ ئەركىنلىكىگە تەھدىت سېلىشقا پېتىنسا، شۇ ئان جېنىنى ئالىمەن !

بۇ ئويۇن راستىلا ئۈنۈم بەردى. مۇرات دەرھال لەشكەرلەرنى ئۆزىگە ئەگىشىپ ھەرىكەت قىلىشقا بۇيرۇدى ھەمدە تەھدىت ئاھاڭدا توۋلىدى:

— يىگىتلەر ! زوراۋانلارنى تۇتۇپ يىغىن زالىدىن تالاغا چۆرۈۋېتەيلى !

لەشكەرلەر قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ، ئاخىر قوزغالدى ! ئۇلار گەرچە مىلتىقلىرىنىڭ ئىشتىكىنى چىقىرىۋېلىشقان بولسىمۇ، ئەمما قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان جاھىل پالاتا ئەزالىرىنى يىغىن زالىدىن سىلىق ـ سىپايىلىك بىلەن ھەيدەپ چىقاردى.

غوۋا يورۇق زال ئىچى پاتىپاراق بولۇپ، قىزىل تون، يۇمشاق بۆك كىيگەن پالاتا ئەزالىرى بىلەن ھەربىي قالپاق ۋە فورما كىيگەن لەشكەرلەر غۇژمەكلىشىپ كەتتى، پالاتا ئەزالىرىنىڭ ئىچىدە قورقۇپ دىرىلدىگەنلىرى سەكرەپ قاچقانلىرىمۇ بولدى.

بايا چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن سىرلىق لۇسىئان بۇ چاغدا پالاقشىغىنىچە ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى ئاقساقاللار مەھكىمىسىنىڭ يىغىن مەيدانىغا كىرىپ، ئاكىسىنىڭ بايا زەخىملىنىش جەريانىنى بولۇشىچە كۆپتۈرۈپ بايان قىلدى، ئاندىن ھولۇقۇپ كەتكەن ئاقساقاللارغا ئۈچ نەپەر باش مەمۇرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش قارارىنى ماقۇللاشقا كۈندۈردى، بۇنىڭ بىلەن يىغىن تۈن نىسپىيگىچە سوزۇلدى. لۇسىئان ئاندىن بىرقانچە ئاقساقالنى ئاددىي بىر قەھۋەخانىغا تاماققا باشلىدى. دەرۋەقە، ئاللىبۇرۇن ھەممەيلەننىڭ قورسىقى ئېچىپ كوركىراپ كەتكەنىدى.

شۇ كېچىسى بىر تۈركۈم سادىق ۋە ئىشەنچلىك پالاتا ئەزالىرى ئاياغ ئاستى قىلىنغان بۇ ساينىت كلوۋد يىغىن مەيدانىغا يەنە بىر قېتىم يىغىلدى. بۇ ئوتتۇز نەپەر پالاتا ئەزاسى پىلدىرلاپ يېنىپ تۇرغان بىرقانچە شامنىڭ خىرە يورۇقىدا فىرانسىيە خەلقىگە ۋاكالىتەن ئاۋاز بەرمەكچىدى. ئۇلار شۇ تاپتا باشقىلارنىڭ شاھمات تاختىسىدىكى بىرقانچە ئۇرۇقى بولۇپ قالغانىدى، خالاس. بۇ چاغدا يۇقىرى قاتلامدىكى زاتلار، چىرايلىق خانىملار ۋە داڭلىق ئەربابلارمۇ تۈن نىسپىيدىكى بۇ مۇراسىمنىڭ تاماشىسىنى كۆرمەكتە ئىدى. بۇ قېتىم پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ھېچقايسى ساھەسىگە تالاپەت يەتمىدى، نامراتلارمۇ يېغىلىقنىڭ دەردىنى تارتمىدى. لۇسىئان ھېرىپ - چارچىغىنىغا قارىماي بۇ قېتىمقى سىياسىي ئويۇننىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، يېڭى تەيىنلەنگەن ئۈچ نەپەر

باش مەمۇر كېچە سائەت ئىككىدە قوڭغۇراق ساداسى ئىچىدە قەسەم بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇردى. بىرقانچەيلەن هارغىن ئاۋازدا «ياشىسۇن جۇمهۇرىيەت!» دەپ شوئار توۋلاپ قويدى.

باش مەمۇر بوناپارت بۇررىئېننىڭ هەمراهلىقىدا سائەت ئۈچتە پارىژغا پەيتون بىلەن يېتىپ كەلدى. يول بويى زۇۋان سۇرمىدى، ئۆيىگە كىرىپ يوسېفىننى كۆرگەندىلا ئېغىز ئاچتى:

— ماڭا قاراڭ، بۇررىېئن، بۈگۈن نۇرغۇن ئەخمىقانە گەپلەرنى قىلىپ سالدىمغۇ دەيمەن؟

ئۈچىنچى باب

# دەريا

ئىزدىسەڭ تارىختىن ئىزنالارنى بىز، زەپ ئۆتكۈر كۆزىمىز، ئۆتكۈر زېھنىمىز. قالماپتۇ ئەرزىمەس ئىشلاردىن ھېچ ئىز، مەۋجۇتتۇر پەقەتلا زېمىن ۋە دېڭىز.

گيوتې

## بىرىنچى، روھ ۋە شەمشەر

يىگىرمە نەچچە كىشى يۇمىلاق ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياشلارمۇ، ياشانغانلارمۇ بار ئىدى، كۆپىنچىسى 1800 ـ يىلىدىكى ئادەت بويىچە ئاددىي كىيىنگەن، سۇنئىي چاچ سالمىغان، ئۈستىبېشىنىمۇ تۈزەشتۈرمىگەن كىشىلەر ئىدى. ھەربىي فورما كىيگەن بىرقانچە كىشىمۇ ئالتۇن چۇچىلىق شەلپەر ئاسمىغان ۋە ئىزناك تاقىمىغانىدى، ئەمەلىيەت ۋە نەزەرىيە ساھەسىدىكى بۇ مەشھۇر زاتلارنىڭ بەزىسى مەمۇرىي ئىشخانىلاردىن، بەزىسى تەجرىبىخانىلاردىن، بەزىسى شەھەردىن، بەزىسى يېزىدىن كەلگەنىدى. ئون يىللىق ئىنقىلابنىڭ مۇشكۈلاتىنى ئورتاق باشتىن كەچۈرگەن بۇ كىشىلەر زىچ

بىرلىشىپ، بۇ ئىنقىلابنى ئاخىرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاق مەقسەتتە بۇ يەرگە جەم بولغانىدى. بوربون سۇلالىسىنىڭ هەشەمەتلىك تۇئىلېرس ئوردىسى چۆلدەرەپ تۇراتتى، قەسىر ئىچىدە يالىلداپ تۇرغان چوغدەك قىزىل، ئالتۇندەك سېرىق شايە ـ دۇردۇن، زىلچا ـ گىلەملەرنىڭ جۇلاسى بۇ يەرگە يىغىلغان بۇرژۇئازلارنىڭ كەيپىياتىغا ماس كەلمەيتتى. بىھېساب شامدانلاردا پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان يىقىملىق كۈمۈش رەڭ شام نۇرى ئۆتكەنكى ئەيش ـ ئىشرەتلىك يىللارنى ئەسكە سالاتتى.

ئىلگىرىكى باش مەمۇرلار ئوردا ئايۋىنىدا ئۆزلىرىنىڭ چىرايلىق ئاشنا ـ يارلىرى ئۈچۈن داغدۇغىلىق مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشقا ئادەتلەنگەنىدى. فىرانسىيە ئاقسۆڭەكلىرىمۇ بۇنداق سورۇنلاردىن ئۆزىنى قاچۇرمايتتى، ئەلۋەتتە. ھالبۇكى، لىيۇكسېمبۇرگ ئوردىسىدىلا شۇنداق ئىدى، تۇئىلېرس ئوردىسى بەختسىزلىك ۋە ئەرۋاھلار بىلەن تولۇپ كەتكەندەك سۈرلۈك ئىدى. ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ ئىككى ئايدىن كېيىن مۇستەبىت بوناپارت ئۆزىنى جەلپ قىلغان بۇ ئوردىغا ئىككى شېرىكى بىلەن كۆچۈپ كىردى. شۇ چاغدىكى مەنزىرىنى تەنتەنىلىك دېگەندىن كۆرە كۆلكىلىك دېگەن تۈزۈك ئىدى. چۈنكى، ئاخىرقى پادىشاھ قولغا ئېلىنىپ يەتتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن جۇمھۇرىيەتنىڭ بىرىنچى ئورۇندىكى پۇقراسى بۇ قەسىرگە كۆچۈپ كىردى ئەمەسمۇ. كىرا پەيتونلىرىغا ئولتۇرۇپ تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن پارىژ پۇقرالىرى پەيتوننىڭ ئەپلەپ ـ سەپلەپ چاپلاپ قويۇلغان قەغەز لەپىلىمىلىرىنىڭ يوچۇقىدىن بۇ مەنزىرىگە قاراپ ئىختىيارسىز قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كېتەتتى. بۇ مەنزىرە كىشىلەرگە خۇددى دەۋر كومېدىيەسىدەك بىلىنەتتى، ئادەتتىن تاشقىرى ئېچىلىپ كەتكەن باش مەمۇر بالىلارچە زوقمەنلىك بىلەن ئەتراپىغا قىزىقسىنىپ قارايتتى.

— مانا، ئاخىر تۇئىبلىرس ئوردىسىغىمۇ كىردىم، ئەمدىكى گەپ بۇ يەردە قانچىلىك تۇرالىشىمدا قالدى، — دېگەندى باش مەمۇر بىر دوستىغا.

شۇ تاپتا يۇملاق ئۇستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان كىشىلەر ئىچىدە ئىلگىرى بۇ يەردە پارپۇر چاچقۇلار چېچىلغان سۇئىي چېچىنى، پۇزۇر كىيىملىرىنى، تانسا ئۆتۈكلىرىنى كىيىپ، دەككە ـ دۈككە ئىچىدە پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا ئادەتلەنگەن بىرقانچىسىمۇ بار ئىدى. ئۇلار بەزىدە لىيۇكسىمبۇرگ ئوردىسىدا پادىشاھ بىلەن بىر ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ ئۆمرى كوتە مەمۇري پەرمانلارنى مۇزاكىرە قىلاتتى ۋە تۈزەتتى، بۇنداق پەرمانلار ئېلان قىلىنار ـ قىلىنماي تۇرۇپلا ئەمەلدىن قالدۇرۇلاتتى. جىددىي ئەمر ـ پەرمانلار، پەۋقۇلئاددە قانۇنلار ئۇزۇلمەي ئېلان قىلىنىپ تۇراتتى. ئۆتكۈنچى ئەمر ـ پەرمانلار تېخى يېڭىلا ئېلان قىلىنغان ئەمر ـ پەرمانلارنىڭ ئورنىنى ئالاتتى. ئۈچ ئاساسىي قانۇن تىنىماي نۆۋەتلىشىپ، گويا راكېتادەك ئوت چاچرىتىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى... بۇ ئون يىل مابەينىدە خىلمۇخىل يېڭى ئىدىيەلەر بارلىققا كېلىپ تۇردى. لېكىن، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە ئۇلگۇرمەيلا مەشئەل نۇرى ۋە شاۋقۇن ـ سۈرەن بىلەن تولغان بىر كېچىدىلا شۇنداق تېز غايىب بولاتتى. پارىژ خۇددى ئالدىنقى سەپمۇ، كۈرەشمۇ بولمايدىغان ھەربىي گازارمىغا ئوخشاپ قالغان بولۇپ، قۇراللىق سىياسىي پارتىيەلەر نامايىشى بەس ـ بەستە داۋاملىشاتتى، كونا تەرتىپ بىلەن يېڭى ئارزۇلار بىر ـ بىرىدىن ئۇستۇنلۈك تالىشاتتى، رادىكال ئىدىيەلەردىن چاقنىغان ئۆتكۈر نۇر كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇراتتى، ئۇمىدى يوققا چىقىپ گاڭگىراپ قالغان كىشىلەر ۋە جاھاننى تالىشىۋاتقان نەپسانىيەتچىلەر ئالەمنى مالەم قىلىۋېتەتتى. نەتىجىدە ئەركىنلىك، باراۋەرلىك

سادىلىرى بىلەن ئالدامچىلىق، ھىيلىگەرلىك گىرەلىشىپ، زور قالايمىقانچىلىق پەيدا بولغانىدى.

يىغىن مەيدانى بىردىنلا جىمىپ كەتتى. يۇمىلاق ئۈستەلدە ئۈچىسىغا يېشىل كونا ھەربىي فورما كىيگەن پاكىنەك بىر گېنېرال پەيدا بولدى، ۋەزىيەتنى كونترول قىلىۋاتقان، كېچەش پالاتاسىغا ۋە ھۆكۈمەتكە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان كىشى شۇ ئىدى. سىياسىي پارتىيەلەر ۋەزىيەتتىن مەمنۇن بولسۇن ـ بولمىسۇن ياكى ئاغرىنسۇن ـ ئاغرىنمىسۇن، ياۋاشلىق بىلەن بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ جىم ئولتۇرۇشاتتى. گۇرۇھۋازلىق، ئۆچمەنلىك، تېررورلۇق ۋە ئوتقۇيرۇقلۇق بىلەن تولغان فىرانسىيە گويا رومانتىك مۇھەببەتتىن زېرىككەن ئىشقىۋاز قىزدەك بىر ھالدا بولۇپ، ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالايدىغان بىردىنبىر ئەرنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقانىدى. بۇ ئەر ئەمدى مەرتىۋە ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشقا موھتاج ئەمەس ئىدى. فىرانسىيە دەل بۇيرۇقۋازلىقنى قاملاشتۇرالايدىغان، ئەزەلدىن ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ باقمىغان، ھېچقانداق پارتىيەگە مەنسۇپ بولمىغان، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان بىرسىگە، بىر ھەربىيگە ياكى بىر ئىستېلاچىغا تەقەززا ئىدى. مولىنس ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ ۋە ماھارەت جەھەتتە بۇ ئىستېلاچىدىن سەل كېيىن تۇراتتى، ئۇنداق بولمىغىنىدا ئۇنىڭغا تەڭداش بولغان بولار ئىدى. باشقا ھەربىيلەرنىڭ بەزىسى جەڭدە قۇربان بولغان ياكى يېتەرلىك ئابرۇيغا ئىگە بولمىغانىدى. مۇلكىي ئەربابلار ئىچىدىمۇ بەسلەشكۈدەك بىرەرى يوق ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ناپولېئون مۇۋەپپەقىيەت قازانغىنىدىن كېيىن ھاكىمىيەت قولىنى سوزسىلا يەتكۈدەك يەردە ئىدى، ئاساسىي قانۇن تەرتىپىدە جان ـ جەھلى بىلەن چىڭ تۇرۇپ، ھوقۇقنى قولىغا ئېلىشى ئۈچۈن داغدام يول ئاچقانىدى. ھالبۇكى، ئاساسىي

قانۇنغا قاتتىق رىئايە قىلىش ئارزۇسى كۆلكىلىك تەرزدە مەغلۇپ بولدى.

ناپولېئوننىڭ ئالدىدىكى بۇ داغدام يولدا ياسىما توسۇق پەيدا بولدى. ھالبۇكى، بۇمۇ سىياسىي تالانتقا ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى ئىدى. بوناپارت قولىدا ئۆتكۈر شەمشىرىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرغان بولسىمۇ، شەمشىرنىڭ قۇدرىتى چەكلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەتتى.

— دۇنيادا نېمىگە چوقۇنىدىغانلىقىمنى بىلەمسىز؟ — دېگەنىدى ناپولېئون ئۆز ۋاقتىدا، — قورال ھەرقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا ئەسقېتىۋەرمەيدۇ. دۇنيادا پەقەت ئىككى خىللا قۇدرەت بار، ئۇ بولسىمۇ روھ ۋە شەمشەر. ئەمما، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، روھ ھامان شەمشەر ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ.

ناپولېئون شۇ دەۋردە ئەڭ ئۇلۇغ ھەربىي قوماندان ئىدى، مەيلى ھازىر پارىژدا بولسۇن ياكى ئۇرۇش توختىتىش، ئىتتىپاق تۈزۈش شەرتنامىلىرى ئۈستىدىكى سۆھبەتلەردە بولسۇن، ھېچقاچان ئۇستەل مۇشتلاشنى ئادەت قىلمىغانىدى. ھەقىقەتەن سىياسىي تالانت ئىگىسى ئىدى، شەمشەرگە ئەھمىيەت بېرەتتى، ئەمما شەمشەرنى ئىككى خىل كۈچنىڭ بىرى سۈپىتىدىلا چوڭ بىلەتتى. ھازىر، شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىنكى ئون بەش يىل داۋامىدا ھېچقاچان قىلىچ ـ شەمشەرلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ئاۋاز بىلەن قولىقى پۈتۈپ قېلىپ، خەلق ساداسىغا قۇلاق سېلىشنى ئېسىدىن چىقارغان ئەمەس، خەلق ساداسىنىڭ قۇدرىتى مۆلچەرلىگۈسىز، بۇ سادانىڭ قۇدرىتىنى مۆلچەرلەشكە تالانتلىق ماتېماتىك بوناپارتنىڭ ئۆزىمۇ قادىر ئەمەس، خەلق ساداسى بوناپارتنىڭ مول تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

بوناپارت روھنىڭ شەمشەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئەلنى تەرتىپ ۋە تىنچلىق بىلەن ئىدارە قىلىشنى ھەربىي كۈچ ئارقىلىق بويسۇندۇرۇشتىن مۇھىم بىلىپ، تەرتىپ ۋە تىنچلىقنى ساقلاشقا بار كۈچى بىلەن تىرىشتى، شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىللىق تارىخىي پاكىتمۇ بۇ نۇقتىنى دەلىللەپ بەردى.

ناپولېئوننىڭ نەزىرىدە تەرتىپ باراۋەرلىكتىن دېرەك بەرسىمۇ، ئەركىنلىككە تەڭ ئەمەس ئىدى. ناپولېئون شۇڭا بۇ ئىككى تۈرلۈك ئىنقىلابىي بايلىقنىڭ بىرىنىلا ئۆزىنىڭ مۇستەبىت تۈزۈلمىسىگە كىرگۈزدى. بىرقانچە قېتىم تەۋرىنىپ قالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باراۋەرلىككە ئاداققىچە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئەركىنلىكچۇ؟ ئەركىنلىك دېگەن نېمە؟ «ياۋايىلارمۇ، مەدەنىيلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى چەكلەپ تۇرۇشقا، ئۆزىنى قاتتىق ئىنتىزام بىلەن تەربىيەلەشكە، بىمەھەل چاغدا ئادەم چىشلىشكە يول قويماسلىق ئۈچۈن مەنىۋى زەنجىر بىلەن باغلاپ تۇرۇشقا، ھەر ۋاقىت قامچىلاپ ئوۋغا سېلىشقا قادىر غوجايىنغا، سېھىرگەرگە موھتاج. ئۇلار تىزگىنلىنىدۇ، تەربىيەلىنىدۇ. ئۇلاردا بۇنىڭدىن ئارتۇق نەرسە بولمايدۇ، بويسۇنۇش — ئۇلارنىڭ تەبىئىي ئالاھىدىلىكى، ئىنسانىنىڭ بۇنىڭدىن ئارتۇق نەرسە تەلەپ قىلىش ھوقۇقىمۇ يوق !» ناپولېئوننىڭ جاھاندىن بىزار بولۇپ ئېيتقان بۇ تەھدىتلىك سۆزلىرى پەقەت ئىچكى دۇنياسىنىڭ يېرىمىنىلا ئاشكارىلاپ بېرىدۇ، خالاس. ناپولېئون دەۋران سۈرۈۋاتقان مەزگىلدە ھۆكۈمەت ئاپپاراتىدا پەقەت ئالاھىدە ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىلا ۋەزىپىگە تەيىنلەپ، ئۇلارغا مىليونلاپ كىشىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى بەردى. ئۆزى بولسا تالانت - ئىستىبداتىغا ۋە تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ، مىلياردلاپ كىشىگە ھۆكۈمرانلىق

قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئىنقىلاب ئوغلانى بولۇپ سانالدى، ھۆكۈمرانلىق قىلىش داۋامىدا قانداقلىكى ئۇسۇل قوللىنىشىدىن قەتئىينەزەر، بەرىبىر مەڭگۈ ئىنقىلاب ئوغلانى بولۇپ قېلىۋەردى.

ناپولېئوننىڭ شۇنچە سىرلىق بولۇپ كېتىشىنىڭ بىر قىسمى سەۋەبى شۇ ئىدى. ئۆز تېررىتورىيەسىنى قانچىكى كېڭەيتكەنسېرى، كىشىلەر ئۇنىڭغا شۇنچە ئىشەندى. ناپولېئوننىڭ تۇزۇلمىسىدە قابىللار قانچىكى ئىقتىدارلىق بولسا، ئۆز قىممىتىنى شۇنچە نامايان قىلىپ، مەرتىۋىسى، ھوقۇقى ۋە بايلىقىنى كۇنسايىن ئۇلغايتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىدى. چۈنكى، ئاتامانى ئۆزلىرىگە ئوخشاشلا نامرات تەبىقىدىن كېلىپ چىققان ۋە بۇ نۇقتىنى باشتىلا جامائەتكە ئاشكارىلىغانىدى. سېيىس بىر ئاساسىي قانۇن لايىھەسىنىڭ كۆپىيەسىنى يېزىپ چىققانىدى، بۇ لايىھەدە پەقەت سىمۋول سۈپىتىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، ئىمزا قويۇشتىن باشقىغا چىشى پاتمايدىغان ئېتى ئۇلۇغ، سۆپرىسى قۇرۇق رەئىس جۇمھۇر قويۇش بەلگىلەنگەنىدى.

بوناپارت لايىھەدىكى بۇ تەلەپنى جىجىپ تاشلاپ، لەشكەرگە خاس قوپاللىق بىلەن:

— بۇ سېمىز چوشقا كۆزۈمدىن يوقالسۇن! — دېدى.

رەئىس جۇمھۇرنىڭ ئورنىنى ئارمىيەنىڭ ئەڭ ئالىي قوماندانى بولىدىغان، دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان، بارلىق ئەلچىلەرنى، پەۋقۇلئاددە ئەلچىلەرنى، كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزالىرىنى، ئۆلكە ۋالىيلىرىنى، ئوفىتسېرلارنى ۋە ئادۋوكاتلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدىغان تولۇق ھوقۇقلۇق باش مەمۇر ئالىدىغان بولدى. ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئوتتۇز نەپەر ئەزاسى ئۆزىنىڭ ئىشداشلىرىنى تاللايدىغان بولدى، ئەمما كېڭەش

پالاتاسىنىڭ قانۇن چىقىرىش تەشكىلاتىغا ۋە ئاۋامنى قوغداش مەھكىمىسىگە قانۇن لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھوقۇقى بېرىلمىدى. بۇ ئىككى تەشكىلاتنىڭ رولى پەقەت سىياسىيونلارغا نۇتۇق مۇنبىرى راسلاپ بېرىش، شۇنداقلا كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزالىرىنى يۇقىرى مائاش ۋە ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشتىن بەھرىمەن قىلىشلا بولدى.

ھەممە ئىشنى بوناپارت ئۆزىلا بەلگىلەپ بولدى. ئۆزىنى بۇ ۋەزىپىگە نامىمغا ئەمەس، بەلكى ئىسپادەمگە تايىنىپ تەيىنلەنگەنمەن، دەپ ھېسابلايتتى. ئادەمنى تەبىقىسىگە، سىياقىغا ياكى پارتىيەسىگە قاراپلا ھەربىي ۋە مەمۇرىي ساھەدە مۇھىم ۋەزىپىگە قويۇشقا بولمايدۇ، ھەتتا ئۇنىڭدىن تۆۋەن ۋەزىپىگە قويۇشقىمۇ بولمايدۇ، پەقەت ئالاھىدە ئىستېدات ۋە تالانتقا ئىگە كىشىلەرلا مۇھىم ۋەزىپىگە قويۇلىدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان ئالاھىدە ئىستېداتلىق بۇ كىشىلەرمۇ ناپولېئوننىڭ ئاشۇ ئۆلچىمى بويىچە ئۆزى تاللاپ بېكىتكەن كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزالىرى ئىدى، ھەممىسى ھەمىشە بۇ مۇستەبىتنىڭ ئەتراپىدىن نېرى كەتمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە لاپلاس ئاتلىق بىر كىشى بولۇپ، ناپولېئون «ئاكادېمىيە»نى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن ئالايىتەن ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرلىقىغا تەيىنلىدى. بۇ ئالىم كېيىنچە سىياسىي مېخانىكا تەتقىقاتىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنىڭ ئاسمان جىسىملىرى مېخانىكىسى تەتقىقاتىغا قايتىپ كەلدى. روتلايمۇ ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزالىرىدىن بىرى ئىدى، بۇ ئەمەلدار ۋە مۇخبىر يىگىرمە يىلدىن بۇيان ناپولېئون ئۇچراتقان ئەڭ مۇستەقىل ئىش تۇتىدىغان ئادەم، شۇنداقلا قىممىتى ئەڭ يۇقىرى يىغىن پۈتۈكچىسى ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا نامى ئەڭ ئۇلۇغ قانۇنشۇناس ترونسېمۇ كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزالىرىدىن بىرى ئىدى. ئاۋام

پالاتاسىدا ھەممە كىشى پۇقرا بولۇپ، بىر - بىرىنى سەنلىشەتتى، خانپەرەسلەر بىلەن ياكوبىنچىلارمۇ ئاقىلانە يوسۇندا بىر - بىرىگە ياندىشىپ باراۋەر ئولتۇراتتى.

يىغىن خاتىرىسى «پۇقرا باش مەمۇر» غا سۇنۇلدى.

— نوپۇزلۇق قانۇنشۇناسلارنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى تەپسىلىي، مۇكەممەل خاتىرىلەش ئىنتايىن مۇھىم، — دېدى بۇ پۇقرا باش مەمۇر بۇ خاتىرىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، — چۈنكى، ئۇلارنىڭ پىكرى بىز ھەربىيلەر ۋە سودىگەرلەرنىڭ پىكرىدەك ھېچقانداق قىممىتى يوق پىكىرلەر بولماستىن، ئىنتايىن ۋەزىنلىك. مەن دائىم غەزىپىمگە پايلىماي قالايمىقان تەنبىھ بېرىپ سالىمەن. گەپنى ئاغزىمدىن چىقىرىپ بولۇپلا كەتكۈزۈپ قويغانلىقىمنى بايقايمەن. ئۆز پېتىمچە قىلىشقا رازىمەنكى، دانا بولىمەن دەپ زورۇقۇشنى خالىمايمەن.

ناۋادا بوناپارت كېڭەش پالاتاسى ئەزالىرىنىڭ ئۆز پىكرىگە ھە دەپ قويۇۋاتقانلىقىنى بايقاپلا قالسا:

— جانابلار، سىلەر مېنىڭ پىكرىمگە قوشۇلۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۆز قىزىقىشىڭلارنى بايان قىلىش ئۈچۈن كەلدىڭلار. ئۆز قارىشىڭلارنى ئېيتىسىڭلاردىلا، ئاندىن ئۆز پىكرىم بىلەن سىلەرنىڭ پىكرىڭلارنى سېلىشتۇرۇپ، قايسىسىنىڭ پىشقان پىكىر ئىكەنلىكىنى بەلگىلىيەلەيمەن، — دەيتتى.

كېڭەش پالاتاسىنىڭ يىغىنى ھەمىشە سائەت توققۇزلاردا باشلىناتتى. چۈنكى، باش مەمۇر جىددىي ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى شۇ چاغدىلا بىر تەرەپ قىلىپ بولۇپ ئاران بوشىنالايتتى. يىغىن بەزىدە ئەتىسى ئەتىگىنى سائەت بەشلەرگىچە داۋاملىشاتتى. كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزالىرى بۇنداق چاغلاردا تۈن نىسپىدە مۈگدەپ قالاتتى، ھەتتا بىر قېتىم ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ئۇخلاپمۇ قالغانىدى. ناپولېئون

ئۇنى تۇرتۇپ ئويغىتىپ، كۆپچىلىككە قاراپ:

— سەگەك ئولتۇرۇڭلار! ھازىر سائەت ئەمدىلا ئىككى بولدى، مائاشىمىز ئالدىدا يۈزىمىز يورۇق بولسۇن، — دېدى. يىغىن رەئىسى بولمىش ناپولېئون ئۇخلاپ قالمايتتى، چۈنكى ھەممىدىن ياش بولۇپ، ئاران ئوتتۇز ياشتا ئىدى.

ناپولېئون ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش بولغان كېچىسى ئىككى كومىتېتنى قانۇن لايىھەسى يېزىپ چىقىشقا بەلگىلىدى، بۇ ناپولېئوننىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدىكى تۇنجى تەدبىرى ئىدى. قالايمىقانچىلىق قانۇن بولمىغانلىقى ئۇچۇنلا پەيدا بولغان. چۈنكى، فىرانسىيەدە ئىنقىلاب پارتلىغانغا قەدەر بىرلىككە كەلگەن قانۇن يوق ئىدى. ئىنقىلابچىلار قانۇن بەرپا قىلىش توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، بۇ ۋەدىسى ئارىدىن ئون بىر يىل ئۆتۈپ بولغۇنچە قەدەر نەقلەشتۇرۇلمەي كەلگەنىدى. ئۈچ نەپەر كاتتا قانۇنشۇناسمۇ ناپولېئوننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن بۇ يىل يازدىن ئېتىبارەن قانۇن لايىھەسىنى يېزىشقا تۇتۇش قىلدى. تۆت ئايدىن كېيىن ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ كوپىيەسى، يەنى كېيىنكى ناپولېئون قانۇنى دۇنياغا كەلدى. بۇ قانۇن كېڭەش پالاتاسىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلدى ۋە بىر يېرىم يىل ئىچىدە پۈتۈنلەي ماقۇللاندى. بۇ قانۇن بىر ئەسىردىن كېيىنمۇ فىرانسىيەدە يەنىلا دۆلەت قانۇنى بولىۋەردى. ناپولېئون بويسۇندۇرغان دۆلەتلەردە، ھەتتا كېيىن قۇرۇلغان گېرمانىيەدىمۇ بۇ قانۇن قوللىنىلدى، يەنە كېلىپ بارلىق ياۋروپا ئەللىرىنىڭ بۈگۈنكى ھەق تەلەپ قانۇنلىرىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى. ناپولېئون قانۇنلىرىنىڭ ئىچىدىكى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە قىسمىلا ئىنقىلابىي خاراكتېرگە ئىگە قانۇنلار ئىدى، بۇ ھۆكۈمران شۇ قانۇنىنىڭ بارلىق تەپسىلاتىنى ئۇزاق مۇددەت مۇھاكىمىگە قويغان، قانۇنلار ئىچىدىكى ئىختىلاپ بار جايلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۆزى كېسىم

قىلىپ بەلگىلىگەنىدى.

تەجرىبىسى مول ھەم ئېغىر ـ بېسىق مۇتەخەسسىسلەر ناپولېئوننىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا بارلىققا كەلگەن ئەقلىي پىرىنسىپلارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ ۋە تاسقاپ ـ تاللاپ، ئىنسانىي ھوقۇقنى تەشەببۇس قىلىدىغان يېڭى تۈزۈمگە ئايلاندۇرغانىدى. بۇنداق تۈزۈم شارائىتىدا ۋارىس ئاقسۆڭەكلەر مەۋجۇت بولمايتتى، بارلىق پەرزەنتلەر باراۋەر ئاساستا ۋارىسلىق ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولاتتى. يەھۇدىيلارمۇ، خىرىستىيانلارمۇ قانۇن ئالدىدا باراۋەر ئىدى، كىشىلەر دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزمەي تۇرۇپمۇ نىكاھلىنالايتتى ۋە نىكاھتىن ئاجرىشالايتتى.

ناپولېئوننىڭ قانۇنىي تەرتىپكە ئىنتىلىش نۇقتىسىنەزىرى نىكاھ تۈزۈمىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى. ناپولېئون ھەتتا ئاياللار ئېرى سۇرگۈن قىلىنغاندا ھەمراھ بولۇپ بىللە بېرىشى كېرەك، «چۈنكى، ئېرىنىڭ پاكلىقىغا ئىشەنگەن بولسا، بىز ئېرى بىلەن بىللە بېرىشنى قانداقمۇ چەكلىيەلەيمىز !» دەپ قارايتتى. ناپولېئون «بىر ئايال توي مۇراسىمىدىن ئېتىبارەن ئېرىنىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتىدۇ» دەپ جاكارلىنىدىغان قەدىمكى رىم دەۋرىدىكى ئۆرپ ـ ئادەتنىمۇ ئۇلۇغلايتتى.

ناپولېئون گەرچە نىكاھتىن ئاجرىششنى ياقلىسىمۇ، يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئاجرىششنى قۇۋۋەتلىمەيتتى. «ئەگەر كىشىلەرنىڭ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا ياتلىشىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلىدىغان بولساق، ئالەمدە ئەر ـ ئاياللارنى بىر ـ بىرىگە ئەڭ زىچ باغلاپ تۇرىدىغان نىكاھتىن ئاجرىششقا يېنىكلىك بىلەن ئىجازەت بېرىدىغان بولساق، ئۆزىگە زادىلا مۇناسىپ كەلمىسىمۇ راھەت تۇرمۇش ياكى ئازادە ئۆينى دەپلا ئۇچرىغان بىرىگە تېگىۋېرىدىغان بىر خىل يېڭى خاھىش ئەۋج

ئېلىپ كېتىدۇ. قانۇن جەزمەن ئاياللارنىڭ خالىغىنىچە بۇنداق قىلىشىغا بولمايدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشى كېرەك... پەقەت ئەر قاتىللىق قىلغان، زىناخورلۇق قىلغان ۋە جىنسىي ئىقتىدارى بولمىغان ئەھۋالدىلا، نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەستىقلاشقا بولىدۇ.»

ناپولېئوننىڭ كۆڭلىدە بۇ ماددىلارغا ئاكتىپ تۇزىتىش كىرگۈزۈش ياكى بۇ ماددىلارنى شۇ پېتى ساقلاپ قېلىش مەسىلىسى ئۈستىدە روشەن توقۇنۇش مەۋجۇت ئىدى، يوسېفىنىنىڭ ئىلگىرىكى ۋاپاسىزلىقى ۋە ھازىرقى ساداقەتمەنلىكىنى ئېسىگە ئالغىنىدا، كۆڭلىدىكى بۇ توقۇنۇش تېخىمۇ كەسكىنلىشەتتى. ناپولېئون شۇ تاپتا تۇغماسلىقنى نىكاھتىن ئاجرىشىشنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى قىلىپ بېكىتىش كېرەكمۇ - يوق، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدى. يوسېفىنمۇ دەل شۇنىڭدىن قورقاتتى. شۇڭا، ئۆزىنىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، قانۇندا نىكاھ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشكە ئۇرۇناتتى، ناپولېئون بولسا ئۆزىنى باغلاقتىن بوشىتىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەيتتى. ھالبۇكى، ئەنە شۇنداق خۇسۇسىي ھېسسىياتى سەتچىلىككە قېلىشتىن ساقلىنىپ، نىكاھنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغدىشىغا تۈرتكە بولدى.

ناپولېئوننىڭ كۈچلۈك ئىجتىمائىي ئېڭى زىنا قىلغان ئاياللارنى جازا قانۇنى بويىچە قاتتىق جازالاشقا ئۈندەيتتى (نىكاھىدىن ئاجراشتۇرۇۋېتىلسە، شۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك جازا ئىدى). ناپولېئون نىكاھنىڭ مۇقەددەسلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، قانۇنىي نىكاھ يېشىنى ئۆزارتتى. ئىنقىلاب مەزگىلىدە قىزلارنىڭ نىكاھ يېشى ئون ئۈچ ياشقا، ئوغۇللارنىڭ ئون بەش ياشقا چۈشۈرۈلگەنىدى. ھازىر قىزلار ئون بەش ياشقا، ئوغۇللار يىگىرمە بىر ياشقا توشقان بولسا، قانۇنىي نىكاھلىنىش يېشىغا

تـوشقان بولـىدۇ، دەپ بەلگىلەش كېرەك دېگەن پىكىردە چىڭ تۇردى.

ناپولېئون بۇلاردىن باشقا يەنە ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى قانداشلىق ـ قانداشسىزلىق مۇناسىۋەت، ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت قاتارلىقلارغا دائىر قانۇن مەسىلىلىرى ئۈستىدىمۇ نازۇك پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. «كېڭەش پالاتاسىنىڭ يىغىنلىرىدا، ـــ دەپ يازغانىدىكى رودېرېر كېيىنكى ئەسلىمىسىدە، ـــ باش مەمۇر كۈچلۈك دىققەت ـ ئېتىبارى ۋە توپتوغرا تەھلىل قىلىش ئىقتىدارى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇدا ئون نەچچە سائەتكىچە پۈتۈن دىققىتىنى بىر قارالمىغا مەركەزلەشتۈرەلەيتتى ھەمدە ھەر خىل قارالمىلار ئۈستىدە ئۆز قارىشىنى شەرھلەپ بېرەلەيتتى. ھېچقاچان خاتىرىسىدىكى ۋە تەپەككۇرىدىكى خاتالىق تۈپەيلىدىن ئېزىپ قالمايتتى.»

بوناپارت سەكسەن ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان تىرانسېنىڭ تەپەككۇر مەنتىقىسىگە ئىنتايىن قايىل ئىدى، تىرانسېمۇ ئوتتۇز ياشلىق بۇ باش مەمۇرنىڭ چوڭقۇر تەھلىللىرىگە ۋە قانۇن نۇقتىئىنەزەرلىرىگە ئىنتايىن قايىل ئىدى. يەنە كېلىپ بوناپارت بىرەر قانۇن ـ پەرمانىنى چىقىرىش ئالدىدا بۇ ماددا «ئادىل بولغانمىدۇ؟ ئەمەلىي بولغانمىدۇ؟» دەپ ئۆز ـ ئۆزىدىن سوراپ تۇرمايتتى. ئالدىنقىلارنىڭ مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلغانلىقىنى، بولۇپمۇ قەدىمكى رىم قانۇنىدا ۋە بۈيۈك ئىمپېراتور فرېدېرىخنىڭ قانۇنىدا قانداق پۈتۈلگەنلىكىنى زېرىكمەي سۈرۈشتۈرەتتى.

بۇ ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان كىشىلەر ئوتتۇز يەتتە تۈرلۈك قانۇننى مۇھاكىمە قىلىپلا قالماستىن، باش مەمۇر يەنە بولكىنى قانداق پىشۇرۇش كېرەك، يېڭى يولنى قانداق قويۇش

كېرەك، يېڭى بىخەتەرلىك مىخانىزمىنى قانداق بەرپا قىلىش كېرەك، دېگەندەك باشقا جەھەتلەردىكى مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ بىرمۇنچە گۇمانىي قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنداق چاغلاردا بارلىق مىنىستىرلارنى نورمىدىن ئارتۇق ئىشلەپ بولسىمۇ، بۇ ھەقتە تەپسىلىي دوكلات يېزىشقا بۇيرۇيتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ نورمىدىن ئارتۇق ئىشلىگەنلىكىنى كۆرمىگەنگە سالاتتى. مىنىستىرلار ئۆيىگە قايتقىنىدىن كېيىنمۇ دائىم دېگۈدەك بوناپارتنىڭ ئەتە ئەتىگەنچە جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ ئەۋەتكەن خەتلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. بوناپارتنىڭ بىر خىزمەتدىشى: «بوناپارتنىڭ روھى ئۇرغۇپ تۇراتتى، ھۆكۈمرانلىق، مەمۇرىي ئىشلار، سۆھبەت دېگەنلەرنى گۈلنى گۈلگە كەلتۈرۈپ يۈرگۈزەتتى، ئاجايىپ تالانتلىق مېڭىسى ھەر كۈنى ئون سەككىز سائەتكىچە توختىماي ئىشلەيتتى. ئۈچ يىلدا قىلغان ئىشلىرى باشقا ئىمپېراتورلارنىڭ يۈز يىلدا قىلغان ئىشىدىنمۇ كۆپ ئىدى» دەپ يازىدۇ ئەسلىمىسىدە. بوناپارت ھەر خىل كەسىپ ۋە ساھەلەردىكى مۇتەخەسسىسلەر بىلەن شۇ كەسىپ، شۇ ساھەگە دائىر تېرمىنلار ياكى كەسپىي ئاتالغۇلارنى قوللىنىپ سۆھبەتلىشىپ، ھېچقانداق كىشىنىڭ «سوئالىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم» دېگەن باھانىدە جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشىغا ئىمكانىيەت بەرمەيتتى، سوئال سورىغاندا توپتوغرا قوللانغان تېرمىنلار ۋە كۆرسەتكۈچلەر ئەڭ جاھىل مۇتەئەسسىپلەرنىمۇ قاتتىق ھەيران قالدۇراتتى.

ئۆتكەن ئون يىلدا توختاپ قالغان، ھەتتا تەتۈر ئايلانغان بۇ زور ماشىنا ئەمدى ئاستا ـ ئاستا ئۆلچەملىك ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۆتكەن ئون يىلدا، بولۇپمۇ يېقىنقى بىرقانچە يىل مابەينىدە ئۆلكىلەر يۇقىرىغا سۇنغان دوكلاتلىرىدا «جەمئىيەت تەرتىپى يامانلاشتى، تازىلىق ناچار، تەرتىپ قالايمىقان» دەپ

ئاغرىنىشقانىدى. ئىلگىرى بىر ئالتۇن لۇئىسقا يىگىرمە تۆت فىرانك ئالماشتۇرۇلاتتى، كېيىن ئۆچقاندەك ئۆسۈپ بىر ئالتۇن لۇئىسقا سەككىز مىڭ فىرانك ئالماشتۇرۇلىدىغان بولغانىدى. ئالدىنقى نۆۋەتلىك ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئىچكى كابىنېت ئالتۇن لۇئىسنىڭ قىممىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش تەدبىرىنى قوللىنىپ باققان بولسىمۇ، ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ بولغانىدى. بۇنىڭ بىلەن توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ بىردىنلا بېيىپ كەتكەن بايلار دۆلەت مۈلكىنى، موناستىرىنىڭ ۋەخپە يەرلىرىنى ۋە بەگلەرنىڭ يەر ـ زېمىنلىرىنى سېتىۋالغان، ھېچكىم باج تاپشۇرماس بولۇۋالغانىدى. يېڭى ھۆكۈمران ئەمدى قانداق تەدبىر قوللىنار؟

بۇ ھۆكۈمران سىياسىي ئۆزگىرىش بولۇپ ئىككى ئايدىن كېيىن مەملىكەت بويىچە بارلىق ئۆلكىدە باج ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلدى. «بىخەتەرلىك ۋە مال ـ مۈلۈك پەقەت باج نىسبىتى ئۇزاق مۇددەتكىچە ئۆزگەرمەيدىغان دۆلەتتىلا كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ» دەپ چۈشەندۈردى ناپولېئون. ئىككى ئايدىن كېيىن فىرانسىيە بانكىسى قۇرۇلدى، ئىككىنچى يىلى يېڭى باج ئاپپاراتى، يەر ۋە ئورمان مۈلكىنى تىزىملاش ئاپپاراتىمۇ قۇرۇلدى. سابىق باش مەمۇر دۆلەت ئىلكىدىكى بىر ئوبدان يەرلەرنى ئىسراپ قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيتتى، بوناپارت دۆلەت ئىلكىدىكى ئېشىنچا يەرلەرنى قەرز پۇل ئورنىدا قايتۇرۇپ كىشىلەرنىڭ قولىدىكى زايومنى يىغىۋالدى. ئاندىن داۋاملىق زايوم تارقاتتى، سودىگەرلەر ئۆيۈشمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، پاي سودىسىنى رەتكە سېلىپ باشقۇردى، پۇل پاخاللىقى داۋامىدىكى ھايانكەشلىك قىلمىشلىرىنى چەكلىدى، ھەربىي تەمىناتچىلارنىڭ، ئۇرۇشتىن پايدىلىنىپ ھارامدىن بېيىماقچى بولغان ھايانكەشلەرنىڭ ۋە باشقا ئەمەلدارلارنىڭ قاقتى ـ سوقتى

قىلىشىنى چەكلىدى. بوناپارت يەنە شۇنداق چارىلەر ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمدارلىقى تۆتتىن بىر، ھەتتا ئىككىدىن بىر نىسبەتتە تۆۋەنلەپ كەتكەن سانائەتنى قۇتقۇزۇۋالدى.

ھەرقانداق ئىشقا جەزمەن ئۆزى قوماندانلىق قىلىدى، ھاردىم ـ تالدىم دېمەي ئىشلىدى. ئىمكانقەدەر ئاددىي ـ ساددا، قابىل، تىرىشچان ھەممە باتۇرلۇق بىلەن يول ئېچىشقا قادىر كىشىلەرنى تاللاپ پالاتا ئەزاسى، مىنىستىر ۋە ئۆلكە ۋالىيسى قىلىپ تەيىنلىدى. مەرتىۋە ۋارىسلىقى تۈزۈمىنى بىكار قىلىدى، بىكار يەپ ياتىدىغان، قىلىدىغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق ئىش ئورۇنلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەبىقىسىنىڭ قانداق بولۇشىغا، شۇنداقلا قايسى پارتىيەگە مەنسۇپ بولۇشىغا قارىماي ۋەزىپىگە تەيىنلىدى. شەھەر باشلىقىدىن تارتىپ چوڭ ـ چوڭ ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرىدىن تەيىنلىنىدىغان، مائاشىمۇ يۇقىرىدىن تارقىتىپ بېرىلىدىغان بولدى. خۇددى ئۆزىنىڭ تەسۋىرلىگىنىدەك: «بارلىق ئاپپاراتلار پىرامىدا شەكلىدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھۆكۈمرانلىق قاتلىمىنىڭ ھەربىرىدە مۇناسىپ بىرىنچى باش مەمۇر قويۇلدى.»

سىياسىي جەھەتتە قارشى سادا كۆرۈلمىدى.

— قارشى پىكىرنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ناپولېئون ئالدىن پەرەز قىلىپ، — مەن ھېچقانداق سىياسىي پارتىيەنىڭ ئىناۋىتىگە ياكى كۈچىگە تايانمىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھېچكىمگە قەرزدار ئەمەسمەن... تېخى يېقىندىلا ئۈستىلىق بىلەن جىنايەت ئۆتكۈزۈۋاتقان بۇ سەرخىللار ئەمدى ماڭا يېڭى ئىجتىمائىي ئىمارەت سېلىپ بېرىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى يېڭىچە ئىجتىمائىي ئىمارەت سالىدىغان كاتتا تېخنىكلار بولۇپ قالدى. چاتاق يېرى شۇكى، ھەممىسى

تېخنىكلارغا باش بولۇشنى تالىشىدۇ، فىرانسوزلارنىڭ تىپىك خاراكتېرى ئەنە شۇنداق، ھەممىسى ئۆزىنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگىمەن، دەپ تەمەننا ئەيلەيدۇ.

ناپولېئون پارتىيە - گۇرۇھلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇپ، ئىمكانقەدەر ھەممىسىنى رازى قىلىشقا تىرىشتى. ھەركىم شۆلگىسىنى ئېقىتىدىغان مىنىستىرلىق ئورنىنى ئىقتىدارلىق، ئەمما بىر - بىرىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارىشىدىغان ئىككى مۆتتەھەمگە بەردى. بۇ ئىككىيلەن ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆز ماھىيىتىنى ئاشكارىلىدى.

— ياكوبىنچى فۇشې ساقچى ئىشلىرى مىنىستىرلىقىغا مىنىستىر بولسا، قايسىبىر ئىنقىلابچى دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسىگە ئىشەنچ باغلىماي قالار؟ تاللېيران دىپلوماتىيە مىنىستىرى بولسا، قايسى ئاقسۆڭەك بۇنداق دۆلەتتە ياشاشنى خالىماي قالار! ئۇلارنى ئوڭ ۋە سول قانىتىم قىلىپ كەلدىم، ھەربىر كىشىنىڭ ئۆزىگە لايىق ئورۇنغا ئېرىشىشى ئۈچۈن كەڭ يول ئاچتىم، — چۈشەندۈردى ناپولېئون.

بارلىق ئۆلكە ۋالىيلىرىغا ۋە گېنېراللارغا ئەۋەتكەن يارلىقىدا: «جەمئىيەت بولۇپ ئۇيۇشۇشقا، ئۆز ئالدىغا پارتىيە - گۇرۇھ بولۇپ تەشكىللىنىشكە ئەمدى رۇخسەت قىلىنمايدۇ. قوغدىنىش قوشۇنىنىڭ ۋە يۇقىرالارنىڭ سەمىگە سىلىپ تۇرغايسىز، ئاز ساندىكى نەپسانىيەتچىلەر كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلاپ ئولتۇرمىسۇن، دۆلەت ھاكىمىيىتى ھازىر ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە ئادەتلەنگەن قۇدرەتلىك كىشىنىڭ قولىغا ئۆتتى» دەپ يازدى. ناپولېئون ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىنكى بىرقانچە ھەپتە ئىچىدە خەلقنى يېڭى ئېلان قىلىنغان ئاساسىي قانۇننى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە

ئىگە قىلىش ئۈچۈن بىر جاكارنامە ئېلان قىلدى، بۇ جاكارنامىنىڭ ئاخىرى مۇنداق ئىخچام سۆزلەر بىلەن چۈشۈرۈلگەنىدى:

«ئىنقىلاب دەسلەپتىكى ئاساسىي قانۇنىيىتىگە قايتتى. ئىنقىلاب ئاخىرلاشتى.»

## ئىككىنچى، مارىنگو ئۇرۇشى

ئۇرۇش تېخى ئاخىرلاشمىغانىدى.

مەن فىرانسىيەدىن ئايرىلىپ بىر يېرىم يىلدىن كېيىن قايتىپ كەلسەم، فىرانسىيە جۇمھۇرىيىتى ئالپىلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋېتىپتۇ. مېنى فىرانسىيە خەلقى ئۆزى دۆلەت داھىيسى قىلىپ تەيىنلىدى.

ناپولېئون سىياسىي ئۆزگىرىش بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي گېرمانىيە ئىمپېراتورىغا يازغان خېتىدە شۇنداق دېگەنىدى. ئۇلار بۇ چاغدا ھەتتا تېخى قايتا ئۇچراشمىغانىدى. ناپولېئون گويا ئۆزىنى ياۋروپادىن ئايرىلىشتىن بۇرۇنلا، فىرانسىيەنىڭ تۆرىسىدەك بىلىپ، خۇددى بىر ئىمپېراتوردەك ۋەزىندە يازغان بۇ خېتىدە ئىنتايىن تەبىئىي سەلتەنەتنى نامايان قىلغانىدى. ھەمىشە ئەنە شۇندق يۇقىرى ماھارەتنى ئارقىلىق دۈشمەنلىرىگە خاتا ھۆكۈم چىقارغۇزاتتى. بىراق، بۇ ئۇستىلىقى گېرمانىيە ئىمپېراتورىغا كار قىلمىدى. ھالبۇكى، ئۆزىنىڭ ئىستىراتېگىيەلىك پىلانىنى ئاللىبۇرۇنلا پىشۇرۇپ قويغان بولۇپ، يولغا قويۇشلا قالغانىدى.

ئەڭ مۇھىمى، ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن قوغدىنىش قوشۇنى تەشكىللىدى، قوغدىنىش قوشۇنىنىڭ ئەزالىرى ئاز دېگەندىمۇ

تۆت قېتىم جەڭنى باشتىن كەچۈرگەنلەر ئىدى. ھالبۇكى، مولىنسنى رېيىن دەرياسىنىڭ ئەتراپىغا ئەۋەتتى، ئۆزى قارامىلىق بىلەن ئىتالىيەگە يۈرۈش قىلىش پىلانىنى جىددىي تۈزۈشكە كىرىشتى. ئەگەر بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرىكىدەك دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ يۈرۈش قىلىدىغان بولسا، بۇ قېتىم دۈشمەن قوشۇنى جەزمەن قاتتىق مۇداپىئەدە تۇراتتى، شۇڭا جەزمەن يېڭى ئۇرۇش پىلانى تۈزۈش كېرەك! ناپولېئون ئاۋستىرىيە جاسۇسلىرىنىڭ نازارىتىگە پەرۋا قىلماستىن، مەشىق كۆرمىگەن ئەڭ ياش لەشكەرلەردىن ئەتەي بىر قوغدىنىش قوشۇنى تەشكىللىدى ھەمدە ۋېيېننادا چىقىدىغان گېزىتتىكى تاپا ـ تەنىلەرگە سوكۇت ئىچىدە كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوتتۇز ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللىدى، بۇ قوشۇننىڭ ئەسكىرىي سانى پەقەت ئوتتۇز ئىككى مىڭلا بولسىمۇ، ئوتتۇرا قولدەك ئەڭ سەرخىل لەشكەرلەردىن تەشكىللەنگەنىدى. بۇ قوشۇننىڭ خۇددى مىسىرغا يۈرۈش قىلغان چاغلاردىكىدەك باتۇرلۇق بىلەن يۈرۈش قىلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. خاننىبال ئۆز ۋاقتىدا ئالپ تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتمىگەنىدى، ئۆزىمۇ بۇ تاغ تىزمىسىنى بويسۇندۇرمىغانىمىدى! شۇ تاپتا بىر گېنېرال زەمبىرەكلىرىنى سۆرىگىنىچە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ، ئۇلار تاغدىكى دەل ـ دەرەخلەرنى كېسىپ چانا ياساپ، زەمبىرەكلەرنى چانىغا قويۇپ تاغدىن سىيرىلىپ چۈشمەكچى!

شۇنداق قىلىپ، سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىنكى تۇنجى باھاردا بۇ قوشۇن چوڭ ساينىت بېرنا تېغىغا چىقتى. بۇ ئىككى مىڭ يىلدىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق ئۇلۇغ ھەرىكەت ئىدى. موناستىردىكى قېرى راھىبلار ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. بىر چارۋىچى بۇ يوچۇن قوماندانىغا يول باشلاپ ماڭدى ھەمدە

مۇنداشقاچ ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى سۆزلەپ بەردى. كېيىن رىۋايەتلەردىكىدەك ئىش يۈز بېرىپ، چارۋىچى بۇ يوچۇن قوماندانىدىن ئىش ھەققى ئۈچۈن بىر قورۇ ـ جايغا ئېرىشتى. بۇ رىۋايەت تۇسىنى ئالغان ھەربىي يۈرۈشتىن ئىسلاھاتلانغان لەشكەرلەرمۇ زەمبىرەكلەرنى تالىشىپ سۆرەپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى. ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇۋاتقان بۇ ئىشەنچلىك داھىيسىغا ئەگىشىپ ماڭماقتا ئىدى. ئۇلار بۇنىڭدىن تۆت يىل مۇقەددەم ناپولېئون ئۆزلىرىنى يېتەكلەپ بېرىپ بويسۇندۇرغان لومباردىغا يېتىپ بارماقچى. بۇ ھەقتىكى ئەسلىمىلەر، شۇنداقلا ۋاقىتنىڭ قىسلىقى بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشكە تېخىمۇ سىرلىق تۇس بەرگەنىدى. ھېچنېمىدىن بىخەۋەر دۈشمەن قوشۇنىنىڭ بىر باش قوماندانى ئۆزىنىڭ پاۋېيەدىكى يارىغا يازغان خېتىدە: «بۇ يەردىن كېتىشىمىزنىڭ زادىلا ھاجىتى يوق، مەن بار» دېگەنىدى. ئەمما، يىگىرمە تۆت سائەتتىن كېيىن بوناپارت بۇ شەھەرگە كىردى.

بىراق، بوناپارت بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدىن قانائەت تاپمىدى. ئالتىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاۋستىرىيە قوشۇنلىرى بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلغىنىدا، ئاۋستىرىيە قوشۇنى ئەسكىرىي سان جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى بىلەن ناپولېئوننى مەغلۇپ قىلغانىدى. ياردەمگە كەلمەكچى بولۇپ كېلىشىپ قويغان دېسساينىڭ زاپاس قوشۇنىدىن ھېچ ئەسەر يوق بولغاچقا، لەشكەرلەرنىڭ پۈتۈن سەپ بويىچە چېكىنىش ئېھتىماللىقى تۇغۇلغانىدى. باش قوماندان يول بويىدا تۇرۇپ، قامچىسىنى ئەسەبىيلەرچە يەرگە ئۇرۇپ چاڭ چىقىرىۋەتتى، مەغلۇپ لەشكەرلەر پەرۋا قىلماستىن ھەدەپ قاچقىلى تۇردى.

— توختاڭلار! توختاڭلار دەيمەن! ياردەمچى قوشۇن ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ! بىر سائەتتىلا يېتىپ كېلىدۇ! — ۋارقىرايتتى

ناپولېئون، ئەمما لەشكەرلەر قاچىۋەردى. ئەمدى ئامىتىمۇ قوشۇلۇپ قاچارمۇ! دىبساي ئاخىر يېتىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئاغزىنى ئېچىپلا قالغان ئاۋستىرىيە قوشۇنىغا قارشى ئومۇمىيۈزلۈك قايتۇرما ھۇجۇم باشلاندى، سەرخىل ئاتلىق لەشكەرلەرمۇ ھۇجۇم سېپىگە قوشۇلدى، دۈشمەن قوشۇنى پېتىراپ قېچىشقا باشلىدى. مارىنگو ئۇرۇشىدا بوناپارت سائەت بەشتە مەغلۇپ بولغانىدى، سائەت يەتتىدە ۋەزىيەتنى ئوڭشاپ جەڭنى غەلىبىگە ئېرىشتۈردى. بىراق، دىبساي جەڭگاھتا قۇربان بولۇپ، ئۆز غەلىبىسىنى كۆرەلمىدى.

جەڭگاھتا ھايات قالغان بوناپارت قاتتىق ھەسرەت چەكتى، چۈنكى ئەڭ ياخشى سەركەردىلىرى جەڭدە قۇربان بولغانىدى، تېخىمۇ يامىنى غەلىبە ئۆزىگە ئەمەس، دىبسايغا مەنسۇپ ئىدى. ئېھتىمال، بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشنىڭ يولىنى ۋە ئۇرۇش پىلانىنى ئۆز ئالدىغا بەلگىگەنلىكى، دىبسايىنىڭ پەقەت ئاشۇ ئۇرۇش پىلانى بويىچە ئۆز ۋاقتىدا ياردەمگە كەلگەنلىكىدىن باشقا تۆھپىسىنىڭ يوقلۇقى كۆڭلىگە ئاز ـ تولا تەسەللىي بولغاندۇ. ئېھتىمال، شۇ تاپتا بۇ ھەل قىلغۇچ جەڭدىكى غەلىبەم تۇمان ئېيىنىڭ ئون سەككىزىنچى كۈنىدىكى غەلىبەمگە ئوخشىشىپ كېتەر، دەپ ئويلىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق، بۇ ئۇرۇشتا ئۆزى ئاۋۋال يېڭىلىدى، ئاندىن باشقىلار غەلىبىنى قولىغا ئېلىپ بەردى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

بىراق، ۋەزىيەتنى قايتىدىن ئويلىنىپ كۆرگەندە، بۇ ھۆكۈملەر پۈت تىرەپ تۇرالمايتتى. شۇ كۈنى ئاخشىمى بۇررىئېنغا بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ دوكلاتىنى ئاغزاكى بايان قىلىپ بەرگەن جايدىن ئۈچ، تۆت مىللا يىراق بىر يەردە بۇنىڭدىن تۆت ئاي ئىلگىرى خەرىتىگە بىر يىڭنىنى سانجىپ تۇرۇپ:

— مېنىڭچە، بىز مۇشۇ يەردە دۈشمەن بىلەن ھەل قىلغۇچ

جەڭ قىلىپ دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىمىز، — دېگەنىدى.

ھازىر ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ ئولتۇرىدىغان چاغ ئەمەس. بۇ سىياسىيون ۋە ھەربىي قوماندان ئالپ تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈش ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر سائەتتىمۇ ۋېيېننالىقلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، «ئۇرۇشىمۇ، سۆھبەتنىمۇ قولدىن بەرمىدى.» ھازىرمۇ جەڭگاھتا ئاۋستىرىيە ئىمپېراتورى فىرانسىسقا ئىككىنچى پارچە خېتىنى يازدى:

مەككار ئىنگلىزلار ھىيلە ئىشلەتمىگەن بولسا، جانابىڭىز ئاددىي ھەم ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن بەرگەن تەكلىپىمنى تەپسىلىي ئويلىنىپ كۆرمەي قالماس ئىدىڭىز. بەختكە قارشى ئۇرۇش پارتلىدى. نەچچە مىڭ فىرانسىيەلىك لەشكەر بىلەن ئاۋستىرىيەلىك لەشكەرنىڭ جەستى دالىدا قالدى... بۇنداق دەھشەتلىك مەنزىرىنىڭ داۋاملىشىۋېرىشى مېنى تولىمۇ ئازابقا سېلىپ، سىزگە بىۋاستە خەت يېزىشقا مەجبۇر قىلدى... مارىنگو جەڭگاھىدا شېھىت بولغان لەشكەرلەر سانى ئون بەش مىڭ كىشىگە يەتتى. چوڭقۇر ھەسرەت - نادامەت ئىچىدە جانابىڭىزدىن يەنە بىر قېتىم ئۆتۈنىمەنكى، بۇ ئىنسانىي مۇراجىئىتىمگە قۇلاق سالغايسىز. جانابىڭىز ناھايىتى يىراق بىر جايدا تۇرۇۋاتقاچقا، تەسىراتىڭىزنىڭ مېنىڭكىدەك كۈچلۈك بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. قوشۇنىڭىز يېتەرلىك شۆھرەتكە ئېرىشتى، بىرقانچە شەھەرلەرنى ئىلكىڭىزگە ئالدىڭىز... بىزگە تىنچلىق ۋە ئارام بەرگەيسىز. ناۋادا كېيىنكىلەرمۇ ھاماقەتلىك قىلىپ بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشىدىغان بولسا، بىرقانچە يىللىق ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇلارمۇ ئەقلىنى تاپىدۇ، ئاندىن تىنچ - ئىناق مۇھىتتا ياشايدىغان بولىدۇ.

بىر ئۇزۇندىن - ئۇزۇن يېزىلغان بۇ خەتتىن بىرقانچە جۈملە سۆزنىلا نەقىل كەلتۈردۇق، خۇددى ناپولېئوننىڭ ئۇرۇش پىلانىدىكىدەك ئاجايىپ قاملاشتۇرۇپ ئېيتىلغان، ئۇرۇش

غەلىبىسىدەك مۆۋەپپەقىيەتلىك بولغان بۇ سۆزلەر ناپولېئوننىڭ تىنچلىققا تەشنا مەيكۈرىسىنى تۈنجى قېتىم زاھىر قىلىپ بەرگەنىدى. ناپولېئون شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئالتە قېتىم ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى، ھەر قېتىمقى غەلىبىدىن كېيىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خەت يازدى، قوماندان بوناپارت ئەمدى تىنچلىقپەرۋەر بولۇپ قالغانمىدۇ؟

ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. نىھايەت، جەڭ مەيدانىدىكى مەنزىرىگە نېرۋىسى چىدىمايتتى، شەمشىرى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسىدىن شۈبھىلىنەتتى. گازارما تۇرمۇشىنى پىششىق بىلەتتى ۋە سۆيەتتى، ئەمما ئادەتتە گازارمىدا تولا كۆرۈنمەيتتى. ئۇرۇشقا خۇددى شاھماتچىنىڭ شاھماتقا خۇمار بولغىنىدەك خۇمار ئىدى. بىراق، بوناپارت ئالدى بىلەن سىياسىيون ئىدى، لومباردى تۈزلەڭلىكى دەل سىياسىي ئېڭى ئويغانغان جاي ئىدى. ناپولېئون شۇ يەردە تۇنجى قېتىم پادىشاھ ۋە ھۆكۈمەتنى شاھمات ئۇرۇقى قىلىپ دىپلوماتىيە شاھمىتىغا چۈشكەنىدى. قولىنى ھېچقاچان قىلىچىنىڭ دەستىسىدىن ئاجراتمايتتى، ھېچقاچان قىلىچىنىڭ بىسىنى گاللاشتۇرۇپ قويمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ياۋروپانىڭ قەھرىمانى سانىلىپ، كىشىلەر قەلبىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغانىدى. بىراق، ئۆز نۆۋىتىدە تىنچلىق لوڭقىسىنىمۇ قولىدىن چۈشۈرمەيتتى، يىل بويى قىلىچ ئوينىتىپ يۈرۈشنى ئەسلا خالىمايتتى. ئۆزىگە مەلۇمكى، فىرانسىيە شان ـ شۆھرەتكە ئىنتىزار بولسىمۇ، ھازىر تىنچلىققا بەكرەك موھتاج، ئېھتىمۇ مۇھىمى فىرانسىيە ئۆزىگە موھتاج ئىدى. دۈشمەنلىرى ئارقىسىدا پايلاپ تۇرماقتا ئىدى. بوناپارت ئەمدى ھۆكۈمران بولۇپ قالدى، ئىلگىرىكىدەك نەچچە يىللاپ سىرتلاردا يۈرسە بولمايدۇ. ناپولېئون ئەنە شۇنداق ئويلار بىلەن جەڭگاھتا ئاۋستىرىيە ئىمپېراتورى فىرانسىسقا

يۇقىرىقىدەك خەت يېزىپ، ئاندىن دەرھال مىلانغا ئاتلاندى.

پارىژدىكىلەر نېمە دېيىشىۋاتقاندۇ؟

پارىژدىكىلەر زادى رازى بولدىمۇ ـ يوق؟ تەبىئىيكى، پارىژنى يوسېفىن بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇھىم ئەمەس. يوسېفىن جاھاندىكى بارلىق مال ـ دۇنيانىڭ ھەممىسىنى ئالدىغا دۆۋىلەپ قويسىمۇ رازى بولماي، تېخىمۇ كۆپ بايلىق تەلەپ قىلىدىغانلاردىن ئىدى. پارىژ ئۆزىنىڭ يېڭى غوجايىنىنى سۆيمەيتتى. «ئۇن بىر يىلدىن بۇيان، ـــ دەپ يازدى رودېرېر كۈندىلىك خاتىرىسىگە، ـــ پارىژلىقلار سەھەر ئورنىدىن تۇرغاندا ‹بۇ زوراۋانىمىز قاچانمۇ كۆزىمىزدىن يوقىلار› دەپ ئويلايتتى، ھازىر بولسا ھەر كۈنى ‹ئىشلار ياخشىلىنىپ كەتتى، ئەگەر بۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتسە، ئەمدىلا باشلىغان قۇرۇلۇشلىرىمىزنىڭ، سەرپ قىلغان دەسمايىمىزنىڭ، سالغان ئۆيلىرىمىزنىڭ، تىككەن كۆچەتلىرىمىزنىڭ تەقدىرى قانداق بولۇپ كېتەر› دەيدىغان بولدى... بوناپارت بىر گېنېراللا بولۇپ قالماي، تېخىمۇ موھىمى بىر سىياسىيون ئىدى. ئۇرۇشتا قولغا كەلتۈرگەن زور غەلىبىسى جىمى كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. دۆلەتنى ئىدارە قىلىش جەھەتتىكى سىياسىي ئىستېبداتى كىشىلەرنىڭ ئۈمىدىنى ئۆلغايتتى.» پارىژلىقلار گەرچە دەككە ـ دۈككە ئىچىدە تۇرسىمۇ، بەرىبىر ئۇنىڭغا بەخت تىلەيتتى. كەلگۈسىنى مۆلچەرلەپ يەتكەن بىر كىشى جەڭگاھتىكى ناپولېئونغا خەت يېزىپ: «گېنېرال، مەن تېخى بايىلا تۈئىلېرىس ئوردىسىدىن كەلدىم. مەن سىزگە فىرانسۇزلارنىڭ قىزغىنلىقىنى تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن، چەت ئەللىكلەرنىڭ ھەيرانلىقىنى تەسۋىرلەپ بېرەلەيمەنمۇ ئەمەس... كېيىنكى ئەۋلادلار بۇ ئۇرۇش مۆجىزاتىغا ئىشىنەرمۇ؟ ھالبۇكى، قانچىلاپ كىشى زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگىنىڭىزنى ياخشى تىلەكلىرى بىلەن تەبرىكلىمەكتە!

ئەزەلدىن ھېچقانداق بىر ئىمپېرىيەدە مۇنداق مۆجىزە يارىلىپ باقمىغان ئەمەس. بۇ يەردە بولسا ھەقىقەتەنمۇ مۆجىزە يارالدى» دېگەنىدى.

بوناپارت مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى، كۆڭلىدە «تاللېيران پەقەت خۇشامەتچىلا ئەمەس، ئۆز نۆۋىتىدە ئالدىن بىلەر ئەۋلىيا ئىكەن! كۆڭلۈمدىكىنى ئەجەب بىلىۋالدىغۇ؟ قەدىمكى رىملىقلارنىڭ رولىنى ئېلىپ، قەيسەرنى ئالدىغاندەك مېنىمۇ تاجغا قىزىقتۇرۇپ ئالدىماقچىمىدۇ؟» دەپ ئويلىدى. ناپولېئوننىڭ يېنىدا پارىژدىن كەلگەن يەنە بىر پارچە مەكتۇپمۇ بار ئىدى، ساقچى ئىشلىرى مىنىستىرى فۇشېنىڭ بىر دوكلاتىدا: «تاللېيران يېقىندىن بۇيان بىرقانچە يېقىن سىردىشىنى يىغىپ، باش مەمۇر تەتۈر قىسمەتكە دۇچار بولۇپ قالسا ياكى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولسا، قانداق تەدبىر قوللىنىش كېرەكلىكى ئۈستىدە كېڭەشتى. ئۇلار مارىنگودىكى ئۇرۇش خەۋىرى يېتىپ كەلگەندە سۆھبەت ئارىلىقىدىكى كەچلىك غىزا ئۈستىدە ئىدى» دېيىلگەنىدى. «چۆچۈپ كېتىشكەندۇ! ـــ دەپ ئويلىدى بوناپارت، ـــ ئۇلارنىڭ ۋىجدانى ئويغانغاندۇ. ياخشى دوست، خالىس نىيەتتە يېزىلغان خەت دېگەن شۇ! ئۇلارنىڭ ئاتالمىش ئەندىشىسىگە غوجايىنىنى ـــ مېنى كەتسە كەلمەسكە كەتكەن بولسىكەن، دېگەن تىلىكى يوشۇرۇنغان!»

ناپولېئون لەۋلىرىنى ھىملىدى، بۇ مەسخىرىلىك كۈلكىسىمۇ ياكى كۆڭلىدىكى ئەندىشىسىنىڭ چىرايىدىكى ئىپادىسىمۇ، بۇنىسى نامەلۇم ئىدى. بۇ پارىژغا قايتىشىنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى! بىراق، بۈگۈن ئاخشام ساكارا تىياتىرخانىسىغا باردى. ئۇ يەردە سۆيۈملۈك ئارتىس گراسىنى ـــ ناپولېئون ئىلگىرى قەتئىي رەت قىلغان بۇ نازىنىن شۇ تاپتا ناپولېئوننىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ، قۇلىقىغا شىۋىرلاپ ناخشا ئېيتماقتا ئىدى. بۇ گۈزەل ناخشىچى ئىتالىيان قىزى گەرچە ئۆز ۋاقتىدا

دىلى ئازار يېگەن بولسىمۇ، شۇ تاپتا ئىتالىيەنى بويسۇندۇرغان بۇ ئىستېلاچىغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەنىدى. بۇ ئىستېلاچىمۇ ئۇنى پارىژ تىياترخانىسىغا ئېلىپ بارماقچى بولدى، بۇ قىز ئۇ يەردە چولپان بولۇپ قالامدۇ ياكى ئاشنىسى بولۇپ قالامدۇ، بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى تارىختا قالدۇرىمىز.

گېرمانىيە تېررىتورىيەسىدىكى دۈشمەن مەغلۇپ قىلىنغاچقا، لۇنېۋىل شەھىرىدە سەلتەنەت ۋە تىنچلىق ھۆكۈم سۈردى. رېيىن چېگرا رايونى تىنچلىق شەرتنامىسىگە ئاساسەن فىرانسىيەگە ئايرىپ بېرىلدى. ھەرقايسى تەرەپلەر سالپىن جۇمھۇرىيىتىنى قايتا قۇرۇشقا قوشۇلدى. بىرقانچە ھەپتىلا داۋاملاشقان بۇ ئۇرۇشتا كىممۇ بۇنىڭدىن ئارتۇق نەتىجىگە ئېرىشەلىسۇن؟ ناپولېئوننىڭ قول ئاستىدىكىلىرى ۋە ساختىپەز دوستلىرى ئۇنى ئالەمشۇمۇل قەھرىمان سۈپىتىدە كۆتۈۋالماقچى بولۇشۇپ، قانداق قارشى ئېلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا مەسلىھەت سوراپ خەت ئەۋەتتى. ناپولېئون بولسا قاتتىق تەلەپپۇزدا ئىككى بىسلىق قىلىپ: «پارىژغا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ ئولتۇرماي تۇيۇقسىز كىرمەكچىمەن. ماڭا ھېچقانداق زەپەر دەرۋازىسى ياكى تەبرىكلەش مۇراسىمىنىڭ لازىمى يوق، مەن بۇنداق تەكەللۇپلارغا ۋاي دەپ كەتمەيمەن. خەلق رازى بولسىلا، ھەقىقىي زەپەر دېگەن شۇ!» دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇزاق ئۆتمەي يەنە شۇنداق كەمتەرلىك ئىچىدە نامايان بولۇپ تۇرغان ئاشۇ تەكەببۇرلۇقى بىلەن خەت يېزىپ: «مەن ئۈچۈن زەپەر دەرۋازىسى ياسىتىش تەكلىپىڭلارنى قوبۇل قىلدىم، ئوبدان جاي تاللاپ ياسىتىڭلار. ئەگەر بۇ ئىشىڭلار ماڭا بەرمەكچى بولغان ياخشى باھايىڭلارنى دەلىللەپ بېرەلەيدىغانلا بولسا، ماڭا ئاتاپ ئورنىتىدىغان ئابىدەڭلارنى ئۆزۈڭلار پۈتكۈزگىنىڭلاردىن كۆرە كېيىنكى ئەسىردىكى كىشىلەرگە قالدۇرۇشۇڭلارنى بەكرەك

خالايمەن !» دېدى. ناپولېئون شۇ تاپتا گويا پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغان شەخسكە چوقۇنۇش ھەرىكىتىنى، ھازىرقى ئەسەبىي چوقۇنغۇچىلىرىنىڭ يىگىرمە يىلدىن كېيىن ئۆزىنىڭ بۇركۇت تۇغىنى ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلىماي قالمايدىغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلىپ يەتكەندى.

بۇ ھۆكۈمران زەپەر قۇچقىنىدىن كېيىن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىنچلىقنى مۇستەھكەملەشكە ئاتلىنىپ، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشتى. ئىلگىرى جىددىي ھەربىي يۈرۈش ۋە شىددەتلىك توپقا تۇتۇش ئارقىلىق زېمىن ئىگىلىگەن بولسا، ھازىر دانا سۆھبەت ماھارىتى ئارقىلىق ئۆتكەنكى دۈشمەنلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزمەكتە ئىدى. فىرانسىيە ناپولېئون ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ئىككى يىل مابەينىدە ئاۋستىرىيە، پىرۇسسىيە، باۋارىيە، رۇسىيە، ناپلېس، ئىسپانىيە، پورتۇگالىيەلەر بىلەن، ھەتتا ئەنگلىيە بىلەنمۇ تىنچ ئۆتتى.

ئىلگىرى فىرانسىيە بىلەن ئون يىلغا يېقىن ئۇرۇش قىلغان توققۇز قانۇنىي دۆلەت، شۇنداقلا ئەڭ نوپۇزلۇق قانۇنىي كىنەزلىكلەرمۇ فىرانسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنىيلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى ئىچكى جەھەتتە پارچىلىنىش خەۋپىگە، تاشقى جەھەتتە باشقا دۆلەتلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ ھۇجۇمغا ئۇچراش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن فىرانسىيە ئەمدى ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك سىياسىي گەۋدىگە ئايلانغانىدى.

ناپولېئون گېنېرال سۈپىتىدىمۇ، ئىمپېراتور سۈپىتىدىمۇ ئەمەس، بەلكى باش مەمۇر سۈپىتىدە ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىپ ئىنقىلابنى غەلىبىگە ئېرىشتۈردى. ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن تاكى شىۋېيتسارىيە چېگراسىغىچە بولغان كەڭ زېمىن نۇرغۇن پادىشاھلار بىلەن بەگلەرنىڭ ئورتاق ھۆكۈمرانلىقىدا

ئىدى. ناپولېئون مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ يېڭى ئىدىيە بىلەن يېڭى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق ئورنىتىپلا قالماستىن، بەلكى ھېچقانداق قارشىلىقسىز ئۇچرىمايلا، گوللاندىيە ۋە ئىتالىيەدىن ئىبارەت ئىككى قوشنا ئەلنى باش مەمۇر ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان سىياسىي تۈزۈلمىنى قوللىنىشقا مەجبۇر قىلدى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا ئۆزىنىڭ كۈچ دائىرىسىنى پىئېرمونت، ژېنوۋا، لۇگا ۋە ئېلباغىچە كېڭەيتكەندە ئاۋستىرىيە ۋە ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئارىلاشمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، رېين دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى كىنەزلىكلەر تۆلەمگە ئېرىشىش ئۈچۈن بۇ چوڭ بېدىكچىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى، بۇ بېدىكچى بولسا ئۇلارنىڭ زېمىنىنى تالان ـ تاراج قىلىپ قولىغا كىرگۈزۈۋالدى، بۇنىڭ بىلەن نەسەبىي ۋارىس، ئاقسۆڭەك ۋە پادىشاھ دېگەنلەرنى تېخىمۇ كۆزگە ئىلماس بولۇۋالدى.

ناپولېئون ئۆزى بەرپا قىلغان قۇرۇلمىدا پەقەت بىرلا كاۋاك بار ئىدى، ئەمدى بۇ كاۋاكنى ئېتىۋەتمەكچى بولدى.

بۈيۈك ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىدراك چېركاۋ تەلىماتىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، چېركاۋغا قارشى پىكىر ئېقىمى ئومۇمىيۈزلۈك ئەۋج ئالغانىدى. بوناپارت بۇنداق ئىدىيەۋى قاراشنى يەنە ئۆزى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. بۇنىڭدىن تۆت يىل بۇرۇن ئىتالىيەدە تۇرغان ۋاقىتلىرىدا ئىلگىرى فىرانسىيەدە رەت قىلىنغان بارلىق شەيئىلەرنى دىنىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى، يەنە كېلىپ پوپلارغا ئىنتايىن ئاقىلانىلىك بىلەن سىخىيلىق قىلدى. دېمەك، فىرانسىيە ئىلگىرى چېركاۋ بىلەن ئون يىل ئېتىشىپ كەلگەنىدى، ناپولېئون بولسا ئەمدى فىرانسىيە بىلەن چېركاۋنى ياراشتۇرۇشقا جىددىي تۇتۇش قىلدى، بۇ ئۆزىنىڭ خىرىستىيان بولغانلىقى ئۈچۈنلا شۇنداق قىلغىنى ئەمەس ئىدى.

«مەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مۇسۇلمان بولۇۋالغان، هازىر كاتولىك بولدۇم» دېگەنىدى ئۇ. ئۆزىگىمۇ ئايانكى، كاتولىك دىنىدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ قەدىمىي هاكىمىيەت ئۇستىدىن هەربىي كۈچ ئارقىلىقمۇ، مەنىۋى كۈچ ئارقىلىقمۇ غالىب كەلگىلى بولمايتتى. پەقەت ئەپ ئۆتۈش يولى بىلەن ئەپلەپ - سەپلەپ پايدىلانماقتىن باشقا ئاقىلانە يول يوق ئىدى.

— كاتولىك دىنىنىڭ ئەقىدىسى پاپانى ئىلكىمگە ئۆتكۈزۈپ بەردى، — دېدى ناپولېئون، — ئىتالىيە قولۇمدىلا بولىدىكەن، هامان بىر كۈنى دىنىنى خالىغىنىمچە كونترول قىلىش ئۈمىدىمدىن هەرگىز ۋاز كەچمەيمەن. بۇ ئارزۇيۇمغا يەتكىنىمدە كۈچۈم نەقەدەر زورىيىدۇ - هە ! ياۋروپا بىلەن تۇتۇشقىنىمدىمۇ شۇ قەدەر كۈچلۈك قورالغا ئېرىشكەن بولىمەن !

ناپولېئون پارىژ تارىخىدىكى بۇ ئەڭ دادىل تەدبىرنى يولغا قويۇشقا كىرىشكەن دەسلەپكى مەزگىلدە ئۆزىنى چۈشۈرۈپ پەيلاسوپ دېيىشتىنمۇ ئايانمىدى (نەزىرىدە پەيلاسوپلار ئەڭ يارىماسلاردىن ئىدى).

— مەنمۇ بىر پەيلاسوپ. ماڭا ئايان، قايسىلا دۆلەتتە بولسۇن، ئۆزىنىڭ نەدىن كېلىپ، نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلمىگەن كىشى ئەخلاقلىق، دۇرۇس ئادەم هېسابلانمايدۇ. بۇ مەسىلىنى نوقۇل ئىدراكقا تايىنىپ چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ، دىن ئىنساننى زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا باشلاپ چىقىدۇ، كاتولىك دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى كىشىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ مەنبەسىنى ۋە تەقدىرىنى ئېنىق شەرھلەپ بېرەلەيدۇ، — دېدى ناپولېئون ئېپىسكوپنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

بۇ سۆز تارقىلىپ رىمغا يېتىپ بارغاندا، رىملىقلار قاتتىق هەيران قالدى. بىراق، بۇ ئاجايىپ ئەقىللىك پەيلاسوپقا ۋاتىكاندا ئىگە چىقمىدى. كاردىنال كونسارۋىل ناپولېئون بىلەن

سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن پارىژغا كېلىپ ناپولېئون بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندا، بۇ باش مەمۇرنى تەھدىت سېلىپ قورقۇتۇۋالماقچى بولغاندى. بىراق، بۇ دانا چېركاۋ داھىيسى باشتىن ـ ئاخىر كۆلۈمسىرىگىنىچە سۈكۈت قىلىپ تۇردى. شۇنداقتىمۇ تۈرلۈك ئىشلار توغرىسىدا، مەسىلەن، باستىرلارنىڭ بويتاق ئۆتىدىغانلىقى، ئېپىسكوپلارنى رىمنىڭ تەيىنلەيدىغانلىقى، كونا چېركاۋ قانۇنىنىڭ يىگىمباشتىن يولغا قويۇلىدىغانلىقى قاتارلىق ئىشلاردا كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. پەقەت باستىرلارنىڭ مائاشىنى دۆلەت بېرىش تۈزۈمىلا ئۆزگەرتىلمىدى، بۇنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ ھەل قىلغۇچ تەسىرىمۇ شۇ پېتى ساقلاپ قېلىنغان بولدى.

پارىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋىدا كېلىشىمگە مۆھۈر بېسىش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. باش مەمۇر ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئالىي ئەمەلدارلىرى بۇ يەرگە پەقەت تەگرىگە ھەمدۇسانا ئېيتىش ئۈچۈنلا كەلگەنىدى. باش مەمۇرمۇ دۇئا ـ تىلاۋەت ئاڭلىماقچىدى. بىراق، بۇ يەرگە كېلىشتىن ئاۋۋال ھەزرىتى ئەيسا زىياپىتىگە ۋە باشقا «بارلىق كۆلكىلىك پائالىيەت»لەرگە قاتناشمايدىغان بولۇپ پۈتۈشۈۋالغانىدى.

— بۈگۈن تىلاۋەتكە بارىمىز، پارىژلىقلار بۇ ئىشقا قانداق قارايدىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى ناپولېئون ئىنىسىدىن مۇراسىمغا قاتنىشىش ئۈچۈن كىيىم ئالماشتۇرۇۋاتقاندا.

— كىشىلەر مۇراسىم كۆرۈش ئۈچۈن ئولىشىۋالىدۇ، دىتىغا ياقمىسا ئىسقىرتىشىدۇ.

— شۇنداق قىلىدىغان بولسا، مۇھاپىزەتچىلەرنى ئىشقا سېلىپ چېركاۋدىن قوغلىتىۋېتىمەن!

— ئەگەر مۇھاپىزەتچىلەرمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ بىللە چۇقان كۆتۈرسىچۇ؟

— ئۇنداق قىلمايدۇ. ئادەملىرىم بۇۋى مەريەم چېركاۋىنى خۇددى بۇرۇن قاھىرەدىكى چاغلىرىدا مەسچىتنى ئۇلۇغلىغاندەك ئۇلۇغلايدۇ. مېنىڭ كۆزۈمگە قاراپ تۇرىدۇ، ئۇلار قوماندانىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسە، قوماندانىغا ئوخشاشلا جىددىي كەيپىياتتا ئۆتىدۇ - دە، ئۆز - ئۆزىگە: «بۇيرۇق دېگەن شۇ !» دەيدۇ.

## ئۈچىنچى، ھاكىمىيەتنى يالغۇز ئىگىلىۋالغان ھۆكۈمران

ناپولېئوننىڭ ئورنى مۇستەھكەم بولماي كەلدى. باش مەمۇرنىڭ ۋەزىپە مۇددىتى ئون يىل ئىدى، يەنە سەككىز يىلدىن كېيىن رىقابەتچىسى ئورنىنى ئېلىشى مۇمكىن. ناپولېئون سايلامغا، شۇنداقلا ئۆزى كۆزگە ئىلمايدىغان خەلقنىڭ رايىغا تايانمىسا بولمايتتى. چەت ئەل داھىيلىرى بىلەن باش قوشۇشقان چاغلىرىدا قانداق ئورۇندا تۇرار؟ ئەگەر ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئوخشىشىپ قالسا، كىشىلەر ئېتىبار بىلەن قارىمايتتى. ناپولېئون پىششىق ئويلانغاندىن كېيىن، كېڭەش پالاتاسىغا بۇ ئىشتىن بىشارەت بېرىپ قويدى.

ئىلگىرى بوناپارتنىڭ شاپائىتىگە قاراشلىق بولۇپ قالغانلىقىدىن ئاغرىنىپ ھال ئېيتىپلا كەلگەن كېڭەش پالاتاسى ئەمدى باش مەمۇرنىڭ ئون يىللىق ۋەزىپە مۇددىتىنى يەنە بىر نۆۋەت ئۇزارتىپ بېرىشكە قوشۇلدى. ناپولېئون بۇ تەكلىپتىنمۇ رازى بولماي، ئۆمۈرلۈك ۋەزىپە ئۆتەش تۈزۈمى ئەندىزىسىنى قوللىنىش تەكلىپىنى بەردى. قەدىمكى قەھرىمان پادىشاھ قەيسەردەك ئەقىللىك باش مەمۇر بۇ ئويىنى «خالايىق»نىڭ ئاۋازىغا قويماقچى بولدى. ئاۋازغا قويۇش نەتىجىسىدە تۆت مىليون كىشى قوشۇلۇپ ئاۋاز بەردى، ناھايىتى ئاز ساندىكى

نەچچە ئون كىشىلا باتۇرلۇق بىلەن قارشى ئاۋاز بەردى. شۇنداق قىلىپ ناپولېئوننىڭ ھوقۇق دائىرىسى كېڭىيىپ، ئەمدى چەت ئەللەر بىلەن ئۆز ئالدىغا تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىشالايدىغان ئىمتىيازغا، پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىش ھوقۇقىغا ئىگە پالاتا ئەزالىرىنى ئۆز ئالدىغا ۋەزىپىگە تەيىنلەش ھەمدە ئۆز ۋارىسىنى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى.

قوشۇلۇپ ئاۋاز بەرگەن بىرقانچە مىليون كىشى ئىچىدە ناپولېئوننى ھىمايە قىلمايدىغانلىرىمۇ بار ئىدى. پارىژدا تەنتەنىلىك زەپەر مۇراسىمى ئارقىلىق لىيۇكسېمبۇرگ ئوردىسىغا كىرگىنىدە چاۋاك چېلىپ تەنتەنە قىلغۇچىلارنىڭ تايىنى بولمىغانىدى. ناپولېئون بۇ ئىشتىن كېيىن ساقچى ئىشلىرى مىنىستىرىدىن سورىدى:

— سىز نېمە ئۈچۈن ئالدىنئالا تەنتەنىلىك كەيپىيات پەيدا قىلمىدىڭىز؟

— بىز قەدىمكى گائۇللارنىڭ پۇشتى. بىلىشىمچە، گائۇللار ئەركىنلىك بىلەنمۇ، زۇلۇم بىلەنمۇ چىقىشالماسمىش، — دەپ جاۋاب بەردى فۇشې.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ!؟

— پۇقرا باش مەمۇر، دېمەكچىمەنكى، پارىژلىقلار يېقىنقى ھەرىكىتىڭىزدىن ئۆزلىرىنىڭ بارلىق ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قالغانلىقىنى، جەمئىيەتنىڭ مۇتلەق دىكتاتورىغا يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى.

— ئەگەر مەن ھوقۇقنىڭ ئىگىسى ئەمەس، ھوقۇقنىڭ سايىسى بولۇپ قالىدىغان بولسام، ماڭا ئالتە ھەپتىلا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇزۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس.

— سىز رەھىمدىل، كەسكىن ۋە ئادىلدۇرسىز، — دېدى ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدا بۇ ئۈچ پەزىلەتنىڭ بىرىمۇ تېپىلمايدىغان بۇ

قىرى تۈلكە، — ئۇزاققا قالماي پۇقرالارنىڭ كۆڭلىنى يېڭىباشتىن ئۆزىڭىزگە قارىتىۋالالايسىز.

— خەلقنىڭ پىكرى ئۆزگىرىشچان كېلىدۇ، خەلق پىكرىنى قانداق يېتەكلەشنى، قانداق ياخشىلاشنى ئوبدان بىلىمەن، — ناپولېئون گېپىنى تۈگىتىپلا باشقا ياققا ئۆرۈلۈۋالدى.

ناپولېئون ئىككى مىنۇتچە داۋاملاشقان بۇ سۆھبەت نەتىجىسىدە فۇشېنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش قارارىغا كەلدى. بۇ سابىق چېركاۋ روھانىيسىدىن قورققانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنى ياراتمىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قارارغا كەلگەندى. بوناپارت ساقچى ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئەدلىيە مىنىستىرلىقىغا قوشۇۋەتتى ۋە بۇنى «ئىنچلىق سىياسىتىمنى ۋە فىرانسۇزلارنىڭ مېنى چىن كۆڭلىدىن ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى پۈتۈن ياۋروپاغا نامايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم» دەپ چۈشەندۈردى. ناپولېئوننىڭ بۇنداق سۆزلىرىگە ئادەتلەنمەي بولمايتتى، ئۆزىنى ئەنە شۇنداق سىياسىي نىقاب بىلەن يوشۇراتتى. ناپولېئون فۇشېنىڭ كۆڭلىگە تەسەللىي بېرىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنى پالاتا ئەزاسى قىلىپ تەيىنلىدى. فۇشې ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىش ئالدىدا تەييارلىق مەبلىغىدىن ئېشىپ قالغان 2 مىليون 500 مىڭ فىرانكنى ئۆتكۈزۈپ بېرىۋىدى، ناپولېئون بۇنىڭدىن قاتتىق ھەيران قالدى ھەمدە بۇ پۇلنىڭ يېرىمىنى «ئۆز كۆڭلى» ھېسابىدا فۇشېغا ئايرىپ بەردى. ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتكەن فۇشې قوبۇلخانىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، بايا ناپولېئون بۆلۈپ بەرگەن سۆيۈنچە پۇل بىلەن تاپشۇرماي يوشۇرۇپ قالغان قالدۇق پۇلنى كۆڭلىدە جەملەپ ھېسابلاپ چىقتى.

ناپولېئون كۆرگەن - بىلگىنى كۆپ خەتەرلىك شەخسلەرگە ئەنە شۇنداق تاقابىل تۇراتتى، جامائەت پىكرىنى قانداق

ئىنچىتىشىنىمۇ ئۇبدان بىلەتتى، ھەرقانداق پارتىيە ۋە ھەرقانداق شەخس ئالدىدا كۆڭۈل قەرزدارى بولۇپ قالماسلىقنى نىيەت قىلغانىدى. شۇڭا، ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن قىلغىنىغا ئوخشاش ئىش كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك باش مەمۇر بولۇشىنى ئومۇمىي خەلقنىڭ ئاۋازىغا قويۇپ تەستىقلىتىۋېلىشتا چىڭ تۇردى، شۇنداق بولغاندا ئىنقىلابنىڭ ئۇزۇل - كېسىل ئاخىرلاشقانلىقىغا ھەقىقىي ئىشەنچ قىلالايتتى. «خەلقتىن مەسلىھەت ئېلىشنىڭ مۇنداق ئىككى تۈرلۈك پايدىسى بار: باش مەمۇرلۇق مۇددىتىم ئۇزارتىلىپلا قالماستىن، ھوقۇقۇمنىڭ مەنبەسىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلىدۇ.» بۇ سۆز ئۆزىنىڭ ئىنقىلاب بىلەن قانۇنىيلىق ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك بىر جايدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئورنىنىڭ تېخى مۇستەھكەملىنىپ كەتمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى، بۇ ناپولېئون ئۆمۈر بويى ھەل قىلىپ كېتەلمىگەن بىر مەسىلە ئىدى.

بوناپارت خۇددى رىم دەۋرىدە ئۆتكەن قوماندانلاردەك دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئۆز قولىغا مەركەزلەشتۈرۈش خىيالىدا ئىدى. بىراق، ھاكىمىيەتنى رىم قەھرىمانلىرىدەك ئالىي قوماندانلىق ئورنىدا تۇرۇپ ھەربىي كۈچ ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى تەڭداشسىز ئىقتىدارى ئارقىلىق قولىغا ئالماقچىدى. ئۆزىنى ھۆرمەتلەيدىغان ئارمىيەنى ئەمەس، بەلكى ئۆزى كەمدىن - كەم چۈشىنىدىغان خەلقنى ئۆز ھوقۇقىنىڭ ئاساسى قىلدى. پادىشاھ بولۇشنى، پادىشاھ بولغاندىمۇ ئەنئەنىۋى مەنىدىكى مۇستەبىت پادىشاھ بولۇشنى، دېموكراتىيە مەيدانىدا تۇرىدىغان، خەلق ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن سايلاپ ھوقۇق بەرگەن مۇستەبىت پادىشاھ بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇنداق تەرتىپنىڭ ساختىلىقىنى ئاللىبۇرۇن كۆرۈپ يەتكەن بولسىمۇ، زامانىسىنىڭ زورى بىلەن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. ھاكىمىيەتنىڭ مەنبەسى بولغان

خەلق ھوقۇقنى ناپولېئوننىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ناپولېئون «ھوقۇق ئاقسۆڭەكلەر ۋارىسىنىڭ قولىدا ئەمەس، قابىللارنىڭ قولىدا بولۇشى كېرەك» دېگەن ئۆزىگە پايدىلىق ئىنقىلابىي پرىنسىپنى تەتبىقلىغانىدى. بۇ دۆلەتتە ئۆزىدىن ئېشىپ چۈشكۈدەك تالانت ئىگىسى بارمۇ؟ بىراق، ناپولېئون ئۇرۇش مەزگىلىدە ۋە تىنچلىق مەزگىلىدە ئۆزىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن ھەمدە ھاكىمىيەتنى ئىلكىگە ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان ئىستېبداتىنى ئەمەس، ئەخلاقنىڭ تۈرتكىسىدە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ سايلىمىنى ئۆز ھوقۇقىنىڭ مەنبەسى قىلدى ھەمدە شۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆز ھوقۇقىنى ئەقىللىگىمۇ، قانۇنغىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئارزۇسىدا بولدى. ناپولېئون ئىنقىلابنى قۇتقۇزۇپ قالغان نىجاتكار دېيىلىدىغان بولسا، جۇمھۇرىيەتنى بوغۇپ ھالاك قىلغۇچىمۇ دەل ناپولېئوننىڭ ئۆزى ئىدى. بۇنداق ئۇي - پىكىر ناپولېئوننىڭ سوغۇققان سىياسىي ھېسابات ماھىرلىقىنىڭ نەتىجىسى بولماستىن، بەلكى قەدىمكى زامانغا خاس ئىدىيەگە تەلپۈنۈش قىزغىنلىقىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ئەنە شۇنداق قىزغىنلىقنىڭ تۈرتكىسىدە مۇشۇ يولدا ماڭدى، شۇنداقلا ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش داۋامىدا كېڭەش پالاتاسىدا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغىنىدەك ھالغا چۈشۈپ قالدى. «سىز بەئەينى پلۇتارىخنىڭ قەلىمىدە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژغا ئوخشايسىز» دېگەنىدى ياشلىق دەۋرىدە بوناپارتنى ھەقىقىي چۈشىنىدىغان بىر كىشى. بوناپارت خەلق ھۆكۈمرانى بولغىنى بىلەن دېموكراتىيەدىن زادىلا خەۋىرى يوق ئىدى. قەدىمكى زاماندا بولۇپ قېلىشىنى ياكى ئاسىيادىكى ھېلىمۇ مۇستەبىتلىك تۈزۈمدە تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەردە بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى، شۇنداق بولغىنىدا، ئۆزىدەك بىر تالانت ئىگىسى ئىككى مەھكىمىنىڭ

ماقۇللۇقىنى ئېلىپ ئولتۇرمايلا تېگىشلىك ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ خالىغىنىچە ھۆكۈمرانلىق قىلىشۋەرگەن بولاتتى. سايىنىت كلوۋدتىكى ئىشخانىسىدا سىپىئو بىلەن خانىنىبالىنىڭ يېرىم گەۋدە ھەيكىلى قويۇلغانىدى. ناپولېئونىغا رىم ئىمپېراتورى ۋە ئەرەب خەلىپىلىكىدىنمۇ ئۆتە باب كېلىدىغان مەرتىۋە يوق، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ ئىككى خىل ھوقۇق ئىشقىدا مەستانە ئىدى.

سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن ئالدى بىلەن بوربون جەمەتىدىكىلەر سادىدىلىق بىلەن ناپولېئوننى ئۆز يېنىغا تارتماقچى بولدى. مۇيتۇگزىغا چىقىرىلىپ قىلىچ بوينىغا تەڭلەنگەن سابىق فىرانسىيە پادىشاھىنىڭ ئىنىسى، ھازىرقى گىراف پىرووۋانس (كېيىن تەختكە ئولتۇرۇپ بىرمەھەل لۇئىس XVIII دەپ ئاتالدى) بۇ ئىنقىلاب ئەركىشىدىن ئۆزىنىڭ پادىشاھلىق تەختىكە چىقىشى ئۈچۈن ئۈچ قېتىم ياردەم تەلەپ قىلدى ھەمدە ئوبدان ھەق بېرىشكە ۋەدە قىلدى، باش مەمۇر ئالدىنقى ئىككى قېتىم ياردەم تەلەپ قىلىپ ئەۋەتكەن خېتىنى ئېتىبارسىز قالدۇرۇپ، ئاخىرقى بىر پارچە خېتىگىلا جاۋاب يازدى:

جانابىڭىزنىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋالدىم، مۇلايىم سۆزلىرىڭىزگە ھەشقاللا. تەختىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلمىسىڭىز بولاتتى، چۈنكى بۇنىڭ ئۈچۈن يۈز مىڭلاپ كىشىنىڭ ھاياتىنى قۇربان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر فىرانسىيەنىڭ تىنچلىقى ۋە بەختى ئۈچۈن شەخسىي مەنپەئىتىڭىزنى قۇربان قىلسىڭىز، كېيىنكىلەر سىزدىن كۆپتىن - كۆپ مىننەتدار بولار ئىدى. جەمەتىڭىزنىڭ بەختسىزلىكىگە قايغۇرمايۋاتقىنىممۇ يوق... ھاكىمىيەت سىرتىدا تۇرغان چاغلىرىڭىزدىكى شۆھرىتىڭىزگە ۋە ئامانلىقىڭىزغا كۈچۈمنىڭ بارىچە كاپالەتلىك قىلىمەن.

بوناپارت تىكەن يوشۇرۇنغان گۈلدەك ئەنە شۇنداق شېرىن سۆزلىرى ئارقىلىق بۇ قانۇنلۇق شاھزادىنى «بارلىق جاۋابكارلىقنى بوربون خاندانلىقى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك» دېگەن پىكرىگە قايىل قىلدۇرماقچىدى. شاھزادە شۇنىڭدىن كېيىن خەت يازمىدى ھەمدە ئاشكارا مۇرەسسە ـ مادارا قىلدى.

ناپولېئون ۋاندې ئۆلكىسىدىكى خانپەرەسلەرنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە تامامەن باشقىچە ئۇسۇل قوللاندى، ئۇلار دەسلەپتە بۇنى چۈشەنمىگەنىدى. بۇ ئىنقىلاب ئەركىسى ئۇزاق ۋاقىت كۈتكەندىن كېيىن كونىچە ھەربىي تون كىيىپ، چاچلىرى چۇۋۇق ھالەتتە ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى:

— مېنىڭ تۇغۇم ئاستىغا كېلىڭلار، مېنىڭ ھۆكۈمىتىم ياش ھۆكۈمەت، ئاقىلانە ھۆكۈمەت! سىلەر شاھزادىلەر ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلغانىدىڭلار... بىراق، شاھزادىلەر شان ـ شۆھرەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى خالىمىدى. ئۇلار نېمە ئۈچۈن ۋاندېدا ئۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلمىدى؟ ۋاندې ئۇرۇشقا تېگىشلىك جاي ئىدىغۇ؟

— ئۇلار سىياسىي سەۋەبتىن لوندوندا تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولغان، — دېدى ئاقسۆڭەكلەر.

— ئۇلارنى بېلىقچى كېمىسىگە تاشلاپ ئېلىپ كەلسەك بولغۇدەك! — ۋارقىرىدى ناپولېئون ئاچچىقى بىلەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ سۆز ناپولېئوننىڭ «ئىچ ـ ئىچىدىن پارتلاپ چىققان سادا» ئىكەن. بۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلىشقا پەقەت شىرمەت باتۇرلارلا مۇناسىپ ئىدى. ھېلىمۇ ئېسىدە تۇرۇپتۇ، ئۆزى بىر چاغلاردا كىچىككىنە بىر ھەربىي كېمىگە چۈشۈپ، دەھشەتلىك دولقۇنلاپ ۋە كۆۋەجەپ تۇرغان ئوتتۇرا دېڭىزنى توغرا كېسىپ ئۆتۈپ، دۈشمەن كېمىلىرىدىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ يورۇپ ئاخىر ئۆز دۆلىتىنىڭ دېڭىز

قىرغىنقىغا يېتىپ كەلگەنىدى. ياۋروپانى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتكەن بۇ ياش سەركەردىنىڭ خۇشامەت بىلەن تەھدىتنى تەڭ ئارىلاشتۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ باقايلى:

ــ نېمە بولاي دەيسىز، گېنېرالمۇ ياكى ئۆلكە ۋالىيسىمۇ؟ ئەگەر مەن تەرەپكە ئۆتسىڭىز، ئۆزىڭىزمۇ، خادىملىرىڭىزمۇ كۆڭۈللۈك ئاللاردىكىدەك مەرتىۋىگە ئېرىشىسىلەر! ھېچنېمە بولغۇڭىز يوقمۇ؟ ناپولېئون كىيگەن كىيىمنى كىيىش نومۇسلۇق ئىشمىدى؟... تىنچلىقنى خالىمىسىڭىز، يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ شەھىرىڭلارنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋېتىمەن!

ــ شۇنداق قىلىدىغان بولسىڭىز، ــ دەپ جاۋاب بەردى گىراف دانە ـ دانە قىلىپ، ــ قىيما ـ چىيما قىلىپ تاشلايمەن!

ــ ماڭا تەھدىت سېلىشقا قانداق پېتىندىڭىز! ــ دەپ ھۆركىرىدى ناپولېئون ۋەھىمىلىك ئاۋازدا غەزەپ بىلەن.

بىراق، ئېنىق جاۋاب ئالغانلىقى ئۈچۈن ھەرھالدا خېلى تىنچىپ قالغانىدى. گىراف قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە قۇرۇق قول قايتىپ كەتتى. ناپولېئوننىڭ چەت ئەل تەلەپپۇزىدىكى سۆزلىرىنى چۈشەنمەك تەس ئىدى. «ئۇنىڭ مول تەسەۋۋۇرى كىشىنى گاڭگىرىتىپ قوياتتى، ھەقىقىي مۇددىئاسىنى بىلگىلى بولمايتتى.»

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باش مەمۇر چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن نۇرغۇن خانپەرەسلەرنى ۋەتەنگە چاقىرتىپ، ئېتىبار بېرىش ئارقىلىق دۈشمەنلىك نىيىتىدىن ياندۇردى. شۇنىڭ بىلەن تېزلا قىرىق مىڭ كىشى ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. يەنە شۇ ئۇسۇلدا «نەيرەڭلىرى بىلەن يىگىرمە ھۆكۈمەتنىمۇ ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا قادىر» ياكوبىنچىلار بىلەنمۇ ئۇچراشتى. پەرىزىچە، بۇ

دېموكراتىك ئوتتۇرا بۇرژۇئازلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقى مۇقەررەر ئىدى. چۈنكى، ھازىر دېموكراتىك ئاۋام ئۆزىنىڭ سايىسىدا بىخەتەر تۇرۇۋاتاتتى، پارىژمۇ ئاۋامنىڭ قالايمىقان ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلىنىپ قېلىشتىن خالىي بولغانىدى، خۇددى شەپقەتلىك پادىشاھتەك جامائەتنى تالاپەتتىن ۋە ئەنسىزچىلىكتىن خالاس قىلغانىدى.

ناپولېئون ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىغا مۇنداق بۇيرۇق چۈشۈردى:

ئەگەر ھاۋا 1789 ـ يىلىدىكىدەك سوغۇق بولسا، جەزمەن چېركاۋ ۋە سودا بازارلىرىدا ئوت قالاپ، نۇرغۇن كىشىنىڭ ئىسسىنىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشىڭلار شەرت، زىمىستان قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇق كۈنلىرى گۆش باھاسى چوقۇم ئۆرلەپ كېتىدۇ. پارىژدا كۆپرەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پۇرسىتى يارىتىشىڭلار شەرت. بۇنىڭ ئۈچۈن ئوككىۋېس قانىلىنى قېزىشقا، دوسې پىرىستانىنى ياساشقا تۇتۇش قىلساڭلار، پىرىستانغا بارىدىغان يولغا تاش ياتقۇزساڭلار بولىدۇ، قانۇندا بارلىق تىلەمچىلەرنى تۇتۇپ تۈرمىگە تاشلاش كېرەك دەپ بەلگىلەنگەن. بىراق، بۇ بىر بىمەنىلىك ھەمدە دىيانەتسىزلىك بولۇپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭغۇ تۇتۇش كېرەك، ئەمما ئۇلارغا ئىشلەپ نېنىنى تېپىپ يېگۈدەك خىزمەت تېپىپ بېرىش كېرەك، مۇھىمى شۇ. ئۆلكىلەردە يىغىۋېلىش ئورۇنلىرىنى كۆپرەك قۇرۇش لازىم، نۇرغۇن موزدوز، تۇماقچى، تىككۈچى ۋە ئېگەرچى ئىشسىز قالدى، دەرھال تەدبىر قوللىنىپ، ئۇلارغا كۈنىگە بەش يۈز كىشىلىك ئاياغ تىككۈزۈش كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئارمىيە، ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنى زەمبىرەكچىلەر قىسمىنىڭ ئۇسكۈنىلىرى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە زاكاز تالونلىرىغا ئىمزا قويۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى،

شۇنداقلا ئىچكى ئىشلار مىنىستىرىغا خەت يازدى:

بولۇپمۇ مۇشۇ ئايدىكى ئايەم كۈنىدىن بۇرۇن ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىشىمىز شەرت، سىز مال زاكاز قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈپ، بەشىنچى ، ئالتىنچى ئايلادا ساينىت ئانتون رايونىدىكى ئىككى مىڭ ئىشچىغا ئورۇندۇق، كىيىم ئىشكاپى، سافا ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى ياساتقۇزۇڭ... دەرھال ئىش باشلاشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئەتىدىن قالماي پىلانىڭىزنى ماڭا يەتكۈزۈپ بېرىڭ.

ناپولېئون بىرىنچى نىزامنى ئوقۇۋېتىپ، بۇ نىزامدىكى خىزمەت فورمىسى كىيگەن ئىشچىلارنىڭ چاھارباغدىن ئۆتۈشى مەنئى قىلىنىدۇ، دېگەن بەلگىلىمىنى دەرھال چىقىرىۋېتىپ، ئىشچىلارنىڭ شۇنداق قىلىشىغا ئىجازەت بەردى. جامائەت قىرائەتخانىسىنى تاقاش توغرىسىدىكى تەكلىپتىن خەۋەر تاپقاندا خاپا بولۇپ كەتتى: «مۇنداق بەلگىلىمە پەقەت دىتىمغا ياقمايدۇ! بېشىمدىن شۇنداق ئىشمۇ ئۆتكەن، ئىسسىق بىر ئۆيدە ۋاقتىنى گېزىت ۋە يېڭى نەشردىن چىققان كىتابلارنى ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزۈش شۇ قەدەر ئەھمىيەتلىك ئىش. مېنىڭ ئۆتمۈشۈمدىكىدەك نامرات ئۆتۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ بۇنداق راھەتتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا ھەرگىز رۇخسەت يوق.» ناپولېئون مەملىكەت بويىچە قىمار چەكلەش بۇيرۇقى چىقاردى، «چۈنكى، قىمار كىشىنى قاقسەنەم قىلىۋېتىدۇ، توسماستىن قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇش بولمىغۇر ئۆلگە تىكلىگەن بىلەن باراۋەر.»

ناپولېئون ئېلان قىلغان يېڭى مائارىپ قانۇنىنىڭ خاسىيىتى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە تېخنىكوم مەكتەپلىرى قۇرۇلدى،

ھۆكۇمەت خىراجىتى بىلەن ئوقۇشقا ئالتە مىڭ سان بېرىلدى. بۇ ساننىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى دۆلەت ئۈچۈن تۆھپە قوشقان كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۈچ يىل مابەينىدە مەملىكەت بويىچە جەمئىي تۆت مىڭ بەش يۈز باشلانغۇچ مەكتەپ، يەتتە يۈز ئەللىك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، قىرىق بەش تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى. ناپولېئون پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئاكادېمىكلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى تاللاپ 1 ـ نۆۋەتلىك كېڭەش پالاتاسى ئەزالىقىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى ناپولېئوننىڭ پەرمانى بويىچە «ئەڭ مۇنەۋۋەر ئون رەسسام، ھەيكەلتىراش، كومپوزىتور، مۇزىكانت، ئارخىتېكتور ۋە پەۋقۇلئاددە ئىستېداتقا ئىگە ھۆرمەتكە سازاۋەر باشقا سەنئەتكارلار» ئىسىملىكىنى تۇرغۇزدى. ئۆز رەھبەرلىكىدىكى تەسىرلىك ئۇرۇش ھېكايەتلىرى تەسۋىرلەنگەن بۈيۈك تام رەسىملىرىنى سىزدۇردى. دۆلەتنىڭ سەنئەت توغرىسىدا بەلگىلىمە تۈزۈشى كېرەكلىكى ھەققىدە توختىلىپ، سەۋەبىنى «خەلق دۆلىتىمىزدە سەنئەت يوق دەپ ئاغرىنسا، بۇ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ سەۋەنلىكىگە ياتىدۇ» دەپ ئىزاھلىدى.

ئەگەر جىمى ساھەنى گۈللەندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۈچلىنىشى قانائەت تاپقۇزىدىغان بولسا، بۇ دۆلەتتە شان ـ شەرەپكە ئىنتىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىستېداتىنى نامايان قىلدۇرۇشقا ئورۇن قالسۇنمۇ؟ ئەگەر ئۇرۇش بولمىسا، ئوردا تۇرمۇشى بولمىسا، فىرانسۇزلار ئۆزلىرىنىڭ شۆھرىتىنى قانداق نامايان قىلىدۇ؟ ناپولېئون بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن شۆھرەتلىك بىرلەشمە ئارمىيە تەسىس قىلدى. شۆھرەتلىك بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ بەرپا قىلىنىشى نەتىجىسىدە زور بىر تۈركۈم كىشى ناپولېئوننى ساداقەتمەنلىك بىلەن ھىمايە قىلىشقا

ئۆتتى. چۈنكى، ئىلگىرى «ھەرقانداق فېئودال ھۆكۈمرانلىقنىڭ تىرىلىشىگە قارشى تۇرىمەن» دەپ قەسەم بەرگەنلىكى كىشى بوناپارتقا ھەرگىز قارشى چىقمايتتى، يەنە كېلىپ بىرلەشمە ئارمىيە پەقەت بىرەر ئوفىتسېرنىڭ كۆلۈبى ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ مەقسىتى زور تۆھپە قوشقان بارلىق كىشىلەرنى مۇكاپاتلاش ۋە شۆھرەتكە ئىگە قىلىش ئىدى. شۇڭا، ناپولېئون بىر فىزىكا ئالىمىنى بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ پەخرىي باش كوماندىرلىقىغا تەيىنلىدى. بەزىلەر «كېڭەش پالاتاسىدا ھازىرقى شەرەپ ئوردېنى بېرىش ئەھۋالى ئىلگىرىكى ئاغدۇرۇۋېتىلگەن سۇلالىلەرنىڭ قالايمىقان تارتۇقلاش ئەھۋالىغا ئوخشاپ كېتىمدۇ ـ قانداق» دەپ سورىغاندا، بوناپارت بۇ مەسىلىگە ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— ئوردېنسىز جۇمھۇرىيەتنىڭمۇ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. سىز بۇلارنى بالىلارنىڭ ئويۇنچۇقى دەيسىز، ئەمما بۇلار مۇقەررەر ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنىڭ شاھىتى. مەن ئاممىۋى سورۇنلاردا بۇنداق گەپلەرنى دېمەيمەن. ئەمما، دانالار بىلەن سىياسىيونلار جەم بولغان بۇنداق يىغىندا ئۆز ئويۇمنى ئېيتىۋېرىمەن. فىرانسۇزلارنىڭ ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىكنى سۆيىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن، بۇ مىللەتنىڭ خاراكتېرى ئون يىللىق ئىنقىلاب بىلەن ئۆزگىرىپ كەتكىنى يوق. ھازىرمۇ ئەجدادلىرىدەكلا ئەسەبىي ۋە تۇراقسىز بۇ فىرانسۇزلار پەقەت بىر خىل تۇيغۇغىلا قىزىقىدۇ، ئۇ بولسىمۇ شان ـ شۆھرەت. شۇڭا، ئۇلارغا ئوردېن كېرەك... لەشكەرلەرنى نام ـ شۆھرەت ۋە مائاش ئارقىلىق يۇگەنلەشكە توغرا كېلىدۇ... بۇ ھازىرقى جاھاندىكى ئاددىي يولغا ئوخشىمايدىغان بىر خىل يېڭى يول، بىر خىل قورال بولاق. كىشىلەرنى ئالىيجاناب ھەرىكەتتى ئۈچۈن

تارتۇقلاشقا لايىق بۇنىڭدىن ئۆتە ئىبسىل پۇل يوق.

ناپولېئوننىڭ بۇ مەنىلىك سۆزلىرى ئىنسانىي ھوقۇقنى كەمسىتىش، ئاۋامنىڭ پىسخىكىسىنى چۈشىنىش ۋە چەت ئەللىك سۈيىقەستچىلەرنى تەقسىمنىڭ ئىبارەت يۇرتنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن چىققان ئۈچ خىل سادا ئىدى. بىراق، ناپولېئون نېمىلا دېگەنبىلەن فىرانسىيەنى ئۆزىگە يېڭى ۋەتەن قىلىپ تاللىغان كورسىكالىق ئىدى.

## تۆتىنچى، ملاد كېچىسىدىكى پارتلاش ۋەقەسىدىن كېيىن

باش مەمۇر ملاد ھارپىسىدا پەيتونغا ئولتۇرۇپ تىياتىرغا كېتىۋاتاتتى، يوسېفىن ۋە قىزىمۇ باشقا بىر پەيتوندا ئىدى. تار كوچىدا ئات قوشۇلمىغان بىر پەيتون يولنى توسۇپ تۇراتتى، پەيتونكەش ئېتىنى قامچىلاپ يولنى داۋام ئەتتى. ناپولېئون چۈشكەن پەيتون دەل ھېلىقى قۇرۇق پەيتوننىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، قۇرۇق پەيتوندىكى يوشۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان پارتلىغۇچ پارتلاپ يىگىرمىچە كىشى قازا قىلدى. ئەمما، ناپولېئون ئولتۇرغان بىرىنچى پەيتون بىلەن يوسېفىنلار ئولتۇرغان ئىككىنچى پەيتونغا تالاپەت يەتمىدى. پەيتونكەش ئېتىنى قامچىلاپ پەيتوننى چاپتۇرۇپ ناپولېئوننىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. باش مەمۇر ناپولېئون تىياتىرخانىغا تىنچ - ئامان يېتىپ بېرىپ لوژىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن ئەتراپىدىكىلەرگە:

— خۇنپەرلەر مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى دېسە. ماڭا بىر نومۇر تىزىملىكى بېرىڭ، — دېدى ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىر سىياقتا. شۇ ئاخشىمى خايتۇننىڭ «يارالمىش ئالەم» دېگەن ئوپېراسى ئورۇندالغانىدى، باش مەمۇر ئىنتايىن سالماق

كۆرۈنەتتى.
ناپولېئون يېقىملىق مۇزىكىلانى ئاڭلىغاندا ئادەتتە بارلىق پىلان ۋە ئويلىرىنى ئۇنتۇپلا كېتەتتى، ئەمما بۇگۈن ئاخشام ئۆزىگە كىمنىڭ قەست قىلغانلىقى، ئەگەر بۇ سۇيىقەست ئەمەلگە ئېشىپ قالغان بولسا، قانداق ئاقىۋەت پەيدا بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىپ ئولتۇردى. « ئەبلەخلەر! كىمدۇ ـ ھە، ئۇلۇڭ قانات ياكى سول قانات دوكارلارمىكىن... بۇ ئانچە مۇھىم ئەمەس، ئىشقىلىپ رەقىبلىرى ھەممە يەردە بار، بۇنىسى كۆڭۈلگە ئايان. گەپ قايسى گۇرۇھتىكىلەرنى قاتىل دەپ بېكىتسە ئۆزىگە ئەڭ پايدىلىق بولىدىغانلىقىدا.» ناپولېئون دەرھال بىر قارارغا كېلىپ «ئەمەلگە ئاشماي قالغان بۇ سۇيىقەستىنىڭ رولىدىن ئوخشاشلا تولۇق پايدىلىنىشىم كېرەك، بۇ ياخشى پۇرسەتتىن پايدىلانسام، ئۆزۈمنىڭ ھوقۇق مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋالالايمەن، كېچىكتۈرسەم بولمايدۇ» دەپ ئويلىدى.
كىشىلەر ئەتىسى ئەتىگەندە بەس ـ بەس بىلەن كېلىپ، بالا ـ قازادىن ئامان قالغانلىقىنى تەبرىكلەشتى ھەمدە ھەممىيلەن بىردەك بۇ سۇيىقەستنى خانپەرەسلەردىن كۆردى. ناپولېئون بولسا ئەتەي غەزەپلەنگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، «خاتالاشتىڭلار» دېدى.
ـــ چوقۇم سېنتەبىر پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ ئىشى، ئۇلار زىيالىيلار، ئىنقىلابىي ھەربىيلەرنىڭ تۆۋەن قاتلامدىكى ئوفىتسېرلىرى، ياخشى تەربىيە كۆرگەن، باتۇر ھەمدە تەسەۋۋۇرغا باي، ئامما بىلەن بولغان ئالاقىسى قويۇق، يەنە كېلىپ ئىشچىلارنى قۇترىتىشقا ماھىر!
بەزىلەر كېڭەش پالاتاسىدا پەۋقۇلئاددە كومىتېت قۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەنىدى، ناپولېئون بۇ چارىنى قوللانساق ھەرىكىتىمىز ئاستا بولۇپ قالىدۇ، دەپ قاراپ قارشى تۇردى.

كىشىلەرگە جىددىي كەيپىياتتا نۇتۇق سۆزلەپ ئۆز قارىشىنى تولۇق يەتكۈزدى:

— خاتالاشتىڭلار، جانابلار! بىز بىر بولسا خۇددى ئاۋگۇستتەك ھېچبىر چارە قوللانماي جىنايەتچىلەرگە كەڭچىلىك قىلمىز ياكى قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ جەمئىيەت تەرتىپىگە كاپالەتلىك قىلمىز... ئاددىيغىنا ئۇسۇلدا جىنايى ئىشلار تەرتىپى بويىچە سوتقا تارتىش زادىلا كۇپايە قىلمايدۇ، بۇ ئىشلارغا جەزمەن باش مەمۇر ئۆزى ھۆكۈم چىقىرىشى كېرەك... قان تۆكمەي بولمايدۇ! قانچە بىگۇناھ قازا قىلغان بولسا، شۇنچە گۇناھكارنى ئېتىپ تاشلاش كېرەك. بۇ ۋەھشىي بۆرىلەردىن ئىككى يۈزنى قولغا ئېلىپ سۈرگۈن قىلغۇلۇق. بېشىمىزغا كەلگەن بەختسىزلىكنىڭ ھەممىسىنى پۇرسەت بولسىلا، ئوۋ ئۇۋلاشقا ئارانلا تۇرغان ئاشۇ جەددالىلار پەيدا قىلغان!

قىرى ترانسىپي تىنماي بېشىنى چايقايتتى، كۆڭلىدە «قاچقۇنلار ياكى ئىنگلىزلارنىڭ ئىشى بۇ، ئۇلار بۇنداق ئەسكىلىكلەرنى ھەرقانداق جايدا قىلىۋېرىدۇ» دەپ ئويلايتتى.

— نېمە؟ — دېدى ناپولېئون غەزەپ بىلەن، — ئاقسۆڭەكلەر بىلەن پوپلارنى سۈرگۈن قىلىشىم شەرتمىدى؟ بىرىنچىدىن، ۋەندى ئۆلكىسى تىنچ تۇرۇۋاتىدۇ. ئىككىنچىدىن، دۇنيادا ئەڭ كەڭ تارالغان بىر دىنىنىڭ مۇخلىسلىرىنى سۈرگۈن قىلىشنى خالىمايمەن. بارلىق پالاتا ئەزالىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرمىسام بولمايدۇ. چۈنكى، ئىككى ـ ئۈچىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممىسى بۇ سۇيىقەستنى خانپەرەسلەر پىلانلىغان دېگەن تۇتۇرۇقسىز گەپكە ئىشىنىدۇ... مېنى كىچىك بالا كۆرۈۋاتامسىلەر؟ دۆلىتىمىز خەۋپ ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ، دەپ چۈشەندۈرۈشۈم كېرەكمىدى؟ فىرانسىيە ئىنقىلابتىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كەتمىدىمۇ؟ ئارمىيەمىزنىڭ غەلىبە

قازىنىشى بىلەن زېمىنىمىز تىنچ ئۆتۈۋاتامدۇ؟ ئەزەلدىن ھەقىقىي ھۆرىيەتپەرۋەر دوستلىرىمىز بۈگۈنكى كۈندە ھۆرلۈككە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ، بۇ ھەقىقەتەن قىزىقارلىق ئىش ! كېڭەش پالاتاسىدا ۋەتەنپەرۋەرلەرنى قوغدىدىم، دېگەنىدەك گەپلەر بىلەن ئۆزىمىزنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ ئالدىمايلى، بۇنداق لاپ گەپلەرگە كابىنېتتىكى ئىشىنىدىغانلار چىقار، ئەمما فىرانسىيە بويىچە ئەڭ ئاقىل كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن پارلامېنتتا ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ !

ناپولېئون بىردىنلا يىغىننى توختاتتى. كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزالىرى ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنگەندىمۇ؟

ناپولېئوننىڭ غەزەپلىك سۆزلىرى ئۆز جېنىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزلەپ ئېيتىلغان ئەمەس ئىدى. چۈنكى، شۇنداق مۇددىئادا بولغان بولسا، دەرھال قاتىللارنى تېپىپ قولغا ئالغۇزۇپ ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر ئىدى، بۇ يەردە بولسا ماھىرلىق بىلەن سىياسىي ئويۇن ئويناۋاتاتتى. مەملىكەت ئىچىدە قانداق كىشىلەرنى قورقۇتقىلى، چەت ئەللەردە قانداق كىشىلەرگە تەسەللى بەرگىلى بولىدۇ؟ باش مەمۇر بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىۋاتاتتى ۋە شۇنداق ئويلارنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆز ھەرىكىتىنى باشلىماقچى بولۇپ تۇراتتى. قاتتىق جازا تەرتىپىنى قوللانغاندا بىخەتەررەك بولىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ ھېس قىلىپ يەتكەنىدى.

— چوڭ - چوڭ شەھەرلەردىكى باشلىقلارنى چەت ئەللەرگە سۈرگۈن قىلمىغۇچە، — دېگەنىدى ناپولېئون كېيىن، — ماڭا ئۇيقۇ يوق، ئەتىگەن سائەت توققۇز بولغاندا ئاران ئورنىدىن تۇرۇپ، پاكىز كۆڭلەكلىرىنى كىيىپ چىقىشىدىغان ئاسىيلاردىن قورقۇپ قالمايمەن !

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ناپولېئون «قەيسەر، كىلونبېر ۋە

بوناپارت»ناملىق ئىمزاسىز بىر كىتابچىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەندى. بۇ كىتابچىنىڭ ئاپتورى ۋارىسسىي پادىشاھلىق تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. ناپولېئوننىڭ كۆڭلىدىكى سىرنى ئاشكارىلاشقا پېتىنغان زادى كىمدۇ؟ بىر سىردىشى «بۇ كىتابچىنىڭ بىردىنبىر خاتالىقى بەك بالدۇر يورۇقلۇققا چىققانلىقىدا» دېيىشۇدى، ناپولېئون بۇ پىكىرگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جىسمىنى ۋە روھىنى ھالاك قىلماقچى بولغان بۇ ئىككى خىل سۇيىقەست ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى پالاتانىڭ ئەزالىرىنىڭ بەشتىن بىر قىسمى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى، كونستان، چېنىېر ۋە باشقا مەشھۇر دېموكراتلارمۇ سىقىپ چىقىرىۋېتىلدى، يەتمىش ئۈچ گېزىتخانىدىن ئاتمىش بىرى پېچەتلەندى، كىتابچىلار ۋە دىرامىلار قاتتىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈلمىگۈچە ئېلان قىلىنماس بولدى.

— سىزنىڭچە، بۇنداق ۋەزىيەتتە ئاۋامنىڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈشىگە رۇخسەت قىلىش كېرەكمىدۇ؟ ... — دېدى ناپولېئون سىياسىي ئالىي پالاتادىكىلەردىن بىرى نەشىر ئەركىنلىكىنى سەمىگە سالغاندا، — مۇخبىرلارنىڭ ھەممىسى تەرغىباتچىلادىنغۇ؟ ھەربىر گېزىتخانا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۇيۇشمىسى بولۇپ قالمىدىمۇ؟ ... تۆھمەت خۇددى ماي دېغىدەك ھامان ئىز قالدۇرىدۇ... ئەنگلىيەدە ئەھۋال بىزدىكىگە ئوخشىمايدۇ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغىنىغا ئۇزاق بولدى، بىزنىڭ ھاكىمىيىتىمىز بولسا يېڭىلا قۇرۇلدى، خەق مېنىڭ «زەھەرلىنىپ قېلىشتىن قورقۇپ كۈنبويى غىزا يېيىشكە جۈرئەت قىلالمايدىكەن» دېگەندەك غەيۋىتىمنى قىلىشى مۇمكىن! ئەگەر سىياسىي پارتىيەلەرنى سىياسىي كۈرەش سورۇنىدىن مەھرۇم قالدۇرىدىغان بولساق، ئۇلار كارامىتىنى

كۆرستەلمەي شۇكۇر قىلىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ناپولېئوننىڭ ئاساسلىرى توغرا، تەدبىرلىرى كۈچلۈك ئىدى. ئەمما سىرتتا ئايلىنىپ يۈرگەن ئەركىنلىك روھى بۇگۈنكى بۇ ھوقۇقدارغا غەمكىن كۆزلىرى بىلەن تەلمۈرمەكتە ئىدى.

## بەشىنچى، جەمەت خاپىلىقى

ھېلىقى كىتابچىنى تارقاتقان يازغۇچى بۇ باش مەمۇرنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق ئاغرىتقانىدى. ئۇ يازغۇچى باشقا بىرى ئەمەس، تۇمان ئېيىنىڭ ئون سەككىزىنچى كۈنىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتە بوناپارتنىڭ سادىق قوللىغۇچىسى بولۇپ ۋەزىيەتنى ئوڭشىۋېلىشىغا ياردەم بەرگەن چوڭ ئىنىسى لۇسىئان ئىدى. ناپولېئوننىڭ تۆت ئىنىسى ئىچىدىكى ئەڭ ئىستىبداتلىق بۇ ئىنىسى ناپولېئوندىن ئالتە ياش كىچىك ئىدى. لۇسىئاننىڭ غايىسى بۇ ئۇلۇغ ئاكىسىنىڭكىدىنمۇ چوڭ ئىدى. كۆرۈنۈشتە ئاكىسىنىڭ تېز ئۆرلىشىگە تىرەك بولۇپ بەرگەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كۆزىنى بويىاپ، ئەڭ ئالىي مەرتىۋە ئىگىسى ئولتۇرىدىغان تەختنى كۆزلىگەنىدى. لۇسىئان ئاكىسىنىڭ سايىسىدا شۆھرەتكە ئېرىشكەنلىكى ھەمدە ئاكىسىنىڭ ئامىراق سەركەردىسى بولۇپ قالغانلىقىدىن ئوغىسى قايناتتى. ھەر قېتىم سىياسىي ئۆزگىرىش داۋامىدىكى كۆرۈنۈشلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە، ئاكىسىنىڭ خانلىق تەختىنى ئۆزى بىنا قىلغاندەك ھېس قىلاتتى. شۇنداق ئىكەن، تەختكە ئۆزى ئولتۇرغۇزغان بىر كىشىنىڭ ئالدىدا پەرمانبەردار بولۇپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشنى راۋا كۆرەتتىمۇ؟

بىراق، بويسۇنماي بولمايتتى. لۇسىئان سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى بولدى. ئەمما،

بەربىر مەركىزىي نىرۋىغا بويسۇنىدىغان بىر ئەزا ـ دە. لۇسىئان دائىم داھىي چۇشۇرگەن بۇيرۇقلارنى دەڭسەپ كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ئاقىلانە چارىسىنىڭ بار ـ يوقلۇقى ئۇستىدە ئويلىناتتى. يوسىفنىغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايتتى، شۇنداقلا يوسىفنىڭ يىقىن كىشىلىرىگىمۇ ئۆچلۈكى كېلەتتى، شۇ تۇپەيلىدىن فۇشې بىلەن ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولدى. بىرەر ۋەقە يۈز بېرىپلا قالسا، فۇشېنىڭ جىمى جاۋابكارلىقىنى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا ئىتتىرىپ قويىدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ، ھېلىقى كىتابچىنىڭ تارقىلىشىمۇ شۇنىڭ مىسالى ئىدى.

لۇسىئان ئاكىسىغا ئوخشاشلا تۇغما قارامالاردىن ئىدى. بىراق، ئاكىسىدەك ھېسابلاشقا ماھىر ئەقىللىك مىڭىگە ئىگە ئەمەس، كۇلۇمسىرەپ تۇرۇپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە تەييار تۇرىدىغان خاراكتېرگە ئىگە ئىدى. تەۋەككۇلچىلىككە ئاكىسىدىنمۇ بەكرەك ھېرىسمەن بولسىمۇ، سىياسىيونلارغا خاس پەزىلەتتە ئاكىسىدىن كېيىن تۇراتتى. ئەمدىلا يىگىرمە بەش ياشىنىڭ قارىسىنى ئالغان لۇسىئان شۇنچە زور ئىمتىيازغا ئېرىشكەن تۇرۇقلۇقمۇ، ئاغرىنىپلا يۈرەتتى، دادىل ئىش كۆرىدىغان ئىستىلى تېخىمۇ كۆپ خېيىم ـ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشقا ئۈندەيتتى. لۇسىئاننىڭ بىرىنچى خانىمى مەلۇم بىر ساراي غوجايىنىنىڭ ئەتىۋارلىق قىزى ئىدى. بۇ قىزنى ئەمرىگە ئالغاندىن كېيىن مونوپولىيە ھوقۇقىنى سېتىپ، ئاشلىق ھايانكەشلىكى بىلەن شۇغۇللاندى، تۇرمۇش چىقىمى شۇنچە كۆپ بولسىمۇ خىزمەت قىلىشنى خالىمىدى. پارىژ بويىچە ئەڭ چىرايلىق بىر ئۆي ـ زېمىن سېتىۋالدى. بۇ ئۆي شۇنچە ھەشەمەتلىك بېزەلگەن ۋە سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، يېڭىباشتىن ياسىدى ۋە سەرەمجانلاشتۇردى. دائىم مېھمان

چاقىرىپ زىياپەت ئۆتكۈزەتتى، ئارتىسلارنى تەكلىپ قىلىپ دىراما ئورۇندىغۇزاتتى ياكى مۇشائىرە ئۇيۇشتۇراتتى. پەقەت ناپولېئوننى بىسىپ چۈشۈش مەقسىتىدىلا بىلىپ ـ بىلمەي شۇنداق قىلاتتى.

تالاش ـ تارتىشنىڭ، ئارازلىقنىڭ بولۇپ تۇرۇشى مۇقەررەر ئىدى. لۇسىئان ئاكىسىنى مەسخىرە قىلىپ «سىياسىي ئۆزگىرىشتە ماڭا تايىنىپ غەلىبە قىلدىڭ» دەيتتى. ناپولېئون بولسا شۇ ئاچچىقىدا لۇسىئاننى سۈرگۈن قىلماقچىمۇ بولدى، لېكىن يەنە مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ قانۇنسىز نەپكە ئېرىشىش قىلمىشىغا خاتىمە بەردى ھەمدە مادرىدقا پەۋقۇلئاددە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. لۇسىئان يېڭى مەرتىۋىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئىشلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك يۈرگۈزدى. ئەنگلىيەگە قارشى خىزمەتتىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چۆنتىكىگىمۇ مىليونلاپ پۇل ئېقىپ كىردى. ئۇزاق ئۆتمەي ۋەتەنگە قايتىپ، ئاتىقى ئۆز ۋاقتىدىكى يوسىپىنىدىن قېلىشمايدىغان بىر ئايال بىلەن توي قىلدى. بىرەر سىياسىي ئىكاھقا موھتاج بولۇپ تۇرغان ناپولېئوننىڭ بۇ ئىشتىن تازا ئوغىسى قايىندى.

جاھاندارچىلىقنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان ئاق كۆڭۈل چوڭ ئاكىسى يوسىپمۇ دەسلەپتە گۇمانخورلاردىن ئىدى. ئىنىسى ناپولېئوننىڭ ياردىمىدە كونسايىن مەرتىۋىسى ئۆسۈپ، بايلىقى كۆپىيىۋاتاتتى، ستېل خانىمنىڭ خىلىدىكىلەر بىلەن ئارىلىشىپ يۈرەتتى، بەزىدە باش مەمۇر ئىنىسىنى تەنقىدلەپمۇ قوياتتى. يوسىپ رىمدا پەۋقۇلئاددە ئەلچى بولۇپ تۇرۇشقا قانائەت قىلمىدى، ئىتالىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىس جۇمھۇرى ياكى كېڭەش پالاتاسىنىڭ باشلىقى بولۇشنىمۇ رەت قىلدى. چۈنكى،

«ئوغۇللارنىڭ چوڭى مەن، ئائىلىنىڭ بېشى مەن» دەپ ئۆزىگە تەمەننا قوياتتى.

شائىرانە خاراكتېرىدىن قالمىغان تۆتىنچى ئوغۇل لۇئىس مۇ دىلىغۇل يۈرەتتى، يوسىفنىنىڭ بىر تۇغقىنى بىلەن كۆپ يىل مۇھەببەتلىشىپ، كېيىن ئوتانىس بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئوتانىسقا كۆڭلى بولمىغاچقا، خېلى يىللاردىن كېيىنمۇ تۇنجى سۆيگۈنىدىن مېھرىنى ئۈزەلمىدى.

ناپولېئوننىڭ ئەڭ كىچىك ئىنىسى ژېرومې ئاق كۆڭۈل، ساپ دىل بولۇپ، ئىككىنچى ئاكىسى ناپولېئوننىڭ تەلەپچان ئاتىدەك تەربىيەسىدە چوڭ بولغانىدى. «يۇقىرا ژېرومې بوناپارتنى قېشىمغا ئەۋەتتىم، دېڭىز ئارمىيەسىدە پىراكتىكا قىلسۇن، قاتتىق تەلەپ قوي، خىزمەتلىرىنى تولۇق ئورۇندىسۇن» دېگەنىدى ناپولېئون دېڭىز ئارمىيە ھەربىي ئەمەلدارىغا.

ناپولېئوننىڭ ھەدە ـ سىڭىللىرى ناپولېئوندىن پۇل ۋە شۆھرەتكە ئېرىشكەن تۇرۇقلۇق مىننەتدار بولۇش تۇگۇل، تېخىمۇ كۆپ ئىنئام تەلەپ قىلىشاتتى. ئېلىزانى ئالساق، سۆيۈملۈك ئىنىسى لۇئىس بىلەن دۇرۇس يۈرمەي، پارىژدا سۆز ـ چۆچەككە قالغانىدى. ئىككىسى ئىشتىن سىرتقى ئويۇن قويۇش سورۇنلىرىدا شاللاقلىق قىلىپ ھال رەڭ ئىچ كىيىملەر بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئويۇن قوياتتى.

ـــ ئۇيات! ئەخلاق ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنى يېڭىباشتىن بەرپا قىلىش ئۈچۈن يۈرەك قېنىمنى سەرپ قىلىۋاتىمەن، ئىنىم بىلەن سىڭلىمنىڭ قىپيالىڭاچ دېگۈدەك سەھنىگە چىقىۋالغانلىقىنى كۆرمەمدىغان! ـــ دەپ ۋارقىرىدى باش مەمۇر قاتتىق غەزەپ بىلەن. بىراق، ناپولېئون كېتىشى بىلەنلا، ئۇلار يېڭىباشتىن ئۆز ھالىغا قايتىپ بىلگىنىنى قىلىشقا باشلىدى.

كارولىنا گېنېرال مۇراتقا ياتلىق بولغانىدى، كېيىن ئېرى

بىلەن بىرلىكتە بېرنادوتنىڭ باش مەمۇرغا قارشى سۇيىقەستلىك ھەرىكىتىگە قاتناشتى. گەرچە ئۇلارنىڭ بۇ سەتچىلىكى جەمئىيەتكە ئاشكارىلانمىغان بولسىمۇ، ناپولېئوننىڭ قۇلىقىغا يەتكەندى.

— كارولىنانى ئېتىپ تاشلاش كېرەك ئىدى، — دېدى ناپولېئون.

پاۋلىنانىڭ ئېرى بىر قېتىملىق مۇستەملىكە ئۇرۇشىدا قازا قىلغانىدى، پاۋلىنا كېيىن رىملىق بوكىسقا تەگدى. بۇ سىڭلىسى ياسالما سەبىيلىكى بىلەن ئاكىسىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قېرىندىشى بولۇپ قالدى، ھەتتا ئۆزىنىڭ شاللاقلىقى بىلەن ناپولېئوننىڭ نامىغا داغ تەگكۈزگەن بولسىمۇ، ناپولېئون نەسىھەت قىلغاندا كۆڭلىنى ئاياپ قاتتىق گەپ قىلمىغانىدى.

تاغىسى فېرشىل ئىلگىرى باستېر ئىدى، كېيىن ھەربىي ئەشيا تەمىناتچىسى بولدى، ھازىر بولسا جىيەن ئوغلىنىڭ سايىسىدا ئېپىسكوپ بولدى، ھەتتا كېيىن كاردىنالمۇ بولدى.

بوناپارت جەمەتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ زور ھوقۇق ئىگىسىنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەپ پۇل ۋە مەرتىۋىگە ئېرىشتى، ئۇلار پۇلنى بۇزۇپ ـ چېچىپ ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرەتتى. پەقەت ناپولېئونلا بېرىلىپ ئىشلەيتتى.

ئاپىسى بۇرۇنقىدەكلا كەمتەر ۋە ئاددىي ـ ساددا ياشاپ كەلدى، يوسېفىنىمۇ بۇرۇنقىدەكلا ياقتۇرمايتتى. ھېلىمۇ كورسىكا شېۋىسىدە سۆزلەيتتى. ناپولېئون سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن ئاپىسىنى تۇئىلېرس ئوردىسىغا كىرىپ ئۆزى بىللە بىللە تۇرۇشقا تەكلىپ قىلغانىدى، قوبۇل كۆرمەي چوڭ ئوغلى يوسېف بىلەن تۇرىۋەردى. ناپولېئون تۇنجى قېتىم ئوردىدا لەشكەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، ئاپىسى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئالىي ئەمەلدارلىرى

بىلەن بىرلىكتە بالكوندا پەيدا بولغانىدى، گەرچە ئۇچىسىغا باشتىن ـ ئاخىر ئاددىي قارا كىيىم كىيگەن بولسىمۇ، ھەشەمەتلىك كىيىنىپ يىنىدا تۇرغان يوسىپىنىدىنمۇ مەغرۇر ۋە سالاپەتلىك كۆرۈنەتتى. ھاياتىنىڭ نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ ئەقىللىك ئانا كۆز ئالدىدىكى ھەشەمەت ۋە باياشاتلىققا ۋاي دەپمۇ كەتمەيتتى. كىشىلەر ئوغلىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە سەلتەنەتىنى ماختىغان چاغلاردا:

— بۇ بىر باش ئاغرىقى بولسا كېرەك، — دەپ جاۋاب بېرەتتى راۋان بولمىغان فىرانسۇز تىلىدا.

نېمە ئۈچۈن بۇ ئائىلىنىڭ ماجىرالىرىنىڭ بەزىسى كومېدىيە بىلەن، بەزىسى تىراگېدىيە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ؟

«ئەگەر بىردىنىلا بېيىپ كەتكەن ئاددىي ئادەم بولغان بولسام، — دەپ ئويلايتتى ناپولېئون كۆڭلىدە، — قېرىنداشلىرىم ئامەتلىرىمدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى تەلەپ قىلغاندا، فىرانسىيەگە قارشى نەسەب شەجەرىسىزنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بولسىمۇ بۇ ئون نەچچە قېرىندىشىمنى تەكەللۇپ بىلەن ياكى تەكەللۇپسىزلا ئۆزۈمدىن نېرى قىلغان بولاتتىم. بىراق، مەن ھازىر فىرانسىيەنىڭ ھۆكۈمرانى. ئاپام گەپ قىلىپلا قالسا، بۇ مىللەتچى فىرانسۇزلار ئاپامنىڭ ئېغىر كورسىكا تەلەپپۇزىدىن ئۆز ھۆكۈمرانىنىڭ چەت ئەللىك ئىكەنلىكىنى بىردىنلا ئېسىگە ئېلىپ قېلىشى مۇمكىن! ئىمپېراتور بىلەن باراۋەر ئورۇندىكى بىر ھۆكۈمرانىنىڭ سىڭلىسى ياۋروپا ئىمپېراتورلىرىنىڭ ئالدىدا غەيرىي كىيىملەرنى كىيىپ يۈرسە، بېشىغا ئامەت قۇشى قونغان بۇ ئامەت ئىگىسىنىڭ تۇغقانلىرىنى تەربىيە كۆرمىگەن بىرنېمىلەر ئىكەن دەپ سۆز ـ چۆچەك قىلىشى مۇمكىن. ئاكا ـ ئىنىلىرىم پارىخورلۇققا بېرىلىپ چىرىكلەشتى، ئىنقىلابنىڭ يوقاتماقچى بولغىنىمۇ دەل شۇ چىرىكلىك ئىدىغۇ! مانا بۇلارنىڭ

ھەممىسى پارىژدا — مەسخىرە ۋە تەنقىدنىڭ ئەنئەنىسۋى بۆشۇكىدە يۈز بېرىۋاتىدۇ !»

بىراق، ناپولېئون شۇ قېرىنداشلىرىنى مەيلىگە قويۇۋېتىپلا قالماي، يەنە ئەمەل ۋە شۆھرەتكە ئېرىشتۈردى، ئۆزىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى سۈپىتىدە ئەلچى قىلىپ چەت ئەللەرگە ئەۋەتتى.

بۇ يەردە تومۇرىدىكى ئىتالىيان قېنى، بولۇپمۇ ۋۇجۇدىدىكى كورسىكالىقلارغا خاس مىجەز - خاراكتېرى كارامىتىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. كورسىكالىقلار ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە ئۆز جەمەتىنى مەركەز قىلىپ ياشايتتى، ھەمىشە ئۆز جەمەتىنىڭ رەقىبىدىن ئىنتىقامىنى ئېلىش كويىدىلا يۈرەتتى. بۇنداق ئەنئەنە ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، مۇستەھكەم يىلتىز تارتىپ كەتكەنىدى. دەل ئەنە شۇنداق ئەنئەنە تۈپەيلىدىن كورسىكالىقلار بايلىق ۋە باياشاتلىقتىن كۆرە شۆھرەتكە ۋە غۇرۇرغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرەتتى.

ئىستېلاچى ناپولېئون ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، تەقدىرنىڭ ئىنئامى ۋە تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە ئېرىشكەن بارلىق نەرسىنى ئۆز پۇشتىغا مىراس قالدۇرۇشنى ئىستەيتتى، بۇنداق كۈچلۈك ئارزۇسى ئارال ئەھلىگە خاس جەمەت تۇيغۇسى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىدى. بىراق، تەدبىرى تىراگېدىيەلىك تۈس ئالغان، روھىيىتىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى تۇيغۇلىرىمۇ مۇقەررەر يوسۇندا تەقدىرنىڭ تىراگېدىيەلىك بولۇشىنى بەلگىلىگەنىدى. يەنى بوگونگىچە پەرزەنت يۈزى كۆرەلمىدى. پۈتۈن ئىشقى بىلەن رەپىقىسىنىڭ قوينىغا كىرىپلا كەتكەن بولسىمۇ، ئىلگىرى ساغلام ئىككى پەرزەنت تۇغقان رەپىقىسى ئىككىنچى نىكاھىدا تۇغماي قويدى. ئەنە شۇنداق تۇغماس ئەيىبى (ئەگەر بۇ ئەيىبى بولمىغان بولسا، ياۋروپانىڭ تارىخى باشقا بىر

يۈنىلىشكە بۇرالغان بولاتتى)، تەبىئىيكى، ئىشق ـ مۇھەببەت سەنئىتىنىڭ نەتىجىسى ئىدى، يوسىپنىڭ دەل ئەنە شۇنداق سەنئىتى ۋە يېقىملىقلىقى بىلەن ناپولېئوننىڭ كۆڭلىنى ئالغان ھەمدە بىرمەھەل ناپولېئوننى ئۆزىگە رام قىلىپ كۆيدۈرگەنىدى. چۈنكى، يوسىپنىڭ ناپولېئوننى ئۇچراتقىنىدا ئوتتۇز ياشتىن ئاشقان ئايال ئىدى (تۇغۇتى توختاشقا تېخى بالدۇر ئىدى). ھالبۇكى، ناپولېئون كېيىن باشقا ئايالدىن ئۈچ ئوغۇللۇق بولدى. ناپولېئون قانۇنىي ۋارىسقا قىمىز بولغان تەقدىردىمۇ موھتاج ئىدى. يوسىپ بۇ ئاچقۇچلۇق ئىشتا ناپولېئوننىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرالمىدى، بۇ ھال ھاياتىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر يەتكۈزدى.

ناپولېئون ھوقۇقىنىڭ پەللىسىگە چىققان تۇرۇقلۇق، يەنە باشقا بىر يولدا ماڭىسۇنمۇ؟ قەد كۆتۈرگەن ئەڭ دەسلەپكى بىرقانچە يىلدا رودېرېر چوڭ بىر تېمىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى:

— خانپەرەسلەر كىم بوناپارتنىڭ ۋارىسى بولىدۇ، دەپ سورىشى مۇمكىن. ئەگەر سىز ئەتە ـ ئۆگۈن ئالەمدىن ئۆتسىڭىز، بىز نېمە بولۇپ كېتەرمىز؟ ئۆزىڭىزگە مۇناسىپ ۋارىس بەلگىلىشىڭىز شەرت.

— بۇ ياخشى چارە ئەمەس.

— فىرانسىيە ۋارىسىڭىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە تېخىمۇ خاتىرجەم بولاتتى.

— مېنىڭ پەرزەنتىم يوق ـ دە.

— بىرەر بالا بېقىۋالسىڭىز بولىدۇغۇ؟

— بۇنىڭ بىلەن ھازىرقى خەۋپنى تۈگەتكىلى بولمايدۇ. مېنىڭچە، كېڭەش پالاتاسىنىڭ ماڭا ۋارىس بەلگىلەپ بەرمىكىدىن باشقا چارە يوقتەك قىلىدۇ. شۇنداق بولۇپ قالسا، پەقەت بىرلا پالاتا ئەزاسى بىلەن ئىككىمىزنىڭلا بۇ ۋارىسنىڭ ئىسمىنى

بىلىشىمىزگە ئىجازەت. بىراق، كىمنى بېكىتكۈلۈك؟
— ياخشىسى ئون ئىككى ياشلىق بىر بالىنى تاللاڭ.
— نېمىشقا كىچىك بالىنى تاللىغۇدەكمەن؟
— چۈنكى، تەربىيەڭىزدە ۋە مېھرىڭىزدە چوڭ بولىدۇ.
— مېنىڭ ۋارىسىم، ئەلۋەتتە، فىرانسۇزلاردىن بولامدۇ؟ — ۋارقىراپ كەتتى ئاخىرىدا ئامالسىز قالغان باش مەمۇر.

ناپولېئون ھەرھالدا ئاق چاچلىق بوۋاي ئەمەس، بەلكى ئوتتۇز نەچچە ياشلىق قىران يىگىت ئىدى. گەرچە باش مەمۇرلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەش مۇددىتى پەقەت ئون يىللا بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدە ئىمپېراتورلۇق تەختىدە ئولتۇرىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنىدى. بىراق، شۇ دەۋردىكى كىشىلەر ئۇنى ئىشىنىمۇ چۆچۈپ تۇراتتى. كېيىن ئۆزىگە ۋارىس ئىزدىگەندە نەزىرىنى پەقەت ئاكا - ئىنىلىرىغىلا قاراتتى. ئۇلار ناپولېئوننىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان ھەدىيەسىنى پەقەت بىر ۋارىس ئاتا قىلىش ئارقىلىقلا قايتۇرالايتتى. چۈنكى، تومۇرىدا ئېقىۋاتقىنى بوناپارت جەمەتىنىڭ قېنى - دە. ئىنىسى لۇسىئان بىلەن ماجىرالىشىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ لۇسىئاننىڭ ئاتىقى چىقىپ قالغان بىر ئايالنى ئالغانلىقى ئەمەس، بەلكى داڭدار جەمەتنىڭ پۇشتىدىن بولمىغان بىر ئايالنى ئالغانلىقى ئۈچۈن ئىدى. ناپولېئون لۇسىئاننىڭ بۇ ئايالدىن ئاجرىشىپ، خان جەمەتى پۇشتىدىن بولغان بىر ئايالغا ئۆيلىنىشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئەمما، لۇسىئان رەپىقىسىدىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەنلىكى، ئېختىمۇ مۇھىمى بېشىغا ئامەت قۇشى قونغان ئاكىسىغا ھەسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ تەكلىپىنى رەت قىلدى. بەرھەقكى، لۇسىئان يەنە رەپىقىسىغىمۇ كۆيەتتى. بىراق، نەپسىمۇ چوڭ بولۇپ، تەڭداشسىز ئالىي ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەممىنى قۇربان قىلىشقا تەييار ئىدى. ناپولېئون بۇ ئىنىسى بىلەن قاتتىق دېيىشىپ قالغاندىن كېيىن

يوسېفىنىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئاچچىقى بىلەن:

— ھەممە ئىش تۈگىدى ! لۇسىئاننى ھەيدىۋەتتىم ! — دېدى.

ناپولېئون لۇئىس بىلەنمۇ ئوخشاشلا سەۋەب تۈپەيلىدىن ئۇزاققىچە ئېتىشىپ كەلدى. يوسېفىن لۇئىسنى ئۆز جەمەتىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەيدىغان نىجاتچى دەپ بىلەتتى، ئەمما لۇئىس يوسېفىنىنىڭ قىزىنى ياقتۇرمايتتى، يوسېفىنىنىڭ قىزى ئوتانىس باشقا بىر ئەرگە كۆڭۈل بەرگەنىدى. يوسېفىن ئۇنى لۇئىس بىلەن توي قىلىشقا قىستىدى. شۇنداق بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئوغلى، يوسېفىنىنىڭ نەۋرىسى ناپولېئوننىڭ يۈرەك پارىسى ھەم تەخت ۋارىسى بولۇپ قېلىشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. شۇنداق بولۇپ قالسا، ناپولېئوننىڭ سىڭىللىرى ھىيلە ـ مىكىر ئويلاپ چىقىپ بۇ بالىنىڭ ھەقىقىي دادىسى ناپولېئون دەپ سۆز ـ چۆچەك تارقىتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئەنە شۇ ماجىرا نەتىجىسىدە پۈتۈن ياۋروپالىقلار زوقلىنىدىغان بۇ بەختىيار ئائىلىدە ئىناقسىزلىق تۇغۇلاتتى. ئۇلارنىڭ ئاپىسى تاشنى تاياققا تاڭغاندەك زورمۇزور توي قىلىشقان بۇ ئىككى قىز ـ يىگىت تەرەپتە تۇراتتى، شۇنداقلا سۇرگۈن قىلىنغان ئوغلى لۇسىئانغىمۇ چاپان يېپىپ، بۇ ئوغلى بىلەن بىللە رىمغا باردى. لاتسىيە چولپان كەبى چاقناپ تۇرغان ئوغلىدىن يىراق رىمدىمۇ بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشتى. ئىتالىيانچە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بۇ خانىم رىمدىكى كاتتا جەمەتلەر ۋە خان جەمەتى قارشى ئالىدىغان شەخس بولۇپ قالغانىدى.

ناپولېئون يوسېفىن بىلەن ئاجراشسا قانداق بولار؟ سىڭىللىرى بۇ «قېرى ئايال» غا ئۆچ ئىدى، كۆچىنىڭ بارچە ئۇنىڭغا ئورا كولايتتى ھەمدە ناپولېئونغا بىر ـ بىرىدىن ئۆتە ساھىبجاماللارنى تونۇشتۇراتتى. يوسېفىنغا بارا ـ بارا قېرىلىق يېتىكچە، ناپولېئوننىڭمۇ بارغانسېرى كۆڭلى سوۋۇشقا باشلىغانىدى. ئەمما، يەنىلا يوسېفىنىنىڭ دوستلۇقىغا موھتاج

ئىدى. ئەمدى ناپولېئونمۇ ئۇنچە نېزىقاپ ئولتۇرماي چىرايلىق ئارتىسلارنى ياكى سىڭىللىرىنىڭ دوستلىرىنى چاقىرتىپ بىرقانچە ئاخشام ئاشىنىدارچىلىق قىلىپ يۇرسۇۋېرىدىغان بولۇۋالدى.

يوسېفىن ناپولېئوننىڭ قىلمىشلىرىدىن خۇددى ئىلگىرى ناپولېئون يوسېفىننىڭ قىلمىشلىرىدىن ھەسرەت چەككەندەك ھەسرەت چېكەتتى. يوسېفىن ئۇچىسىدىكى كىيىملىرى، زىبۇ ـ زىننەتلىرى بىلەن ئۆزىنى تۇزەپ يۇرەتتى. ئىلگىرىكى فىرانسىيە خانىشىدىنمۇ ئۆتە ئەيش ـ ئىشرەت ئىچىدە ياشايتتى. گەرچە ھېلىمۇ فىرانسىيەنىڭ بىرىنچى خانىمى بولسىمۇ، باش مەمۇر ناپولېئون ئۆزى بىلەن بىرەر كېچىنى بىللە ئۆتكۇزۇپ قالسا، فىرانسىيەنىڭ بىرىنچى خانىمى بولۇش سۇپىتىنى ساقلىماي، چۆرىلىرىگە ئاخشام كىمنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەتتى. بەزى چاغلاردا چارچاپ ھالىدىن كەتكەن ئېرىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرەتتى، بۇنداق چاغلاردا ناپولېئوننىڭ كۆزلىرى مىننەتدارلىقتىن چاقناپ كېتەتتى. ناپولېئون مەشھۇر ئىنقىلاب ئەركىسى بولسىمۇ، بەرىبىر تەبىئىتىدىن كونىغا ئامراق مۇتەئەسسىپ بولۇپ، بىرەر گېنېرالنى ياكى بىرەر ئەمەلدارنى كەمدىن ـ كەم ۋەزىپىسىدىن قالدۇراتتى. شۇنداق ئىكەن، گەرچە خىلمۇخىل سەۋەنلىكلەرنى ئۆتكۈزسىمۇ، ھېلىھەم چىن كۆڭلىدىن سۆيىدىغان بۇ ئايالدىن ئايرىلىشقا قانداقمۇ كۆڭلى ئۇنىسۇن!

## ئالتىنچى، ئۆلۈم جازاسىنى تاللىۋالغان كىنەز

«بوناپارت ھېچقاچان قەلەم تەۋرەتمەيتتى، يازغۇدەك بىرەر ئىشى بولۇپ قالسا كابىنېتقا كىرىپ، يىگىرمە ياشلىق بىر

يىگىتكە ئاغزاكى بايان قىلىپ بېرىپ يازغۇزاتتى، مىنېۋال ئىسىملىك بۇ يىگىت ناپولېئوننىڭ خۇسۇسىي كابىنېتىغا ۋە باشقا ئۈچ ئېغىز خۇسۇسىي ھۇجرىسىغا كىرىپ - چىقىپ يۈرەلەيدىغان بىردىنبىر ئادەم ئىدى. مىنېۋال بىز يېقىنلىشالايدىغان كىشى ئەمەس ئىدى، ئۇنى بىرەر ئىش قىلدۇرۇشىمىزمۇ مۇمكىن ئەمەس، شۇنداقلا ھېچكىممۇ بىرەر ئىشقا سېلىپ بېقىشقا پېتىنالمايتتى. بىراق، چوڭ - چوڭ پىلانلارنىڭ خاتىرىسىنى باش مەمۇر ئۆز قەلىمى بىلەن يازاتتى... ئالاھىدە زىل خەرىتىنى ئۆز قولى بىلەن ئىشكاپقا سېلىپ قولۇپلىۋېتەتتى - دە، ئاچقۇچىنى ھەرگىز يېنىدىن ئايرىمايتتى. ناپولېئون كابىنېتىدا يوق چاغلاردا مىنېۋال خەرىتىلەرنى پولغا يۇرما مىخ بىلەن مەھكەم بېكىتىۋېتىلگەن ئىشكاپقا سېلىپ قوياتتى. ناۋادا ئىنتايىن مۇھىم بۇ خەرىتىلەرگە ئوغرى تەگكۈدەك بولسا، كىشىلەر دەرھال مىنېۋالدىن، كابىنېتنى تازىلايدىغان ۋە تام مەشكە ئوت قالايدىغان خىزمەتكاردىن گۇمانلىناتتى... بارلىق ھەربىي ھەرىكەتلەرگە دائىر مەخپىي خاتىرىلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ئىشكاپتا ساقلىناتتى. ناپولېئوننىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى ئالدى بىلەن بارلىق ھەربىي پىلانلىرىنى يوقىتىۋېتىش ئىدى. بۇ خەرىتە ئوغرىلانسا، جىمى نەتىجىلىرى يوققا چىقاتتى.»

بۇ سۆزنى كىم يازغان؟ بوربون خاندانىنىڭ جاسۇسى ياكى باش مەمۇرنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئىچىدىن چىققان خائىنمۇ؟

ھېچقايسىسى ئەمەس، بۇنى دەل ئاشۇ يىگىرمە ياشلىق مىنېۋال يازغان. يەنى باش مەمۇر — غوجايىنى كابىنېتىدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ تۇرۇپ ئېيتىپ بېرىپ يازغۇزغان. بۇ خەتنى بوناپارتنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئەدلىيە مىنىستىرى مىيۇنخېنغا ئەۋەتكەن جاسۇس بوربون خاندانىنىڭ ئەنگلىيەدىكى

جاسۇسلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا ئۆزىنىڭ ناپولېئونغا ئاسىيلىق قىلمىغانلىقىنىڭ ساختىا دەلىلى قىلىش ئۈچۈن ئالغاچ بارغان. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەدلىيە مىنىستىرى مەسئۇل بولۇپ ئورۇنلاشتۇرغانىدى. بۇ خەتتە يەنە كىشىلەرنىڭ ناپولېئوننىڭ چوڭقۇر ئىشەنچىسىگە ئېرىشئۇالغان ھېلىقى خىزمەتكارغا قانداق قىلىپ يېقىنلاشقىلى بولىدىغانلىقى، ئەگەر مەخپىي خەرىتىلەرنى ئوغرىلاتماقچى بولسا، قانچىلىك ھەق بەرسە ئوغرىلاپ بېرىدىغانلىقى ۋە خىزمەتكارلار كېيىن قەيەرگە قېچىپ بېرىشى كېرەكلىكى قاتارلىق تەپسىلاتلارمۇ بار ئىدى. دېمەك، بۇ قوماندان دۈشمىنىنى ئۆزىگە ھۇجۇم قىلدۇرىدىغان كىچىك بىر ھەربىي ھەرىكەت پىلانىنى تەييارلىماقتا ئىدى.

بوناپارتنىڭ مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىشكە ئاساسى تولۇق ئىدى. ھازىر دەل زىمىستان قىش پەسلى بولۇپ، لوندون، ۋېنىدى ۋە پارىژلارغا ئەۋەتكەن نەچچە يۈز جاسۇسى گۇماندارلارنى تۇتۇشقا سالغان تورىنى يىغىشقا جىددىي تەييارلانماقتا ئىدى.

— تورنى يىغىمىزمۇ؟ — قايتا ـ قايتا ئىلتىماس قىلاتتى جاسۇسلار.

— توختاپ تۇرۇڭلار، — دەپ جاۋاب بېرەتتى ناپولېئون ئېغىمۇ كۆپ ئاخبارات توپلاش خىيالىدا.

ناپولېئون ئاخىر بارلىق دەلىل ـ ئىسپاتنى قولغا چۈشۈردى. دوكلاتتىن مەلۇمكى، سول قانات ۋە ئوڭ قانات ئەشەددىي دۈشمىنى بولمىش ياكوبىنچىلار بىلەن خانپەرەسلەر بىرلىشىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ رەقىبى ناپولېئوننى بىرلىكتە يوقىتىشقا ھازىرلانغانىدى. بوربون جەمەتىنىڭ دوستى پىچېرو بىلەن ناپولېئونغا قارشى جۇمھۇرىيەتچىلەر قەھرىمانى مورروۋ بىرلىشىۋېلىپ ناپولېئوننىڭ ئەڭ كۈچلۈك رەقىبى بولۇپ قالغانىدى. ھازىر قول سېلىشنىڭ تازا ياخشى پەيتى

ئىدى.

بۇ سۇيىقەست جامائەتچىلىككە ئاشكارىلانغاندا پۈتۈن ياۋروپا قاتتىق چۆچۈدى. قانۇنلۇق ھۆكۈمرانلار ناپولېئوننىڭ زېرەكلىكىدىن ھەيران قالدى. بىراق، ئۇلار ئۆز ئادەملىرىنىڭ سانىنى ھۆكۈمەت ئاخباراتىدا ئېلان قىلىنغىنىدىن كۆپ دەپ قاراپ، ئۈمىدىنى ناپولېئوننىڭ دۈشمەنلىرىگە باغلىدى. ئەنگلىيە باش ئەلچىسى «سۇيىقەستكە قاتناشتى» دېگەن گۇمان بىلەن ئەيىبلەندى، بۈيۈك قەھرىمان موررروۋ خەۋپ ئىچىدە قالدى. ناپولېئون موررروۋنى قولغا ئېلىش ـ ئالماسلىق مەسىلىسىدە ئۇزاق دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ قالدى. چۈنكى، ئۆزى بىلەن ياخشى كۆنلەردىمۇ، يامان كۈنلەردىمۇ بىللە بولغان بۇ ئادىمىنى قەدىرلەيتتى. قولغا ئېلىنغان كۈنى باش مەمۇر تىكشۈرۈپ كېلىشكە قايتا ـ قايتا ئادەم ئەۋەتتى. ئۆتكەن ئىشلار ئېسىگە كېلىپ قالغانمىدۇ؟ سوت نەتىجىسىدە موررروۋنىڭ سۇيىقەستكە قاتناشقانلىقى ئىسپاتلاندى، بۇ ھال كىشىنى تولىمۇ قىينايتتى. بىراق، ناپولېئون ئامېرىكىغا كۆچۈپ بېرىپ پىنھاندا ياشاش شەرتى بىلەن جازادىن كەچۈرۈم قىلدى، پىچېرو دارغا ئېسىلدى، ئاسىيلاردىن ئون ئۈچ كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. بۇ سۇيىقەستكە ئارىلىشىپ قالغان كېلۇر ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ ئىقرار قىلىشىچە، بۇ قېتىمقى سۇيىقەستنىڭ بېشى بوربون شاھزادىسى ئىكەن.

باش مەمۇر بۇ ھەقتىكى ئاخباراتنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىماقتا ئىدى. بوربون شاھزادىسى! تاللېيىران بۇ نۇقتىنى ئەتەي تەكىتلەپ ئۆتتى:

— ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كىنەز دانگان فىرانسىيەدىكى ئەھۋالنى دۇربۇن بىلەن كۆزىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۇزاقتىن بۇيان رېيىن چېگراسىغا يېقىن بىر جايدا تۇرغان. بادېنىدا ۋاقتىنى

بىھۇدە ئۆتكۈزۈشنى كىممۇ خالىسۇن؟ پەقەت كاردىنالنىڭ جىيەن قىزىنىڭ مۇھەببىتىنى دەپلىمۇ؟ كىنەز دانگان كونىدې جەمەتىنىڭ پۇشتى، ئەنگلىيەدىن قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئېلىپ كېلىشۋاتقان بوربونچى. بۇ قېتىمقى سۈيىقەستكە چېتىشلىق ئاشۇ شاھزادىگە ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ، ھېچبولمىغاندا جەنۇبىي گېرمانىيەگە تارالغان جاسۇسلار بىلەن تونۇشىدۇ. شۇنداق، كۆپكە ئىبرەت بېرىش ئۈچۈن بۇ گۇمانلىق شاھزادىنى جەزمەن ئۆلتۈرۈش، شۇ ئارقىلىق چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن بوربون جەمەتىنى ئەمدى فىرانسىيەنىڭ ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈپ، فىرانسىيەنىڭ تىنچلىقىنى، غوجايىنىنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇشقا پېتىنالماس قىلىۋېتىش كېرەك!

باش مەمۇر ئۆزۈن يېزىلغان يارلىقىدا كىنەز دانگان تۇرۇۋاتقان، رېيىن دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى ئودېرىنخېيىمغا جايلاشقان بادېن شەھرىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى، خۇددى مانتۇئاغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتىدىكىگە ئوخشاش ساندىكى كېمە ۋە لەشكەرلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق تەمىناتىنى ھېسابلاپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ يۈز چەۋەنداز بادېن شەھرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، كىنەز دانگاننى تۇتتى ۋە تۆت كۈندىن كېيىن ھېچكىمگە تۇيدۇرماي پارىژ قورغىنىغا ئېلىپ كىردى.

— كىنەز دانگاننىڭ نەرسە - كېرەكلىرى ئىچىدىن گۇمانلىق ھۆججەتلەر چىقمىدى، — دېدى باش مەمۇرنىڭ ئىككى يېقىن ئادىمى. ئۆزىنىڭ كەلگۈسىگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان تاللېيران ھەربىي سوت ئارقىلىق قاتتىق سوراق قىلىش تەكلىپىنى بەردى. تاللېيران بۇنداق قىلغاندا ناپولېئونغا پايدىسىز ئەخلاقىي ئاقىۋەتنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. باش مەمۇرنىڭ ئاكىسى يوسېف بۇ خەۋپنى سېزىپ،

ئىنسىنىڭ سەمىگە سالدى. ناپولېئون قورۇقلۇق ئارمىيە ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئۇلۇغ كوندې كىنەزنى نەقەدەر ھۆرمەتلەيتتى ـ ھە ! ھازىرمۇ ئېسىدە تۇرۇپتۇ، ئۇلار ئىلگىرى 17 ـ ئەسىردە ئۆتكەن كوندې قەھرىمانى كۆيلىنىدىغان بىر داستاننى بىللە يادلىغانىدى. ئەمدى ئاشۇ داڭلىق شەخسىنىڭ بىردىنبىر نەۋرىسىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش كېرەكمۇ؟

— قەتئىي نىيەتكە كېلىپ كەچۈرۈم قىلماقچىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى باش مەمۇر، — بۇلا كۇپايە قىلمايدۇ، كىنەزنى بايرىقىم ئاستىغا كەلتۈرگۈدەك قۇدرەتكىمۇ ئىگىمەن.

يوسېف ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن، ستېل خېنىم ۋە باشقا مېھمانلارغا تەسەللى بېرىپ: «خاتىرجەم بولۇڭلار، كىنەزگە ھېچ ئىش بولمايدۇ» دېدى.

بۇ كىنەز رەقىبى ناپولېئوندىن ئىككى ياش كىچىك ئىدى. ئەگەر پەۋقۇلئاددە سىياسىي مۇھىت تۇپەيلىدىن ناپولېئون نام ـ شۆھرەتكە، مەنپەئەتكە ئېرىشمىگەن بولمىغىنىدا، بۇ كىنەزمۇ ئالەمشۇمۇل شۆھرەتكە ئېرىشكەن بولار ئىدى. كىنەز شۇ كۈنى ئاخشىمى سوراققا تارتىلدى. ئون ئىككى نەپەر ئوفىتسېردىن تەشكىللەنگەن ھەربىي سوتتا بىر نەپەر كېڭەش پالاتا ئەزاسى تەپتىش بولۇپ، باش مەمۇر يېزىپ چىققان مەسىلىلەرگە دائىر سوئاللارنى سورىدى.

— سىز ھېچقانداق ئەنگلىيە جاسۇسلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقمىغانمۇ؟

— ياق !

— ئەگەر پىچېرونىڭ سۇيىقەستى ئىشقا ئېشىپ قالغان بولسا، رېيىن دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئالساسقا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىمەن دېگەن خىيالدا بولغانمىدىڭىز؟

— ياق.

— سىز ئەنگلىيەدىن قوشۇمچە ياردەم پۇل ئالغانمۇ؟
— شۇنداق.
— سىز ئىنگلىزلارغا ئىشلەشنى خالامسىز؟
— ھەئە، ۋەتىنىمنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىشنى خالايمەن.
— سىز ئىنگلىزلارغا بولۇشۇپ فىرانسىيەگە قورال تەڭلەشنى خالامسىز؟
— كوندې جەمەتى پەقەت قورال ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ يۇرت ـ ماكانىغا قايتىپ كېلەلەيدۇ!

سوتتا بۇ كىنەزگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىندى ۋە ئىككىنچى كۈنى ئەتىگىنى باتۇر بىر ئوفىتسېرنىڭ كوماندىرلىقىدا ئېتىپ تاشلاندى.

بۇ سوت مۇنداق بىر نۇقتىدا قانۇنغا خىلاپ ئىدى: فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ چېگرادىن ئۆتۈپ كىنەزنى تۇتۇش ۋە فىرانسىيەگە ئېلىپ كېلىش ھوقۇقى يوق، ئەمما كىنەز فىرانسىيە زېمىنىغا قەدەم قويغان ھامان ئۆلۈم جازاسىغا تارتىلىشقا ھەق ئىدى. چۈنكى، ئۆزىنىڭ ئىقرار قىلغىنىدەك، ھازىرقى ھاكىمىيەتنى قوراللىق ئاغدۇرۇپ تاشلاش غەرىزىدە بولغانىدى. شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ بادېنغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغانلىقىنىڭ تامامەن قانۇنىي ئاساسىي يوقلۇقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كىنەزگە چىقىرىلغان ھۆكۈم قانۇنلۇق ئىدى.

بىرقانچە مېھمان كىنەزگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ناپولېئوننىڭ مېھمانخانىسىدا ئۇستەلنى چۆرىدەپ سۈكۈت ئىچىدە مەيۈس ئولتۇراتتى. يوسېفىن كۆڭلىدىكى ۋەھىمىنى كۈچىنىڭ بارىچە يوشۇرۇشقا ئۇرۇناتتى، ناپولېئون ئىچى قايناپ تۇرسىمۇ زۇۋان سۈرمەي ئولتۇراتتى.

— ئۇلار ھېچبولمىغاندا بىزنىڭ بىر ئىش قىلالايدىغانلىقىمىزنى كۆرۈپ يەتتى، — دېدى ناپولېئون بىردىنلا، — بىزنى ئەمدى ئارامىمىزغا قويار دەيمەن.
ناپولېئون تاماقتىن كېيىن ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ، جىممىدە ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرغان مېھمانلارغا ئۆزىنىڭ ئاساسلىرىنى، مەيدانىنى بايان قىلدى، ئارقىدىنلا يەنە تالانت ئىگىلىرىنىڭ، سىياسىيونلارنىڭ سالاپىتىنى ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلىگىلى تۇردى، ھەتتا ئۆزى ئىنتايىن چوقۇنىدىغان بۇيۈك ئىمپېراتور فرېدېرىخنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشنى ئۇنتۇمىدى:
— سىياسىيون بولغان كىشى ھېسسىياتقا باغلىنىپ قالسا قاملاشامدۇ؟ غېرىب بولۇپ قالامدۇ؟ سىياسىيونلار ھەمىشە كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈۋاتقاندەك قىلىسىمۇ، كۆڭلى ھامان غېرىبانىلىك ئىچىدە تۇرىدۇ. سىياسەت سىياسىيونلارنىڭ شەيئىلەرنى كىچىكمۇ كۆرسەتمەيدىغان، چوڭمۇ كۆرسەتمەيدىغان دۇربۇنى. سىياسىيون شەيئىلەرنى ھەرقانچە كۆڭۈل قويۇپ كۆزەتكەن ۋاقتىدىمۇ، ۋەقەنىڭ تەرەققىياتىنى سۆرەيدىغان ئارغامچىنى تارتىپ تۇرۇشنى توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، پەيتونىغا قېتىلغان ئاتلار دائىم بىر - بىرىگە ماسلاشمايدۇ. سىلەرچە، سىياسىيونلارنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى بىلەن مۇھىم باغلىنىشلىقى بولۇشى مۇمكىن بولغان كەيپىياتقا دىققەت قىلىپ تۇرۇشقا ۋاقتى چىقارمۇ؟... ئۆزۈڭلارنى دەۋر چۈشكۈنىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، تەسەۋۋۇرۇڭلارنى كېڭەيتىدىغان بولساڭلار، شۇنى كۆرۈپ يېتىسىلەركى، نەزىرىڭلاردىكى ۋەھشىي ئادەم دەل سىياسىيون بولۇپ چىقىدۇ. سىياسىيونلار ئۆزىنى چۈشىنىدۇ، ئۆزىگە ئەڭ رەھىمسىز ئادەم دەپ باھا بېرىدۇ. ئۇلار ئىنتايىن ئەقىللىك، كەيپىياتنى تىزگىنلەشنى بىلىدۇ، شۇنداقلا ئۆز ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىنىمۇ ئېنىق كۆرۈپ يېتەلەيدۇ.

ناپولېئون بىردىنلا توختاپ قالدى. چۈنكى، ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك دەۋاتقان بۇ گەپلىرى بىلەن قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى بەزى مەخپىيەتلىكلىرىنى ئاشكارىلاپ قويغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرەيلەنگە ئاسىيلىقتا دائىر ھۆججەتلەرنى ئوقۇتۇپ ئاڭلىدى.

ــ مانا بۇ توغرا دەلىل، ــ دەپ توۋلىۋەتتى ناپولېئون، ــ خۇنپەرلەر فىرانسىيەدە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلماقچى، مېنى ئۆلتۈرمەكچى، ئىنقىلابىنىمۇ بوغۇپ تاشلىماقچى! بىز جەزمەن ئۇلار بىلەن تىركىشىشىمىز، ئۇلاردىن ئىنتىقام ئېلىشىمىز شەرت! كىنەزمۇ باشقا ئاسىيلارغا ئوخشاشلا جازاغا تارتىلىشى كېرەك... بۇ ساراڭلار تېخى مېنى ئۆلتۈرمەكچىكەن. بۇنىڭدىن نەپ ئالالمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق تەلۋە ياكوبىنچىلارنىڭ ئورنۇمنى ئېلىشىغا تەقەززا... ھۇ بوربونچىلار! ناۋادا ئۇلار تىرىلىپ قالسا، باغلىشىمەنكى، قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى ئوردا قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بولىدۇ. ئەگەر جەڭگاھتا قان كېچىپ ئۆزىنى سىناپ باققان بولسا قانداق بولاتتىكىنتاڭ؟! ئەمما، لۇئىسنىڭ ئىمزاسى بىلەن يېزىلىپ لوندوندىن ئەۋەتىلگەن بىر پارچە خەتكە ئاساسلىنىپ ئالىقانچىلىك يەرگىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ! پەرۋايىمىز پەلەك، بۇنداق خەتلەر بىپەرۋا تەنتەك خەت تاپشۇرۇۋالغۇچىلارغىلا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىدۇ، خالاس... مەن ئادەم ئۆلتۈردۇم، شۇنداق قىلمىسام بولمايدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ ئادەم ئۆلتۈرۈشۈم مۇمكىن. بىراق، مەن ئادەم ئۆلتۈرۈشنى يامان كۆرىمەن، ئادەم ئۆلتۈرۈش يېغىلىقتىن بىشارەتتۇر. مەن بىر سىياسىيون ھەم فىرانسىيە ئىنقىلابچىسى، ئىنقىلابنى قانداق قوغداشنى ئوبدان بىلىمەن!

ناپولېئون ئەمدى سۆزىدىن توختاپ مېھمانلارنى قايتىشقا

بۇيرۇدى.

ناپولېئوننىڭ ئۇسۇلى ئەنە شۇنداق ئىدى، ئاشۇ سۆزلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ مۇددىئاسى، ئوي - پىكرى ۋە ھېسسىياتىنى ئاشكارىلاپ بەردى، ئەمما ھەقىقىي پىلانىنى قىلچىمۇ ئاشكارىلىمىدى.

## يەتتىنچى، فرانسىيە ئىمپېراتورى ناپولېئون

كىنەز دانگان سوراق قىلىنىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن كېڭەش پالاتاسىنىڭ بىر كومىتېتى باش مەمۇر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئالىي سوت قۇرۇش ۋە ۋارىسىي پادىشاھلىق تۈزۈمى ئورنىتىشتىن ئىبارەت كىشىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە قوزغايدىغان ئىككى تۈرلۈك تەكلىپ بەردى. بۇ خەلقنىڭ رايىنى سىناپ بېقىش مەقسىتىدە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپ ئىدى. مەنتىقىگە بۇنىڭدىنمۇ ئۆتە ئۇيغۇن كېلىدىغان چارە بولامدۇ؟ تېررورچىلارنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ، دۆلەت داھىيسىنىڭ ھاياتىنى قوغداپ، ئاسىيلارنىڭ تەھدىتىدىن خالاس قىلىش ئۈچۈن جەزمەن ئالىي سوت مەھكىمىسى ۋە باش مەمۇرنىڭ ۋارىسى بولۇشى كېرەك ئىدى.

ناپولېئون سىياسىي ھاياتىدا باشقا قارارلىرىنى چىقارغىنىغا ئوخشاشلا بۇ قېتىممۇ شارائىتنىڭ زورى بىلەن مۇددەتتىن بۇرۇن پادىشاھلىق تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش قارارىغا كەلدى. بىراق، ئەنە شۇنداق ئاچقۇچلۇق پەيتلەردە ئۆز ئىشلىرىنى قەدەممۇقەدەم ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى كۆزلەپ ئالدىن تۈزۈۋالغان سىستېمىلىق پىلانى بولۇپ باققان ئەمەس ئىدى. ئىتالىيەگە بېسىپ كىرگەندە مىلاننىڭ پادىشاھلىق تاجىنى ياكى فىرانسىيەنىڭ ئىمپېراتورلۇق تاجىنى كىيىش تەمەسىدىمۇ بولمىغانىدى. بىراق، ئۈزۈكسىز ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ، كۆز ئالدىدا تېخىمۇ كەڭ ماكان ۋە زامان

نامايان بولغان، بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ «نەگە بېرىپ، نەدە توختايدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىۋالغان كىشى ئۇزاققا بارالمايدۇ» دېگەن دەستۇرىنى دەلىللەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانىدى. شۇ قەدەر ھەيران قالارلىق دەرىجىدە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ھەرىكەت قىلاتتىكى، تالاي قېتىملىق ھەرىكىتىدە نامايان قىلغان بۇ ئالاھىدىلىكى بۈيۈك قەھرىمانلىق ئوبرازىغا سىرلىق تۈس بەرگەنىدى.

ناپولېئوننىڭ ئىمپېراتور بولۇشنى ئارزۇ قىلغىنى خاتامىدۇ؟ بۇ كومېدىيەدە ئىمپېراتور رولىنى ئېلىشىغا تۈرتكە بولغان نەرسە نېمە؟

ناپولېئوننىڭ تەسەۋۋۇرغا ھېرىسمەن تۇغما خۇسۇسىيىتى تۈپەيلىدىن ماتېماتىكا تالانتى يەنە بىر قېتىم كۆمۈلۈپ قالغانىدى. ئالدىنقى قېتىم مىسىرغا يۈرۈش قىلغانلىقى، كېيىنكى قېتىم رۇسىيەگە بېسىپ كىرگەنلىكى شۇ جۈملىدىندۇر. ناپولېئوننىڭ مۇشۇ قەدەمنى بېسىشىغا غايىسى تۈرتكە بولغانىدى. قەلبى ئەقلىنى بىلگەن چاغلىرىدىن باشلاپلا قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازى بىلەن چۇلغانغان، يەنە كېلىپ تەبىئىتىدە پادىشاھلارغا خاس بۇيرۇقۋازلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇقەررەر يوسۇندا قەدىمكى رىم ئىمپېراتورلىرى دەۋرىدىكىدەك سىياسىي تۈزۈلمىگە ئىنتىلەتتى. ناپولېئون بۇنداق شائىرانە خاراكتېرى بىلەن ھاياتىدا ئۈزۈكسىز بەرپا قىلغان مۆجىزىلەرنى كۆپ توملۇق قەدىمىي قەھرىمانلار تارىخنامىسىنىڭ داۋامى دەپ بىلەتتى. ھەر قېتىملىق غەلىبىسىدىن كېيىنكى ئاخشاملىرى بۇ قېتىمقى ئۇرۇش تارىخنامىگە كىرگۈزۈلۈپ تارىخىي يالداما بولۇپ قالغۇسى، دەپ ئويلايتتى. تەسەۋۋۇر بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان موتورى، مەڭگۈ كەلگۈسىگە تەلمۈرۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرى ھامان

قەلبىنى يېڭىدىن ـ يېڭى شۆھرەتكە ئىنتىلدۈرەتتى. ناپولېئون ھازىرقى كۈندە ھېچكىمدە يوق، ئەمما بۈنىڭدىن كېيىن مىڭ يىل، ھەتتا ئىككى مىڭ يىل پۈتۈن ياۋروپادا نۇر چاقناپ تۇرىدىغان بىر بەلگىگە — ئىزناكقا ئىنتىلەتتى.

«پادىشاھ دېگەن نامنىڭ ۋاقتى ئۆتتى، قىلچە يېڭىلىق يوق بۇ نام ماڭا خۇددى بىر ئۆلۈكنىڭ شۆھرىتىگە ۋارىس بولۇپ قالغىنىمدەكلا تۇيۇلىدۇ. ھەرقانداق كىشىنىڭ ۋارىسى ياكى بېقىندىسى بولۇپ قېلىشنى خالىمايمەن. ئىمپېراتورنىڭ مەرتىۋىسى پادىشاھنىڭ مەرتىۋىسىدىن چوڭراق بولىدۇ، ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدىغان يەرلىرىمۇ بولۇپ، شۇ يەرلىرى ئادەمنى مەھلىيا قىلىدۇ.» بىز ناپولېئوننىڭ بۇ قىسقىغىنا سۆزدىن نىيىتىنى، ئىشتىياقىنى، قۇۋۇلۇقىنى ۋە تەقەززاسىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

ناپولېئون بىرەر خەۋپىنى تۇيغانمىدۇ؟ بېشىغا كېلىدىغان بالا ـ قازادىن ساقلىنىشنىڭ چارىسى نېمىدۇ؟

— شاھانە ئورۇندۇق دېگەن نېمە؟

— شايە يېپىلغان ياغاچ شۇ!

ناپولېئون ئىمپېراتور بولغىنىدىن كېيىن كۆپ قېتىم ئۆزىگە شۇنداق سوئاللارنى قويغان ھەم شۇنداق جاۋابلارنى بەرگەندى. ئۆزىگىمۇ ئايانكى، ئاشۇ ياغاچقا تايىنىپ كىشىلەرگە خۇددى بۇرۇن شۆھرەتلىك بىرلەشمە ئارمىيەگە تەسىر كۆرسەتكىنىگە ئوخشاش تەسىر كۆرسىتەلەيتتى. دېمەك، شاھانە ئورۇندۇقنىڭ سېھرىي كۈچى ئېخىمۇ زور ئىدى، شۇڭا بۇ شاھانە ئورۇندۇققا ئىلگىرى شۆھرەتلىك بىرلەشمە ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەندىمۇ بەكرەك ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلاتتى. سىياسىي ۋاستە، ئادەم تىزگىنلەش ۋاستىسى دېگەن شۇ. رېئال دۇنيادا تەڭرىنىڭ ياردىمىگە

ئېرىشكەن ئادەم بولغان ئەمەس. بىر كىشى شائىر ياكى پەيلاسوپ سۈپىتىدە ئىمپېراتورلۇق تاجىنىڭ بېسىمىدىن مۇستەسنا بىر هالدا كۆككە بېقىپ تەڭرىگە ئىلتىجا قىلالايدۇ. بىراق، سىياسىيون بولغان كىشى هاكىمىيەتنىڭ سىمۋولىغا موهتاجدۇر. شۇنداق قىلغاندىلا، نادان خەلق ئاندىن شۇ سىياسىيوننىڭ هوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

بىراق، ئەتراپلىق ئويلاشقا ماهىر ناپولېئون ئىمپېراتورلۇق تاجىدىن ئىبارەت هاكىمىيەت سىمۋولىغا يوشۇرۇنغان يوشۇرۇن خەۋپنى كۆرمىگەنمىدۇ؟ كىشىلەرنىڭ ئەسىرلەر بويى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن پادىشاهلىق هوقۇقىنى تەڭرى بەرگەن دېگەن مەنتىقىگە قەتئىي ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلمەمدىغاندۇ؟ بۇ نۇقتىنى بىلگەن بولسا، قانداق قىلىپ يەنە ئۆزىنىڭ خاتا تۇيغۇسىنى سىياسىي هاياسىزلىقى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ يوشۇرۇن ئاپەتتىن خالاس بولىدىغاندۇ؟ ئەگەر ئىمپېراتورلۇق تاجى ئۆز تالانتىغا تايىنىپ ئېرىشىدىغان سۈيۈنچە بولىدىغان بولسا، تالانتى بولمىغانلار بۇ تاجغا قانداق ۋارىسلىق قىلار؟

ناپولېئون شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ ۋارىسلىق هوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن رىم ئىمپېرىيەسى تۈزۈمىنىڭ ئەندىزىسى بويىچە ئىش كۆرۈشكە تىرىشماقتا ئىدى. ئۆزىگە ئايانكى، تالانت تۇغما بولىدۇ، تالانتنى ئەجدادتىن ئەۋلادقا مىراس قالدۇرغىلى بولمايدۇ. ناپولېئون ئىلگىرى مىراس قالغان تەختنىڭ قان ئىچىدە غايىب بولغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. ۋاهالەنكى، بۇنداق ئۆزگىرىشكە ئىچ ـ ئىچىدىن قارشىمۇ ئەمەس ئىدى، بوربون جەمەتىنى تەبىقىسى تۆپەيلىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇۋىسىدىن چىقماي تۇگۈلۈپ تۇرۇۋاتقان چاشقانلاردەك قورقۇنچاق بولغانلىقى ئۈچۈن تىللايتتى، ئۆزىنى قەدىمدىن تارتىپ هازىرغىچە تەڭداشسىز، تېپىلغۇسىز تالانت ئىگىسى

ساناپتتى، شۆھرەت ۋە بايلىقنى تۆھپىكار، باتۇر ۋە تالانتلىق كىشىلەرگىلا ئىنئام قىلىپ بېرەتتى. سەككىز يىل مابەينىدە ئىنقىلاب روھىنىڭ نامايەندىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن شۇنچە تېز ئۆسۈپ ئېرىشكەن يۇقىرى مەرتىۋىسىنىڭ ئۆز نەسەبىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغانلىقىغا مۇتلەق ئىشىنەتتى!

ناپولېئون پىلۇتارخنىڭ ئەسەرلىرى ۋە قەيسەرگە دائىر ھېكايەتلەر بىلەن پىششىق تونۇش ئىدى، فىرانسىيە، ئەنگلىيە، پىرۇسسىيە پادىشاھلىرىنىڭ ھاياتى ۋە تۆھپىلىرىدىنمۇ خەۋەردار ئىدى، شۇنداقلا پادىشاھلارنى زاۋاللىقتا يۈز تۇتقانلىقى ئۈچۈن پەس كۆرەتتى. ھازىر مۇشۇ بىردىنبىر ئالىي تەختىنى مىراس قالدۇرۇش تۇزۇمىنى ئەسلىگە كەلتۇرۇپ يېڭىباشتىن يولغا قويۇشقا جىددىي تۇتۇش قىلماقتا ئىدى. شۇ ئارقىلىق كونا ـ يېڭى تۇزۇلمىنى بىر ـ بىرىگە يۇغۇرۇۋېتىش ئارزۇسىدا ئىدى.

يېقىن سىردىشى رودېرېر ناپولېئوننى پەرزەنت يۈزى كۆرۈش ئۈچۈن باشقا ئايالغا ئۆيلىنىشكە دەۋەت قىلىپ ئالدىراتقانىدى، ناپولېئون ھاياجان بىلەن مۇنداق جاۋاب بەردى:

— بۇگۇنگە قەدەر دۆلەتكە ئىنتايىن ئادىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلدىم، ئەمدى شەخسىي مەنپەئەتىم ئۈچۈن نىكاھتىن ئاجراشسامۇ بولىدۇ. بىراق، ئىشلىرىمدا تېخىمۇ زور ئۇتۇق قازىنىش ئۈچۈنلا، بىر ئوبدان رەپىقەمنى بىر تېپىك بىلەن ھەيدىۋەتسەم قانداق بولىدۇ؟ ئىلگىرى مەن بىلەن بىللە سۇرگۇن قىلىنىشى ياكى تۇرمىگە تاشلىنىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمدى مەن تاشلىۋېتەمەنمۇ؟ ياق، بۇنداق باغرى تاشلىق قىلالمايمەن.

دېمەك، يوسېفىن ئۆلمىگۈچە ناپولېئوننىڭ بېشى باغلاقلىق تۇرغىنى تۇرغانىدى. بىراق، ۋارىس مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى نېمە؟

ــ قېرىنداشلىرىمنىڭ تېگىمۇ ماڭا ئوخشاشلا تۆۋەن تەبىقىدىن. بىراق، ئۇلار ماڭا ئوخشاش ئۆز كۈچى ئارقىلىق يۇقىرى قاتلام ئىچىگە كىرەلمىدى. فىرانسىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان كىشى جەزمەن ئوردىدا ياكى چاھارباغلاردا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن داڭلىق نەسەبتىن بولۇشى ياكى ھەممىنى بېسىپ چۈشكۈچى ئاجايىپ تالانتىنى نامايان قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئالاھىدە كىشى بولۇشى كېرەك.

ناپولېئون ئۆز ئىشىنى خۇددى ئالدىنقى ئىككى قېتىمدىكىگە ئوخشاشلا ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ئاددىي ئۇسۇلدا پۇختا يۈرۈشتۈرمەكتە ئىدى. ئۆزىنىڭ باشقا سىياسىي پارتىيەلەردىن داناراق ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، تەخت ۋارىسلىقى تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشىنى ئومۇمىي خەلقنىڭ ئاۋازىغا قويماقچى بولدى. بۇنىڭدىن ئون ئىككى يىل مۇقەددەم پادىشاھنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان ھەمدە پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان فىرانسۇزلار ئەمدى ئىمپېراتورلۇق تۈزۈمىنى يېڭىباشتىن ئورناتماقچى بولۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى قىزغىنلىقى ھەتتا ئىككى يىل ئىلگىرى ناپولېئوننى ئۆمۈرلۈك باش مەمۇر قىلىپ سايلىغان ۋاقىتتىكىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. بىرقانچە كۈن ئىچىدىلا ھەممە ئىش پۈتتى: كېڭەش پالاتاسىدا ناپولېئوننىڭ ئۈچ رەقىبىلا قارشى ئاۋاز بەردى، ئاۋامنى قوغداش مەھكىمىسىدە پەقەت كارنوتلا قارشى ئاۋاز بەردى. كارنوت ئەسلىدە ناپولېئونغا چىن دىلىدىن قايىل ئىدى، ئەركىنلىك ئېتىقادى تۈپەيلىدىنلا قارشى ئاۋاز بەردى. 1804 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئاۋاز بېرىش نەتىجىسى ئېلان قىلىندى ۋە يېڭى ئاساسىي قانۇن جاكارلاندى. بۇ يېڭى ئاساسىي قانۇن ئىخچام ۋە رىتىملىق بولۇپ، پەقەت كونا ئاساسىي قانۇننىڭ بىر ماددىسىغىلا تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەنىدى.

ناپولېئون ھاكىمىيەتنىڭ مەلۇم سىرلىق مەنبەدىن كېلىدىغانلىقىغا ياكى ھاكىمىيەتنىڭ مەنبەسى خەلق ئىكەنلىكىگە ئەزەلدىن ئىشەنمەيتتى. ئىمپېراتور بولۇپ بىرقانچە كۈندىن كېيىنكى بىر كۈنى كەچلىك تاماق ۋاقتىدا دېرىزە ئالدىدا ئېگىز تېكىنى ئورۇندۇقنىڭ گىرۋىكىگە تىرەپ ئولتۇرۇپ كەتتى. يوسېفىن بىلەن رەمزا خانىم پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ناپولېئون شۇ پېتى خېلىغىچە زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرىۋەردى. بىر چاغدا ئورنىدىن تۇرۇپ، رەمزا خانىمغا ياسالما خۇشال قىياپەتتە قارىدى، ئاندىن يەنە بىردىنلا ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇپ، خۇددى تارىخ سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك بىر تەرزدە ئىچ سىرىنى تۆكۈۋەتتى:

— كىنەز دانگانغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىكىم ئۈچۈن مېنى يامان كۆرۈپ قالدىڭلارغۇ دەيمەن؟ ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەشتىن قول ئۈزۈشكە قىيالمايدىغاندەك قىلىسىلەر، مېنىڭ ئەسلىمەم پەقەت ئۇلۇغ زات بولغان ۋاقتىمدىنلا باشلىنىدۇ، نېرىسىدىكى ئىشلارنى ئەسلىيەلمەيمەن. كىنەز دانگان مېنىڭ ئالدىمدا نېمىدى، باشقىلادىن مۇھىمراق بىر قاچقۇن، خالاس. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قاتتىق جازاغا لايىق ئىدى. بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى ھاكىمىيەت تەبىئىيلا مېنىڭ قولۇمغا ئۆتتى... بۇ كىنەز مېنى كىرىزىسكە بالدۇرراق خاتىمە بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. مەن ئەسلىدە يەنە ئىككى يىل باش مەمۇر بولۇپ تۇرارمەن دەپ ئويلىغىدىم، گەرچە بۇنداق قىلىش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمىسىمۇ، فىرانسىيە ئەسلىدە مەن بىلەن بىرمەھەل قولتۇقلىشىپ ماڭسا ياخشى بولاتتى. چۈنكى، فىرانسىيە ماڭا ئىشىنەتتى ھەمدە مەن ئىگە بولماقچى بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە موھتاج ئىدى. بىراق، بۇ قېتىمقى ياۋروپانى زىلزىلىگە سالغان غەلىياندىن كېيىن پاكىت ياۋروپانىڭ

خاتالاشقانلىقىنى ئىسپاتلىدى... مەن يارىشىپ قالماقچى بولغان سىياسىي پارتىيەلەر، خانپەرەسلەر ۋە ياكوبىنچىلار مەلۇم كىشىدىن ئەيمىنىدىغانلا بولسا، تاشلىنىپ مەيۇس ھالەتكە چۈشۈپ قالمايدۇ. مېنىڭچە، ئۇلار ئۆزئارا كېلىشىم ھاسىل قىلالمايدۇ. ئەمما، ئۇلار بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىش ماڭا پايدىلىق... ئۇلار ھازىر سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشقا مەجبۇر. ئەمدى مەن بىلەن دۈشمەنلىشىدىغانلاردىن پەقەت جۇمھۇرىيەتچىلەرلا قالدى. بۇ تەلۋىلەر پەقەت ئىلگىرىكى پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ خارابىسى ئۈستىگە جۇمھۇرىيەت تۈزۈلمىسى پەيدا قىلغاندىلا، ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ مۇداخىلىسىدىن خالىي بولغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلىشىدۇ... مېنىڭ مۇستەبىت پادىشاھلىق تۈزۈمىنى تاللىشىمدىكى سەۋەبمۇ شۇ. شۇنداق بولغاندا، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تونۇش مۇھىتتا ياشاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ... سىلەر ئۇزاققا بارماي داغدۇغىلىق ئوردا مۇراسىمىنىڭ قاچقۇنلار ئۈچۈن نەقەدەر زور جەلپكارلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىسىلەر. كونا تىل بويىچە ئېيتقاندا، ئاقسۆڭەكلەرنى ئۇتقىلى بولىدۇ... سىلەر فىرانسۇزلار پادىشاھلىق تۈزۈمگە ھەۋەس قىلىسىلەر. چۈنكى، بۇ سىلەرگە باب كېلىدىغان بىردىنبىر تۈزۈم. باغلىشىمەنكى، جانابىي رەمزا، سىز ھازىر مېنى «ئالىيلىرى» دەپ ئاتايسىز، مەن بولسام سىزنى «جانابلىرى» دەپ ئاتايمەن، بۇنىڭدىن يۈز ھەسسىلەپ سۆيۈنۈپ كېتىسىز... شۆھرەت خۇمارىڭلار چەكلىنىپ كەلدى، جۇمھۇرىيەت قانۇنىنىڭ قاتتىق ماددىلىرىدىن غىق تويغانىدىڭلار... ئەركىنلىك دېگەن سۆز پەقەت بىر باھانە، باراۋەرلىك بولسا سىلەر ئىنتىلىدىغان نىشان، خەلق ئۇرۇش تۆھپىكارىنىڭ پادىشاھ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ... ھازىر ئارمىيە بىلەن خەلق مەن تەرەپتە. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتىمۇ دۆلەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلالمىغان

كىشى ئۆتۈپ كەتكەن دۆت ھېسابلىنىدۇ.

ناپولېئون بىردىنلا سۆزىدىن توختاپ قالدى. بىر پەستىن كېيىن يەنە ئەسلىدىكى جىددىي ھالىتىگە قايتتى ۋە رەمزا ئەپەندىگە پادىشاھقا خاس تەلەپپۇزدا تايىنى يوق بىر يارلىق چۈشۈردى.

تەبىئىيكى، ناپولېئوننىڭ ئاشكارىلىغىنى ئۆز خىيالىنىڭ يېرىمىمۇ ئەمەس، بۇ يەردە پەقەت سىياسىي مەسىلىلەر ئۈستىدىلا توختالغانىدى. ئىمپېراتورلۇق تۈزۈمى دەۋرى ئەمدىلا باشلانغان مۇشۇنداق بىر پەيتتە بۇنداق مەسىلىلەر ئۆزى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ تەسىرگە ئىگە ئىدى. ناپولېئون ئۆز مەرتىۋە ـ نامىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى: «ئىسمىم ئۆزىنىڭ يېڭى نامىنىڭ قانداق مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىشنى خالىمايدۇ، ــ دەپ يازدى ناپولېئون ستېل خانىمغا ئەۋەتكەن خېتىدە، ــ ياخشىسى قىلچە ئۆزگىرىش بولمىسىكەن، دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كارامەت بىر ئادەم بولۇپ كەتكەندەك كىبىرىنىمۇ كۆرسەتمىدۇ. ھەقىقىي ئۇلۇغ كىشىلەرگە مەلۇمكى، بۇنداق نام ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى بولۇپ، دوستلىرىمىزغا، ئائىلىمىزگە ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىمىزگە ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. كىشىلەر مېنى ‹ئالىيلىرى› دەپ ئاتايدىغان بولغاندىن بۇيان ئۆيدىكىلەر مەندە بىرەر ئۆزگىرىش بولغىنىنى ھېس قىلغىنى يوق.»

ناپولېئوننىڭ پەقەت ئۈچىنچى قېتىم ئۆزگەرتكەن نامىلا كىشىلەرگە ئىنتايىن مۇھىم تۇيۇلدى. فىرانسىيە ئىمپېرىيەسىدىكى مۇھىم ئەربابلار تۇنجى قېتىم ناپولېئوننىڭ ئىلكىدە بولغىنىدا ناپولېئونىي «ئالىيلىرى» دەپ، يوسېفىننى «خانىم» دەپ ئاتاشقانىدى. ئاقسۆڭەكلەر بۇنىڭدىن ئون بەش ـ

يىگىرمە يىل ئىلگىرىمۇ ئاشۇنداق پارقىراق، سىلىق پولدا تۇرۇپ پادىشاھ لۇئىسنى «ئالىيىلىرى»، رەپىقىسىنى «خانىم» دەپ ئاتاشقانىدى. كىشىلەر تەرتىپى مۇرەككەپ بۇنداق ئوردا مۇراسىملىرىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىدىن بەكمۇ سۆيۈندى. بىراق، كىيىم ـ كېچەك، يۈرۈش ـ تۇرۇش ۋە ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۈگۈنكى ئىمپېراتورنىڭ تۈنۈگۈنكى باش مەمۇردىن ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى.

بىراق، تۈرلۈك جاكارنامىلەر، بىھېساب خەت ـ ئالاقىلەر، خاتىرىلەر ۋە پەرمانلارغا يېڭىچە ئىسىم بىلەن ئىمزا قويۇلىدىغان بولدى. ناپولېئون سەككىز يىلدىن بۇيان پۈتۈنلەي «بوناپارت» دېگەن ئىسىم بىلەن ئىمزا قويۇپ كەلگەنىدى. ئەمدى بولسا باللىق چاغلىرىدىن تارتىپ يېزىپ باقمىغان «ناپولېئون» دېگەن ئىسىم بىلەن ئىمزا قويىدىغان بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئىسمىنى قىسقارتىپ «N» ھەرپى بىلەنلا ئىمزا قويىدىغان بولدى.

ئىسمىنىڭ ئۆزگىرىشى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ئىدى. ناپولېئون ئىسمىغا يېڭى مەرتىۋە نامىنى قوشۇپ، ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم مۇنداق ئىمزا قويدى: فىرانسىيە ئىمپېراتورى ناپولېئون.

## سەككىزىنچى، ناپولېئونچە يېڭى ئاقسۆڭەكلەر

ناپولېئون دەسلەپكى تەدبىرىنى يولغا قويغاندا بىرمۇنچە قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى. يېڭى قويما پۇللارغا «جۇمھۇرىيەت ئاساسىي قانۇنى بويىچە سايلانغان ئىمپېراتور» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، مۇشۇنداق قىلىشنىڭ دۇرۇس بولغان ـ بولمىغانلىقى ئۈستىدە ئۇدا تۆت يىل ئويلىنىپ كۆپ ھەرەج تارتتى. 14 ـ ئىيۇن باستىللې تۈرمىسى ئېلىنغانلىقى ۋە فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى پارتلىغانلىقى تەبرىكلىنىدىغان

خاتىرە كۈن ئىدى، ناپولېئون ئىمپېراتورغا خاس سەلتەنەتنى بىلەن داغدۇغىلىق تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي ئېھتىياجىنى كۆزلەپ ئۇستىلىق بىلەن قوللانغان ۋاقىتلىق تەدبىرى ئىدى. يەنە كېلىپ بۇ خاتىرە كۈنى، يەنى ئازادلىق كۈنى بىر ھەپتە كېيىنگە سۈرۈۋېتىلدى، شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا بولسا بۇ كۈننى ئېسىگە ئالىدىغانلارنىڭمۇ تايىنى قالمىدى، بارا ـ بارا يېڭى كالېندار ئەمەلدىن قېلىپ كونا كالېندار ئەسلىگە كەلدى.

ھەممە كىشى ناپولېئوننىڭ رايىغا بېقىپ ئىش تۇتاتتى. يېقىندا بىر يۈز ئوتتۇز كىشى ئىمپېرىيە ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەندى، بۇ كىشىلەر دەل بۇنىڭدىن ئون ئىككى يىل ئىلگىرى فىرانسىيە پادىشاھى لۇئىس X VI گە ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە قوشۇلۇپ ئاۋاز بەرگەن كىشىلەر ئىدى. بۇ فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى ئۈچۈن بىر مەسخىرە ئىدى. ياۋروپا بولسا قانلىق كۈرەش ئارقىلىق بەرپا قىلىنغان بۇ ئىنقىلابىي تۈزۈلمىنىڭ شەكىلدىن تارتىپ مەزمۇنىغىچە پەيدىنپەي تارىخىي مۇزېيغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىغا بىر چەتتە قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇراتتى. ياۋروپالىقلار بۇنىڭدىن كۈلمەي قالارمۇ؟

ھەممىدىن بەك گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكىنى ئاقسۆڭەكلەر ئىدى. ئۇلار كىنەز دانگان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن يېڭىباشتىن بىرلىككە كەلگەن ئىتتىپاق تۈزۈشكەنىدى. ساينىت ژېرمان رايوندا كونا تۇئىلېرس ئوردىسىدىكى يېڭى غوجايىنغا دائىر سۆز ـ چۆچەكلەر تارقالماقتا ئىدى (ئىمپېراتور بۇ رايوندىكى سۆز ـ چۆچەكلەرگە ئىنتايىن دىققەت قىلىپ كەلدى). چۈنكى، ناپولېئون بۈگۈنكى كۈندە خۇددى بۇرۇنقى بوربون سۇلالىسىدىكى پادىشاھلاردەك «ئالىيلىرى» دەپ ئاتالغاچقا، جىمى كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ، سۆز ـ چۆچەكلەرنىڭ

ئوبيېكتى بولۇپ قالغانىدى. ئائىلىسىدىكى قېرىنداشلىرى تېگى ـ تېگىدىن سۆرلۈك، تىل تەگكۈزگۈدەك ھېچ يېرى يوقتەك كۆرۈنىدىغان ناپولېئونغا بالىلارچە قىزىقىسىنىپ ۋە ھەسەت قىلىپ، ئوردىدىكى ئىشلار توغرىسىدا سۆز ـ چۆچەك توقۇپ تارقىتىپ يۈرۈشەتتى. ناپولېئون شۇڭا ناھايىتى تېزلا كىشىلەرنىڭ مەسخىرە نىشانىغا ئايلىنىپ قالدى ھەم ئۆزىنىڭ ياۋروپادىكى ئىناۋىتىگە نۇقسان يەتكۈزۈپمۇ قويدى.

شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە پارىژغا جاسۇسلىرىدىن باشقا يەنە بىر تۈركۈم مۇخبىرلارنىمۇ ئەۋەتتى. مۇخبىرلارنىڭ ئۆتكۈر ھەجۋىي تىل بىلەن توقۇپ تەسۋىرلىگەن ھېكايىلىرىگە ھەركىم شەكسىز ئىشىنىپ قالاتتى. ھەجۋىي رەسىملەر بىرمەھەل دەۋر سۈردى، بۇنداق ھەجۋىي رەسىملەرنىڭ ئىچىدە مەشھۇر ئارتىس تارمانىڭ پاكىنەك لېيتېنانتقا پادىشاھنىڭ مېڭىشىنى ئۆگىتىۋاتقانلىقى سىزىلغان بىر پارچە رەسىممۇ بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ناپولېئون دائىم تارماغا كورنېلىنىڭ تىراگېدىيەسىدە ئىمپېراتورنىڭ رولىنى قانداق ئېلىشى كېرەكلىكىنى ئۆگەتكەنىدى. ياشىنىپ قالغان ياۋروپا بۇ رېئال قەھرىمانغا قانداق تاقابىل تۇرسا بولار؟ بۇنىڭ بىردىنبىر چارىسى شۇكى، ئەستايىدىل ئوينىلىۋاتقان بۇ تىراگېدىيەنى كومېدىيەگە ئۆزگەرتىۋېتىشكە توغرا كېلەتتى.

ناپولېئون ھەشەمەتلىك بىر ئوردىغا موھتاج ئىدى، ھەممە ئىشنى ئۆزى قول تىقىپ ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەپ ۋايىغە يەتكۈزۈش ئۆزىنىڭ ئىزچىل ئىستىلى ئىدى. بىراق، ئوردا مۇراسىملىرى ۋە قائىدە ـ يوسۇنلىرىدىن قىلچە خەۋىرى يوق ئىدى. شۇڭا، سابىق پادىشاھ دەۋرىدىكى ئوردا ئەھلىنى تەكلىپ قىلىپ تەلىم ئېلىشقا مەجبۇر بولدى، بۇنىڭ بىلەن ئاللىبۇرۇن ھالاكەتكە مەھكۇم بولغان فىرانسىيە پادىشاھىنىڭ ۋەزىر ـ

ۋوزرالىرى قەلىمىنى تاشلاپ (ئۇلار ئەدەبىي ئىجادىيەت ئارقىلىق كۆن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى)، ئوردا مۇراسىملىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىش قاتارلىق ئىشلانى يېڭىباشتىن قولىغا ئالدى. يوسېفىننىڭ ئىلگىرىكى خىزمەتكارلىرى بۇرۇنقى سۇلالىنىڭ كېنىزەكلىرى ئىدى، ئەمدى خانىش بولغاندىن كېيىن قانداق كېنىزەكلىرىنىڭ بولۇشى كېرەكلىكىدىن تامامەن بىخەۋەر ئىدى. مارى ئانتونېتتىي خانىشىنىڭ باش كېنىزىكى نەگە كەتكەندۇ؟ ئۇلارنى تېپىپ كېلىپ ئىشقا قويۇش كېرەك! باش كېنىزەك ئاخىر تېپىلدى. كېنىزەك ئەينەكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ يوسېفىننى پەردازلاپ ياساپ قوياتتى، ئۇنىڭ ئاياغلىرى ئالدىدا — نى ـ نى مەرھۇم خانىشلار قاملاشتۇرۇپ دەسسىيەلمىگەن تانىسلارنى گۈلىنى گۈلگە كەلتۈرۈپ دەسسەيدىغان ئاياغلىرى ئالدىدا تىز پۈكۈپ ئولتۇرۇپ كۆڭلىكىنىڭ پۈرمىلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ چىقاتتى.

يېڭى ئىمپېراتور باش مەمۇر مەرتىۋىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى (بىردىنبىر ئەمەلدىن قالدۇرغان مەرتىۋىمۇ شۇ ئىدى)، ئالدىنقى نۆۋەتلىك ئىككى باش مەمۇرنىڭ بىرىنى باش ۋەزىرلىككە، يەنە بىرىنى خەزىنىدارلىققا قويدى. ئوردا ئاغىسى بولمىش تاللېيران بۇ قەسىرگە قەدىمىي سۇيىقەست ۋە ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئېلىپ كىردى. ئەگەر ئىمپېراتور ئوردىدىكى مۇھىم مەرتىۋىلەرگە ئىلگىرىكى سۇلالىلەردىن قالغان مۆتىۋەرلەرنى قويىدىغان بولسا، نامزات تاللىمىقى شۇ قەدەر ئاسانغا توختايتتى. بىراق، ئۇ ئىشچىلار ۋە پۇقرالارنىڭ پەرزەنتلىرىنى، يەنى بىرتخېر، مۇرات، لاننېس، نېي ۋە داۋىد قاتارلىق ئون تۆت سەردارنى تاللىدى. ئۇلار ياش چاغلىرىدا بولكىخانىدا خىزمەتچى، ئات باقار، خىزمەتكار، كېمىچى بولغان ياكى سەرگەردانلىقتا ياشىغانىدى، ئەمدى بولسا كونا ھەربىي فورمىسىنى سېلىپ تاشلاپ زەر

جىيەكلىك فىرانسىيە مارشالى فورمىسىنى، شۇنداقلا ئوردىدا مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ، زەر تاۋار ياقىلىق كىيىم ۋە ئىزىملىك ئاياغلارنى كىيىشى كېرەك ئىدى؛ ئۇلارنىڭ خانىملىرىمۇ ئېسىلزادىلەرگە خاس سالام قائىدىلىرىنى، يۈرۈش - تۇرۇش ۋە ئولتۇرۇش - قوپۇش قائىدىلىرىنى، ئىشىكنى قانداق چېكىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلغاندا، پۈتۈن ياۋروپا ئىلگىرى لېيتېنانت بولغان بۇ ئىمپېراتورنىڭ ئوفىتسېرلىرىنى قانداق قىلىپ تۆھپىسىگە قاراپ تارتۇقلاپ ئۆستۈرگەنلىكىنى بىلىپ قالاتتى. ئۇچىسىغا شايە - دۇردۇندىن تون كىيگەن ۋە ئالتۇن بېزەكلەرنى ئاسقان مارمېنت سۇنۇپ كەتكەن بىلىكى ھېلىمۇ ئېسىقلىق پېتى بىر چەتتە قاراپ تۇراتتى. ئۇپراپ كەتكەن يىرتىق كۆڭلىكى يېڭى ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن تۆھپىسى ۋە قولغا كەلتۈرگەن شۆھرىتىنى كىشىنىڭ ئېسىگە سېلىپ تۇرسىمۇ، ھەشەمەتلىك گەلەپى شىمىغا زادىلا ماس كەلمەي چاندۇرۇپ تۇراتتى. ئىمپېراتور ۋەزىر - ۋۇزرالار سالامغا كەلگەندە پېشىنى يېيىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈش ۋە ئىمپېراتورنىڭ قولىنى سۆيۈشتىن ئىبارەت ئاۋارىچىلىكى تولا، يەنە كېلىپ ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە نۇقسان يەتكۈزىدىغان ئىككى تۈرلۈك ئوردا قائىدىسىنى ئاقىلانىلىك بىلەن ئەمەلدىن قالدۇردى. ئىمپېراتور ئېسىلزادە ئاياللار بىلەن ئارىلىشىشتىن تولىمۇ بىزار ئىدى. ئۇلاردىن «قانچىنى تۇغدىڭىز، بالىڭىزنى ئۆزىڭىز ئېمىتىۋاتامسىز» دەپ توغرىدىن - توغرا سوراۋېرەتتى. ئېسىلزادە خېنىملارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشاتتى - يۇ، پاراڭلاشقاندا ئەس - يادى بىر يەردە بولمىغاچقا، ئەكسىچە نەتىجىگە ئېرىشەتتى.

ئوردا بىلەن مۇناسىۋەتى بارلىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى

بىيىپ كەتتى. ناپولېئون ئوردا ئەمەلدارلىرىغا نۇرغۇن مائاش بېرىپ خەيرخاھلىق قىلاتتى. ئەمما، بەزى ئاقسۆڭەكلەرگە «ئوردىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش سىلەرگە پەرز» دەپ بېخىللىق قىلاتتى. ئوردا ئەھلىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ يىللىق كىرىمى بىرنەچچە مىليون فرانكقا يېتەتتى. چۈنكى، «نەپسانىيەتچىلىك ئادەمنى ئىشقا سالىدىغان ئاساسىي تۈرتكە، كىشىلەر يۇقىرىغا ئۆرلىشى ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەيدۇ... مەن كىشىلەرنىڭ نەپسىنى تاقىلىدىتىش ھەمدە ئۇلارنى ئۆزۈمگە بېقىندۇرۇش ئۈچۈنلا پالاتا ئەزالىقى ۋە خانزادىلىق مەرتىۋىلىرىنى تەسىس قىلغانمەن» دەيدۇ ناپولېئون. دېمەك، ئىمپېراتور شۆھرەت ۋە پۇلدىن ئىبارەت ئىككى ۋاستىنى كىشىلەرنى ئۆزىگە دوست قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بېقىندۇرۇش ئۈچۈن قوللىناتتى.

ناپولېئون پۇلنىڭ قىممىتىنى ئوبدان بىلەتتى. ئاچقۇچلۇق پەيتلەردە ئەھۋالغا قاراپ كەسكىن تەدبىر قوللىنىش ئىقتىدارى بىلەن كىشىلەرنى تولىمۇ ھەيران قالدۇراتتى، يەنە بىر جەھەتتىن كىشىلەر ناپولېئوننىڭ تۆھپىكارانە ھاياتىدا ئىزچىل نامايان بولۇپ كەلگەن ئۇششاق بۇرژۇئازىيەگە خاس ئىدراكىدىن ۋە تەپەككۇرىدىنمۇ ھەيران ئىدى. ناپولېئون تۇرمۇشتا ئىنتايىن تېجەشلىك بىلەن ئىش كۆرەتتى، يىللىق كىرىمى يىگىرمە بەش مىليون فرانك بولۇپ، سابىق فرانسىيە پادىشاھى لۇئىس X VI نىڭ مائاشى بىلەن باراۋەر ئىدى. ھالبۇكى، پادىشاھ لۇئىسنىڭ خىراجەت چىقىمى قىرىق بەش مىليون فرانكقا يېتىپ، كىرىمىدىن بىر ھەسسىگە يېقىن ئېشىپ كېتەتتى، ناپولېئوننىڭ خىراجەت چىقىمى بولسا مائاشىدىن بىر ھەسسىگە يېقىن كەم بولۇپ، يىلىغا ئون ئىككى مىليون فرانك تېجەپ قالاتتى. يەنە كېلىپ ئوردا شۇنچە ھەشەمەتلىك بولسىمۇ، ئوردا خىراجىتى سابىق بوربون سۇلالىسىنىڭ ئوردا خىراجىتىنىڭ

تۆتتىن بىرىگىمۇ يەتمەيتتى.

ناپولېئون ئىمپېراتور بولغاندىن كېيىن تۇرمۇش ئادىتىنى قىلچىمۇ ئۆزگەرتمىدى. ئەتىگىنى سائەت يەتتىدە ئورنىدىن تۇراتتى، سائەت توققۇزدىن باشلاپ مېھمان قوبۇل قىلاتتى. كاتىپى كۈنبويى ئاغزاكى بايانلىرىنى خاتىرىلەپ تۇراتتى. ناپولېئون ئەمر ـ پەرمانلىرىنىمۇ ئادەتتىكى بايانلىرى بىلەن ئوخشاش سۈرئەتتە تېز ـ تېز ئېيتىۋېرەتتى ھەمدە شۇنداقلىقىغا باقماي كاتىپىنىڭ تېز ھەم توغرا خاتىرىلىشىنى تەلەپ قىلاتتى. كېچىلىرى ئۇيقۇسى قاچقان چاغلاردا مېنىۋال ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىپ، غوجىسىنىڭ كېچىلىك ئوي ـ خىياللىرىنى خاتىرىلەيتتى. ناپولېئون تامىقىنى يىگىرمە مىنۇتتىلا يەپ بولاتتى، يەنە كېلىپ تاماق تاللاپ ئولتۇرماي، ئالدىغا نېمە كەلسە، شۇنى يەۋېرەتتى. ئەتراپىدىكى ۋەزىر ـ ۋۇزرالار دائىم ھەشەمەتلىك كىيىملىرى بىلەن يۈرەتتى، ئۆزى بولسا ئاددىيلا كىيىنەتتى. داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈپ لايىقىدا كىيىنىشكە توغرا كەلگەندە ئۇچىسىدىكى ھەشەمەتلىك كىيىمىدىن بىئارام بولاتتى، سېلىۋەتكەندىن كېيىن يېنىكلەپ قالاتتى. يېڭىلا زىننەتلەنگەن ساينىت كلوۋد ئوردىسىغا قەدەم قويغاندا بۇ يەردىكى ھەشەمەت كۆزىگە سىغماي قالدى:

— بۇ يەر قۇشناچىملارنى قوندۇرۇشقا لايىق ئىكەن، سۈرلۈك كەيپىيات دېگەندىن ئەسەرمۇ يوق.

ناپولېئون كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئېتىبار بېرىپمۇ كەتمەيتتى، پەقەت كارىۋات، تائام ۋە چىراغلارنىڭ چوقۇم بەلگىلىك تەرتىپتە بولۇشىنىلا تەلەپ قىلاتتى. قولىدىن چۇشۇرمەيدىغان بۇرۇن تاماكا قاپىقىمۇ ئويۇنچۇققىلا ئوخشايتتى. قاقلىنىدىغان تام مەش، ئىسسىق مونچا، كىلون ئەترى، قىزىل ۋىنو ۋە كۈنگە ئىككى قېتىم ئالماشتۇرىدىغان پاكىز كۆڭلەك ئىمپېراتورنىڭ

تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان نەرسىلەر ئىدى.

يوسىفىن ناپولېئوننىڭ ئەكسىچە تولىمۇ بەتخەج ئىدى، ئىشكاپىدىكى يەتتە يۈز قۇر كىيىمى، ئىككى يۈز ئەللىك شىلەپىسى، زىبۇ ـ زىننەتلىرى، يېپىنچىسى ۋە ياغلىقلىرى ئۈچۈن نەچچە مىليون فىرانك خەجلىگەنىدى. گەرچە ئىمپېراتور رەپىقىسىنىڭ بەتخەجلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىختىيارىغا قويۇۋەتكەن بولسىمۇ، ئاسترونومىيەلىك سان ـ سىپىرلاردەك شۇنچە كۆپ سومىلىق ھېسابات تالونلىرىنى كۆرگەندە غۇدۇراپمۇ قوياتتى.

ئاكا ـ ئىنىلىرى، ھەدە ـ سىڭىللىرىمۇ پۇلنى توپىدەك سورۇپ ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئىمپېراتور بۇ قېرىنداشلىرىغا توققۇزنى تەل قىلىپ بېرەتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆزى تويمايتتى. بەش جۇپ ئەر ـ خوتۇن (چەتكە قېقىلغان لۇسىئانمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) يوسىفىن بىلەن كۆلكىلىك رەۋىشتە بەسلىشەتتى ۋە يوسىفىنغا ئۆچمەنلىك قىلاتتى. يۇقىرى مائاشلىق ئالتە ئالىي مەرتىۋىنىڭ تۆتىنى ناپولېئوننىڭ ئاكا ـ ئىنىسى، تەربىيەسىدىكى ئوغلى ۋە ئاكىسىنىڭ باجىسى ئىگىلىگەنىدى. ئاكا ـ ئىنىلىرىنىڭ ئالىيلىرى دەپ ئاتىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بولسا ھېچنېمە دەپ ئاتالمايدىغانلىقىدىن نارازى بولۇشقان سىڭىللىرى كولىلېكتىپ ئەرز سۇنۇپ، ئوتانىس لۇئىسنىڭ ئايالى بولغانلىقى ئۈچۈنلا «ئالىيلىرى» بولۇپ قالدى. بىز بولساق «ھېچنېمە ئەمەس» دەپ غوۋغا قىلىشتى. ناپولېئون سىڭىللىرىغا بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، تارىخنامىلەردىن ئورۇن ئالغۇدەك ھېكمەتلىك سۆزلەر بىلەن جاۋاب بەردى:

— بۇ گېپىڭلارنى باشقىلار ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا، تاج ۋە پادىشاھلىق بۇلارغا ئاتىسى ئالىيلىرىدىن مىراس قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىماي قالمايدۇ!

دەرۋەقە، كىشىلەر راستىلا شۇنداق ئويلاپ قالغانىدى. ناپولېئون شۇ چاغدا كەيپى چاغ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تەلپىگە دەرھال ماقۇل بولدى. يەنە كېلىپ كېيىنكى ئون يىل مابەينىدە سىڭىللىرىغا نام - ئابروي، پۇل، مەرتىۋە، يەر - زېمىن دېگەنلەرنى ئايىماي بېرىپ كەلدى. ئەمما، ئۇلار رەھمەت ئېيتىپ ياخشىلىقىغا ياخشىلىق قايتۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇزۇلدۇرمەي ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىپلا يۈرەتتى. «شۇنداق تۇرۇقلۇق، ناپولېئوننى قارىغۇلارچە سىڭىللىرىنىڭ رايىغا باقتۇرغان زادى قانداق خۇراپىي قاراشتۇر» دەپ سورىماي تۇرالمايتتى كىشىلەر ئۆز - ئۆزىدىن.

ناپولېئون زىيادە مەغرۇر ئىدى، ئۆزىگە زىيادە ئىشىنەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مىسلىسىز يول ئېچىپ ماڭدى. مۇددىئاسى مۇرەككەپ بولۇپ، بىر قىسمى خىرە - شىرە تۇيغۇلىرىغا، بىر قىسمى مۇپەسسەل پىلان - ھېساباتلىرىغا تەئەللۇق بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

ناپولېئون يېرىم شەرقلىق ئىدى، ئادەتتە كىشىلەرگە سۆيۈنچە قىلىپ شەمشەردەك نەرسىلەرنى بەرگىنىگە ئوخشاش ھوقۇقمۇ بېرەتتى، ئەمما ھوقۇقنى ئۆزىگە ئىشىنىدىغان كىشىگىلا بېرەتتى. سەپداشلىرىغا قارىغاندا قان قېرىنداشلىرىغا بەكرەك ئىشىنەتتى. بىراق، قېرىنداشلىرى شاپائىتىگە ياخشىلىق قايتۇرۇش تۇگۇل، يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇراتتى. بىر سىڭلىسى ئاخىر ساتقۇنلۇق قىلدى. ناپولېئون ئۆزى كۆچەپ تەرغىب قىلىپ كەلگەن دانا ۋە قابىللارنىلا ئىشقا قويۇش پرىنسىپىغا خىلاپ ئىش تۇتۇپ، ئاكا - ئىنىلىرىنى ۋە جىيەنلىرىنى يۇقىرى مەرتىۋىگە قويدى ھەمدە ۋارىس قىلىپ بەلگىلىدى. بىراق، ئۇلارغا ئەركىن ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى بەرمىدى، باشقا گېنېراللىرىغا تولۇق ھوقۇق بېرىپ، مۇناسىپ

ھوقۇق دائىرىسىدە ئەركىنگە قويۇۋەتتى. دېمەك، ئۆز قېرىنداشلىرىغا خۇددى شاھزادىگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويدى، ئۆزىمۇ ئاچچىق يۇتۇۋالدى.

يوسىپ مەسخىرە قىلىش مەقسىتىدە قىزىنى ئەتەيلا ئىمپېراتور ئائىلىسىنى «باش مەمۇر» دەپ ئاتاشقا بۇيرۇدى، دېموكراتىك زاتلار ئارىسىدا مەمەدانىلىق قىلىپ يۈردى، ۋەزىر بولۇشنى رەت قىلدى ـ يۇ، يىلىغا ئىككى مىليون فىرانك مائاش ئالىدىغان خانزادە ئاتىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئىنىسى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن لىيۇكسېمبۇرگ قەسرىگە كۆچۈپ كىردى. يوسىپنىڭ مۇنداق پوزىتسىيەسىدىن سەۋر ـ تاقىتى توشقان ناپولېئون كۆڭلىدىكى ئاچچىقىنى چاندۇرماي يۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما بىر كۈنى دەردىنى تۆكۈۋالدى:

— يوسىپنىڭ خىيالى زادى نېمىدۇ؟ ئۇچىسىغا قوڭۇر رەڭ شاھانە تون، بېشىغا شىلەپە كىيىپ پارىژ كوچىلىرىدا دۈشمەنلىرىم بىلەن قولتۇقلىشىپ سەيلە قىلىپ يۈرۈشنى ئۆزىگە راۋا كۆرىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ شۇنداق قىلىشى ئۇچۇنلا خانزادىلىك مەرتىۋىسىنى بەرگەنمىدىم؟ مەن بارلىق شادلىقىمنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئىشلىرىمنى ۋۇجۇدقا چىقارغانمەن، كېرىلىپ يۈرۈشكە توغرا كەلسە، شۇنداق قىلىشقا مانا مەن ئەڭ لايىق ئىدىم! بىراق، بۇنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشىمغا ياردىمى تەگمەيدۇ ـ دە. مەن بىلەن ھوقۇق تالاشقۇسى بارمىكىنتاڭ؟ بىلىپ قويسۇن، مېنىڭ ھوقۇقۇم ئۇيۇل تاشتەك چىڭ!

— باشقىلارنىڭ ئالدىدا ماڭا نېمە دېدى دېمەمسىز؟ خانىمىنى خانىش قىلسام بولمىغۇدەكمىش. چۈنكى، بۇنداق قىلغىنىم ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىگە خىلاپ كېلەرمىش، لۇئىسنىڭ بالىلىرى خانىشنىڭ نەۋرىلىرى سانىلىپ، ئۆزىنىڭ بالىلىرىدىن

ئەتىۋار بولۇپ كېتەرمىش ! تەپ تارتماستىن مېنىڭ ئالدىمدا ئۆز ىىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كۆز ـ كۆز قىلغىنىنى قارىمامدىغان ! بۇ مېنىڭ يارامغا تۇز سەپكەن بىلەن باراۋەر ! ھەتتا ئاكامنىڭ ئاشنىسى بىلەن بىللە ياتتىم، دەپ ماختىنىپ يۈرگەن بولۇشى ياكى شۇنداق قىلىش خىيالىدا يۈرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. مېنىڭ ئاشنام؟ مېنىڭ ھوقۇقۇملا ماڭا ئاشنا بولالايدۇ ! شۇ ئاشنامنىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن يەتكۈچە بەدەل تۆلىگەنمەن، خەقنىڭ بۇ ئاشنامنى تارتىۋېلىشىغا ياكى شېرىك بولۇشىغا ھەرگىز يول قويمايمەن !

ئەسلىدە ئۇششاق ئىشلار توغرىسىدا پاراڭلاشماقچى بولغان ناپولېئوننىڭ بۇ سۆزلىرى بىردىنلا ۋولقاندەك پارتلاپ چىقتى. ناپولېئون دائىم ئۆز قېرىنداشلىرىنى ئەلەم بىلەن تىلغا ئالاتتى ھەمدە ئۇلارنى ئېۋگېن ۋە ئوتانسلارغا سېلىشتۇراتتى.

— رەپىقەمنىڭ باللىرى مەن تەرەپتە تۇرىدۇ. بىرەر چىرايلىق قىزغا كۆڭلۈم چۈشۈپ قالغاندا ئاپىسى قاتتىق خاپا بولىدۇ، باللىرى بولسا دائىم ئاپىسىغا نەسىھەت قىلىپ، نېمىلا دېگەنبىلەن ئۆگەي دادىمىز قىران يىگىت، خاپا بولۇشىڭىزنىڭ ئورنى يوق. ھەرقانداق ئادەم خاتالىقتىن خالىي ئەمەسقۇ؟ بىزگە قانچىلىك ياخشىلىق قىلغانلىقىنىمۇ ئويلاپ قويايلى، دېيىشىدۇ.

بىراق، بۇلار ناپولېئوننىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىنى كەينى ـ كەينىدىن ئۆستۈرۈۋېرىشىگە توسالغۇ بولالمايتتى. يوسېف باشقا ھەرقانداق مەرتىۋىنى قوبۇل قىلماي رەت قىلغانلىقتىن، ئارمىيەدە ۋەزىپىگە قويۇشقا مەجبۇر بولدى.

— يوسېف جەزمەن ھەربىي ئۇنۋان ئېلىشى، ئاز ـ تولا يارىدار بولۇشى ھەمدە ياخشى نامغا ئېرىشىشى كېرەك. مەن ئۇنىڭغا ئېغىر ۋەزىپە تاپشۇردۇم. شۇنداق قىلغىنىمدا ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنالايدۇ، شۇنداقلا قوماندانلاردىن ئۈستۈن تۇرغۇدەك

يۈقىرى مەرتىۋىگە ئۆستۈرۈشۈمگە ئىمكانىيەت تۇغۇلدۇ، — دېدى ناپولېئون.

بۇ سۆزلىرى خۇددى ئۇلۇغ ئاتىنىڭ تېخى يېتىلمىگەن ئوغلىغا تەربىيە بېرىپ ئېيتقان سۆزلىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى.

شېئىرنى ياخشى كۆرىدىغان لۇئىس قوغدىنىش قوشۇنىنىڭ قوماندانى بولدى، بۇ ماختانغۇدەك يۇقىرى مەرتىۋە ئىدى. بىراق، لۇئىس ئۇرۇش بولۇپ قالسا، ئۆيدە دۇگدىيىپ ئولتۇرۇۋالاتتى. مۇرات بىلەن كارولىنا بولسا ئېيتقۇسىز بەتخەجلەردىن بولۇپ كەتتى، ئۇلارنىڭ قاچا ـ قۇچىلىرىمۇ ساپ ئالتۇندىن ئىدى.

— سىڭىللىرىم بىلەن مۇنازىرىلىشىپ قالغۇدەك بولسام، قايىل قىلىش ئۈچۈن ئاۋام پالاتاسىدا نۇتۇق سۆزلىگىنىمدىنمۇ كۆپرەك ۋاقتىم كېتىدۇ. ئۇلار مېنى قاچان ئۆلەركىن دەپ كۈتۈپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئۆلۈم كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا قالدى. نېمىدىگەن يىرگىنچلىك ئىش بۇ! ئەگەر ئائىلە تۇرمۇشۇم ھەرھالدا بەختلىك بولمىغان بولسا، تازىمۇ بىچارە ھالدا قالغان بولار ئىدىم! ئۇلار نېمىشقا رەپىقەمدىن گۇمانلىنىپلا يۈرىدىغاندۇ؟ رەپىقەم ئۇلاردىن كۆپرەك نەرسىگە ئىگە بولۇۋالغانمىدى... يوسېفىن كۆيۈمچان ئايال، ھېچقاچان ئۇلارغا يامانلىق قىلغان ئەمەس. خانىش بولۇشقا خۇشتار، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، كىيىم ـ كېچەكلەرگە ئامراق، بۇ مۇشۇ ياشتىكى ئاياللاردا بولىدىغان تەبىئىي ھەۋەس. مۇھەببەت ھېچقاچان مېنىڭ كۆزۈمنى توسۇپ قويغان ئەمەس. مەن ئادىل ئىش قىلدىم. يوسېفىننى خانىش قىلغىنىم قىلغان!

شۇنداق قىلىپ، ناپولېئوننىڭ قېرىنداشلىرى بىلەن بولغان زىددىيىتى ئۈزۈكسىز ئۆلغىيىپ باردى. ناپولېئون ئاكا ـ ئىنى، ھەدە ـ سىڭىللىرىنى ھەشەمەتلىك تۇرمۇشتىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە مەھرۇم قىلىشقا تامامەن قادىر ئىدى. بىراق، جەمەتىدىن

ئادا ـ جۇدا بولۇشقا قولى بارمايتتى.

قېرىنداشلىرىدىن پەقەت بىرسىلا ئۇلار بىلەن بىر قازاندا قايناپ بۇلغانمايتتى، ھېچنېمىدىن تەمەسى يوق ھالدا ئۆزىنى پاك تۇتۇپ، ئاددىي ـ ساددا ياشايتتى، ئۇ بولسىمۇ لۇسىئان ئىدى. «ئاپىمىزنىڭ قارىشىچە، باش مەمۇر بوربون خانىدانلىقىنىڭ قولىدىن تاجنى تارتىۋېلىپ خاتا قىلغان، — دەپ يازغانىدى لۇسىئان رىمدىن ئەۋەتكەن خېتىدە، — شۇڭا، ئاپىمىز كۆڭلى بىر يامانلىقنى تۇيۇپ، تەلۋىلەرنىڭ ئىمپېراتورنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ ئەنسىزلىك ئىچىدە يۈرۈۋاتىدۇ. ئەمما، بۇ ئەندىشىسىنى بىزگە ئېيتىشنى خالىمايدۇ.»

يېشى ئەللىكتىن ئاشقان بولسىمۇ بۇرۇنقى جەزبدارلىقىدىن قالمىغان بۇ ئېسىل سۈپەت خانىم دۆلەتمەنلىكنى ئانچە چوڭ بىلىپ كەتمەيتتى، ھەمىشە قانداقتۇر بىر ئەنسىزلىك ئىچىدە يىراقتىن كۆزىتىپ تۇراتتى ـ يۇ، زۇۋان سۈرمەيتتى، پەقەت ئاز ساندىكى يېقىن ئادەملىرىنىلا ئاگاھلاندۇرۇپ قوياتتى. پارىژدىكى تۇئېلېرس ئوردىسىدا بولسا، پەرزەنتلىرى ئۇنۋان ۋە مەرتىۋە جېدىلىنى قىلىپ ئىمپېراتورنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرۇشنى، ئوردا دەرۋازىسىدىن پادىشاھنىڭ ئالدىغا چىقىش ھوقۇقىنى تالىشىپ ئوردىنى بېشىغا كىيىمەكتە ئىدى.

ناپولېئون ئاپىسىنى پارىژغا قايتىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. بىراق، ئاپىسى دەسلەپتە ئىتائەت قىلىشنى خالىماي سەۋەب كۆرسىتىپ رەت قىلدى، ئاخىردا ئوغلىنىڭ مۆھرى بېسىلغان جىددىي يارلىق چۈشۈرۈلگەندىلا، ئامالىنىڭ يوقىدىن يولغا چىقتى. نىھايەت، سەپىرىنىڭ سۈرئىتى ناھايىتى ئاستا بولدى، شۇڭا بۇ دۇنيادا ھايات ئانىغا ئاتاپ ئۆتكۈزۈلگەن ئەڭ كاتتا، ئەڭ ھەشەمەتلىك زىياپەتكە قاتنىشىش شەرىپىدىن قۇرۇق

قالدى. ئەقلى لال بولۇشقان جاھان ئەھلىنىڭ بۇ ئىش توغرىسىدىكى باھاسىنى پەقەت باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاشقا، گېزىتلەردىن ئوقۇشقىلا مۇۋەپپەق بولدى. ئاخىردا بىرلا ئېغىز سۆز قىلدى:

— بۇ ئىشلار ئاخىرىغىچە خەيرلىك بولغىيدى !

## توققۇزىنچى، ئۆزىگە ئۆزى تاج كىيدۈرگەن ئىمپېراتور

لاتسىيەنىڭ ھىماتچىسى بولمىش پاپا تېخىمۇ ئىتائەتچان بولۇپ، ئالدىنئالا پارىژغا قاراپ يولغا چىقتى. نېمە ئامال؟ قۇدرەت ئىگىسى چاقىرتقانىكەن، ئىرادىسىگە مۇخالىپ ئىش تۇتالمايدۇ ـ دە. پاپا تاج كىيدۈرمەكچى بولغان كىشى بىر ئىتالىيانغۇ؟ خۇددى بىر كاردىنال ھەزرەتنىڭ بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىندا «قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز بۇ ياۋايىلارنى بىر ئىتالىيان جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا قويغانلىقىمىزدىن مەمنۇندۇرمىز، ھەرھالدا گاۋۇرلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدۇق» دەپ ئېيتقىنىدەك.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ناپولېئون فىرانسىيەدە يەنىلا بىر چەت ئەللىك سانىلاتتى ! بىراق، ناپولېئون نېمە سەۋەبتىن تاج كىيىش ئۈچۈن رىمغا ئۆزى بارمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۈيۈك ئىمپېراتور چارلېماننىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەن غەرب ئىمپېراتورلىرىغا ئوخشاش قىلمايدۇ؟ پوپنى زادى نېمە قىلدۇرماقچى؟

ناپولېئون بۇ ئىشتا يېڭى بىلەن كونىنى مۇناسىۋەتلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنغانىدى. دەسلەپتە تۈرلۈك تەپسىلاتلار توغرىسىدا زادى زۇۋان سۈرمەي، پەقەت پاپانىڭ «فىرانسىيەنىڭ تۇنجى ئىمپېراتورىغا تاج كىيگۈزۈش ئۈچۈن ئەڭ

مۇقەددەس دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈش»نىلا تەلەپ قىلغانىدى. بىرقانچە ھەپتىدىن بۇيان رىم بىلەن پارىژ ئارىلىقىدا خەت ـ ئالاقە ئۈزۈلمەي كەلگەن بولسىمۇ، مۇراسىمدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

پاپا پارىژغا يېتىپ كەلگەندە كۆڭلى تولىمۇ دەككە ـ دۈككىدە بولۇپ، بەخت تىلەپ دۇئا قىلىدىغان ئەپتى يوق ئىدى. چۈنكى، ئەزەلدىن ھېچقانداق بىر پاپا بۇنداق ئۇسۇلدا چاقىرتىلىپ باقمىغانىدى. ئىمپېراتور پارىژ قوۋۇقىدا پاپانىڭ ئالدىغا چىققىنى، ئەمما تىزلانمىدى ياكى پاپاغا بولغان ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قولىنى سۆيمىدى. بۇ شەھەر پۇقرالىرىنىڭ ئېتىقادى خىلمۇخىل بولۇپ، كىشىلەر پاپانى ھۆرمەتلەپمۇ كەتمەيتتى، پاپا بۇ ھالدىن تولىمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ كەتتى.

بىراق، يوسېفىن تامامەن باشقىچە ئىدى. پاپاغا ئۆزىنىڭ ئىمپېراتور بىلەن توي قىلغاندا چېركاۋدا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزمىگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. شۇنداق بولغاندا، چېركاۋنىڭ قارىشى بويىچە نىكاھلانمىغان ھېسابلىناتتى. يوسېفىن بۇ بىردىنبىر پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆزىنىڭ تۇغمىغانلىقى تۈپەيلىدىن تازا ئىشەنچلىك بولماي قالغان نىكاھىنى مۇستەھكەملەش خىيالىدا ئىدى. يوسېفىنىنىڭ بېشارىتىنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يەتكەن پاپا «يوسېفىنغا خانىشلىق تاجىنى كىيدۈرۈشتىن بۇرۇن جەزمەن دىنىي توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش شەرت» دېگەن پىكرىدە چىڭ تۇردى. ئۇردا چېركاۋىدا تاج كىيدۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن ناپولېئوننىڭ تاغىسى فېرشىل ئۈچىسىغا ھال رەڭ تون كىيىپ بۇ ئەر ـ خوتۇنلار ئۈچۈن توي مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. بۇ ئەر ـ خوتۇنلار بۇنىڭدىن سەككىز يىل ئىلگىرى باستېرنىڭ دۇئاسىنىمۇ ئالماي، ئەمەلدارلارنىمۇ ئارىلاشتۇرماي توي

قىلىنىشىغا ئاغلانغاندى. ھازىر ئۆتكۈزۈلىۋاتقان دىنىي تويى مۇراسىمىدا بولسا توي گۇۋاھچىسىمۇ، سىرتتىن قاتناشقۇچىلارمۇ يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كومېدىيەدىن كۈلدىغانلارمۇ يوق ئىدى. دېمەك، بۇ مۇراسىم يەنىلا بىر ـ بىرىنى ئالدايدىغان ئويۇن بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى تاغىسىغىمۇ قاراڭغۇ ئىدى.

1804 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى بۈۋى مەريەم چېركاۋىغا يېقىنلىشىۋاتقان بىر ھېساب شام زۇمرەت تاشلارنى چاقنىتىپ تۇراتتى، شۇڭا بۇ يەر چېركاۋدىن كۆرە زىياپەت زالىغا بەكرەك ئوخشاپ قالغانىدى. ھەممە تەييارلىق بۇنىڭدىن بىرقانچە ھەپتە بۇرۇن پۈتۈپ بولغانىدى. قابىل بىر مۇزېي خادىمى بۈيۈك ئىمپېراتور چارلىماننىڭ ھاسىسىغا تەقلىد قىلىپ بىر ھاسا ياساپ قويغانىدى. بۇ ئىنقىلابچىغا تاج كىيدۈرۈش مۇراسىمىنى ھەر جەھەتلەردە قانۇنلۇق فىرانسىيە پادىشاھلىرىغا تاج كىيدۈرۈش مۇراسىمىدىن قېلىشقۇسىز ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن مۇتەخەسسىسلەر قەدىمىي قۇياش سۇلالىسى دەۋرىدىكى تېرە قەغەز يازمىلىرىنىمۇ ئالا قويماي ئاختۇرۇپ چىقتى. فىلولوگىك سېگۇر بۈيۈك قانۇنلاردىكى ئوردا مۇراسىملىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلدى، سەنئەت ئۇستازى ئىسابى ئارتىسلارنى تەشكىللەپ ئالدىنئالا تەقلىدىي مۇراسىم ئۆتكۈزدى. قەدىمىي ئوردا پارىژ بىلەن پۈتكۈل فىرانسىيە ئاجايىپ شادىيانە كەيپىياتقا تولغانىدى.

كۆڭلى ئىنتايىن شادىمان ئىمپېراتور ئەتىگەندىلا خانىمىغا ئۆز قولى بىلەن تاج كىيدۈرۈپ كۆرۈپ باقتى. ھەيۋەتلىك مۇراسىم پەيتونلىرى چېركاۋغا يېتىپ كەلدى. ئۈچىسىغا قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ پاسونىدىكى پىلاش يېپىنغان ناپولېئون خانىشنى قولتۇقلىغىنىچە مەردانە

قەدەملەر بىلەن مېھرابقا چىقتى. يوسېفىن ئۇخلايسىزلىقىنى ياسالما نازۇ كەرەشمىلىرى بىلەن يوشۇرۇپ تۇراتتى. پاپا كاردىناللىرى ھەمراھلىقىدا تۆردىن ئورۇن ئالدى. ئوركېستىر مۇناجات ئېيتىشقا باشلىدى.

بەلگىلەنگەن پەيت يېتىپ كەلدى، ھەممەيلەن شۇ كەمگىچە بىرەر كىشىگە يۈكۈنۈپ باقمىغان ناپولېئوننىڭ يۈكۈنۈشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. ناپولېئون ھەممە كىشىنى تاڭ قالدۇرۇپ بىردىنلا تاجنى قولىغا ئالدى ـ دە، پاپا بىلەن مېھرابقا ئارقىسىنى قىلىپ، سورۇن ئەھلىگە يۈزلىنىپ، ئادەتتىكى چاغلىرىدىكىدەك قەددىنى تىك تۇتۇپ، پۈتكۈل فىرانسىيەنىڭ كۆزىچە ئۆزىگە ئۆزى تاج كىيگۈزدى. ئاندىن ئۇ يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان خانىشقا خانىشلىق تاجىنى كىيدۈردى.

ناپولېئوننىڭ كۆڭلىدىكىنى پەقەت پاپالا بىلەتتى، شۇڭا باشقىلار بۇ يەردىن كېتىشكە ھەرقانچە دەۋەت قىلسىمۇ، كېتىمەن دەپ تەھدىت سېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. شۇ تاپتا قولىدىن كېلىدىغىنى چېركاۋ مۇراسىمى بويىچە بۇ ئىككى گۇناھكارغا تاج كىيگۈزۈش شەرتىنى قىلىپ قويۇش ۋە دۇئا بېرىشلا ئىدى. ئىمپېراتورنىڭ بېشىغا كىيگەن تاجىمۇ ھەقىقىي خىرىستىيانلارغا خاس تاج بولماستىن، بەلكى غەيرىي دىندىكىلەرگە خاس كىچىككىنە ئالتۇن رەڭ دارچىن يوپۇرمىقىسىمان چەمبىرەك ئىدى. بۇ مەنزىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغان بارلىق شاھىتلار «ئىمپېراتور بەئەينى بىرىنچى ئەۋلاد رىم ئىمپېراتورى ئاۋگۇستقىلا ئوخشاپ قالدى» دېيىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن گويا قانداقتۇر بىر سېھرىي كۈچ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىۋاتقاندەك، چىرايىمۇ بارغانسېرى ئاشۇ تۇنجى رىم ئىمپېراتورىغا ئوخشاپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ، ناپولېئون ئۇبرازلىق ئەھمىيەتكە ئىگە ئاشۇ

پەيتتە رەسمىي مۇراسىم قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى شۇ ھەرىكىتى بىلەن مەسخىرە قىلدى، ھەتتا پاپانى كۆلكىگە دەستەك قىلىپ، كۆڭلىگە ئۆمۈر بويى ئۇنتۇلغۇسىز ئازار بەردى. شۇنىڭ بىلەن بوربون سۇلالىسىنىڭ كۆلەڭگىسىمۇ تامام غايىب بولدى. دوراش ۋە تەقلىد قىلىشىنىڭ مەنبەسىمۇ غايىب بولدى. چىركاۋنىڭ مېھراب پەلەمپىيىدە بىر ھەربىي — رىم ئىمپېراتورى كىيىلگىنىچە تىككىدە تۇراتتى. ئۇ بۇنىڭدىن ئون ئىككى يىل بۇرۇن نامسىز بىر پىشكا ئىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈكسىز مۆجىزە يارىتىپ ئاجايىپ تۆھپىلەرنى كۆرسەتتى، ئەمدىلىكتە ئاشۇ تۆھپىسىنىڭ ئىنئامى سۈپىتىدە ئالتۇن رەڭ دارچىن يوپۇرمىقىنى ئۆزىگە تاج قىلىپ كىيگۈزدى. يامغۇرلۇقىغا ئەمەلىيەتچىل ۋە تىرىشچانلىقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئالتۇن رەڭ ھەرىلەرنىڭ سۈرىتى كەشتىلەنگەنىدى.

تاج كىيدۈرۈلگەن شۇ كۈنى ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىغا ئالغان بۇ ئادەمنىڭ قەلبىنى چۇلغىۋالغان ھاياجىنىنى بىرقانچە ئىشتىن كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

ئىمپېراتور بېشىغا تاج كىيىپ، ئالتۇن رەڭدە «N» ھەرپى (فامىلىسىنىڭ بىرىنچى ھەرپى) كەشتىلەنگەن شاھانە ئورۇندۇقتا، پاپا بولسا ئالدىدا ئولتۇراتتى. ناپولېئون يېنىدا ئولتۇرغان ئاكىسىغا پەس ئاۋازدا:

— يوسېف، ئەگەر دادىمىزمۇ بۇ مۇراسىمنى كۆرگەن بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە! — دېدى.

شۇنىڭدىن بۇرۇن دادىسىنى زادىلا تىلغا ئېلىپ باقمىغانىدى. شۇ تاپتا كورسىكا ئارىلىدىكى جەمەتلەر ئارا ئاداۋەتلەرنى، كورسىكا جەمەتلىرىنىڭ ئىپتىخارىنى ۋە غايىسىنى، ھەتتا ئاتا ـ بوۋىلىرىنى ئېسىگە ئالغانىدى.

ناپولېئون ئەزەلدىن يۈزەكى ھادىسىلەرگە ئەمەس، شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىگە ئەھمىيەت بېرەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن

ئەڭ خەۋپلىك پەيتلەردىمۇ ھودۇقۇپ قالمايتتى. تىلاۋەت ۋاقتىدا تاغىسىنىڭ قولىقىغا بىرقانچە ئېغىز پىچىرلىۋالماقچى بولۇپ دۇمبىسىگە ھاسىسىنى يېنىككىنە نوقۇپ قويدى. مۇراسىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يوسىفىن بىلەن ئىككىسى يالغۇزلا چۈشلۈك تاماقتا بولدى.

— يا ھەزرەت، ئاخىر تۈگىدى! ئۇ يەردە مۇنچە ئۇزاق تۇرغىنىمدىن بىر مەيدان جەڭنى ئارتۇق كۆرىمەن! — دېدى ناپولېئون بۇ چاغدا ئېغىر يۈكتىن خالاس بولۇپ يېنىكلەپ قالغاندەك ئاھاڭدا.

ئاندىن يوسىفىنىنى تورت يېگەندە خانىشلىق تاجىنى كىيىۋېلىشقا بۇيرۇدى. ئۇلار گويا شائىر بىلەن ئارتىس بىر يەرگە كېلىپ قالغاندەك تۇيغۇدا ئىدى. كىرېئون پۈشتىدىن بولغان بۇ ئايال خانىش بولغاندىن كېيىن ناپولېئوننىڭ كۆزىگە تېخىمۇ نازاكەتلىك كۆرۈنىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. ناپولېئون ئەنە شۇنداق تەبىئىي ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ساختا نىقابلارنى يىرتىپ تاشلاۋاتاتتى. خەلق بۇ ئىنقىلاب ئوغلانىنىڭ ئۆزى بەرپا قىلغان بۇ ئىمپېرىيەنى ئۆزى شۇ قەدەر مەسخىرە قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى بىرقىسما بولدى.

بىراق، بۇ ئۇششاق ئىشلاردا ئەكس ئەتكەن ئەركىنلىكنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ناپولېئوننىڭ بىر سىردىشىغا ئېيتقان ئىقرارىدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

— ياق، دېكرى، بەك كېچىكىپ تۇغۇلۇپتىمەن، بۇ ئالەمدە تىرىشىپ ۋۇجۇدقا چىقارغۇدەك بۇنىڭدىن باشقا ئىش قالمىدى... شۇنداق بىر چىرايلىق يول ئاچقانلىقىمغا ئىقرارمەن. بىراق، قەدىمدە ئۆتكەن قەھرىمانلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، شۇ قەدەر كېيىن تۇرىمەن! ئالايلى، ئىسكەندەر ئاسىيانى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنى تەڭرى جوپىتېرنىڭ ئوغلى دەپ ئاتىغانىدى، بۇ گەپكە ئايىسى بىلەن ئارىستوتېل ۋە ناھايىتى ئاز ساندىكى ئافېنا

ئالىملىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شەرقلىقلەرنىڭ ھەممىسى ئىشەنگەنىدى. ئەگەر ھازىر ئۆزۈمنى تەگرىنىڭ ئوغلى دەپ ئاتايدىغان بولسام، ھەتتا بېلىقچى خوتۇنلارمۇ مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشىدۇ. دېمەك، ۋۇجۇدقا چىقىرىشمىغا توغرا كېلىدىغان ھېچقانداق ئىش قالماپتۇ.

ناپولېئوننىڭ تاج كىيىش مۇراسىمى ئۆتۈپ بىرقانچە سائەتتىن كېيىن ئېيتقان بۇ سۆزى ناھايىتى ئاددىي ۋە ئەمەلىي گەپلەر ئىدى. بىز بۇ گەپتىن ناپولېئوننىڭ نېمە ئۈچۈن بۈرۈنمۇ، كېيىنمۇ شەرقتە شۇ قەدەر مەھلىيا بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. ناپولېئون تۇغۇلۇشىدىنلا ئەنە شۇنداق زور قۇدرەتكە ئىگە ئىدى، شۇنداقلا ئاشۇ قۇدرىتىنى ئىشقا سېلىپ ئۆمۈر بويى تىنىم تاپماي كۈرەش قىلىپ، ئۆزىگە قاتتىق ھاردۇق يەتكۈزۈۋالدى. خەلقنى پەقەت ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە كۆرسەتكەن خىزمىتى ئارقىلىقلا ئۆزىگە بويسۇندۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەندە خەلقنى تىز پۈكتۈرۈپ، ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرماقنىڭ شۇ قەدەر ئوڭاي ئىكەنلىكىنى بىلدى. ناپولېئون ئەڭ زور قۇدرەت ئىگىسى ئىدى، ۋولتېر، رۇسسولار ناپولېئوننىڭ ئالدىدا نېمىدى؟ ناپولېئون خەلقنىڭ تۇغما ئاجىزلىقىنى، شۇنداقلا دېموكراتىك ھۆكۈمەتنىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ چىرىكلىكىنى بىلىۋالغان تۇرسا، دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈلمە بەرپا قىلىشنى خالىسۇنمۇ؟ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، نامىنى تېخىمۇ يىراقلارغا تارىتىش، ئۆز ئىشلىرىنى تارىخ سەھىپىلىرىدىن كۆپرەك ئورۇن ئالدۇرۇش ئۈچۈن، شۇنداقلا بېشىدىكى ئالتۇن رەڭ دارچىن يوپۇرمىقى چەمبىرەك ئۈچۈن ھاياتىنى بېغىشلىدى، راھەت ـ پاراغەتنى تەرك ئەتتى، قىلچە ئارام ئېلىپ باقمىدى. ھاياتىنىڭ ھەدىيەسى شۇلا بولدى.

شۇ كۈنلەردە بىرەيلەن ئۆزى لايىھەلەنگەن ئىمپېرىيەنىڭ شاھانە مۆھرىنىڭ نۇسخىسىنى سۇندى، بۇ مۆھۈرگە چوقچىيىپ ئولتۇرغان ھەيۋەتلىك بىر شىرنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنىدى. ئىمپېراتور بۇ نۇسخىدىكى شىرنىڭ سۈرىتىنى جىجىۋېتىپ، يېنىغا ئۆز قەلىمى بىلەن: «پەرۋاز قىلىۋاتقان بۈركۈت بولسۇن» دەپ يېزىپ قويىدى.

## ئونىنچى، بۈيۈك سىياسىي ئىدىيە

«پادىشاھلىق تەگرىدىن بولۇر» دېگەن ھېكمەتنىڭ تەگداشسىز سېھرىي قۇدرىتى ئاستا ـ ئاستا ئالتۇن تاجدىن ئۆتۈپ، تەگرىنىڭ نەزىرى چۈشكەن بۇ ئادەمنىڭ مېڭىسىدە داۋالغۇش پەيدا قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەم مىڭ يىل مابەينىدە تاجغا ئۇيۇپ كەتكەن كۈچنى ئۆز قولىدا تۇتماقچى ياكى باشقا ياققا يۆتكىۋەتمەكچى بولدى، لېكىن جىمى تىرىشچانلىقى بىكارغا كېتەتتى. بۇ كۈچ ئۇ ئادەمنى تىزگىنلىۋالغانىدى، بەزىدە چەتكە قېقىپ ئۆزى پەيدا قىلغان ئىمپېرىيەنىڭ سىرتىدا قالدۇراتتى. بۇ ئادەم تاج كىيىپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مىلاندا ئەتراپىدىكى ئەللەرنى فرانسىيە جۇمھۇرىيىتىگە ئوخشاش پادىشاھلىق دۆلەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈمىدىدە لومباردىنىڭ تۆمۈر تاجىنى بېشىغا كىيدى، چېركاۋدا كارولىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھىغا تاج كىيگۈزۈلگەن چاغدا ئوقۇلغان «بۇ تاجنى تەگرى ئىنئام قىلغاندۇر ماڭا. كىمەركى چېقىلسا ئاڭا، تەگرىدىن ياغقۇسى بالايۇ ـ قازا» دېگەن قەدىمىي سۆزنى ئۈنلۈك ئوقۇدى. بىراق، بۇ كەلىمىگە ئۆزىمۇ ئىشەنمەيتتى.

يېگى مەرتىۋە كىشىنىڭ روھىغا يېگى چۈشەك سالاتتى. ناپولېئون «ئەخلاق ئىستاتىستىكىسى»غا موھتاج بولغاچقا،

ساقچى ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، فىرانسىيەنى تۆت چوڭ رايونغا بۆلۈپ، ھەربىر رايونغا مەملىكەت خەلقىنىڭ كەيپىياتىنى پايلاپ يۈرۈشكە مەسئۇل ئەڭ سادىق پالاتا ئەزالىرىنى قويدى. فۇشې يەنە بىر قېتىم ساقچى ئىشلار ۋەزىرى بولدى، يەنە كېلىپ ناپولېئون بىلەن تاللېيراننىڭ مۇناسىۋىتى كۈنسايىن يېقىنلىشىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئىمپېراتور پەيدىنپەي بۇ ئىككى چوڭ سۇيىقەستچىنىڭ تورىغا چۈشۈپ قالدى. گەرچە ناپولېئون بۇ ئىككىيلەننىڭ ئۆزى بىلەن بوربون جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرغان، شۇنداقلا باشقا پايلاقچىلارنى پايلاپ تۇرىدىغان ئىككىنچى دەرىجىلىك يەنە بىر پايلاقچىلار تورى بەرپا قىلىپ باققان بولسىمۇ، پايدىسى بولمىدى.

ناپولېئون بۇ ئىككى خەتەرلىك سۇيىقەستچىگە ھەرقانچە ئۆچ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قىلتىقىدىن زادىلا قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى. فۇشېنىڭ تېگى پەس، چىرايى تاتىراڭغۇ، تەلەتى سۆرۈن ۋە كەم سۆز ئىدى. گەرچە مەيدىسىدە ئوردېنلىرى چاقناپ تۇرغان، كىيىمىگە زەر جىيەك تۇتۇلغان بولسىمۇ، ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بەئەينى مۇمىيانىڭ ئۆزىلا ئىدى.

تاللېيران قايسىلا جەھەتتىن بولمىسۇن، كونا ئاقسۆڭەكلەرچە سالاپەتكە ئىگە ئىدى. پۇتىنىڭ مېيىپلىكىگە باقماي چىرايلىق خانىمى ھەمىشە ناز قىلىپ تۇراتتى. خۇددى قار شارچىسىدەك سېھرى بىلەن ھەرقانداق يۇقىرى پەللىدىمۇ پەيدا بولالايتتى ھەم غايىب بولالايتتى. ئاچ كۆز، پارىخور تاللېيران ئۆز غوجىسىغا ئاسىيلىق قىلغان بولسىمۇ، «فىرانسىيە ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم» دەپ ئۆزىنى ئاقلايتتى. ۋاقتىنچە ئىمپېراتورنىڭ خىزمىتىدە بولۇۋاتقاندەك قىلسىمۇ،

ھەر ئىككى تەرەپ باشتىنلا بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەي كېلىۋاتاتتى. تاللېيران دەرۋەقە بىر قېتىم، پەقەت بىرلا قېتىم ئىمپېراتور ئۈچۈن قۇربان بەردى. شۇ كۈنى ئاخشىمى ئىمپېراتور سەپەر ئۈستىدە تاللېيراننى كارىۋىتى يېنىغا چاقىرتىپ خىزمەت ئۈستىدە مەسلىھەتلەشكەنىدى. ناپولېئون ئۆزىمۇ تۇيماي ئۇخلاپ قېلىۋىدى، بۇ ۋەزىر تاكى ئەتىسى تاڭ ئاتقۇچە مىدىر ـ سىدىر قىلماي يېنىدا ئولتۇرۇپ چىقتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئىمپېراتورنى ئويغىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەنمىش. بىراق، ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، تاللېيراندا باشقىلا ئۈچۈن قۇربان بېرىش روھى ۋە ھېسداشلىق قىلىش روھى يوق ئىدى. شۇڭا، بىز ئۇنى «ئىمپېراتورنىڭ چۈشەكەشلىرىدىن ئاز ـ تولا ئىچ سىرىنى بىلىۋالسام ئەجەب ئەمەس» دېگەن ئۈمىدتە كەتمەي ئولتۇرغان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىشقا ھەقلىقمىز. ھالبۇكى، ناپولېئون ئەزەلدىن چۈشەكىمەيتتى.

ناپولېئون ھەر يىلى ستېل خانىمنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ تۇراتتى، ئۇ كاجلىق بىلەن ستېل خانىمنى پارىژدىن كېتىشكە بۇيرۇدى. بۇ ھال كىشىنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇراتتى. ئەمما، ستېل خانىم ناپولېئون ئۈستىدە توختالغاندا:

— ناپولېئون ئاياللار بىلەن سۆزلەشكەندە كۆزلىرىدىن مۇلايىملىقى تۆكۈلۈپ تۇراتتى، — دېدى لىللا گەپ قىلىپ.

پۈتۈن ياۋروپادىكى ئەركىنلىك پېشۋالىرى ناپولېئوننى تاشلاپ كەتتى. ئىلگىرى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدىغان بايرونمۇ شۇ جۈملىدىن ئىدى. بېتخوۋېن ناپولېئونغا ئەسلىدىكى «قەھرىمانلار مارشى»نى بېغىشلاش نىيىتىدىن يالتايدى. ئىمپېراتور چاررۇسىيە ئىمپېراتورى پاۋلوفنىڭ ئۆزىنى مەدھىيەلەپ يازغان نۇتقىنى مۇرەككەپ كەيپىيات ئىچىدە ئوقۇپ چىققاندا قاتتىق

ئازابلاندى. پاۋلوف بۇ ماقالىسىدە بىرىنچى باش مەمۇرنى «ئىنقىلابنىڭ باستۇرغۇچىسى» دەپ مەدھىيەلىگەنىدى.

ناپولېئون مارىنگو ئۇرۇشىدىن بۇيان ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ تىنچلىقىنى كۆچىنىڭ بارىچە قوغداشقا تىرىشتى. تۆت يىلدىن بۇيان ھەر خىل ئۇسۇلدا تىنچلىقنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قوغداپ كەلدى. فىرانسىيەگە ئىزچىل قارشى تۇرۇپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ غەزىپىنى «پادىشاھلىق تۈزۈلمىسىنى قايتا بەرپا قىلىش ئارقىلىق پەسەيتەرمەن» دېگەن ئۈمىدتە ئىدى، ھېلىقى ئىككىيلەننىڭ ئۆلۈمى بىلەن پىلانلىرى يوققا چىقتى. چار پادىشاھ پاۋلوف سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئەنگلىيەنىڭ بۇ دۈشمىنىنىڭ تەختكە غايىلىك ياش شاھزادىسى ئالېكساندىر ۋارىسلىق قىلدى. فىرانسىيە ئاقارتىش ھەرىكىتى تەرەپدارلىرىنىڭ تەسىرىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان بۇ شاھزادە دېموكراتىيەگە مايىل ئىدى. ئۆزى سىلىق ـ سىپايە، مەرىپەتپەرۋەر پادىشاھ بولۇشنىلا ئارزۇ قىلاتتى. فوكس ئەنگلىيەدە ئازغىنا ۋاقىت ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ فىرانسىيە بىلەن ۋاقىتىنچە ئەپلىشىپ قېلىش ئارزۇسىدىن ئەسەرمۇ قالماي، ئورنىنى يېڭىباشتىن ئەۋج ئېلىشقا باشلىغان ئۆچ ـ ئاداۋەت ئىگىلىدى. ئەنگلىيە كېلىشىم بويىنچە مالتادىن قوشۇپ چېكىنىدۇرمەيلا قالماستىن، تېخى يېڭى تەلەپنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق بۇزۇلدى. ياۋروپادا بوربون سۇلالىسىنىڭ تىرىلىشىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەنگلىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە يېڭىباشتىن بىرلەشمە ئارمىيە تەشكىللەندى. چۈنكى، تېگى پەس ناپولېئون فىرانسىيەدە قابىللار پادىشاھ بولۇشنىڭ ئۈلگىسى ھېسابلانسىمۇ، باشقا ئەللەر ئۈچۈن يامان ئۈلگە ھېسابلىناتتى.

ناپولېئون تاج كىيىپ بىر يىلدىن كېيىن فىرانسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدا يېڭىباشتىن ئۇرۇش باشلاندى ھەمدە بۇ ئۇرۇش تاكى ناپولېئون مەغلۇپ بولغانغا قەدەر داۋاملاشتى. بۇ ئىككى دۆلەت دەسلەپتە ئۇرۇشماي بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىشىپ ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرغانىدى. بۇ بۈيۈك قوماندان بۇنداق ئەھۋالدا ھەل قىلغۇچ جەڭمۇ قىلالمىدى ياكى ئۇرۇشقىمۇ خاتىمە بېرەلمىدى. ئەنگلىيە قۇرۇقلۇقتىكى ئۆزىگە دۈشمەن دۆلەتلەرگە، بولۇپمۇ فىرانسىيەگە قارىغاندا روشەن ئىككى ئەۋزەللىككە ئىگە ئىدى: بىرىنچى، ئارال دۆلەت ئىدى. ئىككىنچى، زېمىنى پۈتۈن يەر شارىغا تارالغانىدى. ناپولېئوننىڭ تارىخ ئېڭى بارغانسېرى كۈچەيدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەنگلىيە ئىسكەندەرىيە ئىمپېرىيەسىدەك يېڭى بىر بۈيۈك ئىمپېرىيە بولۇپ، شۇ بۈيۈك ئىمپېرىيەدەك كېڭەيمەكتە ئىدى. ئۆز زېمىنىدىكى ئارال ۋە يېرىم ئاراللاردىن تاكى ئاسىيا ۋە ئافرىقىلارغىچە كېڭەيگەن مۇستەملىكىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ تۇتاشتۇرىدىغان بولسا، ئەنگلىيەنى بويسۇندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، ناپولېئوننىڭ يېڭى شەرق ئىمپېرىيەسى بەرپا قىلىش خىيالىنىڭ ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسىدىن ئىبارەت بۇ ئۇيۇل تاشقا سوقۇلۇپ بەربات بولۇشى مۇقەررەر ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ناپولېئوننىڭ ماتېماتىكا تالانتىمۇ بۇ ئۇيۇل تاش ئالدىدا ئەسقاتمىدى. ناپولېئون ئەبۇغەر قولتۇقىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، فىرانسىيە دېڭىز ئارمىيە فىلوتىنى قايتا قۇرۇش ئۈچۈن ئون يىل كېتەر دەپ مۆلچەرلىگەنىدى. ھازىر مۆلچەرلىگەن سۈرۈكنىڭ يېرىمى ئۆتۈپ بولدى. ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسى ئۈزۈكسىز كۈچەيمەكتە ئىدى. قىسقىغىنا تىنچلىق مەزگىلىدە مىسىرغا ئىستېلا قىلىپ بېرىپ مەغلۇپ بولغان فىرانسىيە قوشۇنلىرى ئەنگلىيە

پاراخوتلىرىغا چۈشۈپ يۈرتىغا قايتىپ كەلگەن، ئەنگلىيە بولسا ئۈمىد تۈمشۈقى ۋە باشقا فىرانسىيە مۇستەملىكىلىرىنى ئىشغال قىلىۋالغانىدى. فىرانسىيە ئىچكى جەھەتتە دېڭىز ئارمىيەسى بەرپا قىلىشتىنمۇ جىددىي ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەنىدى.

ئىمپېراتورنىڭ پاراخوت بىلىملىرىدىن خەۋىرى يوق ئىدى. ئەمما، زەمبىرەك لايىھەلەش، زەمبىرەك قويۇش، بىر تال بۇرما مىخنىمۇ قالدۇرماي زەمبىرەك قۇراشتۇرۇش، ھەرقانداق زەمبىرەك چاقىنى ۋە يۈك ھارۋىلىرىنىڭ شوتىسىنى رېمونت قىلىش قولىدىن كېلەتتى. ئاتلىق قوشۇننىڭ ئاتلىرىنى قانداق ۋاقىتتا تاقىلىتىش، قانداق چاغدا تاقىسىنى ئالماشتۇرۇش، بۇ ئىشقا قانچە پۇل خەجلەش كېرەكلىكىنى، جەڭگاھ بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. بۇ مول بىلىمى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ تالانتلىق بولۇپ چىقىشىدىكى سىرلىرىنىڭ بىرى ئىدى. مەيلى ئادەتتىكى چاغلاردا ياكى ئۇرۇش ۋاقتىدا بولسۇن، ئادەملىرى ناپولېئوننىڭ بىلىۋېلىشىدىن قورقۇپ ئۇمۇمنىڭ پۇلىنى قاقتى ـ سوقتى قىلىشقا پېتىنالمايتتى. بۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەننىڭ ھەممىگە قادىر ۋە ھەممىگە قابىل بۇ باش قوماندانغا ھۆرمىتى ئاشاتتى ـ دە، ھەربىي ئىدىيەسىنىڭ توغرا ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى كاپالەتكە ئىگە بولاتتى.

بىر كىشىنىڭ ھەربىي پاراخوتنى چۈشىنىشى ئۇچۇن خۇددى زەمبىرەكنى چۈشەنمەكچى بولغان كىشىنىڭ كۇنبويى زەمبىرەك بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتكىنىگە ئوخشاش ھەربىي پاراخوتلار بىلەن بىللە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە توغرا كېلىدۇ. گەرچە دېڭىز ئارمىيە سەركەردىلىرى ناپولېئوننىڭ دېڭىز ئارمىيەسىگە دائىر تۈرلۈك ئىشلار بىلەن شۇنچە تېز تونۇش بولۇپ كەتكىنىدىن قاتتىق ھەيران، سوئاللىرىنىڭ، بۇيرۇقلىرىنىڭ ئەمەلىيەتكە شۇنچە

ئۇيغۇن ئىكەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن قايىل بولسىمۇ، ناپولېئونغا بەرگەن باھاسى خۇددى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىئەھلى كەسپىنىڭ ئىشىغا بەرگەن ئىجابىي باھاسىدەكلا ئىدى. ناپولېئوننىڭ ئۆزىمۇ بۇنى ئوبدان بىلەتتى، شۇنداقلا ئۆزىدە قۇدرەتلىك دېڭىز ئارمىيەسى بولمايلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى بۇيۇك دېڭىز ئارمىيە قوماندانىمۇ يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇگۈنگە قەدەر بىرەر قوشۇننى قول ئاستىدىكىلەرگە بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن باشقىچە بىر خىل يېڭى ئۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ ئەنگلىيەدىن ئۈستۈن كەلدى. ھامبۇرگدىن تارانتو دېڭىز قىرغىقىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى پورتلارنى قامال قىلىپ، ئەنگلىيە پاراخوتلىرىنى كىرگۈزمەي، سودىنى ئاساس قىلىدىغان بۇ ئەلنى سودا ئۇرۇشى ئۇسۇلىدا مەغلۇپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بېسىپ كىرىش پىلانىغا قايتىدىن تۈزىتىش كىرگۈزدى.

ناپولېئون ھازىر بىرۇندا خۇددى مىسىرغا ھەربىي يۈرۈش قىلىش ئالدىدا تەييارلىق كۆرگىنىدەك پاراخوت بىلەن يولغا چىقىش، پاراخوتقا يۈك قاچىلاش، يۈك چۈشۈرۈش ئىمكانىيىتىنى تەتقىق قىلماقتا ئىدى. قۇرۇقلۇقتا ئۆز تەسەۋۋۇرىنى بولۇشىچە ئەركىن قاناتلاندۇرالايتتى، ھېسابلاش ئىقتىدارىمۇ ئاجايىپ تەسەۋۋۇرى ھەمدەم بولۇپ غەلىبىگە ئېرىشتۈرەتتى. بۇ يەردىكى دېڭىزدا بولسا كەسىپ ئەھلى ئەمەس، پەقەت بىر ھەۋەسكار ھېسابلىناتتى. شۇڭا، تۇنجى قېتىم ئەپلاتوندەك بىر چەتكە چىقىپ قالدى. ئۆزى چۈشكەن زەمبىرەكچى كېمە بوران ـ چاپقۇنلۇق بىر كېچىسى دېڭىزدا بۇزۇلۇپ تۇرۇپ قالغانىدى. قىرغاققا چىققاندىن كېيىن يوسېفىنغا خەت يازدى. باشقا خۇسۇسىي خەتلىرىدىن بۇ خېتىدىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان

سۆز ـ جۈملىلەرنى ئۆچرىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى:

ئاجايىپ ھەيۋەتلىك مەنزىرە كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى، زەمبىرەكتىن سىگنال ئوقلىرى گۈلدۈرلەپ ئېتىلىپ تۇردى، بەلگە چىراغلىرى پوتكول دېڭىز قىرغىقىنى يالت ـ يۇلت يورۇتۇپ تۇردى، دەھشەتلىك دېڭىز دولقۇنلىرى كىشىنى ۋەھىمىگە سالدى. قاپقارا دېڭىز بىلەن تۈن ئاسمىنى ئارىلىقىدا ئەگىپ يۈرگەن پەرىشتە كىشىلەرنىڭ تىلاۋىتىنى ۋە ئىلتىجاسىنى قوبۇل قىلغاندەك، ھېچكىمگە تالاپەت يەتمىدى، مەن بۇ مەنزىرىدىن خۇددى شېرىن چۈش كۆرگەندەك يېنىك بىر خىل تۇيغۇدا ئۇيقۇغا كەتتىم. مەن بۇ مەنزىرىنى گويا ئۆزۈم يالغۇز جىممىدە كۆرۈپ تۇرغاندەك تۇيغۇدا ئىدىم ھەم شۇنداق قىلغانلىقىمغا ئىشىنىپمۇ قالدىم.

بۈنىڭدىن ئون بەش يىل بۇرۇن ئاڭلىغان ئوسسىئاننىڭ ئىسكىرىپكىسى قولاق تۈۋىدە يەنە بىر قېتىم چېلىنغاندەك رومانتىك بىر تۇيغۇغا كېلىپ قالغان ناپولېئون يوسىپىنىغا يازغان خېتىنىڭ خاتىمىسىنى شائىرلارغا خاس تەسىرلىك ھەم چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەر بىلەن چۈشۈرگەنىدى. بىز بۇ قۇرلادىن ناپولېئوننىڭ شۇ تاپتا بىردىنلا خىزمەت قورالىنى كىملەرگىدۇر تارتقۇزۇپ قويغاندەك، ئۆزى ناتونۇش بىر مۇھىتتا يېگانە قېلىپ ۋەھىمىگە چۈشكەندەك تۇيغۇدا ئىنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز.

كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان ئامىللار ناپولېئوننى تۇيۇق يولغا باشلاپ قويغانىدى. شۇ سەۋەبتىن گەرچە بوران ـ چاپقۇن يېتىپ كېلىش ئالدىدا تورۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا دېڭىز ئارمىيەسىنى پاراتتىن ئۆتتۈشكە بۇيرۇدى. دېڭىز ئارمىيە قوماندانى بۇرۇيكس بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلمىدى. ھېچقانداق تەييارلىق كۆرۈلمىگەنلىكىنى بايقىغان ناپولېئون دېڭىز ئارمىيە

قوماندانىنى ئالدىغا چاقىرتتى.

— بۇيرۇقۇمنى نېمىشقا ئىجرا قىلمىدىڭىز؟

— كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ئالىيلىرى، مۇشۇنداق ھاۋانى كۆرۈپ تۇرۇپ خېيىم - خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، باتۇر لەشكەرلىرىڭىزنىڭ جېنىنى سېلىپ بېرىشكە بۇيرۇشۇمنى خالىمايدىغانسىز؟

ئىمپېراتورنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى، يېنىدا تۇرغان ئەمەلدارلىرىنىڭ چىرايى شۇ ئان جىددىي تۇس ئالدى.

— مەن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بولدۇم، ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشى جانابىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز، بۇيرۇققا بويسۇنۇشىڭىز شەرت!

— ئالىيلىرى، بويسۇنالمايمەن.

قورقۇنچلۇق سۈكۈنات بىرپەس ھۆكۈم سۈردى، ناپولېئون قامچىسىنى تۇتقىنىچە بۇرۇيكىستىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ باردى، ئەمما قامچىسىنى شىلتىمىدى. دېڭىز ئارمىيە قوماندانى ئارقىغا داجىپ، قولىنى شەمشىرىنىڭ دەستىسىگە قويدى، كىشىلەر قورققىنىدىن داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

— يىگىرمە تۆت سائەت ئىچىدە بىرۇندىن ئايرىلىپ، گوللاندىيەگە قايتىپ ئۆزىڭىزنى مەلۇم قىلىڭ! گېنېرال مارگون، بۇيرۇقۇمنى سىز ئىجرا قىلىڭ!

شۇنداق قىلىپ، بوران - چاپقۇن ئىچىدە دېڭىز ئارمىيە مانېۋىرى ئۆتكۈزۈلدى. مانېۋىر داۋامىدا يىگىرمە چوڭ كېمە ئۆرۈلۈپ چۈشتى، ماتروسلار بۇ بىپايان دېڭىزدا دەھشەتلىك دولقۇنلار بىلەن ئېلىشتى. ئىمپېراتور بولسا ئالدىغا كەلگەن بىرىنچى كىچىك كېمىگە چۈشۈپ جېنىنى ئېلىپ قاچتى، بۇ كېمىگە ئۆلگۈرۈپ چىقىۋالغانلارنىڭمۇ جېنى ئامان قالدى. ئەتىسى دېڭىز قىرغىقىدا دولقۇن چىقىرىپ قويغان ئىككى يۈز

جەسەت بايقالدى.

بۇ ناپولېئوننىڭ زوراۋانلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق سەۋەنلىكى ئىدى، بۇنداق ۋەقە ناپولېئوننىڭ هاياتىدا پەقەت شۇ بىرلا قېتىم يۈز بەردى. بىر ئوفىتسېرنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمىغانلىقى شۇملۇقتىن بېشارەت ئىدى. بىراق، بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر بېشارەتمۇ بار ئىدى: بىر يىل ئىلگىرى ئامېرىكىلىق بىر كەشپىياتچى پارىژغا كېلىپ، دېڭىز ئارمىيە ئىشتابىغا ئۆزىنىڭ ئىككى يېڭى كەشپىياتىنى تاپشۇرغانىدى. بۇ كەشپىياتنىڭ بىرى شامال ۋە پالاق بىلەن هەرىكەتلىنىدىغان كېمە بولماستىن، پار بىلەن هەرىكەتلىنىدىغان پاراخوت ئىدى. يەنە بىرى، مىنا قويۇپ بېرىپ دۈشمەن پاراخوتىنى چۆكتۈرۈۋېتىدىغان چۆكمە پاراخوت ئىدى. بۇ كەشپىياتچىنىڭ چۆكمە پاراخوتى تۇنجى سىناقتا قىسمەن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەندە، ناپولېئون بۇ كەشپىياتچىغا باها بېرىپ: «بۇ بىر قىزىل كۆز ئىكەن» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىشنى كاللىسىدىن چىقىرىۋەتتى. ئەگەر بۇ ئامېرىكىلىقنىڭ هەدىيە قىلغىنى ئاپتومات ياكى تېلېگراف بولغىنىدا، ناپولېئون هەرقانداق بەدەل تۆلەشكە قارىماي سېتىۋالغان بولار ئىدى.

دېمەك، ناپولېئون ئەنە شۇنداق سەۋەنلىكى تۈپەيلىدىن غەلىبىگە ئىشەنچ قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن ئەنگلىيە ئۈستىدىن غەلىبە قىلالمىدى. ناپولېئوننىڭ دېڭىز ئۇرۇشى جەھەتتە بىلىمى كەمچىل ئىدى. قۇرۇقلۇقتا بولىدىغان بولسا... ئەگەر بۇ ئارال دۆلىتىگە قۇرۇقلۇقتىن هۇجۇم قىلغىلى بولسا قانچە ياخشى بولۇپ كېتەر ئىدى ـ هە ! ناپولېئون شۇنىڭ بىلەن بەش يىل ئىلگىرى هىندىستانغا هۇجۇم قىلغىنىغا ئوخشاش ئۇرۇش قىلماقچى بولدى. بىراق، بۇنىڭ ئۈچۈن تىنچلىق ۋە ۋاقىت كېرەك ئىدى.

ناپولېئون ئالدى بىلەن تىنچلىقنى موھتاج ئىدى. ئىمپېراتورلۇق تاجىنى كىيگىنىدىن كېيىن بىر كۈندە ئالتە پادىشاھقا خەت ئەۋەتتى، ھەربىر پارچە خەت ئاشۇ ئالتە پادىشاھنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ ئالتە خىل ئۇسلۇبتا يېزىلغانىدى. بىز بۇ يەردە ئىران پادىشاھىغا يازغان خېتىنىلا كۆرۈپ ئۆتەيلى:

مۇبارەك نامىنى، قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمنى ۋە تۆھپىلىرىمنى ئاڭلىماي قالمىغانسىز. فىرانسىيەنى غەربتىكى ھەممە ئەلدىن ئۈستۈن قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندۇرغانلىقىمدىن ھەمدە شەرق ئەللىرىنىڭ پادىشاھلىرىدىن قانچىلىك مەنپەئەتكە ئېرىشكەنلىكىمدىن خەۋەردار بولغانسىز... شەرقلىقلەر ئاجايىپ جاسارەتلىك ۋە روھلۇق كېلىدۇ. بىراق، ئۇرۇش تاكتىكىسىنى بىلمىگەنلىكى، لەشكەرلەرنى مەشىق قىلدۇرۇشقا سەل قارىغانلىقى ئۈچۈن، شىمالدىكى قوشۇنلار بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا ھەمىشە زىيان تارتىپ كەلدى... ماڭا خەت يېزىپ، ئارزۇيىڭىزنى ئېيتىڭ، ئارىمىزدىكى دوستلۇقىمىزنى ۋە سودا مۇناسىۋىتىمىزنى داۋاملاشتۇرساق دېگەن ئۈمىدتىمەن... مەن تەختكە ئولتۇرغان تۇنجى يىل.

ناپولېئون

بۇ مەكتۇپنىڭ كونۋېرتىغا: «فىرانسىيە ئىمپېراتورى بوناپارتتىن» دەپ يېزىلغانىدى. روشەنكى، ناپولېئون ئىران پادىشاھىغا ئۆزىنىڭ مىسىرغا ھۇجۇم قىلىپ شەرقنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن گېنېرال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويماقچىدى.

ناپولېئون ئىران پادىشاھىغا يازغان خېتىگە ئىمزا قويۇۋاتقاندا، ئەنگلىيە پادىشاھىغا تەييارلىغان خېتىمۇ ئۈستەلدە تۇراتتى. بۇ خەت گەرچە ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە ئۇرۇش

ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان پەيتتە يېزىلغان بولسىمۇ، سۆز ـ جۈملىلىرى پاساھەتلىك، تەسىرلىك ھەم ئەپچىللىك بىلەن يېزىلغاندى:

ھېچبىر مەقسەتسىزلا شۇنچە قان تۆكۈلۈۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن ھۆكۈمەتلىرىمىز ۋىجدان ئازابى تارتماسمۇ؟ مەن خىجىل بولۇپ ئولتۇرمايلا تۇنجى قەدەمنى باستىم. مېنىڭچە، دۇنياغا ئۇرۇشتىن قورقمايدىغانلىقىمنى ۋە بۇ ئۇرۇشتا پەرەز قىلىپ يەتكۈسىز غەلىبە قىلىش ـ مەغلۇپ بولۇشتەك تەقدىرگە پەرۋا قىلمايدىغانلىقىمنى ئىپادىلىدىم. قەلبىم تىنچلىققا تەشنا. بىراق، ئۇرۇش ھېچقاچان شۆھرىتىمگە نۇقسان يەتكۈزگەن ئەمەس. ئالىيلىرىدىن ئۆتۈنىمەنكى، دۇنيادا تىنچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ياخشى پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويمىغايسىز! بۇ تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەتنى پەرزەنتلىرىڭىزگە قالدۇرمىغايسىز! ھازىر دەردلىرىمىزنى تۆكىدىغان ئەڭ ياخشى پەيت، ناۋادا بۇ پۇرسەت قولدىن كېتىپ قالسا، ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولار؟ ئالىيلىرى، ئۆتكەن ئون يىلدا ئېرىشكەن زېمىنىڭىز ۋە بايلىقىڭىز پۈتۈن ياۋروپانىڭ يىغىندىسىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇرۇشتىن يەنە نېمىگىمۇ ئېرىشەرسىز؟

ناپولېئون بۇ خېتىدىكى ئاخىرقى جۈملىلەرنىڭ ئۆزىگىمۇ باب كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى. بۇ مۇراجىئىتىنىڭمۇ قىلچە نەتىجىسى بولمىدى. چۈنكى، ئەنگلىيە ۋە ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى بىردىنلا روناق تاپقان بۇ ئىمپېراتورنى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنى زادىلا كۆزگە سىغدۇرالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن فرانسىيەگە قارشى تۆتىنچى قېتىملىق بىرلەشمە ئارمىيە ئۇزاق ئۆتمەيلا يەنە بىر قېتىم تەشكىللەندى.

تىنچلىق دەۋرىدە ناپولېئون ھەرھالدا قانائەت ھاسىل قىلغان، مارمىېسون قەسىرىدىكى يېقىنلىرىنىڭ تەسۋىرلىگىنىدەك شادىمان ئىدى. ئەمدى شەمشىرىنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇشقا توغرا كەلدى. «چۈنكى، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ھامان داۋام قىلىپ تۇرىدۇ. دۈشمەنلىرىمىز بىرلىشىۋالدى، يوقىتىۋېتىلمەسلىكىمىز ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن ئاتلىنىپ دۈشمەنگە زەربە بېرىشكە مەجبۇرمىز.» بۇ كۆپتۈرۈۋەتكەنلىكمۇ ئەمەس، قورساق كۆپۈكى قىلغانلىقمۇ ئەمەس، لىللا گەپ ئىدى. ناپولېئوننى شەيئىلەرنىڭ بۇ قانۇنىيىتىنى بەرپا قىلدى دېگىلى بولمىسىمۇ، ھېچبولمىغاندا بۇ قانۇنىيەتنى مۇستەھكەملىگەن دېيىشكە بولىدۇ. فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى دەسلەپكى بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇش فىرانسىيەنىڭ زېمىنىنى قوغداپ، ھەرقايسى ئەل پادىشاھلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا قايتۇرما زەربە بېرىش مەقسىتىدىكى مۇداپىئە ئۇرۇشى بولسىمۇ، كېيىنكى ئۇرۇشلار خەلق قوشۇنىنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ۋە باش قوماندانىنىڭ ئاجايىپ قوماندانلىق تالانتىنىڭ تۈرتكىسىدە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا ئايلىنىپ كەتتى.

بىراق، دۈشمەن ئىككى قېتىم خىرىس قىلىپ، ئىككى قېتىم چېكىندۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ يەنە دېۋەيلەپ كەلگەنىكەن، ناپولېئوننىڭ قۇرۇق ئارزۇ ـ خىياللىرى بىلەن تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ھەرھالدا ئەقىلگە مۇۋاپىق پىلانلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ مۇۋاپىق چەكتىن ئېشىپ كېتىشى تەبىئىي ئىدى. بۇ ئىمپېراتور 19 ـ ئەسىردە ئاسىيادا ئەنگلىيە بىلەن كۈچ سىنىشىپ بېقىش ئۈچۈن غەربتە تىنچلىقنى يەنە ئون يىل ساقلىماقچىدى. بىراق، ياۋروپا ئەھلى ئۇزۇقسىز تۈردە فىرانسىيەدىن ئۆچ ئالماقچى بولىۋەرگەچكە، ناپولېئون بۇنىڭغا تەدبىر قوللىنىش ئۈچۈنلا ياۋروپا ئىمپېرىيەسى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت پىلانىنى

تەسەۋۋۇرىدىن ئۆتكۈزگەنىدى.

ناپولېئوننىڭ ئۇلۇغ سىياسىي غايىسىنىڭ مەنبەسى مۇداپىئە تەدبىرىدىن ئىبارەت ئىدى. ھازىر ئۇنىڭغا قارشى گۇرۇھ شەكىللەنگەچكە، غايىسىدە ئىككىنچى قېتىم بۇرىلىش بولىدى. كۆپ يىلدىن بۇيان قەلبىدە پەقەت ئىسكەندەرنىڭ ئوبرازىلا بار ئىدى، ھازىر بولسا بۇيۇك ئىمپېراتور چارلېماننىڭ ئوبرازىمۇ پەيدا بولىدى. ناپولېئون بۇيۇك ئىمپېراتور چارلېماننىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلدى.

— ياۋروپادا تىنچلىق بولمايدۇ، — دېدى ئۇ ئىشەنچلىك ئادەملىرىگە، — ياۋروپا بىردىنبىر دانا داھىينىڭ قوماندانلىقىغا ئۆتسە ئىش باشقىچە بولاتتى. ئۇ چاغدا ھەرقايسى ئەل پادىشاھلىرى داھىينىڭ قول ئاستىدىكى مۇھىم ئەمەلدارلىرى بولىدۇ، داھىي سەركەردىلىرىگە زېمىن بۆلۈپ بېرىدۇ ھەمدە ئوردا بېرىدۇ، كىشىلەر بۇنى قەدىمكى ئىمپېرىيەدىن ئەندىزە ئالغانلىق دەپ قارىشى مۇمكىن. ھەم، دۇنيادا مۇتلەق يېڭى شەيئى بولۇپ باققان ئەمەس!

ناپولېئوننىڭ غايىسى بارار - بارا ئۆزگەردى، تارىخىي تەسەۋۋۇردا تۇغۇلغان يېڭى غايىلەر مۆلچەرلىگۈسىز ئاقىۋەت پەيدا قىلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇنداق غايە ئۆزى ئۇچۇن ئۆتكەنكى ئۇلۇغۋار ئىشلاردىن دېرەك بەرگەچكە، خۇددى بىسەر مەركىزىي شەھەرنى ئېلىش ئۇچۇن ھۇجۇمغا ئۆتكەندەك شۇ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن ئالغا ئىنتىلەتتى. ناپولېئون شۇ تاپتا بۇيۇك ئىمپېراتور چارلېماننىڭ ئىمپېرىيەسىدەك بىر بۇيۇك ئىمپېرىيە بەرپا قىلىش كويىدا ئىدى. بۇ يېڭى غايىسى كونا نىشانىغا يەتمەي تۇرۇپلا يېڭى بىر نىشان ئۇچۇن ئەسەبىيلىك بىلەن ئاتلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

## ئون بىرىنچى، تۈگمەنلىكى رىۋايەتتەك ئۆچرىشىش

بۇ يىل ئەتىيازدىن بۇيان ناپولېئوننىڭ قوشۇنى ئارقىغا سۈرۈلۈپ كېلىۋەرگەن ئەنگلىيەدە قۇرۇقلۇقتا چىقىشتىن ئىبارەت ئۇرۇش پىلانىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن شىمالدا تۇرۇپ كەلگەنىدى. بىراق، ناپولېئون كۆزدە ئاۋستىرىيەنىڭ ھۇجۇم تەھدىتى ئايدىڭلاشقاندا ئىككى كۈن ئىچىدە يېڭى ئۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ، ئىككى ھەپتە ئىچىدىلا بارلىق قوشۇنىنى شەرققە يۆتكىدى. بۇ خەۋەر رېيىن دەرياسى ساھىلىغا يېتىپ كېلىپ بولغۇچە، ناپولېئون قوشۇنلىرى رېيىن دەرياسىدىن ئۆتۈپ بولدى. ناپولېئون بىرۇن پورتىدىن يولغا چىقىش ئالدىدا كاتىپى دارۇغا ئۆز قوشۇنىنىڭ ئاۋستىرىيەگە ھۇجۇم قىلىش پىلانى، ھەربىي يۈرۈش تەرتىپى ۋە ۋاقتى، كالۇنناالار يىغىلىدىغان جاي، تۇيۇقسىز ھۇجۇم پىلانى، دۈشمەننىڭ يۆنىلىشى ۋە سەۋەنلىكى قاتارلىقلارنى قالدۇرماي ئاغزاكى بايان قىلىپ بەردى. ناپولېئون بولارنى ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئىككى ئاي ئىلگىرى ئۇ يەردىن ئىككى يۈز مىل يىراقلىقتا تۇرۇپ ئېيتىپ بەرگەنىدى.

ئاۋستىرىيەنىڭ ھۇجۇم قوزغاش ئاساسى تولۇق ئىدى، ئىتالىيە يېڭى پادىشاھىنىڭ شاھانە ھاسىسىنىڭ كۆزىگە ۋېنتسىيەنىڭ بەلگىسى بولمىش شىرنىڭ ئوبرازى ئويۇلغانىدى. بۇ ۋەقە، شۇنداقلا ژېنوۋانىڭ ئىشغال قىلىنغانلىقى خابىسبۇرگ جەمەتىگە «سىلەر ئۈچىنچى قېتىممۇ تەۋەككۇل قىلىپ ئالىپ تاغلىرىدىن ئۆتكۈچى بولماڭلار» دەپ بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى. ئاۋستىرىيەنىڭ بۇ قېتىم گېرمان زېمىنىدا فىرانسىيە بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشقا توغرا كەلگەنىدى. ئەنگلىيە سېخىيلىق بىلەن كۆپلەپ پۇل چىقاردى. رۇسىيەنىڭ سەل

چاغلاشقا بولمايدىغان ئارمىيەسىمۇ خۇددى ناپولېئون مىسىردا تۇرۇۋاتقان، بىرلەشمە ئارمىيە قەدەممۇقەدەم غەلىبە قىلىۋاتقان چاغلاردىكىدەك چېگرا رايونىدا كۆز تىكىپ تۇراتتى، يېڭى چار پادىشاھ ياۋروپانىڭ رۇسىيەگە بولغان بىر تەرەپلىمە كونا قارىشىنى ئۆزگەرتىش قارارىغا كەلگەندە، «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» قىلىپ تىغ ئۇچىنى غەربتىكى زېمىنگەرگە قاراتتى. كىشىلەر ناپولېئوننىڭ ئۇرۇش تاكتىكىسى ۋە ماھارىتى بىلەن پىششىق تونۇش بولۇپ كەتكەچكە، ناپولېئون بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق تاكتىكىسى بىلەن ئۇتۇقدا قېلىشى مۇمكىن ئىدى. بىراق، يېڭىچە پىلاننى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان بۇ تالانت ئىگىسى ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ ئۇچقاندەك تېز يۈرۈش قىلىپ، ئاۋستىرىيەلىكلەر ئېسىنى يىغىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ بولغۇچە، ئۇلىم قورغىنىدا قورشاۋغا ئېلىۋالدى ۋە بىرەر پاي ئوق چىقارمايلا پۈتۈن سەپ بويىچە ئەل قىلدى. «مەقسىتىمگە يەتتىم، ئاۋستىرىيە قوشۇنىنى چاقماق تېزلىكىدە يوقاتتىم. ئەمدى ھۇجۇمنى رۇسىيەگە بۇرايمەن، ئۇتتۇرغىنى ئۇتتۇرغان.»

غەلىبىگە ئادەتلىنىپ قالغان ناپولېئون غەلىبىنى تەسۋىرلەيمەن دەپ ئاغزىنى ئۈپرىتىپ ئولتۇرۇشنى خالىماس بولۇپ قالغانىدى. «تېگىشلىك تىرىشچانلىقتىنمۇ ئارتۇق تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم، — دېدى يوسېفىنغا ئەۋەتكەن خېتىدە، — بىر ھەپتىدىن بۇيان چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپلا يۈردۈم، پۇتلىرىم مۇزلاپ كەتتى.» پۈزۈر كىيىنگەن، مەيدىسىدە مېداللىرى چاقناپ تۇرغان مارشاللىرىنىڭ ئارىسىدا (بۇ ئۇلارنىڭ تۇنجى قېتىم چەت ئەلدە ئۆز شۆھرىتىنى كۆز ـ كۆز قىلىشى ئىدى) ئۇچىسىدىكى ئەسكەر فورمىسى ئۈستىگە جەينەكى ۋە پېشى ئۈپراپ پۈرلىشىپ كەتكەن يامغۇرلۇقنى يېپىنغان، بېشىغا كاكارسىز قالپاق كىيگەن ناپولېئون گۇلخان

يېنىدا قولىنى كەينىگە تۇتقىنىچە مەغرۇر قىياپەتتە تىك تۇرۇپ، ئۇلىم قورغىنىدىكى ئاۋسترىيە قوشۇنىنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلدى. ناپولېئون مارىنگودىكى چېخىدىكىدەكلا سۈلھى تەلەپ قىلىپ، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان ئاۋسترىيە ئىمپېراتورىغا ئۆزىنىڭ دەۋەتنامىسىنى ئەۋەتتى. بۇ دەۋەتنامىمۇ شۇ قەدەر توغرىدىن ـ توغرا يېزىلغانكى، ياۋروپا دىپلوماتلىرىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋەتتى:

سىزگە مەلۇم، ئەگەر بۇ قېتىمقى ئامىتىمدىن پايدىلىنىپ سىزدىن ئەنگلىيەنىڭ تۆتىنچى قېتىملىق بىرلەشمە ئارمىيەسىگە قاتناشماسلىقىڭىز توغرىسىدا كاپالەت بېرىشىڭىزنى شەرت قىلىپ سىز بىلەن سۈلھى قىلماقچى بولسام، ئادىل ئىش قىلغان بولىمەن ھەم سىزگىمۇ پايدىلىق بولىدۇ... مېنى خەلقىمنىڭ تىنچلىقى ۋە سىزنىڭ دوستلۇقىڭىزدىنمۇ ئارتۇق خۇشال قىلىدىغان ھېچنېمە يوق. شۇڭا، ئەتراپىڭىزدا شۇنچە كۆپ ۋە شۇنچە قۇدرەتلىك دۈشمەنلىرىم بولسىمۇ، مەن يەنىلا سىزدىن بۇ شەرتكە ماقۇل بولۇشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن.

ناپولېئون يەنە قوشۇنلىرىنى باشلاپ ۋىيېنناغا يۈرۈش قىلدى. ناپولېئون تېز سۈرئەتتە يۈرۈش قىلىپ كېتىۋاتقاندا بىر قېتىم زەربىگە ئۇچرىدى. ئۇنىڭ خەۋەر تېپىشىچە، قۇرۇقلۇقتا غەلىبە قازىنىپ ئىككى كۈندىن كېيىن ئەنگلىيە فىلوتى ترافالگادا فىرانسىيە دېڭىز ئارمىيەسىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك تارمار قىلغان، فىرانسىيەنىڭ ئون سەككىز ئۇرۇش كېمىسى ۋەيران قىلىنغان، نېلسون ئۇرۇشتا قۇربان بولغان، فىرانسىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قوماندانىمۇ دۈشمەنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانىدى. ۋاقىت كەينىگە يېنىپ كېتىۋاتامدۇ ـ قانداق؟ قۇرۇقلۇقتا كېتىۋاتقان ناپولېئون ئەبۇغەردىكى مەغلۇبىيەت

تىراگېدىيەسىنىڭ تەكرارلىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى شۇم خەۋەردىن ۋاقىپ بولدى. «غەيرەت ! ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋال ھازىرقىدىن يۈز ھەسسە مۈشكۈل ئىدى، ھازىر پارىژ بىلەن بولغان ئارىلىقىمىزنى ئايرىپ تۇرىدىغان دېڭىز يوق، كېمىگە موھتاج ئەمەسمىز.» شۇنىڭ بىلەن ناپولېئون ۋېيىنناغا قاراپ تېز ئىلگىرىلەپ، دۈشمەننى بىر پاي ئوق چىقارمايلا، شەھەرنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر قىلدى.

بىراق، تىرافالگادىن كەلگەن خەۋەر ئاۋستىرىيە ئىمپېراتورى فىرانسىسنىڭمۇ، شۇنداقلا چارروسىيە ئىمپېراتورى ئالېكساندىرنىڭمۇ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرغانىدى. دۈشمەنلەشكۈچى ھەر ئىككى تەرەپ پىرۇسسىيەنى قولغا كەلتۈرۈشكە كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشماقتا ئىدى، پىرۇسسىيە ھەر ئىككى تەرەپتىن گۇمانلىنىپ، سۆھبەتلىشىش ۋاقتىنى ئارقىغا سوزىۋەردى. ناپولېئوننىڭ تۈركىيەنى يەمچۈك قىلىپ، چارروسىيە ئىمپېراتورىنى قارماققا ئىلىندۇرۇش پىلانىمۇ تامامەن مەغلۇپ بولدى. بۇررىئاندا مۆكۈشمەك ئويۇنى قىزىپ كەتكەنىدى، بۇ مۆكۈشمەكتە ھەربىر دۆلەت بىر – بىرىگە سىر بەرمەسلىككە تىرىشاتتى، ئەمما تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللىرى مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قوياتتى. پەقەت ئىمپېراتور ناپولېئونلا سىياسىي غايىگە ئىگە بىردىنبىر ھۆكۈمران ئىدى، ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئىككى كۈن ئىلگىرى جىمى تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈۋالدى. بۇررىئاندا سۆھبەتلىشىۋاتقان تاللېيرانغا مۇنداق خەت يازدى:

ۋېنتسىيەنى سالىزبۇرگقا ھەمدە سالىزبۇرگنى ئاۋستىرىيەگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە قارشى ئەمەسمەن، ماڭا كېرىكى ۋېيىننا... ئىتالىيە پادىشاھى ئۈچۈن... ئەگەر نامزات كىنەز ئىختىيار قىلسا

ئۆزىنى ۋېنتسىيە پادىشاھى دەپ ئاتىسىمۇ بولىدۇ.
باۋارىيە نامزات كىنەزنىڭمۇ پادىشاھ بولۇشىغا ئىجازەت... زەمبىرەك، ئوق ـ دورا ئىسكىلاتى ۋە قورغانلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىمەن. بىراق، ئۇلار ماڭا بەش مىليون فىرانك تۆلىشى كېرەك. ئەتە رۇسلار بىلەن بىر مەيدان دەھشەتلىك ئۇرۇش قىلماقچىمىز. ئۇرۇشتىن ساقلىنىشقا كۈچۈمنىڭ بارىچە ئۇرۇنۇپ باقتىم. چۈنكى، بۇ بىھۇدە قان تۆكۈلىدىغان ئۇرۇش، چار پادىشاھ بىلەن بىرقانچە قېتىم خەت يېزىشتىم. ئەۋەتكەن ئۇچۇرىدىن قارىغاندا، ئوغۇل بالىدەك قىلىدۇ، ئەمما ئادەملىرى بەك ئوسال... پارىژغا خەت يېزىۋېتىڭ، ئەمما خېتىڭىزدە ئۇرۇش توغرىسىدىكى ئىشلارنى تىلغا ئالماڭ، خانىشنى چۆچۈتۈپ قويىسىز. ئەنسىرىمەڭ، مەن بۇ يەردە مۇستەھكەم تۇرۇۋاتىمەن، بىردىنبىر ئەپسۇسلىنىدىغىنىم بىھۇدە قان تۆكۈلۈشتۇر. ئۆيۈمدىكىلەرگە خەت يېزىۋېتەرسىز. تۆت كۈن بولدى، گازارمىدا مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن بىللە تۇرۇۋاتىمەن، خەتنى تىزىمغا قويۇپ يازماقتىن باشقا ئامال يوق. شۇڭا، كۆپرەك خەت يازالمايمەن.

فىرانسىيە ئىمپېراتورىنىڭ ئەڭ مەشھۇر غەلىبە ھارپىسىدىكى كەيپىياتى ئەنە شۇنداق ئىدى. خەرىتىگە قاراپ ئويغا پاتقان ئىمپېراتور موراۋىيەدىكى ھەربىر كەنتنىڭ ئىسمىنى، ھەربىر دەريا ـ ئېقىننىڭ كەڭلىكىنى، ھەربىر يولنىڭ ئەھۋالىنى ئالا قويماي خاتىرىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارىژدا ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان ۋەزىرلىرىنى ۋە ئۆزىدىن ئەندىشە قىلىپ ئولتۇرغان خانىمىنى ئەسكە ئالدى. ناپولېئون شۇ يېرىم سائەت ئىچىدە تۆتتىن بەشكىچە دۆلەتنى پارچىلاش پىلانىنى، جۇملىدىن يېڭىدىن تەيىنلىنىدىغان پادىشاھلار، تۆلەم پۇلى، مۇھىم قورغانلارنى تاپشۇرغۇزۇش پىلانىنى تۈزۈپ بولدى. مۇشۇنداق بىر ئادەمنىڭ شۇ تاپتا ئوردا ئىچىدە كۆڭۈللۈك زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ئولتۇرغان

ئەنئەنىۋى پادىشاھلارنى مەغلۇپ قىلىشىدىن ھەيران قالغۇدەك نېمىسى بار؟

ناپولېئون شۇ ئاخشىمى دۈشمەن قوشۇنىنىڭ يۆتكىلىش ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقىنىدا چاۋاك چالدى:

— قىلتاققا چۈشتى! ئۆزى ئالدىمغا كېلىدىغان بوپتۇ! ئەتە ئاخشامغىچە دۈشمەن قوشۇنىنىڭ كۆلى كۆككە سورۇلىدىغان بولدى!

ئاندىن ئۇ بىر دېھقاننىڭ ئۆيىدە قول ئاستىدىكىلەر بىلەن تاماق يېدى، تاماقتىن كېيىن ئادىتىنى بۇزۇپ ھاياجان ئىچىدە ئويغا پاتقىنىچە ئۇستەلدىن قوپماي ئولتۇرۇپ كەتتى. تىراگېدىيەنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە پاراڭ قىلىپ بەردى، ئاندىن پارىژنى مىسىرغا يۆتكەپ:

— ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا ئاكىنى ئالغان بولسام، شۇ چاغدىلا بىشىمغا سەللە ئورىغان، لەشكەرلىرىمگىمۇ تاغاردەك كېلەڭسىز تۇرك تامباللىرىنى كىيدۈرگەن بولاتتىم. بىراق، لەشكەرلىرىمنى پەقەت ئامال قالمىغاندىلا ئاتلاندۇرىمەن، قاراپ تۇرۇپ خېيىم - خەتەرگە تەۋەككۇل قىلدۇرمايمەن، قوشۇنۇمنى قۇربان بېرىشتىن قورقمايدىغان مۇقەددەس قوشۇنغا ئايلاندۇردۇم، تۇركلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئەرەبلەر، گىرېكلار ۋە ئەرمەنلەرنى ئاخىرغىچە ئۇرۇشقا سالسام بوپتىكەن. ئەگەر موراۋىيەدە ئەمەس، سۈۋەيشتە غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلغان بولسام، شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا شەرق ئىمپېراتورى بولۇپ قالغان، پارىژغا ئىستانبول ئارقىلىق نۇسرەت بىلەن قايتقان بولاتتىم.

ناپولېئوننىڭ بۇ گەپلىرىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان شۇ سورۇندا بار بىر شاھىتنىڭ ئەسلىمىسىدە قەيت قىلىنىشىچە، ناپولېئون بۇ سۆزنىڭ ئاخىرقى بىرقانچە جۈملىسىنى دەۋاتقاندا، دېگەنلىرىنىڭ شېرىن چۈش ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ

بىلىپ يەتكەندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويغانىكەن.
تاڭ ئاتتى. ناپولېئون بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرىكى بۈگۈنكى كۈندە بۇۋى مەريەم چىركاۋىنىڭ مېھرابىدا تۇرۇپ ئۆزىگە ئۆزى ئالتۇن رەڭلىك تاج كىيدۈرگەنىدى. بۈگۈن قايناق ھېسسىيات بىلەن ئېلان قىلغان خىتابنامىسىدە لەشكەرلىرىنى ئاشۇ كۈننى ئەسكە ئېلىشقا چاقىردى. ئاخىردا «بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىن كېيىن ئىككىنچى جەڭگە ئاتلانمايمەن» دەپ جاكارلىدى (تارىخنامىلەردە باش قوماندانىنىڭ بۇنداق سۆزنى قىلىپ باققانلىقى پەقەتلا قەيت قىلىنمىغان). ھەممە لەشكەر ئۆزىنىڭ ئۆلۈمگە پەرۋا قىلماي ئەڭ ئالدىنقى سەپتە تۇرىدىغانلىقىنى بەس ــ بەستە جاكارلىدى. ناپولېئونىنىڭ قول ئاستىدىكى گىۋاردىيەچىلەر يىگىرمە قېتىمدىن ئارتۇق چوڭ ئۇرۇشنى بېشىدىن كەچۈرگەنىدى، ئۇلار ناپولېئونىنىڭ كۆكتە نىجات يۇلتۇزى چاقناپ تۇرغان بىردىنبىر سەركەردە ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنەتتى. ناپولېئون قول ئاستىدىكىلەرگە «ئۇرۇشتىن كېيىن سەركەردە ــ لەشكەرلىرىمنى تۆھپىسىگە قاراپ تارتۇقلاش ئۈچۈن بولسىمۇ، ئالدى بىلەن ئۆز ھاياتىمنى قوغدايمەن» دېيىشكە جۈرئەت قىلالايتتى.
ئىمپېراتور شۇنىڭدىن كېيىن ئاۋستىرىيە ۋە رۇسىيەدىن ئىبارەت بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ كۈچلۈك بىرلەشمە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، كىشىلەر ئاڭلاپمۇ باقمىغان بىر تۇزلەڭلىكتە ــ ئاۋستېرلىز تۇزلەڭلىكىدە ئەۋلادتىن ــ ئەۋلادقىچە ئۆچمەس نام قالدۇردى.
ــ يىگىتلەر! ــ دېدى ناپولېئون ئەتىسى غالىب لەشكەرلىرىگە، ــ مەن سىلەردىن تولىمۇ رازى... بالاڭلارغا مېنىڭ ئىسمىمنى قويۇڭلار، ئەگەر بالىلىرىڭلاردىن بىرەرسى شۇ نامغا لايىق بولۇپ چىقسا، جىمى بايلىقىمنى شۇنىڭغا ھەدىيە

قىلىپ بىرىمەن ھەمدە ۋارىسىم دەپ جاكارلايمەن!
ناپولېئون ئۆز قوشۇنىنى ئەنە شۇنداق قىزغىن سۆزلەر بىلەن رىغبەتلەندۇرۇشكە ئادەتلەنگەنىدى. خانىمىغا ئىخچام سۆزلەر بىلەن قىسقىلا بىر پارچە خەت يازدى:

رۇسىيە ۋە ئاۋستىرىيە قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدىم. بەك چارچىدىم، دالىدا يېتىپ ـ قوپۇۋاتقىنىمغا سەككىز كۈن بولدى، كېچىسى ھاۋا سوغۇق. بۈگۈن كېچە شاھزادە كاۋنىتىزنىڭ چىرايلىق داچىسىدا ياتتىم، يېڭى كۆڭلەك ئالماشتۇرۇۋالدىم، بۇ مېنىڭ سەككىز كۈندىن بۇيان تۇنجى قېتىم كىيىم ئالماشتۇرۇشۇم... ئەمدى ئىككى ـ ئۈچ سائەت ئۇخلىۋالغىيتدىم، ئىلاھىم.

مەغلۇپ بولغان ئاۋستىرىيە پادىشاھى ئەتىسى شاھزادە كاۋنىتىزنىڭ قەسرىگە كېلىپ، بۇ كورسىكالىق پاكىنەك لېيتېنانت بىلەن شۇ يەردە كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ تارىخىي ئېپىك داستاننىڭ يەنە بىر سەھىپىسى ئېچىلدى. بىراق، ھەمىشە ئاتلىق چېپىپلا يۈرىدىغان پاكىنەك شامال مۇئەككىلى ئۈنىڭغا پەرۋا قىلماي كېتىپ قالدى. كېيىن بۇ ئىككىيلەن ئاخىر بىر تۇگمەندە كۆرۈشتى.
— كەچۈرۈڭ، ئالىيلىرى، — دېدى ناپولېئون ئەدەپ بىلەن، — مۇشۇ تۇگمەندىن باشقا سىزنى قوبۇل قىلغۇدەك ئوردام يوق، ئىككى ئايدىن بېرى مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتىمەن.
ئەجدادىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاۋستىرىيە پادىشاھىنىڭ ئالدىدا بۇ ھەربىينىڭ ئۆزىگە تەمەننا ئەيلەپ شۇنداق گەپلەرنى قىلىشى قاتتىق كىنايە ئىدى. ناپولېئونغا ئايانكى، بۇ بۈيۈك غەلىبە خەۋىرى ۋەتىنىگە يېتىپ بارغىنىدا كىشىلەر پارىژ كوچىلىرىدا تۇغ ـ ئەلەملەرنى پۇلاڭلىتىپ، تۇشمۇتوشتىن ناخشا توۋلاپ تەنتەنە قىلىشاتتى.

زېھنى ئۆتكۈر، پىشقان، قۇۋ، تەربىيە كۆرگەن بۇ ئېسىل سۆپەت ئاۋسترىيە پادىشاھى بۇ مەسخىرىنى قانداق قىلىپ ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىشنى بىلەتتى.

— ئالىيلىرى، سىز بۇ تۇرالغۇڭىزنىڭ شۇنچە كۆپ ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىغاچقا، بۇ يەرنى ياقتۇرۇپ قالدىڭىز، — دېدى ئاۋسترىيە پادىشاھى. بۇنىڭ بىلەن، ئون يىلغا يېقىن تۇتۇشقان بولسىمۇ يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغان بۇ ئىككى رەقىب كۆلۈمسىرىگىنىچە بىر - بىرىگە يەر تېگىدىن بىرپەس قارىشىپ تۇردى. بۇ ئىككىيلەن قۇرداش ئىدى، ھەر ئىككىسى يىگىرمە نەچچە ياش چاغلىرىدىن باشلاپلا ھوقۇق تۇتقان، ئەمما باشقا - باشقا يول تۇتقانلاردىن ئىدى. بىراق، شۇ تاپتا ناپولېئوننىڭ تىنچلىق ئارزۇسىنىڭ ئۆزلىرىنى كۆڭلەرنىڭ بىرىدە بىر - بىرىگە شۇ قەدەر يېقىنلاشتۇرىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئاۋسترىيە پادىشاھىنىڭ قىساس ئېلىش نىيىتىنىڭ ئاخىر ئۆزلىرىنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغانلىقىنى ھەر ئىككىسى ئويلاپ يەتمىگەنىدى.

تۈنۈگۈن گازارمىدا ئاۋسترىيە پادىشاھى بىلەن كۆرۈشۈپ ئىككى سائەتچە سۆھبەتلەشتىم... كۆڭۈل - كۆكسۈمنى كەڭ تۇتۇشۇمنى تىلەپ ماڭا ئىگىلدى. بىراق، مەن ھوشيار تۇردۇم... تېزدىن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈشكە قوشۇلدۇق... ئاۋستېرلىز ئۇرۇشى مېنىڭ ھەربىي ھاياتىمدىكى ئەڭ چىرايلىق بىر قېتىملىق ئۇرۇش بولدى. بىز بۇ ئۇرۇشتا قىرىق بەش ھەربىي بايراق، بىر يۈز ئەللىك نەچچە زەمبىرەك غەنىيمەت ئالدۇق، رۇسىيە گىۋاردىيەسىنىڭ يىگىرمە مىڭ گېنېرالىنى ۋە ئوتتۇز مىڭدىن ئارتۇق سەركەردە - لەشكىرىنى ئەسىر ئالدۇق، يىگىرمە نەچچە مىڭ كىشى قازا قىلدى... نەقەدەر دەھشەت!

مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىپ، خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي قالغان قايسىبىر غالىب مۇشۇنداق ئاجايىپ خاتىمە يېزىپ باققان؟

تىنچلىق سۆھبىتى مەزگىلىدە دىپلوماتىيە مىنىستىرى بىلەن ئىمپېراتور ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئىختىلاپى تۇغۇلدى:

«ھازىر غەلىبىسىرى قوغلاپ زەربە بېرىدىغان بولساق، خابسبۇرگلىقلارنى تارمار قىلىۋېتىشىمىز ئاسانغا توختايدۇ، ـــ دېدى تالليېران ئاۋستېرلىز ئۇرۇشىنىڭ ئىككىنچى كۈنى ناپولېئونغا يازغان خېتىدە، ـــ بىراق، فىرانسىيەنى نەزەردە تۇتقاندا، ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنى كۈچلەندۇرۇپ، فىرانسىيە سىستېمىسىدا مۇقىم بىر ئورۇنغا ئىگە قىلغىنىمىز تۈزۈك.»

بىراق، ئىمپېراتور پىرسبۇرگ تىنچلىق شەرتنامىسىدە چىڭ تۇردى، بۇ شەرتنامىدە گېرمان ئىمپېرىيەسىنىڭ پارچىلىنىدىغانلىقى، ئاۋسترىيەنىڭ گېرمانىيە ۋە ئىتالىيەدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشى كېرەكلىكى بەلگىلەنگەنىدى. ناپولېئوننىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسى نېمە؟

ياۋروپا ! فىرانسىيە رەھبەرلىكىدىكى دۆلەتلەر ئىتتىپاقى ! رۇسىيە ئاسىياغا تەۋە دۆلەت، ئەنگلىيە ياۋروپا سىرتىدىكى يېگانە ئارال دۆلەت. ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك، ئوتتۇرا ۋە كىچىك ھاكىمىيەتلەر فىرانسىيە بۇركۇت تۇغىنىڭ ھىمايىسىدىكى دۆلەتلەر ئىتتىپاقى بولۇپ تەشكىللىنىشى ھەمدە دېموكراتىيە ئاساسىدا تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى كېرەك. ئاۋستېرلىز ئۇرۇشىدىن كېيىن بۇ يېڭى ئىدىيە بىر خىل سىستېما بولۇپ شەكىللەندى. ياۋروپالىقلارنىڭ ئەڭ ئالىي غايىسى ياۋروپانى بىرلىككە كەلتۈرۈش، بۇ نىشاننى ئەمدى بوناپارت ھاكىمىيىتى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

ناپولېئون بۇ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا دەرھال تۇتۇش

قىلمىدى. بىراق، بۇ ئۆز غايىسىدىن ۋاز كەچكىنى ئەمەس ئىدى. چۈنكى، بۇ غايىنى شارائىت يارىتىش ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. بۇ غايىنىڭ ئۇرۇش داۋامىدا پەيدا بولغانلىقى بەرھەق. ئەمما، شۇ غايىسى ئۈچۈن ئەتەي ئۇرۇش قوزغىغان ئەمەس، يەنە كېلىپ ناپولېئون مارىنگو ئۇرۇشىدىن بۇيان ئىزچىل تۇردە تىنچلىققا تەشنا بولۇپ كەلگەن. ئاۋستىرىيە بولسا سۈلھى قىلىشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈنلا، يېڭى ئۇرۇش قوزغالغانىدى. ئەنئەنىچىلىك تەلىماتىنىڭ مەنتىقىسى بويىچە ئېيتقاندا، خابسبۇرگ سۇلالىسى بىلەن ئىنقىلابىي ھاكىمىيەتنىڭ ياۋروپادا تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئاۋستىرلىكلەر ئۇرۇشى بۇ ئىختىلاپنى يەنە بىر قېتىم ھەل قىلدى. قايتا تۆرىلىپ، يېڭىباشتىن دەس تۇرغان بۈيۈك ئىمپېراتور چارلېمان — ناپولېئون ياۋروپانى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرمەكچى. بىراق، ناپولېئون تەرىپىدىن قايىل قىلىنمىغان، بەلكى ناپولېئوننىڭ شەمشىرى ئارقىلىق ئۇرۇشتا مەغلۇپ قىلىنغان پادىشاھلار ۋە ئىمپېراتورلارنىڭ بۇ مەنىۋى يولنى بويلاپ ياۋروپانى بىرلىككە كەلتۈرۈش نىشانىغا قاراپ مېڭىشى مۇمكىن ئەمەس. نۇرغۇن ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ناپولېئوننىڭ بىرلىككە كەلگەن ياۋروپا ئىمپېرىيەسىنى قورال كۈچى ئارقىلىق بەرپا قىلماقتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى. ناپولېئون ئۆزىنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار نىشانىغا يېتىش يولىدا قوللانغان ۋاستىسىنىڭ نەقەدەر خاتا بولغانلىقىنى ئون يىلدىن كېيىن ئاندىن بايقىدى. بۇ نۇقتىنى بىلىپ يەتكىنىدە تولىمۇ كېچىككەن بولۇپ، ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىپ، سۈرگۈندە ياشاۋاتتى، ھايات مۇساپىسى ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇراتتى.

## ئون ئىككىنچى، تەرەپلەر

«رىم پاپاسىغا ئېيتىڭلار، كۆزۈم پاپادا تۇرۇپتۇ. ئېيتىپ قويۇڭلار، مەن چارلىمان، چىركاۋنىڭ شەمشىرى، پاپانىڭ ئىمپېراتورى، پاپامۇ شۇنداق قاراشتا بولسۇن» دەپ يازدى ناپولېئون رىمغا ئەۋەتكەن خېتىدە. ئەگەر ناپولېئوننىڭ رىمغا ئېگىلىپ سالام بېرىشىگە توغرا كېلىدىغان بولسا، ئۇمۇ ھېچبولمىغاندا رىمنىڭ ئۆزىگە بويسۇنۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئاۋستېرلىز ۋە پىرسبۇرگ ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن ناپولېئوننىڭ ھەرىكەتلىرىدە يېڭى ئۇسلۇب پەيدا بولدى. مەغلۇپ ئاۋسترىيەدىن ياۋروپاغا ئەنە شۇنداق مىسلىسىز مۇستەبىتلەرچە ئۇسلۇبتا، ئەنە شۇنداق تەلەپپۇزدا مەكتۇپ ئەۋەتتى. ناپلېس ئېلىنىڭ ئايال پادىشاھى ناپولېئوننىڭ كۆپ يىلدىن بۇيانقى ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا خىلاپ ئىش تۇتۇپ، ئەنگلىيە پاراخوتلىرىنىڭ ناپلېس پورتىدا توختىتىشىغا ئىجازەت بەرگەندى، ناپولېئون: «بوربون سۇلالىسىنىڭ ناپلېستىكى ھۆكۈمرانلىقى كەلمەسكە كەتتى» دەپ جاكارلاپ ھەربىي يارلىق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاكىسى يوسىپقا: «ساڭا ئېيتقانىدىم، دەيمەن، ناپلېس پادىشاھلىقىنى جەمەتىمگە قوشۇۋالماقچىمەن، ناپلېس شىۋېيتسارىيە، گوللاندىيە، ئىتالىيە ۋە گېرمانىيە پادىشاھلىقلىرىغا ئوخشاشلا مېنىڭ فېدىراتسىيەمگە، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، فىرانسىيە ئىمپېرىيەسىگە مەنسۇپ بولىدۇ» دەپ خەت يازدى.

ناپولېئون شۇنىڭدىن كېيىن بۇ پىلانىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈچىنىڭ بارىچە ئۇرۇندى. بۇ پىلان بويىچە پۈتكۈل ياۋروپا پەقەت بىرلا ئىمپېراتورنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا

بولۇپ، ھەرقايسى ئەل پادىشاھلىرى ئاشۇ فىرانسىيە ئىمپېراتورىنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى، شۇ تاپتا بۇ ئىستېلاچىغا تەنتەنە قىلىشقان پارىژ شەھىرى ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ پايتەختى بولاتتى. بۇ ھال ئەڭ باب ئىبارە بىلەن ئېيتقاندا، ئىمپېراتورنى «يۇرتىغا سەلتەنەت بىلەن قايتىش» ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلاتتى.

— بۇ قېتىمقى ئۇرۇش مېنى «سەمرىتىشۇەتتى !» — دېدى ناپولېئون، — ئىشىنىمەنكى، ئەگەر ياۋروپادىكى بارلىق پادىشاھلار بىرلىشىۋېلىپ ماڭا قارشى تۇرىدىغان بولسا، مەن ئىنتايىن كۆلكىلىك يوغان قورساق بودەككە ئايلىنىپ قالىمەن.

ناپولېئون ئەنە شۇنداق ھېسسىياتتا يېڭى خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، ئاخىر بەربات بولغانغا قەدەر ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى.

كېيىنكى بىرقانچە ئايدا مۇنداق بىرقانچە ھاكىمىيەتنى تەشكىللىدى: يوسېف ناپلېس پادىشاھى بولدى؛ باۋارىيە بىلەن فۇتېنبۇرگنىڭ غوجىسى كىنەز دەرىجىسىدىن ئۆسۈپ پادىشاھ بولدى؛ بادېن ئەلى كىنەزلىككە ئۆزگەرتىلدى؛ ئېۋگېن باۋارىيە مەلىكىسىگە ئۆيلەندى؛ بادېننىڭ ۋارىس كىنەزى يوسېفىنىنىڭ جىيەن قىزىغا ئۆيلەندى؛ فۇتېنبۇرگنىڭ بىر مەلىكىسى ئىمپېراتورنىڭ ئەڭ كىچىك ئىنىسى ژېرومېغا ياتلىق بولدى؛ جەنۇبىي گېرمانىيە بىلەن غەربىي گېرمانىيەدىكى ئون ئالتە دۆلەت بىرلەشتۈرۈلۈپ رېيىن ئىتتىپاقى تەشكىللەندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىمپېراتورغا قاراشلىق بولۇپ، فىرانسىيە ئىمپېرىيەسىگە ئۇلپان تاپشۇرىدىغان ھەمدە ھەربىي خىراجەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان بولدى. بۇ ئون ئالتە گېرمان پادىشاھى ئاشۇ تالاشتۇرۇپ سېتىش بازىرىدىن كۆپرەك نەپكە ئېرىشىش ئۈمىدىدە پالاقشىغىنىچە پارىژغا كېلىپ، ئىمپېراتورغا ساداقەتمەن بولىمىز، دەپ قەسەمياد قىلدى. ئون ئىككى كىچىك

كىنەزلىكىنىڭ زېمىنى تالىنىپىران، بىرتخىر، بېرنادوتلارغا بۆلۈپ بېرىلدى.

— گوللاندىيەدە باش مەمۇر يوق، جەزمەن بولۇشى كېرەك، شاھزادە لۇئىسنى شۇ يەرگە ئەۋەتمەكچىمەن. بىر شەرتنامە تۈزىمىز... مەن ئۈچۈن ھەممە ئىش بېكىتىلىپ بولدى: يا شۇنداق بولىدۇ ياكى فىرانسىيەگە قوشۇۋېتىلىدۇ... قىلچە ئىككىلىنىشكە بولمايدۇ، — دەپ جاكارلىدى ناپولېئون يەنە.

نېمە ئۈچۈن «قىلچە ئىككىلىنىشكە بولمايدۇ؟» گوللاندىيە كۆپ يىلدىن بۇيان ئۆز مۇستەقىللىقىدىن مەھرۇم قالغان بولۇپ، تاج كىيگەن بىر ئادەمگە موھتاج ئىدى، شۇڭا ناپولېئون ئىنىسىنى گوللاندىيە پادىشاھى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ ھال گوللاندىيەنىڭ بىقىندى دۆلەتلىك ئورنىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. ئەگەر گوللاندىيەلىكلەر نارازى بولسا پۈتۈنلەي يۇتۇۋېتىلەتتى. شۇڭا، ئۇلارغا بۇ يولنى تاللاتقۇزۇش قىيىن ئەمەس ئىدى. ناپولېئوننىڭ ئىنىسى لۇئىس بۇ مەرتىۋىنى ياقتۇرۇپمۇ كەتمىدى. چۈنكى، ئۇ يەرنىڭ كىلىماتى ناچار، ئۆزىنىڭ سالامەتلىكى بولسا تازا ياخشى ئەمەس ئىدى. بىراق، «خانزادە بولۇپ ياشىغاندىن پادىشاھ بولۇپ ئۆلگەن مىڭ ياخشى» ئىدى. ئۇتانىس خانىش بولمىسا بولمايدۇ، بۇ يوسېفىنىنىڭ كۈچلۈك ئارزۇسى ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن گوللاندىيەلىكلەر جەزمەن رەسمىي ئىلتىماسنامە تەييارلاپ سۇنۇشى، گوللاندىيە پادىشاھى بولسا تۇيلېرس ئوردىسىدا ئىمپېراتور ھەدىيە قىلغان بۇ ئىنئامنى قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىدى. بۇ تولىمۇ كۈلكىلىك بىر مەنزىرە ئىدى، ناپولېئون ئوردىدىكى نۇرغۇن ئېسىلزادە خانىملارنىڭ ئالدىدا جىيەنىگە (يېڭى گوللاندىيە پادىشاھىنىڭ ئوغلىغا) كىنايە قىلىپ ياقىنىڭ پادىشاھلىق تەلەپ قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئېيتىپ بەردى.

كېيىنكى قەدەمدە قانداق قىلىش كېرەك؟ ناپولېئوننىڭ سىڭىللىرى ھال ئېيتىپ ۋايسىماقتا ھەمدە ھىيلە - مىكىر ئىشلەتمەكتە ئىدى. ئۇلارغا ئەمدى چوڭ - چوڭ پادىشاھلىقلارنىڭ ھېچقايسىسى قالمىدىمۇ؟ چاتاق بولدى. تەقسىملەپ بەرگۈدەك يەنە بىرقانچە بەگلىكلەر بار ئىدىغۇ؟ مۇرات ئۆستۈرۈلۈپ، كارولىنا كىرىففا بەگ بولدى، ئېلىزا توسكانانىڭ ئايال كىنەزى بولدى. ئوماق پاۋلىنا تۈزۈكرەك يەر قالمىغاچقا، گىۋاستىللاغىلا بەگ بولدى.

— نېمە دېگۈلۈك، ئۇ يەر كىچىككىنە بىر مەھەللە، خالاس! مەن شۇ يەرنىڭ غوجايىنى بولامتىم؟ — دەپ زارلاندى پاۋلېنا.

بىراق، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ يەرنىڭ چىرايلىق دۆۋە - دۆۋە مەرۋايىتلىرى ۋە ئۆزگە مەھلىيا بولۇپ يۈرۈشكەن ئاشىقلار ئارىسىدا كۆڭلى قانائەت تاپتى.

ناپولېئوننىڭ جەمەت ئەزالىرى ئىچىدە يېڭى مەرتىۋىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغانلىرىدىن بىرىمۇ يوق ئىدى. پادىشاھ يوسېف تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن چۈشۈرگەن تۇنجى يارلىقىدا ئۆز پۇقرالىرىنىڭ ئۆزگە بولغان ھۆرمىتىنى فىرانسۇزلارنىڭ ئىمپېراتورغا بولغان مۇھەببىتىگە ئوخشاتتى. ئىمپېراتور يوسېفنىڭ بۇ كۈلكىلىك ئەخمىقانە قىلىقىدىن غەزەپلەندى. پادىشاھ لۇئىس ئەنگلىيەگە قارشى ئۇرۇشنىڭ «ئۆز دۆلىتى»نىڭ ئەنگلىيە بىلەن بولغان سودىسىغا تەسىر يەتكۈزگەنلىكىدىن زارلىنىپ ئاھ ئۇرغىلى تۇردى. «سەن بىكاردىن - بىكارلا زىممەمگە ئېغىر بىر ۋەزىپىنى يۈكلىدىڭ» دەپ يازدى لۇئىس ئىمپېراتورغا ھال ئېيتىپ. بۇ گەپتىن ناپولېئوننىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك بولۇپ كەتتى:

بۇ تامامەن ئۆزۈڭنىڭ دىتسىزلىقىڭ ۋە بىپەرۋالىقىڭدىن

بولۇۋاتقان ئىش... بۇنداق غىڭشىۋەرمىگەيسەن! يىغا ـ زارەڭنى ئايالالارغا قوي، ئەر كىشى دېگەن كەسكىن بولىدىغان. سەن بەك ئاجىز ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتىسەن. جىمى ھەربىي خىراجەتنى ئۈستۈڭگە ئال دېگىنىنى قارىمامدىغان... مەن ئوتتۇز مىڭ ئەسكەر ئالمىسام بولمايدۇ... سەن ئۆزۈڭنىلا ئويلايسەن، ئەمدى زور تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسەڭ بولمايدۇ!

ئۆز ئىرىنى ئىلكىگە ئېلىۋالغان ئېلىزا توسكانادا ئاساسىي قانۇن جاكارلىدى. قوشۇنلارنى ئۆزى كۆزدىن كەچۈرەتتى، قول ئاستىدىكىلەرگە ھېلى مېھرىبانلىق كۆرسەتسە، ھېلى غەزەپ ياغدۇراتتى. ئېلىزانىڭ ناپولېئوننى دوراپ:

— يۇقىرىلىرىم ماڭا تولىمۇ ئىتائەتمەن ۋە قانائەتچان. ئالىيلىرى، بۇيرۇقلىرى بەجا كەلتۈرۈلدى. كېڭەش پالاتاسىنىڭ ماڭا قۇللۇق بىلدۈرگەنلىكىدىن تولىمۇ مەمنۇنمەن، — دېگەنلىرى ناپولېئوننىڭ كۈلگۈسىنى كەلتۈردى.

مۇرات بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە، ناپولېئوننىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىدى. ناپولېئون «ئېلان قىلغان تۇتۇرۇقسىز پەرمانلىرىڭنى كۆردۈم، ئەقلىڭنى يوقىتىپ قويىيلا دەپسەن... كالالاڭدا ھۆكۈمرانلىقتىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىكەن!» دەپ توغرىدىن ـ توغرا ئەيىبلەپ خەت ئەۋەتتى.

ھالبۇكى، پاۋلىنا سەنئەتكار كارنوت بەرگەن مەرمەر ھەيكىلى بىلەن نامىنى ئەبەدىلىئەبەد قالدۇردى، بۇ ھەيكەلنىڭ ئۆمرى ناپولېئون بەرپا قىلغان بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئۆمرىدىن ئۇزاق بولدى.

كىچىك ئىنىسى ژېرومې دېڭىز ئارمىيە پىراكتىكانتى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئامېرىكىغا بېرىپ، ئۇ يەردە جەمەتىدىكىلەردىن مەسلىھەت ئالمايلا بىر ئوتتۇرا بۇرژۇئازىنىڭ

قىزىغا ئۆيلىنىۋالدى. قولىدا بىرمۇنچە خان تاجى بار ئىمپېراتور ئىنىسىنىڭ بۇ قىلىقىنى راۋا كۆرمەيتتى. شۇڭا، ژېرومىنىڭ ئۆيلىنىۋالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى خاپا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئاپىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىپ بۇ نىكاھنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ياش ژېرومې چۈشكەن پاراخوت لىسبون پورتىغا كىرگەندە قورشاۋدا قالدى، پەقەت ژېرومېلا قىرغاققا چىقىشقا ئىجازەت ئالالىدى. ژېرومې ئامېرىكىلىق ياش خانىمى بىلەن خەيرلەشكەن ۋاقتىدا «سىزگە ئۆمۈر بويى سادىق بولىمەن» دەپ قەسەم بەردى. شۇنداق قىلىپ پارىژغا ئۆزى يالغۇز كەلدى. ئىمپېراتور بۇ ئىنىسىنى قوبۇل قىلغاندا تەھدىت سېلىش ۋە ئالداش ۋاستىلىرىنى تەڭ ئىشقا سالدى، ژېرومې ئاخىرقى ھېسابتا پادىشاھ بولۇش شەرىپى ۋە دېڭىز ئارمىيە ئادمىرالى بولۇش ياكى مەلۇم دۆلەتكە پادىشاھ بولۇش ئۈچۈن «مەڭگۈ ئايرىلمايمىز» دەپ قەسەم بېرىشكەن خانىمىنى تاشلاشقا ماقۇل بولدى. خانىمى بىر ئامال قىلىپ ياۋروپا قۇرۇقلۇقىغا چىقىپ ئەنگلىيەگە باردى ھەمدە ئۇ يەردە يەڭگىدى ۋە ئەنگلىيەدە تەلىيى ئۆزىگە ئوخشاشلا كاج لۇسىئاننى ئۇچراتتى. ئىنگلىزلارنىڭ خەيرخاھلىقىغا ئېرىشكەن لۇسىئان بالىچاقىسىنى ئېلىپ بېرىپ ئەنگلىيەدە ماكانلىشىپ قالغانىدى. لۇسىئان بىر ئېپىك تارىخىي داستان يازغان بولۇپ، ئېمىسى — «بۈيۈك ئىمپېراتور چارلېمان» ئىدى.

ئىمپېراتورنىڭ جەمەتىدىكىلەر ئىچىدە پەقەت ئېۋگېنلا (ناپولېئوننىڭ ئۆگەي ئوغلى) قولىدىن ئىش كېلىدىغان، سادىق، ئېھتىياتچان ۋە تىرىشچان بىردىنبىر كىشى ئىدى. ئىمپېراتور ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ، پۇرسەت بولسىلا، ئاشكارا ماختايتتى. ئېۋگېن ھازىر ئىتالىيە ۋالىيسى، باۋارىيە مەلىكىسىنىڭ ئېرى ئىدى. ناپولېئون ئۆگەي ئوغلىغا يازغان خېتىدە: «خىزمەتنى بەك

تىرىشىپ ئىشلەيسىز، سۆيۈملۈك ئوغلۇم. بۇ ئۆزىڭىز ئۈچۈنمۇ پايدىلىق، ئەمما ياش خانىمىڭىزنىڭ بارلىقىمۇ ئىپسىڭىزدە بولسۇن، خانىمىڭىزنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارزۇسى بار...
نېمىشقا ھەر ھەپتىدە بىرەر قېتىم بولسىمۇ خانىمىڭىزغا ھەمراھ بولۇپ تىياتىرغا بېرىپ، خان جەمەتىنىڭ لوژىسىدا ئولتۇرۇپ ئويۇن كۆرۈپ كەلمەيسىز؟ ئادەم قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىرمۇنچە خىزمەتنى قىلىپ تۈگىتەلەيدۇ. مېنىڭ تۇرمۇشۇممۇ سىزگە ئوخشاش، بىراق مېنىڭ خانىمىم ياشىنىپ قالدى، يەنە كېلىپ مېنىڭ قىلىدىغان ئىشىم سىزنىڭكىدىن كۆپ!» دېدى.
ئۆگەي ئوغلىنىڭ خانىمىدىن بولسا چوقۇم بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى (ئوتانىسىنىڭ ئوغلى پەقەت بىرلا ئىدى، سۇلالە بولسا تېخىمۇ كۆپ قوغدىغۇچىغا موھتاج ئىدى). «قىز ئەمەس، چوقۇم ئوغۇل تۇغۇڭ! سىزگە بىر رېتسېپنى ئېيتىپ بېرەي، ھەر كۈنى ئازراق قويۇق ھاراق ئىچىپ بېرىڭ، ماڭا ئىشىنىڭ!» دەپ يازدى ناپولېئون ئۆگەي ئوغلىنىڭ خانىمىغا. بىراق، ئۇ ھەممەيلەننىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويۇپ قىز تۇغدى.
— تۇنجى بالىسى قىز بولسا، چوقۇم بىر تالاي بالىلىق بولغۇدەك، — دېدى ناپولېئون يەنە.
ناپولېئوندىن ئىبارەت بۇ تىل ئۇستىسى شارائىتقا يارىشا ئىش تۇتۇشتا ماھىر ئىكەنلىكى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. تۇرۇپ ئادەمنى قورقۇتسا، تۇرۇپ ماختايتتى؛ تۇرۇپ رىغبەتلەندۇرسە، تۇرۇپ جازالايتتى؛ تۇرۇپ ياخشى سۆزلەر بىلەن قايىل قىلاتتى. ئەنە شۇنداق ئۇسۇللار بىلەن ئۆزىگە خىلاپ ئىش تۇتقان كىشىلەرگە، جۈملىدىن ئائىلىسىدىكىلەرگە تاقابىل تۇراتتى. بىكار ۋاقىتلىرىنى پۈتۈنلەي ئەنە شۇنداق ئىشلارغا سەرپ قىلاتتى.
ئىمپېراتورنىڭ ئاپىسى پارىژدا ئىدى، ئوغلى يول قويغان

دائىرىدە جاھاندىن مۇستەسنا، تىنچ ياشايتتى، ئەمما جىمى ئىشنى كۆزىتىپ تۇراتتى. ئىمپېراتور ئاپىسىنى دېريانون قەسرىگە ئورۇنلاشتۇرغاندى، ھەر يىلى خىراجىتىگە بىر مىليون فىرانك بېرەتتى. ئاپىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئىقتىسادچىللىق بىلەن پۇل خەجلەيدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. بەزىلەر بېخىل دېيىشەتتى، ئەمما لاتسىيە:

— بىز كورسىكالىقلار نۇرغۇن ئىنقىلابنى باشتىن كەچۈرگەنمىز، ئەگەر ھازىرقى پاراغىتىمىز ئۈزۈلۈپ قالسا بالىلىرىم قانداق قىلىدۇ؟ ئۇ چاغدا ئاپىسىنى تاپىدۇ - دە. بۇ ھەرھالدا ياتلاردىن قەرز سوراپ خىجالەتچىلىكتە قالغاندىن كۆپ ياخشى، — دەيتتى.

بۇ خانىم ئادەتتىكى چاغلاردا دائىم مېھمان چاقىرىپ تۇراتتى ھەمدە سورۇندا ئۆزىنى تەبىئىي تۇتاتتى، ئاشۇ تەبىئىي تۇرقى بىلەنمۇ بېشىغا تاج كىيىپ گىدىيىپ يۈرىدىغان بالىلىرىدىن كۆپ سالاپەتلىك ئىدى. گەرچە بىر ئىمپېراتورنىڭ، بىرمۇنچە پادىشاھلارنىڭ ۋە مەلىكىلەرنىڭ ئاپىسى بولسىمۇ، يېنىدا بىرەر ئىشەنچلىك سىرداش ئادىمىنىڭ يوقلۇقىدىن ھەسرەت چېكەتتى. بەزى چاغلاردا قەدىناسلىرى بىلەن قارتا ئويناپ قوياتتى ياكى ئاخشاملىرى سادىق چاكارلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ كۆڭلىنى خۇش قىلاتتى، «ئۆتكەنكى شادىمان كۈنلەر...»نى ئەسلىشىپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇراتتى.

— ھەممىنىسى مېنى دۇنيادا ئەڭ بەختلىك ئانا دېيىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە كۆڭلۈم تولىمۇ پەرىشان. بىرەر يېڭىلىقنى ئاڭلىغۇدەك ياكى كۆرگۈدەك بولسام، ئىمپېراتورنىڭ جەڭدە ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپلا ئۆتىمەن، پۈتۈن ئەزايىمغا تىترەك ئولىشىدۇ.

ئىمپېراتورنىڭ ئاپىسى ئاقسۆڭەك ئەجدادلىرىنىڭ ئادىتى

بويچە ھەر يەكشەنبە كۈنى پەرزەنتلىرى بىلەن تۈئىلىرس ئوردىسىدا تاماقتا بىللە بولاتتى. ھە دېگەندە ئىمپېراتورغا ئىتائەت قىلىپ ئۆلتۈرۈشۈەرمەيتتى، ئىمپېراتور ئۆزىنى چەكلىگەن ياكى چۈشەپ قويماقچى بولغاندا قاتتىق خاپا بولاتتى. ئىمپېراتورنىڭ كۆڭلىگە ئايانكى، بۇ مەغرۇر ئانا شارائىت تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان ئانا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق مۇناسىۋەتنى قوبۇل قىلالمايتتى. ناپولېئون ھەر قېتىم ئەينەككە قارىغاندا ئۆزىنىڭ بارغانسېرى ئاپىسىغا ئوخشاپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بولۇپمۇ پېشانىسى، ئاغزى، كۆزلىرى ۋە قوللىرىنىڭ ئاپىسىنى تارتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى.

— ئوردا تۇرمۇشىدىن ئىچىڭىز پۇشۇپ قالدىمۇ؟ — سورايتتى ئۇ ئاپىسىدىن بەزىدە چاقچاق قىلىپ، — قىزلىرىڭىزغا قاراڭا، پۇل دېگەننى توپىدەك سورۇپ خەجلەيدۇ، سىز نېمىشقا پۇلنى خەجلىمەي يىغىۋېرىسىز؟ سېخىيراق بولسىڭىز بولاتتى.

— شۇنداق قىلىشىمنى خالىساڭ، ماڭا يىلىغا ئىككى مىليون فرانك بەرگىن. بىراق، بەرىبىر تۇغما ئىقتىسادچىل ئايالمەن.

ئانا خۇشامەتچىلەرنى ئوغلىغا ئوخشاشلا ئۆتكۈرلۈك بىلەن بايقىۋالاتتى ھەمدە ناپولېئوننى خۇشامەتكۇي پەسلەردىن نېرى بولۇشقا ھەر ۋاقىت ئاگاھلاندۇراتتى. ئۆزى ئۇچۇن ئوغلىدىن ھېچنېمە تەلەپ قىلمايتتى، ئەمما ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن يۇرتداشلىرىغا ۋاكالىتەن تىلىكىنى ئېيتاتتى، بولۇپمۇ ئاتا ـ بوۋىلىرى يېقىن ئۆتكەن كىشىلەرگە قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلاتتى. بىر كۈنى ئاخشىمى جەمەت ئېپتىخارى قايناپ تېشىپ، ئۇزاقتىن بۇيان كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن بىر ئارزۇسىنى، يەنى كورسىكانىڭ پايتەختىنى ئاياكسىتىن كاۋتقا يۆتكەش ئارزۇسىنى

ئوغلىغا ئېيتتى. ئاپسىنىڭ مۇددىئاسىنى پۇتۇنلەي چۈشىنىپ يەتكەن ئىمپېراتور بۇ ھەقتە پەرمان چۈشۈردى ھەمدە:
— ئاپام تۇغۇلۇشىدىنلا بىرەر دۆلەتنىڭ پادىشاھى بولۇشقا مۇناسىپ ئىدى، — دېدى.
ئاپىسى ئىمپېراتورنى لۇسىئان ئۈچۈن ھېچقانداق ئىش قىلدۇرمىدى.
— لۇسىئانغا ھەممىڭلاردىن بەكرەك كۆيىمەن. چۈنكى، بۇ ئوغلۇم باشقىلاردەك تەلەيلىك ئەمەس، — دەيتتى ئاپىسى.
ئىمپېراتور بولسا تاش يۈرەك ئىدى:
— كۆڭۈل دېگەننى دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇندۇرۇش كېرەك. يېنىمدا ماڭا يار - يۆلەك بولغۇچىلارنىلا تۇغقىنىم دەپ تونۇيمەن، ماڭا ماسلىشىپ بەرمىگەنلەرنى قوۋم - قېرىندىشىم ھېسابلىمايمەن.

## ئون ئۈچىنچى، بېرلىنغا كىرگەن غالىب

ناپولېئوننىڭ پارىژدىكى كابىنېتىدا ھەربىر ھەرىكىتىنى جىممىدە كۆزىتىپ تۇرىدىغان بىر شاھىت بار ئىدى، بولسىمۇ بۈيۈك ئىمپېراتور فىرىدېرىخنىڭ مىس ھەيكىلى ئىدى. ناپولېئون قىران چاغلىرىدا بۇ ئەڭ ئاخىرقى پىرۇسسىيە باش قوماندانىنىڭ بۈيۈك نامى جاھاننى لەرزىگە سالغانىدى. بۇ بۈيۈك ئىمپېراتور ئالەمدىن ئۆتكەن چاغدا ناپولېئون پەقەت بىر لېيتېنانت ئىدى. فىرىدېرىخ ئۆز زامانىسىدىكى بارلىق گېنېراللارغا ئوخشاش يېيىپىكى ئۇرۇش سەنئىتىنى بەرپا قىلغانىدى. ناپولېئون شۇ كەمگىچە پىرۇسسىيە قوشۇنلىرى بىلەن ئۈچرىشىپ باقمىغانىدى. گەرچە فىرىدېرىخنىڭ ۋارىسلىرى ھېچقاچان فىرانسىيە قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ

باقمىغان بولسىمۇ، ناپولېئون بەربىر پىرۇسسىيە قوشۇنلىرىنى ھۆرمەتلەيتتى. ئۆزىگە مەلۇمكى، پىرۇسسىيە پادىشاھى فرىدرىخ ۋىلىيام III ئاجىزلارنى ئەخمەق قىلاتتى. ناپولېئون پىرۇسسىيە ئارمىيەسىنى پەقەت ياۋروپادىكى يوشۇرۇن ھۆرمەتلەيدىغان بىردىنبىر چەت ئەل قوشۇنى (بۇ چەت ئەل قوشۇنى 18 ـ ئەسىردە نامى مەشھۇر قوشۇن ئىدى) بولغانلىقى ئۈچۈنلا پىرۇسسىيە فىرانسىيە بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ رۇسىيە ۋە ئاۋستىرىيەگە تاقابىل تۇرارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە ئۆزى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە قىزىقتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەنىدى. بىراق، پىرۇسسىيە ناپولېئوننىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ھەربىي قۇدرىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى سىياسىي جەھەتتىكى ئەڭ ئاجىز ھالىتى بىلەن نامايان قىلغاچقا، ناپولېئوننىڭ پىرۇسسىيەگە بولغان ھۆرمىتى غايىب بولدى. ناپولېئون ئۆتكەن بىر يىلدا ئاۋستىرىلىز ئۇرۇشىدىن بۇرۇن فىرىدرىخ ۋىلىيام III كە ئىتتىپاق تۈزۈش تەكلىپىنى بەرگەنىدى. ترافالگا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى فىرانسىس بىلەن ئالېكساندىر پىرۇسسىيەگە ئۆزئارا دوست تارتىشتى، ئاۋستىرلىز ئۇرۇشىدىن كېيىن ۋەزىيەت فىرانسىيەگە پايدىلىق بولدى، بۇ ئاجىز پادىشاھ بىر قارارغا كېلەلمەي، بىتەرەپ تۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش ئۈمىدىدە ئىدى. بىراق، فىرانسىيە ئىمپېراتورى مىسلىسىز قۇدرەت تاپقاندا بولسا پىرۇسسىيە ئارمىيەسى فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ بۆلتۈر ئانسباختىن كېسىپ ئۆتكەنلىكى پىرۇسسىيەنىڭ بىتەرەپلىكىگە دەخلى ـ تەرۆز قىلغانلىق بولمامدۇ، دېگەن باھانە بىلەن فىرانسىيە قوشۇنىغا ئوت ئاچتى.

پىرۇسسىيە پادىشاھىنىڭ شۇنداق قارارغا كېلىشىگە ئۆز ئىلىدىكى دېموكراتىك زاتلارنىڭ مەيدانى تۈرتكە بولغانىدى، يەنە كېلىپ بۇ پادىشاھ مىللىي ئىپتىخارنىڭ بەربات بولۇشىدىنمۇ

ئەندىشە قىلغان، بولۇپمۇ بىرقانچە گېنېرالنىڭ ئۆزىگە بولغان ساداقىتىدىن شۈبھىلىنىپ قالغانىدى. نورىمبۇرگدا بىر كىتاب سودىگىرى شەرتنامە بويىچە فىرانسىيە قوشۇنلىرى تۇرۇشلۇق جايدا فىرانسىيە قوشۇنىغا تۆھمەت قىلىنغان كىتابلارنى ساتقانلىقى ئۈچۈن ھەربىي سوتقا تارتىلىپ ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. قارىماققا سوتنىڭ ھۆكمى توغرىدەك قىلاتتى. بىراق، بۇ ئىش تۇپەيلىدىن قوزغالغان ئەخلاقىي نەپرەت تېخىمۇ يوللۇق ئىدى. ناپولېئون بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ يەتكەچكە ئۇرۇشتىن ساقلانماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ تەڭلا قوشۇن چېكىندۈرۈشى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەلچىسىنى ۋىلىيام Ⅲ تىن فىرانسىيەنىڭ ۋېستىفالىيەدە قوشۇن تۇرغۇزغانلىقىدىن خاپا بولغان ـ بولمىغانلىقىنى سوراشقا بۇيرۇدى. ئاندىن ئۆز قەلىمى بىلەن خەت يازدى:

ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىمىز بويىچە باشتىن ـ ئاخىر لەۋزىمدە تۇرۇپ كەلدىم... ئەگەر جاۋابىڭىزدىن ۋېستىفالىيەدە قوشۇن تۇرغۇزغانلىقىم سەۋەبلىك ئىتتىپاقىمىزنى ئىنكار قىلىپ، ھەربىي كۈچىڭىزگىلا ئىشىنىدىغانلىقىڭىز مەلۇم بولسا، ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولىمەن. مەغلۇپ بولسامىمۇ، غەلىبە قىلسامىمۇ، ۋاي دەپ كەتمەيمەن. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى ئادالەتسىز ئۇرۇش دەپ قارايمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن يارىشىپ قېلىشقا ھەر ۋاقىت تەييارمەن.

ناپولېئون يەنە غەزەپ ۋە مەنسىتمەسلىك ۋەزنىدە پىرۇسسىيەنىڭ بىرمۇنچە يامان گېپىنىمۇ قىلدى. ناپولېئون بۇ دۆلەتنىڭ شۇ قەدەر ئەسەبىيلىشىپ كەتكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتى. «پىرۇسسىيە ئىچكى كابىنېتىنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق، پادىشاھى ئاجىز ۋە ناقابىل، ئوردىسىنى ئۆزىنىڭ بارلىقىنى قۇربان قىلىشقا تەييارلا تۇرىدىغان ئىش ئۇقماس گۆدەك

ئوفىتسېرلار چاڭگىلىغا ئىلىنۇالغان» دەپ قارايتتى. ناپولېئون ئۇرۇش پارتلاشقا ئىككى ھەپتە قالغانغا قەدەر، بۇ ئۇرۇشنىڭ ھەقىقىي پارتلايدىغانلىقىغا ئىشەنمەي كەلدى.

ئىمپېراتور خاتالاشقانىدى. بىر چاغلاردا بۈيۈك ئىمپېراتور فرېدېرىخنىڭ قوماندانلىقىدا فىرانسىيەنى مەغلۇپ قىلغان، كېيىن فىرانسىيە تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان پىرۇسسىيە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ پۈشتىدىن بولغان جەسۇر پىرۇسسىيە ئوفىتسېرلىرى شۇ تاپتا باش كۆتۈرۈپ چىقماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى، ئوتتۇرا بۇرژۇئازلارنىڭ ئوتتەك قىزغىن مىللىي كەيپىياتى ئۇرغۇپ تۇراتتى. ھەرقانداق خىيىم - خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشقا تەييار پىرۇسسىيەلىكلەر ئۆزلىرى ئىشىنىدىغان «قۇتقۇزغۇچى خۇدا» — پىرۇسسىيە خانىشىنىڭ ئاغزىغا قاراپلا تۇراتتى، بۇ خانىش ئوتتەك قىزغىن ئۇرۇش تەرەپدارى ئىدى. چار پادىشاھ بۇگۈنكى كۈندە پىرۇسسىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈۋالدى، ئالېكساندىر بېرلىندا تۇرغان مەزگىلىدە پىرۇسسىيە خانىشى بۇ ئىمپېراتورنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئېرىدە يوق باتۇرلۇق ۋە جاسارەتنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. ئالېكساندىر ئاۋستېرلىز ئۇرۇشىدىن كېيىن دەرھال ۋەتىنىگە قايتىپ، پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغانىدى، بۇ پۇرسەت ئاخىر يېتىپ كەلدى.

تاللېيراننىڭ ئەسلىمىسىدىن ناپولېئوننىڭمۇ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىن ئىنتايىن بىئارام بولغانلىقى مەلۇم. دەرۋەقە، بۈيۈك ئىمپېراتور فىرېدېرىخ قوشۇنىنىڭ قۇدرىتىنى ئويلىغىنىدىمۇ بېشى ئايلىنىپ كېتەتتى. چۈنكى، ئۇزاقتىن بۇيان نامى مەشھۇر بولىداق بىر قوشۇن بىلەن ئۇرۇش قىلىپ باقمىغانىدى. «پىرۇسسىيە قوشۇنىغا تاقابىل تۇرۇش ئاۋستىرىيە قوشۇنىغا تاقابىل تۇرغاندىن كۆپ تەسكە توختايدۇ، دەپ ئويلايمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن دەرھال رېيىن دەرياسىدىن ئۆتۈش كېرەك !»

ناپولېئون ھۇجۇم باشلىنىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن دەسلەپكى غەلىبىگە ئېرىشتى. شاھزادە لۇئىس فېردىناند ــ پىرۇسسىيە سەردارلىرىنىڭ سەرخىلى تۇنجى قېتىملىق ھۇجۇمدىلا ھالاك بولدى، بۇنىڭ بىلەن ئاشۇ قېتىمقى سائالفېلد ئۇرۇشىدا پىرۇسسىيە ئارمىيەسىنىڭ قانتى قايرىلدى.

پىرۇسسىيەلىكلەر پاتىپاراق بولۇپ كەتتى، بۇنداق پاتىپاراقچىلىقنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىگە ئاساسەن پىرۇسسىيە پادىشاھى سەۋەبچى بولغانىدى. گېنېرال شائىنخوست «مۇددەتتىن ئىككى ھەپتە بۇرۇن ھۇجۇم قىلايلى» دەپ پادىشاھقا تەكلىپ بەرگەنىدى. كالللىسى گال بۇ ھۆكۈمران فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىنى كۈتۈپ ئولتۇرسۇۋەردى. گىراف برۇمىرۇك باش قوماندانلىقنى ئۈستىگە ئالغانىدى، پادىشاھ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئۇنىڭغا بەرمەستىن، ئاخىرقى مىنۇتقا قەدەر ئۆزى ئالدىنقى سەپتە قوماندانلىق قىلىپ تۇرۇۋالدى. «بۇ ئۇرۇشقا پادىشاھنىڭ رىياسەتچىلىك قىلغانلىقى ياكى گىرافنىڭ رىياسەتچىلىك قىلغانلىقى بىزگە نامەلۇم.» گىراف پەرمان چۈشۈرگەندە پادىشاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنماي بولمايتتى. دەرىجە مەسلىسى تۈپەيلىدىن پۈتۈن ئارمىيە ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى. شاھزادە خوئىنلوئېنىڭ مەرتىۋىسى گىرافتىن ئۈستۈن بولغاچقا، گىرافنىڭ بىرلەشمە ئارمىيەسى گىرافنىڭ قوماندانلىقىدا ئۇرۇش قىلالمايتتى. دۈشمەن بۇ چاغدا يەنە دوستانە قولىنى سۇنۇپ، سۈلھى تەلەپ قىلدى. ئۆزىنىڭ غەلىبە قازىنىدىغانلىقىغا ئىشەنچى كامىل ناپولېئون ئاساسي قوشۇنلار ئوتتۇرىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئىككى كۈن ئىلگىرى پىرۇسسىيە پادىشاھىغا ئەۋەتكەن خېتىدە: «مەن ھالىمغا باقماي سىزگە نەسىھەت قىلماقچىمەنكى، سىياسىي جەھەتتىكى خاتالىقىڭىز پۈتكۈل ياۋروپانى زىلزىلىگە سالدى...

ماقۇل، بىز ئۇرۇش قىلساقمۇ قىلارمىز... بىراق، نېمە ئۈچۈن پۇقرالىرىمىزنى ئۆزئارا قىرغىنغا سالىمىز؟ نۇرغۇن بالىلارنىڭ هاياتى بەدىلىگە كەلگەن غەلىبىنى كۆپ كۆرگەنمەن. ئەگەر مەن هېچقاچان ئۇرۇش قىلىپ باقمىغان بولسام، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇشۇمدىن ئەندىشە قىلىشقا ئاساسىم بولغان بولاتتى ــ دە، بۇ گەپنى قىلىشقا ھەقلىق بولمىغان بولاتتىم. بىراق، ئالىيلىرى، مەغلۇپ بولۇش ئالدىدا تۇرۇپسىز. تىنچ تۇرمۇشىڭىزنى ۋە پۇقرالىرىڭىزنىڭ هاياتىنى قۇربان قىلىدىغان بولسىڭىز، جىنايى جاۋابكارلىقىڭىزنى يېنىكلىتىشكە هېچقانداق ئاساس تېپىلمايدۇ. ئالىيلىرىدىن هېچنېمە تەلەپ قىلمايمەن، ئەزەلدىن هېچنېمە تەلەپ قىلىپ باققانمۇ ئەمەسمەن. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئاقىلانە ئۇرۇش ئەمەس. بۇ خېتىمىنىڭ خان جەمەتىڭىزنىڭ نازۇك غۇرۇرىغا تېگىپ قويىدىغانلىقىنى بىلىمەن. بىراق، ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتمىسام بولمايدۇ. مەن پەقەت ئۆز قاراشلىرىمنى سىزگە ئېيتىپ قويماقچى... ئۆزىڭىزنىڭ ۋە دۆلىتىڭىزنىڭ تىنچلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرەي دەيمەن. مەن گەرچە مەڭگۈ سىزنىڭ ئىتتىپاقدىشىڭىز بولۇپ قالالمىساممۇ، هېچبولمىغاندا مېنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى بىلىپ قېلىڭ... مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم سودا ــ سانائەت ۋە سىياسىي ساھەدە مېنى ئۆزىگە دۈشمەن تۇتمىغان پادىشاھلار بىلەن قانلىق ئۇرۇش قىلماسلىق.» دەپ يازدى.

ئېرىنىڭ كەينىدىن ئالدىنقى سەپكە كەلگەن پىرۇسسىيە خانىشى لۇئىزا قوماندانلىق ئىشتابىدىكى ئۇرۇشپەرەسلەرنىڭ كۆڭلىگە يېقىپمۇ كەتمىدى. ئۇلار لۇئىزاغا هېلىقى خەتنى ئوقۇپ بەرگەندە، لۇئىزا ناپولېئوننى ئۆز بېشىغا چوڭ بالا ــ قازانىڭ كېلىدىغانلىقىدىن قورققانلىقى ئۈچۈنلا بۇ خەتنى يازغان، دەپ قارىدى. ئەجەبا، خانىش ئۆزىنىڭ بۈگۈن تەڭرىنىڭ ئىرادىسى

بىلەن بۇ كىشىلەر بىلەن بىللە بولۇپ قالغانلىقىنى، ئاجىز ۋە ناقابىل ئېرىنىڭ بۇ ئۇرۇشنى ئىنسانىي يوسۇندا ھەل قىلىش چارىسىنى قوللىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىشى كېرەكلىكىنى بىلمەمدىغاندۇ؟ لۇئىزانىڭ نەزىرىدە ناپولېئون «ئەخلەت دۆۋىسىدىن ئۆمىلەپ چىققان ئالۋاستى» بولۇپ، ئەتىگە بارمايلا تەختتىن غۇلاپ چۈشەتتى!

«ئىشلىرىم ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتىدۇ، — دەپ يازدى بۇ ‹ئالۋاستى› خانىمىغا، — جىمى ئىشىم كۆڭۈلدىكىدەك بولۇۋاتىدۇ. پىرۇسسىيە پادىشاھى بىلەن خانىشى ھازىر ئېرفۇرتتا. ئەگەر ئۇرۇشماقچى بولسا قورقۇنچلۇق مەنزىرىنى كۆرىدۇ. ناھايىتى ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن، كۈنىگە سەكسەن مىلدىن يۈز مىلغىچە يول يۈرگەن بولسامۇ سەمرىپ قالدىم. ئاخشىمى سائەت سەككىزدە ياتىمەن، يېرىم كېچىدە ئورنۇمدىن تۇرىمەن، بۇ چاغدا سىزنىڭ تېخى ئۇخلىمىغانلىقىڭىزنى بىردىنلا ئېسىمگە ئالىمەن.» ناپولېئون ئۇرۇش ھارپىسىدا ئۇخلىغىلى ئۇنىمايتتى. سەھەر ۋاقتى سائەت ئۈچتە بىر ئوفىتسېر سەل دەم ئېلىۋېلىشقا دەۋەت قىلىۋىدى، ناپولېئون ۋارقىراپ كەتتى:

— مۇمكىن ئەمەس! مېنىڭ پىلانىم مانا بۇ يەردە ، — دەپ بېشىنى كۆرسەتتى، — خەرىتىدە بولسا ھېچنېمە يوق! — ئاندىن ئۆزىنىڭ پۈتكۈل پىلانىنى چۈشەندۈرۈپ چىقتى، — چۈشەندىڭىزمۇ؟ سىز دەرھال ئاتلىق بېرىپ ئۇرۇش ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرغۇدەك بىر جاي تېپىڭ، مەن سائەت ئالتىدە شۇ يەرگە ئۇنىمەن، — دېدى ـ دە، سەپەر كارىۋىتىدا يېتىپلا ئۇيقۇغا كەتتى.

شۇ كېچىسى پىرۇسسىيە قوشۇنلىرىنىڭ سەردارلىرى فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ تىنماي يۆتكىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئاخبارات ئالدى. «ئوھوي، كېرەك يوق، ئەتە ئوبدانراق

كىنىشەرمىز» دېيىشتى ئۇلار. بىراق، فىرانسىيە ئىمپېراتورى بۇ چاغدا ئاتقا مىنىپ، ئالدىنقى سەپكە بېرىپ قوشۇنلىرىنى رىغبەتلەندۈرۈۋاتاتتى، بۇ هال ئاۋستېرلىز ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى ئەسلىتەتتى.

باتۇر برۇنبۇرگقا ئەجەل يەتكەندىن كېيىن پۇتۇن ئاۋسترىيە قوشۇنىنىڭ روهى سۇنغانىدى، ئۇنىڭ ئورنىنى ئېلىشقا هېچكىم پېتىنالمىدى، بۈيۈك ئىمپېراتور فىرېدرىخنىڭ قالدۇق پىرۇسسىيە قوشۇنى ساكسىنىيەدىن شەرققە پېتىراپ قاچتى.

سۆيۈملۈكۈم، پىرۇسسىيە قوشۇنىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كىچىككىنە بىر هىيلە ئىشلىتىپلا، تونۇگۈنكى غەلىبىنى قولغا كەلتۈردۈم. يىگىرمە مىڭ لەشكىرىنى ئەسىر ئالدىم، يۈزچە زەمبىرەكنى ۋە هەربىي تۇغىنى ئولجا ئالدىم... بىز بۇ يەردە ئىككى كۈن تۇرۇپ ئۆزىمىزنى راۋرۇس ئوڭشىۋالدۇق. ئامان بولۇڭ، مېنى سۆيگەيسىز، خەير!

ناپولېئون ۋېيماردا هۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈۋاتقان كىنەز خانىم بىلەن ئۇچراشتى. بۇ خانىمنىڭ يىگىرمە يىلغا يېقىن پىرۇسسىيەلىكلەرگە خاس ئۇرۇشخۇمار بولۇپ كەلگەن ئېرى چارلىز ئاۋگۇست قەدىناسلىرىنىڭ نەسىهەتلىرىگە قۇلاق سالماي فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلغان، پىرۇسسىيە قوشۇنلىرى يارىنا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن پىرۇسسىيە سەردارى تۇرۇپ جەڭ مەيدانىدىن قېچىپ كەتكەنىدى، زادى نەگە كەتكەنلىكىنى هېچكىم بىلمەيتتى. ئاۋگۇستلا ئەمەس، ئوردا ئەهلىمۇ ۋېيماردىن قېچىپ كەتكەن، پەقەت كىنەز خانىم بىلەن ۋەزىرى گېيوتېلا قالغانىدى.

— كەچۈرۈڭ، كىنەز نېمىشقىمۇ... — دېدى ئىمپېراتور

ناپولېئون بۇ خانىمنى كۆرگەندە.

ناپولېئون بۇرۇندىنلا ئاياللارنىڭ، بولۇپمۇ گېرمان ئاياللىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا قارشى ئىدى، بۇ خانىم ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ پاساھەتلىك ھەم ئىخچام سۆز - ئىبارىلەر بىلەن كىنەزنىڭ پىرۇسسىيە بىلەن بولغان دوستلۇقىنى ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئالغىنىدا بۇنىڭدىن ھەيران قالغان ناپولېئون تەسىرلىنىپ، بۇ مەغلۇپ ئەلنىڭ ئىگىسىگە ھۆرمەت كۆرسەتتى. ئىمپېراتور شۇ ئاخشىمى خانىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇزاق سۆھبەتلەشتى. دەسلەپتە خانىمنىڭ بەگلىكنى جەزمەن بىكار قىلىدىغانلىقىنى ئىزاھلاپ ئۆتتى، ئارقىدىنلا زېمىنىڭىزغا زىنھار تەگمەيمەن، دەپ ۋەدە بەردى. نېمە ئۈچۈن؟

شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بۇ ئايال سىياسىيغا زادىلا ئارىلاشمايتتى، زادىلا نازلىنىپ ياسالمىلىق قىلمايتتى، بىلمىگىنىنى بىلىدىغان قىياپەتكە كىرىۋالمايتتى، پەقەت ئېرىنىڭ جورىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن ئېرىنىڭ ئورنىدا گەپ قىلىپ، ئۆز دۆلىتى ئۈچۈن تىلەكلىرىنى قورۇنماستىن بىمالال ئېيتتى. بويسۇندۇرۇلغان بىر ئەلنىڭ بۇ غوجايىنى ئۆزىنى پەسمۇ تۇتمىدى، چوڭمۇ تۇتمىدى، خۇشامەتمۇ قىلمىدى، غەزەپمۇ قىلمىدى. ئىمپېراتور نۇرغۇن يىللاردىن كېيىنمۇ بۇ ئايالنى — لاتاپىتى بىلەن ئۆز بەگلىكىنى ۋە سۇلالىسىنى قۇتقۇزۇپ قالغان بۇ ئايالنى سۇرۇشتۇرۇپ سالام ئېيتىپ تۇردى.

ناپولېئون بېرلىندا يەنە بىر ئايالنى ئۇچراتتى. خانزادە خازفېرد بېرلىن ۋە پادىشاھقا ۋاكالىتەن ئىمپېراتور بىلەن سۆھبەتلەشكەندى، ئۇ شۇچاغدا ئېھتىياتسىزلىقتىن ئىشەنچسىز بىر گېنېرالغا خەت يېزىپ فىرانسىيە قوشۇنى ئەمەلىي كۈچىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى دوكلات قىلغانىدى، بۇ خەت تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلمەي تۇتۇپ قېلىندى. ئاچچىقىغا

پايلىماي قالغان ئىمپېراتور ھەربىي سوتنىڭ بۇ ئادەمنى جاسۇسلۇق جىنايىتى بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشىنى تەلەپ قىلىپ بۇيرۇق چۈشۈردى، بىرتخېر ناپولېئوننىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىشقا پېتىنالمىدى، لاف ئىمپېراتورنى ئاچچىقىغا ھاي بېرىشكە دەۋەت قىلدى. خانزادە خازفېردنىڭ خانىمى ناپولېئوننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئايىغى ئاستىغا يۈكۈندى، ناپولېئون خانىمنى پوتسدام قەسىرىگە تەكلىپ قىلدى. «خانزادىنىڭ خېتىنى كۆرسىتىۋىدىم، بۇ ئايال يىغلامسىراپ تۇرۇپ راستىنى ئېيتىپ، شۇنداق، بۇ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ خېتى، دېدى. ئاشۇ خەتنى ئوقۇۋاتقىنىدا ئىچ - ئىچىمدىن تەسىرلەندىم، ئىچىم ئاغرىپ قالدى، — دەپ يازغانىدى ناپولېئون يوسېفىنغا ئەۋەتكەن خېتىدە، — ئاق كۆڭۈل، ساددا ۋە مۇلايىم ئايال زاتىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىم ئۆزىڭىزگىمۇ مەلۇم.»

«ياخشى كۆرىدىغانلىقىم؟» ناپولېئون نوپۇزلۇق ئادەم، بۇ ئايال ناپولېئوننىڭ ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەس، چىرايىنى ۋە ئۈچىسىدىكى كىيىملىرىنىغۇ دېمەيلا قويايلى. بىراق، بۇنداق تەبىئىي ھېسسىيات، ئايال زاتىنىڭ ئىلتىجاسى، كۆز يېشى، سۈكۈت ئىچىدىكى ھەسرىتى ناپولېئوننى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگەنىدى. ناپولېئون خانزادە خازفېردنىڭ ھېلىقى خېتىنى ئوتقا تاشلاپ:

— قولۇمدىكى ئىسپاتنى كۆيدۈرۈپ كۆل قىلىۋەتتىم، ئېرىڭىزگە ئەمدى تالاپەت يەتمەيدۇ، — دېدى.

ئىستېلاچى ناپولېئون ئىلگىرى ئۆزىگە قارشىلىق كۆرسەتكەن ئىككى كىشىنىڭ خانىمىغا ئەنە شۇنداق خەيرخاھلىق قىلغان، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەنلىكى ئۈچۈن كەڭچىلىك قىلغانىدى.

ناپولېئون خانىش لۇئىزانى ياقتۇرمايتتى. بۇ ئايال ئۆز

دۆلـتـىنى خەتەرگە ئـتـتـىرگەن، تـىنچلـىقنـىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقان ئېرىـنـى دەيدەيگـە سـىلـىـپ ئـۇرۇش قـىلـىـشقا قـۇتـراتقان بـىـر سىياسىيون ئىدى. ناپولېئون پۇرسەت تېپىلسىلا، خىرىس قىلىپ تۇرىدىغـان بۇ ئايالـدىن نەپرەتـلـىـنـەتـتى، شۇڭـا ئـايالـلارغـا خـاس ئـىززەت ـ ھۆرمـىـتـىدىن مـەھرۇم قـىلـدى. ناپولېـئون رەسمـىـي ئاخباراتـىدا: « ئۇ چـىـرايلا بـار، ئـەقلى يـوق بـىـر ئايـال... ئـۆز دۆلـتـىنى دەردكە مۇپتىلا قىلغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق ئەيىبلەشكە ئۇچرايدۇ، ئېرى دەل ئەكـسىچە خـەلقىنـىڭ بەخت ـ سائـادىتـىنـى كۆزلەيدىغان ئادەم ئىدى» دەپ مەسخىرە قىلدى.

ناپولېئون ئادەملـىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بېرلىنغا دەبدەبە بىلـەن كىردى، بۇ چاغدا ئادەتـتـىكى چـاغلاردىكىدەكلا ئاددىي كـىيىمـى بىـلـەن ئىدى. نـاپولېئـوننىڭ ئـەڭ قىزىقـقىنـى غـەمسىـز ئوردا بولدى. بۈيۈك ئىمپېراتور فىرېدېرىخنىڭ شـەمشىرىنى ئۆمرىدە ئېرىشكەن ئەڭ ئېسىل غەنىيمەت ئورنىدا فىرانـسىيەگـە ئېلـىـپ كەتمەكچى بولدى. نـاپولېئـون بۇ غەنـىيمەتنـى پىرۇسـسـىيەنـىڭ پادىـشاھلـىق تەخـتـىـگـمۇ تـېگـىشـمـەيتتـى. بۈيۈك ئـىـمپېـراتـور فىرېدېرىخنىڭ خانىشىنى ئېلىۋەتكەن تىرنىقىغا تەڭ قـىلـمـىدى ھەمدە ئاشكارا سورۇندا تىل سالدى:

ـــ خانىشنىڭ ئۆيىدىن چار پادىشاھنىڭ رەسمى چىقتى، بۇ رەسـمنى چار پـادىشاھ ھەدىـيە قىلـغانىكەن. بۇنىڭـدىن باشقـا، ئـىككـىسىنـىڭ بىر ـ بىـرىگە يـازغان خەتلـىرىمۇ چـىقتى... بـۇ ھۆججەتلەر خانىشنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا چات كىرىشكە يول قويغان پادىشـاھلارنىڭ ئـەيت ـ بەشـىرىسىنـى شۇ قەدەر تولـۇق ئېچىپ بېرىدۇ. دۆلەتنىڭ ھۆججەتلىرىدىن ئەتىر پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ، يەنە كېلىپ بۇ ھۆججەتلەر پەردازخانىدىكى بېزەكلەنگەن گۈللۈك لىنتا ۋە باشقا ئۇششاق ـ چۈشەك نەرسىلەر بىلەن بىللە قويۇلغانىكەن.

ناپولېئون گەرچە پىرۇسسىيە پادىشاھىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى يارلىقىنى يېزىپ تەقلەپ قويغان بولسىمۇ، چار پادىشاھتىن ئەيمىنىپ، پىرۇسسىيەدىكى خوخېنزوللېر جەمەتىنىڭ خاندانىنى قارامىلىق بىلەن ۋەيران قىلىۋېتىشكە پېتىنالمىدى. ياۋروپانى پۈتۈن دۇنيا دەپ بىلگەن ناپولېئون بېرلىندا:

— ئېلبا دەرياسى ۋە ئودېگا دەرياسىدا ھىندىستاننى بويسۇندۇردۇق، ئىسپانىيەنى ۋە ئۇمىد تۇمشۇقىنى مۇستەملىكىمىز سۈپىتىدە بويسۇندۇردۇق، — دەپ جاكارلىدى.

ناپولېئوننىڭ ئېيتقانلىرى كۆپتۈرمە بولۇپ، ئەمەلىيەتتە پەقەت بۇ قېتىمقى دېڭىز سەپىرىنىڭ باشلانغانلىقىنىلا چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. ناپولېئون چارلوتتېنورگ ئوردىسىدا ئۆمرىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ، قان ھىدىدىن ئەڭ خالىي، ئەمما ئەڭ خەتەرلىك بىر ئۇرۇش خىتابنامىسىنى تەييارلىدى. شۇ زامانىنىڭ بۇ بۈيۈك چارلېمانى ياۋروپادىكى بارلىق پورتلارنى قامال قىلماقچى، ئەنگلىيە پاراخوتلىرىنىڭ پورتقا كىرىشىنى چەكلىمەكچىدى. قىلىچى بۇ ئارال دۆلەتكە يەتمىگەنىكەن، بۇنىڭدىن كېيىن ياۋروپا ئەنگلىيە بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇشى كېرەك، ئەنگلىيەدىن كەلگەن ياكى ئەنگلىيەگە ۋە ئەنگلىيە مۇستەملىكىلىرىگە توشۇلىدىغان بارلىق تاۋارلار، پوسۇلكىلار ۋە خەت ـ چەكلەر بىردەك مۇسادىرە قىلىنىشى، ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى بارلىق ئەنگلىيە پۇقرالىرى ھازىردىن باشلاپ ئەسىر ھېسابلىنىشى كېرەك ئىدى.

بىراق، بۇ پىلاننىڭ ئىجراسىغا قانداق نازارەت قىلىغۇلۇق؟ بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ھەرقانداق پىلانى ئاشۇ ئىدىيە بويىچە يولغا قويۇلىۋەرگەنىدى. ناپولېئوننىڭ ھەرقايسى ئەللەر بىلەن، بولۇپمۇ رۇسىيە ۋە ئاۋستىرىيە بىلەن شەرتنامە تۈزۈشكە توغرا

كەلدى. ئاۋسترىيە پولشانىڭ بىر قىسىم زېمىنىنى ئىشغال قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى، رۇسىيە بولسا شۇ زېمىنىنى رۇسىيەگە قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى. بۇ ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ ئارىلىقىدا قىسىلىپ ھالى قالمايۋاتقان پولەكلەر بولسا ھېچقايسىسىنىڭ كەتمىنىنى چېپىشقا رازى ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ناپولېئوننى تەكلىپ قىلىپ، رۇسىيەدىن يۈز ئۆرۈپ فىرانسىيەگە تەلمۈردى: ناپولېئون ــ مىللىي ھۆرلۈكنىڭ قوغدىغۇچىسى پولەكلەرگە ياردەم بېرىدۇ، پولەكلەرنى ئازاد قىلىدۇ، دېگەن تەمەدە بولدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ناپولېئون پولشا مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلسا بولار؟

ــ پولشا خاندانىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بۇ ئۇلۇغ ئەلنى تىرىلدۈرەلەرمەنمۇ؟ بۇ سىرنى پەقەت ھەممىگە قادىر تەڭرىلا يېشىپ بېرەلەيدۇ.

ناپولېئون قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ ئېيتقان بۇ ئىككى بىسلىق سۆزلىرىنى پۈتۈن پولشا زېمىنىغا يەتكۈزگۈزدى. ناپولېئوننىڭ بۇ خىتابنامىگە ئىمزا قويغان چېغىدىكى چىرايىدا جىلۋە قىلغان تەبەسسۇمىنى تەڭرىدىن باشقا ھېچكىم سېزىشكە قادىر ئەمەس ئىدى. ناپولېئون ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك چارە قوللاندى: بىرىنچى، پولەكلەرنىڭ قوشۇن بىلەن تەمىنلىشىنى تەلەپ قىلىپ، «ئەگەر قىرىق مىڭ كىشىلىك قوشۇنۇڭلار بولمىسا، دۆلەت دېگەن نامغا مۇناسىپ كەلمەيسىلەر» دېدى. ئىككىنچى، پىرۇسسىيە بىلەن ئاۋسترىيەگە سېتسىلىيە بىلەن گالىسىيەنى ئالماشتۇرۇش تەكلىپىنى بەردى. بىراق، ئاخىردا پىرۇسسىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى بوسفۇر بوغۇزىدا دەپ قاراپ، تۈرك سۇلتانىنى رۇسلارنى مولداۋىيەدىن قوغلاپ چىقىرىش، ئاندىن ئۆزى بىلەن دنېپىست دەرياسىدا ئۇچرىشىشقا دەۋەت قىلدى. شۇنداق قىلىش ئارقىلىق

روسىيەنىلا ئەمەس، ئالاقزەدە بولۇپ كەتكەن ئاۋستىرىيەنىمۇ دوناي دەرياسى دېلتىسىغا باغلاپ قويۇش ئۈمىدىدە ئىدى.

ناپولېئون ئوردىدا بەھۇزۇر ئولتۇراتتى، بۈيۈك ئىمپېراتور فرېدېرىخنىڭ كىتاب ئىشكاپىغا قويۇلغان قەدىمىي شامداندىكى شامنىڭ نۇرى پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى، رەسىمدىكى ۋولتېر كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى. ناپولېئون ئۆزى يالغۇز شاھمات ئويناپ، كۆز ئالدىدا يوق دۈشمىنىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ، قاندداق تاقابىل تۇرۇش ئۈستىدە ئويلانماقتا، نەزەر دائىرىسى ئويلانغانسېرى كېڭەيمەكتە ئىدى. ئۆزى دوراۋاتقان ئاشۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ، سېرىق بۇرۇت ـ ساقاللىرى غايىب بولدى، بۇرنى پاناق بولۇپ قالدى، كۆزلىرىدىكى ئۆزگە بولغان ئىشەنچ غايىب بولدى. ئاندىن يەنە تېخىمۇ باتۇر قىياپەتكە كىردى، بۈيۈك ئىمپېراتور چارلېمان بىردىنلا بۈيۈك ئىسكەندەرگە ئۆزگەردى. شۇنداق، ھىندىستانغا بېرىپ ئەنگلىيەنى بويسۇندۇرۇش كېرەك! شۇ تاپتا جاھانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتەك ئۇلۇغۋار ئىش ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

يېڭى بىر دۈشمىنى يەنە شاھمات تاختىسىدا پەيدا بولدى: ئايغاقچىسى ئىسپانىيەدە تويلاك بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى دوكلات قىلىۋىدى، چىرايى تاتىرىپ كەتتى. دەرۋەقە، شاھماتتا تولىمۇ خەۋپلىك ھالەت ھۆكۈم سۈرگەنىدى. ناپولېئون يەنە بىر قېتىم سەگەكلىك بىلەن شۇنى تونۇپ يەتتىكى، ئەنگلىيەنى يوقىتىش ئۈچۈن جەزمەن ئاۋۋال روسىيە بىلەن يارىشىپ قېلىشى، ئاندىن روسىيەنى بويسۇندۇرۇشى ياكى روسىيەنىڭ دوستلۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن قۇرۇقلۇقتا بىر تايانچ بازا بەرپا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىر قولىدا تويلاك ئىچىدە تۇرۇۋاتقان پولشادىن ئىبارەت بىر كوزىر بار ئىدى. ناپولېئون شۇنىڭ بىلەن ۋارشاۋاغا قاراپ ئاتلاندى.

ناپولېئون مۇشۇ ھەپتىلەردىن بۇيان ئۆز تەسەۋۋۇرىدا دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ تەقدىرىگە پەرەز بىلەن ھۆكۈم قىلىپ كەلدى. شۇ كۈنلەردە يالغۇزلۇقتىن غېرىبسىنىپ قالغانىدى. كۆڭلىنى ئالغۇدەك ئايال زاتىغۇ يوقمۇ ئەمەس ئىدى. «ئاھ، ئۇزاق كېچىلەرنى يېگانە ئۆتكۈزمەكتىمەن» دەپ يازدى ناپولېئون رەپىقىسىگە ئەۋەتكەن خېتىدە. خانىشى يوسېفىن بولسا تايغاندەك ئۆتكۈر بۇرنى ئارقىلىق بۇ خەتتىن كۈندىشىنىڭ ھىدىنى پۇراپ تېپىۋالدى ـ دە، كۈنداشلىقى تۇتۇپ كېتىپ، «يېنىڭىزغا بارىمەن» دەپ خەت ئەۋەتتى. ئەمەلىيەتتە، ناپولېئون تاپتىن چىقىدىغان ئىش قىلمىغانىدى. شۇڭا يوسېفىنغا: «ھاياجان بىلەن تولغان خېتىڭىز ماڭا شۇنى ئۇقتۇردىكى، سىلەر ئايال زاتى خۇددۇڭلارنى بىلمەي قالىسىلەر، ئارزۇيۇڭلارغا يەتمىگۈچە قويمايسىلەر. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۆزۈمنىڭ بەندىلەر ئىچىدىكى ئەڭ بىچارە قۇل ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلىمەن. ئىگەم ماڭا قىلچە ئىچ ئاغرىتمايدۇ» دەپ خەت ئەۋەتتى.

ناپولېئون ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى يوشۇرۇن گەپلىرىنى ئەمدىلا يېزىپ بولۇشىغا، خەۋەرچىسى بىر كېچىلىك كۆڭۈل خۇشىدىن كۈتۈلمىگەن نەتىجە پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى. بۇلتۇر قىشتا ناپولېئونغا سىڭلىسى كارولىنا چىرايلىق بىر قىزنى تونۇشتۇرۇپ قويغانىدى، ناپولېئون فىرانسىيەدىن يولغا چىققۇچە بويىدا ئالتە ئايلىق بولۇپ قالغانىكەن، هازىر يەڭگىپتۇ. ئۆزى تەشنا بولغان شۇنداق بىر كۈن ئاخىر كەلدى! بۇ ئىش ناپولېئوننىڭ تەگرى باشقا ئەرلەرگە ئاتا قىلغان پەرزەنت كۆرۈش ئىمتىيازىدارى يوق ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى، يەنە كېلىپ تەگرى پەرزەنت بەرگەندىمۇ بۇدرۇقتىنا بىر ئوغۇل بەرگەنىدى. ناپولېئون ياشلارغا خاس هاياجان بىلەن سىرداشلىرىغا، دوستلىرىغا قاراپ

ۋارقىرىدى:

— دۇروك، مەن ئوغۇللۇق بولدۇم!

## ئون تۆتىنچى، ناپولېئوننىڭ پولەك مەشۇقى

تانسىخانا چىراغلار بىلەن چاقناپ كەتكەننىدى. تانسىخانىدىكى ئەڭ چىرايلىق پولەك قىزلىرى چاراقلاپ تۇرغان چىراغ نۇرىدا تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەننىدى. بۇ ھەقىقەتەن ئۇنتۇلغۇسىز بىر كېچە ئىدى.

فىرانسىيە ئىمپېراتورى ۋارشاۋادا ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ بۇ كونا ئوردىسىدا ئۇزاق مۇددەت مۇنقەرز بولۇپ، ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەت تارتىپ كېلىۋاتقان بۇ مىللەتنىڭ ئىستېبداتىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇراتتى. ناپولېئون پولەكلەرنىڭ ئۇسسۇلى ۋە ساھىبجامالىرىدىن بەھرە ئېلىشنى بىلەرمۇ؟ ساھىبجامالارنىڭ سىلاۋيانچە جەلپكار كۆز تاشلاشلىرىدىن مەستانە بولۇپ كېتەرمۇ؟ كىشىلەرنىڭ خۇشامەت بىلەن سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىدىن، گېزىتلەردىكى خۇددى مەبۇدتەك بىلىپ ئېيتىلغان مەدھىيەلەردىن ئۇنىڭ كۆڭلى ئېرىپ كېتەرمۇ؟ ئۇمىدۋار زاتلارنىڭ قارىشىچە، پولشانىڭ تەقدىرى مۇشۇ ئادەمگە باغلىق ئىدى. شۇ تاپتا زالنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۇرغان بۇ ئادەم كىشىلەرنىڭ پاراڭلىرىغا «ھە» لا دەپ قويۇۋاتقان بولسىمۇ، كۆزى ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ساھىبجامالاردا ئىدى. چۈنكى، مۇشۇ يەتتە يىلدىن بۇيان كۆنلىرىنى پارىژدا ئويۇن - تاماشىسىز ئۆتكۈزگەننىدى.

ناپولېئوننىڭ نەزىرى توساتتىنلا بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتى، ھەتتا قىلىشىۋاتقان سۆھبىتىنى داۋاملاشتۇرۇشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. نەچچە يۈز جۈپ كۆز بۇ ئۇۋچىننىڭ كۆزى تىكىلگەن

تەرەپكە ئاغدى، كىمدۇ؟ ناپولېئون بىرپەستىن كېيىن بىر توپ مېھمانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇلار بىلەن بىرمۇبىر سالاملاشتى. ئاندىن كۇلۇمسىرىگىنىچە ئادەتتە ئاشكارا جامائەت سورۇنلىرىدا كەمدىن ـ كەم نامايان قىلىدىغان ھۆرمەت پوزىتسىيەسىدە بۇ بىر توپ مېھمانلار ئىچىدىن كۆزى چۈشكەن ھېلىقى قىزنى تانسىغا تارتتى. گىراف مارىي ۋالېۋىسكا خانىم ــ ئالتۇن چاچلىق بۇ ساھىبجامال ئۆزى چاققان، كۆزلىرى كۆپكۆك، تۇغما مۇلايىم ئالتۇن چاچلىق قىز بولۇپ، ئۇن سەككىز ياشتا ئىدى. بۇ ساھىبجامال باشقىلاردىن ئاددىي كىيىنگەن، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىمۇ ياسالمىلىقتىن خالىي، سىپايە ۋە تەمكىن ئىدى. ئىمپېراتور ئۇ خانىم بىلەن تانسا ئوينىغاچ، ئۇنىڭ لاتاپىتىدىن ۋە يېقىملىق ئاۋازىدىن تولىمۇ زوقلاندى، بولۇپمۇ يېڭى تىلى چىققان بالىدەك كېكەچلەپ فىرانسۇزچە سۆزلەشلىرىگە تېخىمۇ مەھلىيا بولۇپ كەتتى. ساھىبجامال كۇلۇپ تۇرسىمۇ، كۆڭلى دەككە ـ دۈككىدە ئىدى. بۇ خانىمنىڭ ئىسمىنىڭ ۋالېۋىسكا ئىكەنلىكى بىردەمنىڭ ئىچىدە قۇلاقتىن ـ قۇلاققا يېتىپ پۈتۈن ئوردىغا مەلۇم بولدى.

ــ بۇ خانىم كىم بولىدۇ؟ ــ سورىدى ناپولېئون دوستى دۇروكتىن.

بۇ خانىم پولشادىكى داڭدار بىر سۈنغان ئاقسۆڭەكنىڭ قىزى بولۇپ، غۇربەتچىلىكتە قالغاچقا، باي بىر قېرى گىرافقا ياتلىق بولۇشقا مەجبۇر بولغانىدى. گىرافنىڭ ئەڭ كىچىك نەۋرىسىمۇ بۇ خانىمدىن ئون ياش چوڭ ئىدى.

ناپولېئون ئەتىسى بۇ گىراف خانىمغا خەت يازدى:

كۆڭلۈمدە پەقەت سىزلا بار، مەن پەقەت سىزگىلا چوقۇنىمەن، يالغۇز ئىككىمىزلا بىللە بولىدىغان چاغلارغا تەشنامەن. تېزدىن

خېتىمنىڭ ئۇچۇرىنى بېرىپ، يۈرىكىمگە تۇتاشقان ئوتنى ئۆچۈرگەيسىز.

ناپولېئون

خەتنى ئېلىپ بارغان دۇروك جاۋاب خەتمۇ، بىرەر خەۋەرمۇ ئالالماي قۇرۇق قول قايتىپ كەلدى. ئىمپېراتور بۇنىڭ بىلەن تولىمۇ ئوڭايسىزلاندى، بۇ بىر يېڭىلىق ئىدى. ناپولېئون بۇنىڭدىن ئون ئىككى يىل ئىلگىرى دىۋىزىيە گېنېرالى ئۇنۋانى بىلەن بىرىگادا كوماندىرى بولغىنىدىمۇ بىر قېتىم بۇرنىغا يېگەن، ئەمما ئىمپېراتور بولغىنىدىن كېيىن ھېچقاچان بۇنداق ئىشقا دۇچار بولمىغانىدى. مەلىكىلەر ياكى ئارتىسلار بولسۇن، ئىمپېراتورنىڭ نەزىرى چۈشكەن ھامان قول باغلاپ تۇرمايدىغىنى بولغانمىدى؟ بۇ گىراف خانىم بىر ئەرنىڭ شۇ قەدەر ئوچۇق - ئاشكارا ئارزۇسىدىن گويا يۈزى ئېچىلمىغان قىزدەك ئۆزىنى ئېلىپ قاچقانسېرى، ناپولېئوننى ئۆزىگە شۇنچە رام قىلىۋالدى.

زېرىككىزغا تېگىپ قويدۇممۇ؟ ئۇنداق قىلمىغاندىمەن. مەن بىلەن تۇنجى ئۇچراشقان ۋاقتىڭىزدا شۇنداق قىزغىن ئىدىڭىز، ئەمدى كۆڭلىڭىز سوۋۇپ قالدىمۇ؟ يۈرىكىمگە تۇتاشقان ئوتىڭىز بارغانسېرى ئۆلغايماقتا. ئارامىمنى بۇزدىڭىز، خەستە كۆڭلۈمگە ئازراق بولسىمۇ شادلىق ۋە بەخت تۇيغۇسى بەخش ئەتكەيسىز. خېتىمنىڭ ئۇچۇرىنى بەرمىگىنىز شۇنچە تەسكە توختامدۇ؟ ماڭا ئىككى پارچە خەت قەرز بولدىڭىز.

بۇ ئىمپېراتورنىڭ ئىككىنچى پارچە خېتى بولۇپ، ئىسمىنى يازمىغانىدى. ئىشق ئەھلى بولمىغان بىرسى مۇھەببەت مەكتۇپلىرى دۆۋىسىدىن بۇ خەتنى ئۇچراتقىنىدا، ناپولېئوننىڭ قولى بىلەن يېزىلغان خەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنەرمۇ؟ بىراق،

ئايال ئىجتىمائىي ئادەت كوچى تۈپەيلىدىن ناپولېئوننىڭ ئىنتىلىشلىرىگە پەرۋا قىلسا بولمايتتى، شۇڭا ناپولېئوننىڭ ئىككىنچى خېتىمۇ ئۇچۇرسىز قالدى. ناپولېئوننىڭ ئەلچىسى ئىككىنچى قېتىم ئەلچىلىككە بېرىپ، غوجىسىنىڭ تاپشۇرۇقىنى يەنە ئورۇندىيالماي قايتىپ كەلدى، ئەلچىنىڭ نەقەدەر تەڭلىكتە قالغانلىقى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم.

— مېنىڭ تىلىكىم ۋە ئورنۇم بۇ ئەركە قىزغا تەسىر كۆرسىتەلمىگەن بولسا، قورۇق ۋەدە ئارقىلىق مەقسەتكە يېتىشىمگە توغرا كېلىدۇ، — دېدى ناپولېئون ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋېلىپ. شۇنىڭ بىلەن يەنە خەت يازدى:

ھاياتىمىزدا مەرتىۋىمىزنىڭ يۇقىرىلىقى ئۆزىمىزگە ئېغىر يۈك بولۇپ قالىدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ، ھازىر زىممەمگە ئەنە شۇنداق يۈك ئارتىلىپ قالدى... باشقا بىرى ئەمەس، پەقەت سىزلا ئارىمىزدىكى توسۇقنى ھىمرىپ تاشلىيالايتتىڭىز، گەپ ئۆزىڭىزنىڭ خالاش ـ خالىماسلىقىڭىزدا قالدى. دوستۇم دۇروك ئىشىڭىزنى ئاسان قىلىشقا تەييار. ئاھ، كېلىڭا، جىمى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىڭىزغا يېتىسىز! ئەگەر خەستە كۆڭلۈمگە ئىچىڭىز ئاغرىسا، ۋەتىنىڭىزنى تېخىمۇ قەدىرلىگەن بولاتتىم.

ناپولېئون

بۇ ھۆكۈمراننىڭ ئىچ پۇشۇقى بۇ خەتنىڭ ھەربىر قۇرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى. ناپولېئون شۇ تاپتا ھەشەمەتلىك ئوردىسىدا قوللىرىنى ئارقىسىغا تۇتقىنىچە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭماقتا ئىدى. بىرقانچە ھەپتىدىن بۇيان قەلبىنى بىر خىل تەشنالىق چۇلغىۋالغانىدى. بىرقانچە ئايدىن بۇيان ھېچقانداق ئايال زاتى بىلەن ئۇچرىشىپ باقمىغان، ئەمدى بولسا مۇھەببەت تورىغا چۈشۈپ قالغانىدى. كۆڭلى پاراكەندە بولغاچقا، كاتىپىنى

قوبۇل قىلمايتتى، گېنېراللىرى بىلەنمۇ كۆرۈشمەيتتى، چەت ئەل ئۆمەكلىرىنىمۇ قوبۇل قىلمايتتى، ئات مىنىپ سىرتلارغىمۇ چىقمايتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۆزى بەرپا قىلغان پۈتۈن ئاپپارات جىمىپلا كەتتى: ئوردا، قوشۇن، پارىژ، ياۋروپا دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى سۈكۈنات ئىچىدە كۈتۈپ تۇرماقتا ئىدى. پولاتتەك ئىرادىلىك بۇ ئادەم ئەزەلدىن شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيىتىگە بويسۇنغان ئەمەس. قىرىق نەچچە ياشلىق خانىممۇ ئوتتۇز ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئەمدى ئالالمايتتى. بىر قىزغا شۇ قەدەر مەھلىيا بولۇپ قالغان، ئەمما كۆرۈشۈش تەلىپى كۆپ قېتىم رەت قىلىنغان بۇ ئەرنىڭ ئەمدى باشقا بايلىقلىرى ئارىسىدىن يەمچۈك تېپىشىغا، ۋەتىنىگە ئەركىنلىك بېرىش ۋەدىسى ئارقىلىق قارماققا ئىلىندۇرۇشىغا توغرا كەلدى. چۈنكى، ئون يىلغا يېقىن جىم تۇرۇپ ئەمدى بىردىنلا داۋالغۇپ كەتكەن كۆڭلى بۇ ئايالغا تەئەللۇق بولۇپ كەتكەنىدى.

بىر ئەرنىڭ ئوتلۇق ئىنتىلىشىدىن چۆچۈپ كەتكەن بۇ ئايال چۈشتىن كېيىن دوستلىرى ۋە تۇغقانلىرى بىلەن بىللە ئولتۇراتتى، ھەمشىرىلىرى ۋەتەن ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا دەۋەت قىلىشتى. ئايال ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ ھېسسىياتنىڭ تۇرتكىسىدە ئاخىر بۇ ئەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ قېشىدا كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغىنىچە ئۈچ سائەتنى ئۆتكۈزدى. ئۇ ئەر مۇلايىملىقى بىلەن ئايالنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتتى، ئايال قورقۇنچلۇق تاش يۈرەك ئەرنىڭ ئەسلىدە مۇلايىم، دىلكەش بىر ئاشىق ئىكەنلىكىدىن ھەيران قالدى.

«مارى، تاتلىقىم مارى، ئويغىنىپلا ئېسىمگە كەلگەن كىشى سىز بولدىڭىز! — دەپ يېزىلغانىدى ئايال ئەتىسى ئەتىگەندە ئوقۇۋاتقان ناپولېئوننىڭ خېتىدە، — چۈشلۈك تاماقتا سىز بىلەن كۆرۈشمەكچىمەن، لەۋزىمدە تۇرىمەن. ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇ

گۈلنى ئالغاچ كېلىڭ، رىشتىمىزنىڭ نىشانى بولسۇن. قەلبىمنىڭ تامامەن سىزگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قولۇمنى كۆكسۈمگە قويىمەن، سىز قولىڭىزدىكى گۈلنى جاۋابەن باغرىڭىزغا باسىسىز. شۇنداق بولسۇن، گۈزىلىم مارى، گۈلۈم قولىڭىزدىلا تۇرسۇن.»

بۇ خانىم ئۈچ كۈندىن كېيىن ناپولېئوننىڭ ئەمرىگە ئۆتتى، شۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى ئاخشىمى ناپولېئون بىلەن ئۇچرىشىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن باشقا بارلىق كاتتا زىياپەتلەرگىمۇ قاتنىشىپ تۇردى، خانىم قاتناشمىسا ناپولېئونمۇ قاتناشمايتتى. مارى ناپولېئوننىڭ ئالدىدا زادى نېمىگە ھېساب؟ مارى دۇنيادا ناپولېئوندىن ھېچنېمىنى تەلەپ قىلمايدىغان ئىككىنچى بىر كىشى (ئايىسى بىرىنچى كىشى) ئىدى. ناپولېئون بۇنداق ئايالنى زادىلا ئۇچراتمىغانىدى. ناپولېئوندىن ئۇنچە ــ مەرۋايىت، ئوردا، تاج ۋە پۇل دېگەندەك مال ــ دۇنيا تەلەپ قىلىپ باقمىدى، ئەكسىچە بارلىقىنى بېغىشلىدى. مارى ــ گىراف خانىم ۋالېۋسكا ناپولېئوننىڭ كۈۋەجەپ تۇرغان قەلبى تەشنا بولۇپ كەلگەن بىردىنبىر رايىش ھەم سۆيۈملۈك ھەمراھى بولدى، شۇڭا ناپولېئوننىڭ بۇ ھەمراھىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى. «ئۇ دېگەن بىر پەرىشتە، لىللا گەپ قىلسام، قەلبى چېھرىدەكلا گۈزەل.»

«يوسېفىن كەلمەكچىمىكەن؟ ئەمدىمۇ؟» ناپولېئون كۈلۈۋەتتى. مىسىرغا يۈرۈش قىلغىنىدىن بۇيان ھەربىي يۈرۈش داۋامىدا ھېچقاچان ئايال زاتى بىلەن ئايرىلىشىپ باقمىغانىدى، سەركەردىلىرى دائىم ئىشقۋازلىق قىلىپ يۈرۈشەتتى. بۇ قېتىمقى ئىشقىي خەۋەر پارىژغا كۆپتۈرۈلۈپ يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن يوسېفىننىڭ قۇلىقىغىمۇ يەتكەن بولۇشى مۇمكىن. يوسېفىن ناپولېئوننى ئۆزىنى يېنىغا چاقىرتىدۇ دەپ تەمە قىلىپ

ئۇلتۇرغانىدى، ئەمدىلىكتە چاقىرماقتا يوق، ھاۋا ناچار، يوللار يامان، جەمئىيەت قالايمىقان، دېگەندەك باھانىلەر بىلەن ئۆزىنىڭ كۆپ يىللىق خانىمىنى ئالدىغىلى تۇردى، شۇنداق دېگەندە يوسېفىنىنىڭ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

قىشنىڭ ئۇزاق تۈنلىرىنى سىز بىلەن ئۆتكۈزۈشكە نەقەدەر تەشنا ئىدىم ـ ھە! مۇشۇنداق يىغلاۋېرىدىغان بولسىڭىز، ئىرادىسىز ئىكەن دەپ قالىمەن. ئاجىزلارنى ياقتۇرمايمەن، خانىش دېگەن غەيرەتلىك بولۇشى كېرەك!

ناپولېئون ئەمدى يوسېفىنىنى ئالدايدىغان بولۇۋالغانىدى.

ماڭا ئەۋەتكەن خېتىڭىزدىن ئەرنىڭ پېشىنى مەھكەم تۇتۇپ ئۆتۈش ئۇچۇنلا تەگكەنمەن دەپسىز، بۇ گېپىڭىزدىن ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتىم. پىشمىغان قاراشلىرىم بويىچە ئېيتقاندا، ئايال زاتى ئەر ئۇچۇن تۆرەلگەن، ئەر كىشى بولسا ۋەتەن، ئائىلە ۋە نام ـ شۆھرەت ئۇچۇن تۆرەلگەن. نادانلىقىمنى كەچۈرۈڭ، گۈزەل ئاياللاردىن بەزى نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ... يەنە كېلىپ خەت ـ ئالاقە قىلىشىپ تۇرغۇدەك بىرەر ئايالنى تاپالمىدىم. راستىلا شۇنداق بىر ئايال بولۇپ قالسا، ئالدىڭىزدا كاپالەت بېرىمەنكى، چوقۇم يېڭىلا ئېچىلغان ئەتىرگۈلدەك گۈزەل بولمايدۇ. خېتىڭىزدە ئېيتقىنىڭىز ئاشۇنداق ئايالمىدۇ؟

ناپولېئوننىڭ مۇشۇنداق بىر تايىنى يوق ئىشلارغىمۇ شۇنچە خۇشال بولۇپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان. دەرۋەقە، بەزىدە خۇددى دۇنيادا ھېچقانداق ئىنقىلاب بولمايۋاتقاندەك شۇ قەدەر خۇشلۇقى تۇتۇپ كېتەتتى. ناپولېئون بىرقانچە ھەپتىدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم سەپەرگە ئاتلانغىنىدا پولەك يارى بىلەن كۆزى قىيمىغان ھالدا خەيرلىشىشكە مەجبۇر بولدى.

ئەنە، كەڭ رۇسىيە دالاسى ناپولېئوننىڭ ئالدىدا تۇنجى قېتىم نامايان بولدى، بۇ زېمىن گويا قۇملۇقتەك بىپايان ئىدى. پايانسىز يايلاق قار ۋە پاتقاق بىلەن قاپلانغان بۇ زېمىندا نە يول، نە يېمەكلىك يوق ئىدى. چار پادىشاھ قوشۇنلىرى بىرقانچە قېتىملىق كالتە ئۇرۇشتىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا چېكىنىپ ماڭدى. ناپولېئون ئۇلارنى قوغلىسا بولارمۇ ياكى بىرەر يەرگە تۇمشۇقىدىن يېتىلەپ ئاپارسا بولارمۇ؟ قوشۇننى ئاشلىق ۋە ئوت ـ سامان بىلەن كىم تەمىنلەر؟ بۇ يەردە ھېچنېمە يوق، بۇ يەر باياشات گېرمانىيەگە ئوخشىمايدۇ، ھەتتا ئىسكىلاتمۇ يوق. ئەگەر نەچچە يۈز زىرەك پولشالىق يەھۇدىي ھايانكەش سودىگەر پۇل تاپىدىغان بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ سودىلاشمىغان بولسا، پۈتكۈل قوشۇن شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدىلا، يەنى 1807 ـ يىلىلا ھالاك بولغان بولاتتى. مەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن ئارقىدا قالغان ئىمپېراتور پەيتوننى تاشلاپ، ئاتقا مىنىپ پورتىسكاغا ئاتلاندى، بۇ چاغدا سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنىڭ ئاغرىنىش سادالىرى قۇلىقىغا كىرىپ قالدى. ناپولېئون بۇنىڭدىن سەككىز يىل ئىلگىرى ئاكىدا تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان بۇنداق سادانى ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. سەركەردىلەر قوشۇندا لەشكەرلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ۋەقەلىرى كۆرۈلۈۋاتقانلىقىنى، ئاچ قالغان مىڭلاپ لەشكەرنىڭ قېچىپ كېتىپ تەرەپ ـ تەرەپتە بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى دوكلات قىلدى. ئىمپېراتور بۇ دوكلاتتىن قاتتىق چۆچۈگەن بولسىمۇ، ھېچ ئىش قىلالمايتتى.

ـــ فىرانسۇز لەشكەرلىرىنى ئوبدان بىلىمەن، ـــ دېدى ناپولېئون، ـــ يىراقلارغا ھەربىي يۈرۈش قىلمىقى تەس. گۈزەل فىرانسىيەدە ياشاپ كۆنۈپ قالغان بۇلار.

ناپولېئون شۇنداق قىلىپ رۇسىيە قوشۇنلىرىنى ئۆزى بىلەن

تۇتۇشۇشقا مەجبۇرلىدى، ئەمما تۇنجى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلالمىدى، بۇنىڭ ئەجەبلەنگۇچىلىكى يوق ئىدى. گەرچە پىرۇسسىيەدىكى ئايلو ئۇرۇشىدا ئېغىر زەربىگە ئۇچرىمىغان بولسىمۇ، ھەر ئىككى تەرەپ ئېغىر زىيان تارتقانلىقتىن چېكىنگەن، كىمنىڭ يېڭىلىپ، كىمنىڭ يەڭگەنلىكىمۇ نامەلۇم ئىدى. رۇسىيە بىلەن بولغان بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ ئوڭۇشسىز بولغانلىقى رۇسىيەگە ھۇجۇم قىلماسلىق توغرىسىدا بېرىلگەن تۇنجى سىگنال ئىدى. ئۇرۇشتىن كېيىنكى دوكلاتتىن مەلۇم بولدىكى، لەشكەرلەر بەرەڭگى تالىشىش بىلەن بولۇپ كەتكەن، ئاتلار چەللىدىكى ئوت ـ چۆپكە ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتكەن، مەھەللە يارىدارلار بىلەن تولۇپ كەتكەن، قانچىلىك لەشكىرى قالغانلىقىنى بىلىدىغان بىرمۇ كوماندىر قالمىغان.

— بۇ يەردە يەنە ئىككى كۈن تۇرىمىز، ئاندىن ئارقىمىزغا بىرقانچە چاقىرىم چېكىنىمىز. ۋىكچول دەرياسىدىكى بارلىق كۆۋرۈكلەرگە قاراشقا لەشكەر ئەۋەتەيلى، مېيىپلەردىن باشقا ھەرقانداق كىشىنىڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. سەپتىن چۇشۇپ قالغانلارنى سۇرۇشتۇرمەيلى ھەم جازالىمايلى، — دېدى ئىمپېراتور.

نىھايەت، جىمى ئالامەتلەر ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلاتتى. پات ـ پات قوزغىلىپ تۇرىدىغان ئاشقازان كېسىلى يەنە قوزغىلىپ، ئاغرىقى تۇرۇپ ـ تۇرۇپ تۇتۇشقا باشلىدى.

— تېنىمدە جېنىمنى بالدۇرلا ئالىدىغان كېسەل بار، دادام بىلەن بىر كېسەلدە ئۆلىمەن، — دېدى ناپولېئون.

بۇ بىر خىل ئىرسىي كېسەل بولۇپ، بوۋىسى، دادىسى، تاغىسى ۋە كېيىنكى چاغلاردا ئىنىسى لۇسىئان ۋە سىڭلىسى كارولىنالارمۇ مۇشۇ كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى.

«قار ـ مۇز ۋە پاتقاق ئىچىدە ياشاۋاتىمىز، بۇ يەردە ھاراقمۇ،

بولكىمۇ، بىراندىمۇ يوق» دەپ يازدى ناپولېئون ئاكىسىغا ئەۋەتكەن خېتىدە. ناپولېئون بۇ يەردىمۇ ئىتالىيەدىكىگە ئوخشاش لەشكەرلەر بىلەن بىللە بىر ئامباردا يېتىپ قوپقانىدى، لەشكەرلەر نېمىلا تېپىپ كەلسە، شۇنى تەڭ يەپ، لەشكەرلەر بىلەن ھالاۋەتنىمۇ تەڭ كۆرگەن، جاپانىمۇ تەڭ تارتقانىدى. ئەمدى بۇ ئاشلىق ئامبىرىدىن پارىژغا رۇسلار مەغلۇپ بولدى، دەپ نۇسرەت خەۋىرى يەتكۈزدى، فىرانسىيە قوشۇنىدىن چىقىم بولغانلارنىڭ سانىنى يوشۇرۇپ ئۇچتىن بىرىنى مەلۇم قىلدى ھەمدە ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولۇپ بەرسە، فىرانسىيە قوشۇنى رۇسىيەدە بىر يىل تۇرىدۇ، دېدى.

ناپولېئون بۇ يەردە تاقەت قىلىپ تۇرىۋېرىشكە نېرۋىلىرىنىڭ چىدىمايدىغانلىقىنى ئىككىنچى قېتىم ھېس قىلىپ يەتتى. بۇ قوماندان بۇ يەردە مىسىردىكى چېغىدىكىگە ئوخشاش قاراشقا كەلگەن بولۇپ، بىر يەردە تۇرىۋېرىش مۇۋاپىق ئەمەس، دەپ ئويلىدى. ئون بەش يىللىق ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئىستېلاسى داۋامىدا پەقەت بىر قېتىملا پارىژدىن يىراق جايدا ئىككى، ئۈچ ئاي تۇرۇپ قالغانىدى. بۇ قېتىم ئۇزاق سوزۇلۇپ كەتكەن سۆھبەت داۋامىدا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلىنىش ۋە تەدبىر قوللىنىش كويىدا زېھنىنى خورىتىپ يۈرۈپ ئىچى تولىمۇ سىقىلدى، شۇڭا پەرىشان كۆڭلىگە سەھرا ناخشىلىرىدەك رومانتىك مۇھەببەتتىنلا تەسەللى تاپماقتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى.

ناپولېئون پىرۇسسىيەنىڭ فىنكېنستەيىن دەپ ئاتىلىدىغان مۇستەھكەم بىر قورغىنىدا يولنىڭ ئېرىشىنى، دۈشمەننىڭ يۈرۈشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا ئىدى. بۇ يەر ئۆزىنىڭ پائالىيەت سورۇنى ئىدى، بۇ يەردىكى تام مەشلا كۆڭلىنى تىنچىتاتتى. «كېچىلىرى ئۇيقۇم قاچقان چاغلاردا لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوتقا

قاراپ ئولتۇرسام كۆڭلۈم ئارام تېپىپ قالاتتى» دېگەنىدى ناپولېئون. بۇ يەردىكى ئۆي ۋە هويلا كەڭتاشا بولۇپ، چەت ئەل ئەلچىلىرىنى ۋە خەۋەرچىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا بەخۇدۇك يېتەتتى. ناپولېئون بۇ يەردە ساق ئون ھەپتە دۇنيانىڭ ئۆزگە تەۋە قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى يوغان ھۇجرىغا قويۇلغان چوڭ كارىۋاتنىڭ يېنىغا ئۆزىنىڭ تۆمۈر ھەربىي سەپەر كارىۋىتىنى جايلاشتۇرغانىدى. ياندىكى ھۇجرىدا ھېلىقى پولشالىق گىراف خانىمنىڭ تۇرۇۋاتقانلىقىنى تۇرك چاكىرى رۇستەمدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. گىراف خانىم تالا ـ تۇزگە پەقەتلا دېگۈدەك چىقمايتتى ياكى قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن چىقاتتى، قالغان ۋاقتىنى ئۆيدە تىنچقىنا ئولتۇرۇپ كەشتە تىكىش، كىتاب ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزەتتى، پەقەت ئىشىك ئېچىلىپ، ناپولېئون كىرىپ ئۆزىگە بىرپەس ھەمراھ بولغىنىدىلا بۇنداق ھالەت ئۆزگىرەتتى. ناپولېئون ھەر كۈنى يالغۇز گىراف خانىم بىلەن ئىككى ۋاق تاماق يەيتتى. بۇ ئىككى ئېغىز ئۆي بۇ باش قوماندانىنىڭ ئاساسىي بارگاھى ئىدى، ئوردىسىدىن يىراق جايدا يۇرۇۋاتقان بۇ ئىمپېراتور چۈشىدىمۇ ئارزۇ قىلىدىغان تۇرمۇشىنى ئىزدەيتتى... بۇ يەردە پارىژدىكىدەك سۇلالە ئۆزگەرتىش ۋەسۋەسىسىمۇ، ھەسەتخورلۇق ۋە كۈنداشلىق خاپىچىلىقىمۇ يوق، كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەتلىرى بىلەن ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ كۆڭۈللىرىنى ناخۇش قىلىدىغان ئالامەتلەرمۇ يوق ئىدى، بارى پەقەت پانىي ئالەمنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن خالىي، تىنچقىنا ياشاشتەك بىر خىل ئارزۇ ـــ ناپولېئوننى سۆيۈشكە تىرىشىۋاتقان ئون سەككىز ياشلىق ناتىۋان بىر قىزغا خاس تەركىدۇنيا بولۇپ ياشاش ئارزۇسى ئىدى.

تۇيۇقسىز پارىژدىن بىر شۇم خەۋەر كەلدى: تەخت ۋارىسى، ناپولېئوننىڭ جىيەنى شاھزادە لۇئىسنىڭ ئوغلى ۋاپات

بولغانىكەن. ناپولېئوننىڭ بۇ جىيەننىڭ ئۆلۈمىگە نەقەدەر قايغۇرغانلىقىنى يوسېفىنىغا يازغان خەتلىرىدىن بىلىۋېلىش مۇمكىن. بىراق، ئۆزىنىڭ بۇ يەردىكى ئوي - خىيالىنى خانىمىدىن يوشۇرماي بولمايتتى. قاھىرەدىكى ھېلىقى قوڭۇر چاچ ساھىبجامال چوكانمۇ ناپولېئونغا بالا تۇغۇپ بەرمىگەنمىدى؟ ئەگەر ھازىر ئۆزى كۆيۈۋاتقان بۇ يەردىكى گۈزەل ئاقسۆڭەك خانىم ئوغۇل تۇغۇپ بەرسىچۇ؟ بۇ خانىمنى خانىش قىلسا بولارمۇ؟ نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ ناپولېئون خانىمغا قاراپ قويدى، ئەمما كۆڭلىگە كەچكەن خىيالنى ئېيتمىدى.

پارىژدىكىلەر نېمە دېيىشىۋاتقاندۇ؟

پولشا تۇزلەڭلىكى ئارقىلىق بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن كوچا خەۋەرلىرى ناپولېئوننىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى: زايومنىڭ كۇرسى چۈشكەنمىش، پارىژ كوچىلىرىدا مەسخىرىلىك سۆز - چۆچەكلەر تارىلىپ يۈرگەنمىش، پارىژدىكىلەر: «باتۇر يىگىتلىرىمىز نەگە كەتكەندۇ؟» دەپ سورۇشتە قىلارمىش. پەخەس بولۇش كېرەك! سىم - سىم يامغۇر پاتلا بوران - چاپقۇنغا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن، بوران - چاپقۇننى قوغلىۋېتىشكە قادىر ئادەم يىراق چەت ئەلدە. بۇ ئادەم مەغلۇپ پىرۇسسىيەلىكلەرگە ئايرىم سۈلھى تەلەپ قىلدى، ھەتتا چوڭ دۆلەتلەر ئارا دىپلوماتىيە يىغىنى چاقىرىش تەكلىپىنىمۇ بەردى. بىراق، پىرۇسسىيە خانىشى رۇسىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش نىيىتىدىن زادىلا يانمىدى، ئاۋستىرىيە بولسا قۇلىقىنى يوپۇرۇپ يۈرۈۋەردى.

شۇ تاپتا گەرچە ئەتراپىنى دۈشمەن ئوراپ تۇرغان، چىڭ دەسسەپ تۇرغۇدەك يەرمۇ تېپىلمايۋاتقان بولسىمۇ، ناپولېئوننىڭ تەسەۋۋۇرىدا بۈيۈك ئىمپېراتور ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىش پىلانى يەنە بىر قېتىم پەيدا بولدى. ئالاقىچى مەھكەم

پىچەتلەنگەن خەت ـ چەكلەرنى ئېلىپ، فىنكېنستەيىن ئوردىسىدىن يولغا چىقتى، چەت ئەل ئەلچىلىرىمۇ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئالاقە ـ ھۆججەتلىرىنى ئېلىپ تاغ ـ داۋانلار ئېشىپ، دەريا ـ ئېقىنلاردىن ئۆتۈپ رۇسىيە دالاسىغا يېتىپ كەلدى. ئىران ئەلچىسى، شاھىنشاھنىڭ خەۋەرچىسى ئىراننىڭ شىمالىدىكى بۇ چوڭ گازارمىغا كېلىپ، غەرب ئىمپېراتورىغا ئېھتىرام بىلەن تەزىم بەجا كەلتۈردى. شۇنداق قىلىپ، ناپولېئون ئىران بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلدى، بۇ كېلىشىم بويىچە ناپولېئون گىرۇزىيەنى چاررۇسىيەنىڭ قولىدىن ئىرانغا قايتۇرۇپ ئېلىپ بەرمەكچى، ئىران بۇنىڭ ھەقىقىگە ئاۋغانلار بىلەن قەندىھارلىقلارنى قوزغاپ، ھىندىستاندىكى ئىنگلىزلارغا ھۇجۇم قىلغۇزماقچى بولدى. ناپولېئون بىر تۈركۈم كىشىنى قوراللاندۇرۇپ ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلدۇرماقچى، ئەگەر فىرانسىيە ئىمپېراتورىنىڭ بۇ قوشۇنى ھىندىستانغا بارماقچى بولسا، ئىران مۇتلەق يول بەرمەكچى بولغانىدى.

ئىران ئەلچىسى ئوردىدىن ئەمدىلا چىقىپ تۇرۇشىغا نۇرغۇن سوۋغات ۋە خەت ئېلىپ كەلگەن ھەيۋەت بىر تۈرك كىرىپ كەلدى. كۆزئەينەك تاقىغان شەرق تىللىرى مۇتەخەسسىسى بۇ خەتنى ناپولېئونغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. پولەكچە تام مەش ئالدىدا ئولتۇرغان ئىمپېراتور شەرق دىپلوماتلىرىغا خاس كۆپتۈرمە ئۇسۇل قوللانماستىن، ئىخچام ئىبارىلەرنى قوللىنىپ، تۈركىيە سۇلتانىغا بېرىدىغان جاۋابىنى توغرىدىن ـ توغرا ئاغزاكى بايان قىلىپ يازغۇزدى:

سىزگە ئىنتايىن ھېسداشلىق قىلىمەن، تەلىپىڭىزنى ئېنىق ئېيتىڭ، نېمە كېرەك بولسا شۇنى بېرىمەن. ئىران پادىشاھى بىلەن ئالاقىلىشىڭ، ئۇمۇ رۇسىيەنىڭ دۈشمىنى... مەن سىزگە كېرەك

بولغان توپچىلارنى ئەلچىگىزگە تاپشۇرماقچىدىم، ئەمما ئەلچىگىز مۇسۇلمانلارنىڭ نىرۋىسىنى قوزغاپ قويارمىكىن، دېگەن ئەندىشە بىلەن ئالغىلى ئۇنىمىدى. مەن يېتەرلىك ھوقۇققا ئىگىمەن، غەلىبىگىزگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىمەن، پەقەت سىياسىي مەقسىتىملا كۆزلەپ ئەمەس، ئارىمىزدىكى دوستلۇقنىمۇ كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن. شۇڭا، ھەرقانداق تەلىپىڭىزنى رەت قىلمايمەن.

ناپولېئون شۇ كۈنى ئىنىسى لۇئىسنىڭ يېڭىلا ۋەزىپىگە ئولتۇرغان پادىشاھلىقىدىن جىددىي ياردەم تەلەپ قىلىپ ئەۋەتكەن خېتىگە ۋەز ـ نەسىھەت ھېسابىدا لىق بەش بەت جاۋاب خەت يازدى. يوسىفقىمۇ ناپلېستىكى قىلمىشىنى ئەيىبلەپ خەت يازدى. كەنجى ئىنىسى ژېروميى بىر ېسلاۋدا قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىش بىلەن بولماستىن، كونىبويى چىرايلىق ئارتىسلار بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ يۈرگەنىدى. ناپولېئون بۇ ئىنىسىغىمۇ خەت يېزىپ: «نېمە ئۈچۈن بىرەر قېتىم بولسىمۇ مۇكەممەل دوكلات يوللىمايسەن؟ نېمە ئۈچۈن سىۋنىزدا ئالتە يۈز كىشىلىك قوشۇن، بىرىگدا تۆت يۈز كىشىلىك قوشۇن تۇرغۇزىسەن؟ — دەپ سوراق قىلدى ھەمدە تەپسىلىي دوكلات تەلەپ قىلدى، — ماڭا تەپسىلىي دوكلات ئەۋەت، ئەھۋالىڭنى ئوبدانراق بىلەي.» شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، فىرانسىيەدىكى باستىپرلارغا ئۆزىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ تىلاۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىپ يارلىق چۈشۈردى. ھەقىقىي مەقسىتى چېركاۋدىكى ھەربىر كىشىنى كونترول قىلىش ئىدى. چۈنكى، ئۆزىنىڭ پاپا بىلەن بولغان ئىختىلاپىنىڭ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى بارغانسېرى بىئارام قىلىپ قويۇۋاتقانلىقى كۆڭلىگە ئايان ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، فۇشېغا ستېل خانىم ۋە ئۇنىڭ

تەسىرىنى چەكلەش، ئاقسۆڭەكلەر رايوندىكى سالونلار ۋە باشقا ئىشلار توغرىسىدا ئون نەچچە تۈرلۈك پەرمان چۈشۈردى. پارىژدىكى ئىككى چوڭ تىياتىرخانىنىڭ ئەھۋالىنى، راسخوتىنى ۋە ئويىنىلىدىغان نومۇر تىزىملىكىنىمۇ سۈرۈشتۈردى.

— كۈتۈپخانا خادىمىم قېنى؟ — سورىدى ئۇ ئىككىنچى كۈنى، — ئۆلىدىمۇ ياكى سەھراغا ئىچ پۇشۇقىنى چىقارغىلى كەتتىمۇ؟ مەسئۇلىيىتىنى قالتىس قاملاشتۇرۇپ ئادا قىلىدىكەن - دە. بارلىق يېڭى نەشر قىلىنغان كىتاب ۋە يېڭى ئەدەبىي ئەسەرلەر كاتولوگىنى ئەكېلىپ بېرىشكە بۇيرۇۋىدىم، ھازىرغىچە ئۈچۈرىنى بەرمىدى.

ناپولېئون يەنە ياشلارنى قاتماللىق بىلەن قەدىمكى زامانغا دائىر ھېكايەتلەرنىلا تەتقىق قىلىپ ئولتۇرىۋەرمەي، ھازىرقى زامان تارىخىنىمۇ تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ يېڭى تارىخ دەرسلىكى پىلانىنى يېزىپ چىقتى. يەنە ئىچكى ئىشلار ۋەزىرىگە ئەۋەتكەن مەكتۇپىدىمۇ: «ئەدەبىيات رىغبەتلەندۈرۈشىمىزگە موھتاج. پاساھەتلىك ئەدەبىيات تەرەققىياتىنى قانداق قىلىپ ئىلگىرى سۈرۈش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى تەكلىپىڭىزنى ماڭا ئېيتىڭ» دەپ يازدى. يېڭى ئاكسىيە بازىرى ۋە مادلېينى كوچىسىدىكى ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ سېلىنىش ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈردى.

— دۆلەت كۈتۈپخانىسىدا تاراشلانمىغان نۇرغۇن «گۆھەر تاش» بار، بۇ گۆھەرلەرنى پارىژدىكى ئەڭ ياخشى «نەققاش»لارغا ئەۋەتىپ بېرىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئۇلارغا خىزمەت تېپىپ بەرگىلى بولۇپلا قالماستىن، سانائەت تەرەققىياتىنىمۇ قوللىغان بولىمىز.

ئالتە مىليون فرانكنى قانداق قىلغاندا سانائەت تەرەققىياتىنى رىغبەتلەندۈرۈشكە سەرپ قىلغىلى بولىدۇ؟ ئىككى

مىلىيون فىرانكنى ئوردا سېلىشقا سەرپ قىلىش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا پارىژدىكى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ماقالە ئېلان قىلىپ، بۇخارىست ۋە تىفورستلاردىن كەلگەن ئاخباراتلارغا ئاساسەن رۇسىيەنىڭ ئوسال ئەھۋالدا قالغانلىقىنى جاكارلاش كېرەك.

ناپولېئون جىمغىنا ئولتۇرغان ئاشىنىسىغا قاراپ كۈلۈپ قويدى، ئاندىن كېچىنى بىللە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن جەڭگاھقا ئاتلاندى. قىش ئۆتۈپ، بەشىنچى ئايمۇ كېلىپ قالغاندى، بۇنىڭ بىلەن فىنكېستەيىندىكى تام مەشىنىڭ ئوتى ئۆچتى، رومانتىك سەھرا تۇرمۇشىمۇ ئاخىرلاشتى. ھەر ئىككىيلەنگە ئايانكى، ناپولېئون بۇ خانىم بىلەن يەنە ئۇچراشماي قالمايتتى. ئەگەر بۇ خانىمنى ئۇنتۇپ كەتكۇدەك بولسا، ئۇ ھەدىيە قىلغان ئۈزۈككە ئويۇلغان: «مەندىن كۆڭلىڭىز قالسىمۇ مېنى ئۇنتۇپ قالمىغايسىز، مەن بەربىر سىزنى سۆيۈپ قېلىۋېرىمەن» دېگەن سۆزلەر ئەسلىتىپ تۇراتتى.

## ئون بەشىنچى، تىلسىت تىنچلىق سۆھبىتى

نېمان دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدىغان تىلسىت يېرىم ئارىلىدىكى بىر جايدا چوڭ بىر سال توختىتىلغان، شاخ ـ شۇمبىلار ۋە تاختاي ئۈستىگە گىلەم سېلىنغانىدى، سالنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشتۇرۇلغان رەڭدار چېدىر ئىيۇن ئېيىدىكى سەھەر قۇياشىنىڭ نۇرىدا جۇلالىنىپ تۇراتتى، چېدىر ئۈستىدە فىرانسىيە بىلەن رۇسىيەنىڭ دۆلەت بايرىقى جەۋلان قىلىپ تۇراتتى. دەريانىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىدە ئىككى دۆلەت ئىمپېراتورىنىڭ گىۋاردىيەلىرى ئورۇنلاشقانىدى. ئىككى كىچىك كېمە ئىككى قىرغاقتىن دەريانىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت

چىدىرىغا يېتىپ كەلدى. بۇنىڭدىن ئون كۈن ئىلگىرى بىر ـ بىرىنى قىرغىن قىلىشقان لەشكەرلەر ئەمدى بىر ـ بىرىنى تەبرىكلەشمەكتە ئىدى، ئالدىدا تۇرغان لەشكەرلەر تەبرىك سۆزلىرىنى ئارقا تەرىپىدىكى مىڭلىغان لەشكەرلەرگە يەتكۈزۈشەتتى.

ناپولېئون فرىيېدلاند ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن ئىزچىل ئادىتى بويىچە مەغلۇپلارغا دوستانە قولىنى سۇنۇپ كەلگەنىدى، تۇنجى قېتىملىق سۆھبەتتە سۇلتاننىڭ جاۋابىدىن قانائەت تاپمىغاچقا، چار پادىشاھ ھامان بىر كۈنى كونستانتىنوپولدىكى ساينىت سوفىيە چېركاۋىغا يېڭىباشتىن كىرېست قادايدۇ دەپ پۇرسىتىپ قويغانىدى. بۇ پىششىق ئويلانغاندىن كېيىن ئېيتىلغان سۆز ئىدى. چۈنكى، بۇ گەپ ئەتىلا قولىغا يېتىدىغان چار پادىشاھ ئالېكساندىر رومانتىك ھەم رېئالىست ئىدى. مانا، كۈتكىنىدەكلا ئىش بولۇپ، دوستانە قوللار بىر ـ بىرىنى قىسىشتى. شۇ تاپتا ئاۋستېرلىز ۋە فرىيېدلاند ئۇرۇشلىرىدىكى رەقىبلەر دەرقەمتە بولدى. ناپولېئون قۇرۇقلۇقتىكى بۇ بىردىنبىر رەقىبىنى كۆكۈچ كۆزلىرى بىلەن سىنچىلاپ قاراپ كۆزەتمەكتە ئىدى. كۆز ئالدىدىكى پاكار، زىلۋا، يۈزى قىزىل، كۆزى خۇنۇك، قۇلىقىمۇ ئېغىرراق قىز بالا سۈپەت بۇ يىگىتنى — چار پادىشاھنى بويسۇندۇرالايدىغانلىقىغا بىر قاراشتىلا كۆزى يەتكەنىدى. شۇنداق قىلىپ، ئىككى ھەپتە ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا بۇ رەقىبلەر ئىتتىپاقداش بولۇپلا قالماستىن، دوستلىشىپمۇ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى تۈزۈلدى.

«ئېلبا دەرياسى بىلەن نېمان دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى يەر (بۇ شەرتنامىنىڭ مەخپىي قوشۇمچە تارماق ماددىسى ئىدى) ئىككى ئىمپېرىيەنى ئايرىپ تۇرىدىغان ئېھتىيات ئارىلىقى بولىدۇ،

بۇنىڭ بىلەن ئىككى ئىمپېرىيە ئۇششاق - چۈششەك توقۇنۇشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىدۇ.» بۇ شەرتنامىدە ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە يول قويۇشقانىدى، بۇ ئىككى جۈملە سۆز چار پادىشاھنىڭ پىرۇسسىيەنى قۇربان قىلمىغانلىقىدىن، ئىمپېراتورنىڭ پولشادىن ۋاز كېچمىگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇنىڭدىن ئىلگىرى ھەر ئىككىلىسى بىردىن ئايالغا «ۋەتىنىمىز يۈتۈن بولىدۇ» دەپ لەۋزە قىلغانىدى. بالتىق دېڭىزىنىڭ قىرغىقىغا يېقىن نامسىز شەھەردىكى بىر ئۆيدە ئىككىيلەن خەرىتىنى چۆرىدەپ خۇددى ئويۇن كۆرۈۋاتقاندەك تىنچ ئولتۇرۇپ باشقا دۆلەتلەرنى بۆلۈشمەكتە ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئىمپېراتور كوبۇرگ، ماكلىنبۇرگ ۋە مىلبۇرگنى چار پادىشاھقا ئۆتۈنۈپ بېرىپ، كاتتارو بىلەن ئىئونىيە تاقىم ئاراللىرىغا ئېرىشتى. بىراق، چار پادىشاھ بوسفور بوغۇزىنى تەلەپ قىلغاندا ئىمپېراتور قارشى پىكىردە بولۇپ:

— كونستانتىنوپولچۇ؟ ئۇ پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ! — دېدى.

ئۇلار سۆھبەتتە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك زىددىيەتلەر ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلىش داۋامىدا ئەنە شۇنىڭدەك ئاچچىقلىق سۆزلەردىن خالىي بولالمىدى. ئېنىقكى، ئىككىيلەن دۇنيانى يەڭ ئىچىدە بۆلۈشۈۋېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاپەت ئۇرۇقلىرىنىمۇ قالدۇرۇپ قويۇشقانىدى.

پىرۇسسىيە پادىشاھىمۇ ئۇلارنىڭ بەزى ھەرىكەتلىرىدە بىللە بولدى. بىراق، ئىناۋەت ۋە چېچەنلىك جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن مەھرۇم قالغاچقا، ھەر ئىككى ئىمپېراتورنىڭ نەزىرىدىن ساقىت ئىدى. ناپولېئون كۆڭلىدە ئۇنى «قاپاقباش بىرنېمە، ئۇنىڭدا ئىقتىدارمۇ، پەزىلەتمۇ يوق» دەپ قارايتتى، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك جىمى ئىشنى تەنقىدلەيتتى، ھەتتا

ئۇچىسىدىكى كىيىملىرىدىنمۇ قۇسۇر تاپاتتى. پىرۇسسىيە پادىشاھى پىرۇسسىيەنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ياكى مۇنقەرز بولۇشىدىن ئەڭ ئەندىشە قىلىدىغان بولغاچقا، قولىدىن كېلىدىغانلىكى چارىنىڭ ھەممىسىنى قوللىنىپ باقتى، ھەتتا خانىشىنىمۇ تىلىستىقا چاقىرتىپ كەلدى. ئىمپېراتور بۇ ساھىبجامالغا قىزىقىپ، بىرەر يەردە قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. بىراق، كۆرۈشىدىغان جاينىڭ بىتەرەپ رايون ئىكەنلىكىنى باھانە قىلىپ ئالدىغا چىقمىدى، ئەمما چىرايلىق بىر ئۆي ھازىرلاپ بەردى. ناپولېئون ئاددىي كىيىنىپ كۆرۈشكىلى ئاتلىق بارغاندا، خانىش پەلەمپەيدە تۇرۇپ كۇتۇۋالدى.

ئۇچىسىغا ئاق شايىدىن كىيىم كىيگەن، بوينىغا قەدىمىي مارجان ئاسقان خانىش شۇ قەدەر گۈزەل، ئەمما غەمكىن كۆرۈنەتتى. خانىش لۇئىزا بۇ قاتمال ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۇچۇن ئەتەي ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆزىنى يېنىك تۇتۇپ:

— ئالىيلىرى، كەچۈرۈڭ، بۇ پەلەمپەي سىزگە بەك تار كېلىپ قالدى، — دېدى.

— ۋىسالغا يەتمەك ئۇچۇن بۇنىڭغا چىدىمىسام بولامدۇ؟ — جاۋاب بەردى ناپولېئون ۋە ئاندىن لۇئىزاغا ئۇچىڭىزدىكى كىيىمىڭىز سېتسىلىيەدە تىكىلگەنمۇ، دېگەندەك سۆزلەر بىلەن خۇشامەت قىلغىلى تۇرۇۋىدى، خانىش شۇ ئان جىددىي تەرزگە ئۆتۈپ:

— ئالىيلىرى، بىز بۇ يەرگە قۇرۇق پاراڭ سالغىلى كەلدۇقمۇ؟ — دېدى. ئاندىن ناپولېئوننىڭ «كەڭ قورساق» بولۇشىنى خانىش ۋە ئانا سالاپىتىدە مۇراجىئەت قىلدى.

— بېرلىنغا قايتىشنى خالامسىز؟

— شارائىتقا قارايمەن، بۇ ئىش بىزنى ئازابتىن خالىي

قايتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان ـ قىلمايدىغانلىقىڭىزغا باغلىق.

— جېنىم بىلەن، خانىم، — دېدى ناپولېئون ۋە خانىشنىڭ گەپ قىستۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى پەملەپ دەرھاللا، — خانىم، سىزنىڭچە، پىرۇسسىيە بۇ ئۇرۇشقا قانداق بولۇپ ئارىلىشىپ قالغاندۇ؟ — دەپ سوئال قويدى.

— بۈيۈك ئىمپېراتور فىرېدېرىخنىڭ مۇبارەك نامى تۇپەيلىدىن ئۆزىمىزنى بەك كۈچلۈك چاغلاپتۇق.

— سىلەرگە كۆپ قېتىم تىنچلىق تەكلىپى بەرگەن! ھالبۇكى، ئاۋستىرىيە پەقەت ئاۋستېرلىز ئۇرۇشىدىن كېيىنلا ئەقلىنى تاپتى.

— مىننەتدارلىقىمىزنى قوبۇل قىلىسىڭىز ئىكەن، دېگەن تىلەكتىمەن.

— پىرۇسسىيەگە بولغان دوستلۇقۇمنى دەل سىز يوققا چىقارغانغۇ؟

— سىز ساپ دىل، ئوچۇق ـ يورۇق، داھىيانە پەزىلەت ئىگىسىدۇرسىز.

— ئەپسۇسكى، «چوڭ ئىشلار ئالدىدا ئۇششاق تىلەكلەر نەزەرگە ئېلىنماس، ئىلتىپاتنىڭ چوڭ ـ كىچىكى بولماس» دېگەن گەپ بار.

— دۆلەتنىڭ چوڭ ـ چوڭ سىياسىي ئىشلىرىغۇ ئەقلىم يەتمەيدۇ. ئەمما، ئايال كىشى ئۈچۈن نومۇس بولماس، ئەگەر ئالدىڭىزدا كاپالەت بەرسەم...

ناپولېئون لۇئىزانىڭ سۆزلىرىنى بارغانسېرى قىزىقىپ ئاڭلىماقتا ئىدى. لۇئىزا شۇنىڭغا دىققەت قىلدىكى، ناپولېئوننىڭ لەۋلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇراتتى، بۇ ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇ ئەسنادا

پادىشاھ كىرىپ كەلدى.

ئۇلارنىڭ بۇ سۆھبىتى ھېچقانداق سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولمىسىمۇ، خۇسۇسىي ھېسسىيات جەھەتتە زور ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىنغانىدى.

— بولىدۇ، پادىشاھمۇ كەلدى، — دېدى ئىمپېراتور چاقچاق ئارىلاش چار پادىشاھقا، — ۋەدە بەرگۈم كېلىپ قالدى... كارامەت ئايال ئىكەن بۇ. ئەسلىدە خانلىق تاجىنى تارتىۋالماقچىدىم، ئەمدى تاج تەقدىم قىلغۇم كېلىپ قالدى.

ئىمپېراتور خانىش بىلەن يەنە بىر قېتىم سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن يوسېفىنغا يازغان خېتىدە: «بەكمۇ جەلپكار ئايال ئىكەن، كۆزۈمگە تولىمۇ ئىسسىق كۆرۈندى، كۆڭلەپ يۈرمەڭ يەنە... ئەگەر بۇ يەردە كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىدىغان بولسام، ئېغىر بەدەل تۆلەيمەن... نەپسانىيەتچىلىكى ئۇچۇن تېگىشلىك جاجىسىنى يېدى. بىراق، بەختسىزلىك ئىچىدە نۇرغۇن ئېسىل پەزىلەتلىرىنىمۇ نامايان قىلدى... ئېتىراپ قىلمىسام بولمايدۇ، ئەھمىيەتلىك نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلدى» دېدى.

كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغىنى ناپولېئوننىڭ لۇئىزاغا بەرگەن تەسىرى بولدى. لۇئىزا ئىلگىرى بىرمەھەل ناپولېئوننى «دوزاخ مۇئەككىلى» دەپ تىللىغانىدى. كېيىن بولسا: «باش سۆڭىكى ناھايىتى تەكشى، سىياقى مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئۆزى، پۈتۈن ئەزايى رىم ئىمپېراتورىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. كۈلگەن چاغلىرىدا لەۋلىرى شۇنداق مۇلايىم تۇس ئالىدۇ» دەپ قەيت قىلدى.

بۇ ناپولېئوننىڭ ئەڭ چوڭ غەلىبىسى ئىدى، ناپولېئوننى ئەنە شۇنداق قىسقىغىنا بىرقانچە ئېغىز گەپ بىلەن شۇنداق سۆيۈملۈك قىلىپ تەسۋىرلەش قايسى ئايالنىڭ قولىدىن كېلىدۇ؟ ۋاھالەنكى، ئىلگىرى بۇ ئايالنىڭ ناپولېئوندىن نەپرەتلىنىشكە

يېتەرلىك ئاساسى بار ئىدى. چۈنكى، ناپولېئونغا شۇنچە ئېگىلگەن بولسىمۇ، ناپولېئون خۇددى ئېرىمەس تاشتەك قاتتىق پېتى تۇرىۋەرگەندى. كېيىن خانىش چىشىغا تېگىپ قويغانلىقتىن، پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالدى.

ئاخىر بارلىق ھۆججەتلەر ئىمزالىنىپ بولغاندى، ئىمپېراتور پىرۇسسىيەنى «پەقەت چار پادىشاھ بىلەن بولغان دوستلۇقىنى نەزەرگە ئالغانلىقى ئۈچۈنلا» پارچىلىۋەتمىدى. پىرۇسسىيە خانىشى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ناپولېئوننى يەنە بىر قېتىم ئېرىتمەكچى بولدى. ناپولېئون لۇئىزانى پەيتونغا سېلىپ قويۇۋاتقاندا، لوئىزا بۇ ئاخىرقى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ:

— سىز شۇنچە ئۇلۇغ ئەرباب تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن مېنى مەڭگۈ مىننەتدار قىلىش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىسىز، — دەپ سورىۋىدى، ئىمپېراتور ئەدەپ بىلەن گەپتە چېقىۋالدى:

— سىزگە يەنە نېمە ئىش قىلىپ بەرسەم بولىدۇ، خانىم، كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقىغا تېگىشلىكمەن. پېشانەمنىڭ تەتۈرلۈكىدىن بۇنداق ئامەت ماڭا نېسىپ بولمايۋاتىدۇ.

## ئون ئالتىنچى، قانائەتسىز ئىمپېراتور

پارىژدىكىلەر نېمە دېيىشىۋاتقاندۇ؟

— ۋەتىنىمدىن ئىككى مىڭ مىل يىراق جايدا تۇرۇۋاتقان بولسامۇ، يۇرت بۇزۇقلىرىنىڭ پايتەخت ئەھلىنى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇترىتىشىغا يول قويمايمەن!

ناپولېئوننىڭ فىرانسىيەدىن ئايرىلغىنىغا ئون كۈن بولۇپ قالغاندى، شۇڭا زۇۋانداز پارىژلىقلارنى قولىدىن چىقىرىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ ئىچكى دىكتاتورىنى كۈچەيتتى. چۈنكى،

پارىژدا ئۆزىگە مەدھىيە ئوقۇيدىغانلارلا ئەمەس، بۇ قىممەتلىك يىراق سەپەردىن قايىل بولۇش تۇيغۇسى بىلەن گۇمانلىنىپ مەسخىرە قىلىدىغانلارمۇ بار ئىدى. شۇنداق، ناپولېئوننىڭ قىلغىنى توغرا، بۇ پارىژلىقلار «تۆت پەلەيلىك تۆمۈر مۇشتى» بىلەن باشقۇرىدىغان ئادەمگە موھتاج. ئۇلار شۇ تاپتا يەنە بۇ ئىككى خىل ۋاسىتىنىڭ تەمىنى تېتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى. يامان يېرى، پەلەي ئۈپراپ نېپىزلاپ قالغانىدى. پۈتكۈل پايتەختتە قانداق ھالەت ھۆكۈم سۈرۈۋاتىدۇ؟ كىشىلەرنىڭ نېمە دېگۈسى كەلسە شۇنى دەۋېرىدىغان، نېمە دەپ يازغۇسى كەلسە، شۇنى يېزىۋېرىدىغان مەمۇرىي ھۆكۈمەت دەۋرىگە قايتقۇسى كېلىپ قالغاندىمۇ؟

تېخىمۇ قاتتىق ئاخبارات ۋە ئەسەر تەكشۈرۈش تۈزۈمى يېڭىدىن ئورنىتىلدى. تارىخىي دىراممىلاردا قەدىمكى زامان تارىخىنىلا ئەكس ئەتكۈزۈشكە بولاتتىكى، يۈز يىلنىڭ بېرىسىدىكى ئىشلارنى تەسۋىرلەشكە رۇخسەت قىلىنماس بولدى، ھەتتا ناپولېئون ئۆزى چوقۇنىدىغان يازغۇچى گوتنىڭ ئەسەرلىرىمۇ قىرقىۋېتىلدى. ناپولېئون قويۇلىدىغان ھەربىر مەيدان ئويۇننىمۇ ئۆزى تەكشۈرۈپ بېكىتەتتى، ھەتتا يېزىلىدىغان ئەسەرلەرنىڭ تېمىسىغا چەك قويۇلدى، دىنىي تېمىدا يېزىشقا رۇخسەت قىلىنمىدى، ئەپسانىۋى ھېكايەتلەرنى يېزىشقا رىغبەتلەندۈرۈلدى. ناپولېئون يەنە ئۆزى ئۆچ كۆرىدىغان چېركاۋ مەكتىپى ئەندىزىسىدە بىر ئۇنىۋېرسىتېت قۇردى، بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، نۇرغۇن پۇل خەجلەندى. ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇتقۇچىلىرى ھەربىي مەجبۇرىيەتتىن خالاس قىلىندى، ئەمما ئۇلارنىڭ مۇئەييەن دەرىجىدە بويتاق ئۆتۈشى تەلەپ قىلىناتتى.

ستېل خانىمنىڭ پارىژغا قايتىپ كېلىش تەلىپى يەنە رەت

قىلىندى، «چۈنكى، ئويلىنىشنى بىلمەيدىغان كالللىسى يوق ياكى ئويلىنىشنى ئۇنتۇپ كەتكەن كىشىلەرنى ئويلاندۇرىدىغان ئايال» ئىدى.

ياشلارغا تەڭرىنىڭ ئەركىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، فىرانسىيەدىكى ھەربىر بالىغا تۆۋەندىكى مەدھىيە سۆزلىرى يادلاتقۇزۇلدى:

«ناپولېئونىمىزنى ئەزىزلەش، ھۆرمەتلەش، ئىززەتلەش، ناپولېئونىمىزغا خىزمەت قىلىش، سادىق بولۇش، ئەسكەر بولۇش... ناپولېئونىمىزغا سائادەت تىلەپ دۇئا قىلىش قەرزىمىز ھەم پەرزىمىزدۇر، ناپولېئونىمىز تەڭرىنىڭ ئۇرۇشتىمۇ، تىنچلىق مەزگىلىدىمۇ تالانتلىق قىلىپ ياراتقان پانىي دۇنيادىكى ئەلچىسىدۇر.»

ناپولېئون بۇ قېتىم بەك ئاشۇرۇۋەتكەنىدى. ناپولېئوننى تەڭرىنىڭ ئەركىسى دېگەن سۆزگە تارىختا ئۆتكەن سۇلالىلەرنىڭ ۋارىسلىرىغۇ ئىشىنەر، ئۇنىڭدىن باشقا كىم ئىشىنەر؟ ئۆزىمۇ بۇنىڭدىن تېخى ئۈچ يىل ئىلگىرىلا ئۆتكۈزۈلگەن تاج كىيدۈرۈش مۇراسىمىدا: «ئەگەر ئۆزۈمنى تەڭرىنىڭ ئوغلى دەيدىغان بولسام، ھەتتا بېلىقچى خوتۇنلارمۇ مەسخىرە قىلىپ كۈلمەي قالمايدۇ» دېگەنىدى.

ناپولېئون خۇسۇسىي تۇرمۇشتا بۇرۇنقىدەكلا بولۇپ، خۇددى لەشكەر تارتىپ جەڭگاھقا ئاتلانغان چاغلىرىدىكىدەكلا راھەت ـ پاراغەت دېگەننى بىلمەيتتى. ئەمما، داغدۇغىلىق مۇراسىملاردا ۋە ئوردا مۇراسىملىرىدا، شۇنداقلا ئۆزى بىكار قىلىۋەتكەن كونا ھاكىمىيەتكە خاس سورۇنلاردا بولسا، پۇلنى بۇزۇپ ـ چېچىپلا قالماستىن، قىممەتلىك ۋاقتىنىمۇ ئىسراپ قىلاتتى، ھەتتا ئەڭ قىممەتلىك سەلتەنەتنى ۋە ئەركىنىمۇ زايە قىلىشتىن يانمايتتى.

ناپولېئون ئاقسۆڭەكلەر رايونىدىكى كىشىلەر كۆرۈشكىلى

كەلگەندە مەسخىرە قىلىپ كۈلمەستىن، ناھايىتى خۇشال بولاتتى. كىشىنى چۈشەنمەك بەكمۇ تەس، ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە ناپولېئوننى نامرات دەپ مەسخىرە قىلىشىدىغان ئاقسۆڭەك ساۋاقداشلىرى ئەمدى كورسىكالىقنىڭ ئوردىسىغا بەس - بەس بىلەن كېلىپ تىقىلىشىپ تۇرۇشىدىغان بولدى. ئۇلار ئەينەكتەك يالتىراق پولغا چۈشكەن شولىسىدىن ئۆزلىرىنىڭ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ تۇرغاندا پۈكۈلگەن قەددىنى كۆرۈپ تۇراتتى. شۇنچە يىلدىن بۇيان ناپولېئون بىلەن بىر قازاندا قاينىمايمىز دەپ قەسەم ئىچىشكەن بىرمۇنچە مەشھۇر ئاقسۆڭەك جەمەت - قوۋملارمۇ ناپولېئوننىڭ ئوردىسىغا، يەنى ئۆزلىرىنىڭ كونا ئوردىسىغا قايتىپ كەلدى. رېيىن ئىتتىپاقىدىكى پادىشاھلار گېرمانچە ھەربىي فورما كىيىشىپ ئوردىغا كىرىپ - چىقىپ يۈرۈشىدىغان بولدى، مېكلېنبۇرگلىقلار ئارقا قەسرگە كىرىشكە ئىجازەت ئالدى، بادېن ۋە باۋارىيە شاھزادىلىرىمۇ دۆلەت مەجلىسىگە قاتنىشىش ئىمتىيازىغا ئېرىشتى. بۇ ئىشلار ئاقسۆڭەكلەر ئۈچۈن ئويۇن - تاماشا بولسىمۇ، ئىمپېراتور ئۈچۈن شۇ قاتلامدىكىلەرنى ئۆزىگە ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلدۇرۇش يولىدىكى بىر خىل سىياسىي ۋاستە ئىدى.

بىراق، پەقەتلا قاملاشمىغان بىر ئىش يۈز بەردى. شاھانە كىيىم - كېچەكلەرنىڭ سانى ۋە چىقىمىنى خۇددى ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى ھېسابلىغاندەك دانالىق بىلەن توپتوغرا ھېسابلايدىغان بۇ ئادەم، ئارمىيەدە ئۆزى بىلەن بولغان خۇسۇسىي مۇناسىۋىتىگە باقماي تۆھپىكارلارنىلا تارتۇقلايدىغان ۋە ئۆستۈرىدىغان بۇ ئادەم، لەشكەرلەر بىلەن بىللە قوتانلاردا بىللە يېتىپ - قوپقان، مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن بىللە ئوت قالاپ سۇ قايناتقان بۇ ئادەم، ئىمتىيازنى، مىراس قالدۇرۇش تۈزۈمىنى قانۇندىن قىرقىۋەتكەن بۇ ئادەم، شەخسىي ئىستىبداتتىن ئىبارەت

يىڭى ئالگ ئارقىلىق مىراسخورلۇقنى ئەلا بىلىشتەك كونا ئىدىيە بىلەن تىغمۇتىغ قارشىلىشىپ، دۇنيانىڭ بىر يېرىدە زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان بوناپارت سۇلالىسىنى بەرپا قىلغان بۇ يېڭى ئاقسۆڭەك شۇ يىلى كۆزدە يېڭى ئاقسۆڭەكلەر تۈزۈمىنى ئورناتتى. «چۈنكى، ئەۋلادلىرىغا مال ـ دۇنياسىنىلا ئەمەس، شۆھرىتىنىمۇ مىراس قالدۇرماقچىدى. بۇ ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىر قىسمى. ناپولېئون ئىلگىرى باتۇر گېنېراللارغا، قابىل ئەمەلدارلارغا پادىشاھلىق، گىرافلىق، كىنەزلىك، ماركىزلىق ئۇنۋانلىرىنى ئىنئام قىلىپ بېرەتتى، ھازىر بولسا ئۇلارنىڭ بالىچاقا، نەۋرە ـ چەۋرىلىرى، خالىغانچە ئەسكىلىك قىلىپ يۈرىدىغان مۇتتەھەملەر، پارىخورلۇق پۇلدارلار ۋە چېرىكلەردىن تارتىپ ھەممىسى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئىسسىق قانلىرى بەدىلىگە كەلگەن مەنسەپتىن، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولماقتا ئىدى.»

شۆھرەتلىك بىرلەشمە ئارمىيەمۇ ناپولېئون تەرىپىدىن ئاياغ ئاستى قىلىندى. ئىلگىرى بۇ شۆھرەتلىك بىرلەشمە ئارمىيەدىكى ھەربىر لەشكەر ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ تۆھپە قوشقانىدى، ھازىر بولسا شۇ تۆھپىلىرىنى، شۇنداقلا بەگلىك ئۇنۋانىنى ۋە شەرەپ نامىنى ماددىي مۈلۈك ئورنىدا ئەۋلادلىرىغا مىراس قالدۇرىدىغان بولدى. ئىشلار شۇ تەرزدە بولغىنىدا ۋارىسلاردا پەۋقۇلئاددە يۇقىرالىق ھوقۇقى بولمايتتى، ئەلۋەتتە. بىراق، بۇنداق يېڭى تۈزۈم ناپولېئون قانۇنىغا ئۇيغۇن كەلمەيتتى. «ئەركىنلىككە پەقەت زوۋۇلىسى چوڭ ئۆزۈلگەن ئاز ساندىكى كىشىلەرلا موھتاج، ئاددىي خەلق بولسا باراۋەرلىكتىن سۆيۈنىدۇ. شۇڭا، بىز ئەركىنلىككە تامامەن چەك قويالايمىز... مېنىڭ تۇتقان يولۇم تەرەققىيات يولى، شۇڭا پۈتكۈل خالايىقمۇ مېنىڭ نىشانىم بويىچە ئىلگىرىلىشى كېرەك... ئۆزۈمگە ئايان،

بىشىمغا ئېلىپ كۆتۈرگەن بەگلەر ھازىر مەندىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆزلىرىگە خاس سىنىپىي ئاڭغا بەيئەت قىلدى. بىراق، مەن ئۇلاردىن تېز چاپىمەن، ئۇزاققا قالمايلا ئۇلاردىن ئۆتۈپ كېتىمەن.»

مۇنچە چوڭ خاتالىق كەمدىن ـ كەم كۆرۈلىدۇ. ناپولېئون بىرقانچە ئاي ئىلگىرى ئىنىسىنى «گوللاندىيەدە ئاقسۆڭەكلەر تۈزۈمىنى ئورناتماسلىقىڭ كېرەك ئىدى» دەپ ئەيىبلىگەنىدى، ئەمدى بولسا ئۆزىنىڭ شۇنىڭغا ئوخشاش تۈزۈمنى بەرپا قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ: «فىرانسىيە ھەربىي ئىمپېرىيەسى تىجارەتچى ئەللەرگە ئوخشىمايدۇ» دېدى. ھالبۇكى، ناپولېئوننىڭ فىرانسىيەنى ھەربىي ئىمپېرىيەگە ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنىڭ ئۆزىلا ئەڭ چوڭ خەۋپ، ئىمپېراتورلۇق ھوقۇقى بولسا ئىككىنچى ئورۇندىكى خەۋپ ئىدى. ناپولېئون ئىمپېراتورلۇق ھوقۇقىغا تايىنىپ ئىمتىيازىنى يىمىرىلمەس مەنتىقىسى ئارقىلىق پۈتكۈل ئىمپېرىيەگە تاراتتى.

ناپولېئون باش مەمۇر بولۇپ تۇرغان چاغلىرىدا بەگلىك ھوقۇقىنى بەخىرامان ئىنئام قىلىپ بېرىۋېرەتتى، بۇنىڭلىق بىلەن يوشۇرۇن ئاپەت پەيدا بولۇپمۇ كەتمەيتتى، شۇ يول بىلەن نۇرغۇن ئېنىرگىيەنى مەملىكەت ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ۋە سەرخىل ئۇششاق ھەرىكەتلەندۈرگۈچى چاقلارغا يەتكۈزۈپ بەرگەنىدى. بىراق، قول ئاستىدىكى ئەڭ ياخشى ئادەملىرىگە يەر ـ زېمىن ئىنئام قىلىپ بېرىشى ئۇچۇن ئۇلارنى ئالدى بىلەن شۇ يەر ـ زېمىننىڭ ئىگىسى بولۇشقا مۇناسىپ بەگلىك ئۇنۋانىغا ئىگە قىلىشى شەرت ئىدى، بەگلىك ئۇنۋانى بولسا مۇقەررەر ھالدا مىراس قالدۇرۇلاتتى. بۈگۈنكى كۈندە يەر ـ زېمىن ئىنئام قىلماي، پەقەت بەگلىك ئۇنۋانىنىلا ھەدىيە قىلغان ئىككىلەمچى، ئۈچىلەمچى خادىملارمۇ ئېرىشكەن بەگلىك

ئۇنۇانىنى ئەۋلادلىرىغا مىراس قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىشاتتى، ئەلۋەتتە. شۇنداق قىلىپ، بىر دەۋردە نەچچە مىڭ ئاقسۆڭەك پەيدا بولاتتى، ئۈچ ئەۋلاد ئىچىدە يىگىرمە مىڭ يېڭى ئاقسۆڭەك پەيدا بولاتتى، بۇنداق ئاقسۆڭەكلەر ۋەتەن ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلمايتتى، بىرەر ئىشنىڭمۇ پېشىنى تۇتمايتتى، قۇرۇق سۆلەتىدىن باشقا ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقى ئىگە ئەمەس ئىدى، ئىلگىرىكى ئاقسۆڭەكلەرگە ئوخشىمىسىمۇ، بەگلىك ئىمتىيازىدىن بەھرىمەن بولاتتى. ۋاھالەنكى، بۇ دەل ئۆز ۋاقتىدا خەلقنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىگە سەۋەب بولغان مۇھىم ئامىل ئىدى.

شۇ تەرزدە يىغىلىپ بېرىسۋەرگەن ئاسىيلىق ۋە ۋاپاسىزلىق ناپولېئونغا ئۆزى پەيدا قىلغان چوڭ خاتالىقنى ھامان بىر كۈنى كۆرسىتىپ قويماي قالمايدۇ. شۇنداق، ئۇنىڭ باراۋەرلىكنى ھالاكەتكە مەھكۇم قىلغانلىقى ئۆز ۋاقتىدا كىنەز دانگانغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىكىدىنمۇ ئېغىر خاتالىق ئىدى. ۋاھالەنكى، ئۇ چاغدا كونا دەۋرنىڭ ۋەكىللىرىنىلا ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلغان بولسا، ئەمدى ئۆزى كونا ھاكىمىيەتنى تىرىلدۈرىدىغان پېشۋالاردىن بولۇپ قالغانىدى.

ناپولېئون ھېلىمۇ دائىم يېرىم كېچىلەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، كاتىپىغا ۋەھىيسىنى تاڭ ئاتقۇچە ئېيتىپ بېرىپ يازدۇراتتى. نېرۋىسى بارغانسېرى زىلللىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قىزىق سۇدا چىلىنىپ يۇيۇنۇش ئارقىلىق نېرۋىلىرىنى ئارام تاپقۇزۇشقا مەجبۇر ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئاشقازان كېسىلىمۇ ياخشىلىنىش تۇگۇل، بارغانسېرى ئېغىرلاپ، پات ـ پات قوزغىلىدىغان بولۇپ قالدى.

ياشلىق دەۋرىدىكى ھەسرەت ـ نادامەتلىرى ھازىر يەنە قەلبىنى چىرمىۋالغانىدى. ھەمىشە دېڭىزنىڭ شاۋقۇنلىرى،

بورانىنىڭ گۈركىرەشلىرى ئۈستىدە توختىلاتتى، چىراغقا يوپۇق ياپقۇزۇپ، خىرە يورۇقتا ئولتۇرۇپ مۈگدىگەن ئىتالىيە ناخشىلىرىنى ئاڭلايتتى. ئەتراپىدا ئىشلىرىنى ۋە ئىچ پۇشۇقىنى چۈشىنىدىغان ھېچكىمى يوق ئىدى. مۇلازىملىرى ئىمپېراتورنىڭ نېمىشقا بۇنداق مەيۈس ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلەلمەي ئاۋارە ئىدى. ناپولېئون ئارزۇلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغان بولسىمۇ، بۇ رېئاللىقتىن گاڭگىراپ قالغانىدى. چۈنكى، كۆز ئالدىدىكى رېئاللىق ئارزۇسىدىكىدىن ئوبدانلا پەرقلىنىدىغاندەك، يەنە كېلىپ ئارزۇلىرى بەكمۇ كېچىكىپ ئىشقا ئاشقاندەك تۇيۇلاتتى.

— سىزنىڭ ئەقلىڭىزمۇ خەقنىڭكىدىن پەرقلەنمەيدىكەن، — دېگەنىدى تىلسىت تىنچلىق كېلىشىمنامىسىنىڭ ئىمزالانغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزىنى تەبرىكلىگەن بىر ۋەزىرنى قوپاللىق بىلەن ئەيىبلەپ، — مەن كونستانتىنوپول تىنچلىق شەرتنامىسىنى ئىمزالاشقىنىمدىن كېيىنلا، ئاندىن دۇنيانىڭ خوجايىنى بولالايمەن!

«دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقى! ئاسىيا!» بۇ ئىبارىلەر ناپولېئوننىڭ خىيالىنى چىرماپلا تۇراتتى. تەسەۋۋۇرىدىكى پىلانلىرىنى رۇسىيە چار پادىشاھىغا — يەنە بىر چوڭ دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئۆز پېتى يېزىپ مەكتۇپ ئەۋەتتى:

ئەللىك مىڭ كىشىلىك فىرانسىيە - رۇسىيە بىرلەشمە ئارمىيەسى تەشكىللەپ، ئېھتىمال، يەنە ئاز - تولا ئاۋستىرىيە قوشۇنىنىمۇ قوشۇۋېلىپ كونستانتىنوپولغا ھۇجۇم قىلىمىز، بۇ شەھەرنى ئېلىشقا كۈچىمىز يېتىپ ئاشىدۇ، ئاندىن شۇ يەردىن ئاسىياغا شىددەتلىك ھۇجۇم باشلايمىز. قوشۇنۇم ئېفرات دەرياسىغا يېتىپ بارغاندا، ئەنگلىيە ئۆزى بىلەن ياۋروپادا تەڭ مەۋجۇت بولۇپ

تۇرۇۋاتقان بىزلەرگە تىز يۇكۇپ، باش ئېگىشكە مەجبۇر بولىدۇ... بىز ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلغىنىمىزدىن كېيىن، بىر ئاي ئىچىدىلا بوسفور بوغۇزىغا يېتىپ بارىمىز، تەسىرىمىزنى ھىندىستانغىچە يەتكۈزىمىز... بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشۇم پەقەت ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشكىنىمدىن كېيىن قارار تاپىدۇ، بۇنىڭغا مارتنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇرۇن ئىمزا قويۇلۇپ مۆھۈر بېسىلىشى مۇمكىن. قوشۇنىمىز بىرىنچى مايدا ئاسىياغا يېتىپ بارىدۇ، سىزنىڭ قوشۇنىڭىز بولسا ستوكھولمنى ئالىدۇ. ئەگەر ئىشلار شۇ بويىچە يۈرۈشۈپ بەرسە، ئەنگلىيە بۇ چوڭ ھەرىكىتىمىزدە ئېغىر زەربىگە ئۇچرايدۇ ـ دە، پۇتكۈل ۋەزىيەت شۇنىڭغا مۇناسىپ رەۋىشتە ئۆزگىرىپ، بىزگە ئىنتايىن پايدىلىق بولىدۇ. ئالىيلىرى، مەن بىلەن ئۇچراشقىنىڭىزدا ئىمپېرىيەلىرىمىز تىنچلىق مېۋىسىدىن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ دەپ ئەھدىلەشكەنىدۇق... بۇ مېنىڭ ئالىيلىرىغا ئېيتىدىغان يۈرەك سۆزۈمدۇر، ئوبدان ئويلىنىپ كۆرگەيسىز.

يۈرەك سۆزۈم؟ پاكىت ئۇنداق ئەمەس ئىدى. بۇ پەقەت گالۋاڭ غايىپەرەسنى ــ چار پادىشاھنى خۇشال قىلىپ قويۇش ئۇچۇنلا ئېيتىلغان گەپلەردىنلا ئىبارەت ئىدى. بىراق، ناپولېئوننىڭ بۇ خېتى ھەرھالدا پىششىق ئويلىنىپ يېزىلغان خەت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ناپولېئون يېڭىلا ھىندىستاندىن قايتىپ كەلگەن بىر گېنېرالنى قوبۇل قىلدى. بۇ گېنېرال ناپولېئونغا «بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئانچە قىيىن ئەمەس، ئارتۇقچە شۇبھىلىنىپ كېتىپسىز» دېگەنىدى، بۇ گەپتىن سۆيۈنۈپ كەتكەن ناپولېئون شۇ خۇشاللىقىدا بۇ گېنېرالنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ، خۇددى كىچىك بالىدەك ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

بىراق، رېئاللىق ناپولېئوننى يەنە بىر قېتىم چارلىمانىنىڭ غايەت كۆلەڭگىسىگە ئېلىپ كىردى. ناپولېئون بۇلتۇرلا رىمغا بېرىپ، ئۆزىگە تاج كىيدۈرۈپ، «غەرب ئىمپېراتورى» بولۇش

ئۇستىدە ئويلانغان، پاپانى دىنىي داھىيلىق ھوقۇقىدىن باشقا بارلىق ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلماقچى ھەمدە كىرىمىنى بىرقانچە مىليون فىرانك ئىچىدىلا چەكلىمەكچى بولغانىدى. بىراق، كاردىنال گەپىنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتىپ توسۇپ قويغاچقا، بۇ پىلانى ئىشقا ئاشماي قالغانىدى.

— پۇتكۇل ئىتالىيە مېنىڭ ھۆكۈمرانلىقىمغا ئۆتكۈسى، — دېگەنىدى ناپولېئون شۇ چاغدا غەزەپلىنىپ، — دىنىنىڭ مۇقەددەس مۇستەقىللىقىغا خەۋپ يەتكۈزمەيمەن. بىراق، ئالدىنقى شەرت شۇكى، باستېرلارمۇ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشۇمغا قول تىقماسلىقى كېرەك. شۈبھىسىزكى، رىم پاپاسى ھەرقانچە مۇقەددەس ۋە تەڭداشسىز بولسىمۇ، رىمنىڭ ئىمپېراتورى پاپا ئەمەس، بەلكى مەندۇرمەن

كارولىنچە بۇنداق قورقۇتۇش قىلمىشى، روشەنكى، ئۆزى بەرپا قىلغان دۆلەت قانۇنىغا زىت ئىدى. ناپولېئون خۇددى ھىندىستانغا تاقابىل تۇرماقچى بولغىنىدەك، رىمغىمۇ ھەربىي كۈچى ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇپ، بۈيۈك پېشۋالار ئارمان قىلغان، ئەمما ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش نىيىتىگە كەلگەنىدى.

بۇ ھادىسىلەر ناپولېئوننىڭ تارىخىي خىيالپەرەسلىكىنىڭ رېئالىزمچە تۈگرا ھېسابلاش ئىقتىدارى بىلەن يېتەلەيدىغان دائىرىدىن بارغانسېرى ھالقىپ كەتكەنلىكىدىن، ئاخىرقى ھېسابتا قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى.

ناپولېئون رىمدا ھازىرمۇ ۋاقتىنچە ئۇستۇنلۈككە ئىگە ئىدى. بىراق، بۈيرۈقۋازلىق ئادىتى بارغانسېرى ئەدەپ كەتتى. يېڭىلمەس ھەربىي كۈچكە تەقۋادارلارچە شەكسىز ئىشىنەتتى ۋە بۇنداق ئىشەنچ كۈنسايىن كۈچىيىپ بارغاچقا، ئەخلاقىي

مىزانىدىن ئاداشقانىدى. بۇ ئەخلاقىي مىزاننى بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى قىلچە سىياسىي تەجرىبىسى يوق ئورۇنباسار قوماندان بولۇش سۈپىتى بىلەن تۈزگەن ۋە كېيىنچە ھۆكۈمەت بىلەن دىندارلار تۈزۈشكەن پۈتۈمگە كىرگۈزگەنىدى.

پاپا ئەنگلىيە پاراخوتلىرىنى ئىتالىيە پورتلىرىدىن قوغلاشنى رەت قىلغانلىقتىن، ئىمپېراتور ئانكونا پورتىنى ئىشغال قىلدى ھەمدە پاپاغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېدى:

تەڭرىنىڭ پاناھىغا ھەشقاللا، تەڭرىم ئىشلىرىمغا نۇسرەت ئاتا قىلدى. ئەلچىلىرىمنى چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىمەن دېسىڭىز، ئىختىيار ئۆزىڭىزدە. ئىنگلىزلارنى ياكى كونستانتىنوپول پادىشاھىنى قوبۇل قىلسىڭىزمۇ كۆڭلۈمگە ئالمايمەن. قىسقىسى، بۇۋى مەريەم چېركاۋىغا بىرقانچە يىل ئارتۇق باش روھانىي بولۇشىڭىزنى تەڭرىدىن تىلەپ دۇئا قىلىمەن. فىرانسىيە ئىمپېراتورى، ئىتالىيە پادىشاھى بولمىش تەقۋادار ئوغلىڭىز ناپولېئوندىن.

ناپولېئون ئۆزىنىڭ ئەقلىي يەكۈنىنىڭ تەسىرىدە ئۆمۈر بويى يېڭى دىنغا مايىل بولۇپ ئۆتتى. بىراق، سىياسىي سەۋەب تۈپەيلىدىن مارتىن لۇدىنىڭ يېڭى دىن ئەقىدىلىرىگە قارشى تۇردى ھەمدە بۇ دىنىي ئەقىدىنىڭ فىرانسىيەگە تارقىلىشىنى چەكلىدى. ناپولېئون بۇ چاغدا پاپانىڭ ئەنگلىيەدىن يۈز ئۆرۈشكە ئۇنىمىغانلىقى ئۈچۈن پاپا بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇش قارارىغا كەلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي ئىتالىيە پادىشاھلىقى بىلەن شىمالىي ئىتالىيە پادىشاھلىقى ئوتتۇرىسىدىكى توسۇقنى كۆچىنىڭ بارىچە ئېلىپ تاشلاشقا تىرىشتى. شۇنداق قىلغاندا پۈتكۈل ئىتالىيەنى ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، ئۆزىنى ئىتالىيەنىڭ ھەقىقىي ئىمپېراتورى دەپ جاكارلاشقا

مۆۋەپپەق بولاتتى.

ناپولېئون ۋالىي ئېۋگېنغا ھەربىي پەرمان ۋەزنىدە خەت يازدى:

پاپانىڭ ھوقۇقى چەكتىن ئېشىپ كەتتى، باستىرلار ھۆكۈمران سۈپىتىدە دەۋر سۈرمەكتە بولاتتى. نېمە ئۈچۈن ئىمپېراتورغا تەئەللۇق بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇقنى ئىمپېراتورغا قايتۇرۇپ بېرىپ، ئىمپېراتور باشقۇرۇشقا تېگىشلىك دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلاشماي جىم تۇرىۋەرمەيدۇ؟ فىرانسىيە، پىرۇسسىيە، گېرمانىيە، پولشا قاتارلىق ئەللەردىكى چېركاۋ رەئىسلىرىنى مۇزاكىرىگە چاقىرىپ، پاپاغا پەرۋا قىلماسلىق توغرىسىدا قارار ماقۇللىتىپ، پاپانى چەتكە چىقىرىپ قويىمەن، بۇ ئىش ئۆزاقىقا قالمايلا يولغا قويۇلۇشى مۇمكىن.

ناپولېئون بۇ قېتىمقى يىغىنغا فىرانسىيە كاردىناللىرىنى كۆپلەپ قاتناشتۇرۇش يولى بىلەن كۆپ سانلىقلارنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغانىدى. بىراق، پاپا يىغىنغا قاتنىشىدىغان كاردىناللار سانىنى كۆپەيتىشنى رەت قىلدى، پەقەت ناپولېئونغا غەرب ئىمپېراتورى دەپ تاج كىيدۈرۈشكىلا ماقۇل بولدى. ئەمما، ناپولېئوننى ئۆزى بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويغان بۇ تەلىپى ئەمدى ئانچە جەلپ قىلالمايتتى، شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئارزۇيىنىڭ ئىشقا ئاشىدىغانلىقىدىن ئۈمىد تۇغۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن پاپانىڭ تەكلىپىنى قىممەتلىك نەتىجە سۈپىتىدە خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. پاپا مۇلۇك كىرىمى توغرىسىدىكى ئىشتىمۇ يول قويماقچى بولۇۋىدى، ناپولېئون پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ يەنىمۇ قاتتى ـ سوقتى قىلماقچى بولۇپ: «بۇ زېمىن ۋە ئۇ يەرلەرنى دەرھال فىرانسىيە ئىمپېرىيەسىگە قوشۇۋېتىپلا قالماي، بەلكى يەنە بۇيۇك

ئىمپېراتور چارلېمان ھەدىيە قىلغان سوۋغاتلارنىمۇ قويماي قايتۇرۇۋالىمەن» دەپ قورقۇتتى.

قىسقىسى، ناپولېئون «ئۆردەك يېسەڭ، غازنىڭ پېيىدە بول» دېگەندەك ئىش كۆرۈپ، پاپانىڭ پۈتكۈل زېمىنىنى بىراقلا يۇتۇۋالماقچىدى. تەبىئىيكى، پاپا بىلەن بولغان سۆھبەتتى بۇزۇلدى. ناپولېئون رىمنى ئىشغال قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئاپرېلدا پاپانىڭ زېمىنى فىرانسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇپ قالدى.

ھالبۇكى، ناپولېئون شۇ تاپتا رىمغا بېرىش ـ بارماسلىق توغرىسىدا مەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن ئىككىلىنىپ قالغانىدى. گەرچە ئىلگىرى دائىم قاھىرەدىن ۋىيېنناغا، مادرىدتىن موسكۋاغا بېرىپ تۇرغان، يەنە كېلىپ دائىم ئىتالىيەدىكى مۇقىم تۇرالغۇسىدا خۇددى ئۆز ئۆيىدە تۇرغاندەك تۇرىۋەرگەن بولسىمۇ، ئېھتىيات قىلغانلىقى ياكى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك، رىمغا زادىلا بېرىپ باقمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ باللىق چاغلىرىدىن تارتىپ ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن رىم توغرىسىدىكى خىلمۇخىل تەسەۋۋۇرلىرىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق دەلىللەپ بېقىشقا مۇۋەپپەق بولمىغانىدى. ئەمدى بولسا سەركەردە ـ لەشكەرلىرى رىمنى — ناپولېئون ئۈچۈن مەڭگۈلۈك شەھەرنى يەنە بىر قېتىم ئىشغال قىلدى. ناپولېئوننىڭ ئەتراپىدىكىلەردىن بۇ قېتىمقى ئىشغالىيەت ھەرىكىتىگە قارشى تۇرىدىغان بىرمۇ كىشى يوق ئىدى. پەقەت ئاپىسىلا بۇنى بىر زور خاتالىق دەپ قارايتتى ھەمدە شۇ خاپىچىلىقىدا ئاغرىپ يېتىپ قالدى. بۇ ئانا شۇنىڭدىن ئىلگىرى شۇبھىلىنىپ:

— بۇ ئىشلارنىڭ ئۆمرى كوتە بولمىغىيدى، — دېگەنىدى. بىراق، ئەندىشىسى بارغانسېرى بەربىر كۈچىيىپ كەتكەنىدى،

كۆڭلىدىكى پەرىشانلىقىنى سىرداش دوستلىرىغىلا ئېيتىپ بېرەتتى:

ــ ناپولېئوننىڭ ئۆزىگىمۇ، پۈتۈن ئائىلىسىگىمۇ بالا ـ قازا ياغدۇرىدىغانلىقى كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ. ئېرىشكەنلىرىگە بۇرۇنلا قانائەت قىلسا بولاتتى. تېخىمۇ كۆپ نەرسىگە ئېرىشمەن دەيدىغان بولسا، چوقۇم ھەممىدىن قۇرۇق قالىدۇ.

## ئون يەتتىنچى، ۋارىس ئىستىكىدە

تېگى نامراتلارمۇ تۇغما تالانت ئىستېداتى ئارقىلىق ئاتا مىراس ئاقسۆڭەكلەرگە ئوخشاشلا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، نەزەر ـ ئېتىبارىڭغا ئېرىشىشنى تولىمۇ ئارزۇلايدۇ. شۇنداق بولغاندا پادىشاھ ۋە ئاقسۆڭەكلەر بىلەن تۇۋەن قاتلامدىكى پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى بېقىندىلىق مۇناسىۋەت ۋە توسۇقلار ئۆزۈل ـ كېسىل تۈگەيدۇ. «ناپولېئون قانۇنى» نىڭ ئوچۇق سوت ئېچىش، زاسداتىللار تۈزۈمى قاتارلىق ئەۋزەللىكلىرى سەن ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان پادىشاھلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالسۇن... دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكنى قوغداۋاتقان ھۆكۈمەتنىڭ خاسىيىتىنى كۆرگەندىن كېيىن قايتىدىن خەلق ئىچىدە پىرۇسسىيەنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىدا ياشاشنى خالايدىغانلارمۇ بولارمۇ؟

ئىمپېراتور بۇ خېتىدە (ئاشكارا ئېلان قىلىنغان خەت ئەمەس، خۇسۇسىي خەت) كەنجى ئىنىسىغا ۋېستفالىيە پادىشاھلىقىنى بېرىش ئالدىدا ئىنقىلابنىڭ ئاساسىي ئىدىيەسىنى گېرمان زېمىنىدا تۇنجى قېتىم تارىتىپ، بويسۇنۇشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ياۋروپا زېمىنىدىكى بۇ خەلققە نېمىنىڭ ئاپتونومىيە ئىكەنلىكىنى تۇنجى بولۇپ چۈشەندۈرۈشتەك تارىخىي بۇرچىنى ئېنىق چۈشەندۈرمەكچى بولغانىدى. ئاپتونومىيە گوللاندلار ۋە

ئىتالىيانلار ئۈچۈن ھېچبىر يېڭىلىق ھېسابلانمايتتى، رىيىن ئىتتىپاقىدىكى پادىشاھلار ئۈچۈن بولسا ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار بۇيرۇق بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئاپتونومىيە مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى قانۇننى ئۆزلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلارغا تونۇشتۇرۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، بۇنداق ئەنئەنە بولمىغاچقا، ئىچكى قىسىمدا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىسلاھ قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق ئىكەن، بوناپارت جەمەتىنىڭ بۇ ئەڭ ياش ئەزاسىنىڭ ئالدىدىكى تارىخىي بۇرچى دېموكراتىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت زور ئىسلاھات سىنىقى ئارقىلىق تۆت مىليون گېرمان خەلقىنى بويسۇنۇشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان نادان خەلقتىن دېموكراتىيە ۋە باراۋەرلىك ئېڭىغا ئىگە دۆلەت پۇقراسىغا ئايلاندۇرۇش ئىدى. گېرمانىيە خەلقى بۇ ئىسلاھاتنىڭ تۇرتكىسىدە مىللىي ھۆرلۈك ئۇرۇشىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئۆز پادىشاھلىقىنىڭ قولى بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولاتتى.

بىراق، بوناپارت جەمەتىنىڭ يىگىرمە ئۈچ ياشلىق بۇ كەنجىسى كىچىكىدىن تارتىپلا ئەركە ئۆسكەن بولغاچقا، پادىشاھ بولۇشنى تەۋەككۈلچىلىك، ئويۇن بىلىپ، پۇلنى خالىغىنىچە بۇزۇپ ـ چېچىپلا قالماستىن، زېھنى ۋە ۋاقتىنىمۇ بىھۇدە ئىسراپ قىلىۋەردى. نەزىرىدە ياشلىق خۇددى شامپان ھارىقىدەك شېرىن بولۇپ، ياشلىقنى ئەيش ـ ئىشرەت ئىچىدە ئۆتكۈزگۈلۈك ئىدى. شۇڭا فوتىنبۇرگتىكى خوتۇن ـ باللىرىنى تاشلاپ، ئۇدۇل كەلگەن قىز ـ چوكانلار بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇشۇپ، ھەممە يەردە بالا تېپىپ، سېسىق نامى پۇر كەتتى ھەمدە نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ قالدى. بىراق، بۇ يىگىت ئەل ـ جامائەتنىڭ مەسخىرىسىگە پەرۋا قىلىپمۇ كەتمىدى، ھەتتا ئۇلۇغ ئىمپېراتور

ئاكسىنىڭ سەممىي ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمۇ كۆلكىلىك بىلىندى.

ناپولېئون بۇ كەنجى ئىنىسىغا خۇددى ئاتىسىنىڭ كەنجى ئوغلىغا كۆيگىنىدەك كۆيەتتى. بۇ يىگىت كۆڭلىرىنى مىجەز ـ خۇسۇسىيىتىگە مۇناسىپ تولىمۇ شادىمان ئۆتكۈزەتتى، كىشىگە مۇلايىم ۋە خۇشپىچىم مۇئامىلە قىلاتتى، زادىلا ئاچچىقلانمايتتى. بىر قېتىم ناپولېئوندىن ئۆزىنى باش قوماندانلىققا تەيىنلەشنى تەلەپ قىلىۋىدى، ئاكىسى مۇنداق جاۋاب بەردى:

— باش قوماندان بولۇشقا راستىلا قىزىقامسەن؟ ئاۋۋال ئالتە قېتىم چوڭ ئۇرۇشنى باشتىن كەچۈر، ئالتە ئات ئاستىڭدا ئوق تېگىپ ئۆلسۇن، ئاندىن بىرنېمە دېيىشەيلى!

ژېرۇمې بۇ گەپلەرنىمۇ قىلچە كۆڭلىگە ئالمىدى. ھەربىي يۈرۈشكە ماڭغاندا پۈتۈن ئوردا مۇلازىملىرىنى، ئوردا كېنىزەكلىرىنى بىللە ئېلىپ ماڭاتتى، پەقەت خانىشىنىلا ئوردىدا قالدۇرۇپ قوياتتى. بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە ئامراق بۇ پادىشاھ ئىمپېراتورنىڭ مۇنۇ پەند ـ نەسىھەتلىرىگىمۇ قۇلاق سالمىدى:

چۈشۈرگەن كۆندىلىك بۇيرۇقلىرىڭنى كۆرۈپ بەك كۈلگۈم كەلدى، كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالغانلىقىڭنىمۇ بىلدىم. كىشىلەر سېنى «مۇشۇمۇ پادىشاھ بولدىمۇ، ئىمپېراتورنىڭ ئىنىسى شۇمىدۇ» دېمەسمۇ؟ ئادەم جەڭدە ئالدى بىلەن بىر جەڭچى بولۇشى كېرەك! ئاۋانگارت قوشۇنۇڭ بىلەن كېچە ـ كۈندۈز بىللە بولۇشۇڭغا، كېچە ـ كۈندۈز ئاتتىن چۈشمەي ھوجۇمچى قوشۇنۇڭ بىلەن بىللە يۈرۈشۈڭگە توغرا كېلىدۇ، شۇنداق قىلغىنىڭدىلا ئەڭ يېڭى ئاخباراتلارغا كېچىكمەي ئېرىشەلەيسەن. بۇنداق قىلالمىساڭ، ئورداڭدىلا تۇرىۋەر! ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغان ۋاقتىڭدا گالۋاڭ پادىشاھنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالىدىكەنسەن. تەڭرىمەي، بۇلارنى نەدىنمۇ ئۆگەنگەنسەن.

بۇ ياش پادىشاھ ئاكىسىنىڭ بۇ خىتىگىمۇ كۆلۈپلا قويۇپ، پەرۋاسىز بىر ھالدا كۆڭلىكىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى. ئىمپېراتورچۇ؟ ئىنىسىغا ئاتىلارچە پەند ـ نەسىھەت قىلىۋاتقان ئىمپېراتور ئۆزىنىڭ شۇنچە چوڭ ھوقۇقنى ھوددىسىدىن چىقالمايدىغان ئاشۇ ناقابىل ئىنىسىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، ھوقۇقنىڭ ماھىيىتىنى بەربات قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيۋاتقاندىمۇ؟ قوۋم ـ قېرىنداشلىرىغا ھەدىيە قىلىپ بەرگەن ئالتۇن تاج ۋە ۋاقىتلىق ئىمزاكالارنىڭ گاللۋاڭ پادىشاھلارنى پەيدا قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيۋاتقانمىدۇ؟ مۇتتەھەملەرنىڭ مەقسىتىگە يەتسىلا، ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئىگىسىنىمۇ مەسخىرە قىلىدىغانلىقىدەك ئەقەللىي ھەقىقەتنىمۇ چۈشەنمەدىغاندۇ؟ ناپولېئوننىڭ قوۋم ـ قېرىنداشلىرى ئالدىدا شۇنداق بىر ئەيىبى بار ئىدىكى، شۇ ئەيىبى تۈپەيلىدىن ھەمىشە ئۆزىنىڭ خاراكتېرىگە خىلاپ ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ، ئارقىدىن ئۆزىنى مۇلايىم كۆرسىتەتتى. ئائىلىسى، دەسلەپتە ئاكا ـ ئىنىلىرىغا بۇيرۇق چۈشۈرەتتى، ئاخىردا ئۇلار پەرمانى بويىچە ئىش كۆرمىسىمۇ مەيلىگە قويۇۋېتەتتى.

ناپولېئون ئەمدى ياش يىگىت ئەمەس ئىدى. پىلانىنىڭ كۆنسايىن كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ بارغانسېرى رەھىمسىزلىك ۋە قوپاللىق قىلىدىغان بولۇپ كەتتى، زىيادە ئىشلەپ، قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكى بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى ئىدى. بۇنىڭدىن ئون ئىككى يىل ئىلگىرى ئالىپ تاغلىرىدىن ئۆتكەندە نامى ئۆزىدىن بۇرۇن پۇتكۈل لومباردى تۈزلەڭلىكىگە بېرىپ بولغان، ياشلىقىغا تايىنىپ ئاشۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا مۆجىزە ياراتقان ۋە بۇ مۆجىزىلەرگە رومانتىك تۈس بېرىپ، قۇرداشلىرىنى ھەسەتتە

قالدۇرغانىدى. ھازىر جىلغىلاردا گۈلدۈرلەپ ئاقىدىغان شوخ دەريا ـ ئېقىنلار كېڭىيىپ ھەيۋەتلىك دەريا ھاسىل بولدى، ئاستا ـ ئاستا ئېقىپ بېرىپ دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان ۋە قوشۇلۇپ كېتىدىغان بۇ دەريالاردا دۇنيانىڭ بايلىقىنى ئېلىپ ماڭغان كېمىلەر ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇردۇ. بۇ ئۇلۇغ زات زېمىنىسگە ئالغان ئېغىر خىزمەت چىرايىغىمۇ، قەلبىگىمۇ چوڭقۇر ئىز سالغانىدى. تىنچ كۈنلىرىمۇ بارا ـ بارا ئازايدى، زوق ـ شوخ بىلەن ئۆتىدىغان شادىمان كۈنلىرى كېمەيدى. بۈيۈك ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش داۋامىدا يامان ئىجتىمائىي ئادەتلەرگە جەڭ ئېلان قىلىشتەك قەھرىمانە جاسارىتى بىلەن جاھان ئەھلىنىڭ قەلبىدە ئابىدە تىكلىگەنىدى.

ناپولېئون ھېلىقى پولشالىق يارىنى پارىژغا ئەكەلدۈرۈپ، بىر چاغلاردا يوسېفىن ئۆزىنى مەھلىيا قىلغان كوچىدىكى ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى. بىر خىل ئاجايىپ خۇراپىي تۇيغۇنىڭ تەسىرىدە شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئاشنىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئارقا ـ ئارقىدىن مۇشۇ كوچىغا ئورۇنلاشتۇردى. ۋالېۋسكانىڭ توققۇزىنى تەل قىلىپ بېرەتتى، ھەتتا ھەر كۈنى ئوردا تېۋىپى ئەۋەتىپ سالامەتلىكىنى تەكشۈرگۈزەتتى، بىراق، ۋالېۋسكا گەرچە بۇ يەردە تۇرۇۋاتقانلىقى ھەممە كىشىگە ئاشكارا بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنى يىنھان تۇتۇپ يالغۇز تۇراتتى، ئىمپېراتور بۈيۈك دۆلەت تىياتىرخانىسىدىن زاكاز قىلىپ بەرگەن لوژىغىمۇ بارمايتتى، ھەتتا ناپولېئون بىلەن كۆرۈشكىلىمۇ پات ـ پات بېرىپ تۇرمايتتى. بۇ ھال رومانتىك سەھرايى مۇھەببەت داۋامىدىكى كىچىككىنە بىر قىستۇرما ئىدى. ناپولېئون ئىزچىل تۇردە بۇ مەشۇقىدىن بىر شاھزادىلىك بولۇش ئۈمىدىدە بولۇپ كەلگەنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇگۈنكى كۈندە بىر شاھزادىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش

ھېسابلىناتتى.

ئىمپېراتور ئاپىسىنىڭ ئورۇنسىز تەلپىگە ئىتائەت قىلىپ تۇنجى نىكاھسىز ئوغلىدىن (بېرلىندىكى چېغىدا تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان بالا شۇ ئىدى، شۇ چاغدىن باشلاپ كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى بالا تاپالمايدۇ دېگەندەك سۆز - چۆچەكلەرنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىگە جەزم قىلغان) ۋاز كەچكەنىدى. پارىژغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ ئايالمۇ پارىژغا كېلىپ كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغان، ناپولېئون بولسا قوبۇل قىلىشنى راۋا كۆرمەي، كۆرۈشۈپ باقمىغان ھەرقانداق كىشى بىلەن كۆرۈشمەيدىكەن، دەپ قويۇشقا ئادەم چىقارغانىدى. بىراق، ئۇ ئايالغا ئۆي - زېمىن ئېلىپ بەردى، نۇرغۇن پۇل بەردى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئايال بىلەن ئىككىنچى كۆرۈشمىدى. بالىنى بېرلىندىن پارىژغا ئەكېلىپ يېنىدا باقتى، ھەتتا شاھزادە قىلىپ بېكىتمەكچىمۇ بولدى. ھەممە ئىش يەڭ ئىچىدە كېتىۋاتاتتى، ئۆزى ماھىيەت دەپ ئاتايدىغان، بەزىدە «تەقدىر» دەپمۇ ئاتايدىغان كۆرۈنمەس ئىگىسى قىرىق يېشىدا ئاران نائىل بولغان ئىنسانىي تۇرمۇشتىكى ئەڭ ماھىيەتلىك تەبىئىي ئاتا - بالىلىق تۇرمۇشنىڭ بەخت - سائادىتىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا ئىجازەت بەرمىگەنىدى. ئاران تەستە ئۆزىگە ۋارىس بولغۇدەك بىر ئوغۇللۇق بولغان بولسىمۇ، غەرب ئىمپېراتورى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ: «بۇ مېنىڭ ئوغلۇم!» دېيىشكە پېتىنالمىدى. بىراق، بۇ بالىغا ئۆز ئىسمىنىڭ يېرىمىنى بېرىپ، «لېئون» دەپ ئات قويدى.

ھالبۇكى، بۇ بالىنىڭ ئاپىسى ئوغلى بىلەن ياتلىشىپ كەتكەنىدى، ناپولېئون بۇ بالىنى ئۆزىگە ۋارىس قىلىش نىيىتىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا يالتايدى. بالىنىڭ ئاپىسىنى ئانچە ياخشى ئەمەس دەپ قارىغان بولۇشى ياكى بۇ يېرىم ناپولېئوننى كەلگۈسىدە يېرىم گۇناھكار ياكى سېپى ئۆزىدىن نائەھلىي بولۇپ

چىقىدۇ، دەپ قارىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ناپولېئون يوسېفىن بىلەن ئاجرىشىپ باشقا بىرىگە ئۆيلىنىشكە تەقەززا ئىدى. شۇ ۋەجىدىن يوسېفىن بىلەن كۆپ قېتىم سۆزلەشتى. بىراق، شۇنىڭدىن كېيىن يوسېفىنىنىڭلا ئەمەس، ئۆزىنىڭ كۆزىدىمۇ ياش غىلدىرلاپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. «ئالەمدە پەرزەنتسىز ئۆتۈشتىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىش يوق!» دېگەنىدى ناپولېئون بىر قېتىم. ھالبۇكى، خانىمىغا بولغان مۇھەببىتى يېشىنىڭ ئارتىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ كۈنسايىن چوڭقۇرلاشماقتا ئىدى. ئامراق مەھبۇبى بىلەن ئادا ــ جۇدا بولۇش نەقەدەر مۇشەققەتلىك ئىش ــ ھە! يەنە كېلىپ مۇتەئەسسىپ خاراكتېرى تۇپەيلىدىنمۇ خانىمىدىن ئايرىلىشقا قىيالمايتتى.

ــــ ئاجرىشىدىغان بولسام، ــــ دېگەنىدى ئاجرىشىشقا دەۋەت قىلغان تاللېيرانغا، ــــ جەمەتىم سېھرىي كۈچتىن مەھرۇم بولىدۇ، يەنە كېلىپ يېڭى خانىمنىڭ تۇرمۇش تەلەپلىرىگە ۋە خىلمۇخىل ئارزۇ ــ ھەۋەسلىرىگە ئادەتلىنىشنى يېڭىباشتىن ئۆگىنىشىمگە توغرا كېلىدۇ. خانىش ماڭا تامامەن باب كېلىدۇ، بىر ــ بىرىمىزنى ئوبدان چۈشىنىشىمىز. ماڭا كۆپ قېتىم ياردەم بەرگەن. ئاجرىشىپ كېتىدىغان بولسام، ۋاپاغا جاپا قىلغان بولىمەن.

بۇ سۆزلەر شۇ قەدەر مۇلايىم ۋە ئەقىلغا مۇۋاپىق ئىدى. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئۇششاق بۇرژۇئازىيەگە خاس تۇيغۇسى تۇپەيلىدىن خانىمى بىلەن قەتئىي ئاجرىشىش نىيىتىگە كېلەلمەيتتى.

بىراق، قىيىنچىلىق كۆپىيىۋەرگەچكە، ئەمدى بىر قارارغا كېلىپ، كەسكىن تەدبىر قوللانمىسا بولمايدىغان يەرگە يەتتى. يوسېفىننى قويۇۋەتكەندىن كېيىن ئەخلاق مەسىلىسىگە

تاقىلىدىغان قانداق ئىنكاس قوزغىلىدىغانلىقى ئۈستىدە ئويلىنىپ (يوسىپنى فىرانسىيەدە ناپولېئوندىنمۇ بەكرەك ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى)، ئۆزىنىڭ ئىزچىل پوزىتسىيەسى بويىچە ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە كىرىپ چىقمايدىغان بىر چارىنى ئويلاپ تېپىپ، بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقماقچى بولدى. ئۇ ئۆزى ئىزچىل تۇردە موھتاج بولۇپ كەلگەن، بولۇپمۇ شۇ تاپتا تېخىمۇ ھاجىتى چۈشۈۋاتقان ئىنىسى لۇسىئان بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى. ئاپىسى بۇ ئىككى ئوغلىنى ياراشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ئارىغا چۈشۈپ، لۇسىئاننى يېنىغا ئېلىپ كەلگەنىدى. ناپولېئون ئىتالىيەنى كۆزدىن كۆچۈرۈش ئۈچۈن ئاتلانماقچى بولۇپ تۇرغان مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئىنىسى بىلەن كۆرۈشتى.

## ئون سەككىزىنچى، ئىنىسىنىڭ نەزىرىدىكى ناپولېئون

يول بويى ئاكىسىنىڭ نەزەربەند قىلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ كەلگەن لۇسىئان ئاكىسى تۇرۇۋاتقان مانتۇئا قەسىرىگە دەككە ـ دۈككە ئىچىدە كىرىپ كەلدى، بۇ دىكابىرنىڭ بىر ئاخشىمى ئىدى. ئاكىسىنىڭ پىلىدىرلاپ يېنىپ تۇرغان شاملار بىلەن يوپيورۇق بولۇپ كەتكەن ھۇجرىسىغا كىرگىنىدە يورۇق چېقىپ كۆزىنى ئاچالماي قالدى، پەقەت مۇلازىمىنىڭ پەس ئاۋازدا: «ئالىيلىرى، ئىنىلىرى لۇسىئان كەلدى» دېگەن سۆزىنىلا ئاڭلىدى.

چوڭ ھەجىملىك ياۋروپا خەرىتىسى يېيىلغان يۇمىلاق ئۈستەلگە جەينىكىنى قويۇپ، ئالىقىنىدا پېشانىسىنى تىرەپ، ئوڭ قولىدا بىرلەشمە ئارمىيە ياكى كورپۇسلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان رەڭگارەڭ يىڭنىلەرنى خەرىتىگە سانجىپ ئولتۇرغان

ناپولېئون ئاخلاپ تۇرۇپمۇ پېتىنى بۇزماي ئولتۇرسۇەردى. ئىمپېراتورنى كۆرمىگىنىگە خېلى يىللار بولۇپ قالغان لۇسىئان مۇشۇ يىللاردىن بۇيان ئاكىسىنىڭ چىرايىدا بىرمۇنچە ئۆزگىرىش پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. دەسلەپتە ئالدىدىكى بۇ ئادەمنىڭ ئىمپېراتور ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىگە جەزم قىلالماي بىرقانچە مىنۇت تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ناپولېئون ئاخىر ئۆرە بولۇپ تازا بىر ئەسنەپ، سافاغا تاشلىنىپ ئولتۇردى ـ دە، ئۇستەلدىن بىر كىچىك قوڭغۇراقنى ئېلىپ كۇچەپ چالدى، لۇسىئان بۇ چاغدا ئالدىغا بىرقانچە قەدەم ماڭدى:

ــ ئالىيلىرى، مەن لۇسىئان.

ئىمپېراتور ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، مۇلازىمنى چىقىپ كەت، دەپ ئىشارەت قىلدى، ئاندىن ئىنىسىنىڭ قولىدىن تارتتى، گەرچە سەل ئوڭايسىزلىنىپ تۇرسىمۇ، ھەرھالدا قىزغىن ئىدى. لۇسىئان ئاكىسىنى قۇچاقلىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى، ئىمپېراتور ئىنىسىنىڭ قۇچاقلىشىنى رەت قىلمىدى ـ يۇ، ئىنىسىدەك قىزغىن بولۇپ كەتمىدى، خۇددى بۇنداق يېقىنچىلىقتا كۆنەلمىگەندەك ئىدى. ئاندىن لۇسىئاننى مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئارقىغىراق ئىتتىرىپ، سەپسېلىپ قاراپ چىقتى.

ــ راستلا سەنمۇ؟ ئوبدان تۇردۇڭمۇ؟ ئۆيدىكىلەر تىنچلىقمۇ؟ رىمدىن قاچان يولغا چىقتىڭ؟ سەپىرىڭ ئوڭۇشلۇق بولدىمۇ؟ پاپاچۇ؟ ئوبدان تۇرغاندۇ؟ سېنى ياخشى كۆرەمدۇ؟

ئاكىسىنىڭ بىر تالاي سوئاللىرىدىن كۆڭلىدىكى بىر بىئاراملىقنى ھېس قىلىپ يەتكەن لۇسىئان ئۇدۇللۇق جاۋاب بەردى ھەمدە ئاكىسىنىڭ ھېلىمۇ شۇنداق ساغلام تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ خۇشال بولغانلىقىنى ئېيتتى.

— شۇنداق، ئوبدان تۇردۇم. بىراق، سەمرىپ كەتتىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بارغانسېرى سەمرىپ كېتەرمەنمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىمەن، — ئاندىن ئۇ ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن لۇسىئانىغا بېشىدىن ئايىغىغىچە قاراپ چىقتى ـ دە، تاماكىدىن چىمدىپ ئېلىپ بۇرنىغا تۇتتى، — ئۆزۈڭچۇ؟ رەڭگىرويىڭ شۇنداق ئوبدان تۇرۇپتۇ. ئىلگىرى بەك ئورۇق ئىدىڭ، هازىر ئوبدان بولۇپ كېتىپسەن، كېلىشكەن ئادەم بوپسەن.

— مېنى زاڭلىق قىلىۋاتىسىز، ئالىيلىرى.

— ياق، راست دەيمەن. كېلە، ئولتۇر، بىردەم مۇڭدىشايلى.

ئىككىيلەن چوڭ خەرىتىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئورۇن ئالدى. ئىمپېراتور قولىدىكى يىڭنىلەرنى مىدىرلىتىپ ئولتۇرىۋەردى، لۇسىئان ئاكىسىنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتۈپ جىمىدە ئولتۇردى، ئەمما ئىمپېراتور هېچ زۇۋان سۈرمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن لۇسىئان ئاۋۋال ئېغىز ئاچتى:

— ئالىيلىرى...

بۇ چاغدا ئىمپېراتور قولىدىكى يىڭنىلەرنى قويۇپ:

— قانداق، ماڭا دەيدىغان گېپىڭ بارمىدى؟ — دەپ سوراپ قويدى.

— ئىلگىرىكى قىلىقىمنى كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋەتكەن بولغىيدىڭىز.

— چىقىرىۋېتىمەن، ئەمما گەپ ئۆزۈڭدە.

— غۇرۇرۇمغا تەگمەيدىغانلا ئىش بولسا، نېمە قىل دېسىڭىز شۇنى قىلىشقا رازىمەن.

— ئوبدان. بىراق، هېلىقى ئىشلارچۇ؟ غۇرۇرۇڭغا تاقىلامدۇ؟

شۇنىڭ بىلەن لۇسىئان تەبىئەت ۋە دىن ئۈستىدە پاراڭ قىلدى.

— سىياسىي ۋە قانۇنمۇ بار. سىياسىيغا ئارزاقمۇ كۆڭۈل

بۆلمەمسەن؟ — دېدى ئىمپېراتور.

لۇسىئان ئۆزىنىڭ سىياسىدىن قول ئۈزگەن ئاددىي پۇقرا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

— پۇتۇنلەي ئۆزۈڭگە باغلىق. خالىساڭ ئاكا ـ ئىنىلىرىڭگە ئوخشاشلا پادىشاھ بولىسەن.

— ئالىيلىرى، خانىمىمىنىڭ غۇرۇرى، بالىلىرىمىنىڭ ئورنى...

— ھە دېگەندە خانىمىڭنىڭ گېپىنى قىلىشىۋېرىسەنغۇ. ئۆزۈڭگىمۇ ئايان، ھېچقاچان خانىمىڭ ئەمەس، بۇرۇنمۇ شۇنداق ئىدى، ھازىرمۇ شۇنداق، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىۋېرىدۇ. چۈنكى، مەن ئۇنىڭ خانىمىڭ ئىكەنلىكىنى مەڭگۈ ئېتىراپ قىلمايمەن.

— ئالىيلىرى !؟

— شۇنداق، مەڭگۈ ئېتىراپ قىلمايمەن، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشكەن تەقدىردىمۇ ئېتىراپ قىلمايمەن. سەن دېگەن مېنىڭ ئىنىسىم، ماڭا قىلغان ـ ئەتكەنلىرىڭنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋېتىدىغانلىقىم تەبىئىي. بىراق، ئۇنى مەڭگۈ ئەيىبلەيمەن.

ناپولېئون يەنە خېلى ئۇزاق تاپا ـ تەنە قىلىپ ئىنىسىنى ئەيىبلىدى. لۇسىئان ئاخىر بولالماي ئاچچىق كۈلگىنىچە گېپىنى ئارىلىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى:

— گېپىڭىزنى سىلىقراق قىلسىڭىز بوپتىكەن، ئالىيلىرى. كونىلاردا «تىلاۋەتچىلەرنىڭ سېپى ئۆزگەرسىمۇ، ئىلاھى ئۆزگەرمەس» دېگەن تەمسىل بار، — لۇسىئان بۇ ئىبارىنى فىرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىپ ئېيتىشنى زۆرۈر تاپقانىدى، ئىمپېراتور گېپىنىڭ بېلىگە تېپىپ، يەنە ئۇنىڭ رەپىقىسىنى نامى چىقىپ كەتكەن بۇزۇق ئايال دەپ تىللىغىلى تۇردى.

لۇسىئاننىڭ بۇ گەپتىن تازا ئوغىسى قايناندى. ئىمپېراتورمۇ ئۆزىنىڭ سەل ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەن بولسا كېرەك، لۇسىئاننىڭ كۆڭلىنى ياساپ قويۇش ئۈچۈن گېپىنى ئۇلىشىپ:

— بۇ گەپلەر بەزىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىش ئۈچۈن تاپقان ئۆسەك سۆزلىرى بولۇشى مۇمكىن، — دەپ قويدى. ئەمما، ئارقىدىنلا، — ماڭا بۇ ئايالنى ئېتىراپ قىلغۇزالىشىڭ مەڭگۇ مۇمكىن ئەمەس. يەنە كېلىپ «سالى قانۇنى»غا ئوخشاش نېگىزلىك قانۇندا خان جەمەتى ئەزالىرىنىڭ نىكاھى ئىمپېراتورنىڭ رۇخسىتىدىن ئۆتكەن بولۇشى كېرەك، بولمىسا ئىناۋەتسىز بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن، — دېدى.

لۇسىئان ئۆزلىرىنىڭ بۇ قانۇن تۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى توي قىلغانلىقىنى ئىمپېراتورنىڭ سەمىگە سالدى.

— ئوغۇ شۇنداق. بىراق، نىكاھىڭلار تۈپەيلىدىنلا بۇ قانۇننى تۈزگەنمەن، — دېدى ئىمپېراتور.

مانا بۇ ناپولېئونچە مەنتىق ئىدى، بۇ مەنتىقتىن لۇسىئاننىڭ كۈلگۈسى كەلدى.

— نېمىگە كۈلىسەن؟ گېپىمنىڭ كۈلگۈدەك نېمىسى بار !؟ خانىمىڭ ۋە ماڭا قارشى كىشىلەرنىڭ بۇ ئىشقا قانداق قارايدىغانلىقى ماڭا ئايان. بىراق، سەن بولساڭ ماڭا قارشى كىشىلەردىن دوست تاللىدىڭ. ساپ دىل، ئاق كۆڭۈل فىرانسىيەلىكلەر ئىچىدىن سېنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىڭنى ياقلايدىغان بىرىمۇ تېپىلمايدۇ. نامىڭنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىشىڭ بىردىنبىر چارىسى شۇكى، خۇددى ژېرومبىدەك مېنىڭ تەشەببۇسلىرىمنى ھىمايە قىلىشىڭ كېرەك.

لۇسىئاننىڭ ئۆز تەقدىرى ئىمپېراتورنىڭ قولىدا بولغاچقا، ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغۇسى يوق ئىدى. بىراق،

ئىمپېراتورنىڭ گەپلىرىدىن سەۋر قاچىسى تېشىپ، قارشى پوزىتسىيە قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، ئىككىنچى ئولتۇرمىدى.

ــ ئالىيلىرى، ئۆزىڭىزنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ ئالداۋاتىسىز. ئەگەر خىزمەتكارلىرىڭىز ماڭا تۇتقان پوزىتسىيەڭىزنى قوۋۋەتلەپ، بۇ ئىشىڭىزنى بۇرۇن مېنىڭ سىزنى قۇتقۇزغانلىقىمغا رەھمەت ئېيتقانلىق دەپ قارايدىغان بولسا، بۇ پەقەت ئۇلارنىڭ كەتمىنىڭىزنى چاپقانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مېنىڭ خىزمەتكارلىرىم مېنى توغرا قىلدى، دەپ قارايدۇ.

بۇ گەپتىن ناپولېئوننىڭ تەرى تۇرۇلۇپ، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنى چاقناپ كەتتى. بۇرنىمۇ سەلگىنە لىپىلدىدى. بۇ پۇتۇنلەي مۇشۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى. بىراق، لۇسىئان بۇلارغا دىققەت قىلمىغاندەك بىر خىل ھالەتتە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ دۆلەت مېنى زادى نېمە قىلسۇن دېمەكچى؟ قىلغان ياخشىلىقىمنى زادى قانداق ياندۇرماقچى؟ ئۇلار مېنى ئىمپېرىيەنى قۇتقۇزغان شاپائەتچىمىز، دەپ بىلىشى كېرەك ئىدى... سىز قاراپ تۇرۇپ ماڭا ژىرومېغا قويغان ئۆلچىمىڭىز بويىچە تەلەپ قويۇۋاتىسىز، مەن بۇنىڭدىن پەخىرلىنىمەنمۇ؟ ياق، ئالىيلىرى، گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتسام، ئىشلار سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولماستىن، ھەركىم ئۆزىگە لايىق ئورنىنى تېپىپ، ئۆزىگە خاس ئۇسۇلدا ياشاشنى پادىشاھ بولۇشتىن ئەۋزەل كۆرىدۇ، ھەتتا ئاشۇ خىزمەتكارلارمۇ بۇنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

ناپولېئون بۇ چاغدا ئىنتايىن ئېغىر ـ بېسىق بولۇپ كەتتى. لۇسىئان ئاكىسىنى دەرغەزەپ بولۇپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتەرمىكىن دەپ ئويلىغانىدى، ئەمەلىيەتتە زادىلا ئۇنداق

بولمىدى. ناپولېئون ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئېغىز ئاچتى.

— تاللېيران توغرا ئېيتقانىكەن، سەن باشتىن - ئاياغ ئوتقۇيرۇقلۇق قىلىپ، مەن بىلەن قېرىشىپ كەلگەنىكەنسەن، ئۆزۈڭچە خۇددى كۆلۈبتا سۆزلىگەندەك سۆزلىگەن نۇتقىڭنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە بەرھەق دەپ قارايسەن، شۇنداقمۇ؟ ئېھ پۇقرايىم، خاتالاشتىڭ، ئۇنداق ناتىقلىقىڭنىڭ ۋاقتى ئۆتتى. دەرۋەقە، ھېلىمۇ ئېسىمدە، تۇمان ئېيىنىڭ ئون سەككىزىنچى كۈنى ماڭا چوڭ ياردەم قىلغانىدىڭ. بىراق، سېنى قوتقۇزغانمەن، دەيدىغان بولساڭ، بۇ گېپىڭ ئانچە قايىل قىلارلىق بولمايدۇ. ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، شۇ چاغدا فىرانسىيەنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھاكىمىيەتنى مەركەزلەشتۈرمەكچى بولغىنىمدا سەن ماڭا باشلامچىلىق بىلەن قارشى چىقىپ، كىشىلەرنى مەن بىلەن تىنماي مۇنازىرىگە سالغانىدىڭ. يوسېفىن ئىككىمىز سېنى بۇنىڭدىن كېيىن بۇ مەسىلىدە ماڭا قارشى قوپماستىن سۈكۈت قىلىدىغان بولسىدى، دېگەن ئۈمىدتە تۇن نىسپىيىگىچە ئاغزىمىزنى ئۇپراتقانىدۇق، ئاخىردا ماڭا قارشى ھەرىكىتىڭدە غەلىبە قازىنىشقا ئاز قالغانىدىڭ. بۇ ئىشلىرىڭنى ئويلىساملا يېنىكلەپ قالىمەن. چۈنكى، سەن ئاشۇ ئىشىڭ بىلەن مېنى ئۆز ۋاقتىدا قۇتقۇزغان شاپائىتىڭنى ياندۇرۇش مەجبۇرىيىتىمدىن خالاس قىلغانىدىڭ.

ناپولېئون شۇ تەرزدە ئاغزى بېسىقماي سۆزلەۋەردى، تۇمان ئېيىنىڭ ئون سەككىزىنچى كۈنىدىكى ئاشۇ ئىش ئۈستىدە توختالدى، ھەتتا ئۆزىگە ياردەم بەرگەن كورسىكالىقلارنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماي تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. بولۇپمۇ سەركەردىلىرى ۋە ئۆلارنىڭ ساداقەتمەنلىكى ئۈستىدە توختالغاندا ئىچ - ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىققان بىر خىل بەختىيارلىق تۇيغۇسى

چىرايىغا تىپىپ چىقتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆزى بىلەن قېرىنداشلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىر ـ بىرىگە زىت سىياسىي پىكىر ئىختىلاپلىرى ئۇستىدىمۇ توختىلىپ ئۆتتى ھەمدە ئۆز قارىشىنىڭ نەقەدەر توغرا ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. ئاخىردا بىردىنلا باشقا تېمىغا كۆچتى.

ـــ بەس، كونا خامانىنى سورۇشمايلى، تۇمان ئېيىنىڭ ئون سەككىزىنچى كۈنىدىكى ئىشلار قەدىمكى زامان تارىخى بولۇپ قالدى. سىېنى بۇ ئىش توغرىسىدا يەنە جېدەللىشىش ئۈچۈن چاقىرغان ئەمەسمەن، ـــ دېدى ناپولېئون. ئاندىن يەنە ئىككىيلەننىڭ ئارىسىدا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق سۈكۈت ھۆكۈم سۈردى.

ـــ ماڭا قارا، لۇسىئان، گېپىمنى ئوبدانراق ئويلىنىپ كۆر، مەن چوڭ ھوقۇقنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ئادەم بولغاچقا، ئىمكانقەدەر ئاچچىقلانماي، سەن ماڭا ئىشەنگەنلىكىڭ ئۈچۈنلا ئالدىمغا كەلدىڭ. فىرانسىيە ئىمپېراتورى بولغان تەقدىردىمۇ، كورسىكالىقلارنىڭ مېھمانغا مۇئامىلە قىلىش قائىدىسىنى بۇزسام بولمايدۇ. ئاتا ـ بوۋىمىز ۋە يۇرتىمىزغا خاس بۇنداق ئەخلاق ـ پەزىلەت سېنىڭ مۇتلەق بىخەتەرلىكىڭنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ!

ئىمپېراتور ئوردا ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ ئۇزاق ئويلاندى، ئاندىن لۇسىئاننىڭ ئالدىغا كېلىپ قولىنى مەھكەم قىستى:

ـــ بۇ يەردە ئىككىمىزدىن باشقا ئادەم يوق، شۇنداقمۇ؟ پارىڭىمىزنى ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ. ئىكاھىڭغا ئادىل مۇئامىلە قىلماي خاتا قىلدىم... سېنىڭ كاجلىقىڭ، غۇرۇرۇڭ، ئىچىڭنىڭ كۆچلۈكلۈكى ماڭا ئايان بولدى. ئەخلاق ۋە غۇرۇرغا تەڭ ھېچ نەرسە يوق، بىز پادىشاھلارمۇ سىياسىي ئىشلارغا دۇچ

كەلگىنىمىزدە ئوتتەك قىزغىنلىقىمىزنى يوشۇرماي تۇرالمايمىز. ئىككىڭلارنىڭ بېشىڭلارنى بىر قىلىشىڭلارغا ئارىلاشمىسام بولاتتى، بەزىلەر ئالدىمدا خانىمىڭغا تۆھمەت قىلىدۇ، مەدھىيە ئوقۇيدىغانلارمۇ بار، ئەلۋەتتە. بولۇپمۇ ئاپام خانىمىڭنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنى ساڭا بەخت ـ سائادەت بەخش ئېتىدىغان ياخشى ئايال، دەپ ماختايدۇ. لېبرون خانىمىڭنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي تەرىپلەپلا يۈرىدۇ، يوسىفىن شۇنىڭغا قاراپ لېبروننى خانىمىڭغا كۆيۈپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپمۇ قالدى. خانىمىم بىلەن ئىككىمىز ئىنتايىن خۇشال ئۆتۈۋاتىمىز. بەزىلەر يوسىفىننى ئاچچىقى يامان دېيىشىدۇ، ئەمما يوسىفىن ھېچقاچان ماڭا ئاچچىقلىنىپ باقمىدى. مەنغۇ خانىمىڭنى كەمسىتمەيمەن. پەقەت سېنى ئۆزىگە كۆيدۈرۈپ، مېنى ئەڭ تالانتلىق بىر ئىنىمدىن مەھرۇم قويغانلىقى ئۈچۈنلا نەپرەتلىنىمەن. بىراق، گۈزەل رۇخسارنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ، ھامان بىر كۈنى نائۈمىد قالىسەن، سىياسىي ھاياتىڭغا قايتىپ كەلگىنىڭدە پىكرىڭگە قارشى چىقىسەن، سېنى ئىرادەمگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن تەدبىر قوللانماي قالمايمەن. چۈنكى، ئەگەر مەن تەرەپتە تۇرمىساڭ، ياۋروپا ئىككىمىزگە تارلىق قىلىدۇ.

— مېنى مازاق قىلىۋاتىسىزغۇ دەيمەن؟

— ئۇنداق ئەمەس، ئەستايىدىل گەپ قىلىۋاتىمەن. بىز يا دوست، يا دۈشمەن بولىمىز، ئۆزۈڭ تاللا! ھازىر تاللىساڭ كېيىن تاللىغىنىڭدىن ئاسان توختايدۇ! ھەيران بولۇشۇڭنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇزاققا بارمايلا ئائىلە سىياسىتىمنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلىپ قالىسەن. بۇرۇن ئۆزۈم چەتكە قاققان پەرزەنتلىرىڭگە ھازىر ئىنتايىن موھتاجمەن. بىراق، ئۇلار ئالدى بىلەن سۇلالىمىز تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشى شەرت، مەن نىكاھىنى ئېتىراپ قىلمىغان ئاتا ـ ئانىدىن تۇغۇلغان

پەرزەنتلەرنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئېيتىپ باقە، ئەگەر مېنىڭ ئورنۇمدا سەن بولغان بولساڭ قانداق قىلاتتىڭ؟

لۇسىئان ئىمپېراتورنى ئالىي پالاتاغا ئاددىي بىر قارار ماقۇللاتقۇزۇپ، بالىلىرىنى تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىشقا دەۋەت قىلدى.

— شۇنداق قىلسام بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن، ئەلۋەتتە. بىراق، ئۇنداق قىلالمايمەن. بايا ئېيتقىنىڭدەك، جامائەت پىكرى تولىمۇ مۇھىم. ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولسام، ھەربىر ھەرىكىتىمنى كۆز ئۇزمەي كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقان كىشىلەر نېمە دەيدۇ؟ لەۋزىمدە تۇرمىسام، ئورۇشتا مەغلۇپ بولغىنىمدىنمۇ ئېغىر زىيان تارتىمەن.

لۇسىئان ئۆزىنىڭ ناپولېئون تەختكە چىقىشتىن ئىلگىرىكى نىكاھى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەندىن كېيىن:

— ئالىيلىرى، تىلىكىمنى ئىلىك ئالغايسىز. چۈنكى، مەندىن ئۆتەر سادىق چاكارنى تاپالمايسىز، بۇ ياخشىلىقىڭىزنى ئۆمۈر بويى قايتۇرار ئىدىم، — دېدى.

ئۇزاق داۋاملاشقان سۆھبەت داۋامىدا بىئارام بولۇپ كەتكەن ناپولېئون ھېلىدىن ـ ھېلىغا تاماكا تارتاتتى، لۇسىئاننىڭ ئاكىسىنىڭ ئەمدى ئەسەبىيلىشىشكە باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى.

— ئاھ تەڭرىم، مېنى ئەجەبمۇ قىستىدىڭ، تەۋرەپ قالدىم. شۇنداق بولسىمۇ ئويلىغىنىڭدەك پالاتاغا قارار ماقۇللاتمايمەن، خانىمىڭنى ئېتىراپ قىلسام بولمايدۇ!

— ئۇنداق بولسا، ئالىيلىرى، مېنى نېمە قىل دەيسىز! — ۋارقىرىدى لۇسىئان ئاچچىقىنى باسالماي، — زادى نېمە قىل

دەيسىز؟

— ئاجراش دېمەكچىمەن.

— بىراق، سىز ھەممىشە بىزنى نىكاھلانمىغان دەيتتىڭىز، شۇنداق تۇرۇقلۇق قايسى نىكاھتىن ئاجرىشىمىز؟

— شۇنداق دەيدىغانلىقىڭنى بىلىمەن، نېمىشقا سېنى نىكاھتىن ئاجراشتۇرماقچى ئىكەنلىكىمنى بىلەمسەن؟ روشەنكى، مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق نىكاھىڭنى ئېتىراپ قىلماقچىمەن. بىراق، خانىمىڭنى ئېتىراپ قىلمايمەن، نىكاھتىن ئاجراشساڭ باللىرىڭغا پايدىلىق بولىدۇ. ئىزچىل تۇردە سېنى شۇنداق قىل دەپ كەلگىنىمدەك بۇ نىكاھىڭنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ خانىمىڭنى قويىۋەت !

— بۇ مەن ئۈچۈنمۇ، باللىرىم ئۈچۈنمۇ ھاقارەت بولىدۇ، ھەرگىز بۇنداق قىلمايمەن !

— ئىلگىرىكى تەكلىپىم بىلەن ھازىرقى تەكلىپىم ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى شۇ ئەقلىڭ بىلەنمۇ پەرقلەندۈرەلمەيۋاتامسەن؟ بۇرۇنقى تەكلىپىم بويىچە نىكاھىڭنى بىكار قىلغان بولساڭ، باللىرىڭ نىكاھسىز تۇغۇلغان باللار بولۇپ قالاتتى !

لۇسىئان باللىرىنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بىلەن پۇقرالىق ھوقۇقى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كۆرسىتىپ ئۆتتى:

— ئالىيلىرى، بەگلىك مەرتىۋىسىنى خالىغىنىڭىزچە تەقسىم قىلسىڭىز بولىۋېرىدۇ. چۈنكى، سىز بۇلارغا نۇرغۇن يىل ئۇرۇش قىلىپ ئېرىشكەنسىز. بىراق، باللىرىمنى بوناپارت جەمەتىنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلالمايسىز. چۈنكى، نىكاھ ۋە قانۇن نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، باللىرىم باشقا باللارغا ئوخشاشلا قانۇنلۇق ۋارىس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ھەتتا پاپامۇ بىر قىزىمغا ئۆزىنىڭ ئاپىسىنىڭ ئىسمىنى قويغان !

— ئۆزۈڭنى بىسۇال! نىكاھتىن ئاجراش دېگەن تەلىپىم نىكاھىڭلارنى ئىتىراپ قىلغانلىق مەنىسىنىمۇ ئالغان. يەنە كېلىپ مەن سىنى چوقۇم ئاجرىشىپ كەت، دەپ زورلىغىنىممۇ يوق. ئەگەر خانىمىڭ مىنىڭ سىياسىتىم ۋە فىرانسىيەنىڭ كەلگۈسى مەنپەئىتى ئۈچۈن قۇربان بېرىدىغان بولسا، تېگىشلىك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. مەن ھەتتا ئۆزۈم ئالدىغا يوقلاپ بېرىشىم مۇمكىن. ئەگەر رەت قىلىدىغان بولساڭلار، ھەر ئىككىڭلار شەخسىيەتچىلىكىڭلار تۈپەيلىدىن پەرزەنتلىرىڭلارنىڭ ئىستىقبالىغا ئولتۇرىسىلەر، پەرزەنتلىرىڭلارمۇ كەلگۈسىدە سىلەرگە قارغىش ياغدۇرىدۇ.

لۇسىئاننىڭ چىرايى ئەلەملىك تۈس ئالدى.

— بەكمۇ كاچ ئىكەنسەن، — دېدى ناپولېئون، — ھەممە ئىشقا ئۈمىدسىزلىك بىلەن قارايدىكەنسەن، مەن ھەرقانداق تىراگېدىيەنى خالىمايمەن، بىلەمسەن؟ ئوبدان ئويلان!

لۇسىئان ئۆز مەيدانىدا قايتا ـ قايتا چىڭ تۇرۇۋالغان ۋە خوشلىشىشنى تەلەپ قىلغاندىن كېيىن، ئىمپېراتور يەنە پادىشاھلىق تەخت تەقسىماتى مەسىلىسىنى تىلغا ئالدى: ئېۋگېن ئىتالىيەدە ۋاقتىنچە تەختكە ئولتۇرۇۋاتاتتى. ئىمپېراتور ئوتانىستىنىمۇ ئاغرىنىپ يۈرەتتى، شۇڭا لۇسىئاننىڭ ئىتالىيەگە بېرىپ تەختكە ئولتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. قېرىنداشلىرىنىڭ ھېچقايسىسىدىن مەمنۇن ئەمەس ئىدى، پەقەت پاۋلىنالا ئىنتايىن ئاقىلانىلىك بىلەن ئۆز نەپسىنى تىزگىنلەپ تۇراتتى. چۈنكى، پاۋلىنا مودا خانىشى بولۇپ قالغان، يەنە كېلىپ كۈندىن ـ كۈنگە چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. يوسېفىن ياشىنىپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە نىكاھتىن ئاجرىشىش مەسىلىسى تۈپەيلىدىن پەرىشان يۈرەتتى.

ناپولېئون توختىماي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، لۇسىئان بىر

چەتتە قۇلاق سېلىپ تۇردى.

— ئويلاپ باق، يوسىپنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ قالسىمۇ يىغلايدۇ، ماڭا تېگىشلىك بولغان ئايالنى زەھەر سالغان دەپ ئويلايدۇ، بىچارە بايقۇش. مەن ئاخىر ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كېتىمەن. بالدۇرراق شۇنداق قىلغان بولسام، بۇ چاغقىچە بالىلىرىممۇ چوڭ بولۇپ قالاتتى. ساڭا ئېيتسام (بۇ چاغدا جىددىي تەلەپپۇزدا سۆزلىدى)، ھەممە ئادەم بىزنىڭ بالىلىق بولالمىغىنىمىزنى مەندىن كۆرىدۇ، بۇ توغرا ئەمەس. مەن بىرقانچە بالىلىق بولدۇم، ئاز دېگەندىمۇ ئىككى بالام بار دېگىنە، — كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغىنى، ئۇ بالىلارنىڭ ئاپىلىرىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالماستىن، ھېلىقى پولەك گىراف خانىمنى تىلغا ئالدى، — تولىمۇ جەلپكار ساھىبجامال، پەرىنىڭ ئۆزىلا... مۇھەببەت توربغا چۈشۈپ قالغىنىمنى بەك كۆلكىلىك ئىش دەپ ئويلايسەن، شۇنداقمۇ؟ شۇنداق، مۇھەببەت توربغا چۈشۈپ قالدىم. بىراق، بۇنىڭلىق بىلەن سىياسىينى ئۇنتۇپ كەتكىنىم يوق. خانىم بىرەر مەلىكىنى ئەمرىمگە ئېلىشقا دەۋەت قىلىدۇ، مەنمۇ ئۆزۈم كۆيىدىغان كىشىنىڭ خانىش بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن، ئەلۋەتتە! سەنمۇ خانىمىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭدە سىياسىينى مۇھىم بىلىشىڭ كېرەك ئىدى.

— ئالىيلىرى، مېنىڭ خانىمىم ئاشنام بولغان تەقدىردىمۇ دېگىنىڭىزدەك قىلمايمەن!

ئىمپېراتورنىڭ پارىژى بارغانسېرى كۆپەيدى، ئاخىرغا بېرىپ ئاجراشتۇرماي قويمايمەن، دېدى. باۋارىيە مەلىكىسىنى ئېۋگېنغا ئېلىپ بەرگەنلىكىگە پۇشايمان قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. چۈنكى، ئېۋگېن مەلىكىنى ئۆزى تاللىمىغاچقا، ياخشى كۆرمەسمىش. ئىمپېراتور يەنە بۇرۇنلا لۇسىئاننىڭ قىزىنى

ئاۋسترىيە شاھزادىسىگە بېرىشكە پۈتۈشۈپ قويۇش خىيالى بارلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى.

— ياكى باشقا شاھزادىگە، ھەتتا بىرەر ئىمپېراتورغا بېرەرمىز... مەندىن بۇرۇن ئاجراش ياكى مەن بىلەن تەڭ ئاجراش، شۇنداق قىلساڭ مېنىڭ نىكاھتىن ئاجراشقانلىقىم توغرىسىدىن سۆز - چۆچەك قىلىدىغانلارنىڭ تايىنى قالمايدۇ. سەن كاجلىق قىلىپ نىكاھتىن ئاجراشقىلى ئۇنىماي كەلگەچكە، نىكاھتىن ئاجرىشىشنىڭ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ قوزغايدۇ. ئالدىمدا قىممىتىڭنى ئىسپاتلاپ بەر! بۇ ئىش قولۇڭدىن كېلىدۇ.

لۇسىئان ئىمپېراتورغا لەپپىدە قاراپ قويۇۋىدى، بۇ ھالدىن ھەيران قالغان ئىمپېراتور ئىنىسىغا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى، ئاندىن:

— نېمىشقا ياق دەيسەن؟ — دېدى.

لۇسىئان بۇ يولسىز تەلەپكە مېيىقىدا كۈلۈپلا قويدى، ئىمپېراتور دەسلەپتە سەل ئۇڭايسىزلانغان بولسىمۇ، يەنە دەرھال ئۆزىگە كەلدى.

— قەدىرلىك پالاتا رەئىسىم، — دەپ ئاتىدى ناپولېئون ئىنىسىنى. لۇسىئان ئۆز ۋاقتىدا بەش يۈز كىشىلىك پالاتانىڭ رەئىسى بولغانىدى، — بەرھەقكى، ياخشىلىقىڭنى قايتۇرىمەن، قايتۇرماي قويمايمەن.

لۇسىئان شۇ تاپتا شۇنداق «بىر خىل تاتلىق خىياللار ئىچىگە چۆمگەن» ئىدىكى، ناپولېئوننىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنىمۇ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئارقىدىنلا ئىمپېراتور بىر خىل تاتلىق تەلەپپۇزدا پەقەت جامائەتنىڭ ئۆزىنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشىغا قايتۇرىدىغان ئىنكاسىنى پەسەيتىش ئۈچۈنلا، لۇسىئاننىڭ ئاجرىشىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لۇسىئان بولسا

ئىمكانقەدەر سىلىق تەلەپپۇزدا گەپ قىلىپ:

— خانىمىڭىز تېخى ياش، تۇغۇتى توختاپ كەتمىدى، ئۇ سىز ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم، — دېدى.

ئىمپېراتور لۇسىئاننىڭ بۇ تاكتىكىلىق سۆزلىرىنى كۆڭلىگە ئېلىپمۇ كەتمىدى.

— خانىمىڭ، ھە، خانىمىڭ دەيمەن، ساڭا ئېيتمىدىممۇ؟ ئۇ پالما ئېلىنىڭ ئايال كىنەزى بولىدۇ، چوڭ ئوغلۇڭلارمۇ خانىمىڭنىڭ تەخت ۋارىسى بولىدۇ. سەن فرانسىيە خانزادىسى بولىسەن. بىراق، چوڭ ئوغلۇڭدا خانزادىلىك ھوقۇقۇڭغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. بۇ ئۆسۈشۈڭ ئۈچۈن باسىدىغان بىرىنچى قەدىمىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن سېنى ئەھۋالغا قاراپ ئۆزۈڭ رازى بولغانغا قەدەر ئۆستۈرىمەن. شارائىت يار بەرسە مۇستەقىل بىر پادىشاھلىق تاجىنى بەرسەممۇ بولىدۇ.

لۇسىئان «مۇستەقىل» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى. بۇ چاغدا ئاكىسى ئۈچۈن ئۆز ۋاقتىدا قانداق رول ئالغانلىقى ئېسىگە كېلىپ قالغاندى.

— توغرا، ئەلۋەتتە مۇستەقىل پادىشاھ بولىسەن. چۈنكى، سەن قانداق دەۋران سۈرۈشنى ئوبدان بىلىسەن... تاللىساڭلا ئىش پۈتىدۇ، — دېدى بۇنى بايقىغان ناپولېئون خۇشال ھالدا ئۈستەلدىكى چوڭ ھەجىملىك خەرىتىنى ئۇرۇپ تۇرۇپ، — بۇ ئاغزىمغا كەلگىنىچە دېگەن گەپ ئەمەس، مانا بۇلار ئىلكىمگە ئۆتۈپ بولدى ياكى ئۆتۈش ئالدىدا تۇرىدۇ، ھازىرمۇ قولۇمدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتىمەن. ناپلېسنى ئالاي دەمسەن؟ ئالغۇڭ بولسا، يوسېفنىڭ قولىدىن ئېلىپ بېرەي. ئىتالىيە ئىمپېرىيەمىزنىڭ ئەڭ چىرايلىق مەرۋايىتى، ئېۋگېن ئۇ يەرگە پەقەت ۋالىي بولۇپلا تۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر ئۆمرى مەندىن ئۇزاق بولسا، ئىتالىيەگە پادىشاھ بولۇشىدىن ئۈمىدى بار. لېكىن، نائۈمىد قالىدۇ، چۈنكى

مەن توقسان يىل ئۆمۈر كۆرىمەن، شۇنچىلىك ياشىيالىسام ئىمپېرىيەمنى مۇستەھكەملىيەلمەيمەن ـ دە. يوسېفىنىنىڭ ئوغلى بولغان ئېۋگېن مەن ئاپىسى بىلەن ئاجراشقاندىن كېيىن ئىتالىيەگە پادىشاھ بولۇشقا لايىق كەلمەيدۇ، ئېۋگېنىنىڭ ئىتالىيەدە تۇرۇشى ئەمدى مۇۋاپىق بولمايدۇ. ئىسپانىيەگە قىزىقامسەن؟ كۆرمىدىڭمۇ، سەن ئامراق بوربون خانىدانلىقىنىڭ سەۋەنلىكى تۈپەيلىدىن ئىسپانىيەمۇ قولۇمغا چۈشتى ئەمەسمۇ؟ سەن ئىلگىرى ئەلچى بولۇپ تۇرغان دۆلەتكە پادىشاھ بولۇشنى خالىماسسەنمۇ؟ ئېيتە، ساڭا نېمە كېرەك؟ ئەگەر مەندىن بۇرۇن ئاجرىشىدىغان بولساڭ، خالىغىنىڭنى تالالىۋالىسەن!

لۇسىئان ناپولېئوننىڭ بۇ بىر تالاي قىزغىن سۆزلىرىدىن تېڭىرقاپ قالمىدى، ئاخىر گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتتى:

— ئالىيلىرى، خانىممىدىن ئاجرىشىشقا گۈزەل فىرانسىيەڭىز بىلەنمۇ ئاژدۇرالمايسىز، يەنە كېلىپ... — لۇسىئان ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئىمپېراتور ئىنىسىنىڭ خىيالىنى بىلىۋېلىپ، لۇسىئان ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان بىر خىل تەكەببۇرلۇق بىلەن مۇنداق دېدى:

— سەن ئادەتتىكى بىر ئادەم تۇرۇقلۇق، ئۆز ئورنۇڭنى مېنىڭدەك بىر ئىمپېراتوردىنمۇ بىخەتەر ئورۇندا دەپ ئويلامسەن؟ ئەگەر راستلا ئەدىپىڭنى بەرمەكچى بولسام، سېنى ئاشۇ پاپالىرىڭ قوغداپ قالالارمۇ؟ — ناپولېئون پاكىت ۋە ھوقۇقىنى پەش قىلىپ قىزىقتۇرۇپ باققاندىن كېيىن رەسمىي گەپكە ئۆتتى، — بىلىشىڭ كېرەككى، ئەگەر نىكاھتىن ئاجراشساڭ ھەممە نەرسىگە ئېرىشىسەن، بولمىسا ھەممىدىن قۇرۇق قالىسەن.

لۇسىئان ئىمپېراتور بىلەن خوشلاشماقچى بولغانلىقىنى ئىما قىلغاندەك ئىشىككە قاراپ قويدى، ئىمپېراتور بولسا ئىنىسىنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، «بىر خىل مۇجمەل تەلەپپۇز ۋە سىرلىق

ئەلپازدا» مۇنداق دېدى:

— نىكاھتىن ئاجرىشار بولسام، ماڭا ماسلىشىپ نىكاھتىن ئاجرىشىدىغان سەندىن باشقا ئادەم يوقمۇ ئەمەس. يوسېف خانىمى بىلەن ئاجرىشىش ئۈچۈن مېنىڭ ئاجرىشىشىمنى كۆتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. چۈنكى، خانىمى قىز بالا تۇغۇشنىلا بىلىدۇ. ماڭا كېرىكى ئوغۇل بالا ئىدى، قىز بالا دېگەن ياتلىق بولۇشتىن باشقا ئىشقا كېرەك كەلمەيدۇ. سېنىڭ چوڭ قىزىڭ ئون تۆت ياشقا كىرىپ قاپتۇ، بۇ تازا ياخشى ۋاقتى. سەن بۇ قىزىڭنى ئاپامنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قويۇشنى خالامسەن؟ دېگىنىمدەك قىلساڭ، مەن ئاپامدىن قىزىڭنىڭ ئىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلىمەن، ئامراق قىزىڭدىن ئەندىشە قىلىشىڭنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. قىزىڭغا ئېيتقىن، بىز ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالىمىز، ھەرگىزمۇ كىچىك بالا كۆرۈپ قۇلىقىنى تارتمايمەن، تېخىمۇ كۆپ جىيەن ئوغلۇم ۋە جىيەن قىزىم بولسا دەيمەن! مەن قويۇۋەتكەن يوسېفىن، يەنى سىڭلىڭ ئوتانىسنىڭ بالىلىرىنىڭ مومىسى مەڭگۈ مېنىڭ قانۇنلۇق پەرزەنتىم ۋە بېقىۋالغان ئوغلۇمنىڭ رىقابەتچىسى بولۇپ قالىدۇ، — ئىمپېراتور ئاندىن يەنە ئۆز ـ ئۆزىگە دېگەندەك بىر تەرزدە جاكارلىدى، — شۇنداق قىلمىسام بولمايدۇ، لۇئىس بىلەن ئوتانىسنىڭ بالىلىرىنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقا چارە يوق، — دېدى.

ناپولېئون ئاندىن نىكاھسىز بالىلىرىنىڭ گېپىگە قايتىپ كېلىپ، بۇ بالىلارنى بېقىۋالاي دەيمەن، دېدى ۋە تەپسىلاتلىرى ئۈستىدە توختالدى، ئاندىن بىردىنلا ۋارقىراپ كەتتى.

— مېنىڭ ھوقۇقۇم ئارقىلىق نىكاھسىز بالىلىرىمنى قانۇنلۇق قىلالايدىغانلىقىمغا ئىشەنمەمسەن؟ لۇئىس X IV مۇ ئىشقىۋازلىق قىلىپ تاپقان ئوغلىنى تەخت ۋارىسى

قىلغانىكەنغۇ؟

ئىمپېراتور يەنە يوسىپنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش مەسىلىسىگە ئۆتتى. لۇسىئاننىڭ چىرايى شۇبھىلىك تۈس ئالدى. ناپولېئون خۇشال قىياپەتتە قوللىرىنى ئىشقىلاپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرى:

— راست دەيمەن! يوسىپىمۇ، سەنمۇ نىكاھتىن ئاجرىشىسىلەر، ئۇچىلىمىز خانىملىرىمىز بىلەن ئاجرىشىمىز، ئاندىن بىر كۈندە توي قىلىمىز!

ئۇ يەنە بىرمۇنچە كۆڭۈللۈك پاراڭلارنىمۇ قىلىپ بەردى، ئۇنىڭدىن كېيىن توساتتىنلا مۇنداق دېدى:

— بەك تەلەيچان بولۇپ كېتىپسەن، كىشىلەر سېنى قەدىمدە ئۆتكەن گىرېك ئاقىلى دەپ قېلىشۋاتىدۇ. قېشىمدا ئۈچ كۈن تۇرغىن، ھۇجرامنىڭ يېنىدىكى قوشنا ھۇجرىغا بىر كارىۋات راسلاتقۇزۇپ بېرەي.

لۇسىئان ئىمپېراتورنىڭ ئۆزىنى يەنە بىر قېتىم ئېزىقتۇرۇشىدىن ئەندىشە قىلىپ، «بالام ئاغرىق ئىدى» دېگەن باھانە بىلەن ئىمپېراتورنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى.

— خانىمىڭ بىلەن بىر - بىرىڭلارنى ئەپۇ قىلىشىپ ئۆتىۋەرمەكچىمۇ؟! ئەمىسە خوش، قايتىپ بېرىپ دوست بولۇپ ئۆتىۋەرگىن!

لۇسىئان خانىمىنىڭ ئىمپېراتور ئۆچمەنلىك قىلىۋەرگەچكە، ئەنسىزچىلىك ۋە دەرد - ئەلەم دەستىدە ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپلا يۈرىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى.

— راستمۇ؟ ۋاي ئىست، ھالىدىن ئوبدانراق خەۋەر ئالغىن. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سەن ئاجرىشىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ قالمىسۇن، شۇنداق بولۇپ قالسا، باللىرىڭنى قانۇنلۇق ۋارىس قىلالماي قالىمەن.

لۇسىئان ئوبدانىراق ئويلىنىپ باقاي دېگەن قىياپەتكە كىرىۋالدى.

ـــ ماقۇل ئەمىسە، كېتىمەن دەپ تۇرۇۋالدىڭ، يول بولسۇن! بىراق، چوقۇم مەخپىيەتلىكنى ساقلىغىن! ـــ ناپولېئون لۇسىئاننىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ، يۈزىنى يۈزىگە يېقىپ خوشلاشتى. ناپولېئوننىڭ بۇ ھەرىكىتى تولىمۇ ياسالما بولۇپ، قېرىنداشلىق مېھرىدىن ھېچ ئەسەر يوق ئىدى. لۇسىئان ئۆيدىن چىققاندا ئىمپېراتورنىڭ «مېنىۋال!» دەپ توۋلىغان قوپال ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېلىپ يەنە بىر قېتىم ۋەھىمىگە چۈشتى ـ دە، قەدىمىنى تېزلەتتى.

ھېچقانداق كىشى مەيلى شائىر ياكى تارىخشۇناس بولسۇن، ناپولېئوننى لۇسىئاننىڭ خاتىرىسىدىكىدىنمۇ ئېنىق ۋە ئەينەن تەسۋىرلەپ بېرەلىگەن ئەمەس. ناپولېئون شۇ ئاخشىمى بىئارام بولۇپ يۈتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلاپلا ئۆتتى. چۈنكى، مەجبۇرلىمىسىمۇ ۋىجدانەن ياردەم بېرىشكە تېگىشلىك ئىنىسى لۇسىئاندەك قابىل بىر سىنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىدى. ناپولېئوننىڭ خاراكتېرى لۇسىئاننىڭ قەلىمىدە ناھايىتى يارقىن يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇپ، بىزگە ناپولېئوننىڭ مۇددىئاسىنى بىرمۇبىر نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

ناپولېئون ھەر خىل قىزىقتۇرۇش ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ قارشى تەرەپنى قايىل قىلىشقا ئۇرۇناتتى، ھەربىر قەدىمىنى پىششىق ئويلىنىپ باساتتى، قارشى تەرەپنىڭ نەپسانىيىتىدىن پايدىلىنىپ ماھىرلىق بىلەن پاراكەندىلىشىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇناتتى. ناپولېئون لۇسىئاننى قوبۇل قىلغاندا ئۆزىنى لۇسىئانغا ياۋروپا خەرىتىسى ئالدىدا ئويغا پېتىپ ئولتۇرغان ھالەتتە كۆرسەتتى؛ لۇسىئان بىلەن سالام ـ سەھەت قىلىشقاندا دەسلەپتە ھودۇقتۇرۇپ قويغان

بولسا، ئارقىدىن رىغبەتلەندۈرۈپ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى؛ لۇسىئاننىڭ خانىمى مۇنازىرە مەركىزى بولۇپ قالغاندا، ئاۋۋال پەسلەشتۈردى، ئاندىن ماختىدى؛ ياكوبىنچىلار كۈلۈۋېتىشكە خاس تېرمىنلاردىن پايدىلىنىپ ئىنىسىنى «پۇقرا» دەپ ئاتىدى؛ ئۆزلىرىنىڭ بىر كورسىكالىق ئىكەنلىكىنى سەمىگە سېلىپ، مەسخىرە تەلەپپۇزدا «ياۋروپا بىز ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەنگە كىچىك كېلىپ قالدۇ» دېدى؛ لۇسىئاننىڭ ۋۇجۇدىدا قېرىنداشلىق مېھرىنى ئۇرغۇتۇش ئارقىلىق قەلبىنى ئۆزىگە رام قىلىۋېلىش مەقسىتىدە ئاپىسىنى، پاۋلىنانى، يوسېف ۋە لۇئىسلارنى شېپى كەلتۈرۈپ باقتى.

ھالبۇكى، بىز ئاشۇ قۇرلاردىن تېخىمۇ ھەيران قالارلىق مۆجىزىنى — ناپولېئوننىڭ ئۆزىنى ئۇزۇكسىز يېڭى ـ يېڭى نىشانغا قاراپ ئىنتىلدۈرىدىغان قايناق خاراكتېرىنى، دۇپۇلدەپ سوقۇپ تۇرغان يۈرىكىنى، چاقناپ تۇرغان ئەقىل ـ ئىدراكىنى، مول تەسەۋۋۇرىنى ۋە تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقىنى كۆرۈپ يېتىمىز. ناپولېئون ئىنىسىنىڭ ئۆزىگە ئاشكارا رەقىب ئىكەنلىكىگە باقماستىن، ئۆزىنىڭ ئىچ سىرىنى تۆكۈپ، يوسېفنى توغرۇلۇقلا ئەمەس، ھېلىقى پولەك خانىم توغرۇلۇقمۇ، ئۆزىنىڭ نىكاھسىز تۇغۇلغان بالىلىرى ۋە سەركەردىلىرى، ئۆزىنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرى ۋە يىراق كەلگۈسى پىلانى توغرۇلۇقمۇ پاراڭ قىلىپ بەردى، جىمى سىرىنى ئاشكارىلاپ بەردى. نېمە ئۈچۈن؟

لۇسىئان گەرچە دۈشمىنى، يەنە كېلىپ تاللېيرانغا ئوخشاش ئەقىللىك دۈشمىنى بولسىمۇ بەربىر ئىنىسى ـ دە. شۇڭا، جەمەت ئېڭى ئىنتايىن كۈچلۈك ناپولېئون تەبىئىي يوسۇندا ھېچنېمىگە باقماستىن شۇنىڭغا ئىشىنەتتى. كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغىنى شۇكى، لۇسىئاننى تاڭ ئاتقۇچە مۇڭدىشىپ

چىقىش ئۈچۈن قوندۇرۇپ قىلىشقا ئۇرۇندى ھەمدە بىرنەچچە كۈن تۈتۈپ قىلىپ مەسىلىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىش ئۈمىدىدىمۇ بولدى. لۇسىئان بولسا زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىنلا ئەمەس، ئاكىسىنىڭ تالانتى ئالدىدا تىز پۈكۈپ قىلىشىدىن ئەندىشە قىلغانلىقى ئۈچۈنلا «كېتىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى. چۈنكى، ئاكا - ئىنى ئوتتۇرىسىدا بىر خىل يوشۇرۇن رىقابەت مەۋجۇت ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى مۇھەببەتمۇ، نىكاھتىن ئاجرىشىش مەسىلىسىمۇ ئەمەس، نام - شۆھرەت غوۋغاسىمۇ ئەمەس، تەخت جېدىلىمۇ ئەمەس ئىدى. لۇسىئان بۇنىڭدىن يەتتە يىل ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ئاكىسىغا بويسۇنۇشنى خالىمايتتى. بۇ رىقابەت ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدىكى غۇرۇر رىقابىتى ئىدى. لۇسىئان ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ ئىشلارنى ئاكىسىدىنمۇ دانالىق بىلەن بىر تەرەپ قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ناپولېئون ئىمپېراتورلۇق تەختىگە، نۇرغۇن ئەلگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان تالانت - ئىستىبداتقىمۇ، مول تەسەۋۋۇرغىمۇ ئىگە ئىدى. بىراق، تەقدىرنىڭ زەنجىرى بىلەن چۈشەكلىنىپ قالغاچقا، تولىمۇ بىچارە ئىدى. ئاجايىپ ئىستىبداتقا، چەكسىز ھوقۇققا ئىگە بولسىمۇ، جېنىنىڭ بارىچە ئىنتىلىپ كەلگەن سىرلىق ھوقۇقنىڭ، شۇنداقلا جامائەت پىكرىنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇ ھال ئىنىسى بىلەن سۆلھى قىلىشىغا، نىكاھسىز تۇغۇلغان بالىلىرىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلىشىغا، ئۆزى سۆيىدىغان ئايالنى ئەمرىگە ئېلىشىغا ئىمكانىيەت بەرمەيتتى. بۇ زور ھوقۇق ئىگىسىنىڭ ناقابىللىقى سۆزلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ھەرقانداق ئىشقا قۇربىم يېتىدۇ دەيتتى - يۇ، خالىغىنىنى قىلىشقا پېتىنالمايتتى.

ناپولېئون بۈگۈن ئاخشام ئۆز پۇقرالىرى تىزىملىكىگە يەنە بىر ئىسىمنى قوشماقچى بولدى. توقسان يىلدىن ئارتۇق ئۆمۈر

كۆرۈشىنى ئارزۇ قىلغىنى بىلەن ھېچقانچە ئۆمرى قالمىغان بولۇپ، ۋاقتىنى چىڭ تۇتمىسا بولمايتتى. ئاكا ـ ئىنىلىرىنىڭ قىزلىقلا بولماستىن، ئوغۇللۇقمۇ بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كۆيگەن ئايالىغىلا يېپىشىۋالماي، لاياقەتلىك ئايال بىلەنمۇ توي قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى... ئەگەر ئاكا ـ ئىنىلىرى ئاخىرقى ھېسابتا قىزلا تۇغىدىغان ياكى بالا تۇغالمايدىغان ئاياللىرىنى تاشلىۋېتىش قارارىغا كەلسە، ھەممىسىنىڭ بىرلا كۈنده باشقا ئايالغا ئۆيلىنىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، شۇنداق بولغاندا ھەممە ئىش ئىزىغا چۈشەتتى. ئاھ، ئاخىر خۇددى بىر سېھىرگەردەك قىياپەتتە خەرىتە ئالدىدا تىك تۇرۇپ رازىمەنلىك بىلەن قولىنى ئىشقىلىدى، ئاندىن رەڭلىك يىڭنىلەرنى خۇددى كېپىنەك ئەۋرىشكىسىنى سانجىغاندەك ياۋروپا خەرىتىسىگە سانجىغىلى تۇردى، بۇ چاغدا شاممۇ كۆيۈپ بولغان، ئۇيۇق ئاقىرىپ يېڭى بىر كۈنمۇ باشلانغانىدى.

## ئون توققۇزىنچى، ئېرفۇرتتا كاتتا مەرىكە

تۇزاققا چۈشكەن ئىسپانىيە سۇلالىسى ئۆتكەن قېتىمقى سۆھبەتتىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئورۇش ئېلان قىلدى. خۇددى ئىمپېراتورنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئىسپانىيە پادىشاھى چۈشكۈنلىشىپ خانىشىنىڭ سايىسىدا جان باقىدىغان يۇمشاق باش پادىشاھ بولۇپ قالغانىدى. خانىشى سىبىنق نامى پۈركەتكەن رىم ئىمپېراتورىنىڭ خانىشى مېسسالىنادىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان پاسىق خانىش ئىدى. ۋەزىرلىرى نامەرد ۋە بىۋاپا ئىدى، پادىشاھ بىلەن شاھزادە بىر ـ بىرىگە ئۆچمەنلىك قىلىشىپ يۈرەتتى. ئەل ـ يۇرتتا پارىخورلۇق، زىناخورلۇق، چىرىكلىك ئەۋج ئېلىپ كەتكەنىدى. ئىسپانىيە بوربون پادىشاھ

جەمـەتى چۈشكـۈنلـشـىپ شۇ دەرىجـىگە بېرىـپ يەتكـەنـىدىكـى، كىمكى بۇ خانىدانلىقنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولسا، ھەرىكـەت قوللانسىلا كۇپايە ئىدى. ناپولېئون ھېچقـاچان بۇنداق دىـيانەتكـە يات ۋاسىتە قوللانغان ئەمەس، شۇنداقلا رەقىبىنىڭ چىرىكلىكـى ۋە چۈشكۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ باققانمۇ ئەمەس ئىدى. بۇ چىرىك خانىدانلىققا خۇددى باشقـىلارغا قولـلانغىنـىغا ئوخـشاش بارلـىق ھىيلىسىنى ئىشقا سېلىپ تاقابىل تۇردى. ھالبۇكـى، ھىيلە ـ مىكىر ئەزەلدىن بۇ خانىدانلىقنىڭ ئۆز ھاكىمـىيىتـىنى ساقـلاپ تۇرۇش يـولـىدىكـى ۋاسـىتـىسـى ئـىدى. بـىراق، بـۇ ئـىشـتـا ئىسپانلارنىڭ بۇنداق پادىشاھ ئالـدىدا جاۋابكـار ئەمەسلـىكـىنـى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان ناپولېئون ئۆزىنىڭ بۇ بىخەستەلىكى ئۈچۈن كېيىنكى كۈنلەردە قاتتىق ئۆكۈندى. «كىمكى ئەنگلىيەنى قوللىسا، شۇ مېنىڭ دۈشمىنىم!» ناپولېئـون مۇشۇ پـىرىنسىـپ ئاساسىدا پورتۇگالـىيە خانىدانلـىقىنى ئـەمەلدىن قـالدۇرغانـىدى. ھازىر ئـىسپـانـىيە ئـەنگلـىيـە تەرەپتـە تۇرغاچقـا، نـاپولېـئـون ئىسپانىيە پادىشاھى بىلەن شاھـزادە ئوتتۇرىـسىدىكـى ئۇزاقتىـن بۇيـان داۋام قىلىـپ كەلگەن ئـىچكى زىـددىيەتتـىن پايدىـلىنـىپ ئاۋۋال شاھزادىنى كۆتۈردى، ئاندىن دادىسىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن تەختـتـىن ۋاز كېچىشكـە دەۋەت قىلـدى. شـۇنىڭـدىـن كېيـىن بېيىللانتتا ئالاقىدار تەرەپلەر يىغىنى چاقىرىپ، تەھدىت سېلىش ئارقىلىق ئىسپانىيە پادىشاھىنىڭ تەختىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى. ئوتـتۇرا يەر دېڭىـزىدىكـى گىبرالـتادىن كاتـاللوغـىچە بولـغـان ئارىلىقتىكى جايلارنى ۋە غەربىي دېڭىز قـىرغىقـىدىكى تېخـىمـۇ كۆپ جاينى ئۆز قارمىقىغا ئېلىشتا چىڭ تۇردى، بۇ ئەنگلـىيەگـە قارشى ئۇرۇش قىلىشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم جايلار ئىدى.

ناپولېئوننىڭ سەردار ـ سەركەردىلىرى دەسلەپتە بۇ جايلارنـى ئاسانلا بويسۇندۇرۇۋالدى.

— ئىسپانىيەگە شۇنچە تەخىرسىزلىك بىلەن بېسىپ كىرگەنلىكىمنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىز؟ — دېگەنىدى ناپولېئون مېتتېرنىچقا، — ئارقا ھويلىغا ئوت كەتسە بولمايدۇ - دە !

بىراق، ناپولېئوننىڭ ئارقا ھويلىسى بەربىر بىخەتەر ئەمەس ئىدى.

ناپولېئون ئىسپانىيە بەگلىرى بىلەن سۆزلىشىپ بولدى ھەمدە ئۇلارنى نەزەربەند قىلدى، بۇ چاغدا قولىغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان يېڭى بىر تاجنىڭ خۇشلۇقىدا قىن - قىنىغا پاتماي كەتكەن ئىمپېراتور ئەمدى نەزىرىنى ئىسپانىيەگىلا ئەمەس، ئىسپانىيەگە قاراشلىق كەڭ مۇستەملىكىلەرگە ئاغدۇردى. «ئىمپېراتور ئەنە شۇنداق مۇددىئادا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى ياكى كېلەچەك توغرىسىدىكى يېڭىدىن - يېڭى تەسەۋۋۇرلىرىنى تەسۋىرلەپ بېرەتتى... — دەيدۇ شۇ ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بىر شاھىت، — ھېس - ھاياجىنىنى باسالماي قالغاندەك بىر خىل ئاجايىپ جانلىق تەلەپپۇزدا مېكسىكا ۋە پېرۇ بەگلىكى ھەققىدە، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە تەسىرى ھەققىدە توختىلاتتى. ئىمپېراتورنىڭ بۈگۈنكىدەك مول تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ باققانلىقىنى ھېچقاچان كۆرگەن ئەمەسمەن، ئۆزىنى قالتىس چاغلايتتى.»

لۇسىئان رايىدىن يانمىغاچقا، ئىمپېراتورنىڭ ئىسپانىيەدىكى بوشىغان پادىشاھلىق تەختىنىڭ ئورنىنى تولدۇرغۇدەك ئادىمى يوق ئىدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى بۇ تەختنى ئادەتتىكى مەرتىۋە ئورنىدا بىر تەرەپ قىلىپ، ئەمەلدارلىق سورۇنىدا ئەمەلدارلارنى رەت - رېتى بىلەن ئۆستۈرگىنىگە ئوخشاش جىمى ئەمەلدارنى دەرىجىمۇدەرىجە ئۆستۈرۈپ، بوش ئورۇننى تولدۇرۇش ئىدى. گوللاندىيە ئەمدى دۆلەت بولۇپ تۇرالمايتتى، گوللاندىيەنى پەقەت بىر ئۆلكە

قىلىشقىلا بولاتتى. شۇڭا، سابىق گوللاندىيە پادىشاھى لۇئىسنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا توغرا كەلدى.

يوسىپ بارغانسېرى ھاياجانلانماقتا ئىدى. تۇنۇگۇن ناپلېسقا پادىشاھ بولغان يوسىپ بۈگۈن نېمە ئۈچۈن مادرىدنىڭ ھۆكۈمرانى بولالمىغۇدەك؟ بېيللانت سۇيىقەستىدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي يوسىپ مادرىدقا كۆچۈپ كەلدى. گەرچە خەلقنىڭ ھەقىقىي ھىمايىسىگە مۇيەسسەر بولالمىغان بولسىمۇ، «خىزمىتىڭىزدە بولىمىز» دەپ قەسەم بەرگۈچىلەرنىڭ ھۆرمەت تويىغا ۋە مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. مۇراتنىڭ خانىمى ئۇزاقتىن بۇيان ئاكىسىدىن خانلىق تالىشىپ كەلگەنىدى. شۇڭا، مۇرات ئاۋامنىڭ ئوغلانى بولۇش سۈپىتى بىلەن ناپلېسقا پادىشاھ بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، نامى مەشھۇر بۇ ئەر ـ خوتۇن ئاخىرقى ھېساباتتا پۇرسەت كەلسىلا، ئاسىيلىق قىلالىغۇدەك تېخىمۇ كەڭ ھىيلە ـ مىكىر سورۇنىغا ئېرىشتى.

بىراق، ئىسپانىيە ۋەقەسى چوڭ بىر تەۋەككۈلچىلىك بولۇپ، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلماق قىيىن ئىدى. ئىمپېراتورنىڭ «ئارقا ھويلىسى»دىن ئاھۇ ـ زار كۆتۈرۈلدى. مىللىي غۇرۇرى كۈچلۈك ئىسپانلارنىڭ قارشىلىق كۆرسەتمەستىنلا، تىز پۈكۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. رېيىن دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدا ئىمپېراتورغا ئۆچمەنلىك بىلەن تىكىلىپ تۇرغان پىرۇسسىيەلىكلەر بىلەن ئاۋسترىيەلىكلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئەنە شۇنداق تەقدىرگە مۇپتىلا بولىدىغانلىقىدىن ئەندىشە قىلىشقا ئاساسى يېتەرلىك ئىدى، شۇڭا ئۇلار يەنە بىر قېتىم قارشىلىق كۆرسىتىشكە تەييارلاندى. ناپولېئون بېرلىندا: «مەن ئېلبا دەرياسى بويىدا گانگ دەرياسىنى بويسۇندۇردۇم» دەپ جاكارلىدى. بىراق، تاگوس دەرياسىنى ئىشغال قىلىمەن دەپ

دوناي دەرياسى ساھىلىدا ئۆزىگە يېقى دۈشمەن تېپىۋېلىشنى ھەرگىزمۇ ئويلاپ يەتمىگەنىدى. چار پادىشاھ بۇ چاغدا ئاۋستىرىيەنى تۈتۈپ تۇرالىدىغاندىلا، ناپولېئوننىڭ ئىسپانىيەنى تولۇق كونترول قىلىشىغا ئىمكانىيەت تۇغۇلاتتى. بىقارار چار پادىشاھ بولسا، بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى تىلسىتتا قولللانغان تەدبىرىدەك ئىش كۆرۈپ ئىما ـ ئىشارەت قىلىپ قويسىلا كۇپايە ئىدى. ئىمپېراتور چار پادىشاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن يېڭىچە سىياسىي ۋاستە قوللىنىپ، ئۇشتۇمتۇتلا گېرمانىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئۇچرىشىش تەكلىپىنى بەردى. بۇرۇن فىرانسىيەدىن ئاتلىنىپ يولغا چىقماقچى بولۇپ قالسىلا، قىلچىنى كۆتۈرۈپ مەسىلىنى ئۇرۇش تەھدىتى ئارقىلىق ھەل قىلاتتى. ھازىر بولسا ئۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئېرفۇرتتا يىغىن ئۇستىلى تەييارلىدى.

ناپولېئوننىڭ بۇ ئىش ئۈچۈن كۆرگەن تەييارلىقى ئىلگىرى ئۇرۇش قوزغاش ئۈچۈن قىلغان تەييارلىقلىرىدىن قېلىشمايتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر كۈنى ئاقساقاللار ۋە ئالىي ئەمەلدارلارنى قوبۇل قىلىپ تۇردى.

— بۇ قېتىمقى سەپىرىم جەزمەن سەلتەنەتلىك ۋە داغدۇغىلىق بولۇشى كېرەك، ئىشتابىمغا كاتتا ئەربابلارنى كىرگۈزمەكچىمەن... — دەيتتى ئۇلارغا دائىم، — گېرمانىيەنى سەلتەنەتىم بىلەن تاڭ قالدۇرىمەن.

بۇ قېتىم چار پادىشاھلا ئەمەس، يەنە نۇرغۇن ئەربابلارمۇ كەلمەكچىدى، بۇ غايەت زور ئىككى نۇرلۇق يۇلتۇز بەھىساب سەييارىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغانىدى. بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش زادى قانداق تەسىر پەيدا قىلار؟ ئىمپېراتور باشقا پادىشاھلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن مەنىلىك تىياتىرلارنى ئورۇنلاشتۇردى، شۇنداق مۇددىئادا بۇ تىياتىرنىڭ ھەربىر تەپسىلاتىنى مۇكەممەل

پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇردى. ئۆزى بىلەن قويۇق خۇسۇسىي مۇناسىۋىتى بار داڭلىق ئارتىس تارماغا باشقىلار ئۆزلىرىنىڭ دوستلۇقىنى ھېس قىلىپ يەتكۈدەك دەرىجىدە رول ئېلىپ چىقىشى كېرەكلىكىدىن بىشارەت بېرىپ:

— كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، ئىمپېراتور ۋە پادىشاھلارنىڭ ئالدىدا تۆۋەن تەبىقىدىكى پېرسوناژ بولۇپ رول ئالىدىغان بولدىڭىز، — دېدى.

تىياتىر ئوينالغان ئاخشىمى دەرۋەقە ئېرفۇرت يىغىلىشىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ قالدى، تاماشىبىنلار ئىچىدە تۆت پادىشاھ، ئوتتۇز تۆت كىنەز ۋە شۆھرىتىگە شۆھرەت قوشۇشقا ئۇرۇنغۇچى بارلىق ئەربابلار بار ئىدى، ئۇلار ئۆزىنى ئۆزى پەردازلاپ كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى. ۋاھالەنكى، لوژىدىن ئورۇن ئالغان شەرق ۋە غەرب پادىشاھلىرىلا بۇ سورۇننىڭ مەركىزى ئىدى، بۇ ئەزىز تاماشىبىنلار ھەر كۈنى ئاخشىمى دېگۈدەك بۇ يەردە ئىمپېراتورلار ھەققىدىكى تارىخىي زىكرىلەرنى، مۇنازىرىلەرنى ياكى بېشىغا كېلىۋاتقان قىسمەتلەرنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئىككىنچى كۈنى ئاخشىمى ۋولتېرنىڭ «مۇھەممەد» ناملىق درامىسى ئوينالدى، بۇ درامىدا «مۇھەممەد» رولىنى ئالغان ئارتىسنىڭ سەھنىدىن چۈشمەي دېگۈدەك ئۇلاپ رولغا چىقىدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك، ئىمپېراتور بۇ درامىنى ئىنتايىن ياقتۇراتتى.

شاھانە لوژىدا ئاشۇ ئۇلۇغ زاتقا قاراپ ئولتۇرغان تاماشىبىنلاردىن يۇرىكى دۈپۈلدىمىگەنلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى، ھەتتا دۈشمەنلىك كەيپىياتىدا قاراپ ئولتۇرغۇچىلارمۇ بۇ ھالدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. بۇ ۋارىس پادىشاھ ـ كىنەزلەر شاھانە لوژىغا قاراپ ۋەھىمىگە چۈشكەن چاغلىرىدا دوست تارتىشقاندەك بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قوياتتى. ئۇلار ئۇچىسىغا

ئاددىي يېشىل ھەربىي فورما كىيىپ، ئۆزلىرىنىڭ پارىڭغا يوشۇرۇن قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان ئاشۇ زوراۋاننىڭ ئالدىدا ۋەھىمىدىن تىترەشمەكتە ئىدى، ھېچكىممۇ كۇلۇشكە پېتىنالمايتتى. ئىمپېراتورمۇ، ئىمپېراتور بىلەن شۇ تەرزدە تىياتىر كۆرۈپ ئولتۇرغان بەگ ـ پادىشاھلارمۇ كۇتمىگەن بىر چاغدا ھەممىيلەننى تاڭ قالدۇرۇپ ۋە چۆچۈتۇپ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تىلىدىن «رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ خارابىلىكىدەك بىپايان شەرق ئېلى قۇرۇلغۇسى، ئۇيۇقتا ئەڭ ئۇلۇغ بىر پەيغەمبەر زاھىر بولغۇسى» دېگەن مەزمۇندا ئارىيە ئېيتىلدى، ئاخىردا بۇ ئىمپېراتورنىڭ ئەمدىكى ۋە كەلگۇسىدىكى تىنچلىق سىياسىتى زىكرى قىلىندى.

بۇ چاغدا ھەممەيلەن ناپولېئونغا گۇمانىي نەزىرىنى ئاغدۇرۇشتى، ناپولېئون بۇ سۆزلەرنىڭ ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىدىن بېشارەت ئىكەنلىكىنى بىلدۇرمەكچى بولغاندەك گەۋدىسىنى قىمىرلىتىپ قويدى. قويۇق سىياسىي تۇس ئالغان ئاشۇ دەقىقىلەردە كىشىلەرنىڭ بۇ دىراما توغرىسىدىكى خام ـ خىياللىرى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە غايىب بولدى. ئەتىسى ئاخشىمى «ئېدىپۇس» دىرامىسى ئورۇندالدى، سەھنىدىكى رولچى: «قۇدرەت ئىگىسىنىڭ دوستلۇقىغا نائىل بولغىنىڭ تەڭرىنىڭ مەرھەمىتىگە نائىل بولغىنىڭدۇر» دەپ جاكارلىغاندا، ئىككى ئىمپېراتور ئورنىدىن تۇرۇپ بىر ـ بىرىنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىشتى.

ناپولېئون ئالېكساندىرنىڭ قۇدرەت ئىگىسى ئەمەسلىكىنى، شۇنداقلا دوستلۇقىنىڭمۇ تەڭرىنىڭ مەرھەمىتىدىن ئەمەسلىكىنى ئېنىق بىلەتتى. ئەمما، بۇ دېلىغول زاتنى ئەنە شۇنداق بېشارەت ئارقىلىق قولغا كەلتۇرۇشكە ئۇرۇنغانىدى. ناپولېئون چار پادىشاھنى ھەربىر پارچە مەكتۇپىغا دۇنياغا

هۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىدىن ئۆزى بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولىدىغانلىقى توغرىسىدا كاپالەت بەرگۈزەتتى، شاھانە يازما كېلىشىم ئارقىلىق تېرشىت دەرياسىدىن سىرتقا كېڭىيىشكە ۋەدە بەرگۈزەتتى، ھەر كۈنى چار پادىشاھقا ئەقىل ئۆگىتىپ، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئىمكانىيەت بەرمەيتتى، ھەممە كىشى تالىشىدىغان سەتەڭ قاتارىدا كۆرۈپ پەقەتلا يالغۇز قويمايتتى.

تاللېيراندىن ئىبارەت بۇ مەككار ئۆز ئىگىسىنىڭ ئىشلىرىدا پەيدا بولغان يېرىقنى جىمى كىشىدىن بۇرۇن بايقىغانىدى. بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى ئېللۇر ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ناپولېئوننىڭ ئۇلۇغ تەسەۋۋۇرىنىڭ رۇسىيەدە بەربات بولۇش ئېھتىماللىقىنى كۆرۈپ يەتكەن تاللېيران شۇ ئان سىياسىيونلارغا خاس ئاسىيلىق نىيىتىگە كەلگەنىدى. تاللېيران ناپولېئوننىڭ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش تەسەۋۋۇرى چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن قارشى چىققان بولسىمۇ، ئەمما ناپولېئوندىن ئايرىلىپ كەتمىدى، پەقەتلا دەبدەبىلىك باھانىلەرنى كۆرسىتىپ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ، ئورنىغا يۇقىرى مائاشلىق يېڭى ۋەزىپىنى قوبۇل قىلدى. ناپولېئونمۇ، تاللېيرانمۇ شۇ يول ئارقىلىق غەلىبە قازىنىش ئارزۇسىدا ئىدى. ئىمپېراتور «مۇشۇنداق بولغاندا تاللېيراننى تېخىمۇ ئوبدان نازارەت قىلىپ تۇرالايمەن» دەپ قارايتتى، تاللېيران بولسا «ئىمپېراتوردىن تېخىمۇ ئەپچىللىك بىلەن سىر ئالالايمەن» دەپ ئويلايتتى.

ئىسپانىيە ۋەقەسى تاللېيراننىڭ گۇمانىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بەردى. ئىگىسىنىڭ بۇنداق تالان ـ تاراج قىلمىشىنى كۆرگەن تاللېيران بۇ ئىشنىڭ ياخشىلىقتىن بېشارەت ئەمەسلىكىنى بىلگەچكە، ناپولېئوننى ئاشۇنداق

خېيىم ـ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشقا تېخىمۇ رىغبەتلەندۇرۇپ:
— ئىسپانىيەنىڭ پادىشاھلىق تەختى لۇئىس X IV نىڭ زامانىدىن باشلاپ ئىزچىل تۈردە فىرانسىيە ھۆكۈمرانىغا مەنسۇپ بولۇپ كەلگەن، — دېدى.

تاللېيراننىڭ ئاڭلىماقتا توغرىدەك تۇرغىنى بىلەن پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغان مۇشۇنداق داڭقان پۈتى گېپىدىن گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن ناپولېئون «ئەنگلىيە تىنچلىق شەرتنامىسى» ئىمزالاشقانغا قەدەر كاتالىنا رايونىنى ئىشغالىيەت قىلىپ تۇرۇش قارارىغا كەلدى. تاللېيران ناپولېئوننىڭ قىلتاققا دەسسەپ، ئۆزىنى ۋالېنس سارىيىدا نەزەربەند قىلىنىپ تۇرۇۋاتقان ئىسپانىيە شاھزادىسى بىلەن كۆرۈشۈشكە بۇيرۇغاندا، بىردىنلا بۇرۇلۇپ تەنقىدىي پوزىتسىيەگە ئۆتتى ھەمدە ئىچىدە كۈلدى. تاللېيران مۇشۇ پۇرسەتتە بۇ «شاھزادە»نىڭ ئاغزىدىن خۇپىيانە يوسۇندا ئەنگلىيەگە دائىر خەۋەرلەرنى ئېلىپلا قالماستىن، ئەنگلىيەگىمۇ خەۋەر يەتكۈزۈپ بېرەلەيتتى. شۇ چاغدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئاشكارا ئاسىيلىق قىلىدىغىنىغا ئازلا قالغانىدى. تاللېيراننىڭ بۇنداق قىلىشى سىياسىي ھاياتىدىكى ئىزچىل ئۇسۇلىغا ئۇيغۇن ئىدى. تاللېيران رۇسىيە بىلەن ئاۋستىرىيەنىڭ تولستوي ۋە مېتتېرنىچتىن ئىبارەت فىرانسىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرىگە شۇ چاغدىن باشلاپ ئاخبارات يەتكۈزۈپ تۇرغانىدى. ئىمپېراتورنىڭ ۋەزىرى، سىردىشى، «ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمىتىڭىزدە بولىمەن» دەپ قەسەم بەرگەن ئالىي ئەمەلدارى تۇرۇقلۇقمۇ، ئاسىيلىق قىلغان تاللېيراننىڭ ئەيىبىنى كىشىلەر قانداق يوشۇرۇپ كەتكەندۇ؟

— مېنى بىردىنبىر چۈشىنىدىغان ئادەم شۇ، — دەپ باھا بېرەتتى ناپولېئون ھەمىشە تاللېيرانغا. تاللېيران ھېچقاچان ۋىجدانى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايتتى، ھېچنېمىدىن تەپ

تارتمايتتى، ئىمپېراتورنىڭ سىياسىي كۆرەش بىلەن ھەپىلىشىشى ئۈچۈن يېتەرلىك ئىمكانىيەت قالدۇراتتى. باشقىلار پىرىنسىپقا رىئايە قىلىش ھەلەكچىلىكىدە يۈرەتتى ياكى باشقا ئەندىشىلەر بىلەن يۈرەتتى، تاللېيراندا بولسا ھېچقانداق سىنىپىي قاراشمۇ، يۈزەكى دەۋر قارىشىمۇ يوق ئىدى، شۇنداقلا ناپولېئوندەك تاسادىپىي يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئېنىق بىر تەرەپ قىلىدىغان تەپەككۇرغىمۇ ئىگە ئەمەس ئىدى. بۇ ھېلىگەر پۇرسەتپەرەس پۇل - مال ۋە راھەت - پاراغەتكىلا بېرىلەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ئۈزۈكسىز يېڭى پىلان تۈزۈش ھەلەكچىلىكىدە يۈرىدىغان رېئالىزمچىلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مەسلىھەتچى بولۇپ قالغانىدى.

ناپولېئون بىلەن تاللېيران يۈزەكى بولسىمۇ بىر - بىرىنى ئوبدان چۈشىنىشەتتى. ناپولېئون تاللېيراننىڭ خېلىدىن بېرى تەييارلىق كۆرۈۋاتقان ئاسىيلىقى ئۈستىدە ھېچقاچان چوڭقۇرراق ئويلىنىپ باقمىغانىدى. ئاخىر ئېرفۇرت يىغىلىشىدا بۇ ئىككى يۈزلىمىچى ئۈچۈن غەنىيمەت پۇرسەت يېتىپ كەلدى. يىغىلىشقا كەلگەن پادىشاھ - كىنەزلەر ئۇنى ئورىۋېلىپ ئىمپېراتورنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بېرىشكە قىستاپ تۇرۇۋالغاندا، تاللېيران ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي بىر چەتكە قايرىپ قويدى. چۈنكى، بۇ ئۇچۇرلارنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن سىياسىي جەھەتتىمۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ كۆپلەپ دەسمايە سېلىشقا رازى كىشىلەرنىڭ ساماندەك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى.

تاللېيران بۇ مېلىنى بازارغا سالغاندا چار پادىشاھ ئالېكساندىر پۇرسەتنى مەھكەم تۇتتى. چۈنكى، پارىژدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلىدىن كۆپرەك ئاخبارات ئالغان چار پادىشاھ بۇ فىرانسۇزغا ناپولېئوندىنمۇ بەكرەك قىزىقىپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇزاق ئۆتمەي بىر گېرمان مەلىكىنىڭ قوبۇلخانىسىدا تاللېيران بىلەن

ئۇچراشتى، بۇ مەلىكە ئادەتتە ھەمىشە دىراما ئاياغلاشقاندىن كېيىن مېھمان قوبۇل قىلىدىغان بولغاچقا، قوبۇلخانا خالىي ئىدى.

ھەر ئىككىيلەن بىر - بىرىنىڭ مەقسىتىنى كۆزلىرى ئارقىلىق ئۇقتۇرۇشتى ۋە چۈشىنىشتى.

— ئالىيلىرى، بۇ يەردە نېمە ئىشلارنى قىلاي دەيسىز؟ — دېدى تاللېيران بىرىنچى كۆنى چار پادىشاھقا، — ياۋروپانى پەقەت سىزلا قۇتقۇزالايسىز، بۇ ئۇلۇغ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ناپولېئوندىن ئۈستۈن كېلىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ. فىرانسۇزلار مەدەنىي خەلق، ئەمما ھۆكۈمرانى ئۇنداق ئەمەس. ھالبۇكى، رۇسىيەنىڭ ھۆكۈمرانى مەدەنىي ھۆكۈمران، ئەمما رۇسلار مەدەنىي خەلق ئەمەس. شۇڭا، رۇسىيە ھۆكۈمرانى فىرانسىيە خەلقى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشى كېرەك. ئالىيلىرى ئالدىنىپ ئاۋسترىيەگە تەھدىت ۋاستىسى قوللانماي، مېنىڭ غوجامنىڭكىدەك مەجبۇرىيەتنى ئۈستىڭىزگە ئېلىشىڭىز كېرەك.

تاللېيران بەزىدە شاراب، بەزىدە چاي ئىچىشكەچ ئۆزى تىلغا ئېلىشنى خالىغان ھەقىقەت ۋە ئۈمىدلىرىنى بىر - بىرلەپ ئالېكساندىرنىڭ مېڭىسىگە قۇيۇۋەتتى. ئاشكارىلاپ بەرگەن فىرانسىيەگە دائىر مەخپىيەتلەر شۇ قەدەر قىممەتكە ئىگە ئىدىكى، چار پادىشاھمۇ تاللېيرانغا لايىقىدا ئاغىنىدارچىلىقىنى يەتكۈزۈپ، «مەلىكەمنى جىيەنىڭىزگە بېرىمەن» دەپ لەۋزە قىلدى، بۇ مەلىكە شەرقتىكى ئەڭ باي ۋارىس ئىدى.

چار پادىشاھ ئېرفۇرتقا قاراپ يولغا چىقىش ئالدىدىلا كىشىلەر ئېھتىياتچان بولۇشقا دەۋەت قىلغان، ئېرفۇرتقا كەلگەن چېغىدا ئۆزىمۇ ھەر ئىشتا ئېھتىياتچان بولغانىدى، ئەمدى ناپولېئون بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇشتىن تەپ تارتىپ ئولتۇرماس بولدى. ھەر ئىككىسى مەخپىي ئۇچرىشىش ئارقىلىق

بىر ـ بىرىنى ئالداشقا ئۇرۇناتتى. تىلسىمت ئۇچرىشىشى مەزگىلىدىكى دوستانە كەيپىياتتىن ئەمدى ئەسەرمۇ قالمىغان، ئورنىنى ئەسەبىي كەيپىيات ئىگىلىگەنىدى.

بۇ ھالدىن قاتتىق ھەيران قالغان ناپولېئون تاللېيرانغا بىر پارچە يېڭى ئەھدىنامە يازدۇردى، ئاندىن ئۆزى تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، پىكرىنى يازغاندىن كېيىن چار پادىشاھتىن «بۇ مەخپىي ھۆججەتنىڭ مەزمۇنىنى ئۈچىنچى بىر كىشىگە ئۇقتۇرمايمەن» دەپ قەسەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. چار پادىشاھ «مەخپىيەتلىكنى ساقلايمەن» دەپ قەسەم بەرگەن بولسىمۇ، شۇ كۈنى ئاخشىمىلا بۇ ھۆججەتنىڭ ناپولېئون تۈزىتىش كىرگۈزگەن نۇسخىسىنى تاللېيرانغا كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھۆججەتنى يازغۇچى تاللېيرانمۇ غوجىسىنىڭ نېمىدەپ تۈزىتىش كىرگۈزگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى، نەتىجىدە بۇ شەرتنامە ئىمزالانمىدى.

ناپولېئون شۇ كېچىسى خائىن تاللېيراننى قوبۇل قىلىپ:

— چار پادىشاھ بىلەن بىلەن ھەمكارلاشمايمەن، بۇرنىمنىڭ ئۈچىنىلا كۆرىدىكەن، — دېدى.

— بىراق، ئالىيلىرى، چار پادىشاھ پۈتۈنلەي سىزنىڭ ئىتائىتىڭىزدە ئىدىغۇ.

— ئالدىڭىزدا ئويۇن ئويناپ بەرگىنى، سىزنى قايمۇقتۇرۇۋاپتۇ. ئەگەر راستىلا ماڭا ھۆرمەت قىلىدىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن شەرتنامىگە ئىمزا قويمايدۇ.

— چار پادىشاھ تەبىئىتىدىنلا لەۋزىگە سادىق ئادەم، — دېدى تاللېيران، — شۇڭا لەۋزى شەرتنامىدىنمۇ كۈچلۈك.

— ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلەشمەيمەن، بولمىسا مېنى بۇ ئىشقا بەك كۆڭۈل بۆلىدىكەن، دەپ قالىدۇ. ئاۋستىرىيەلىكلەر بىزنىڭ بۇ قېتىمقى مەخپىي ئۇچرىشىشىمىزغا

قاراپلا ئارىمىزدا مەخپىي كېلىشىم ھاسىل بولغان، دەپ ئىشىنىپ قالدۇ. بىلمىدىم، نېمە ئۈچۈن ئاۋستىرىيەگە بۇنچە قىلىپ كېتىسىز كىن. ئاۋستىرىيەنىڭ سىياسىتى بىزنىڭ كونا تۇزۇمىمىزگىلا توغرا كېلىدۇ!

— مېنىڭچە، بۇمۇ بىر خىل يېڭى تۈزۈم، — دېدى ئاساسىي پىرىنسىپ تىلغا ئېلىنىسىلا پىكىر بايان قىلىشقا ئامراق بولۇپ كېتىدىغان تاللېيران، — يۈرەكلىك ئېيتسام، بۇمۇ ئۆزگەرگىنىڭ سىياسىتى. كىشىلەر مەدەنىيەتكە سىز ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىش كويىدا، ئالىيلىرى.

— مەدەنىيەت!... — ناپولېئون تام مەش ئالدىدا ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى ھەمدە تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىپ، پەس ئاۋازدا داۋاملاشتۇردى، — كىشىلەر نېمىشقا مەن بىلەن توغرىدىن - توغرا سۆھبەتلىشىشنى خالىمايدۇ؟ چۈنكى، پەرزەنتىم يوق، ھەممە ئىشقا ئۆزۈمنى ئۇرىمەن. بۇ بىر سىر، كىشىلەر مەندىن قورقىدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ، مەندىن نەپكە ئېرىشمەكچى بولۇشىدۇ، بۇ پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن بىر تىراگېدىيە، بۇنداق ھالەتنى ئۆزگەرتمەي بولمايدۇ.

ئىككى ھۆكۈمران بىرقانچە كۈندىن كېيىن دىپلوماتىيە قائىدە - يوسۇنلىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، خالىغىنىچە بېرىش - كېلىش قىلىشىدىغان بولۇپ كەتتى. ناپولېئون چار پادىشاھنىڭ پۇتىغا ھۆل خىش قويۇپ:

— شۇنداق، دەم ئالمىسام بولمايدۇ، ماڭا ئائىلە كېرەك. بىراق، بالىسى يوق كىشىنىڭ بۇلاردىن ئېغىز ئاچالىشى مۇمكىنمۇ؟ رەپىقەم مەندىن ئون ياش چوڭ - دە، — دېدى.

ناپولېئون بۇ چاغدا يوسېفىنىنىڭ يېشىغا تۆت ياش قوشۇۋالغانىدى.

— مېنى كەچۈرۈڭ، بايىقى گېپىم كۆلكىلىك گەپ بولۇپ

قالدىغۇ دەيمەن. بىراق، كۆڭلۈمدىكى ھاياجىنىمنى سىزدىن يوشۇرۇشنى خالىمىدىم، ــ ناپولېئون بىرپەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ــ ھە، راست، زىياپىتىمىز بار ئىدىغۇ، كىنەز ۋېنتسۇن مېنى ساقلاپ قالغاندى، توغرىلىنىۋېتەي.

بۇ يەردىكى ئېسىلزادىلەر ناپولېئوننى بارگاھتىكى تومپاي ھەربىي دەپ تەسۋىرلەشكە خۇشتار ئىدى. ناپولېئون بولسا تاماقتىن بۇرۇن ئەپچىللىك بىلەن بىر تېمىنى ئوتتۇرىغا قويىۋاتتى ـ يۇ، يېشىمىنى كۆپچىلىككە قالدۇرۇپ قاراپ تۇراتتى. ناپولېئون شۇ ئاخشىمى تاللېيراننى يېنىغا چاقىرتىپ پاراڭلاشتى، سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويدى، بىرمۇنچە بۇيرۇق بەردى، ئەڭ ئاخىرىدا گەپنى نىكاھتىن ئاجرىشىش مەسىلىسىگە يۆتكىدى:

ــ تەقدىرىم شۇنداق قىلىشقا ئۈندەۋاتىدۇ، فىرانسىيەنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى ئۈچۈن بولسىمۇ، شۇنداق قىلىشىمغا توغرا كېلىۋاتىدۇ. ۋارىسىم يوق. يوسېف ئەسقاتمايدۇ. چۈنكى، باللىرى ساپلا قىز. بىر سۇلالە بەرپا قىلمىسام بولمايدۇ، توغرىسىنى ئېيتقاندا، خان جەمەتىدىكى بىر قىز بولۇشى كېرەك. ئالېكساندىرنىڭ بىر سىڭلىسى تازا باب كېلىدۇ. سىز رومېنزوف بىلەن سۆزلىشىپ كېلىڭ. مەن ئىسپانىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلغاندىن كېيىن تۈركىيەنى بۆلۈۋېلىش ئىشىنى مۇزاكىرىگە قويىمەن. بۇ ئىشنى ئېيتىپ قويۇڭ، باشقا سەۋەبلەرنىمۇ ئېيتىڭ. ماڭا ئايان، سىز نىكاھتىن ئاجرىشىش ئىشىمنى ئىزچىل قوللاپ كەلدىڭىز.

تاللېيران ئەتىسى بۇ ئىشنى چار پادىشاھقا ئېيتىپ بەردى. بىراق، چار پادىشاھمۇ ناپولېئوننىڭ ئاخشامقى بېشارىتىدىن رىغبەتلىنىپ قالغانىدى.

— بۇ ئادەمنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى ھېچكىم تولۇق چۈشەنمەيدۇ، — دېدى ئالېكساندىر ھاياجان بىلەن، — بۇ ئادەم پەيدا قىلغان بارلىق تىنچسىزلىق ئامىللىرى ئۆز ئورنىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. كۆڭلىدىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، سىز ئۇزاقتىن بۇيان بىللە بولۇپ كېلىۋاتىسىز، قانداق قارايسىز؟

تاللېيران كۆڭلىدىكىنى ھەرگىز ئېيتمايتتى. بىراق، زېرەك ئادەم بولغاچقا، ئىمپېراتورنىڭ رۇسىيە مەلىكىسىنى ئېلىش غەرىزىنى ھازىر ئاشكارىلىماي بولمايدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى.

— مەنغۇ قوشۇلاتتىم... — دېدى چار پادىشاھ دەرھال ئىپادە بىلدۈرۈپ، — بىراق، ئاپامنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ سىڭلىمنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ياتلىق قىلالمايمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككى ئىمپېراتور خېلى ئۇزاققىچە مەخپىي سۆھبەتلىشىپ تۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئىككىلەننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يەنە يېقىنلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئالېكساندىر خائىن تاللېيران بىلەنمۇ كۆپ قېتىم مەخپىي مەسلىھەتلەشتى، ئەمما ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. ئىككى ئىمپېراتور ئوتتۇرىسىدا كەڭ دائىرىلىك ئىتتىپاق شەرتنامىسى ئىمزالانمىدى، نىكاھ ئىشىنىڭمۇ نەتىجىسى بولمىدى. فرانسىيە ئىمپېراتورى ئېرفۇرتتا مىسلىسىز ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان بولسىمۇ، ئاخىردا نائۈمىد قالدى: ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسىنىمۇ تۈزەلمەي، رۇس قىزىنىمۇ ئۆيلىنەلمەي قۇرۇق قول قايتتى. پەقەت تاللېيرانلا قۇرۇق قول قالماي، جىيەن ئوغلىغا باي مەلىكىنى ئېلىپ بېرىشكە مۇيەسسەر بولدى ۋە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن نۇرغۇن سۆيۈنچە ئالدى.

شۇ ئارىدا ئوتتۇز سەككىز نەپەر پادىشاھ ـ كىنەز ئىچىدە ناپولېئوننىڭ ۋە قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغانلىرىمۇ، سۆيۈنچە ـ ئىنئام ئالغانلىرىمۇ، نەزەرگە ئېلىنماي ئېتىبارسىز قالغانلىرىمۇ بولدى. تاللېيران ئۆز ئەسلىمىسىدە قەيت قىلىپ: «ئېرفۇرتتا تىرىنقى ئۆتكۈر بۇ ئەركەك شىر بىلەن تىركىشىشكە جۈرئەت قىلىدىغان بىرمۇ كىشى چىقمىدى... ئاخىرقى بىر كۈنى ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرۈشكەن پادىشاھ ـ كىنەزلەرنىڭ بىرمۇنچىسىنىڭ قوشۇنى ناپولېئون تەرىپىدىن تارمار قىلىنغاندىن كېيىن ئەسىرگە چۈشتى، بىرمۇنچىسىنىڭ ۋەتىنى ناپولېئونغا مۇنقەرز بولدى، شۇنداق بولسىمۇ ھېچقايسىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ تەلىپىنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ھەممىسى ناپولېئوننىڭ ئېسىدە قېلىش ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈش ھەلەكچىلىكىدىلا قالدى» دەپ يازدى.

ناپولېئوننىڭ قارىشىچە، ۋېيېننادىكى كىشىلەر ئېرفۇرت ئۇچرىشىشىدا ھەل قىلىنماي قالغان ھېلىقى شەرتنامە مەسىلىسىنى ھەل قىلىندى دەپ ئىشىنىپ قالغان، مەسىلە شەرتنامە ئارقىلىق ئورۇندالمىغان تەقدىردىمۇ، تېررورلۇق ۋاسىتىسى ئارقىلىق ھەل بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىغاندى. ئىمپېراتور يەنە شۇنىڭدىنمۇ بىخەۋەر ئىدىكى، تاللېيران مۇشۇ مەزگىلدە ئۆزىنى مېتتېرنىچقىمۇ سېتىپ:

— ئاۋستىرىيەنىڭ رۇسىيە بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋىتىنى ئاۋستېرلىز ئورۇشىدىن بۇرۇنقى ھالەتكە كەلتۈرۈش پۈتۈنلەي سىزگىلا قاراشلىق بولۇپ قالدى. پەقەت ئاۋستىرىيە بىلەن رۇسىيە ئىتتىپاق تۈزگەندىلا، ئاندىن ياۋروپا ئەللىرىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداپ قالغىلى بولىدۇ، — دېگەنىدى.

بۇ ئاۋستىرىيە دىپلوماتى قاتتىق خۇشال بولۇپ كېتىپ دوكلاتىدا مۇنداق يازدى:

بىز ئاخىر يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدۇق، ئىتتىپاقدىشىمىز فىرانسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن بىرى بىزگە دوستانە قولىنى سوزدى.

ئىمپېراتور خەيرلىشىش ۋاقتىدا بارلىق پادىشاھلارنىڭ ئالدىدا ئالېكساندىر بىلەن قېرىنداشلارچە سۆيۈشۈپ خوشلاشتى، جىمى كىشى بۇ دۇنيا ھۆكۈمرانىنىڭ دوستانىلىقىغا ھۆرمەت بىلدۈردى، پەقەت تاللېيرانلا ئىچىدە كۈلگىنىچە بىر چەتتە قاراپ تۇراتتى. چۈنكى، ئۆزى فىرانسىيە بىلەن رۇسىيەنىڭ بۇنداق دوستلۇق ئاساسىنى شاراب ۋە چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپلا بۇزۇپ تاشلىغانىدى.

تاللېيراننىڭ تىرىشچانلىقى تۆت يىلدىن كېيىن مېۋە بەردى، بۇ مېۋە ناپولېئوننى زەھەرلەپ تاشلىدى.

## يىگىرمىنچى، گيوتېنىڭ نەزىرىدىكى ناپولېئون

گېرمانىيەنىڭ مەنىۋى مەشئىلى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان خان جەمەتىنىڭ كاساپىتىدىن خىرەلىشىپ قالماستىن شۇ پېتى ئەتراپقا نۇر چېچىپ تۇراتتى.

— بۇ يەردىن پارىژغا ئېلىپ قايتقۇدەك پەقەت بىرلا نەرسىگە ئېرىشتىم، ئۇ بولسىمۇ سىلەرگە قالدۇرغان گۈزەل ئەسلىمە، — دېدى ئىمپېراتور ئاخىرقى ئاخشىمى مېيمار ئىلىنىڭ بىلىم ساھەسىدىكى ئەربابلىرىغا. چۈنكى، ناپولېئون دەل مۇشۇ يەردە، شۇنداقلا ئېرفۇرتتا بۇ ھەقىقىي گېرمان كىنەزلىرى بىلەن — تالانتلا بار، ئەجدادىنىڭ كۆلەڭگىسى يوق بۇ بىلىملىك

كىنەزلەر بىلەن بىرقانچە كۆن بىللە بولغانىدى. تالانت ئىگىسى ناپولېئون ئۇلارغا ئوخشاش ئېسىلزادىلەر نەسەبىدىن بولمىغاچقا، ئاشۇ بىلىملىك پادىشاھ ـ كىنەزلەرنى ئۆزىگە يېقىن تۇتاتتى. شۇڭا، ئىككى ھەپتە مابەينىدە ھېچكىمنى پىسەنتىگە ئالماي كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزىگە تەڭداش سانايدىغان گېرمان مىللىتىنىڭ روھىغا ئىنتايىن ھۆرمەت كۆرسەتتى. گەرچە گېرمان ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىلىدىغىنى كۆپ بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ نام ـ شۆھرىتىنى، شۇنداقلا گېرمانىيە ۋە فىرانسىيە خەلقىنىڭ قەلبىدىكى ئورنىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈش قارارىغا كەلدى.

ئىمپېراتور بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى بودىستامدا مىللېرنى قوبۇل قىلغانىدى، شۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشنىڭ ئەھمىيىتىنى پىرۇسسىيە دۆلەت تەۋەلىكىدىكى ئاشۇ شىۋېيتسارىيەلىك تارىخشۇناسنىڭ بۇ ئىشنى سىر تۇتۇپ سوكۇت قىلغانلىقىدىنمۇ ئارتۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ھېچنېمە يوق ئىدى.

ناپولېئون ۋېيماردا پېشقەدەم شائىر ۋېرلاندقا دىققەت ـ ئېتىبارىنى بېرىپ، بۈيۈك دىراماتورگ ۋولتېرغا ئوخشاتتى. بىراق، ۋېرلاند ئەدەبىيات بىلەن تارىخنى ئارىلاشتۇرۇپ تەڭ ئورۇنغا قويغاندا بولسا تەنقىدلەپ:

ـــ سىزدەك ئىستىبداتلىق كىشى ئۈچۈن بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى ئېنىق ئىدى. بۇ ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ تەڭ ئورۇنغا قويسىڭىز، ئاسانلا ئۇقۇشماسلىق پەيدا بولىدۇ، ـــ دېدى.

ۋېرلاند ئەدەبىيات بىلەن تارىخنى ئارىلاشتۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاقلاپ، ئەخلاقنى مىسال قىلىپ چۈشەندۈرمەكچى بولغاندا، ئىمپېراتور ئادەتتىكىدەكلا گەپنىڭ ئوچۇقىنى

ئېيتىپ:

— بىلەمسىز، سىز مىسال ئېلىپ كۆرسەتكەن ئەخلاق پەقەت ئەدەبىي ئەسەرلەردىلا مەۋجۇت، شۇڭا كىشىلەر ئەخلاقنى قۇرۇق توقۇلما دەپ چۈشىنىپ قالىدۇ، بۇنى بىلەمسىز؟ — دېدى.

ناپولېئوننىڭ ۋېرلاند بىلەن ئۆتكۈزگەن مۇنازىرىسىگە باشقىلار قاتارىدا سىرتتىن قاتناشقان گېيوتې ئىزچىل سۈكۈت قىلىپ تۇردى.

ئىمپېراتور شۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ئېرفۇرتتىكى بىر ھۇجرىسىدا گېيوتې بىلەن بىر سائەتچە سۆھبەتلەشكەنىدى. بۇ ئەھمىيەتلىك سۆھبەت داۋامىدا شۇ زاماندىكى بۇ ئىككى ئۇلۇغ زات دۇنيا ۋەزىيىتى ئۈستىدە كەڭ كۆلەمدە پاراڭلاشتى. گەرچە ئۇلار نۇرغۇن مەسىلىلەر ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە ئىچ سىرىنى تۆكۈشمىگەن بولسىمۇ، بىر ـ بىرىگە بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ئىپادىلىگەنىدى. گېيوتې جىمى بىلىمنى تەبىئەتتىن ئالغاچقا، ئۆزىنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدىكى گۈزەل تەسەۋۋۇرىنى ئىنسانلارنىڭ رېئال تۇرمۇشى داۋامىدىلا ئىسپاتلىيالايتتى. گېيوتې مۇشۇ قېتىملىق سۆھبەتنى ئۆز ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ بىرى دەپ قارىدى ھەمدە كېيىنكى ئەسلىمىسىدىمۇ شۇنداق قەيت قىلدى. بىراق، ناپولېئون ئۈچۈن بۇ قېتىمقى سۆھبەت ئانچە مۇھىم ئەمەس ئىدى.

گېيوتې ئون يىل مابەينىدە ئىمپېراتورنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىگە ئىزچىل دىققەت قىلىپ كەلگەنىدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ناپولېئون ھەققىدە بىرمۇنچە ئەھمىيەتلىك سۆزلەرنى قىلدى، بىر ئەسىر مابەينىدە ھېچكىممۇ ناپولېئون ھەققىدە گېيوتېنىڭ ئاشۇ سۆزلىرىدەك چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە سۆزلەرنى قىلىپ باقمىغانىدى. ناپولېئون گېيوتېنى ھەقىقىي چۈشەنمەيتتى، بولۇپمۇ بۇ شائىرنىڭ ئۆزىگە چوقۇنىدىغانلىقىدىن

بىخەۋەر ئىدى. چۈنكى، گېيوتې ئۆزىنىڭ ناپولېئونغا بولغان ئەقىدىسى توغرىسىدا پەقەت ئۆزى ئىشەنگەن كىشىلەرگىلا پاراڭ قىلىپ بېرەتتى، ھەتتا ناپولېئوننىڭ ئالدىدىمۇ بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىغانىدى، بىزنىڭ دەۋرىمىزدە دۇنياۋى شۆھرەتكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئۆز دەۋرىدە ئۇنچىۋالا شۆھرەتكە نائىل بولالمىغان بۇ پېشقەدەم شائىرنىڭ نامىنى ئۆز زامانىدا بىلىدىغان گېرمانلار يۈزگىمۇ يەتمەيتتى، ھەتتا فىرانسۇزلار ئىچىدە بىلىدىغان بىرمۇ كىشى يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇ قاتاردا ئىمپېراتورمۇ گېيوتېنىڭ پەقەت ئۆز دوستلىرىدىن باشقا ھېچكىم قىزىقمايدىغان بىرقانچە غەلىتە كىتاب يازغاندىن ئۆزگە ئىشلىرىنى بىلمەيتتى.

ناپولېئون ۋە گېيوتېدەك زاتلار بىر ئادەمنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى بىر قاراپلا بىلىۋالالايتتى. ناپولېئون شۇ كۈنى چوڭ بىر يۈمىلاق ئۈستەلدە ناشتىلىققا ئولتۇرغان، تاللېيران ئوڭ تەرىپىدىن، دارۇ سول تەرىپىدىن ئورۇن ئالغانىدى. شۇ ئارىدا گېيوتې ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بولۇۋىدى، ناپولېئون دەرھال يېنىغا تەكلىپ قىلدى. يېشى ئاتمىشتىن ھالقىغان بۇ بوۋاي شۇ قەدەر سالاپەتلىك ئىدىكى، ئىمپېراتور ھەيران بولغىنىدىن ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. بىرپەستىن كېيىن ئۆزىگە كېلىپ، خۇددى ئۆزىگە ئۆزى دەۋاتقاندەك:

— ئاجايىپ قاملاشقان ئادەم ئىكەنغۇ بۇ! — دەۋەتكەنىدى ئىختىيارسىزلا.

ناپولېئوننىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن چىقىرىپ ئېيتقان بۇ سۆزىنى گېيوتېغا بەرگەن باھاسى دېگەندىن كۆرە، چوڭقۇر تەسىراتى دېيىش ئەقىلغا مۇۋاپىقراق كېلىدۇ. بۇ دۇنياۋى ھۆكۈمران شۇ تاپتا ئالدىدا تۇرغان كىشىنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاشلا دۇنياۋى ھۆكۈمران ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئىمپېراتورنىڭ شۇنىڭدىن

ئىلگىرى ئېيتىپ باقمىغان، شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھېچكىمگە ئېيتمىغان بۇ سۆزى ئۆزى بىلەن گيوتې ئوتتۇرىسىدا گويا تۇغما قانداشلاردەك بىر خىل يېقىن مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۇرۇپ بېرەتتى. بۇ ھال بەئەينى تەبىئەتتىن تاشقىرى ئىككى روھنىڭ ئاسماندا بولۇت قاتلىمىنىڭ يېرىقلىرىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ، قوللىرىنى تاكى بارماقلىرى بىر - بىرىنىڭكىگە تېگىشكەنگە قەدەر سوزۇشقىنىغا، ئاندىن يېڭىباشتىن كۆتۈرۈلگەن تۇماندا ئايرىلىپ كەتكىنىگە ئوخشايتتى.

ناپولېئون گيوتېنىڭ «ياش ۋېرتېرنىڭ دەردى» دېگەن كىتابىنى بىرپەس ماختىغاندىن كېيىن:

— بۇ رومانىڭىزنىڭ خاتىمىسىنى ياقتۇرمىدىم، — دېدى.

— ئىشىنىمەن، ئالىيلىرى، سىز بۇ رومانىنىڭ خاتىمىسىنى بولغىنىدىن بولمىغىنى ياخشى دەپ ئويلايسىز.

ئىمپېراتور بۇ كىنايىگە چىداپ سۈكۈت قىلدى. ئاندىن بۇ روماندىكى ھېكايەتنى تەنقىدلەپ، «ۋېرتېرنىڭ مۇھەببىتىنىڭ خاتىمىسى جىمى بالايىئاپەت تېمىسىنىڭ ئۆلگىسى بولۇپ قالىدۇ» دېدى. گيوتې ئىمپېراتورنىڭ ئالدىدىلا كۈلۈۋەتتى. ئۆزىنىڭ ئىككى پارچە خېتىدىمۇ ئىمپېراتورنىڭ ئالدىدا تەپ تارتماستىن بىئەدەبلىك قىلىش ئەركىنلىكىنىڭ كەمدىن - كەم بولغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن ھەمدە بۇ تەنقىدنىڭ توغرىلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلغانىدى. بىراق، كىشىلەر سەنئەتكارلارنىڭ ئوقۇرمەنلەرمۇ ئاسانلىقچە بايقىيالمايدىغان ئۇستىلىق ئىشلىتىشىگە پۇرسەت بېرىشى كېرەك، دەپ قوشۇپمۇ قويغانىدى.

— بۇ يەرنى ياقتۇرامسىز، گيوتې ئەپەندى؟ — دەپ سورىدى ئىمپېراتور تەشەببۇسكارلىق بىلەن.

سىياسىي پۈرسەتتىن قانداق پايدىلىنىش كېرەكلىكىنى گىيوتېمۇ ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا:

— ناھايىتى ياقتۇرىمەن، يەنە كېلىپ مۇشۇ كۈنلەردە ئېچىلغان يىغىننىڭ كىچىك دۆلەتمىزگە ياردىمى تەگسە ئىكەن دېگەن ئۈمىدتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

— خەلقىڭىز شادىمانمۇ؟ — سورىدى ئىمپېراتور.

ھەمىشە پادىشاھلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە مۇشۇنداق سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە ئادەتلىنىپ قالغانلىقىدىن بولسا كېرەك، بۇ سوئالنىڭ خۇددى بىر پادىشاھتىن سورىغاندەك بولۇپ قالغانلىقىنى بايقىمىغانىدى. ساكسىنىيەگە ئەمدى قىزىقماس بولۇپ قالغان ئىمپېراتورنىڭ خىيالى بۇ ئاقىلدىن قانداق پايدىلىنىش كېرەكلىكى ئۈستىدىلا ئىدى. «بۇ تالانت ئىگىسىنىڭ تارىخ يازمايدىغانلىقى تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدى، — دەپ ئويلايتتى ئىمپېراتور، — بىراق، ئەدىب بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ قېتىمقى يىغىننى يازسىمۇ، دىراماتورگ بولۇش سۈپىتى بىلەن رىمدىكى شىرەم تۇغقانلىرىمىزنى تەسۋىرلەپ يازسىمۇ بولاتتىغۇ. بۇ ئىككى ئىشنى جەزمەن مېنىڭ فىرانسۇزلىرىمدىن ئوبدانراق قاملاشتۇرۇپ يازىدۇ، يەنە كېلىپ چەت ئەللىك يازسا قىممىتى ھەسسىلەپ ئارتۇق بولىدۇ.»

— يىغىن مەزگىلىدە مۇشۇ يەردە تۇرسىڭىز ھەمدە بۇ ئۇلۇغ دىرامىغا بولغان تەسىراتىڭىزنى يېزىپ باقسىڭىز بولاتتى. بۇ تەكلىپىمگە رايىڭىز بارمىكىن؟

ئىمپېراتور دېگىنىنى قىلدۇرماق تەس بۇ شائىرغا قىلغان ھۇجۇمىنى ئاشۇ سوئالى بىلەنلا توختاتتى. بۇ ئىشى ئىزچىل مۇستەبىتلەرچە ئىستىلغا ئانچە ماس كەلمەيتتى.

— مەندە كىلاسسىك يازغۇچىلاردەك بەدىئىي ماھارەت يوق، — دېدى گىيوتې ئېھتىياتچانلىق بىلەن.

«بۇ گېپى سىياسىي مەنە ئالدى» دەپ ئويلىدى ئىمپېراتور كۆڭلىدە، ئاندىن:

— كىنەزنىڭلار مېنى ۋېيمارغا تەكلىپ قىلدى، كىنەزنىڭلارنىڭ بىرمەھەل كەيپى ياخشى ئەمەس ئىدى، هازىر ئوبدانلا ئېچىلىپ قالدى، — دېدى.

— ناخۇش بولسىمۇ بولغاندۇ، ئالىيلىرى، بىرىلگەن جازامۇ ئېغىر كەتتى. بۇ ئىشقا بىرنېمە دېمىسەم بولاتتى. بىراق، نېمىلا دېگەنبىلەن ھەممىمىز كىنەزنى ھۆرمەتلەيمىز ئەمەسمۇ.

«ئوبدان، — دەپ ئويلىدى ئىمپېراتور، — غوجىسى تەرەپتە تۇرۇۋاتىدۇ ھەم ماڭا كىنەزنىڭ بىر كالۋا ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىدىنمۇ بېشارەت بېرىۋاتىدۇ. مەن بۇ ئادەمگە قەيسەر كەبى تەرجىمىھالىمنى چوقۇم يازدۇرىمەن! بۇنىڭ فىرانسىيەدە پەيدا قىلىدىغان تەسىرى بىر مەيدان ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنىڭكىدىنمۇ چوڭ بولىدۇ.»

— تىراگېدىيە پادىشاھلار بىلەن خەلقنىڭ مەكتىپى بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى. شائىر بولغان كىشى باشقا ساھەدە بۇنداق ئالىي ئىنئامغا مۇيەسسەر بولالمايدۇ! سىز «قەيسەرنىڭ ئۆلۈمى»نى ۋولتېرنىڭكىدىنمۇ كاتتىراق قىلىپ قايتا يېزىپ چىقىسىڭىز، ھاياتىڭىزدا يازغان ئەڭ ئۇلۇغ ئەسەر بولۇپ قالاتتى. سىز بۇ تىراگېدىيەڭىز ئارقىلىق جاھان ئەھلىگە ئەگەر كىشىلەر قەيسەرگە ئۇلۇغۋار پىلاننى ئورۇندىشىغا يەتكۈدەك ۋاقىت بەرگەن بولسا، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى بەخت - سائادەتكە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشىڭىز كېرەك! پارىژغا كېلىڭ، شۇنداق قىلىڭ! ئۇ يەردە نەزەر - دائىرىڭىز تېخىمۇ كېڭىيىدۇ، يېڭى ئەدەبىي ئىجادىيىتىڭىز ئۈچۈن يېتەرلىك دېتال تېپىلىدۇ.

شائىر ئىمپېراتورنىڭ بۇ تەكلىپىگە ئەدەپ بىلەن ھەشقاللا

ئېيتىپ:

— ئەگەر بۇ تەكلىپىڭىزنى قوبۇل قىلالىغان بولسام تولىمۇ بەختلىك بولغان بولاتتىم، — دېدى.

«يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ كەتسەم بولمايدۇ، — دەپ ئويلىدى ئىمپېراتور خۇددى شۇنىڭدىن ئىلگىرىلا چار پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئويلىغىنىدەك، — بولمىسا، مېنى بۇ ئىشقا ئەجەب كۆڭۈل بۆلۈپ كەتتىغۇ، دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئاجايىپ ئىش - ھە، مەندىن ھېچنېمە تەمە قىلمايدىكەن، ھەتتا دىققىتىمنى قوزغاش خىيالىمۇ يوق ئىكەن. بۇ دىيانەتلىك زاتنى ئۆزۈمگە قىزىقتۇرۇشنىڭ چارىسى نېمىدۇ؟ ئۆزىمىز ئويناۋاتقان دىرامىنى كۆرسىتەي، شۇنداق قىلسام تېخىمۇ ياخشى دىراممىلارنى يېزىش ئارزۇسىنى قوزغىغىلى بولىدۇ.»

— بۈگۈن ئاخشام تىياتىرخانىغا بېرىڭ! ئۇ يەردە نۇرغۇن پادىشاھ - كىنەزلەر بىلەن ئۇچرىشىسىز. پىرىماس خانىشىنى تونۇمسىز؟ خانىشنىڭ لوژىدا ۋيۇرتېمبېرگ پادىشاھىنىڭ مۇرىسىنى ياستۇق قىلىپ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى كۆرىسىز. چار پادىشاھنى تونۇمسىز؟ ئېرفۇرتقا دائىر نەرسىلەرنى يېزىپ ھەدىيە قىلسىڭىز بولاتتى.

بۇ ئىمپېراتورنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق بېشارىتى ئىدى. گيوتې ناپولېئوننىڭ بېشارەتلىرىنى قوبۇل قىلارمۇ؟ شائىر كۈلۈپلا قويدى - دە، ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن كۆڭلىدىكىنى ئۇدۇللا ئېيتىپ جاۋاب بەردى:

— ئەزەلدىن بۇنداق ئىشنى قىلىپ باقمىغان مەن، ئالىيلىرى، ھەم شۇنداق قىلمىغانلىقىمغا ئۆكۈنۈپمۇ كەتمەيمەن.

ئىمپېراتور ئاخىر بۇرنىغا يېگەندى. ھەيران قالارلىقى شۇكى، بۇ ئىنقىلاب ئوغلانى ئەمدى ئۆز ئورنىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن لۇئىس XIV نىڭ روھىنى چاقىردى:

— لۇئىس X IV نىڭ زامانىدا كاتتا يازغۇچىلىرىمىز بۇنداق قاراشتا ئەمەس ئىدى.

— شۇنداق، ئالىيلىرى. بىراق، ئۇلارنىڭ پۇشايمان قىلغان - قىلمىغانلىقىغىمۇ بىر نەرسە دېيەلمەيمىز.

«بەرھەق !» دەپ ئويلىدى ئىمپېراتور بۇ شۇبھىلىك جاۋابتىن گېرمانىلارنىڭ ھۇجۇم سېپى تۈزگەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىپ. شۇڭا، شائىر قول ئىشارىسى قىلىپ خوشلاشماقچى بولۇۋىدى، ئىمپېراتور تۇتۇپ قالمىدى. بۇنداق تەرزدە خەيرلىشىش ئوردا قائىدىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيتتى، شۇنداقلا ئوردا قائىدىسىنى ئوبدان بىلىدىغان گيوتېنىڭمۇ ئادىتى ئەمەس ئىدى. بۇ ئىككى تالانت ئىگىسىنىڭ ئاشكارا ئۇچرىشىشى كىشىلەرگە ھەيرانە تەسىرات بەرگەنىدى. شائىر بۇ قېتىمقى سۆھبەتنى ئۆز ئۆمرىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئۇچرىشىش دەپ بىلدى. پەقەت قىزىقىش تۇيغۇلىرىدىنلا بۇ ئۇچرىشىشنى ئورۇنلاشتۇرغان ئىمپېراتور سۆھبەت ئارقىلىق شائىرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشمەكچى بولۇۋىدى، مەقسىتىگە يېتەلمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي: ئىمپېراتور شائىردىن پايدىلانماقچى، ئەمما شائىرنىڭ ئىمپېراتوردىن ھېچقانداق تەمەسى يوق. ناپولېئون گيوتېنىڭ ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى مەدھىيىلەپ يېزىشىغا موھتاج ئىدى، گيوتې بولسا ناپولېئوننىڭ سۆز - ھەرىكىتىدىن كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىنى كۆرۈپ يېتىپ، ئۆزى ئۇچۇن قىممەتلىك دېتالغا ئېرىشىپ بولغان، شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ پارىژغا بېرىپ ئاۋارە بولۇشنىڭمۇ ھاجىتى قالمىغانىدى.

گەرچە گيوتې ئىمپېراتورنىڭ تەكلىپىنى شېئىرىي سۆزلەر بىلەن رەت قىلغان بولسىمۇ، ئىمپېراتور بىرقانچە يىلدىن كېيىن تىراگېدىيىلىك تەقدىرگە دۇچار بولۇپ سەرسانلىقتا يۈرگەندە ئۆزىنىڭ شۇ چاغدا گيوتېنى زامانداشلىرىدىن

پەرقلەندۈرۈپ باشقىچە نەزىرى بىلەن قاراپ ئېيتقان: «ئاجايىپ قاملاشقان ئىستىبداتلىق ئادەم ئىكەنغۇ بۇ !» دېگەن سۆزىنى ئەسكە ئالدى.

## يىگىرمە بىرىنچى، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمايدىغان قاتىل

ناپولېئون بۇ قېتىمقى سۆھبەتتىن كېيىن ئىككى ئاي ئۆتكەندە مادرىدتىكى فىلىپ II نىڭ ھەيكىلى ئالدىدا تۇراتتى. بۇ قېتىم مادرىدقا كەلگەندىن كېيىن پادىشاھ ئوردىسىغا بارغان ھەمدە ئوردىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى ئالدىراش ئارىلاپ چىققانىدى. ھازىر بۇ ھۆكۈمراننىڭ ئالدىدا خۇددى رەسمىي سۆزلىشىۋاتقاندەك بىر تەرزدە ئۇزاقتىن - ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى، ھەمراھلىرى ئىمپېراتورنىڭ خۇددى بۇ پادىشاھ بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندەك ئەپتىدىن ئەيمىنىپ زۇۋان سۈرمەي سۈكۈت قىلىپ تۇردى. «مېنىڭ زېمىنىمدا مەڭگۈ كۈن ئولتۇرمايدۇ» دېيەلمەيتتى ھەيكەل ئالدىدا تۇرغان ئىمپېراتور. شۇ تاپتا زۇۋان سۈرمەي جىممىدە تۇرغان فىلىپ سىرلىق كۆزلىرىدىن قارىغاندا بەختلىك ئەمەستەك كۆرۈنەتتى. ئۇنداقتا كىم بەختلىكتۇ؟

كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان ئۇرۇش تۇپەيلىدىن ئىسپانىيەنىڭ پايتەختىگە كېلىپ قالغان ئىمپېراتور ئىسپانىيە ۋەقەسىدىكى سۈيىقەستىنىڭ دەردىنى تارتماقتا ئىدى. ناپولېئون بۇلتۇر ئەتىيازدا پادىشاھ - كىنەزلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ياخشى ئاقىۋەتكە دۇچار قىلمىدى. ئىسپان خەلقىنىڭ خاراكتېرىنىمۇ ئېنىق بىلىپ يەتمىگەنىدى، ئىسپان خەلقى مىللىي غۇرۇرىنى قوغداش يولىدا قولىغا قورال ئېلىپ قوزغالغاندا، بۇ ئىسيانكارلارنى «ھاماقەت توپىلاڭچىلار» دەپ ئاتىدى.

ھالبۇكى، ئىمپېراتور ئۆزىنىڭ بۇ خاتالىقىنى تونۇپ يەتمىگەندى، بۈگۈن ئۇلارنى بۇ يەردە بويسۇندۇردۇم دېگىنى بىلەن ئەتىگىچە تېزگىنلىيەلمەي قالاتتى. خەلق ئەتىسى تۇشمۇ تۇشتىن چەت ئەل قاراقچىلىرىنى سوققىلى تۇرسا كىممۇ توسۇپ قالالىسۇن؟

— بۇ ئۆمرۈم بويى قىلغان ئەڭ ئەخمىقانە ئىشىم بولدى! بىر ئامال تېپىڭ، مەسلىھەتىڭىزنى بېرىڭ، بۇ مۇشكۈلاتتىن قۇتۇلۇپ كېتەي، — دېدى خاتالىقىنى ھېس قىلغان ناپولېئون قەدىناس سەپدىشى ۋېنتسونغا.

— - بۇ دۆلەتتىن ۋاز كېچىڭ، جانابلىرى.

— ئوھوي! ئېيتماققىغۇ ئاسان. بىراق، مېنىڭ تۇرۇۋاتقان ئورنۇمنى ئويلاپ بېقىڭ، ياۋروپانىڭ ھوقۇقىنى قولۇمغا ئېلىش ئۈچۈن كاللام ناھايىتى ئەقىللىك، شەمشىرىم ئۆتكۈر بولمىسا بولمايدۇ، مېنى يولۇمدىن توسقۇچىلارمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك. بۇنداق كاللا ۋە شەمشەر تېگىشلىك سۈر - ھەيۋىسىدىن مەھرۇم قالسا بولمايدۇ. مەن كۆپىنىڭ ئالدىدا ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزدۈم دەپ ئىقرار قىلىپ، مەغلۇپ قوشۇنۇمنى باشلاپ چېكىنسەم بولمايدۇ. دەڭسەپ كۆرۈڭ، مۇشۇنداق قىلىشىم مۇمكىنمۇ؟ ئوبدانراق مەسلىھەت بېرىڭ!

خاتا قىلغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپمۇ تۈزەتمەي، ياخشىراق مەسلىھەت ئېلىش ئۈچۈن قەدىناس دوستىغا ھال ئېيتقىنى نېمىسى؟ بۇ زادى ياش بوناپارتمۇ ياكى قېرى ناپولېئونمۇ؟ سەككىز كۈن ئىچىدە بۈيۈك ئىمپېراتور فىرېدېرىخنىڭ مەشھۇر قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان ئەمەسمىدى؟ ئىسپانىيەدە سەككىز كۈن تۈگۈل، سەككىز ئاي ئۆتكەن بولسىمۇ ھېچقانچە نەتىجىگە ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ. ئىلگىرى ياللانما قوشۇنلارنى ياكى ئاقسۆڭەكلەر بىرلەشمە ئارمىيەسىنى ئۆزگە

يانداشتۇرۇپ ئەگرى ـ توقاي ئىدىرلىقلاردا، قۇملۇقلاردا، پولشا پاتقاقلىقلىرىدا ياكى ئاندالوسىيە تاغ تىزمىسىدا ئاجايىپ جەڭلەرنى قىلغانىدى. بىراق، بۇ قېتىم ئىش باشقىچە بولدى، بۇنداق ئاستا سۈرئەت ناپولېئوننىڭ قەدىمىگە ماس كەلمىدى، مۇھىتمۇ توغرا ماتېماتىكىلىق ھېسابىدەك بولۇپ چىقمىدى.

ئاكىسى بۇنداق ئەھۋالدا ياردەم بەرمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەردى. ئاكىسى يوسېف تەربىيە كۆرگەن ئىسپانىيەلىك بولۇش خىيالىدا بولغاچقا، ئىمپېراتور بىلەن قىزىرىشىپ قالدى. يوسېف پادىشاھ تۇرۇۋېلىۋىمۇ، دۆلىتىنى تاشلاپ قاچقانىدى. يولدا ئىسپانىيەگە قاراپ كېلىۋاتقان ئىمپېراتور ئىنىسىغا ھەمراھ بولۇپ ئىسپانىيەگە قايتىپ كېلىپ كۆلكىگە دەستەك بولۇپ قالدى. قاتتىق قول ئىمپېراتور بۇنىڭ بىلەن قەدىناس دوستى رودېرېرغا ئاكىسى ئۈستىدىن دادلاپ بېرىشكە تېخىمۇ كۆچلۈك ئاساس تاپتى:

— يوسېف ئىسپانلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشمەكچى ھەمدە ئۇلارنى ئۆزىنىڭ مېھرىبانلىقىغا ئىشەندۇرمەكچى. پادىشاھ بولغان ئادەم كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە مېھرىبانلىقى ئارقىلىق ئېرىشمەن دەپ ئولتۇرماي، كىشىلەرنى ئەيمەندۇرىدىغان بولۇشى كېرەك ئىدى... ماڭا يازغان خېتىدە «ياۋروپا بويىچە ئەڭ گۈزەل دەرەخزار مورفونتاينىغا بېرىپ پىنھان ياشىماقچى بولۇۋاتىمەن» دەپتۇ. شۇنچە قاتىلاڭ بىر چاغدا مېنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرماقچى... «كونا ئورمانلىقتا ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزۈشكە رازىمەنكى، ئادالەتسىز قان تۆكۈلۈشنى خالىمايمەن» دەپتۇ... تۆكۈلىدىغان قانلار فىرانسىيەنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ قېنىغۇ! ئىسپانىيەگە ئۆز رازىلىقى بىلەن پادىشاھ بولغانىدى، ناپلېستا تۇرىۋەرسىمۇ بولاتتى. مېنى توسماقچىمۇ؟ ئائىلىگە موھتاج ئەمەس مەن... قېرىنداشلىرىم فىرانسىيەلىك ئەمەس، پەقەت

مەنلا فىرانسىيەلىك... گوللاندىيە پادىشاھىمۇ پىنھان ياشايدىغانىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، بىز ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا ئىچىدە مورفونتايىنىغا قايتىپ پىنھان ياشاشقا مەنلا ئەڭ ھەقلىقمەن.

ناپولېئون نىمە ئۈچۈن يوسېف بىلەن ئادا ـ جۇدا بولمايدۇ؟ ناپولېئون ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئىسپانىيەدىكى فىرانسىيە قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى مارشال سولتقا نېمە ئۈچۈن مۇراتقا بەرگىنىدەك بىرەر تاج بەرمەيدۇ؟

— يوسېف ماڭا يازغان خېتىدە ئەگەر باشقا بىرى مەندىنمۇ بەكرەك پەسەنتىڭگە ياقسا، پادىشاھلىق تاجىنى شۇنىڭغا بېرىشىڭ كېرەك، دەپتۇ. يوسېفنى پەسەنتىمگە ئالغانلىقىم ئۈچۈنلا پادىشاھلىق تاجىنى بەرگەنمەن، ئەلۋەتتە! تۆھپىسىگە قاراپ پادىشاھلىقنى بېرىش خىيالىدا بولغان بولسام تامامەن باشقا بىرىنى تاللىغان بولاتتىم! سۇلالەمنى ئائىلەم ئارقىلىق قوغدىشىمغا توغرا كېلىدۇ، بۇ مېنىڭ پرىنسىپىم!

ناپولېئون ئەمدىلىكتە مادرىدتا يېڭى تەرتىپ ئورنىتىش توغرىسىدا يارلىق چىقاردى، ئەمما بۇ يارلىقنى قارشى ئالىدىغان كىشىلەرنىڭ تايىنى بولمىدى، ھىمايە قىلىدىغان كىشىغۇ ئەسلا چىقمىدى، پەقەت ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ تەھدىتىگە ھەمدە ئىسپانىيە خەلقىنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىگە دۇچار بولۇشتىن باشقىچە نەتىجە بەرمىدى. بىراق، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ناپولېئوننى ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىشتىن توسۇپ قالالمىدى.

شۇ ئارىدا مەخپىي خەۋەرچىسى ناپولېئوننىڭ ئاستورگادىكى ۋاقىتلىق بارگاھىغا كەلدى. ناپولېئون «ئائىلە»سىدە نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىدىن ئەمدى خەۋەر تاپىدىغان بولدى ـ دە. ناپولېئون خەۋەرچىسى ئېلىپ كەلگەن بىر پارچە خەتنى

ئوقۇۋېتىپ بىردىنلا جىمىپ كەتتى، ئاچچىقىدىن غال - غال تىترەپ كەتتى، زوۋان سورمەستىن ئۆي ئىچىدە بىر سائەتچە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈردى، ئەڭ يېقىن سىرداشلىرىمۇ زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى پەرەز قىلىپ تاپالمىدى. ئاندىن بىردىنلا قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ كېتىشى توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى، ئۆزىمۇ قوشۇنلىرىنى سەركەردىلىرىگە تاپشۇرۇپ، ۋارادولىدىن يول ئېلىپ ۋەتەنگە قايتتى.

«ئاھ، كۆزى ئۆتكۈر پادىشاھ فىلىپ توغرا ئېيتقانىكەن! — دەپ ئويلىدى ئىمپېراتور پەيتونىدا ئولتۇرۇپ كېتىۋېتىپ، — ئىسپانىيەدىكى بىدئەت دىنىي سوتنى ئەمەلدىن قالدۇرمايلا قالماستىن، فىرانسىيەدىمۇ قۇرۇش كېرەك ئىكەن. پارىژدا سۈيىقەست پەيدا بوپتۇ، بۇنىڭ بېشى دۈشمەن ئەمەس. فېرشىل بىلەن تالليېران بىر - بىرىگە دۈشمەنلىك بىلەن قاراپ، بىر - بىرىنى نازارەت قىلىشسا، بىر - بىرىنى پاش قىلىپ تۇرسا بولاتتى، مەن شۇندىلا ئاردىن نەپ ئالاتتىم، هازىر بولسا بۇلار ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ بىرلىشىۋاپتۇ، ھەتتا مۇراتمۇ شۇلارغا قوشۇلۇپ كېتىپتۇ!»

ناپولېئوننى دەرھال قايتىشقا ئۈندىگەن بۇ خەت ئىنىسى ئېۋگېن بىلەن ئاپىسىدىن كەلگەنىدى. لاتسىيە ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي بايرام ئەمەس، خەۋپ - خەتەر يېتىپ كەلگەن پەيتتىمۇ جانلىنىپ كېتەتتى، بۇ كورسىكالىق ئانا ئۆز بالىسىنى قوغداشقا ئەنە شۇنداق ھېرىسمەن ئىدى. تالليېرانىڭ قاچاندىن باشلاپ يۈز ئۆرۈگەنلىكى ۋە بۇ يولدا قانچىلىك ئۇزاپ كەتكەنلىكىگە هازىرچە بىرنىمە دېگىلى بولمايدۇ. ئىمپېراتورنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئۆزى فىرانسىيەدە يوق چاغلاردا كىمنىڭدۇر ئاۋسترىيە ئەلچىسىنى ئاۋسترىيەنىڭ فىرانسىيەگە تۇيۇقسىز

ھۇجۇم قىلىش پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىگە ئىشەندۈرۈشكە ئۇرۇنغانلىقى ئىدى، بۇ كىشىنىڭ تاللېيران ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلغۇدەك ئاساسى يوق، ئاساسى بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ بۈيۈك پاسىبان شۇنچە يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئىككى ۋەزىرنى قانداقمۇ قولغا ئالسۇن! ھوقۇق بارا ـ بارا بىلىپ ـ بىلمەيلا قولىدىن سىيرىلىپ چىقىپ ئىككىيلەننىڭ قولىغا مەركەزلىشىشكە باشلىغانىدى، ئۇلار بولسا بۇ ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرى ئۆچ پاسىبانغا تاقابىل تۇرماقچى! تۆت ھەپتىلىك پارىژ سەپىرىدە ناپولېئون ئۆزى باققان بۇ قۇللىرىدىن قاتتىق غەزەپلەندى.

ناپولېئون پارىژغا كېلىپلا پارلامېنت يىغىنى چاقىردى، بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقان نۇرغۇن پالاتا ئەزالىرى ۋە بارلىق ۋەزىرلەر ئىمپېراتورنىڭ ئۆچ ئېلىش ھەرىكىتىنىڭ شاھىتلىرىدىن بولۇپ قالدى. ھېلىقى ئىككى «جاۋابكار»مۇ شۇ يىغىندا بار ئىدى. ئىمپېراتور تاللېيراننى غەزەپ بىلەن سۆككىلى تۇردى:

ـــ ھۇ پەس، ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان نائىنساپ! ساڭا ئوخشاش ئادەملەر دادىسىنى سېتىۋېتىشتىنمۇ يانمايدۇ! ساڭا شۇنچە ئىشەنگەنىدىم، قاراپ تۇرۇپ ماڭا ساتقۇنلۇق قىلدىڭ. دەسلەپتە مېنى ئىسپانىيەگە بېرىپ بۇ قېتىمقى خېيىم ـ خەتەرگە ئەسەبىيلەرچە تەۋەككۇل قىلىشقا دەۋەت قىلغانمۇ سەن ئىدىڭ، ھازىر بولسا جامائەتنىڭ ئالدىدا بولۇشچە ئەيىبلەۋاتقانمۇ سەن! كىنەز دانگاننىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىدىن خەۋەر بېرىپ، ئۇتقۇيرۇقلۇق قىلىپ جازاغا تارتقۇزغانمۇ ئۆزۈڭ... ئەمەلدىكى قالدۇرۇلغان ئىسپانىيە خان جەمەتىنىڭ سىنىڭ باشقۇرۇشۇڭغا تاپشۇرۇلغان ئەزالىرى بىلەن شېرىكلىشىپ ماڭا ئاسىيلىق قىلغانىدىڭ، ئەمدىلىكتە ئىسپانىيە ۋەقەسىنى بىر خاتالىق دەپ

گېپىگە قۇلاق سالغان ھەربىر كىشىگە يۈزلەپ قىزارماي «ئىمپېراتورنى قايتا ـ قايتا ئاگاھلاندۇرغانمەن» دەپ جار سېلىۋاتىسەن... ساڭا تاپشۇرغان ھەممە ئاچقۇچنى ماڭا قايتۇرۇپ بەر... سېنى شۇ تاپتىلا خۇددى بىر تال ئەينەك شارچىسىدەك كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋەتسەممۇ ھەق! بىراق، سەن دېگەن ئۆتۈپ كەتكەن ئىپلاس بىر بەندە، بۇنداق قىلىشىمغا ئەرزىمەيسەن!

ناپولېئون توپتوغرا يېرىم سائەت تىللىدى، يىغىن ئەھلى بۇ ھالدىن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. تاللېيران زوۋان سۈرمەستىن تەزىم قىلغىنىچە زالدىن قايتىپ چىقتى.

— ۋاي ئىسىت، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ تالادا تۇنجى ئۇچراشقان بىر دوستىغا، — شۇنداق بىر ئۇلۇغ زاتنىڭ شۇنچە ئەدەپسىزلىك قىلغىنىنى!

ئىمپېراتور مەجلىسخانىدا ئەمدى تىغ ئۇچىنى فۇشېغا قارىتىپ، ئۇنى «جامائەت پىكرىگە ئىگىدارچىلىق قىلماستىن، ئىمپېرىيەنىڭ دۈشمىنىگە مەدەتكار بولدۇڭ» دەپ سۆكتى.

ناپولېئوننىڭ ئەيىبلەشلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان يىغىن ئەھلى ئىمتاس بولۇپ كەتتى، فۇشې بولسا چىقىپ كەتمەستىن تەزىم قىلغىنىچە زوۋان سۈرمەي قۇلاق سېلىپ تۇرىۋەردى. ئىمپېراتور ئاخىردا بارلىق ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ نۇتۇق ئەركىنلىكى ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشى كېرەكلىكىنى جاكارلىدى. چۈنكى، ئۇلار ئىمپېراتورنىڭ ئىرادىسىنىڭ قورالى بولۇشقىلا مۇناسىپ ئىدى. ناپولېئون يەنە «ئىمپېراتوردىن گۇمانلىنىش ئاسىيلىقنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، ئىمپېراتورغا قارشى پىكىردە بولۇش بولسا كەم ـ كوتىسىز ئاسىيلىقتىن دېرەك بېرىدۇ» دەپ تېرە تاراقشىتتى. بۇ چاغدا پۈتۈن پارىژ ئەھلى ھېلىقى ئىككى ئاسىينى سۈرگۈن قىلىنىدىغان تەقدىردىمۇ، نەزەربەند قىلىنماي قالمايدۇ، دەپ

ئويلاشقانىدى. بىراق، ئۇ ئىككىسىنىڭ ھېچقايسىغا ھېچ ئىش بولمىدى؛ قۇشىي مەرتىۋىسىدە تۇرىۋەردى. ھەممىدىن خەۋەردار قۇشىنىڭ ئورنىنى كىممۇ ئالالىسۇن! تاللېيرانمۇ مەرتىۋىسىدە تۇرىۋەردى، يەكشەنبە كۈنى ئوردىدىكى ئىمپېراتورغا سالام بېرىش مۇراسىمىدا دائىم غوجىسىنىڭ كۆزىگە ئىلىنىشىپ تۇرىدىغان جايىدىن ئايرىلمىدى، ئىمپېراتور تاللېيراننىڭ يېنىدىكىلەردىن سوئال سورىغاندا، تاللېيران ۋاكالىتەن جاۋاب بېرەتتى. مارشال لاننېفنىڭ قارىشى توغرا بولۇپ چىقتى. بۇ مارشال بىر چاغلاردا: «سىز تاللېيران بىلەن پاراڭلىشىۋاتقىنىڭىزدا بىرەرى ئارقىسىدا تۇرۇپ يانپېشىغا تەپكەن تەقدىردىمۇ چىرايىدىن زىنھار غەلىتە ئالامەتنى كۆرمەيسىز» دېگەنىدى. ئۇزاققا بارمايلا تاللېيران بۇرۇنقىدەكلا ئوردىدىكى كېچىلىك زىياپەتلەردە كۆرۈنۈپ قويۇپ، ئاندىن دېگۈسىلىغىنىچە غوجىسىغا ئەگىشىپ ئىمپېراتورنىڭ كابىنېتىغا كىرىپ كېتىدىغان بولدى. چۈنكى، ئىمپېراتورنىڭ ئېيتقىنىدەك «ھەقىقىي پاراڭلىشالايدىغان بىردىنبىر كىشى» شۇ ئىدى.

مەسلىھەتلىشىدىغان تېخىمۇ مۇھىم ئىش چىقتى. ئۇيغۇسىنى ئاچقان گېرمانىيە بارا ـ بارا داۋالغۇشقا باشلىغان، جىمى كىشىنىڭ نەزىرى ئاۋستىرىيەگە تىكىلگەنىدى. پىرۇسسىيە پادىشاھى بۇرۇنقىدەكلا دېلىغۇل بولۇپ تۇراتتى، مادرىدتىن چۈشكەن بۇيرۇق بويىچە بارون ستەيىن پىرۇسسىيەدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. تىلوردىكى قارشىلىق كەيپىياتى ئىسپانىيەدىكىگە ئوخشاشلا ئەۋج ئالدى. ئاۋستىرىيە شۇ تاپتا بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپلا قالماستىن، تۈركىيە بىلەنمۇ ئەھدىلىشىۋالغان بولۇپ، بەشىنچى مەرتەم ھەربىي ھازىرلىقلىرىنى كېڭەيتىپ ئۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. توپىلاڭ بېسىقمايدىكەن، فىرانسىيە قوشۇنلىرى ئىسپانىيەدىن ھەرگىز

قايتالمايتتى، فرانسيەنىڭ ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنى ئىسپانىيەگە باغلىنىپ تۇرۇۋاتقان پەيتتە فرانسىيە قانداقمۇ باشقا دۆلەتكە ئۇرۇش ئېلان قىلالىسۇن؟ دەل ئەنە شۇنداق ۋەزىيەتتە ئاۋستىرىيەلىكلەر قولىغا قورال ئېلىپ ئىمپېراتورغا قارشىلىق كۆرسىتىشكە پېتىندى.

بارلىق ئۈمىدىنى رۇسىيەنىڭ ئاۋستىرىيەنى چەكلەپ تۇرۇشىغا باغلىغان ناپولېئون پېتېربۇرگقا قايتماقچى بولۇپ يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرغان رۇسىيە ئەلچىسى رومانزوغا نۇرغۇن سوۋغات تەييارلاپ يوللۇق تۇتتى ھەمدە «پىرۇسسىيەدىن چېكىنىپ چىقىمەن» دەپ دەبدەبىلىك ۋەدە بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چار پادىشاھ ئالېكساندىرنىڭ ياۋروپاغا ھەيۋە كۆرسىتىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئىتتىپاق تۈزىدىغانلىقىنى جاكارلىشىنى تەلەپ قىلدى.

بىراق، ئالېكساندىر بىر قارارغا كېلەلمىدى. چۈنكى، ۋېيېننا، بېرلىن، لوندونلارنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ قالغانىدى، بۇ بىقارار ئىنسان بۇنىڭدىن باشقا بىر تەرەپتىن كىنەزلىرىنىڭ (ناپولېئونغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ ئادەملىرىنىڭ ) بېسىمى بىلەن ئۇلارغا يول قويسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشقىمۇ پېتىنالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋېيېننالىقلارنىڭ ئاۋستىرىيە شاھزادىسىنى رۇسىيە چار پادىشاھىنىڭ سىڭلىسىغا ئۆيلەندۈرۈش غەرىزىمۇ بەربات بولغانىدى، شۇڭا چار پادىشاھ بىتەرەپ تۇرۇش قارارىغا كەلدى.

ئىمپېراتورنىڭ كۆڭلى بۇ دوستىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن قاتتىق ئازار يېدى، ئەسلىدىغۇ بۇ دوستىغا ئۇنچە ئىشىنىپ كەتمەسلىكى كېرەك ئىدى، مانا ئەمدى غۇرۇرى سۇندى، قىلغان ئەقىدىسى بىكارغا كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا قوشۇنلىرىنى يىغىپباشتىن رەتكە

سالماقتىن باشقا قىلغۇدەك ئىش يوق ئىدى. زاپاس قوشۇندىكى لەشكەرلەر مۇددەتتىن بۇرۇن ئارمىيەگە قوبۇل قىلىنىپ بولغانىدى، ھەربىي خىراجەتنى بولسا بارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ تەييارلىشقا توغرا كېلەتتى. ئىسپانىيە ۋەقەسىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن زايۇمنىڭ كۇرسى يەتمىش سەككىز پىرسەنتكە چۈشۈپ قالدى. ئاۋستىرىيەنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلىرى ئىمپېراتورنىڭ مۆلچەرىدىن كۆپ تېز بولدى. ئاپرېلدا ئاخباراتچىلارنىڭ خەۋەر بېرىشىچە، دۈشمەن قوشۇنى ھەربىي يۈرۈشنى باشلىغانىدى. ئۇخلاشقا ياتقان ناپولېئون ئاخشىمى سائەت ئوندا كەلگەن بۇ خەۋەردىن قاتتىق چۆچۈدى ـ دە، پۈتۈن قوشۇننىڭ ھەرىكەتكە كېلىشى توغرىسىدا دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، بۇ زور ئاپپاراتنىڭ تۆت سائەت ئىچىدە تەق بولۇشىنى تەلەپ قىلدى.

ئىمپېراتور باۋارىيەگە كېلىشى بىلەنلا ئاۋستىرىيە قوشۇنىنىڭ ھەربىي يۈرۈشى جەريانىدا ئۆتكۈزگەن خاتالىقىنى بايقىۋالدى، تەلىيىنىڭ مۇنچە ئوڭغا تارتقانلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى.

— كوكۇلىسىدىن تۇتۇۋالدىم! — توۋلىۋەتتى ناپولېئون خۇشاللىقى ئىچ ـ ئىچىگە پاتماي، — بىر ئايغا قالمايلا ۋېيېنناغا يۈرۈش قىلىمەن!

بىراق، ناپولېئون ۋاقىتنى ئارتۇقراق مۆلچەرلىۋەتكەنىدى، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۈچ ھەپتىدىن كېيىنلا ۋېيېنناغا يېتىپ باردى. لەشكەر ـ سەركەردىلىرىنى قىرىق سائەت ئىچىدە يۈز كىلومېتىردىن ئارتۇق يول بېسىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۇدا بەش قېتىملىق چوڭ جەڭدە دۈشمەن قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈردى، ئاخىرقى بىر كۈنى تاپىنىنىڭ ئۆكچىسىگە ئوق تېگىپ يارىلاندى. بۇنىڭ بىلەن «ناپولېئونغا ئوق ئۆتمەيدىكەن» دىگەن رىۋايەت (بۇ رىۋايەتكە ئۆزىمۇ ئىشىنىپ قالغانىدى) يوق بولدى.

بىراق، ناپولېئون داۋاملىق ئىلگىرىلەپ گېرمانىيەنى توغرا كېسىپ ئۆتتى. ناپولېئوننىڭ پەيتونى ئاددىي ھەم ئازادە بولۇپ، يېتىپ ئۇخلاشقىمۇ، ئوردىسىدا ياكى چېدىرىدا تۇرغان چاغلىرىدىكىدەك ئۆرە ئولتۇرۇپ بۇيرۇق چۈشۈرۈشكىمۇ قولايلىق ئىدى. ناپولېئوننىڭ ھەربىي يۈرۈش سەپىرىنىڭ سۈرئىتى مىسلىسىز بولۇپ، پارىژدىن دېرىستونقىچە بەش كۈنلا ۋاقىت سەرپ قىلدى.

ناپولېئون چۈشكەنلا يېرىدە مونچا تەقلىنىپ تۇراتتى. سەھەر ۋاقتى سائەت ئىككىدە ياكى ئۆزىنىڭ ئېيتقىنىدىنمۇ بۇرۇنراق بىر چاغدا پەرماننى ئاغزاكى بايان قىلىپ پۈتكۈزۈۋەتتى. سائەت تۆتتە دەرھال دەم ئالاتتى، ئۈچ سائەت ئۇخلىۋالغاندىن كېيىن سائەت يەتتىدە سەپەرگە ئاتلىناتتى. ئۆزى نەدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خەرىتىنى يېنىدىن ئايرىمايتتى.

ھازىر ۋېيېننانى ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلماي ھەش - پەش دېگۈچە ئىشغال قىلىپ ئوردىدىكى بۇرۇن ئۆزى تۇرغان ئۆيگە چۈشتى. بىراق، ئۇرۇش تېخى ئاخىرلاشمىغانىدى.

بۇ چاغدا ناپولېئوننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى كەڭ زېمىندا ئۆزگە پايدىسىز ئىشلار يۈز بەرگەن، بۇ ھال دۈشمەننىڭ نوخلىسىنى ئۆستۈرۈپ قويغانىدى. ئىسپانىيەدىن يامان خەۋەرلەر كەلدى، شىمالىي ئىتالىيەدە ئېۋگېن ئۇرۇشتا ئۇتتۇرۇپ قويغانىدى، مۇرات ناپلېستا قوشۇن تارتىپ ئاتلانمىسا بولمايتتى، شۇنىڭ بىلەن ناپولېئون خۇددى قەدىمدە ئۆتكەن رىم ئىمپېراتورلىرىدەك پاپا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى دەرھال ئۈزۈش قارارىغا كەلدى.

ناپولېئون پاپاغا تاقابىل تۇرۇش ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ بىر قاراشتا يېڭى دىن مۇخلىسىغا، يەنە بىر قاراشتا ئىنقىلابچىغا ئوخشاپ قالغانىدى، شۇ تاپتىكى كەيپىياتى ئىسپانىيەدە پاتقاققا

پېتىپ قالغان ۋە ئەنسىز يىغىلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتقان چېغىدىكى ھالىتىنى ئەسكە سالاتتى. ناپولېئون ھازىر ۋېيېنناندىكى ئوردىسىدا قىلچە ئىككىلەنمەستىن پاپانى ماركىز دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ، ۋاتىكاندا تۇرغۇزۇپ، ھەر يىلى ئىككى مىليون فىرانك مائاش بېرىش قارارىغا كەلگەندى.

ئىمپېراتورنىڭ يېنىدىكى كىشىلەر بۇ ھالدىن ساراسىمىگە چۈشتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن كىشى تەقۋادار كاتولىكلاردىن ئىدى، يەنە كېلىپ بەش كۈندىن كېيىن مىلاد بايرىمى كېلەتتى، ئىمپېراتورنىڭ بۇ قىلغىنى تەڭرىگە خىرىس قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟ تەقۋادارلىقتا خۇراپىيلىق دەرىجىسىگە بېرىپ قالغان بۇ كىشىلەرنىڭ بالايىئاپەت ھەققىدىكى مۆلچىرى تېزلا ئىسپاتلاندى. بەش كۈندىن كېيىن مىلاد بايرىمىدا ناپولېئون ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى.

بالىلىق چاغلىرىدىكى دوستى مارشال ئەجەللىك يارىلانغاندى، ناپولېئون سەكراتقا چۈشۈپ قالغان بۇ دوستىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇ چاغدا بۇ قەدىناس دوستىنىڭ كۆزلىرىدىن قاتتىق ئاغرىنغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ناپولېئون شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۆزى يالغۇز ئۇزاقتىن ــ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى، گېلىدىن غىزامۇ ئۆتمىدى، ھەرقانداق كىشىنى قوبۇل قىلمىدى.

«ئۇتتۇرۇپ قويدۇممۇ؟ ئۇتتۇرۇپ قويارمەنمۇ؟ ــ دەپ ئويغاپاتتى ناپولېئون كەلگۈسىنى تەسەۋۋۇرىدىن ئۆتكۈزۈپ، ــ ئۆكچەمگە ئوق تەگدىمۇ؟ ئۇ مەرگەن تالىپئاندىنمۇ مەرگەنمىدۇ؟ پۇتۇنلەي ئۆزۈمدىن كەتتى، دۈشمەننىڭ كۆزىچە دەريادىن ئۆتمەن دەپ بەك قاراملىق قىپتىمەن. پارىژدىكىلەر نىمە دېيىشەر؟ بۇ خەۋەرنى پارىژغا قانداقمۇ يەتكۈزەرمەن؟»

رىمدىن غەيرى بىر خەۋەر كەلدى. پاپا ئەمەلدىن قالدۇرۇش

بۇيرۇقى ئىجرا قىلىنىش ئالدىدا ناپولېئونغا تىغمۇتىغ قارشى چىقىپ، ناپولېئوننى دىندىن قوغلاپ چىقارغانمىش. ئىمپېراتور بۇنىڭدىن قورقۇپ قالامتى؟ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كۈلۈۋەتتى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرگە خاس كاتولىكچە ئۇسۇلىدىن كۈلگەنىدى.

«بۇ ئەۋلىيا ماڭا ئۆز قولى بىلەن پادىشاھلىق تاجىنى كىيدۈرمەكچى بولغانىدى، مەن بۇۋى مەريەم چېركاۋىدا ئۆزۈمگە ئۆزۈم تاج كىيدۈردۈم، شۇ ئىنتىقامىنى ئەمدى ئېلىۋاتقىنى بولسا كېرەك ! بىراق، مۇدەررىسلىك دېگەن نېمە؟ ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇقىغا سوئال بەلگىسى قويۇشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىساقلا كۇپايە. بۇ مەرىپەتلىك زاماندا ئۇنداق قارغىشتىن پەقەت باللار ۋە بالا باققۇچىلارلا قورقىدۇ. مەن ئىلگىرى تۇمان ئېيىنىڭ ئون سەككىزىنچى كۈنى پارىژدا، كورسىكادا بىر قېتىم چېركاۋدىن چىقىرىۋېتىلمىگەنىدىم، بۇنداق ئويۇن ھەمىشە ماڭا ئامەت ئېلىپ كېلىدۇ !»

بۇ ئويلىرىدىن روھلانغان ناپولېئون مارچىفىېلدىكى دۈشمىنىگە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشقا تۇتۇندى. دىندىن قوغلاپ چىقىرىلغان ناپولېئون خۇددى ئۆتكەنكى ئوتتۇز قېتىملىق ئۇرۇشتىكىدەكلا ۋاگرامدا قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، تەقۋادار ئاۋسترىيە شاھزادىسى چارلىزنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان «ئۆلگۈر» قورالغا تايىنىپ يەنە بىر قېتىم غەلىبە قىلدى. ئىككى كۈنلۈك ئۇرۇش ئاياغلىشىش ئالدىدا ئىشلىرى ناھايىتى ئوڭغا تارتتى، زېھنى ئۆتكۈر ئىمپېراتورمۇ قاتتىق چارچىغانىدى، شۇڭا رۇستەمگە ئېيىق تېرىسىنى سالدۇرۇپ، يىگىرمە مىنۇتتىن كېيىن ئويغىتىپ قويۇشقا بۇيرۇدى ـ دە، يېتىپلا ئۇيقۇغا كەتتى. دەل يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەندە ئويغاندى، بۇ چاغدا ھاردۇقى چىقىپ يەنە تېتىكلىشىپ قالغانىدى. ئۇرۇش توختىغان

بولسىمۇ، تېخى سۇلھى تۈزۈلمىگەنىدى. ناپولېئون ئەتىسى ئايالىغا بۇ قېتىمقى يېڭى غەلىبىسىدىن خەۋەر بېرىپ يازغان خېتىدە: «ئاپتاپتا كۆيۈپ بۆلجۈرگەندەك قارىداپ كەتتىم» دېدى.

ئوردىغا قايتىپ كەلگەندە پولەك ئاشىنىسى ۋالېۋسكا قەسىردە ئۇنى كۈتۈۋالدى. ئارىدىن بىرقانچە ھەپتە ئۆتكەندە ئۆزىنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدى، بۇ قېتىم ناپولېئونغا ئۇن ئىككى يىلدىن بۇيان ئايال زاتىدىن تىلەپ كەلگەن سوۋغاتنى بېرىش مۇمكىن ئىدى. ناپولېئون 15 ـ ئاۋغۇست كۈنى سەھەردە ۋالېۋسكانىڭ قوينىغا تاشلىنىپ ئۆزىنىڭ قىرىق ياشقا كىرگەن مەۋلۇت كۈنىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ياتماقتا ئىدى. پۈتكۈل پارىژ، پۈتكۈل فىرانسىيەدە ۋە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى بارلىق ئەللەردە كىشىلەرنىڭ سەھەردىن باشلاپ ھۆرمەت توپى ئېتىپ، مەۋلۇت قوشغۇرىقىنى چېلىپ، بۇ قۇتلۇق كۈننىڭ ــ ئىلگىرىكى پاپا دوستانىلىق كۆرسىتىپ «سان ناپولېئون بايرىمى» دەپ بېكىتكەن كۈننىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلىشىدىغانلىقىنى، ھالبۇكى ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا كىرگەن، ناپولېئون بىلىدىغان ئىككى خىل تىلنى (فىرانسۇز ۋە ئىتالىيان تىللىرىنى) بىلمىسىمۇ، ھېس ـ تۇيغۇسىنى كۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بۇ ساھىبجامالنىڭ ئۆزىنى بىرىنچى بولۇپ قۇتلۇقلىغۇچى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئاجايىپ تۇيغۇلارغا غەرق بولدى. ئىمپېراتورنىڭ تەپەككۇرى پەرۋاز قىلىپ، بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرىكى چاغلارغا كەتكەنىدى. ئۇ چاغدا مىسىردىن قايتىپ ماڭغان ناپولېئون تەقدىرىنى دېڭىز ـ ئوكيانغا تاپشۇرغان بولۇپ، تەرەپ ـ تەرەپتە تور سېلىپ يۈرگەن ئىنگلىزلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىش ئېھتىمالىغا يېقىن ئىدى. بۈگۈن ئەھۋال تامامەن ئوخشىمايدۇ، لېكىن ئىلگىرىكىدەك خۇشۋاق ئەمەس، چۈنكى ئۆزىمۇ «مەۋجۇدات

ئىگىسى»نىڭ قولى ئىدى.

ئەھۋال بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى فىنكېنستەيىندە تۇرغان چېغىدىكىگىمۇ ئوخشىمايتتى. ناپولېئون ئۇ چاغدا دۇنياۋى ئىمپېرىيەنىڭ بەرپا قىلغۇچىسى، شۇنداقلا شەرق ۋە غەرب پادىشاھلىرى، شاھىنشاھلىرى بەس ـ بەستە تەزىمگە ئەلچى ئەۋەتىپ تۇرىدىغان شۆھرەت ئىگىسى ئىدى. ئەمدىلىكتە ئىمپېرىيەسى مۇداپىئە ھالىتىگە ئۆتكەن بولۇپ، نۆۋەتتە قولغا كەلتۈرگەن زور غەلىبىسىگە ئاساسلىنىپلا ئارتۇقچە ئۈمىدۋار بولۇپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى.

ناپولېئون رىمدىكى پۇقرالىرى ئەخمىقانە ئىش قىلىپ قويغانلىقتىن ئۆز پىلانىنىڭ بەربات بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەردىن ۋاگرامدا غەلىبە قازانغان كۈنى ۋاقىپلانغانىدى.

— ئۇلار پاپانى قولغا ئالماقچى بوپتۇ، بۇنىڭدىن بەك خاپا بولدۇم، تازىمۇ نادانلىق ـ دە! ئۇلار پاپانى رىمدا تىنچ ھالىغا قويۇپ، كاردىنالنى قولغا ئېلىشى كېرەك ئىدى.

ناپولېئون ئىلگىرى «دىندىن قوغلاپ چىقىرىلغان»لىقىنىڭ سىمۋوللۇق ئەھمىيىتىنى مەسخىرە قىلغانىدى، «چۈنكى، ئۇ پەقەت بىر پارچە قۇرۇق ھۆججەتتىنلا ئىبارەت بولۇپ، قىلچىمۇ چەكلەش كۈچى يوق ئىدى، فىرانسىيەدىكى ئېپىسكوپلار ئۇنداق ھۆججەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتەلەيتتى.» بىراق، سىياسىيون بولۇش سۈپىتى بىلەن دەرھال شۇنى چۈشىنىپ يەتتىكى، پاپادەك «باشلىغۇچى»نى نەزەربەند قىلسا، ئۆزى ئەجەللىك پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالاتتى. چۈنكى، نەزەربەند قىلىنغان پاپا بىر كىشىنى دىندىن قوغلاپ چىقارغانغا قارىغاندا، دىيانەت جەھەتتە قۇدرەتلىك ئىدى.

ناپولېئوننىڭ قولىدا ئىسپانىيەدىن كەلگەن بىر پارچە خەت بار بولۇپ، بۇ خەتتە ئەنگلىيەنىڭ ئۆز جاراھىتىنى ساقايتىپ

كۆچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋاتقانلىقىنى، ئىسپانلارنىڭ ئىنگلىزلار بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، قاقاس دالا ۋە ئورمانلاردا تېخىمۇ قەيسەرلىك بىلەن مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقانلىقى ئېيتىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارىژدىن كەلگەن دوكلاتتىمۇ فۇشېنىڭ پەرمانغا خىلاپ ئىش تۇتۇپ، ھەممە يەردە مىللىي قوغدىنىش قوشۇنى تەشكىللەۋاتقانلىقى ئېيتىلغانىدى. روشەنكى، دۈشمەن پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئەنگلىيە ۋەھىمىسى پەيدا قىلماقچى ھەمدە يېڭى تەشكىللەنگەن ئارمىيە ئىچىدە لەشكەرلەرنى ئاغرىنىشقا كۈشكۈرتمەكچىدى. ۋەزىيەت مۇشكۈل ۋە خەۋپلىك ئىدى، چېتىلىش دائىرىسى قانچىكى كەڭ بولسا، خەۋپىمۇ شۇنچە زورىياتتى. ناپولېئوننىڭ رىم ۋە پارىژدىن كەلگەن مەخپىي خەتلەرنى تاپشۇرۇۋالغىنىغا سەككىز كۈن بولدى، ئىسپانىيەدىن كەلگەن خەتلەرنى تاپشۇرۇۋالغىنىغا بولسا ئون ئالتە كۈن بولۇپ قالدى، ۋىيېننادىكى ئوردىسىدا چۈشۈرۈلگەن يېڭى بۇيرۇقى داۋاكولاردو لىتاسقا يېتىپ بارغۇچە ئىشلار ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن. ئەگەر تېلېگراممىدەك بىر خىل سايمان بولۇپ، كىشىنىڭ ئىرادىسىنى چاقماق تېزلىكىدە يەتكۈزۈپ بەرگىلى بولغان بولسا، ناپولېئون مۇشۇ كىچىك ھۈجرىدا ئولتۇرۇپلا پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا قادىر بولغان بولاتتى. ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە ئاۋسترىيە بىلەن سۈلھى قىلىشنى تېزلەتمەكتىن باشقا ئامالى يوق. بىراق، ئاۋسترىيەلىكلەر ئەنگلىيە ۋە ۋېنگرىيەلەرنىڭ قوتۇرتىشى تۈپەيلىدىن سۈلھى سۆھبىتىنى بىرقانچە ھەپتىگە سۇرۇۋەتتى. بۇ غالىبنىڭ يېقىندا ئوتتۇرىغا قويغان ئاۋسترىيەنىڭ ئۈچتىن بىر قىسىم زېمىنىنى ۋە مىليونلاپ ئاھالىسىنى بۆلۈپ بېرىش تەلىپى رەت قىلىندى. ناپولېئون ئەمدى باشقىچە يول تۇتۇپ، كونىچە دىپلوماتلارنىڭ ئۇسۇلىغا تامامەن ئوخشىمايدىغان،

كىشىلەر ئاپىرىن ئوقۇيدىغان ئۇچۇق - يورۇق پوزىتسىيەدە گىراف بابۇلا بىلەن ئۆتكۈزگەن يەتتە سائەتلىك سۆھبىتىدە رەقىبلىرىگە ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقىنى بايان قىلدى:

— ئاسپېن - ئېسلىنگىندىكى مەغلۇبىيىتىڭىزگە مەن جاۋابكار، بۇ پۈتۈنلەي مېنىڭ خاتالىقىمدىن بولدى. بىراق، لەشكەرلىرىمنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچى قىلچە تەۋرەپ قالمىدى، — ئارقىدىن يەنە ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلدى، — سىلەر دائىم ئۆتكۈزىدىغان خاتالىقلارنى كۆرسىتىپ بېرىشنى خالايمەن... سىلەر ئۇرۇش پىلانىنى جەڭدىن بىر كۈن بۇرۇنلا تۈزىسىلەر، بۇ چاغدا ئۆز ئىستىھكاملىڭلارنى چۇشىنىسىلەر - يۇ، دۈشمىنىڭلارنىڭ ھەرىكىتىدىن بىخەۋەر قالىسىلەر. مەن بولسام ھەرگىزمۇ مۇددەتتىن بۇرۇن پەرمان چۈشۈرمەيمەن، ئۇرۇشنىڭ ھارپا ئاخشىمى ئالاھىدە ئېھتىياتچان بولۇپ كېتىمەن... تاڭ يورۇشى بىلەنلا رازۋېدكىچىلىرىمنى ئەۋەتىمەن ھەمدە ئىستىھكاملارنى بىۋاسىتە كۆزىتىمەن، كۆڭلۈمدە شۈبھىلا بولىدىكەن، ھەرگىزمۇ قوشۇنۇمنى چېچىۋەتمەيمەن... ئاندىن دۈشمەنگە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغايمەن، ھەرگىزمۇ يەر شەكلىگە ئېسىلىۋالمايمەن. سىلەر مېنى كۆپلەپ توپ ئېتىپ كىشىلەرنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتىدۇ، دەيسىلەر، بۇنىسى توغرا. بىراق، ماڭا نېمە ئامال، قوشۇنۇم چارچىغان، بىز تىنچلىقىقا تەشنا. شۇڭا، ئىلگىرىكىگە قارىغاندا زەمبىرەك ئىشلىتىشكە تېخىمۇ مەجبۇرمەن، شۇندىلا قوچاقلاشما جەڭدىن ئىمكانقەدەر ساقلانغىلى بولىدۇ، — ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ئۈستىدە توختالدى، — مەن ھازىرچە چار پادىشاھقا ئىشىنىمەن. بىراق، مۇنداق مۇناسىۋىتىمىزنىڭ داۋاملىشىپ كېتىۋېرىشىگە كىممۇ كاپالەت بېرەلىسۇن؟ پىرۇسسىيەگە كەلسەك، ماڭا بۇرۇنلا ئايانكى،

پىرۇسسىيە دۆلەتلىرى بىلەن بىزنىڭ دۆلىتىمىز ئارىسىدا ــ رۇسىيە بىلەن فىرانسىيە ئارىسىدا دوملاپ كېلىۋاتىدۇ.

ناپولېئون بىردىنلا ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەلىپىنىڭ بىر قىسمىنى قىسقارتىپ، دىپلوماتىيە ۋەزىرى ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرنى بىر چەتتە قالدۇرۇپ، ئاۋستىرىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئامالىنىڭ يوقىدىن مۇشۇنداق تەدبىر قوللىنىشقا مەجبۇر بولغانىدى. چۈنكى، پارىژغا قايتىمىسا بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ، ئىمپېراتور تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنىڭ يېڭى ئاساسىنى تاپقان بولدى. ئاۋستىرىيە ئىككى پارچە زېمىنىنى رېيىن ئىتتىپاقى بىلەن رۇسىيەگە بۆلۈپ بېرىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ناپولېئونغا بالقانغا بارىدىغان يول ئېچىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. سۆھبەت يەنە بىرقانچە ھەپتە داۋاملاشتى، ۋالېۋسكانىڭ ئوتلۇق كۆزلىرى ۋۇجۇدىدىكى جىددىيلىكنى پەسەيتىپ تۇراتتى.

ناپولېئون ئۆكتەبىردە ۋېيېننادىكى ئوردىدا داغدۇغىلىق پارات ئۆتكۈزدى. بىر يىگىت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوردىغا كىرىۋالغانىدى، ئۇنىڭ ھەرىكىتى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىندى، يېنىدىن بىر قىلىچ ۋە بىر قىزنىڭ رەسىمى تېپىلدى. قاراۋۇلخانىدا ھەرقانداق سوئالغا جاۋاب بېرىشنى رەت قىلىپ «ئىمپېراتور بىلەن كۆرۈشىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئون سەككىز ياشلىق بۇ ئالتۇن چاچ يىگىت ناپولېئوننىڭ ئالدىغا ئەكېلىندى. ئەستايىدىل، ئوچۇق ــ يورۇق، قورقۇمسىز ھەم ئەدەپلىك بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى فىيلدېلش ستاپلېس بولۇپ، بىر يېڭى دىن مۇخلىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. ناپولېئون فىرانسۇز تىلىدا پاراڭلاشتى.

ــ شۇنداق، سىزنى ئۆلتۈرمەكچىمەن.

ــ يىگىت، چوقۇم ئېلىشىپ قاپسەن ياكى كېسەللىك بار

ئىكەن.

— مەن ئىنتايىن نورمال، ساراڭمۇ ئەمەس، كېسەلمۇ ئەمەسمەن.

— ئەمىسە، نېمىشقا مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولدۇڭ؟

— چۈنكى، مېنىڭ ۋەتىنىمنى نابۇت قىلدىڭىز.

— سېنىڭ ۋەتىنىڭنى؟

— مېنىڭ ۋە بارلىق گېرمانلارنىڭ ۋەتىنىنى.

— سېنى كىم ئەۋەتتى؟

— ھېچكىم، ۋىجدانىم سىزنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى، مەن گېرمانىيە ۋە ياۋروپا ئۈچۈن ساۋاب تاپماقچىمەن.

— بۇرۇن مېنى كۆرۈپ باققانمىدىڭ؟

— كۆرگەن، ئېرفۇرتتا كۆرگەن. ئۇ چاغدا سىزنى ئۇرۇشنى توختىتىدۇ دەپ ئىشىنەتتىم، سىزنىڭ ئەڭ ئەسەبىي چوقۇنغۇچىڭىز ئىدىم.

ئىمپېراتور بۇ يىگىتنىڭ ساراڭ ئىكەنلىكى ئىسپاتلانسا ئىكەن دېگەن ئۈمىدتە دوختۇر چاقىرتتى. بىراق، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە نېرۋىسى جايىدا ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

— قاراڭ، مەن سىزگە بۇرۇنلا دېگەنغۇ.

ئىمپېراتور تولىمۇ بىئارام بولدى، مۇشۇنداق بىر ئۇچۇق - يورۇق ھەم باتۇر يىگىتكە ئۆلۈم جازاسى بەرگۈسى كەلمەي تۇراتتى. كۆز ئالدىدىكى بۇ يىگىت بىرەر پارتىيە - گۇروھنىڭ ئەزاسىمۇ ئەمەس، پىرىنسىپنى بۇزىدىغان ئاسىيمۇ ئەمەس، قانداقتۇر بىر سەپسەتىچىمۇ ئەمەس، پەقەتكىنە بىر غايىپەرەس ئىدى.

— نېرۋاڭ قالايمىقانلىشىپتۇ، ئائىلەڭگە بالا - قازا تېرىۋاتىسەن، مەندىن مەغپىرەت تىلە، پۇشايمان قىلدىم دېسەڭلا، بىر قوشۇق قېنىڭدىن كېچىمەن! — ناپولېئون ھېچقاچان،

ھېچكىمگە، بولۇپمۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان بىر قاتىلغا بۇنداق گەپ قىلىپ باقمىغانىدى. ھالبۇكى، بۇ يىگىت قىلچە تەۋرەپ قالمىدى. ناپولېئوننىڭ بۇ گېپى تەسىر قىلمىغانمىدۇ، قانداق؟

— مەغپىرىتىڭىزنىڭ لازىمى يوق ! مەن قىلغان ئىشىمغا پۇشايمانمۇ قىلمىدىم، پەقەت مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغىنىمدىن ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن، شۇ.

ئىمپېراتورنىڭ ئاچچىقى تۇتتى:

— ۋاي كاساپەت ! جىنايەتنى ئادەتتىكى ئىش دەپ بىلىدىغان ئوخشىمامسەن؟

— بۇ جىنايەت ئەمەس، بەلكى مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت، — دەپ رەددىيە قايتۇردى ستاپلېس يەنىلا ھۆرمەت بىلەن.

— ھە، بۇ رەسىمدىكى كىم؟

— سۆيگىنىم.

— سېنىڭ تەلۋىلىكىڭنى راۋا كۆرەرمۇ؟

— مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغىنىمدىن ئەپسۇسلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاشلا سىزدىن نەپرەتلىنىدۇ.

«چىرايلىق قىز ئىكەن، — دەپ ئويلىدى ئىمپېراتور قولىدىكى رەسىمگە قاراپ، — بۇ يىگىتنى ئۆلۈمگە بۇيرۇسام بولارمۇ؟ ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتىمەن، جازادىن كەچۈرۈم قىلىمەن، ماڭا نەپرەتلەنگۈسى كەلگەن بولسا، بۇ ئۆزىنىڭ ئىشى، ماڭا نىمە زىيىنى يېتەتتى؟» ناپولېئون رەسىمنى چىڭ تۇتقىنىچە ستاپلېسقا يەنە بىر قېتىم مىختەك تىكىلدى:

— ئەگەر سېنى كەچۈرۈم قىلسام، بۇ قىز چوقۇم خۇش بولىدۇغۇ دەيمەن !

— شۇنداق قىلىدىغان بولسىڭىز، ھامان بىر كۈنى سىزنى ئۆلتۈرمەي قويمايمەن ! — دېدى ستالېس كۆكۈچ كۆزلىرىنى

چەكچەيتىپ قەتئىيلىك بىلەن.

ئىمپېراتور ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، قاراۋۇلغا بۇ يىگىتنى ئېلىپ كېتىشنى بۇيرۇدى. بۇ چاغدا دىپلوماتىيە ۋەزىرىمۇ شۇ يەردە ئىدى. ناپولېئون بۇ ئىشتىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن «يورۇقلۇق جەمئىيىتى» ئۇستىدە ئۇزاق پاراڭلاشتى. كېيىن بىردىنلا باشقا گەپكە ئۆتتى:

— چوقۇم سۇلھى قىلىش كېرەك. ھازىر شەھەرگە قايتىپ ئاۋستىرىيەلىكلەرنى تېپىپ كېلىڭ. مۇھىم ماددىلار پۈتۈپمۇ قالدى، پەقەت تۆلەم پۇلىنىڭ سانىلا ھەل بولمىدى، ئىككى تەرەپنىڭ تەلىپى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق پەقەت ئەللىك مىليون فىرانكلا. بىز تەلىپىمىزنىڭ يېرىمىنى قىسقارتىپ تىنچلىق كېلىشىمگە ئىمزا قويايلى، ئۆتكەن قېتىمقى لايىھەمۇ يامان ئەمەس ئىدى. ئۆزىڭىز زۆرۈر دەپ قارىغان ماددىلارنى قوشۇپ قويسىڭىز بولىدۇ. بۇ ئىشقا سىز تولۇق ھوقۇق بىلەن مەسئۇل بولۇڭ، ئېسىڭىزدە بولسۇن ! ماڭا كېرىكى سۇلھى.

ھېلقى يىگىتنىڭ ناپولېئونغا بەرگەن تەسىرى شۇ قەدەر كۈچلۈك بولدىكى، ناپولېئوننى «چۆچۈپ كەتتى» دېسەك، ۋەزنى ئېغىر كېتىدۇ، «ئاگاھ بولدى» دېسەك يېنىك بولۇپ قالىدۇ، پەقەت شۇبھىلەندى دېيىشلا مۇۋاپىق بولار. ئاۋستىرىيەلىكلەر بىلەن ئۆزى بىۋاستە ئۈچ ئاي جېدەل تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ كەلگەن ئىمپېراتور ئەمدىلىكتە ستاپلېسنىڭ ئىشىغا بىر كۈن ۋاقتىنى چىقىرىش ئۈچۈنلا سۇلھى سۆھبىتىنى دىپلوماتىيە ۋەزىرىگە تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ستاپلېسنى يەنە بىر قېتىم سوراق قىلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. بىراق، بۇ ئوت يۈرەك يىگىت ئۆلۈشكە رازى بولدىكى، ئاغزىنى يۇمشاق قىلمىدى.

ئەتىسى سەھەر سائەت ئالتىدە دىپلوماتىيە ۋەزىرى كېچىچە

كېڭىشىپ پۈتۈشكەن كېلىشىمنامە لايىھەسىنى ئېلىپ كەلدى. ئىمپېراتور بۇ تىنچلىق كېلىشىمنامىسى لايىھەسىدىن ئىنتايىن رازى بولۇپ، ۋەزىرىگە ئاپىرىپ ئوقۇدى.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە ھېلىقى قاتىل ئېتىپ تاشلاندى.

مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى يولغا چىقىش ئالدىدا ئىمپېراتور بۇ ئىشنى يەنە تىلغا ئېلىپ:

— ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان بىر ئىش بولدىغۇ بۇ، شۇنچە ياش بىر گېرمان، بىر يىگى دىن مۇخلىسى، شۇنچە ياخشى تەربىيە ئالغان بىر يىگىت مۇشۇنداقمۇ ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزسە ـ ھە ! — دېدى، ئاندىن، — ئۇنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ئىپادىسى قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى.

جاۋاب شۇ بولدىكى، ستاپلېس ئۆزىگە توغرىلانغان مىلتىققا يۈزلىنىپ ئاۋازىنىڭ بارىچە: «ياشىسۇن ئەركىنلىك ! يوقالسۇن زوراۋان پادىشاھ !» دەپ شوئار توۋلاپتۇ. ئىمپېراتور زۇۋان سۈرمىدى.

ناپولېئون يىگىتنىڭ يېنىدىن تېپىلغان گېرمان قىلىچىنى پارىژغا ئېلىپ كېتىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى.

## يىگىرمە ئىككىنچى، ۋارىس

خانىش يوسېفىن ھوشىدىن كەتتى. ناپولېئون ھەرەمئاغىسىنى چاقىرتىپ، خانىشنى يۆدۈپ ئەكىرىپ قويۇشقا بۇيرۇدى، ئۆزى شام كۆتۈرۈپ ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدى. كارىدور ئىنتايىن تار بولغاچقا، شامنى مۇلازىمغا تۇتقۇزۇپ، يوسېفىننى ھاپاشلاپ ماڭغان ھەرەمئاغىسىغا ياردەملەشتى. ناپولېئون يوسېفىننى كارىۋاتقا ئاۋايلاپ ياتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن ھاياجان بىلەن چىقىپ كەتتى. ناپولېئون بوسۇغىدىن ئاتلار ـ ئاتلىمايلا

يوسىفىن كۆزىنى پاللىدە ئاچتى، چىرقىراشلىرى، هوشىدىن كېتىشلىرى ساختا ئىدى. ھەرەمئاغىسى ناپولېئونغا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئاشكارىلاپ، يوسىفىنىنى يۇدۇپ راۋاقتا چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا يوسىفىنىنىڭ «بەك چىڭ سىقىپ ئاغرىتىۋەتتىڭىز» دېگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

روشەنكى، يوسىفىن ئىنتايىن قورققان ۋە ئازابلانغانىدى، چۈنكى ناپولېئون بۈگۈن ئاخشام ئۇنىڭغا توپتوغرا ئون بەش يىل خانىش بولۇپ تۇرغان بۇ ئوردىدىن ئايرىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتقانىدى. ناپولېئوننىڭ قارىشىچە، ئىشلار بۇنداق كېتىۋەرسە بولمايتتى. چۈنكى، جىمى كىشى ئۇنۇمىنى كۈتۈپ تۇرماقتا، چەت ئەلدە ئەسەبىي گېرمانلار قىلىچىنى يالىڭاچلاپ دېۋەيلەپ تۇرماقتا، مەملىكەت ئىچىدە بولسا فۇشى ئىنگلىزلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ سۈيىقەست ئىشلەتمەكتە ئىدى. شۇڭا، ناپولېئوننىڭ بىرەر خان جەمەتىنىڭ مەلىكىسىدىن ئوغۇل پەرزەنتلىك بولۇشقا توغرا كېلەتتى. ۋېيېنادىن ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپلا يوسىفىنغا جىمى دەردىنى تۆكۈپ بەردى. بويىدا ئالتە ئايلىق بولغان چىرايلىق پولەك خانىمىنى خانىشلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزالمايتتى. ۋاھالەنكى، خانىمنىڭ بويىدىكى بالا بولسا ئۇزاقتىن بۇيان تەشنا بولۇپ كەلگەن پۇشتى ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، قايسى ئايالنىڭ خانىشلىقتا تاللىنىدىغانلىقىنى هازىرغا قەدەر ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

يوسىفىنمۇ قاتناشقان ئائىلە يىغىنىدا ناپولېئوننىڭ ئاپىسى، ئاكا ـ ئۇكا ۋە سىڭىللىرى ئۇستەلنى چۆرىدەپ، قوشۇمىلىرىنى تۈرگىنىچە زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرۇشاتتى. يوسىفىن ئۇلارنىڭ «بۈگۈن ئاخشام بۇ قېرى خوتۇننى كۆزىمىزدىن يوقىتىپ ئاخىر مەقسىتىمىزگە يېتىدىغان بولدۇق» دەپ ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى. هاياجىنىنى باسالماي

قالغان ئىمپېراتور: «خانىشتىن پەرزەنتلىك بولۇش ئۈمىدىم يوقىقا چىقتى، ئاجرىشىپ كېتىشكە مەجبۇرمەن» دەپ جاكارلىدى. بۇ بىر قەدەمنى باسماقنىڭ نەقەدەر تەسكە توختىغانلىقىنى تەڭرى ئۆزى بىلىدۇ. بىراق، فىرانسىيەنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەرقانداق قۇربان بەرسىمۇ ئازلىق قىلاتتى. «ئون بەش يىلدىن بۇيان خانىش تۇرمۇشۇمنى نۇرلاندۇرۇپ كەلدى، مەن خانىشقا ئۆز قولۇم بىلەن خانىشلىق تاجىنى كىيدۈرگەنمەن، شۇڭا ئۇنىڭ خانىشلىق سالاھىيىتى ۋە نامىنى ساقلاپ قېلىش قارارىغا كەلدىم.» يوسىفىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ، ناپولېئوننىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش تەلىپىگە قوشۇلۇپ تەييارلىغان جاۋابنامىسىنى يىغا تۇتۇپ كېتىپ ئوقۇيالماي سودىيەگە ئوقۇتتى.

ئاندىن ھەممەيلەن نىكاھتىن ئاجرىشىش كېلىشىمنامىسىگە ئىمزا قويدى، ناپولېئوننىڭ ئىمزاسى ئادەتتىكىدىن ئېنىق يېزىلدى. يوسىفىن خۇددى ناپولېئوندىن پاناھلىق ئىزدىگەندەك ئۇنىڭ ئىمزاسىغا يېقىن قىلىپ ئۆز ئىمزاسىنى قويدى. ۋالىدىخانىمۇ خۇددى ئوغلى ئىمزاسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان «N» ھەرپىنى يازغىنىدەك ئۆز ئىمزاسى ئورنىدا «M» ھەرپىنى يېزىپ، ئاستىغا ئۆزۈن توغرا سىزىق تارتىپ قويدى.

يوسىفىن شۇ كۈنى ئاخشىمى كۈتۈلمىگەندە ناپولېئوننىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كارىۋىتىغا يېقىنلاشتى. شۇ تاپتا چاچلىرى چۇۋۇق، كۆزلىرى لىققىدە ياش ئىدى. ئەتىسى ناپولېئوننىڭ قولتۇقلىشى بىلەن ھەسرەت ئىچىدە ئوردىدىن چىقىپ، پەيتونغا چۈشۈپ مارمىسون قورۇقىغا يۈرۈپ كەتتى.

ناپولېئون شۇ كۈنى ئۆزى يالغۇز تىلىيانۇن قەسرىگە بېرىپ، ئادەمسىز چۆلدەرەپ تۇرغان بۇ قەسىردە ھېچقانداق كىشىنى قوبۇل قىلماي، بۇيرۇقمۇ چۈشۈرمەي، كىتابمۇ ئوقۇماي،

خاتىرىسىمۇ يازماي ئۈچ كۈن تۇردى، بۇ ھال خۇددى بۇددا راھىبلىرىنىڭ ئۈچ كۈننى ئىستىقامەت بىلەن ئۆتكۈزگىنىگە ئوخشايتتى. ئون بەش يىل مابەينىدە ئىچكى كۈچىنىڭ تۈرتكىسىدە تىنىماي ئايلىنىپ كەلگەن غايەت زور چاق تۈنجى قېتىم ئۈدا ئۈچ كۈن ئايلىنىشتىن توختىدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن مارمېسون قورۇقىغا بېرىپ سابىق ئايالىنى يوقلىدى، قايتىپ كېلىپ يەنە خەت يازدى:

دوستۇم، بۈگۈن رەڭگىرويىڭىز ئويلىغىنىمدىنمۇ ئوسال كۆرۈندى، مۇنچە پەرىشان بولۇپ كەتمىسىڭىز بولاتتى. سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراڭ، مېھىر ـ مۇھەببىتىمدىن شۈبھىلەنمەڭ، سىز بەختلىك بولمىسىڭىز، مەن قانداقمۇ بەختلىك بولاي... تۈنلىرى قەسىرىگە قايتىپ بېرىپ قارىغۇدەك بولسام، شۇنچە چوڭ قەسىر سىز بولمىغاچقا، چۆلدەرەپ قالغاندەك تۇيۇلۇپ كۆڭلۈم بۇزۇلدى، شۇ قەدەر غېرىبسىندىم... خۇشۋاق ياشاڭ، قەدىردان دوستۇم، ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ، سىزگە تاتلىق ئۇيقۇ يار بولسۇن...

ئاندىن تۈگىمەس خىراجەت ھېساباتىغا ئۆتتى: يوسىفىنىغا ھەر يىلى ئۈچ مىليون فىرانك بەرمەكچى، بىر جۈپ قىزىل ياقۇت ھالقىنىمۇ قوشۇپ بەرمەكچى بولدى.

شۇنداق قىلىپ، تۆت مىليون فىرانك چىقىم قىلىغان بولىمەن. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ياقۇت سودىگىرىگە قويۇلۇپ كەتمەي دەپ ياقۇتنى باھالىتىپ كۆرگەن... مارمېسون قورۇقىدىكى ئىشكاپىڭىزدا بەش ـ ئالتە يۈز مىڭ فىرانك بار، شۇ پۇلغا كۈمۈش قاچا ـ قۇچا ۋە كىيىم ـ كېچەك ئېلىۋالارسىز. مەن سىزگە بىر يۈرۈش چىرايلىق فارفور قاچا ـ قۇچا بۇيرۇتۇپ قويدۇم، كۇلالچىلارغا چوقۇم دېگىنىڭىز بويىچە كۆڭلىڭىزدىكىدەك لايىھەلەپ ئىشلەشنى جېكىلەپمۇ قويدۇم... بۈگۈن ئەتىگەن يوقلاپ بارغىنىمدا، بىر

مۇلازىمىنىڭ ئېيتىشىچە، سىز يەنە يىغلاپسىز، مارمىسون قورۇقىغا كۆچۈپ بېرىپلا جاسارىتىڭىزنى يوقاتتىڭىزمۇ؟ بىز ئۇ ماكاندا بىر ـ بىرىمىزگە كۆيۈپ ـ پىشىپ شادىمان ياشىغانىدۇق، مۇھەببىتىمىز مەڭگۈ ئۆزگەرمەس مۇھەببەتتۇر. ھېچبولمىغاندا مېنىڭ قەلبىمدىكى مۇھەببەت ئوتى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. سىزنى يوقلاپ تۇرغۇم بار. بىراق، ئالدى بىلەن سىزنىڭ باتۇر ياكى ئاجىز ئايال ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىشىم كېرەك. مەنغۇ ئاجىز، بۇنىڭدىن تولىمۇ ئازابلىنىمەن. خوش، يوسېفىن، خەيرلىك بولۇڭ.

ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي باش ۋەزىر نىقابلىق تانسا ئۇيۇشتۇردى، ۋىيېننانىڭ فىرانسىيەدە تۇرۇشلۇق سابىق باش ئەلچىسى كىنەز مېتتېرنىچنىڭ خانىمىمۇ بۇ تانسىدا بار ئىدى، نىقابلىق بىر ئادەم خانىمنىڭ قولىدىن يېتىلەپ تالاغا ئېلىپ چىقتى. ئۇ ئادەمنىڭ كىملىكى ھەممە كىشىگە ئايان ئىدى. گەرچە نىقابسىز ناپولېئوننى مۇكەممەل چۈشىنىدىغان ئادەمنى تاپقىلى بولمىسىمۇ، ئەمما نىقابلىق ناپولېئوننى بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولاتتى. ناپولېئون بىرقانچە ئېغىز چاقچاق پاراڭ قىلىشقاندىن كېيىن، مەلۇم مەلىكىنىڭ ئۆزىنىڭ نىكاھلىنىش تەلىپىنى قوبۇل كۆرىدىغان ـ كۆرمەيدىغانلىقىنى سورىدى.

ـــ بىلمەيمەن، ئالىيلىرى.

ـــ ئەگەر سىز شۇ مەلىكىنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالغان بولسىڭىز، تەلىپىمنى قوبۇل كۆرەتتىڭىزمۇ؟

ـــ قىلچە ئىككىلەنمەستىن رەت قىلغان بولاتتىم، ـــ دېدى ۋىيېننالىق بۇ ئېسىلزادە خانىم.

ـــ ۋاي تاش يۈرەك ! ئېرىڭىزگە خەت يېزىپ، بۇ ھەقتە پىكىر ئېلىپ بېقىڭ !

ـــ ئۇنداق بولسا خانزادە سىۋارزېنبېرگكە ئېيتىڭ، ئالىيلىرى، ئۇياق ھازىر فىرانسىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچى.

شۇنداق قىلىپ، ناپولېئون نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن ئىنقىلاب دەۋرىدىكى تۈز سۆزلۈك مىجەزىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندى. شۇ ئاخشىمى ئېۋگېنىغا ئەتىسى ئەتىگىنى ئاۋستىرىيە باش ئەلچىسى بىلەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە كۆرۈشۈشنى تاپشۇردى. خابىسبۇرگ جەمەتىدە ھېچكىم مۇنچە كەسكىن خاراكتېرگە ئىگە ئەمەس ئىدى. ناپولېئون ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ ئىنتايىن تەبىئىي بىر ئىش ئىدى. چار پادىشاھ ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىگەچكە، تۆت قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ ھەممىسىدە مەغلۇپ بولغان ۋىيېنناغا تەسەللى بېرىشكە توغرا كەلدى. ئەگەر ئاسان قولغا كەلمەيدىغان نەرسىگە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ بولسىمۇ دەرھال ئېرىشەلمەيدىغان بولسا نېمىشقا ئاجرىشاتتى. ناپولېئوننىڭ ۋۇجۇدىدا كورسىكالىقلارغا خاس جەمەت قارىشى يەنە ئۆزىنى كۆرسەتكىلى تۇردى. ھەتتا ئۇرۇش ئالدىدا ھەربىي يىغىن ئېچىشنىمۇ خالىمايدىغان بۇ ئادەم نىكاھتىن ئاجرىشىش ئالدىدا ئائىلە يىغىنى ئاچقانىدى، قايتا ئۆيلىنىش ئالدىدىمۇ يەنە بىر قېتىم ئائىلە يىغىنى ئاچتى. ئائىلە ئەزالىرى ۋە ئوردا ئاقساقاللىرى بۇنىڭدىن ئالتە ھەپتە ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشاتتى. بۇ يىغىنغا قاتناشقان بىر كىشىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، ھەممەيلەن تولىمۇ خىجالەتچىلىك ئىچىدە قالغانىدى. ئىمپېراتور ئۆزىنىڭ ئوغۇللۇق بولۇش ئارزۇسىنى بايان قىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، مۇنداق بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— ئارزۇيۇم بويىچىلا ئىش كۆرۈشۈم مۇمكىن بولغاندا، ئالىدىغان قىزىمنى يۇقىرى قاتلامدىكى ئاقسۆڭەكلەر ئىچىدىن، باتۇر فىرانسىيە قىزلىرى ئىچىدىن تاللاپ، ئەڭ ئېسىل فىرانسىيە قىزىنى فىرانسىيە خانىشى قىلغان بولاتتىم. بىراق، كىشى زامانغا باقمىسا، باشقا ئەللەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە

ماسلاشمىسا، سىياسىي مەسئۇلىيەتنى نەزەرگە ئالمىسا بولمايدىكەن. نۇرغۇن پادىشاھ ـ كىنەزلەر مەن بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشنى خالايدۇ، ياۋروپادىكى ھەرقانداق بىر خانىدانلىقنىڭ كۈيئوغۇل بولۇش تەلىپىمنى رەت قىلمايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل. ئاۋستىرىيە، رۇسىيە ۋە ساكسونىيەلەرنى ئويلىشىپ كۆرۈشكە بولىدۇ. ھەرقايسىڭلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقسام دەيمەن.

بۇ مۇستەبىتنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەنئەنىۋى ئىدىيە يەنە ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتتى، مەغلۇبىيىتىنىڭ ئاچقۇچلۇق سەۋەبىمۇ دەل شۇ ئىدى. نېمە ئۈچۈن ئۆزى كۆيىدىغان ۋالىيۋسكا خانىش بولمايدۇ؟ ئەگەر فىرانسىيەنىڭ خانىشى جەزمەن فىرانسۇز قىزلىرىدىن بولۇشى كېرەك دېيىلىدىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۆزى تەيىنلىگەن خانزادىلەرنىڭ قىزلىرىدىن بىرەرنى تاللىمايدۇ؟ ئىلگىرى كونا سۇلالىلەرنى ئۆزگەرتىپ ئىككى قېتىم ئۆزىگە ئۆزى تاج كىيدۈرگەن، ۋارىس ئاقسۆڭەكلەرنى چاكارغا ئايلاندۇرۇپ قويغان، بىر پادىشاھنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئەرزىمەس بىر دۇكاندارنىڭ ئوغلىنى ئورنىغا دەسسەتكەنىدى. ئەمدىلىكتە ئوغۇللۇق بولۇش، «زامانىغا بېقىپ ئىش كۆرۈش» ئۈچۈنلا سۆيۈملۈك ئايالى بىلەن ئاجراشتى، بۇ ھال كىشىلەرنىڭ ئەپسانىۋى قەھرىمانغا بولغان چوقۇنۇشىنى سۇسلاشتۇرۇۋەتمەمدۇ؟

ھەممەيلەن خۇددى ئالدىنئالا كېڭىشىۋالغاندەكلا فىرانسۇز قىزىنى تاللاشقا قارشى ئاۋاز بەردى. ئېۋگېن بىلەن تاللېيران ئاۋستىرىيە خانىدانلىقىدىن قىز تاللاشنى ياقلىدى؛ مۇرات باشقىچە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مارىي ئانتوۋانىت دۆلەتكە بەختسىزلىك پەيدا قىلىدۇ دېدى؛ بەزىلەر رۇسىيەدىن تاللاشنى ياقلىدى، يەنە بەزىلەر ساكسونىيە جەمەتىدىن تاللاشنى ياقلىدى. ئىمپېراتور ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ ئۆتكەندىن

كىيىن يىغىنىنى ئاخىرلاشتۇردى ـ دە، بەرىبىر ئاللىبۇرۇن كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغىنى بويىچە ئىش كۆرۈپ، شۇ ئاخشىمىلا ۋېيىنناغا مەكتۇپ ئەۋەتتى، بۇ يىغىنغا قاتناشقانلار ئىچىدە ئىشىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ھەممىدىن ئېنىق كۆرۈپ يەتكەن بىر ۋەزىر ئىمپېراتورنىڭ رۇسىيەگە كۈيئوغۇل بولۇشىنى كۈچىنىڭ بارىچە تەشەببۇس قىلاتتى، ئەمما ھەقىقىي سەۋەبىنى ئاشكارا تىلغا ئالماي، ئاستىرتىن ئىزاھلاپ:

— ئىككى يىل ئىچىدە بىز قۇدىلاشمىغان ئىككى دۆلەت بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن، ئاۋستىرىيە ئۈچ دۆلەت ئىچىدە تاقابىل تۇرماق ئەڭ ئاسانغا توختايدىغان دۈشمەندۇر، — دېدى.

ئىمپېراتور چار پادىشاھقا ئەۋەتكەن خېتىدە كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئۇزاقتىن بۇيان چۈشەپ كەلگەنلىكىنى ھەمدە فىرانسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ئوردىسىغا رۇسلارغا خاس پىراۋۇسلاۋىيە دىنىنىڭ باستېرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشمۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتتى. ئاخىرىدا ۋاقىپ بولۇشۇمچە مەلىكىڭىز ئاننا ئەمدىلا ئون بەش ياشقا كىرىپتۇ، تېخى بويىغا يەتمەپتۇ، خانىش بولۇشتەك ۋەزىپە ئېغىر كەلگۈدەك. مەن ئوغۇللۇق بولۇشقا ئالدىراپ قالدىم، مەلىكە ئاننانىڭ تامامەن بويىغا يېتىپ ئوغۇل تۇغۇپ بېرىشى ئۈچۈن يەنە ئۈچ يىل كېتىدۇ، ئۇ چاغقىچە كۈتۈپ تۇرالمىغۇدەكمەن، دەپ يېزىپ، ئاشۇنداق يوقىلاڭ سەۋەبلەر بىلەن ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا قويغان رۇسىيە بىلەن قۇدىلىشىش تەلىپىدىن ئەپلەپ ـ سەپلەپ يېنىۋالدى.

خابىسبۇرگ جەمەتى تازا ئاينىغان غول جەمەت ئىدى. ناپولېئون بولغۇسى قېيىنئانىسىنىڭ ئون ئۈچ پەرزەنت تۇغقانلىقىدىن، ئانا جەمەت بوغۇنلىرى ئىچىدە بىرىنىڭ ئون

يەتتە پەرزەنت، يەنە بىرىنىڭ يىگىرمە ئالتە پەرزەنت تۇغقانلىقىدىن ۋاقىپ بولۇپ، خۇشاللىقىدا ۋارقىرىۋەتتى:

— مەن ئالىدىغان ئايال دەل شۇ ئىكەن!

شۇبھىسىزكى، ئاۋستىرىيە پادشاھى فىرانسىس فىرانسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ بۇ نىكاھ تەلىپىنى قوبۇل قىلاتتى، ئۇنى سەككىز ياشلىق قىزىمۇ قارشى چىقمايتتى. ئىمپېراتور مەلىكىگە ئۆز قولى بىلەن بىر پارچە خەت يازدى، گەرچە بۇ خەت ئىلىپ ـ تارتىپ يېزىلغان بولسىمۇ، بەزى جايلىرىنى ئوقۇغىلى بولاتتى. گەرچە ئىمپېراتورنىڭ كاتىپى مىنىۋال بىرچەتتە ئىمپېراتورنىڭ خېتىنى ئۇستىدىن بوياپ تۈزەشتۈرۈپ بەرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئوقۇماق تەس بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ خېتىدىن قېلىشمايتتى.

سۆيۈملۈك سىڭلىم، تەبىئىي گۈزەللىكىڭىز، لاتاپىتىڭىز بىلەن مېنى مەھلىيا قىلدىڭىز، ئۆمرۈم بويى خىزمىتىڭىزدە بولۇشقا رازىمەن. خان ئاتىڭىزدىن سىزنىڭ بەختىنى قولۇمغا تاپشۇرۇشنى ئۆتۈندۈم، سىزمۇ ماڭا شۇنداق ھوقۇق بەرگەيسىز، ئەگەر مېنى قوبۇل قىلىشىڭىز بىر خىل مەجبۇرىيەت تۈپەيلىدىن ياكى ئاتا ـ ئانىڭىزغا ئىتائەت قىلىش يۈزىسىدىن بولمىغىنىدا، تولىمۇ شادلانغان بولاتتىم. كۆڭلىڭىزدە ماڭا شۇنچىكىلا مۇھەببەت بولسا، بۇ ئىلتىپاتىڭىزنى كۆز قارىچۇقۇمدەك قەدىرلەپ مەڭگۈ ۋاپادارىڭىز بولاتتىم، ھەر ئىشتا رايىڭىزغا باقاتتىم ھەمدە بۇنى ئۆمرۈمدىكى ئەڭ يۈكسەك ئىش دەپ بىلەتتىم...

قايسىبىر ئۇلۇغ تالانت ئىگىسى مۇنچە تۇتۇرۇقسىز خەت يېزىپ باققان بولغىيدى؟ مەلىكىنىڭ بۇ نىكاھقا باشقا سەۋەب تۈپەيلىدىن ئەمەس، پۈتۈنلەي ئاتا ـ ئانىسىغا بولغان ئىتائەتمەنلىكى ۋە ۋاپادارلىقى يۈزىسىدىنلا قوشۇلغانلىقى

ناپولېئونغا ئايان ئىدى، ئەلـۋەتتە. مەلـىكىنـىڭ ناپولـېئونغـا ــــ ئـىسمىنـى ئاڭلىـغانلىـكى كىشـى تەڭرىدىـن پاناھلـىق تىلـەپ كېتىدىغان بۇ ئالۋاستىغا قىلچە مۇھەببىتىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمـەس ئـىدى. ناپـولـېئونـغـا يەنە شۇ نـەرسىـمۇ ئـايانـكـى، بـۇ قىزچاقنـىڭ كۆڭلـىنـى ئېلـىپ ئولتـۇرغانغا قـارىغاندا تـېخىمـۇ ئۇلـۇغ ئىشلار كـۈتۈپ تۇرماقـتا ئـىدى. يـەنە كېلـىپ، بۇ قىـز خابىسـبۇرگ جەمـەتىنـىڭ پۇشتى بـولـۇش شەرىپـىگە مۇشـەررەپ بولغىنىنى ھېسابقا ئالمىـغاندا چېچەنمۇ، چىرايلىـقمۇ ئەمـەس، مەردانە، مېھرى ئىسسىـقمۇ ئەمەس ئىدى. ھېچقاچان ھېچكىمدىن ھېچنېمە تىلىمەيدىغان ناپولېئون ئەنـە شۇنداق نازۇك مـۇھىتتـا مەكتۇپ يېزىشقا مەجبۇر بولغانىدى.

نـاپولېئـون دوستى بىـرتخېرنـى (ۋېيېنـناغا بېـرىپ ئۆزىـگە ۋاكالـىتەن مەلىكىگە تەلەپ قويغاچ) كېلىنچەككە ئالـماس بىلـەن زىننەتلەنگەن رەسىمنى ۋە قىممىتى بىر مىليـون بەش يۈز مىـڭ فىرانكقا يارايدىغان ياقۇتنى سۆيگۈ سوۋغىتى سۈپىتىـدە ئېلـىپ بېرىـشقا ئەۋەتتى. خوفبـورگتا ۋاكالـىتەن ئـۆتكۈزۈلگـەن تـوي مۇراسىمىدا كېلىنچەكنىـڭ كۆپ قېتىـم ناپولـېئوننىـڭ قولـىدا مەغلۇپ بولغان تاغىسى كىنەز چارلىز ناپولېئونغا ۋەكىل بولدى.

ناپولېئون بۇ چاغـدا دۆلەت ئىشـلىرىنـى بىر چەتـكە قايرىـپ قويۇپ كـىيىـم ـ كـېچەك، ئۆي ـ جاھازلىـرى بىلـەن بـولـۇپ كەتـتى. ماريي ئـانتوۋانتـقا بەش مىـليون فىـرانك قىمـمىتىـدە تويلۇق تەييارلىدى، مارىينىڭ قىـز مېلـىنىڭ قىممىتى بولسـا ئاران بەش يۈز مىڭ فىرانكقا يارايتتى. ناپولېئون ئەدەپسىزلىـك قىلىپ قويۇپ خابىسبۇرگ جەمەتىنىڭ كۆلكىسـىگە قېلىشتىـن ساقلىنىش ئۈچۈن ماريي ئـانتوۋانتنـىڭ فىرانـسىيەگـە كېلىـش يولـى ۋە باشقا تـەپسىلاتـلىرىنـى ئىنچىكە تـەتقىق قىـلىشقـا كىرىشىپ، تىككۈچىگە مودا كـىيىمـلەرنى بۇيـرۇتتى، موزدۇزغـا

پىستانلىق ئاياغلارنى تىكتۇردى. ئورۇقلاش ئۈچۈن ھەدەپ ئات مىندى، شىكارغا چىقتى، تانسىمۇ ئۆگەندى.

كىچىكچەك فىرانسىيەگە كەلگۈچە سەپەر ئۈستىدە ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈزۈلدۈرمەي ئىلىپ ـ تارتىپ يېزىلغان مۇھەببەت مەكتۇپلىرىنى تاپشۇرۇۋالدى، مەلىكە بۇ مەكتۇپلاردىكى «N» ھەرپى بىلەن يېزىلغان ئىمزادىن باشقا خەتنى ئوقۇيالمايتتى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەر كۈنى گۈلدەستىلەرنى تاپشۇرۇۋالدى، يەنە بىر كۈندىن كېيىن كومپىگنىندا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان قورقۇنچلۇق ئېرى بىلەن كۆرۈشتى.

توساتتىنلا ئوتتەك قىزغىنلىقى، ئىنقىلابچىغا خاس قەيسەرانە ئىرادىسى ۋە باتۇرلۇقى تۇتۇپ كەتكەن ناپولېئون كونىچە قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ چۈشەكلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، سورۇنلۇق كىيىمنى سېلىپ، ئورنىغا كونىچە ھەربىي فورما كىيىپ، بەلگىسىز تۆت چاقلىق يېنىك پەيتونغا چاققانلىق بىلەن سەكرەپ چىقتى ـ دە، كېلىنچەكنىڭ ئالدىغا چىقىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى. يولدا قار ـ يامغۇردا قالدى، ئەسلىدە كېلىنچەكنىڭ ئالدىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولماقچىدى، ئات ئالماشتۇرۇۋاتقاندا كېلىنچەكنىڭ ھارۋىكىشى تونۇۋېلىپ: «ئىمپېراتور ئالىيلىرى !» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. ئىمپېراتور دەرھال كېلىنچەكنىڭ پەيتونىغا چىقىپ يېنىدا ئولتۇرۇۋالدى ـ دە، كېلىنچەكنىڭ كېنىزىكىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، ئۈستىبېشىنىڭ چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي قاقاھلاپ كۈلگىنىچە چوككىدە سۆيۈۋالدى. كېلىنچەك بۇ خىجالەتچىلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چېچەنلىك بىلەن:

ــ ئالىيلىرى، سىز رەسىمىڭىزدىكىدىن كۆپ چىرايلىق ئىكەنسىز، ــ دەپ ماختاپ قويدى.

«چىرايلىق ئەمەس ئىكەن، ــ دەپ ئويلىدى ناپولېئون

كۆڭۈلىدە، — مەڭزىدە سەپكۈنى بار ئىكەن، لەۋلىرى قېلىن، كۆكۈچ كۆزلىرى پۈلتىيىپ تۇرىدىكەن، كۆكسى بەك چوڭ ئىكەن. بىراق، ھەرھالدا غۇنچىدەك ناتىۋان قىز ـ دە.»

شۇ كۈنى ئوردا مۇراسىمچىلىرى بىر ھەپتە تەييارلىغان مۇراسىم نومۇرلىرىنىڭ لاتىسى سۇغا چىلاشتى. كىشىلەر پادىشاھ جەمەتىدىكىلەرنىڭ مۇراسىم قائىدىلىرىگە ئېسىلىۋالماي، ئەركىن كىرىپ ـ چىقىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتى. گۈل تەقدىم قىلغۇچى قىزلارمۇ تىلەكلىرىنى قىسقارتىپ ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى، ھەممەيلەن يامغۇردا چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ، سوغۇقتىن دىر ـ دىر تىترىشىپ تۇراتتى. ھاپىلا ـ شاپىلا تەييارلانغان كەچلىك تاماقتا كارولىنا يېڭى ئەر ـ خوتۇنلارغا ھەمراھ بولدى، ھەممەيلەن سەھەر ۋاقتى سائەت بىر بولغاندا ئاندىن ئارام ئېلىشتى. ناپولېئون كاردىنال تاغىسىنى چاقىرتىپ كەلدى، بۇ تاغىسى نىكاھ مەسىلىسى بويىچە مۇتەخەسسىس ئىدى. ناپولېئون ئۇنىڭدىن مارىي لۇئىسنىڭ ۋىسېنادا ۋاكالىتەن توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ئايالى بولغان ـ بولمىغانلىقىنى سورىدى.

— شۇنداق، ئالىيلىرى، ھەق ـ تەلەپ قانۇنىغا ئاساسەن، مارىي لۇئىس سىزنىڭ ئەمرىڭىزگە ئۆتتى.

ئىمپېراتور ئەتىسى خانىشنىڭ كارىۋىتىغا ئىككى كىشىلىك ناشتىلىق بۇيرۇدى، بىرەر سائەتتىن كېيىن ھەممە كىشى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپتى.

ناپولېئون ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە شۇنداق قىلغان ھەم بۇ ھۇجرا لەتىپىسى پەيدا بولغانىدى. بىراق، ئەنئەنىۋى قاراشلارنى خۇددى جەڭگاھلاردا دۈشمەنلىرىنى بويسۇندۇرغاندەك بويسۇندۇرغانىدى. شۈبھىسىزكى، بۇ ھال خابسبۇرگ

خاندانلىقىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى، بۇ ناپولېئوننىڭ دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچى ئىستىبلاچىغا خاس سالاھىيىتىگە ناھايىتى ماس كېلەتتى.

ناپولېئون ئەتىسى ياۋاش قېيىنئاتىسىغا: «مارىي مېنىڭ تەلپىمنى قاندۇردى، بىز بىر ـ بىرىمىزگە بولغان مۇھەببىتىمىزنى ئۇزۇكسىز ئىزھار قىلدۇق، مىجەزىمىز ناھايىتى قاملىشىپ قالدى... بۇ سۆيۈملۈك سوۋغىتىڭىز ئۈچۈن سىزگە ھەشقاللا» دەپ ئىككى بىسلىق خەت يازدى . تاغىسى پارىژدا ناپولېئون ئۈچۈن رەسمىي ۋە تەنتەنىلىك توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۆتكەن قېتىم يوسېفىن بىلەن توي قىلىپ سەككىز يىل ئۆتكەندە رەسمىي توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەندى، بۇ قېتىم ئاران ئىككى ھەپتىلا كېچىكتى.

بۇ كېلىنچەك ئىمپېراتورغا تولىمۇ سۆيۈملۈك تۇيۇلدى.

— گېرمان قىزلىرىنى ئالساڭلار بولغۇدەك، گېرمان قىزلىرى مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل، ئىپپەتلىك، قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك گۈزەل كېلىدىكەن، — دېدى ئۇ ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە.

مارىي ناپولېئوننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئىنتايىن چىقىشىپ كەتتى، ناپولېئون بۇ ھالدىن بەك تەسىرلەندى، ئائىلىسىنىڭ ئىناقلىقى ناپولېئون ئۈچۈن بىر يېڭىلىق ئىدى. ناپولېئون پەرداز ئۈستىلىگە كېلىپ مارىينىڭ مەڭزىنى سىلاپ تۇرۇپ: «چىرايلىقىم» دەيتتى.

بىرقانچە ھەپتىدىن كېيىن پولشادىن ۋېيېننادىكى ئوردىدا ھامىلدار بولغان ۋالېۋسكا تۇغدى، دەپ خەۋەر كەلدى، بالا ئوغۇل ئىدى. ناپولېئوننىڭ قەلبىنى ئېيتقۇسىز مۇرەككەپ بىر تۇيغۇ چۇلغىۋالدى. چۈنكى، ھازىرقى ئايالىمۇ ۋېيېننادىكى ئوردىدىن كەلگەنىدى. ۋاھالەنكى، بۇ ئايالنىڭ ھامىلدار

NIEDERSÄCHS.
STAATS- U. UNI.-
BIBLIOTHEK
GÖTTINGEN

بولغان ـ بولمىغانلىقى نامەلۇم ئىدى. بۇنىڭ بىلەن تەۋرىنىپ قالغان ناپولېئون پولشالىق ئاشىنىسى ۋالېۋسكانى پارىژغا كەلتۈردى، ئۇزاق ئۆتمەي مارىي لۇئىسنىڭمۇ ھامىلىدار بولغانلىقى مەلۇم بولدى. «ئىمپېراتور خۇشلۇقىدىن ئىچ ـ ئىچىگە پاتماي كەتتى» دەپ خەۋەر بەردى مىتتېرنىچ ۋېيىنادىكىلەرگە. ھالبۇكى، خانىشنىڭ ھامىلىدار بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر بۇرۇنلا كېڭەش پالاتاسىغا ۋە پۈتۈن مەملىكەتكە جاكارلانغانىدى، كىشىلەر بۇ تەخت ۋارىسى ئۈچۈن دۇئا قىلىشىپ، داغدۇغىلىق تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشتى.

گۈزەل ۋالېۋسكا پارىژغا كېلىپ ناپولېئوندىن ئۆزىگە كېرەكلىك جىمى نەرسىگە ئېرىشتى. ناپولېئون ۋالېۋسكادىن تۇغۇلغان ئوغلىنى يوقلاپ بېرىپ ئەركىلىتەتتى، باغرىغا باساتتى. بۇ ئوغلىغا ئىمپېرىيەنىڭ گىرافلىق مەرتىۋىسىنى بەردى ھەمدە باش ۋەزىرنى بۇ ئوغلىنىڭ ھامىيسى قىلىپ بەلگىلىدى. ئىككى ئاشۇق ـ مەشۇق بۇنىڭدىن باشقا ئارتۇقچە ئالاقىدە بولمىدى، ناپولېئون ئەمدى ئۈجمە كۆڭۈللۈكتىن قول ئۈزۈپ، خوتۇنىغا سادىق ئەر بولغانىدى.

خانىشنىڭ تۇغۇتى يېقىنلاپ قالغان پەيتتە ناپولېئوننىڭ تېخىمۇ مۇشكۇل بىر قارارغا كېلىشىگە توغرا كەلدى. خانىشنىڭ تۇغۇتى يېقىنلاپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان پۈتۈن پارىژلىقلار، ھەتتا پۈتۈن فىرانسىيەلىكلەر شاھزادىنىڭ تۇغۇلۇشىنى زارىقىپ كۈتمەكتە ئىدى. ناپولېئوننىڭ دۈشمەنلىرى تەخت ۋارىسى تېخى دۇنياغا كەلمەي تۇرۇپلا ۋەھىمىگە چۈشكەنىدى، ئاددىي پۇقرالار بولسا شۇ دەقىقىلەردە ئانا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ ئامانلىقىنى تىلەپ دۇئا قىلىشماقتا ئىدى. تۇنبويى ئايالىنىڭ كارىۋىتى يېنىدىن نېرى بولمىغان ناپولېئون ئەمدىلا سىرتقا چىقمۇدى، دوختۇر بىردەمنىڭ ئىچىدىلا شۇم خەۋەر يەتكۈزدى:

— بالا تەتۈر كېلىپ قالدى، ئانا ـ بالىنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە.

ناپولېئوننىڭ پۈتكۈل پىلانىدىكى زور سۈلالە بىناسى تەۋرەپ قالدى. دوختۇر «ئانىنى ساقلاپ قالىمىزمۇ ياكى بالىنىمۇ» دەپ سورىدى، پولات ئىرادىلىك ئەزىمەت نېمىدەپ جاۋاب بېرەر؟ ئاۋۋال بالىنى قۇتقۇزايلى دەرمۇ؟ ناپولېئوندىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بالىنىڭ يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىشىغا تەشنا بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى! مارىي لۇئىس نېمىدى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئىمپېراتورغا ئوغۇل تۇغۇپ بېرىش، ئىمپېراتور بۇنىڭدىن باشقىنى تاللامسۇنمۇ؟

— ئاددىي پۇقرالارنىڭ تۇغۇتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلغان بولساڭلار، شۇ بويىچە ئىش كۆرۈڭلار، ئانىنىڭ ھاياتى مۇھىم.

ئىككى سائەتتىن كېيىن بالا ئامان ـ ئېسەن تۇغۇلدى، ئانىمۇ ئامان ـ ئېسەن يەڭگىدى، پۈتۈن پارىژلىقلار ئىنتىلىۋاتقان ھۆرمەت توپىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ساناپ تۇردى: ئون توققۇز، يىگىرمە، يىگىرمە بىر... ئەگەر توپ ئاۋازى مۇشۇ يەردە توختىسا، تۇغۇلغان بالا قىز بولغان بولاتتى. بىراق، يىگىرمە ئىككىنچى پاي توپ ئوقى ئېتىلدى، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن پارىژ تەنتەنىگە چۆمدى، شادىيانە كىشىلەر توپى قەدىمىي بوربون سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىنى چۆرىدەپ تەنتەنە قىلىشىۋاتقاندا زەمبىرەك ساداسى توختىماي گۈمبۈرلەپ تۇردى. ئۆز ۋاقتىدىكى ياش زەمبىرەكچىلەر لېيتېنانتى شۇ تاپتا دېرىزە ئالدىدا تۇرۇپ، ئېتىلىۋاتقان زەمبىرەك ئاۋازىغا قاراپ زەمبىرەكنىڭ كالىبىرىنى ھېسابلىماقتا ئىدى. ناپولېئون پەستىكى كىشىلەر توپىغا قارىغىنىچە ئۆتمۈشنىڭ شېرىن ئەسلىمىسىگە غەرق بولدى، شۇنداقلا بىراق كەلگۈسىنىمۇ كۆرگەندەك بولدى، شۇ تاپتا ناپولېئوننىڭ كۆلدەك تىنچ كۆزلىرىدە ياش غىلدىرلىماقتا ئىدى.